





# چولپان



2



غۇنچە

تونىياز مەتنىياز فوتوسى

# چولپان

(ئەدەبىي مەجمۇئە)

## 2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

1987 - يىل ئۈرۈمچى

# چولپان

## بۇ سانىدا

ئومۇمىي 2 ـ سان

ئەدەبىي مەجمۇئە

ئىزدىنىش ··········· (رومان) ··························· زوردۇن سابىر (1)

چاپقۇن ·············· (پوۋېست) ························ ياسىنجان ئۆمەر (80)

ئاھ، رەھىمسىز دەريا ·········· (پوۋېست) ························ ئەختەم ئۆمەر (154)

يەكچەشمە ············ (ھېكايە) ·························· ئەخەت تۇردى (176)

جاھىل ················ (داستان) ························ مۇھەممەتجان راشىدىن (182)

ئۈچ ھېكايە ········································· مۇنارجان توختاخۇن (190)

ئىخ، ھايات ·············· (ھېكايە) ························ خالىدە ئىسرائىل (194)

ھازىردارلار ············· (ھېكايە) ······················· مەتقاسىم ئابدۇراخمان (202)

مەسئۇل مۇھەررىر: توختى ئايۇپ

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى: ئەخەت ھاشىم، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، مەخمۇتجان ئىسلام

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: باھارگۈلى تۇركەش جاپپار فوتوسى




(رومان) (1)

زوردۇن سابىر

## كىرىش

ئەلانىڭ خاتىرىلىرى يىغىلىرىقى بىر كىتاب بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇ ئەمدى خاتىرە يازمايدىغان بولۇپ قالدى. نېمىشقا؟ ھازىر ئۇ ھېچنەرسىنى سېغىنمايدۇ. ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇ خۇددى ھەممىلا ئىشتىن رازى ئادەمدەك خاتىرجەم. كەلگۈسىدىن يەنە نېمىلەرنى ئۈمىد قىلىدىكىنتاڭ. پات-پاتلا دوستلىرى بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرىدە كەلگۈسى توغرىسىدا سۆزلىشىپ قويىدۇ. لېكىن بۇرۇنقىدەك قىزغىن ئەمەس.

ئۇ كۆپىنچە خىيال سۈرىدۇ. يالغۇز يۈرىدۇ. ئون يىلدىن بېرى خۇدنى بىلمەي كىتاب ئوقۇپ، خاتىرە-ماقالە يېزىپ، ئەمدى ئوتتۇز ياشقا كەلگىنىدە پروفېسسور بولۇشنىڭ ئورنىغا گۆشتى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەيدىغان، ھېچكىم نەزەرگە ئىلمايدىغان ئەرزىمەس ئادەم بولۇپ قالغىنى ھار كەلدىمۇ؟ ياكى سۆيۈملۈك ئايالى بىلەن ئوغلىدىن ئايرىلىش ئەقلىدىن ئاداشتۇردىمۇ؟ بۇنىسى كىشىلەرگە بەلگۈسىز.

مانا ئۇ ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، ئاتلىرىنى قاتىرتىپ غۇلجا شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. ھاۋا ئىسسىق. يول توپىلىق. لېكىن ئەلا ئۈچۈن بۇلار ئەھمىيەتسىز. ئۇ بۈگۈن دوستلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. لېكىن ئۇ، شۇ يەردىمۇ گەپ قىلماي خىيال بىلەن ئولتۇرارمىكىن ...

ئەلانىڭ خاتىرىلىرى ئاخىرلاشتى. ئەمدى ئەلا ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى توغرىسىدا ئاپتورنىڭ ئۆزى قەلەم تەۋرىتىدۇ.

## بەشىنچى باب سىرلىق يىللار

### 1

— ئون يىلدىن كېيىن يەنە ئۆز شەھىرىمىزدە جەم بولدۇم. قىممەتلىك دوستلىرىم. مەن ھەممىڭنى ھېسابلىدىم. بىز ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىلىرىدەك. نە-نەلەرگە ئۇچۇپ كېتىپ ئۆز بىغىمىزغا ئون يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلدۇق. ئون يىل ئىچىدە چىرايلىرىمىز. مىجەز. ئورۇنلىرىمىز قانچىلىك ئۆزگەرگەن-ھە؟ ھاشىرغا قاراڭلار. چېچىنىڭ يېرىمى قاپتۇ. بۇ بىر يوقىتىش. لېكىن يوقىتىش ھېسابىغا قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلىرىمۇ بار. مەسىلەن. ھاشىر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولدى. بۇنداق ئورۇنغا ئېرىشىش ئۈچۈن مەن ھەممە چېچىمنى يوقىتىشقىمۇ رازى بولغان بولاتتىم. يەنە قاراڭلار. ماۋۇ بىزنىڭ قۇرماش گارمۇشكا چېلىشنى تاشلاپتۇ. بۇمۇ بىر يوقىتىش. لېكىن بۇ يوقىتىش ھېسابىغا ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇۋالدى. تاشچۇ تېخى؟ ئىلمىي مۇدىر. بىزنىڭ نامەتمۇ قالتىس ئۆزگەردى. 1957-يىلى بىرلا خورجۇن بىلەن خوتەنگە كېتىۋىدى. مانا ئون يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە خەزىنە بازىرىنىڭ خوجايىنى. ئۆمرۈ بويى يېسەكمۇ ئۈپرىمايدىغان باي. ئوچۇقراق ئېيتقاندا زامانىمىزنىڭ ۋېلىباي. مۇسابايى! بىزنىڭ ئەلاچۇ؟ ئۈچتىن ئايرىلدى. ئۈچكە ئىگە بولدى. يەنە خوتۇنىدىن. قوشۇنىدىن. غايىدىن ئايرىلدى. ھارۋىغا. قالپاققا. شاھمانقا ئىگە بولدى. ئۇ ھازىر ئۇستا ھارۋىكەش. بىر ھارۋا

---

(1) بۇ رومانىڭ ئالدىنقى قىسمى نەشرىياتىمىزدا 1983-يىلى ئايرىم كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغان.

بىلەن پۈتۈن بىر مەكتەپنى كۆمۈر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇستا شاھماتچى، گۈلشى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ چېمپىونى. يەنە تېخى ئۇستا مۇقامچى. زامانىمىزنىڭ روزى تەمبۇرى. ئەمدى پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكىگە بېرىپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ مېۋىلىرىدىن تەم ئېلىپ كەلگەن ئىككى دوستىمىز ماناپ بىلەن ناسىرنى ئالايلى. بۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا قىزىللاشماي، سارغىيىپ قايتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بۈگۈن قايتا رېمونت قىلىنىۋاتىدۇ. ئەمدى ئون يىل بۇرۇن بىزنى شەرققە ئۇزاتقان دوستلىرىمىزغا ئۈنەي! ...

— توختا! — دېدى ھاشىر ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ. — مېھمانلىرىم كۆڭۈللۈك ئولتۇرسۇن دېسەڭ بۇ شاڭخولىرىڭ ئاخىرلاشسۇن. بىر سىنىپتا ئوقىغان يىگىرمە ئۈچ دوست بۇرادىرىڭنى ئەجرى قىلىپ بىر يەرگە توپلىغىڭغا رەھمەت. كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان گەپلەرنى قويايلى. ھاراق ئىچىشتىن بۇرۇن كېلىشىۋالايلى، بىرىنچىدىن بۇ يەردە ئىككى كۆز قاراش سۆزلەنمىسۇن. ئىككىنچىدىن بىرنى كۆتۈرۈپ، بىرنى چۈشۈرىدىغان، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان سۆزلەر بولمىسۇن، نەق گەپنى ئېيتساق، بۇرۇن ھەممىمىز باب باراۋەر ئىدۇق. ھازىرمۇ شۇ. ھەممىمىز بىكارچى. يالغۇز نامەتلا ئىش قىلىدۇ. قالغىنىمىزدا نە مەنسەپ، نە ئىش يوق. بىز ناخشا ئېيتايلى. كۈلەيلى. ئۆزىمىزنى 1967 - يىل يازدا ئەمەس. 1957 - يىلى ئەھمەدجان قاسىمى نامىدىكى دارىلمۇئەللىمىنىڭ قويىندا ھېس قىلايلى، قېنى ئەسسە نوسمان، ھارىقىڭنى باشلا!

غۇلجا ئاسمىنى يەنىلا قەدىمكىدەك سۈزۈك. باغلىرى سالقىن، پۇراقلىق، قۇشلىرى يەنىلا تىنىمسىز. شوخ. قورۇقلىرى چىتلانغان باغنىڭ شاخ - شاخلارغا پاتماي قالغان ئالمىلىرى ئاستىغا تىكمەتلەر سېلىنغان؛ داستىخان خىلمۇخىل مېۋىلەر، كاۋاپ، سەيلەر بىلەن تولغان. ئالدىغا پەرتۇق تارتىلغان زۇلخۇمار يازلىق ئاشخانىدىن باغچىچە شىبەن يانغۇزۇلغان يولدا تاكاسلاپ قاتناپ تۇرىدۇ. ئۇز تۇرمۇشىدىن قاناەت تاپقان ياش ئايالنىڭ پېشانىسى، بۇرۇن ئۇچلىرى تەر. چىرايى كۈندەك يورۇق. كۆزلىرى ئويناق، چاقچاق، كۈلكە، خۇشاللىق ئۇنىڭغا چەكسىز ئارام. ئۇ ئۆز ئەمگىكى بىلەن قەدىرلىك ھەمراھىنىڭ كۆڭلىنى ئالالىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى مۇنۇ كۈلكىلەر ئۆزىنىڭمۇ ياشلىق ھېسلىرىنى قوزغىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئىش قىلىپ ئۇ تولىمۇ خۇشال. ئۇ ھەر قېتىم داستىخانغا پەتنۇس بىلەن سەي ئېلىپ كەلگىنىدە قاقاھلاپ كۈلىدۇ ۋە «قېنى، ئوخشىمىغان بولسىمۇ ئەمدى!...» دەپ قويىدۇ. نوسمانچۇ؟ ئۇ ھېلىدىن ھېلىغا كۆزىگە چۈشۈۋالىدىغان بۇدرە چاچلىرىنى سىلكىپ قويۇپ ئۆز ۋاقتىدا

زۇلخۇمارنى ئوڭايلا ئەسلىم قىلىۋالغان خۇمار كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ دوستلىرىغا گەپدانلىق بىلەن ھاراق سۇنىدۇ. قاقاھلاپ كۈلىدۇ:

— بول ئەلا. جېنىم ئاداش كۆتۈرۈۋەت. ھازىر تەمبۇر چالسەن. دۇتارنى ھاشىر چالىدۇ. سىلەرنىڭ ناخشاڭلارنى مەس بولۇشتىن بۇرۇن ئاڭلىۋالاي. بولمىسا ساڭا ناخشا ئاشمايدۇ جۇمۇ!

ئەلا كۈلۈپلا قويىدۇ. بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايلا. ئۇ ھاشىرنىڭ يامپىشىغا جەينىكى بىلەن تايىنىۋېلىپ داستىخانغا مۇلايىملىق بىلەن قاراپلا ئولتۇرىدۇ. ھاشىر بولسا بالىسىنىڭ ئەركىلىكىنى ھار ئالمىغان ئانىدەك ئەلانىڭ جەينىكىدىن كېلىۋاتقان زەربىگە پىسەنت قىلماي خاتىرجەم چاقچاق قىلىپ ئولتۇرىدۇ:

— ھەي ئاۋاق. يامپىشىمدىن تۇشۇك ئاچاي دەمسەن. بوپتۇ يۆلەن. ئەركىلە. مەندىن باشقا كىمىڭ بار ئەركىلەيدىغان!

ئۇ بوغان قوللىرى بىلەن ئەلانىڭ چاچلىرىنى تاراپ قويدى - دە. كويچىلىككە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ئاغىنىلەر. مېنىڭ ئەكلىپىم بار. ئۇبلەنگەنلىرىڭلار ئاياللىرىڭلارنى ئەكىلىڭلار. تونۇشۇپ ئالايلى.

— سەن بويتاق. نېمەڭنى ئەكىلسەن؟

— بىبىنىڭ تويىنىڭدا ئەكىلەيلى. ھەي ئۇڭە قاچان ئۆيلىنىسەن؟

— بىرىنچى شۇجى بولمىغىچە ئۆيلەنمەيدۇ بۇ. خوزىمىنچە ئىنقىلابچى — دە!

نامەت ھەممىدىن بۇرۇن مەس بولدى ۋە لاۋزىلاشتى.

— بۇنىڭغا ھېلىقى ئەلانۇرنى ئېلىپ بېرەيلى. ئۇنۇگۈن كۆردۈم. بەرنا ۋۇلدەك ئايال بولىدىكەن ھا ... ھا ...!

نوسمان ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى:

— يادىڭدىمۇ نامەت. ھېلىقى چاغدا بەرنا ۋۇلدىن پەشۋا يېگىنىڭ!

— ئۇ تەيدىما! ھا ... ھا ... ھا ...!

ئۇنىڭ نورۇنسىز كۈلكىسى قاتتىق كۈلكە قوزغىدى.

— ئارىمىزدا بويتاقتىن ئۈچى باركەن. — دېدى قورماش. — ئاياللىرىمىزنى ئەكەلسەك بۇلارغا بېسىم بولىدۇ - دە. ئۆيلىنىدۇ. ئەكەلسەك ئەكىلەيلى.

— ھاشىرغا بېسىم بولىدۇ. ئەلاغا ئازاب بولىدۇ. لېكىن بىزنىڭ نامەتكە بازار بولىدۇ - دە!

يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— ئاداش نامەت. ھېلىقى ئايالىڭ بارمۇ قويىۋەتتىڭمۇ؟

— قويىۋەتتىمەي، بىز دېگەن خوتۇن دېگەننى قويىۋەتكىلى ئالىمىز.

— قانچىنى قويىۋەتتىڭ؟ ...

— ئارانلا بەش!

ھاشىر ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدى:

— مۇھەببەتنىنچۇ؟

— مۇھەببەت، — نامەت ئەرىنى ئوردى، — مۇھەببەت يانچۇقتا!

— ئانداقتا مۇرتى كەلسە بىزنىمۇ ساتىدىكەنسەن دە؟

— ئۇگىنىڭ بازىرى كاسات، ماشىنا چىقتى ئەمەسمۇ؟

كۆپچىلىك يەنە كۈلۈشتى.

قوياش ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. ئۇنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ئۈچ شاخلاردىكى قىزىل ئالمىلارنىڭ مەڭزىدە ئويناپ باغقا يېڭىچە زىننەت بەردى. غۇلجا باغلىرى كەچكى شەرق شامىلى بىلەن پىچىرلىشىشقا باشلىغاندا بالغۇز تەمبۇرنىڭ يۈرەكنى تىترىتىدىغان، مۇڭلۇق ئاۋازى خۇددى ھەممىنى ئويقىغا ئۇنىدەۋاتقاندەك جىمجىتلىق چىللاپ باغنى كەيپ قىلدى. «مۇشاۋرەك» مۇقامىنىڭ تەمبۇر بىلەن باشلىنىشى خۇددى كۈچلۈك ئىجمىلىكتەك ئولتۇرۇشتىكىلەرنىڭ باشلىرىنى سائىگىلىتىپ، كۆڭۈللىرىنى ئەزدى.

ئەلانىڭ زەخمەك باغلىغان قارامتۇل بارماقلىرى باياتىن ئالمىغا ئىپسىقلىق تۇرغان مۇنۇ ئۇت سىم تارلىق تىلسىزنى شۇنچىلىك شېرىن تىلغا كىرگۈزدىكى كىگىز ئۈستىدە ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ئولتۇرۇشقان يىگىرمە نەچچە يىگىتلەر خۇددى ئۇخلاپ قالغاندەك ئۈن ـ تىنسىز جىمىشىپلا قالماي، قازان بېشىدىكى ئاياللار، شوخ باللارمۇ تۇرغان يېرىدە قېتىپ قېلىشتى.

ئەلا مۇقام باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىغا مۇڭ ۋە قايغۇ سىڭگەچكە يۈرەكلەرنى تىترىتەتتى. ئۇنىڭ قوشاق ـ شېئىرىمۇ ئۆزگىچە. ئولتۇرغانلار ئاڭلاپ باقمىغان تەسىرلىك ئىدى. مۇقام قەدەممۇ قەدەم ئەۋجىگە قاراپ ئۆرلەشكە باشلىغاندا ھاشىر ئوسمانغا رومكىنى قويۇپ پىيالىنى ئۇزاتتى. ئوسمان پىيالىنى تولدۇرۇپ يېرىمىنى ئۆزى ئىچىپ قالغان يېرىمىنى ئۈن ـ تىنسىز ھاشىرغا ئۇزاتتى. ئوسمانغا كەينى ـ كەينىدىن قوللار سوزۇلدى. ھاراق ئەشىنالىقنى ئاشۇرۇۋاتقان ئاجايىپ مۇقام ئولتۇرغانلارنىڭ بىرلىرىنى ئۇھ دېگۈزسە، بىرلىرىنى بوقۇلدىتىپ يىغلاتتى. يەنە بىرلىرىنى دوست تارتقۇزدى. ئۇلار داستىخاننى قايرىپ قويۇپ قىستىلىشىپ ئەلاغا يېقىنلاشتى ۋە بىر ـ بىرىنى نوقۇشۇپ، مۇقامنىڭ ھەر بىر گېپىنى چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن زېھىن قويۇشتى. مۇقام ئاخىرى «بى، بى، بى، ... دەردى! ...» بىلەن چۈشكەندە، ئولتۇرغانلار بىر ئېغىزدىن «ئۆلمە ئەلا!» دەپ ۋارقىراشتى. «مۇشاۋرەك» داستانلىرى باشلىنىۋىدى، باياتىن دۇتارنىڭ بېشىنى تىزىغا قويۇپ ھاياجان بىلەن ئولتۇرغان ھاشىر دۇتارى بىلەن ياندىشتى. ئەلانىڭ زىل، جاراڭلىق ئاۋازىغا ھاشىرنىڭ بوم، قوپال ئاۋازى ماسلاشمىدى. ئوسمان ھەممىنى جەينەكدەپ ئەلانىڭ قۇلىقىغا كىردى. ساقلىقنى بولسا نامەتكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. داستانلار «يۈسۈپ ئەھمەد» بېيىتلىرى بىلەن باشلاندى:

نا ئەھلى بىلەن ھەم سۆھبەت بولما ھەر جايدا،
ھەر كىشىگە سىرىڭ ھالىڭ بىلدۈرۈر.
كۆڭلۈڭدىكى سىرىڭنى ئېيتما نامەرتكە،
دۈشمىنىڭگە سۆزۈڭ سالام يەتكۈزۈر.

نامەت بىر قولىغا بوتۇلكا، بىر قولىغا رومكا ئېلىپ ئېگىز ـ پەس دەسسەپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. ئۇ قورماشنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قاشلىرىنى ئوينىتىشقا باشلىۋىدى، ئاش ئۇنىڭ يوتىغا تېپىپ:

— پەيزى ئوغرىسى، بولدى قىل! — دەپ قويدى.

ئەلا بىرىنچى داستاننىڭ مەرغۇلىنى شۇنچىلىك يېقىملىق چالدىكى، باغنىڭ كوچا تېمى ئادەملەر بىلەن تولدى. نەلەردىدۇر بۇلبۇل، ملىتق ئېتىلماقتا. ئاسماندا ۋىژىلداپ ئوقلار ئۇچماقتا. لېكىن ئادەملەر خۇددى ئاۋۇ ئوقلار ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتسىزدەك پۈتۈن دىققىتى بىلەن سازغا بېرىلگەن. مانا باغقا ئاتوتۇش مەسلەر. قولۇم ـ قوشنىلارمۇ سالام بىلەن كىرىپ كېلىشتى.

ئىككىنچى داستان باشلانغاندا ئەلاغا ئەگىشىدىغان ھېچكىم قالمىدى. چۈنكى بۇ شېئىر ھېچكىم ئاڭلىمىغان. شېئىرنىڭ سۆزلىرى تولىمۇ مەنىلىك، تەسىرلىك ئىدى.

مۇقام ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دوستلىرى ئۇنى سوئاللار بىلەن كۆمۈۋەتتى.

— ھەي ئاۋاق، نەلەردە يۈرۈپ شۇنچە ئۇستا بولۇپ كەتتىڭ؟

— باپىقى ئېيتقانلىرىڭ كىمنىڭ شېئىرلىرى؟

— ئالىم بولۇشنى چۈرۈپ ئەندى سازەندە بولاي دەپسەن ـ دە؟

— ئاداش، قوللىرىڭ نېمانچە قاداق؟

— ھەي، بىرىپ ـ بىرىپ ھارۋىكەش بولۇپ قالدىڭما؟

لېكىن ئەلا كۈلۈپلا قويدى. ئۇ ئۈن ـ تىنسىز ھاراق ئىچەتتى. كىر لۆڭگىسى بىلەن يۈز ـ بويۇنلىرىنى ئېرتاتتى. ھاشىرلا ئۇنىڭغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن زەڭ قويۇپ، جىمجىت خىيال بىلەن ئولتۇراتتى. گەرچە دوستى ئۇنىڭغا ھال ئېيتمىغان بولسىمۇ ھاشىر ئەلانىڭ ھەممە ئەھۋالىنى بىلەتتى. ھاشىر 1966 ـ يىلىنىڭ بېشىدا مۇشۇ ناھىيىگە مۇئاۋىن سېكرېتار بولۇپ كېلىپلا ناھىيىنىڭ بىر ئوتتۇرا مەكتەپىدىن ئارانلا ئورۇن تەككەن دوستىنى ئىزلەپ تاپتى. ئۇلار بىر كېچە مۇڭداشتى. شۇ چاغدىمۇ ئەلا ئۇنىڭغا ھال ئېيتمىدى. ئۆزىنىڭ «ئۇتتىنى ئىنقىلاش» تا تارتىپ چىقىرىلغانلىقى، ئوقۇتقۇچىلىق لاياقىتى يوق بولۇپ قالغانلىقى، رۇخسەتسىز

ھېچنەرگە بارالمايدىغانلىقى توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. پەقەت ئىرىشىپ رۇسچە ئۆگىنىۋالغانلىقى. يازغان ئىلمىي ماقالىلىرى، تۈپلىغان كىتابلىرى. دۆۋە - دۆۋە كاپىيەن. خاتىرىلىرى. كۈندىلىك ۋە ئۇزۇن يىللىق پىلانلىرى توغرىسىدا قىزغىن ۋە روھلىنىپ سۆزلەپ بەردى. ئاز كۈندىن كېيىنلا ناھىيلىك پارتكومدا ئۇيۇشتۇرۇلما ساھەسىدىكى سىنىپي كۈرەش مۇزاكىرە قىلىنغاندا ئەلانىڭ مەسىلىلىرى يەنى ساۋۇتتۇۋ بىلەن بولغان ئالاقىسى، ئەكسىيەتچى ماقالىلىرى تىلغا ئېلىندى. ھاشىر دوستىنى ئاقلاپ ناھىيلىك پارتكومنىڭ باش سېكرېتارى ۋە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى رەقىب بىلەن قاتتىق تىركەشتى. لېكىن كۈچ ئېلىشالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلا ناھىيە بويىچە «كىچىك دېڭتۇ» دېگەن نامغا ئىگە بولۇپ كۈرەش ۋە پىپەن قىلىندى. ھاشىرنىڭ يۈرىكىنى زىدە قىلغان بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى ئۆگىمەيلا مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ ئەلا بىرىنچى قېتىم سازايى ۋە كۈرەش قىلىندى. پۈتۈن كىتاب. قول يازمىلىرى كۆرگەزمە قىلىنىپ كېيىن كۆيدۈرۈلدى. ئاز كۈندىن كېيىن ھاشىرمۇ تارتىپ چىقىرىلدى ... مانا ھازىر ئۇلارنى تارتىپ چىققانلار ھوقۇق كويىدا بىر - بىرى بىلەن تۇرۇشماقتا. ھاشىر بىلەن ئەلا ئۇلارنىڭ سوقۇشۇشلىرىدىن پايدىلىنىپ بۈگۈن دوستلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇپتۇ.

ھاشىر ئەلانىڭ قولىنى ئالقىنىغا ئالدى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە قاراشتى. بۇ كۆزلەرگە تىل بىلەن ئىپادە قىلغىلى بولمايدىغان دەرد - ئەلەم، يەنە شۇنداقلا ناھايىتى چوڭقۇر قانائەتلىرىغا ئۈمىد شولىسى يوشۇرۇنغانىدى.

— ئۈتۈپ كېتىدۇ! — دېدى ھاشىر قاتتىق ئۇھ تارتىپ.

— ئۈمۈرمۇ؟ — ئەلا ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى. ھاشىر ئۇنىڭغا يەنە سىنچىلاپ قارىدى: دوستىنىڭ كۆز قويرۇقلىرىنى ئۇششاق قورۇقلار قاپلىغان، ئىككى قوۋزى ئولتۇرۇشقان، ئۈمىدلىك كۆزلىرى شۇنچە غەمكىن، مىسكىن ...

— بۈگۈن مېنىڭكىگە چىقىپ كېتەيلى، — دېدى ھاشىر، — پىيادە چىقىپ كېتىمىز.

— قارا دۆڭ دېگەندە ئىككى ئېتىم بىلەن ھارۋام بار، — دېدى ئەلا، — ئۇلار ماڭا قاراشلىق.

— ئانداق بولسا دەڭدە ياتايلى.

— كېچىلەپ خاتىڭغا بارىمەن. ئەتە چۈشكىچە كۆمۈر بېسىپ يېنىپ چىقمىسام ماڭا كۈن يوق.

— ئۇنداق بولسا خاتىڭغا بىللە چىقايلى.

ئوسماننىڭ مېھمانلىرى ئەمدى بىر توپ مەسىلەرگە ئۆزگەردى. مەسىلەر نېمىلەرنى دېمەيدۇ، نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟ ئۇلارنىڭ بىرلىرى گەپ تالاشماقتا. بىرلىرى پىچىرلىشىپ، بويۇنلىرىدىن گىرەلىشىپ مۇڭداشماقتا. يەنە بىرلىرى، ئالىملارنىڭ ئاستىدا ياتماقتا. يەنە بىرلىرى، مەسلەن. نامەتكە ئوخشاشلار قازان بېشى بىلەن سورۇن ئارىسىدا دەلدەڭشىپ، بىردەم ئاياللارغا. بىردەم دوستلىرىغا ئاغزىغا كەلگىنىنى جۆيلۈپ يۈرۈشمەكتە.

پەقەت يالغۇز ئەلا بىلەن ھاشىرلا خۇدىنى يوقاتمىغان. ئۇلار ئىشتىنھا بىلەن نېرىن يېدى ۋە ئوسمان بىلەن زۇلخۇماردىن ئۆزرىخاھلىق سوراپ كوچىغا چىقىشتى:

ئاسمان يۇلتۇزلار ۋە تولۇن ئاي بىلەن گۈزەل. كوچىلار تۇيۇقسىدا. غۇلجىنىڭ ياز ئاخشىمى تولىمۇ سالقىن ۋە لەرزان شاماللىق. ئېگىز ئاق تېرەكلەر ئاستا شىۋىرلىشىدۇ. ئېرىق سۇلىرى ئېھتىيات بىلەن پىچىرلىشىدۇ. باغ - ھويلىلاردىن گۇپۇلدەپ گۈل ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ ...

تەبىئەت ئىككى دوستنى ئويغاق ئويغاقلا سەگىتتى. باياتىن ئىچكەن ھاراقلىرى يازدا ياغقان قاردەك ئويغاق ئويغاقلا يوقالدى. ئۇلار ئولتۇرۇشتا باشلىنىغان گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ نوۋبىگورد كوچىسىغا كەلدى. كوچا ئالا كۆلەڭگىلەر بىلەن ئوسما قىلىنغان بوز يەرگە ئوخشاپ قالغان. بۇنداق ئالا كۆلەڭگىلىك كېچىدە ئۇلار نۇرغۇن قېتىم قولتۇقلىشىپ بىللە مېڭىشقان. لېكىن ئەستىن چىقمايدىغىنى بۇندىن ئون يىل بۇرۇن رازىيە ئۈچى بىللە ماڭغان كېچە. ئۇلار گەرچە رازىيە توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىغان بولسىمۇ مۇنتۇ سىرلىق كېچە ھەر ئىككىسىگە رازىيەنى ئەسلەتتى. ئۇلار تەڭلا ئۇھ تارتتى. ئەلا ئىختىيارسىزلا:

— بىچارە رازىيە مۇشۇ تۇرقىدا تۇرمە تۆڭلۈكىدىن يۇلتۇزلارنى كۆرۈۋاتىدۇ. لېكىن مۇنتۇ يۇراقلىق شامالار ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىپاشقا قادىر ئەمەس! — دېدى.

— ئۇ خىيالىدا بىز بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ. — دېدى ھاشىر ئەلانىڭ بىلىكىدىن مۇجۇپ قويۇپ. — بىچارە قىزنىڭ جەبىر - جاپا تارتىشىغا مەن سەۋەبچى!

— ناۋادا سەن ئۇز ۋاقتىدا رەھمەتوۋچە(1) ئىش قىلمىغان بولساڭ، رازىيەنىڭ تەقدىرى باشقىچە بولغان بولاتتى. مۇھەببەت ئىنسانىنى ھەم بەختلىك، ھەم بەختسىز قىلىدىكەن. لېكىن بەختلىكلەرمۇ، بەختسىزلەرمۇ پۇشايمان قىلمايدىكەن. بۇ ئاجايىپ ئىش!

ئۇلار جىمىپ قېلىشتى.

— ئۆتۈپ كېتىدۇ. تۈزىلىدۇ، — دېدى ھاشىر

(1) چېرنىشېۋىسكىنىڭ «نېمە قىلىش كېرەك» رومانىدىكى تەلەپچان قەھرىمان.

دەرەخلەرنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرۇپ. — تۇزەش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىشقۇ بۇلار. رازىيە چوقوم چىقىدۇ. دادىسىنىڭ كىتابلىرىنى ئېلىپ ماڭغانلارغا قارىتىپ ئاچچىق گەپ قىلغىنى ئۈچۈنلا سولانغان تۇرسا، نېمىشقا قويۇپ بېرىلمەيدىكەن، تو قويۇپ بېرىلسىلا مەن تۇنىڭ بىلەن توي قىلمەن!

— ناۋادا قويۇپ بېرىلمىسچۇ؟

— نېمىشقا تونداق دەيسەن؟

— تو نەق سەن ھىمايە قىلىۋاتقان مۇشۇ ئىنقىلابنى ئىللىغان! تو چىقسىمۇ بەنىلا ئىللايدۇ. سەن مۇشۇ تەبىئىتىڭ بىلەن قانداقمۇ رازىيىگە ھېسداشلىق قىلالايسەن؟

— ياق ئىللىمايدۇ، ئەندى ئىللىمايدۇ!

— خاتالىشىسەن، ئۇ پوشكىنچە ئادەم ئەمەس. لىرمونتوۋچە(1) ئادەم، ھەرگىز خاتا قىلدىم دېمەيدۇ.

— سىڭلىچە، مەن تونىڭ كۆز قارىشىنى قوبۇل قىلسامىلا ئاندىن تونىڭ بىلەن بىللە بولالايمەنكەندە؟

— نەق شۇنداق.

— بۇ تولىمۇ چوڭ قۇربان بېرىش بولىدۇ ـ دە!

— باشقىلار سېنىڭ ئۈچۈن قۇربان بەرسىلا بولىدىكەن ـ دە. رازىيە ئاز قۇربان بەردىمۇ، مۇھەببىتىنى ئابۇت قىلدى. كۆڭلى خالىمىغان بىرسىگە ئايال بولۇش سىڭلىچە ئاز قۇربان بەرگەنلىكمۇ؟

ئۇلار يەنە جىمىپ قېلىشتى. ئەتراپتا مىلتىق ـ پىلىموتلار ئېتىلىشقا باشلىدى. يىقىنلا يەردە ئادەملەر ۋارقىراشماقتىدى. ھاشىر تىرىكتى. تو تۆزىچە غۇدۇڭشىدى:

— كىتاب خالتىسى. كىتاب خالتىسىدىن زادى ياخشى گەپ چىقمايدۇ، تالانتىڭ بار، لېكىن زىيانلىقسەن!

— لۇشۈنىڭ مۇنداق بىر گېپى بار، — دېدى ئەلا خۇددى ھاشىرغا ئەمەس، ئۇيىقىدىن چۆچۈپ ئويغانغان شەھەرگە سۆزلەۋاتقاندەك ۋارقىراپ. — «تالانت ئىگىلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىش كىشلەرنىڭ كۆنۈپ قالغان ئادىتى بولسا كېرەك. جۇڭگودا خەن ۋە جىن سۇلالىلىرىدىن كېيىن داڭ چىقارغان ئەدىبلەرنىڭ تولىسى قارىلىپ كەلدى.» ھازىرمۇ شۇنداق ... لىۋشى مۇنداق دېگەن: «سەركەردىلەر، ۋەزىرلەر مەرتىۋىسى يۇقىرى بولغانلىقتىن شۆھرەت قازىنىدۇ. ئەدىبلەر مەرتىۋىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن تىل ـ ھاقارەت ئاستىدا ياشايدۇ.»

بۇ خۇددى دەريا سۇلىرى تۈركەشلەپ ئاقسا، ئېرىق سۇلىرىنىڭ بىردەم كۆپ، بىردەم ئاز ئاققىنىغا ئوخشاش بىر ئىش!

— ئىلگىنى يېغ دەيمەن! — ھاشىر ئاتىرىپ كەتتى.

— نېمە، شۇجىلىقتىن سەركەردىلىككە ياكى ۋەزىرلىككە ئۆرلەي دەمسەن؟ — ئەلامۇ ئۆۋىتىدە ئارتىنىپ ئولتۇرمىدى.

— بولدى قىل دەيمەن، — ھاشىر مۇشتۇمىنى ھاۋادا پۇلاڭلاتتى. لېكىن ئەلا تونىڭغا پەرۋا قىلمىدى.

— يالغانمۇ؟ — دېدى ئەلا غەمسىز قىياپەتتە. — نېمە قالدى؟ كىم قالدى؟ ئۆمەر ئەپەندىنىڭ كىتاب يىغىشىمۇ گۇناھمۇ؟ رازىيەنىڭ ساپ دىل دادىسىنى ھىمايە قىلىشى جىنايەتمۇ؟ نېمىشقا سەندە ئۇلارغا نىسبەتەن ھېسداشلىق قوزغالمىدى. سېنىڭ ئادىللىقىڭ، ۋىجدانىڭ نەگە كەتتى؟ پارتىيە ئەزاسى، پارتكوم شۇجىسى بولغان ئادەم قارىغۇ، پالاڭ، گاچا بولۇۋالسا بولامدىكەن؟ بىلىپ قوي، سەن ئېنىقى تۆزلىدۇ دەيسەن. مېنىڭچە تۆزەلمىگىنى تەس. ئۆمىد نەدە؟ «چىڭگىزخان» رومانىدا مۇھەممەت شاھ دۆلىتى ۋەيران بولغاندا ھوقۇقىنى ئوغلى جالالىدىنغا بېرىدۇ. جالالىدىن نېمە دەيدۇ؟ «ئۆمىد بورانلىق كېچىدىكى بىر تال يېگنە. لېكىن مەن ئۇنى ئېتىشقا تۇرۇۋاتۇپ كۆرىمەن» دەيدۇ. ھازىرمۇ ئۆمىد شۇنچىلىك، كۆرىسەن ئېنىقى.

ھاشىر جالاقلاپ تىترىدى. تو چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ ئەلانىڭ ياقىسىدىن مۇجۇپ تۇتتى ۋە مۇشتۇمىنى كۆتەردى:

— سەن ئىبلاس! ـ

نەق شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا قورال‌لىق ئادەملەر كېلىشتى. ئۇلار جىددىي، ئەسەبىي، ئەلۋە ئىدى. ھاشىر دوستىنى قويۇۋېتىپ ئىككى قولىنى چۆشۈرۈپ تىك تۇردى.

— نېمە ئادەمسەلەر؟

— مەن، — دېدى ھاشىر، — دۆلەت كادىرى.

— قايسى كۆز قاراشتا؟

— تارتىپ چىقىرىلغانمەن.

— سەنچۇ؟

— مەن ھارۋىكەش!

— قايسى كۆز قاراشتا سەن؟

— ھەققەت تەرەپتە!

— تۈز گەپ قىل! ئېيت، قايسى پەيگە يېقىنسەن؟

— ئىككى ئېتىمغا يېقىن!

— مېڭىڭلار، ھازىر ھەربىي ھالەت!

ئۇلارنى بىر كىچىك ھويلىغا ھەيدەپ كىردى. ھويلىدا بىر

(1) پوشكىن پادىشاھقا قارشى تۇرۇپ كېيىن تۆۋە قىلغان ۋە پادىشاھنى ئىللىمىغان. لىرمونتوۋ ئاخىرىغىچە ئىللىغان — ئاپتورنىڭ ئىزاھى.

نەچچە «ئۆتقۇن» ئولتۇراتتى. هويلا خىرە يورۇق. بىسەرەمجان، قوراللىق ياشلار كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى.

ئەلا بىلەن هاشىر بىر-بىرىگە دۈمبىسىنى قىلىشىپ قىرى قارىياغاچقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ بايىقى تالاشلىرى داۋاملاشماقتا، لېكىن ئاۋازلىق ئەمەس، ھەر قايسىسى ئۆز ئىچىدە سۆزلەشمەكتە. هاشىر: «بىكارلا رەنجىتتىم. بەلكىم ئەلانىڭ ئېيتقانلىرى راستتۇ، پارتىيىمىزدە هازىر ئايرىم رەھبىري كىشىلەر خاتالىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىنمىدۇ؟ لېكىن ئەلا نېمىشقا پارتىيىمىزنىڭ ئۇنداق كىشىلەرنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىشكە ئىشەنمەيدۇ؟ ئۇ ھەممە ئىشنى چوڭقۇر ئويلايدىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ نەرسىلەرنى بىلمىگەن ئىگە ئادەم. شۇنداق بولغاندىن كېيىن قېيىن شارائىتتىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى. گۇمانلانماسلىقى زۆرۈر ئىدىغۇ؟ نېمىشقا ئۇ چوڭ يولىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ ... » دەپ ئويلىسا، ئەلا دوستىغا ئىچ ئاغرىتىپ «ئۇنى بىكارلا رەنجىتتىم، ئورنىمىز. كەچۈرمىشلىرىمىز ئوخشىمايدىغۇ. ئەلۋەتتە ئۇ مەن ھېس قىلغاننى ھېس قىلالمايدۇ. دە. ئۇنىڭ ئىشەنچىسى، سادىقلىقىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ئۇنى ئۆز سادىقلىقىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلايمەن؟» دەپ ئويلاتتى.

— ئەلا مۇئەللىم! — بىر ياش ئەلانى توختاۋالدى. — مېنى تونۇۋالدىڭىزمۇ، مەن ئىبراھىم. سىز لەنجۇدىن يېڭى كېلىپ بىزنىڭ مەكتەپكە بىزگە ئەدەبىيات دەرسى بەرگەن ئىدىڭىزغۇ، باللار توپلانساقلا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشىمىز!

ئەلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىبراھىمنىڭ سۇنغان قولىنى تۇتتى.

— ئوھوي، مېنىمۇ مۇئەللىم دەيدىغان ئادەم چىقىدىكەن-ھە؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— ئەلا! — قاراڭغۇ بۇلۇڭدىن چىرايلىق كىيىنگەن، كاپكازچە بۆرۈك قويغان بىر ئادەم ئەلاغا قاراپ قۇچاق ئېچىپ يۈگۈرۈپ كەلدى. ئەلا ئۇنى ئاخىر تونىدى:

— ساۋۇتوۋ ئاكا!

ئۇلار ئۇزاق قۇچاقلاشتى. هاشىرمۇ ئورنىدىن تۇردى. ساۋۇتوۋ ئەلانى يورۇققا ئەپچىقىپ سىنچىلاپ قارىدى: ساۋۇتوۋنىڭ ئالدىدا مايلاشقان ئىش كىيىمى، بىر سومىلىق سېرىق شەپكە. يوتىغا چۈخەي كىيگەن، ئورۇق، غەمكىن. چۈشكۈن يىگىت كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ئەلامۇ سىز؟ — دېدى ساۋۇتوۋ قايتىلاپ ئەلانىڭ مۈرىسىنى قۇچاقلاپ، — مەن پەرەز قىلغاندىن ياخشى تۇرۇپسىز ئىنىم. سىز بىلەن بىزگە مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. روھىمىز ئېگىلمەي قالغان كۈن يوق. شۇڭا تىلىمىز ئۆزىمىزگە بېقىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىلىمىز بەدىنىمىزگە دۈشمەن. ئىسراپىلوۋ، كېلىڭ. مۇنۇ يىگىت بىلەن تونۇشۇڭ. دوست بولالىسىڭىزلا سىز بەختلىك بولىسىز!

بۇلۇڭدىن ساقال-بۇرۇتى ئۆسكەن، ئېگىز، ئورۇق، ناچار كىيىنگەن ئادەم قوزغالدى-دە، ئەلاغا يېقىنلاشتى. ئۇ بىرىنىڭ قوللىرى بىلەن ئەلانىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ:

— ئىككى كومۇرچى ئېيېشىپتىمىزدە! ئىسمىم ئاروپ ئىسراپىلوۋ. 1945-يىلى «ئازادە» نىشانلىق پولكتا ستارشى كاپىتان بولغان. جەڭ كۆرگەن. قان تۆككەن. راستىنى ئېيتقاندا سىلەرنى ئازاد قىلغان بىز ئەمەسمەن! — دېدى. ئۇ مەس ئىدى. ساۋۇتوۋ هاشىرنى تونىدى. ئۇ هاشىرنىڭ ماشىرەڭ ئۈستىبېشىغا قاراپ قويۇپ، قۇچاقلاشمايلا كۆرۈشتى:

— هاشىرمۇ مەن ئويلىغاندەكلا تۇرۇپتۇ. ئاڭلىدىم. بىزگە رەھبەرلىك قىلىسىز ئىنىم. لېكىن هاشىر ئۇكام يالغۇز سادىقەت بىلەنلا بىر ئادەم قەدىرلىك بولۇپ كېتەلمەيدۇ. سادىقەتمۇ زۆرۈر. لېكىن ئۇ بىر خېمىر تۇرۇچلۇق رولى بار نەرسە. ئۇنىڭ بىلەن قورساق تويمايدۇ. سادىقەت بىلەن يارامىلىق كەسىپ ماسلىشىپ كەلسە، ئۇلىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى.

— راست مەن كەسىپ ئەھلى بولالمىدىم. — هاشىر ساۋۇتوۋغا يالت قىلىپ قاراپ قويدى. ئەلا ئۇنىڭ قارىشىدىن بىر خىل يوشۇرۇن نارازىلىقنى چۈشەندى.

دەل شۇ چاغدا سىرتتا ئاۋۇال ملتىق، ئارقىدىن ئاپتومات بىلەن پىلىموت ئېتىلدى. هويلىدا بىرمۇ قوراللىق ئادەم قالمىدى. «ئۆتقۇن» لارمۇ قاراڭغۇ بۇلۇڭلارغا تىقىلىشتى. هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالغۇز ئىسراپىلوۋلا قارىياغاچقا ھەمراھ بولۇپ ئىككى قولى بىلەن بېلىگە تايىنىپ پەرۋاسىز تۇراتتى. ساۋۇتوۋ پىچىرلىدى:

— كىم كىمنى يوقىتىۋاتىدۇ. بىلەمسىلەر باللار؟

— بىر كۆز قاراشتىكىلەر يەنە بىر خىل كۆز قاراشتىكىلەرنى!

— ياق. — دېدى ساۋۇتوۋ. ۋارقىراپ تۇرۇپ. — بۇ ھېچقانداق ئىنقىلاب ئەمەس. چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلىكى. گىتلېرنىڭ ئەسەبىلىكى! ئۇلار خەلقنى. ئىنسانلارنىڭ قانـ تەرىنى. روھىنى يوقىتىۋاتىدۇ. بۇ ئوقلار خەلققە ئېتىلىۋاتىدۇ!

— كاپىشىماڭ! — دېدى هاشىر ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ. — بىلەمسىز. بۇ گەپلىرىڭىز ئۈچۈن تۈرمىگە چۈشىسىز ئەپەندىم!

— تۈرمىگە؟ — دېدى ساۋۇتوۋ زەھەرلىك كۈلۈپ قويۇپ. — هازىرمۇ تۈرمىدىمەن. بۇ جەمئىيەتنىڭ قەيىرى تۈرمە ئەمەسكەن؟

— ھېلىقى مۇئەللىم ئىكەنسىز، — دېدى ھاشىر خۇددى بىرسى كانىيىدىن بوغۇۋالغاندەك ئازابلىنىپ ھاسىراپ، — دادام بولسىڭىزمۇ ئەمدى كانىيىڭىزدىن بوغىمەن!

— مەن بوغمىساڭمۇ سىرتماقتىمەن! — دېدى ساۋۇتوۋ ھاشىرغا يېقىنلىشىپ، — بىلىپ قوي، مەن تۈرمىدىن چىققىلى بىر يىل بولدى، يەنە كىرمەكچىمەن. نېمىشقا كىرىمەن؟ راست گەپ قىلغىنىم، ھالال ئىش قىلغىنىم ئۈچۈن كىرىمەن!

— سۆزلىمەڭ! — ھاشىر ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراپ مۇشتۇمىنى كۆتەردى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىسرايىلوۋ يېتىپ كەلدى - دە، ھاشىرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراپ:

— ئوغۇل بولساڭ مۇشتۇمىڭنى ئاۋۇ قورال تۇتقانلارغا ئەكىلە. كۆردۈڭمۇ، بىلىم يۇرتى كۆيۈۋاتىدۇ. ساڭا ئوخشاش نەچچە مىڭ تەلۋىنى ئادەم قىلىپ چىققان ئانا مەكتىپىڭ ئوت ئاستىدا كۈل بولماقچى!

ھاشىرنىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز تۆۋەن چۈشتى. ئىسرايىلوۋ كوچىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ كەينىدىن باشقىلارمۇ يۈگۈردى. ئۇلار ئېنىق كۆردى. غۇلجا بىلىم يۇرتىنىڭ سۆيۈملۈك بىناسى كۆيمەكتە ئىدى.

— مېنىڭ جېنىم تېنىمگە پاتمايۋاتىدۇ، — دېدى ئىسرايىلوۋ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — ئانا مەكتىپىمىز كۆيۈۋاتىدۇ. بىز ئاۋۇ ئوت زاۋۇتىغا ھۇجۇم قىلغاندا گومىنداڭنى قىرغان، لېكىن ئانا مەكتىپىمىزنىڭ بىر تال كۆزنىكىنى چاقمىغان.

ھاشىر ئەلانىڭ بىلىكىدىن تۇتتى - دە، مۇتەللىپ بېغى تەرەپكە سۆرىدى:

— ماڭ ناغرىچى بىلەن ئايلىنىپ دەڭگە كېتەيلى.

ئەلا ساۋۇتوۋنى سۆرىدى:

— جۈرۈڭ مۇئەللىم!

— ياق، — دېدى ساۋۇتوۋ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ. — ئىسرايىلوۋنى قايتۇرۇپ كېلىمەن.

ئىسرايىلوۋ يولنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ۋارقىراپ كېتىپ باراتتى.

2

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئۇلار خاڭدىن كۆمۈر بېسىپ قايتتى. بىر يېرىم توننا كۆمۈر بېسىلغان ھارۋىنى سۆرەپ. يازنىڭ ئىسسىقىدا دىمى سىقىلىپ قارا تەرگە چۆمگەن ئىككى تورۇق ئات «يېڭى ھايات» مەھەللىسىدىن ئارانلا چىقتى.

ئەلا ئامالسىز ئاتلىرىغا ئوت يېگۈزۈش ئۈچۈن توختىدى. ئاتلىرىغا قورۇق بېدىدىن سېلىپ بېرىپ ھاشىر ئىككىسى يولنىڭ چېتىدىكى باش ئۈجمە سايىسىدا سەگدەپ ئولتۇردى.

ئۈنۈگۈندىن بېرى ئۇلار نېمىلەرنى دېيىشمىدى، نېمىلەرنى ئەسلەشمىدى؟ بىردە كۈلۈشتى، بىردە تالاش - تارتىش قىلىشتى، بىردە قىزىرىشتى. لېكىن ئاخىر يەنىلا بىر - بىرىسىنىڭ غېمىدە باش قاتۇرۇشتى. ئۇلار شۇنى ئېنىق چۈشەندى: گەرچە نۇرغۇن ئىشلاردا يەنىلا ئۇلار ئارىسىدا ھەل قىلغىلى بولمايدىغان زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار بار بولسىمۇ، ئۇلار ھامان دوست. بىرسى ئۈچۈن يەنە بىرسى جان پىدا بولالايدىغان قەدىردانلاردىن ئىكەن.

— گەپ قىل ئاۋاق! — دېدى ھاشىر قوساقىنى قىردا سۇنايلىنىپ يېتىپ، — شۇنداق قىلىپ ھەممىدىن قول ئۈزدۈڭمۇ؟

— ھەممىدىن قول ئۈزگەن بولسام ياشاپ نېمە قىلاتتىم؟

— نېمە قىلماقچىسەن؟

— ئوقۇماقچى، يازماقچى.

— يازغىنىڭنى باسمىسىچۇ؟

— ئەۋلادلار ئۈچۈن يازىمەن. قول يازمىلىرىم كەلگۈسىدە ئەتىۋارلىنىدۇ.

— نېمىلەرنى يازماقچىسەن؟

— ھېلىقى يەتمىش تۆت پارچە ماقالامنىڭ ھەممىسىنى يوشۇرۇنچە يېزىپ چىقىمەن.

— خوش يازغانمۇ بولغىن، بۇنىڭ بىلەن نېمىنى ئىسپات قىلماقچىسەن؟

— ئىككى نەرسىنى ئىسپات قىلماقچىمەن. يەنى، بىرىنچىسى خەلق ئۇلۇغ. ئىككىنچى، مەن خەلققە مەنسۇپ دېگەن مەسىلىلەرنى.

ئەلا بۇ گەپنى جىددىي، تەمكىن. خۇددى قەسەم بېرىۋاتقاندەك تىترەڭگۈ ئاۋازدا ئېيتتى. شۇڭا ھاشىرغا دەرھال تەسىر قىلدى. ئۇ دوستىنىڭ كۆزىگە قارىدى:

— ئىشلە ئاداش. مەن ھاياتلا بولسام ھەر قانداق شارائىتتا ساڭا ياردەم قىلىمەن. بىلەمسەن، مەن پات يېقىندا يەنە جۇرېن، شۇجى بولۇپ كېتىمەن. مەن مۇشۇ ئىشلارغا يارىغان ئوخشايمەن. يالغان ئېيتىشنىڭ ئورنى يوق. مەن خىزمىتىم ئەسلىگە كەلسىلا مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى تۇتىمەن. مەن يېزىش، تەتقىق قىلىشتىن قول ئۈزدۈم. لېكىن ساڭا ئوخشاشلارغا ماڭا ئوخشاش قالقان لازىم. قالقانسىز قالساڭ تاش - تاياققا كۆمۈلۈپ كېتىسەن، مەن بۇنى ياخشى بىلىمەن.

— لېكىن، — دېدى ئەلا خىيالچان كۆزلىرىنى نازۇك قىياق ياپرىقىغا تىكىپ ئولتۇرۇپ، — بىزنىڭ ئارىمىزدا پات يېقىندا

ئۈنكىلى بولمايدىغان بىر سىپىل پەيدا بولىدۇ. سەن پارتىيىنىڭ بىر رەھبىرى بولۇپ قالىمۇقات ئەمەلدارلار چەمبىرىكى ئىچىدە قالسەن. مەن بولسام ناھايىتى زور غەمخورلۇقتا ئېرىشەلىسەم بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە مۇئەللىم بولالايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرىكەتلا كەلسە سەن ئاياق ئۇتقانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالسەن. مەن دۇمبالىندىغانلار قاتارىدىن!

— دېدىڭمۇ، — دېدى ھاشىر ئوھ تارتىپ قويۇپ. — نەدىن ئورۇن ئالسامۇ ساڭا قالقان بولالايمەن!

ئۇلار ئاسماندىكى ئاقۇش بۇلۇتلارغا قاراپ جىمىپ قىلىشتى. ئۇلار ھەر ئىككىسى چۈشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنىدىن كېيىنكى يوللىرى بىر بولمايدۇ. ئۇلار ئۆز يوللىرىدا ماڭغانسىرى بىر-بىرىدىن يىراقلىشىدۇ. ئەقىدىسى ئوخشاش بولمىغان ئاكا-ئۇكىلارمۇ يىراقلىشىدۇ. ھەتتا دۈشمەنلىشىدۇ. ئاتا-باللارمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئاۋادا بۇ ئىككى دوستنىڭ بىرى باشقۇرغۇچى. بىرى بارانقۇچى بولۇپ قالمىغىندا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاغزىدا يۇقىرىقىدەك ئاغزاكى ۋەدىلەرگە ئورۇن قالمىغان بولاتتى. قانداق قىلسۇن؟ ھازىرقى ھاياتنىڭ چىغىر يوللىرىمۇ شۇنداق ئەگرى-بۈگرى بولۇپ تۇرۇۋېتىپتۇ...

ئەلا يۇمشاق تويىدا ئوخلاپ قالدى. ھاشىرمۇ كېچىدىن بېرى پىيادە مېڭىپ كۆمۈر قاچىلاپ تۇزۇك ئۇخلىمىغان بولسىمۇ ھازىر ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ يولدىن ئۈزۈلمەي ئۆتۈۋاتقان قوراللىق. قوراللىسز. باشلارنىڭ شۇئار ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ جانلاندى. ناخشىلار ھاشىرغا قاتتىق تەسىر قىلاتتى. «ئىنقىلاب مېھمان چاقىرىش. ماقالە يېزىش ئەمەس ... ئۇ بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان زوراۋانلىق ھەرىكەت!» دېگەن سۆزلەرنى جۇشقۇن ئاھاڭلىق ناخشا يېتى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭ قانلىرى ئورغىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى ئەمگەكچىلەرنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسى بار جەڭچى ئىكەنلىكىنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنتۇپ قېلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەندەك جىددىيلەشتى. خىجالەت بولدى. ئۇ پىچىرلىدى: «ئاۋۇ ماشىنىلاردا كېتىپ بارغان قوراللىق باشلار جانلىرىنى ئالقانلىرىغا ئېلىپ ئىنقىلاب ئۈچۈن كېتىۋاتىدۇ. كېچىچە توپىلارغا مىلىنىپ جەڭ قىلغانلارچۇ؟ ئۆزىنىڭ ياش ھاياتىنى تەقدىم قىلغانلارچۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى قارىغۇلارچە ئېتىقادنىڭ قۇربانلىرىمۇ؟» ئۇنىڭ قۇلىقى ئۈۋىدە بىر گەپ جاراڭلىدى: «ئۇلار خەلقنى ئوقىغا ئوتتۇۋاتىدۇ». «ساۋۇتتوۋ گەرچە مېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازىم بولسىمۇ مەن ئالقىشلاۋاتقان. ھىمايە قىلىۋاتقان ئىشقا قارشى بولغىنى ئۈچۈن يامان ئادەم! ساۋۇتتوۋنىڭ پۈتۈن ئەقىدىسىگە قارىغۇلارچە قوشۇلىدىغان مۇتتو ئەلاچۇ؟»

ھاشىر يېنىدا ياتقان دوستىغا چۈچۈپ قارىدى. يۈزىنى ئىنچىكە قورۇقلار قاپلىغان ئەلا خۇددى ھازىرلا ئويغىنىپ ھاشىرنى تىللىۋېتىدىغاندەك. يەشنى قېقىپ ھارۋىسنى ھەيدەپ كېتىدىغاندەك. شۇ كەتكىنىچە ئۆمۈر بويى ھاشىرغا قارىمايدىغاندەك بىلىندى. ھاشىر ئېنىق چۈشەندى: «ئىنقىلاب» بىلەن «دوست» ئوتتۇرىسىدا كەسكىن توقۇنۇش پەيدا بولدى. ئىككىسىنىڭ بىرسىگە ئاسىيلىق قىلىش كېرەك. بىر-بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان بۇ ئىككى چۈشەنچە ئەندى ئۇنىڭ مېڭىسىدە بىللە تۇرالمايدۇ. ئۇ ئەلاغا يېنىشلاپ قارىدى. ئۆز ۋاقتىدا باشلار ئىتتىپاقىنىڭ شۇجىسى بولغان. ھەتتا ھاشىرغا قارىغاندىمۇ كۆپرەك «ئىنقىلاب» توغرىسىدا سۆز قىلىدىغان دوستى بۈگۈن چوڭ مەسىلىلەردە ئۆزىگە قارشى. ھەتتا دىكتاتورا ئوبيېكتلىرى بىلەن پىكىرداش!...

ھاشىرنىڭ ئەلاغا غەزىپى كەلدى ھەم ئىچى ئاغرىدى. ئۇ ئەلانى ئېغىتتى:

— تۇر ئەلا. ھارۋاڭنى قات!

ئەلا ھارۋىسىنى قېتىپ بولغىچە ئۇ شەھەرگە كېتىۋاتقان قوراللىق ياشلار بىلەن پاراڭلاشتى.

— نېمە قىلماقچىسلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ يېنىدا توختىغان ئىشچى كىيىمدىكى بىر يىگىتتىن ئاستا پىچىرلاپ.

— قارشى پەيىنىڭ مۇھىم قورغانلىرىغا. ئىبىي مەكتەپ. 6-ئوتتۇرا مەكتەپ. ئاشلىق ئىدارىسى. بانكىلارغا ھۇجۇم قىلىمىز.

— قۇربان بولساڭلارچۇ؟

— شەرەپلىك. تەپشەن ئېغىدىنمۇ قەدىرلىك!

ھاشىر ئۆزىگە يارايدىغان بۇ جاۋابتىن خۇشال بولدى ۋە روھلاندى.

ئۇلار كۆمۈر بېسىلغان ھارۋا ئۈستىدە تېگىگە چۈپ ۋە جۇۋا سېلىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ھاشىر ئەلاغا قارىدى:

— سېنىڭدىن بىر نەرسىنى سورىماقچىمەن. ئەلا راستىنى ئېيتقىن.

— قېنى سورا.

— ساۋۇتتوۋنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرىگە قانداق قارايسەن؟

ئەلا دوستىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى:

— شۇنچىغا جاۋاب بېرىمەنمۇ ياكى دوستۇم ھاشىرغىمۇ؟

— كېيىنكىسىگە.

— ئانداق بولسا ساۋۇتتوۋ ھەقلىق.

1 — ئاپاندىقتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى. مىليونلىغان خەلق خاتا قىلىۋاتامدۇ؟

— خەلقنى سەن بۇ ئىشقا چاتمىغىن. خەلق بەلكىم بۇ خىل «ئىنقىلاب» نى ئەمەس باشقا نەرسىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

— نېمىنى؟

— چۈشىنىشلىك، باياشات تۇرمۇش، كۈچلۈك دۆلەت.

— خاتالىشىسەن ئەلا. «باشسىزلىق» دېگەن شۇئار مىليونلىغان خەلقنىڭ قەلب ساداسى.

ئەلا دوستىغا پالت قىلىپ قاراپ قويۇپ ئالدى تەرەپتە زومرەتتەك ھاۋا ئىچىدە قارىيىپ تۇرغان ئاۋرال تېغىغا قارىدى.

— ئالدىرىما، يەنە ئون يىل تەخىر قىل. شۇ چاغدا خەلقنىڭ ھەقىقىي ئارزۇسى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىسەن.

— ئەلا. خەتەرلىك. كاللاڭغا نېمىلەر كىرىۋالدى سېنىڭ. مەن سېنى! ...

ئەلا ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

— سەن ئىچ ئاغرىتىپ ماڭا يېقىنلىشىپ يۈرىسەن ھاشىر. بىلىمەن. سەن ماڭا ئەپرەتلىنىسەن، مېنىڭ جەمئىيەت ئىنقىلاب توغرىسىدا ئۆز چۈشەنچەم بار. بىلىپ قوي، مەن خەلقنىڭ، سوتسىيالىزمنىڭ دۈشمىنى ئەمەس. لېكىن ھازىرقى ئىشلار مېنىڭ ئەقلىمگە سىغمايدۇ. مەيلى سەن قانچىلىك غەزەپلەنگىن، مېنىڭ كۆز قارىشىم ئۆزگەرمەيدۇ. سەن مېنى «ئەكسىيەتچى مەيداندا چىڭ تۇرۇۋاتىدۇ» دەپ ئەيىبلەيسەن. لېكىن مېنىڭ مەيدانىمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلىسەن!

ئۇلارنىڭ تالاش-تارتىشىغا ھېيداشلىق قىلغاندەك قۇرغاق توپىلىق يوللاردا ياغىسراپ چاقلىرى قىيىپ كەتكەن ھارۋا مەس ئادەمدەك ئېغاڭلاپ، قاراماي ياتقۇزۇلغان سالقىن تاشيولغا ياندىشىپ كاتاڭلىق توپا يولدا ئاستا ماڭماقتا. ئىككى تورۇق ئات كۆز چاناقلىرىغا چاپلاشقان چىۋىنلار دەستىدىن ھېلىدىن ھېلىغا بىر-بىرىگە باش سۈركىشىپ، ساغرىسىدىكى كۆكقۇيۇنلەر دەستىدىن ھېلىدىن ھېلىغا بىر-بىرىگە قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭشىپ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكى ئارتىلغاندەك ئىرەجەپ، ئىرمىشىپ كېتىپ بارماقتا. ئۇلار مۇنتىزىم ئىسسىق ھاۋالىق ئۆزۈن يولدىن خۇددى ھارۋىكەش ئەلاغا ئوخشاشلا ئاللىقاچان زېرىككەن. لېكىن ئۇلارنىڭ ساغرىسىغا ئېنىمسىز تېگىپ تۇرغان زەربىسى ئاچچىق تاسما قامچا ئۇلارنى ياكى كوتۇرۇلمە بولغىچە مېڭىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

— ئاكا، ھارۋاڭلارغا سىلىۋالساڭلار چۇ؟

ئاق ياغلىقنى كۆزىگە باسۇرۇپ تېگىپ دەرەخ ئاستىدا سايىداپ ئولتۇرغان چىرايلىق ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ ھارۋىدىكىلەرگە قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. ئايالنى... ئاۋال

ھاشىر كۆردى.

— كۆمۈردە قانداق ئولتۇرسىز سىڭلىم؟

— كوكات يولۇپ تېگمىگە سالسام ...

ئايال گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالمىدى. چۈنكى ئەلا تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ ئايالغا بۇرۇلۇپ قارىغانىدى:

— گۈزەلئاي! — ئەلا ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى. — سىزنىمۇ كۆرىدىكەنمەن، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

گۈزەلئاي بىردىنلا خۇددى ئوق تەگكەن ئادەمدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى چانقىغا پاتماي قالدى، لەۋلىرى كۆكەردى، كىرپىكلىرى چاڭ قونغان پېتى قېتىپلا قالدى. ئۇ ئاغزىنى مىدىراتتى، لېكىن گەپ قىلالمىدى.

— نەدە تۇرۇۋاتىسىز. ئەلى بالام. مېنىڭ ئوغلۇم تىنچلىقمۇ؟

گۈزەلئاي يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ كونا سومكا تۇتقان قوللىرى غالىلداپ تىترىدى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز گۈزەل. قېنى ھارۋىغا چىقىڭ!

قىز جاۋاب بېرىش ئورنىغا ئالدىراپ ئالغا قاراپ قاراماي ياتقۇزۇلغان يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئەلا ئورنىدا قېتىپلا قالدى.

— تۇرسەڭچۇ. ئارقىسىدىن يۈگرە ئەلا!

ئەلا گۈزەلئاينىڭ ئارقىسىدىن يۈگرىدى. ھاشىرمۇ ئاتلارنى قامچىلىدى. ئەلا گۈزەلئايغا يېتىشىپ كەلدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ گۈزەل، سىزنى ئويلىمىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق. بىلەمسىز. مەن سىزنى جىق ئىزلىدىم!

— پروفېسسور بولىدىغان چاغدا تاشلاپ، ھارۋىكەش بولۇپ قالغىنىڭىزدا ئىزلەشكە ۋىجدانىڭىز قانداق يول قويىدى؟

قىز تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ئالدىراپ سۆزلىدى.

— تاشلىدىممۇ؟ بۇ سىزنىڭ گۇمانىڭىز. ئۆتمۈشنى قويۇڭ. بىز ھازىر تەقدىرداشقۇ؟

— سىز كىتابلىرىڭىز بىلەن تەقدىرداش ئىدىڭىز. ھازىر ھارۋۇ بىلەن تەقدىرداش ئوخشايسىز!

گۈزەلئاي تېخىمۇ ئالدىراپ ماڭدى. ئۇلار قوغلىشىپ سۇ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ كۆۋرۈكىگە كەلدى. ئەلا ئۇنىڭغا يېتىشىش ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭدى.

— ھارۋىڭىزغا چىقىڭ! — دېدى قىز ئىترەپ تۇرۇپ. — ئەندى يېقىنلاشسىڭىز ئۆزەمنى سۇغا تاشلايمەن! — گۈزەلئاي كۆۋرۈك رىشاتكىسىنى تۇتتى. ئەلامۇ ئىترىدى:

— پاك كۆڭۈل ئادەملەر بىر-بىرىنى ئاسان كەچۈرەلەيدۇ. گۈزەلئاي سىز! ...

— سۆزلىمەڭ. سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىسام بېشىم

قايدۇ، كۆڭلۈم ئاينىيدۇ!

ئەلا بۇ ھاقارەتلىك گەپكە تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. «توغرا ئېيتتىڭىز، بۇلغانغان ھاۋاغا كۆنگەن ئادەم ساپ ھاۋانى كۆرسە كۆڭلى ئاينىيدۇ» دېمەكچىدى. لېكىن مۇنۇ ھىمايىسىز ئايالغا زەربە بەرگىسى كەلمىدى:

— مېنىڭ سىزگە، ئوغلۇمغا ياردەم قىلىشتىن باشقا غەرىزىم يوق گۈزەلئاي!

ئەلا كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىدا ئۇزۇندىن بېرى ئوغلى ئۈچۈن ساقلاپ يۈرگەن بىر كاللەك پۇلنى چىقاردى.

— ھەر قانچە خاپا بولسىڭىزمۇ، بالامنىڭ ئانىسى بولغىنىڭىز ئۈچۈن بالامغا ياردەم قىلىشىمغا يول قويۇڭ. مۇنۇ پۇل بالامنىڭ. ھەر قانچە قىيالسامۇ ئىش ھەققىمدىن ھەر ئايدا بالامغا ئون بەش يۈەن ئاجرىتىپ كېلىۋاتىمەن!

گۈزەلئاي ئەلاغا يالت قىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرى ئەلانىڭ كۆزلىرىدىمۇ غىلىلداپ ياش ئەگىگەنلىكنى كۆردى. دە، ئۇ ئەتۇر قارىۋالدى. ئەلا پۇلنى چاققانلىق بىلەن گۈزەلئاينىڭ سومكىسىغا سالدى.

گۈزەلئاي يۈگۈرگەندەك ئىتتىك مېڭىپ يۈرۈپ كەتتى. ئەلا بۇ سۆيۈملۈك ئايالنىڭ تۈزمەللۋالغان قويۇق چاچلىرى، ئاپئاق بويۇن، نۇرلۇق ھالقىسى، سۈتتەك ئاق كوپتا بىلەن زىغىررەڭ تار يوپكا ئىچىدىكى زىلۋا گۈزەل قەددىگە زوق ۋە مۇھەببەت بىلەن قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئايال ئالا كۆلەڭگىلىك سېمونت يولدا توپلىيدىن «تاق، تاق، تاق ...» ئاۋاز چىقىرىپ كېتىپ باراتتى. بۇ ئاۋاز يابىقى گەۋدە يىراقلاشقانسېرى سۇسلىشىپ بارماقتا ئىدى.

ئۇنىڭ يېنىغا ھاشىر كەلدى. ئۇ دوستىنىڭ مۈرىسىگە ئوڭ قولىنى قويدى:

— تىراگېدىيە قەھرىمانلىرى بىز. — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن. — بىرى تۈرمىدە، بىرى سەرگەردان تۇل خوتۇن. ئاڭلىسام خىزمەتسىز. قۇرۇلۇشلاردا ئىشلەپ يۈرگەندەك. ناھىيىگە نېمىگە ماڭدىكىن؟

— تراگېدىيە ھەممىلا جايدا تولۇپ ياتىدۇ. — دېدى ئەلا ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ. — بۇ بىزنىڭلا بەختسىزلىكىمىز ئەمەس، راستىنى ئېيتقاندا ئىجتىمائىي تراگېدىيىنىڭ ھۆججەتلىرى بۇلار!

— يەنە جۆيلۈگىلى تۇردۇڭ!

— ياق، بۇندىن كېيىن مەن سېنىڭ بىلەن سىياسەت، جەمئىيەت توغرىسىدا پاراڭلاشمايمەن. ئىلىم - بىلىم، كۈندىلىك تۇرمۇش توغرىسىدىلا سۆزلىشىمەن. بولمىسا بىزنىڭ دوستلۇقىمىز بۇزۇلىدىغان ئوخشايدۇ. مەن ئايالىم بىلەن دۈشمەنلەشتىم. ئەمدى سېنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىشنى خالىمايمەن!

تولارنىڭ يېنىدىن پىكاپ غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى.

— رەقىب! — دېدى ھاشىر تولارغا بېشىنى پىكاپتىن چىقىرىپ كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويغان ئادەمنى ئۇتۇپ. — مانا ئۇ ھەقىقىي رەقىب. ئۇ بىزنىڭ ھالىمىزدىن ھوزۇر قىلىپ كۈلمەكتە. ئەنە قارا!

ئۇلار پىكاپنىڭ گۈزەلئايغا يېتىشىپ توختىغىنىنى، رەقىبىنىڭ ئايالنى جەينىكىدىن تۇتۇپ پىكاپقا چىقارغىنىنى كۆرۈشتى.

— چىدا ئاداش! — دېدى ھاشىر چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ. — چوڭغا چىدىغان ئوغۇل بالا كىچىككە چىدايدۇ. يوقىتىسەن، ئېرىشىسەن. يەنە يوقىتىسەن، يەنە ئېرىشىسەن! بۇ بىر قانۇنىيەت!

— ئاخىرى يوقىتىسەن! — دېدى ئەلا ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ. — غالىبىيەت بىلەن ھالاكەتنىڭ قايسىسى ئۈستۈن؟ مېنىڭچە ھالاكەت!

— ئۈمىدسىزلىك. — دېدى ھاشىر. — ئەلۋەتتە يەر شارى، ئىنسان ھالاك بولىدۇ. يوقىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتساڭ توغرا، بىراق ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدىچۇ؟

— ئوخشاش. ئۆلۈم ھامان ھاياتنى يېڭىدۇ!

— ھا. ھا. ھا!...

تولارنىڭ ھارۋىسى ناھىيىگە يېقىنلاشقاندا يەنە بىر پىكاپ تولارنىڭ يېنىدا توختىدى. بىر ھەربىي ماشىنىدىن چۈشۈپ ھاشىر بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ئۇلار چەتكە چىقىپ بىر ئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن ھاشىر قايتىپ كېلىپ ئەلانىڭ قولىنى قىسىپ تۇتتى:

— سېنىڭكىگە بارالمايدىغان بولدۇم ئاداش. بۇلار مېنى بىر كۈن ئىزدەپتۇ. مېنى ناھىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق شتابىغا مۇئاۋىن قوماندان قىلىپ بېكىتىپتۇ. ئەمىسە مەن بۈگۈندىن باشلاپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتىم. خەير، دوستۇم.

— خەير! — دېدى ئەلا. — ئامەتلىك ئىكەنمەن. بۈگۈن يول ئۈستىدىكى ئىككى دوستۇم پىكاپلىق بولۇپ قالدى!

ماشىنا يۈرۈپ كەتتى. ئەلا غىچىرلاپ ئۆزۈلىدىغان ھارۋىسىغا چىقىپ، قامچىسىنى ھاۋادا قارسىلاتتى:

— چۇ. ئايرىلماس دوستلىرىم!

ئاتلار ئىرەجەپ - پۇشقۇرۇپ ھارۋىنى سۆرەپ بارماقتا. ئەلا ئۆزىنى بېسىۋالدى. خۇشال ئۇنتۇشقا قانچە - زورۇققان بولسىمۇ

بۈرىكىنى بىسىپ تۇرغان ئەلەم تېشىدىن قۇتۇلالمىدى. ئەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەمدى ئۇچرىسا بوينۇمغا ئېسىلىدۇ. دەپ ئىشەنچ قىلغان ئابالى بۈگۈن ئۇنىڭ كۆڭلىدىن يىرىدىن چىقمىدى. قىرىشقاندەك دۈشمىنىنىڭ ئىنچ پۇشقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەك بولۇشقا رازى بولدى. دوستىچۇ؟ تېخىلا بۇرۇنقىدەك، ۋەزىپە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەلادىن ئۈستۈن، مەيلى نېمىلا ۋەزىپە بولسا ئۇ ئۆزىنى، دوستلىرىنى ئۇنتۇيدۇ. ئەمدى ئويلىغىدەك، خىيالدا مۇڭداشقىدەك كىم قالدى؟ ھېچكىم ئۇنىڭغا قىيا تەبەسسۇم بىلەن بولسىمۇ قارىمايدۇ. ئۇ ئىنسانلار بىزار بولغىدەك قانچىلىك گۇناھ قىلىۋىدىكىن؟ جەمئىيەت يامانلىقتىن بىزار بولىدىغان بولسا رەقىبدەكلەرنىڭ كالاچارىشىغا ئورۇن قالمىسا بولمايتتىمۇ؟ قىلغۇلۇقنى قىلىپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارغا زىيان سېلىپ، يامانلىق ئويلاپلا يۈرىدۇ ـ يۇ، يەنە ئەتىۋارلىنىدۇ. ئەلاچۇ؟ ياخشىلىق تۈھپە، ئەمگەك كويىدا ئىزدەنمەكتە. لېكىن شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خار. تۇرمۇشنىڭ بۇ ئادالەتسىز فورمۇلىسىنى كىم ۋە قانداق شەكىللەندۈرگەن ـ ھە! بۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ يولى نەدە ...؟

ھارۋىلارنىڭ چاقلىرى كاناڭلارغا ئالا قويماي چۈشۈپ چىقىپ قويۇق توپا توزۇتۇپ قاراماي يانفۇزۇلغان يولنى بويلاپ كېتىپ بارماقتا. بۇ ھارۋا بىلەن تەڭ چايقىلىپ، ھاياتنىڭ چوڭقۇر دېڭىزىغا خىيالەن شۇڭغۇپ. چوڭقۇرلۇقتىن سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدەپ كېتىپ بارغان ھارۋىكەش يىگىت توپىغا كۆمۈلۈۋاتقان گېپالاردەك كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن نېرى. چوڭ يولدىن ماشىنا، ھارۋا، ۋېلسىپىت بىلەن كېتىۋاتقان سانسىز سەپەرداشلىرىدىن بىرسىمۇ بۇ توزان ئىچىدىكى ھارۋىغا نەزەر سالغىنى يوق، ھارۋىكەشنىڭ ھېچكىم ئويلىمىغان فورمۇللار ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقىنى كىمنىڭمۇ يادىغا چۈشسۇن. قانداق قىلسۇن بىچارە، نە قۇۋلۇقنى، نە ئادەم ئالداشنى ئۆگەنمەپتۇ. بۇ خىل ئاقىدىغان ھۈنەرنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ كەمسىتىلمەي قانداق قىلسۇن!

ئۇ قانچە ئويلىسىمۇ ئۆزىگە ئەيىب قويالمىدى. ئاۋادا ئۇمۇ ھاياتقا يەڭگىل يول ئاللىغان بولسا، ئاۋۇ داغدام. كۆپچىلىك مېڭىۋاتقان قاراماي يانفۇزۇلغان يولدا مېڭىۋەرگەن بولسا بەلكىم ئەيىبسىز. پاك ھېسابلىنىپ بۈگۈنكىدەك قاتمۇ قات روھىي يۈك ئاستىدا. ئۆز سوئاللىرىغا ئۆزى جاۋاب تاپالماي قىينىلىپ يۈرمىگەن بولاتتى. ھېچ بولمىسا جەمئىيەتتە رەقىبنىڭ ئورنىغا ئىگە بولالىغان. گۈزەل ئابالى بىلەن ئىناق ئۆتكەنمۇ بولار ئىدى. پۈتۈن پېشكەللىك ئۇنىڭ يولنى خاتا تاللىغانلىقىدا، باشقىلار ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئىشقا مۇھەببەت باغلىغانلىقىدا بولۇۋاتىدۇ. ئۇ نە بىرەر ئېغىز يامان سۆز قىلمىدى، باشقىلاردەك بىرلىرىگە يېنىلىپ، يەنە بىرلىرىنى چېقىپ، يامانلاپ ھاياتقا ئۆزىگە ئۆرلەش ئۈچۈن شوتا ياساشنىڭ كويىدا باش قاتۇرمىدى. ئۇنىڭ قىلغىنى كىتاب ئوقۇش. ماقالە يېزىش. ئىلىم ئەھلى بىلەن سىردىشىشلا بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلق ئالدىدا ئۈستىگە مەجبۇرىيەت ئالغانلىقىدىن بولغان ئەمەسمىدى؟ خەلق ئالدىدا ئۆزىنىڭ قىلالايدىغان ئىشىنى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ۋىجدان ئازابى تارتمايدىغان. ئۆزىنى خەلق ئالدىدا ھېچقانداق جاۋابكار ھېسابلىمايدىغانلار پايدا ئېلىپ، جاۋابكار ھېسابلىغانلار زىيان تارتسا بۇ ئادالەتسىزلىكنىڭ ھېسابى بولماسمۇ؟

ئۇ باش ـ ئاخىرى يوق سوئاللاردىن ئېغىرلاشقان بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆككە قارىدى. كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قاپتۇ. مانا مەھەللىمۇ كۆرۈندى. قويۇق چاڭ توزۇتۇپ پادا كالىسى كەلمەكتە. مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا ئۇ خىياللىرىدىن خۇلاسە چىقاردى: «ياق. ئەمدى تولىمۇ ياۋاشلىق قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. مەن ياشلىق ھاياتىمنى ھارۋا ھەيدەشكە سەرپ قىلالمايمەن. مەن ئۆزەمگە بىر پاناھ جاي تاپىمەن ـ دە. يوشۇرۇپ قويغان كىتابلىرىمنى قولغا ئالىمەن. جاھان تىنجىغاندا يېشەلمىگەن سوئاللىرىمغا جاۋاب ئىزلەيمەن! ...»

ئۇ گۇگۇمدا ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاشخانىسى ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، توختىغاندا ئاتلىرىمۇ، ئۆزىمۇ ھارغىنلىق، ئاچلىقتىن ھالسىزلانغانىدى. بۇرۇنقى ھارۋىكەش ھازىرقى مەكتەپ خوجايىنى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ ئۆيىدىن چىقتى ـ دە. ئېرىق سۈيىدە يۇيۇنۇۋاتقان ئەلاغا ئالىيىپ قارىدى:

— نېمىشقا ئۈنۈگۈن كەلمىدىڭ؟

ئەلا كىر لۆڭگىسى بىلەن يالىڭاچ كۆكرىكىنى سۈرتۈۋېتىپ باشلىقىغا سوغ نەزەر بىلەن قارىدى. مايكىچان. يوغان باش، يوغان ئېغىز، بىرلىك ساقال ـ بۇرنى دائىملا ئېلىنماي يۈرۈيدىغان. ئوتتۇزغا ئەمدىلا كىرگىنىگە قارىماي قورساق سېلىشقا باشلىغان مۇدىر ھازىرلا ئېتىلىدىغاندەك ھۆرپىيىپ تۇراتتى.

— تاڭگازا چىشلىۋالدىڭمۇ؟ — ئۇ قۇرۇق ياغاچ سۇنغاندەك ئاۋاز چىقىرىپ ۋارقىرىدى.

— جانىنى ئالساڭمۇ سىلىق گەپ قىل! — دېدى ئەلا تاقەت قىلالماي.

— سىلىق گەپ؟ دۈشمەنگىمۇ؟

— دۈشمەن بولسا يوقاتماسمەن. قانداق ئاق نانچى جۆرپىسەن؟

— نېمە؟ ئاق نانچى؟ ئانا ـ ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن قارا يېپ. گېپزەندە! — مۇدىر بىردىنلا كۆمۈردەك قارىيىپ ھارۋا قامچىسىنى قولىغا ئالدى، — يەنە بىر دېگىنە؟

ئەلا بۇ خورلۇقنى كۆتۈرەلمىدى:

— ئاق ئانىچى! ئەييارتاپ! — دېدى ئۇ ۋارقىراپ. — ئاق ئانىچى بولمساڭ ھارۋاڭنى تۈزەڭ ھەيدىمەمسەن؟

مۇدىر قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلاتتى. تورۇق ئاتلارنى چېچاڭشتقان قامچا ئىلاندەك تولغىنىپ كېلىپ ئەلانىڭ بېشىدىن يۈگىلىپ يالىڭاچ بەدىنىگە تەگدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقتى. قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ بېشى ئايلاندى. ئۇ دەلدۈگۈنۈپ قامچىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئىنتىلگاندا ئىككىنچى قامچا تەگدى. مۇدىر ئىشتا ساۋاتسىز بولغىنى بىلەن قامچا ئوروشتا مەلۇماتلىق ئىكەن، ئەلا ئالدىغا ماڭسا كەينىگە چېكىنىپ تۇرۇپ. ئەلا چېكىنە ئىنتىلىپ تۇرۇپ خۇددى شاش ئاتنى كۆندۈرمەكچى بولغاندەك ئەپچىل قامچا ئۇراتتى. ئەلانىڭ يالىڭاچ بەدىنى تىما- تىما بولۇپ كەتتى، بېشىنى پاناھ قىلىۋالغان بىلەكلىرى قارا، قىزىل پولتايغان، قان ئەپچىرىگەن ئىزلار بىلەن تولدى. ئۇ ھامان قامچىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلاتتى، ئۇ نە نالە قىلمايتتى. نە يىغلىمايتتى، ئۇنىڭ غەيرەت ۋە جاھىللىقى مۇدىرنىڭ جەھلىنى قاتۇردى- دە، ئۇ قامچىدىن رازى بولمىغان چېغى. قولىغا تۆمۈر گۈرجەكنى ئالدى ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەلانىڭ يېرىلغان بېشىنى چەللەپ ئۇرۇش ئۈچۈن چاتا كېرىپ. غۇلاچ يايغاندا، ئەلانىڭ ئالدىدا قايىقتىن بوران يېغىپ ئۇرغان زۇلىيا پەيدا بولدى. مۇدىرنىڭ قولىدىن گۈرجەك چۈشۈپ كەتتى. بەدەنلىرى تىلىم- تىلىم بولۇپ كەتكەن ئەلا مۇدىرغا ئىنتىلدى. زۇلىيا ئۇنى تۇتۇۋالدى:

— كىمنى خورلاۋاتىسەن ئىت! — دېدى زۇلىيا غالىلداپ تىترەپ تۇرۇپ، — سەندەك مىڭنى ساتسا بۇ ئادەمنىڭ بىر تال تىرنىقى تىرىلمەيدۇ، ۋۇي قارانىيەت لالما!

زۇلىيا مۇدىرنىڭ كۆكرىكىگە بىر مۇش ئۇردى. مۇدىر ئوڭدىسىغا ئۈچۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ زۇلىياغا نە تىل، نە قول قايتۇرالمىدى. چۈنكى زۇلىيا ھازىر پۈتۈن ناھىيىدە ئىناۋىتى بار بىر دادۇينىڭ پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى ئىدى. مۇدىر ئۈزۈن يىل ئۇنىڭ قول ئاستىدا ھارۋا ھەيدىگەن. ئۇنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن تېخى بىر يىل بۇرۇن مەكتەپنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەيدىغان ئىشچى بولۇۋالغانىدى.

ئەلا زۇلىيانىڭ ئۆيىگە كېلىپ يۇمشاق كۆرپىدە پۈتۈن بەدىنى تېڭىلغان ھالدا ياتقاندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ قانچىلىك روھىي، جىسمانىي خورلۇق تارتقىنىنى بىلدى. ئۇ قىزى دىلئارانى ئېلىپ كىچىك ئانىسى كىرىپ كەلگەندە ئۆزىنى تۇختىتالماي بوقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

ئۇنتۇلمايدىغان خورلۇق بولمايدىكەن. بولۇپمۇ غايىلىك ئادەملەر. بۈيۈك مەقسەت يولىدا كېتىپ بارغان ئۈمىدلىك ئادەم پۇتىغا كىرگەن تىكەن بىلەن كۆزىگە كىرگەن چاڭ-توزانىڭ ئازابلىرىغا پىسەنت قىلمايدىكەن.

ئەلا شۇ تاياقتىن كېيىن يېنىكلەپ كىتاب ۋە خىياللىرى بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ھارۋىدىن قۇتۇلدى. شەھەرنى تاشلاپ ئەلانىڭ يېنىغا كۆچۈپ چىققان قەدىردان كىچىك ئانىسى بىلەن بۇ يىل ئوتتۇز ياشقا كىرگەن ئوماق قىزى ئۇنىڭ ھال- مۇڭىغا ئورتاق. دادۇي پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى زۇلىيا ئاكا بار- يوقىغا ئىگە بولدى- دە، ئۇ خۇددى باشقىلارنى ئۇنتۇغان. باشقىلارمۇ ئۇنى ئۇنتۇغاندەك سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ. كىتاب ئوقۇش، ماقالە يېزىش بىلەن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋەردى.

3

رەقىب «ئىنقىلاب» نىڭ ئالدىدىلا يۆتكىلىپ كېلىپ بۇ ناھىيىدە ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ ھېچ بولمىغاندا ناھىيىنىڭ ھاكىمى ياكى مۇئاۋىن سېكرېتارى بولارمەن دەپ ئويلىغان. ئۇنىڭغا ھازىرقى ئورنى تولىمۇ ئۆۋەنلىك قىلاتتى. ئۇ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ناھىيىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى بىلەن يىقىلىشتى. ھەر كۈنى بوش ۋاقىت بولسىلا باش سېكرېتارنىڭ يېنىدا بولدى. سېكرېتارمۇ خەنزۇچە بىلىدىغان. تىلى يۇمشاق، كۆرەش روھىي ئۈستۈن بۇ يىگىت بۇجاڭنى چىن كۆڭلىدىن ياقتۇرۇپ قالدى. دائىم زەنجىر ئۆزەلىك قىلىدىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىل بىلمەيدىغان مۇئاۋىن سېكرېتار ھاشىر بولسا باش سېكرېتارنىڭ دىتىغا ياقمىدى، باش سېكرېتار بىلەن بىر نەچچە قېتىم مۇھىم مەسىلىلەردە گەپ تالاشتى. بولۇپمۇ ئۆۋەنگە دائىم قاتراپ يۈرۈپ ناھىيىلىك پارتكوم ھەل قىلىپ بولغان بەزى كونا ماجىرالار بىلەن «ئوتتى ئىنقىلاش» تا زەربە يېگەن كادىرلارنىڭ مەسىلىلىرىنى قاراپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باش سېكرېتارنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. باش سېكرېتار ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارايدىغان بولۇپ يۈرگەن چاغلاردا مۇتۇ رەقىب كېلىپ قالدى- دە، ئۆزىگە ھاشىردىن كېلىدىغان تەھدىتتە ياخشى «مۇداپىئەچى» بولۇپ بەردى. «ئىنقىلاب» باشلانغاندا باش سېكرېتار ئۇرۇمچىگە بېرىۋېلىپ ھاشىر بىلەن رەقىبنى ئالدىغا چىقىرىپ قويدى. ناھىيىدە بولىدىغان تارتىپ چىقىرىش، سازايە قىلىش. قالپاق كىيدۈرۈش. پەن قىلىشلار ئۇلارنىڭ قولى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. ئەكسىيەتچى لۇشيەن پەن قىلىنغاندىلا باش سېكرېتار ناھىيىگە قايتىپ كەلدى- دە. ھەممە جاۋابكارلىقنى ھاشىرغا ئىتتىرىپ ئۆزىنى ساقلاپ قالدى. ھاشىر مەكتەپ، ئىدارىلەردە ئۆزىنى تەكشۈردى. چوڭ يىغىنلاردا پەن قىلىندى.

ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىدى. رەقىب باش سېكرېتارنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئۈتكەلدىن ئاسانلا ئۆتتۈۋالدى ـ دە. باش سېكرېتار بىلەن بىللە ھەرىبىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ئاھېيىدە ۋاقىتلىق ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرىدىغان ئورگان قۇرۇلغاندا باش سېكرېتار بىلەن رەقىب بۇ ئىشقا مەسئۇل بولۇشتى. كېيىن جوڭ بىرلىشىپ، ھوقۇق تارتىۋېلىش يولغا قويۇلغاندا تولار ئىنقىلابىي كادىر سۈپىتىدە يېڭى رەھبەرلىك ئورنىغا كىردى. يېقىندىن بېرى ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈزتۈرىدىغان ئادەم قالمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ چاتىقى جىق ئىشقا ھاشىرنى مەسئۇل قىلىشنى باش سېكرېتار قورالىق يۈلۈمگە تەكلىپ قىلىپ قويىدى. رەقىبى بولسا يېڭىدىن قۇرۇلغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» غا مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ بېكىتتى. ئۇ ئەمەلىيەتتە پۈتۈن ئاھېينىڭ ئەڭ چوڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇستىدە ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا ئىقتىساد، قورالىق خەلق ئەسكەرلىرى، تەشۋىقات ئاپپاراتلىرى باريدى.

ئۇ گۈزەلئاينى يوغان دېۋانلار قويۇلغان، گىلەملەر سېلىنغان كەڭرى يۈلۈمگە باشلاپ كىردى.

گۈزەلئاي قىسقا تار يوپكىسى بىلەن تىزلىرىنى يېپىپ دىۋاندا قورۇنۇپ ئولتۇردى. رەقىب ئۇنىڭ يېنىدىكى دىۋاندا لاسىيىپ ئولتۇرۇپ ياش ئايالغا ئاچكۆزلۈك بىلەن سىنچىلاپ قارىدى. ھەتتا ئۇنىڭ قىيغاچ كۆزلىرى يوپكىدىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس چىقىپ تۇرغان روباشكىسىنىڭ كۆچۈك چىشلىرىنىمۇ ئالا قويمىدى. ئۇ بىر ئۇھ تارتتى ـ دە، گۈزەلئاينىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ:

— بۇرۇنقىدەكلا تۇرۇپسىز. بىلمىدىم، ئۆزىڭىزنى قانداق كۆتۈسىزكىنتاڭ! — دېدى.

رەقىبنىڭ ھاياسىز كۆزلىرى، قىلچىمۇ ھۆرمەت يۇرىقى بولمىغان تەكەببۇرانە سۆزلىرى گۈزەلئايغا ھار كەلدى. ئۇ ئاۋۋال قىزاردى، كېيىن تاتاردى. لېكىن ھاجەتمەن. يىلىنغۇچى بولغىنى ئۈچۈن تۇۋەن لىۋىنى چىشلەپ يەرگە قارىدى. گۈزەلئايدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سىنچى كۆزلىرى بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇرغان رەقىب مەنىلىك قىلىپ بىر ئۇھ تارتتى ـ دە:

— قىنى گەپ قىلىڭ. ھەر قانداق قىينچىلىقىڭىز بولسا ئېلىشماس قىلىۋېرىڭ، — دېدى.

— مەن لەنجۇدىن قايتىپ كەلسەم، — دېدى گۈزەلئاي تويلىيىسىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرۇپ، تىترەڭگۈ، زەئىپ ئاۋاز بىلەن. — ئاتا ـ ئانام ماڭا قارىماي جەت ئەلگە كېتىپ قاپتۇ. ماڭا خەت قالدۇرغانىكەن، خەتكە «بانكىغا ئازراق پۇل قالدۇردۇق.

قورا ـ جاي سېتىلمىدى. يۇلارنىمۇ ئىدارىغا بارساڭ بىلىسەن. لەي جورىن ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ» دەپ يېزىپتۇ. بارسام ئۆچ مىڭ سوم پۇلنىڭ چېكىنى بەردى. قورا ـ جاينى بەسلى، ئائىلىلىكلەر ئۆيى قىلىۋالغانىكەن. سېتىپ بەرگىن دېگىلى تۇردى!

— قارا ماۋۇ مۇتتەھەملىكنى! — رەقىب دىققەت قىلغان بولۇپ ئايالغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى.

— مەن ساتمايمەن دېدىم، — دېدى گۈزەلئاي ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك مەيۈسلىنىپ. — بىر ئېغىز ئۆينى بولسىمۇ بوشىتىپ بېرىڭلار. قالغان ئۆيلەرنىڭ ئىجارىسىنى بېرىڭلار دېدىم. ئۇلار مۇزاكىرە قىلايلى دەپ كەينىگە سۈردى. مەن ئايدۇڭدىن ۋاقىتلىق بىر ئېغىز ئۆي تېپىپ بالام بىلەن ئورۇنلىشىپ ئىش ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتىم. ھېچ يەردىن تۈزۈك ئىش تاپالمىدىم. ئاخىر ئامالسىز ئۆينى ساتماقچى بولۇپ ئىدارىگە بارسام يەنە بىر مۇئاۋىن جورىن ئۆيۈڭلار ئۆزگەرتىلدى دېدى. مېنىڭ بارمىغان يېرىم قالمىدى. ئاڭغىچە «ئىنقىلاب» بولۇپ كەتتى. ئۆيىمىزنى بىكارغىلا ئېلىۋالدى. ھازىر بىزنىڭ ئۆينى ھېلىقىلار ئەللىك بەش مىڭ يۈەنگە باشقا ئىدارىگە سېتىپتۇ. بۇ داۋانى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق. ئاڭلىسام سىزنى كەپتۇ دېدى. ياردەم قىلارمىكىن دەپ يېنىڭىزغا چىقتىم.

گۈزەلئاينىڭ سۆزۈك مەڭزىگە ئۈنچىدەك ئىككى تال ياش تامچىلىدى. رەقىب ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆياقتىن بۇياققا ماڭدى. ئاخىر ئايالنىڭ ئالدىدا توختاپ ھاياجان ۋە غەزەپ بىلەن سۆزلىدى:

— بۇ بىر بۇلاڭچىلىق. ئۆزگەرتىلگەن بولسا نېمىشقا ساتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدارىلەرنىڭ ئۆزگەرتىۋېلىش ھوقۇقى يوقتۇ. بىر يىل بۇرۇن كەلگەن بولسىڭىز بۇنى ھەل قىلىش ناھايىتى ئاسانىدى. ھېلىھەم بولسىمۇ مەن بۇ ئىشقا ماڭاي. پۇل لازىم بولسا مەن بېرەي. ئۆينى ساتقاندا قايتۇرۇپ بېرىڭ. مەن ئەتىگەنلىككە سىزگە بەش يۈز يۈەن بېرەي. بۈگۈن كەچ كىرىپ قالدى. بانكىدىن ئالغىلى بولماس.

— بالام كوچىدىلا قالدى. پىيادە بولسىمۇ كىرىپ كەتمىسەم بولمايدۇ. — گۈزەلئاي ئورنىدىن تۇردى. رەقىب ئۇنىڭ قوللىرىدىن تۇتتى.

— ياق. ياق ئانداق بولسا بىر سائەت كۈتۈڭ. مەن پۇلنىڭ ئورنىنى قىلاي. سىزنى ماشىنا بىلەن ئەكىرىپ قويسۇن.

گۈزەلئاي يەنە ئولتۇردى. رەقىب چىقىپ كەتتى. يەرگە گۇگۇم چۈشتى. گۈزەلئاي بىردەم سائەتكە، بىردەم ئالاغا قاراپ جىددىيلەشكىلى تۇردى.

ئىشىك ئېچىلدى، ئۆيگە بىرسى كىرىپ كەلدى.

گۈزەلئاي چۈچۈپ كەينىگە داجىدى. كىرگۈچى ئىككى ئان. بىر پىيالە ۋە چايدانىدا چاي ئېلىپ كىرگەن ئىكەن. ئۇ ئەكىرگەنلىرىنى ئۈستەلگە قويۇپ قولى بىلەن يېيىشكە شەرت قىلدى. دېمەك ئۇ گاچا ئىكەن. گاچا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گۈزەلئاي ئالدىراشلىقتا چاي ئىچتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يولغا ئەلمۇرۇپ ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىدا ئولتۇرغان ئوغلى ئەلى كەلدى. ئالاغا قاراڭغۇ چۈشكەن. ئانا بالىسىنى ئويلاپ يەۋاتقان نېنىنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ ئالاغا ماڭدى. ئۇ زالغا چىقىپلا رەقىب بىلەن دوقۇرۇشتى.

— نەگە؟

— پىيادە بولسىڭىز كەتسەم بولمايدۇ!

— ھازىرلا ماشىنا كېلىدۇ، — دېدى رەقىب ئىيمىگەندۇر مەڭدەپ، ئالدىراپ. — سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئىكەن. مەن شوپۇرغا ئادەم ئەۋەتتىم.

ئۇلار يەنە بىر سائەت ئولتۇرۇشتى. ماشىنا كەلمىدى. رەقىب دىۋانغا بىر ھەربىي جۇۋىنى تاشلىدى-دە:

— سىز خاتىرجەم دەم ئېلىپ تۇرۇڭ. ماشىنىغا ئۆزەم بېرىپ كېلەي! — دەپ چىقىپ كەتتى. گۈزەلئاي جۇۋىنى بېشىغا قويۇپ ئىڭغايدى-دە، بالىسىنى ئويلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى. بىر ئېغىر گەۋدە ئۇنى دىۋانغا مەھكەم بېسىۋالغانىدى. ئۇ ۋارقىرىماقچى بولۇۋىدى، بىر قول ئاغزى بۇرنىنى قورۇپ ئۈزتى. ئۇ تىپىرلىۋىدى، بىر ئېغىر نەرسە بېشىغا تەگدى . . .

ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ئۇنىڭ بەدىنى ئېغىرلاشقان، كىيىملىرى سېلىنغان ئىدى. ئۇ دۈم يېتىپ ھۆكۈرەپ يىغلىدى. ئۇنىڭ يېنىدا قوراللىق ئادەملەر پەيدا بولدى. سىرتتا بىرسىنى ئۇرماقتا. بىرلىرى ۋارقىراشماقتا ئىدى. گۈزەلئاي ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي ۋارقىرىماقتا. چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۆزىنى كاچاتلىماقتا ئىدى. ئۇ رەقىبنىڭ بوغۇلۇپ سۆزلىگەن مۇڭلۇق ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

— ئىبلاس گاچا، مېنىڭ سىڭلىمغا باسقۇنچىلىق قىپتۇ. تۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ، سولاپ تاشلىدۇق.

گۈزەلئاينى قوراللىق ئادەملەر كېچىلەپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى ۋە ئالدىغا پۇل قويدى. ئۆي ئىگىسىگە ياخشى قاراشنى تاپىلاپمۇ قويدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن گۈزەلئاي ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ شۇنچىلىك ئىچىنىشلىق يىغلىدىكى پۇل ئۈچۈن ماڭغان پۇتىنى چاناۋەتكىدەك. ھال ئېيتقان تىلىنى كېسىۋەتكىدەك بولدى. ئۇ تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى كەچكىچە يەنە يىغلىدى. شۇ مىنۇتلاردا ئۇ ئەلانىڭ نامىنى يۈزلەپ ئەكرارلىدى. ئەلاغا باغلانغان ئۈمىد رىشتىسىنىڭ بۈگۈن بىر قارا قولنىڭ ياۋۇزلۇقى بىلەن ئۈزۈلگەنلىكىنى ئۇ ئەمدى چۈشەندى. ئۇ ئەسلى چەت ئەلگە كېتەلەيتتى. ئاتىسى ئۇنىڭغا پاسپورت ئاجرىتىپ قالدۇرغانىدى. لېكىن گۈزەلئاي ئەلانى تاشلاپ كېتىشنى خالىمىغان. ئۇ ھامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئېرى بىلەن بىللە بولۇشنى، مۇڭلۇق كۆزى مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئوغلىنى دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ قىلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. بۈگۈن ئۆزىنىڭ ئىپپىتى- نومۇسى بىلەن بىللە ئارزۇ- ئارمانلىرىنىڭمۇ نابۇت بولغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭغا ئەمدى ياشاشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى.

كەچقۇرۇن ئۇ ئۆزى چىرايلىق كىيىندى. ئوغلىنىمۇ چىرايلىق كىيىندۈرۈپ ئايدىڭ كوچىسىنى بويلاپ دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى.

— نەگە بارىمىز ئاپا؟ — بالا مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئانىسىغا ئەلمۇرۇپ سورىدى.

— بوۋاڭ بىلەن موماڭنىڭ قېشىغا بالام!

ئانىسىنىڭ كۆزىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈرلاپ ئۈنچە ياشلار تۆكۈلدى.

— نېمىشقا يىغلايسەن ئاپا!

— داداڭغا يىغلايمەن بالام. خۇشاللانمىدۇق ئەمەسمۇ؟

— خۇشلىنىپ ماڭساق بولمامدۇ ئەمەسە؟ — ھوشيار ئوغۇلمۇ كۆزىگە ياش ئالدى.

— داداڭ يىراقتا بالام.

— يىراق بولسىمۇ مېڭىپ بېرىۋېرەتتىم. جۇر ئاپا، خۇشلىنايلى!

ئانا ئوغلىنى بىردەم باغرىغا باساتتى. بىردەم ئالدايتتى. بىردەم بولسا كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. بالا خۇددى قۇشخانىغا سۆرەلگەن پاخلاندەك مېڭىشقا كاجلىق قىلاتتى. ھېلىدىن ھېلىغا كەينىگە قايرىلىپ قارايتتى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق سۆرىشىپ- تارتىشىپ چوڭ يولدىن چىغىر يولغا قايرىلدى. چىغىر يول بىلەن بىر ئاز مېڭىپ تاشلىق، قۇملۇق يەرلەردە قىينىلىپ مېڭىشتى. كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان، دەريا بېشىدا كۈننىڭ قىياش نۇرى يالتىرىدى. گۈزەلئاي بالىسىنى باغرىغا بېسىپ دەرياغا قاراپ ئۈن سېلىپ يىغلىدى. ئۇ ئاۋۋال شەرققە قارىدى. يىراقتا ئەگرىتاغنىڭ سارتاغ تىزمىلىرى ئاخىرقى نۇرلار بىلەن كۈمۈشتەك باشلىرىنى يالتىرىتىپ غىل- پال كۆرۈندى.

— داداڭ ئاشۇ ياقتا بالام! — دېدى ئاپال بالىسىنىڭ يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ. — داداڭ ئەلا مۇشۇ تۇرقىدا نېمە

قىلىۋاتىدىكەن؟

— بېرىپ خوشلىشىپ كېلەيلى ئاپا! — بالا شەرققە قولىنى سوزدى.

— ياق بالام، بىز ھەردەمدىلا بوۋاڭلارنىڭكىگە بارىمىز.

گۈزەلناي دەرياغا بالىسىنى كۆتۈرگىنىچە ماڭدى ...

دەريا دەھشەتلىك شارقىراپتتى. مۇزدەك لاي سۇ قىرغاقتا تۈرۈلۈپ دەھشەتلىك داۋالغىۋاتاتتى. ئانا ـ بالىنى پاتراق يېتىۋېلىش ئۈچۈن قۇچاقلاپ ئاچاتتى. مانا، سۇ بالىنىڭ پۇتلىرىغا تەگدى. بالا ئەندىكىپ چىرقىراپ ئانىسىغا چىڭ ياماشتى.

— جېنىم ئاپا، جېنىم ئاپا، بوۋاملارنىڭكىگە بارمايلى!

بالا قاتتىق بىر سىلكىنىۋىدى ئانا غىلتاڭ تاشتا تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ سۇغا يىقىلدى. بالا قىرغاقتا قاراپ قاچتى. ئانا ئۇنى سۇغا سۆرىدى. ئۇلار قىيا ـ چىيا قىلىشىپ



ھايات ـ مامات ئۈچۈن تىركىشىۋاتقان شۇ مىنۇتتا قىرغاقتا خېچىر مىنگەن بىر ئادەم پەيدا بولدى.

— قويۇڭ قىزىم، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭ! — دېدى خېچىر مىنگەن ئادەم خېچىردىن سەكرەپ چۈشۈپ.

گۈزەلناي دەرياغا يۈگۈردى. سۇ كۆكرىكىگە كېلىدىغان يەرگە كېلىپ ماغدۇرسىزلىنىپ يەنە يىقىلدى. ئاندىن كېيىن نېمە بولغىنىنى سەزمىدى ...

— كۆزىڭىزنى ئېچىڭ قىزىم، ھە، مانا ياخشى بولۇپ قالدىڭىز، ھېچنېمە بولمىدىڭىز، قورقۇپ كەتتىڭىز. مەن سىزنى تونۇدۇم، ئۇنىڭ بالامدىن تۇغۇلغان. ھەممىنى تونۇۋالدىم. ئەلانىڭ ئوغلىكەن، مەن كىم، بىلەمسىز؟

گۈزەلناي جاۋاب بەرمىدى.

— مەن ساۋۇتوۋ، — دېدى ئەركىشى، — سىزگە ئەلا مەن توغرۇلۇق تۇرغۇن گەپلەرنى قىلىپ بەرگەن بولغىيدى؟

گۈزەلناي بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ ئەمدى ئولتۇرۇپ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرمەكتە ئىدى. يەرگە قاراڭغۇ چۈشتى، دەريانىڭ شاۋقۇنى تېخىمۇ كۈچەيدى. بالا تىترىمەكتە، گۈزەلنايمۇ ئەمدى تولۇق ھوشىغا كېلىپ قىلغان ئىشىدىن ئۇيالماقتا ئىدى.

— جورۇڭ قىزىم، خېچىرغا مىندۈرۈپ ئاپىرىپ قوياي، قورقۇنماڭ مەن سىزنىڭ ئۆز ئاتىڭىز. ھەي نادان قىز، كىچىككىنە كېچىككەن بولسام ئۆتكەنىڭلاركەن. بۇ تولىمۇ ئەخمەقلىق. تۈنۈگۈنلا بىر دوستۇم ئەشۇ تاش دۆۋىلەنگەن دوخمۇشتىن دەرياغا سەكرەپ ئۆلۈۋالدى. ناھەق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. قىلغان گۇناسىنىڭ تايىنى يوق، زادىلا ئوچۇغدالمىغان ئاقكۆڭۈل بىر رەھبەر ئىدى. تۆھمەتنىڭ قۇربانى بولدى. ئەمدى بىزنىڭ كىمدىن ئىنتىقام ئالمىغىمىزمۇ بىر گەپ. مەن شۇ دوستۇمنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن دەريا بويىغا تاش دۆۋىلىدىم. قارىسام سىلەر ئۆزمۇسە ھەرىكەت قىلىپ يۈرۈيسىلەر، قېنى خېچىرغا مىنىڭ.

ساۋۇتوۋ گۈزەلناينى خېچىرغا ئاۋايلاپ مىندۈردى. كىچىك ئەلىنى چاپىنىغا يۆگەپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىۋىدى، بالا ئۇخلاپ قالدى. ساۋۇتوۋ خېچىرنى يېتىلەپ كېتىۋېتىپ سورىدى:

— ئېيتىڭا قىزىم، قانداق بىر دىشۋارچىلىققا يولۇقتىڭىز؟

— سورىماڭ! — ئايال پەس ئاۋازدا يىغا ئارىلاش پىچىرلىدى. — مەن ھامانەم ئۆلۈۋالىمەن.

— بىرسى بوزەك قىلدىمۇ؟ ئاياغ ـ ئاستى قىلدىمۇ؟

گۈزەلناي بۇقۇلداپ يىغلىدى.

— چۈشەندىم، — دېدى ساۋۇتوۋ خاپىلىقتىن گاراڭ ـ گۇرۇڭلاشقان ئاۋازدا، — سىزدەك چىرايلىق، تول ئايالغا يامانلىق ئويلايدىغانلار كۆپ بولىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، بىز ئىنتىقام ئالىمىز. ئۇنى جازالاپ ئۆچىڭىزنى ئېلىپ بېرىمىز. ناۋادا ئۆلۈپ كەتكەن بولسىڭىز سىز ئەلانىمۇ ئۆلتۈرگەن بولاتتىڭىز. ئۇنىڭ يۈرىكىگە ساقايماس جاراھەت چۈشۈرەتتىڭىز. ئۇ بىزنىڭ

ئۈمىدىمىز، غۇرۇرىمىز. بىز ئۇنى زەربىدىن ئاسرىشىمىز لازىم. ئۇ يىراق سەھرادا يۈرگىنى بىلەن ئۇنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، قايغۇسىنى قىلىپ يۈرگەنلەر ناھايىتى كۆپ. قىزىم سىز گەرچە ئۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە ئاي ئۆي تۇتقان بولسىڭىزمۇ ئۇنى تېخى مەنچىلىك چۈشەنمەيسىز. ئۇ ئۆز ھاياتىنى مەنىسىز ئىشقا ئەمەس، مىللىتىمىزنىڭ شان-شۆھرىتىنى كۆتۈرۈشكە بېغىشلىغان ئادەم. ئۇنداق ئادەملەردىن بىزدە نەچچىسى بار؟ ناھايىتى ئاز، تولىمۇ ئاز. بىز ھېچقانچە ئىش قىلالمىدۇق. ئۈمىدىمىز ئەلاغا ئوخشاش جىگەرلىك ياشلاردا. ئومۇمەن مەن بىلىدىغان ياشلار ئىچىدە مەيلى بىلىم، ئەخلاق پەزىلەتتە، غەيرەت-شىجائەت، يىراقنى كۆرەرلىكتە بولسۇن ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشەلمەيدۇ! سىز ھېچ بولمىسا شۇنى ئابشىڭىز لازىم ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى پارە-پارە قىلىشنىڭ قانچىلىك چوڭ زىيان ئىكەنلىكىنى ئويلىشىڭىز لازىم ئىدى.

گۈزەلئاينىڭ بېشى چۈشتى. ئۇ شۇ تاپتا ھەممىگە پۇشايمان قىلماقتا. ئەلادىن ئاجراشقىنىغا، رەقىبنى ئىزدەپ چىققىنىغا، بالىسىنى ئېلىپ دەريا بويىغا ئۆلمەكچى بولۇپ كەلگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلماقتا ئىدى.

شەھەر يېقىنلاشتى. ساۋۇتوۋ دەرەخلەر ئارىسىدىن قىزىرىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان چىرايلىق تولۇن ئايغا قارىدى:

— ئەنە، سىز كۈلۈپ كۆتۈرۈلۈۋاتىسىز، — دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ، — سىزنىڭ نۇرىڭىز سۈزۈك ئاسمان. لاي سۇنىڭ ئىچىدە سىزگە نېمە بار قىزىم. سەپىرىڭىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولسا، قىسقىسى سىز ئۈچۈنمۇ كىم بىلەن ھېساب-كىتاب قىلىشنى بىلمىگەن بولاتتۇق. سىز ماڭا بولغان ئىشنى ئىككىلىك خەت بىلەن مەلۇم قىلىپ بېرىڭ، مەن جەزمەن قىساس ئېلىشنىڭ يولىنى قىلىمەن. مەن ياشاپ بولغانمەن. مېنىڭ ئەمدىكى ئىشىم باشقىلارنى ياشنىتىش!

ئۇلار گۈزەلئاينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئادەملەر تېخى ئۇخلىمىغان. ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىلاردا ئولتۇرغانلار ئىچىدىن ئۆي ئىگىسى ئول ئايال ئورنىدىن تۇردى:

— نەگە كەتتىڭىز قىزىم. بايا ئىككى ئادەم بىلەن بىر قىز سىزنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن. سىزگە خەت قالدۇرۇپ كەتتى، — دېدى.

گۈزەلئاي بىلەن ساۋۇتوۋ ئۆيگە كىرىپ مۇنۇ خەتنى ئوقۇدى:

«ئوسمان، قۇرماش، ئەلا ئۈچىمىز كەلسەك يوقكەنسىز. سىزنىڭ ئۆي داۋايىڭىز ئاممىنىڭ كۈچى بىلەن ھەل بولدى. ئەتە بىزگە يولۇقۇڭ!

1967-يىل 17-ئىيۇل».

— مانا بۇلار ئەلانىڭ ھىمايىچىلىرى! — دېدى ساۋۇتوۋ خوشلىشىۋېتىپ. — گۈزەلئاي تېخى بۇندىن كېيىن تولىسىز قىزىم!

گۈزەلئايغا قىلىنغان ھاقارەتنى بىرىنچى بولۇپ رەقىب كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ گاچىنى سولىتىۋېتىپ ھەممىلا جايدا ئۆز غەزىپىنى بايان قىلىپ بۇ ئىشنى سۆزلەپ يۈردى. بۇ ئىشتىن ئەلانىڭ دوستلىرى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ قۇرماش خەۋەر تاپتى. ئۇ ھاشىرنى ئىزلىۋىدى، ھاشىر تېپىلمىدى. ئۇ يازلىق يىغىم خىزمىتى بىلەن ئادەم باشلاپ ئۆۋەنگە چۈشۈپ كەتكەن. ئاشبولاتمۇ ئائىلىسى بىلەن ئاتا-ئانىسىنىڭكىگە يىراق يېزىغا كەتكەنىدى. قۇرماش ۋېلىسىپىتىنى غىچىرلىتىپ شەھەرگە كىرىپ ئوسماننى تاپتى. ئۇ ئوسمانغا ئۆز ئويلىغىنىنى ئېيتتى.

— بۇ جەزمەن ئەشۇ رەقىبنىڭ ئىشى. گاچىنىڭ قولىدىن بۇنداق ئىش كەلمەيدۇ.

— گۈزەلئاي نېمىگە رەقىبنىڭ يېنىغا چىقىۋىدىكىن؟

قۇرماش گۈزەلئاينىڭ ئۆي داۋاسىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ داۋانىمۇ ئۇ رەقىبتىن ئاڭلىغانىدى. ئۇلار ئوسماننىڭ ئۆيىگە توپلاندى. ئەلانىڭ جان كۆيەر ئونغا يېقىن دوستى مەسلىھەتلىشىپ بۇ ئىشنى ئاخىرغىچە ئېنىقلاشقا بەل باغلىدى.

— گۈزەلئاينىمۇ ھىمايە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمايلى. — دېدى قۇرماش. — ئۇنىڭغا ھېچ بولمىسا ئاۋۋال ئۆز قورۇسىدىن بىر ئېغىز ئۆي ھەل قىلىپ بېرەيلى. خىزمىتى يوق، بىر بالا بىلەن قىيىن كۈندە. ھالىدىن خەۋەر ئالايلى.

ئۇلار گۈزەلئاينىڭ دادىسىنىڭ ئىدارىسىگە بېرىپ سابىق ئىدارە باشلىقىنى تاپتى. باشلىق ئۆيىنىڭ ئۆزگەرتىلمىگەن ئوت ئېغىز تاختايلىق ئۆي بىلەن بېغى بارلىقىنى. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىدارىدىكى مەلۇم ئادەمنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ساتقانلىقىنى ئېيتىپ يېزىپ بەردى. ئۇلار يازما ماتېرىيالنى ئېلىپ بىر نەچچە ئورۇنغا باردى. ھېچ ئىش ھەل بولمىدى. ئاخىر ھېلىقى ساتقۇچىنى ئىزلەپ تاپتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق مۇنازىرىلەشتى. ئۇنى ھەربىي رايونغا ھەيدەپ كەلدى. ھەربىي رايوندىكى بىر چوڭ كىشى ئۆي ساتقۇچىنى قاتتىق سۆكتى ۋە ئۈچ كۈنگىچە ئۆينى ئىگىسىنىڭ قولىغا بېرىشنى بۇيرىدى. ئون نەچچە دوست ئۆي ساتقۇچىدىن تىل خەتمۇ ئېلىۋالدى.

— ئىتتىپاقلاشساق مەسىلە ھەل بولىدىكەن. — دېدى ئوسمان خۇشال بولۇپ. — مېنىڭ ئەلىيىم بىز ئۆزىمىز بىر جەڭگىۋار دۈي قۇرايلى. ئىككى پەي بىلەن كارىمىز بولمىسۇن. دوستلىرىمىزنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلايلى. گۈزەلئاي ئەنزىسى، ئەلا ئەنزىسى، ھاشىر ئەنزىسى، ساۋۇتوۋ ئەنزىسى، رازىيە، ماناپ، ناسىرلارنىڭ ئىشى بىزگە يېتىپ ئاشىدۇ. بىز

نۇلارنى پاكىت ئارقىلىق ئاقلاشنىڭ يولىنى قىلالايلى. مەسىلەن: «ساۋۇتوۋ گورۇھى» دېگەن ئەنزە بىلەن ئەلا قارىلاندى. ئەلانىڭ دوستى دەپ ھاشىر ئەيىبلەندى. كىم بىلىدۇ يەنە كىملەر قارىلىندۇ، كىملەر جازالىنىدۇ تېخى؟! بىز ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ئازاد قىلايلى.

ئۇنىڭ پىكرىگە بىر نەچچە دوست قوشۇلدى. بۇلار بىرىنچى بولۇپ گۈزەلئاينىڭ دەپسەندە قىلىنىشىنى ئېنىقلىماقچى بولۇشتى.

گۈزەلئاي ئەنسى ساۋۇتوۋ بىلەن بىللە تۇسمانلارنىڭكىگە كەلدى. گۈزەلئاي ۋەقەنىڭ پۈتۈن جەريانىنى زۇلخۇمار بىلەن ئەلاتورغا تەپسىلىي قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئۇلار شۇ كۈنى ھارۋا ئاپىرىپ گۈزەلئاينى يىگىدىن بوشىتىلغان ئىككى ئېغىز ئۆيگە كۆچۈرۈپ ئەكەلدى. بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى غەلىبىسى ئىدى. ئۇلار غەلىبىسنى ئەبرىكلەپ گۈزەلئاينىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بۇ ئۆيدە ئاددىي ئولتۇرۇشمۇ قىلىشتى. ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن گۈزەلئاينى ھويلىدىكى ئۆيلەرگە باشلاپ كىرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغان ئۆي جابدۇقلىرىنىڭ تونىيالمىغانلىرىنى قويماي يىغدى. ھويلىدىكى قوشنىلاردىن ئورۇغۇنلىرى ئىشكاپ. كارىۋات قاتارلىق مۈلۈكلەرنى ئۆزلۈكىدىن ئېچىقىپمۇ بەردى. گۈزەلئاي ئەلانىڭ بۇ دوستلىرىنىڭ ئۆزىگە قانات يايغىنىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. جانلاندى. ئۇ بۇرنىقى مۇجۇپ ئارام بەرمەيۋاتقان روھىي ئازابنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇشقا قانچە تىرىشىپ باقسىمۇ لېكىن بولمىدى. ئۇ ھامان سۇلغۇن، خىيالچان، چۈشكۈن ئىدى.

— قىزىم، — دېدى ساۋۇتوۋ قىزنىڭ ھالىنى كۆرۈپ. — مەن سىزگە ماشىنا، رەخت ئېلىپ بېرەي. سىز رېشىلىيە ئىشلەڭ، مەن ھامانەم بازاردا ئوقەت قىلىۋاتقان ئادەممەن. سىزگە پۇل قىلىپ بېرىمەن. مەن سىزگە جاھان ئۆزەلگىچە قارايمەن، سىزدىن ئۆتۈنەي، دوستلىرىڭىز ئۈچۈن، ئەلا ئۈچۈن يامان خىياللارنى نېرى قىلىڭ. خورلانغان يالغۇز سىزمۇ؟ ھەممىمىز خورلىنىۋاتىمىز!

گۈزەلئايغا ھەمراھ بولۇپ ئەلانۇر ئۇ ئۆيدە قونۇپ قالدى. دوستلار كوچىغا چىققاندىن كېيىن ئوسمان:

— قانداق قىلىمىز! — دېدى غەزەپ بىلەن. — مۇشت بىلەن ھەل قىلىمىزمۇ ياكى قەغەز ـ قەلەم بىلەن؟

— مۇشت بىلەن مىلتىقنى بەڭگىلى بولمايدۇ، — دېدى قۇرماش، — قەغەز ـ قەلەم، چوڭ خەتلىك گېزىت. ئەشۇنىڭ ۋاراقىسى بىلەن رەقىبنى سىبىستىش كېرەك. قورالسىزلاندۇرغاندىن كېيىن ھەر نېمە قىلساقمۇ قىلالايمىز.

— گۈزەلئاينىڭ ئىسمىنى يازىمىزمۇ؟ ئەلا ئاڭلىسا قانداق بولىدۇ؟

— ياق. ئىسمىنى يازمايمىز. «بىر مەزلۇمنىڭ كۆز يېشى» دەپ چوڭ خەتلىك گېزىت. ئەشۇنىڭ ۋارىقىسى يازايلى.

— چوڭ خەتلىك گېزىتنى كېچىسى چاپلايلى. — دېدى ساۋۇتوۋ يول كۆرسىتىپ.

چوڭ خەتلىك گېزىتنىڭ يېنىغا «بۇزۇق ئونسۇر رەقىبنى قانۇنىي جازاغا تارتايلى!» «ئىت بېشىنى يەنچەيلى» دېگەندەك چوڭ شوئارلارنى چاپلاپ. شوئارلارنىڭ ئاخىرىغا ھەر خىل جەڭگىۋار دۇيلەرنىڭ ئىسملىرىنى يازايلى.

ئۇلار مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن يەتە ئوسماننىڭ ئۆيىگە مېڭىشتى. ساۋۇتوۋ «بىر مەزلۇمنىڭ كۆز يېشى» ناملىق ماقالىنىڭ تېكىستىنى يازىدىغان بولۇپ كېلىشكەندىن كېيىن ئۇلار شۇ ئاخشىملا ئىشقا كىرىشىپ كېتىشتى.

رەقىب ئۈستى ئوچۇق جىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ناھىيىدىن شەھەرگە ئىككى قوراللىق مۇھاپىزەتچىسى بىلەن «تەييارلىق كومىتېتى» دائىمىي ھەيئەتلىرىنىڭ يىغىنىغا كەلدى. رەقىب ئاسكالرەڭ شىم ـ توجۇركا. شەپكە كىيگەن. ئوبدانلا قورساق سالغان. ئىككى قوۋزى ساڭگىلاپ كۆزلىرى پۈتكەن. ياپما قاپاقلىرى ئۈستىدىكى يىپىلاڭغۇ. شالاڭ قاشلىرى تار پېشانىسى بىلەن يۈزىنى ئايرىپ تۇرمىغىنىدا ئومۇمىي يۈز قۇرۇلۇشى ئېتىپ پىشقان ئارپا نېنىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ يىغىن باشلانغاندا كىردى. ئۇ ھەربىي رايون ۋەكىلىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى ۋە يىغىن قاتناشچىلىرىغا مەغرۇر قىياپەتتە قاراپ چىقتى. بۈگۈن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا قاراپ باش ئىرغىتىدىغانلار ئازايغان. ئۇ ھەيران قالدى ۋە گۇمانخورلۇق بىلەن ئوڭ يېنىدىكى ئىشچى كىيىمى كىيگەن ياش بالىغا پىچىرلىدى:

— باياتىن نېمە گەپلەر بولدى؟

يىگىت گەپ قىلمايلا ئۇنىڭغا بىر تەشۋىقات ۋارىقىنى ئۇتقۇزۇپ قويدى. رەقىب ماۋزۇسىنى ئوقىدى:

«بىر مەزلۇمنىڭ كۆز يېشى». تېگىدىكى كىچىك ماۋزۇ «ئىنقىلاب چاپىنى كىيىۋالغان بۇزۇق ئونسۇر».

رەقىب ئالدىراپ ئوقىدى. ئوقىغانسېرى ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ قوۋۇز گۆشلىرى لىپىلداپ كەتتى. ماقالىنىڭ تىلى ئۆتكۈر. پاكىتلىرى كۈچلۈك. ئەلەيۇزى قاتتىق ئىدى. ئۈچ كۈن بۇرۇنقى ۋەقە ئىخچام، ئەسىرلىك بايان قىلىنىپ. ئاخىرى بىگۇناھ گاچىنىڭ تىلىغا كىرگەنلىكى، بىگۇناھ ئايالنىڭ بالىسى بىلەن دەرياغا تاشلانغانلىقى زەھەرلىك تىل بىلەن خۇلاسىلىنىپ ئاندىن كېيىن جەمئىيەتتە بۇ خىل زوراۋانلىقنى مەلۇم شەخسنىڭ ئۆتنىقى قىلىپ كۆرسىتىدىغان نەيرەڭگە يول

قويمايدىغانلىقىنى ئۇتكۇر تىل بىلەن كۆرسەتكەن.

رەقىب قەلەم ئىگىسىگە قارىدى. «ئادۇوكات» دەپ ئىمزا قويۇلغانىدى.

رەقىب ئوقۇپ بولۇپ بېشىنى كۆتەردى. ھەممىلا كۆز ئۇنىڭغا تىكىلگەنىكەن. ئۇ مەڭدەپ ئىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ۋاراقنى مىجىپ تۇتتى:

— بۇ تۆھمەت! قىپقىزىل زىيانلىكەشلىك!

— ئاپالنىڭ سىزدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ چىققىنىچۇ؟

— بۇ ... بۇ راست!

— ئەتەيلەپ ئاپالنى كەتكۈزمىگىنىڭىزچۇ؟

— مەن ياخشى نىيەت بىلەن ساقلاتقۇزغان!

— بۇ يەردە نىيەت توغرىسىدا ئەمەس. پاكىت توغرىسىدا سۆز بولۇۋاتىدۇ! — ھەربىي باشلىقنىڭ ئاچچىقى كەلگەن. قاپىقى چۈشكەنىدى. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىلەمسىز. بىز بۇ خىل جىنايى ئىشقا ھەرگىز سەل قارىيالمايمىز. بىز بۇ ئىشنى جىددىي بىر تەرەپ قىلمىساق ئاممىنىڭ غەزىپىنى باسالمايمىز!

— سىز چىقىپ تۇرۇڭ! — دېدى بىر ياش قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇ بىزنىڭ ئىنقىلابىي ئاممىۋى تەشكىلاتىمىزنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ يۈزىگە سۈرۈۋالغان قارا، بىز بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايمىز!

—گاچا ئۆز جىنايىتىگە ئىقرار! — رەقىب ئارانلا شۇنى دېيەلىدى.

— بەللى، — دېدى ھەربىي ۋەكىل مەسخىرە قىلىپ. — سىزنىڭ گاچىنى تىلغا كىرگۈزىدىغان سوراقخانىڭىزمۇ بارمۇ تېخى؟ سىزگە ئادەم قاماش ھوقۇقىنى كىم بەردى؟ نېمىشقا سوراقخانىڭىزنى تارقاتمايسىز؟

ئەمدى رەقىبنىڭ پۇتلىرىمۇ تىترىمەككە ئىدى.

ئۇ چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلانغان يەرگە كەلدى. ئۇ ئىسمى ئەتۇر يېزىلغان چوڭ خەتنى كۆرۈپ بېشى قايدى. تۆزۈنچاق قەغەزگە «قوۋى تېرىسىگە كىرىۋالغان يىرتقۇچ بۆرە رەقىبنى قەتئىي قانۇنىي جازاغا تارتايلى!» دەپ يېزىلغانىدى.

رەقىب كەينىگە ياندى. ‑ دە، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئىككى مۇھاپىزەتچىسى بىلەن ناھىيىگە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ ئىككى كۈندىن كېيىن جىن ‑ شەيتانلارنى كۈرەش قىلىش چوڭ يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. سىنىپىي دۈشمەنلەر قاتارىدا قولى باغلاقلىق گاچىمۇ بار ئىدى.

4

«ئادۇوكات» ناھايىتى تېز پۈتۈن ئەتراپقا تونۇلدى. ئۇنىڭ خىزمىتى، ئىسناۋەت. كۆچى توغرىلىق ئاجايىپ ‑ غارايىپ ھېكايىلەرمۇ توقۇلدى. ئۇنىڭغا ھال ئېيتقۇچىلار ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەي ئوچۇق خەت. چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىپ ئۆز ھالىنى مەلۇم قىلىشتى. كوچىلاردا تويۇقسىزلا «ئادۇوكات» نىڭ چوڭ خەتلىك گېزىتلىرى پەيدا بولۇپ قالسا نەچچە يۈزلىگەن ئادەملەر ئۇنى ئالىشىپ ‑ تىترىشىپ ئوقۇشىدىغان بولۇشتى. لېكىن ھېچكىممۇ بۇ تەشكىلاتنىڭ نەدە ۋە كىملەردىن تۈزۈلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. بۈگۈن غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىغا ئىككىنچى بىر ئايال رازىيە توغرىسىدا بىر قىزىقارلىق چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاندى. ئوقۇغۇچىلارغا «ئادۇوكات» نىڭ راستىنلا ئەسىرى چوڭقۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كۆرسەتمەكچىمىز. بۇنىڭ ماۋزۇسى مۇنداق: «بىر ئېغىز راست گەپكە بىر تۈمۈر جازا». كۆچۈرۈلمىسى:

«دۇنيادا ئوغرىلىق. قاراقچىلىقنى گۈزەل ئەخلاق دەپ ئېلان قىلغان ھېچقانداق ھۆكۈمەت يوق. شۇنداقلا بۇ ئىككى ئاتالمىنىڭ نەچچە خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىشىنى ساناپ باققان بىرمۇ ئادەم يوق. ئوخشىمىغان ئوغرىسىدىن تارتىپ دۆلەتنىڭ ئەڭ مەخپىي ھۆججەتلىرىنى ئوغرىلاشقىچە بولغان ئوغرىلىق زادى نەچچە خىل؟ ئۇنىڭغا بەلكىم جاۋاب بېرىدىغان ئادەم چىقماس. ئەمما تالان ‑ تاراج قىلىش ئوغرىلىقنىڭ ئالىي شەكلى بولسىمۇ، بۇنى ئاقلايدىغانلار شۇنچىلىك كۆپ ۋە كۈچلۈك. تىللايدىغانلارچۇ؟ ئادالەت پەرىنىڭ كۆزى كور، پىچىقى گال بولۇپ قالىدىغان چاغلاردا ئەلۋەتتە تىللىغۇچىنىڭ ئورنى تۈرمە. ئىسمى جىنايەتچى بولماي نېمە بولاتتى؟ ئىشەنمىسەڭلار تۆۋەندىكى قۇرلارغا قاراڭلار:

كىچىككىنە مېۋىلىك باغ. ھۇيلىدە گۈللەر ئېچىلغان ھويلا. قوش قاناتلىق ھويلا ئىشىكى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدىكى ھاكلانغان كىچىك سۇپا. كوچىغا قارىغان قاپلىق دېرىزە. تەكچىسىدە كۈلۈمسىرەپ ‑ مارىشىپ تۇرغان ھەررەڭ گۈللەر. مانا بۇ غۇلجا ئاھالىسىنىڭ ئاددىي قورۇسىنىڭ سۈرىتى. بۇ گۈزەل سۈرەتنى كىمنىڭ يىرتقىسى كېلىدۇ؟ بۇ ئائىلىدىكى پۈتۈن ھاياتى ۋە كۈچىنى مانارىپ ۋە مەرىپەتكە بېغىشلىغان ئۈچ ئەۋلادنىڭ ھاكىمىيەتنى ئۆرۈۋېتىش غەرىزى بار دېيىشكە كىممۇ ئىشىنىدۇ؟ بۇ ئۆيدىكى بىر خىل ئەرتىبلىك، ئىناقلىق، ھۆرمەت بىلەن داۋام قىلىۋاتقان ھايات بىمەھەل ئۈششۈك تەككەن باغدەك ۋاقىتسىز خازاڭ بولدى. بۇ ئۆينىڭ خوشاللىقى ۋە ئۈمىدى بولغان رازىيە ھازىر تۈرمىدە. ئۇنىڭ مومىسى قازا تاپتى. دادىسى ئەقلىدىن ئازغان. ئانىسى تويۇقسىز يۈرەك كېسىلىگە يولۇققان. بۇ ئائىلىنى كىم

ۋە قانداق نابۇت قىلدى؟ تۆۋەندىكى قۇرلاردا بۇ سوئالغا جاۋاب چىقىدۇ.

شىگخەنىڭ ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ھەممە گېزىت ـ ژۇرناللار، قەدىمكى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نادىر قولىيازمىلىرى، نەچچە مىڭ پارچە ھەر خىل يېزىقتىكى كىتابلار، نەچچە يۈز پارچە ھەر خىل ژۇرنال توپلىرى بۇ ئائىلىنىڭ بىر نەچچە ئەۋلادىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن يىغقان بىردىنبىر بايلىقى ئىدى. تۇلار ھەر كۈنى بەش ـ ئالتە سائەت ئۆرە تۇرۇپ باللارغا دەرس سۆزلەش، كېچىلىرى ئۇخلىماي يۈرەك قېنى سەرپ قىلىش بەدىلىگە بۇ كىتابلارنى يىغقان. تۇلار كىشىلەرگە ئىنژىنىرلىك كۆپ بايلىق بارلىقىنى بەرگەنكى. بىرسىنىڭ قىلچىلىك نەرسىسىنى تۆزىنىڭ قىلىۋالغان ئەمەس. تۇلار پاكلىق، ھالاللىق ۋە مەرىپەتنىڭ سىماسى ئىدى. لېكىن بىزنىڭ ئىشنى تالان ـ تاراج قىلىش بىلەن باشلىغان «سادىق» جەڭچىلىرىمىزگە ئەڭ يورۇن مۇشۇ ئائىلە ئەڭ خەتەرلىك ۋە قورقۇنچلۇق بىلىندى ـ دە. ئۇلار بىر دەيدەيچىنىڭ قول ئىشارىسى بىلەن خۇدىنى يوقىتىپ بۇ ئائىلىگە ھارۋا ـ ماشىنىلارنى سۆرەپ كېلىپ ھېلقى كىتابخانىدىكى بارلىق كىتابنى خۇددى ئېغىلدىن ئوغۇت باسقاندەك بېسىپ ماڭدى. ئوغرىلىق، قاراقچىلىق بىلەن ھالاللىقنىڭ جەڭ ـ جېگرىسىنى ئۆچ يېشىدىن تارتىپ ئېنىق بىلىپ كېلىۋاتقان رازىيە يولسىزلىققا قارشى يالغۇز ئۆزى جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇنى قوللاش، مەدھىيىلەش، مۇكاپاتلاش لازىم ئىدى. لېكىن «جەڭچىلەر»گە ئۇ «قەبىھ دۈشمەن» بولۇپ كۆرۈندى. بىرلىرى قولىنى قايرىدى، بىرلىرى چېچىنى يۇلدى، بىرلىرى ئاغزىغا تۈردى، رازىيە تۇلارنى تىللىدى، تىللىغانىمۇ چەكتىن ئاشۇرماستىن «يولسىزلار!» «فاشىستلار!» «سىلەر چىڭگىزخاننىڭ ئەسكەرلىرى، ياپون قاراقچىلىرى»، «سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار چىن شىخۇاڭنىڭ قىلمىشى!» دېگەندەك تىللار بىلەن تىللىدى. بۇ يەردە جىنايەتچى بىلەن جىنايەتچىنى ئەيىبلىگۈچىنىڭ جەڭ ـ جېگرىسى ئېنىق تۇرسىمۇ قورالىق ئادەملەر ئەيىبلىگۈچىنى تۈرمىگە سالدى. ئۇنىڭ ئېيتقىنى بىر ئېغىز راست گەپ. ئەمما ئۇ بىر ئۆمۈر تۈرمىدە ياتارمىش. ئادالەت ۋە دېموكراتىيىنىڭ بايرىقى راستىنلا كۆككە جەۋلان قىلىۋاتقان بولسا رازىيەنى قىزىلبايراقنىڭ ئۆزى ھىمايە قىلىشى كېرەك. ئاۋادا قانۇن ۋە ئاقلاش ھوقۇقى ھەممە يازما ماتېرىياللاردىن چىقىرىۋېتىلمىگەن بولسا رازىيەنى ئادالەت ـ قانۇن ئاقلىسۇن، رازىيە قويۇپ بېرىلسۇن. تۇلارنىڭ زىيانلىرى تۆلەنسۇن. تۇلارنى ۋەيران قىلىشقا دەيدەيچىلىك قىلغان، تۇرغان، بولغانلار قانۇن ئالدىدا تىزلاندۇرۇلسۇن!

ئادۋوكات، 1967 ـ يىل 28 ـ ئىيۇل،

— توغرا گەپ!

— ئىنقىلابىي نەلەپ!

— بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشىيەنى پېيەن قىلغانلىق!

— ياق، ئىنىق ئۇچى مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا قارشىلىغان ئەكسىلئىنقىلابىي دازىباۋ.

بىزنىڭ ھەر قانداق گەپنى قىلىشتىن قورقمايدىغان «باتۇرلىرىمىز» مانا شۇنىڭ بىلەن غۇژمەك ـ غۇژمەك بولۇشۇپ قوللىرىنى شىلتىشىپ، ئۆززۇندە. ھۆججەتلەردىن نەقىل كەلتۈرۈشۈپ مۇنازىرە باشلىۋېتىشتى.

باياتىن بېرى جوڭ خەتلىك گېزىت ئۈستىدە بولۇۋاتقان ھەر خىل گەپلەرنى ئاڭلاپ بىر چەتتە تۇرغان ئەلاتۇر ئىختىيارسىز مۇنازىرىچىلەرنىڭ ئارىسىغا كىردى. ئۇ ئاق كۆڭلەكچان قىزنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى. قىسقا چاچ، بېلىكىدە قىزىل بەلگىسى بار قىزىل قوغدىغۇچى قىز ئەلاتۇرغا بۇرۇلۇپ قارىدى:

— سىڭلىم! — دېدى ئەلاتۇر باياتىن ئاغزىدىن چوڭ خەتلىك گېزىتنى ئەيىبلەشتىن باشقا گەپ چىقمىغان بۇ قىزغا نارازى بولۇپ. — ئاۋادا رازىيەنىڭ ئورنىدا سىز بولسىڭىز ئەشۇ ئەھۋال ئاستىدا قانداق قىلار ئىدىڭىز؟

— ئىنقىلاب نەرەپتە تۇراتتىم!

— دادىڭىزغا قارشى نەرەپتىما؟

— ئىنقىلابتا ئادەمگەرچىلىك بولمايدۇ. ئىنقىلاب مەنپەئىتىگە زىيان سالدىكەن، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز ئىسيان كۆتۈرىمىز!

ئەلاتۇرنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى. ئۇنىڭ دادىسىمۇ ھازىر تارتىپ چىقىرىلغان. ئۇ بىلىدۇ. دادىسى ھېچقانداق «ئىنقىلاب مەنپەئىتى»گە زىيان سالغىنى يوق. 1944 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ قولىغا قورال ئېلىپ، ئىلقا پارتىزانلىرىغا قاتنىشىپ، گومىنداڭ بىلەن ئېلىشتى. غۇلجا ھەرەمباغدىكى گومىنداڭ قالدۇق كۈچلىرى بىلەن بولغان سوقۇشتا بىر كۆزىدىن ئايرىلدى. ئۇ يەنە سەپتىن قالماي تاكى ماناس دەرياسى بويىغىچە جەڭ قىلىپ باردى. قان تۆكتى ـ يارىدار بولدى. لېكىن ئۇنىڭ بەدىلىگە ئارانلا بىر گۇڭشېنىڭ پارتكوم تەشكىلات بۆلۈم كادىرى بولالىدى. ئۇ نېمە قىلدى؟ سەممىي سادىقلىق بىلەن خەلقنىڭ خىزمىتىنى قىلدى. كىشىگە ئوزۇال قىلمىدى. بىر پۇلغا خىيانەت قىلمىدى. خاتىرە ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرلىك كىيىملىرى بىلەن جەڭلەردىن يادىكار قالغان ئاي يۇلتۇزلۇق ئارمىيە بايرىقىنى ساقلىغىنى ئۈچۈن «پانتۈركىست»

دىگەن نام بىلەن قارىلىنىپ سازايى. كۆرەش قىلىندى. هازىرغىچە ناھىيە تۈرمىسىدىن چىقمىدى. ئەلاتور بۆگۈن بىگۇناھ دادىسىنى ئەيىبلىسە بولامدۇ؟ ئۆزىچۇ؟ خەلققە شان ـ شەرەپ كەلتۈرىمەن دەپ ۋالىبول ئوينىدى. داڭ چىقاردى. خىزمەت كۆرسەتتى. ئاخىرىدا مۇشۇ «ئىنقىلاب» باشلىنىش بىلەن دادىسىنى ئاقلاپ سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ھەممە ھوقۇقىدىن چەكلەندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئىنقىلاب مەنپەئىتى» گە زىيانلىقمۇ؟

— ھەي! — دىدى ئەلاتور ھىلىقى قىزنىڭ مۈرىسىدىن سىلىكىپ، — گەپ ـ سۆزىڭىزدىن قارىغاندا سەن ئادەمدىن تۇغۇلمىغان ئوخشايسەن!

— نىمە؟! — ھىلىقى قىز ئۇنىڭغا ئەسەبىلىك بىلەن قادالدى، — سەن بۇرنىڭنىڭ كۆچىكى نىمە دەپ كاڭكىشىۋاتىسەن!

ئەلانۇر ئۇزۇن غۇلىچىنى كىرىدى، ئۇ مۇئۇ ئاتىسىغا ئەپرەتلەنگۈچى مەخلۇقنىڭ ئاغزىغا ئۇرماقچى ئىدى.

— توختاڭ! — دىدى بىرسى تەمكىنلىك بىلەن. — قويۇڭ ئەلانۇر، شاپلاق بىلەن ئۆلگەنىغان قانى ئۇگىلۇۋالغىلى بولمايدۇ!

ئەلانۇر قارا كۆز ئەينەك تارتىپ چىغ شلەپە كىيۋالغان ساۋۇتوۋنى توندى ۋە ئىرىقتىن سەكرەپ ئۇتۇپ ئۇنىڭ يىنىغا باردى. ساۋۇتوۋ ئىگىز بوي. قاملاشقان قىزنىڭ قوللىرىنى ئۇتۇپ كۆرۈشتى.

— ئالدىراشمۇ سىز ئەلاتور؟

— كەچ كىرگىچە بىكارمەن!

— ئانداق بولسا جۈرۈڭ. رازىيەلەرنىڭكىگە بىرىپ كىلەيلى.

— دادىسىنى يوقلايمىزمۇ. ئۆزىنىمۇ؟

— ئاۋۋال دادىسىنى. ئىمكان بولسا ئۆزىنىمۇ يوقلايمىز! ئۇلار قويۇق، قىرى تىرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كوچا بىلەن مىڭىشتى. چوڭ كوچا داقا ـ دۇمباق چىلىشىپ، شوئار توۋلىشىپ قوللىرىدىكى قىزىل ئوززۇندىلەرنى يۇلاڭلىتىشقان. باش ـ ئايىغى يوق نامايىشچىلار بىلەن تولغانىدى.

— ئەپەندىم، — دىدى ئەلاتور «جاڭ ـ جاڭ» چىلارنىڭ ئاۋازى يىراقلاشقاندىن كىيىن يان كوچىغا ئەگىۋىتىپ. — راستىنى ئىيتىڭا. مۇشۇ ئىشلار دۆلىتىمىزنىڭ قايتىنى راستىلا ياخشىلىيالارمۇ؟

ساۋۇتوۋ قىزغا بىر قاراپ قويدى ـ دە، بىشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— سىزگە ئىشىنىمەن، راست گەپ ئۈچۈن ماڭا زىيان سالمايسىز. بۇ بىر ئىنقىلاب ئەمەس. قىپقىزىل ئەلۋىلىك. بۇنداق تەلۋىلىك دۆلەتنىلا ئۆزگەشتۈرۈپ قالماستىن، ئەلۋىلەرنىڭ ئۆزىنىمۇ ئۆزگەشتۈرىدۇ!

ساۋۇتوۋنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ ئەلاتور چۆچۈپ كەتتى.

ئۇلارنى ئۇمەر ئەپەندى ئىشىكى ئالدىدا كۈتۈۋالدى. ئاق چاچ، ئاق ساقال بوۋاي سۇ چىچىلغان ئىشىكى ئالدىدىكى سۇپىدا ئەۋرىسىنىڭ بىشىنى سىلاپ. خىيال بىلەن ئولتۇرغانىدىكەن. ساۋۇتوۋ ھەيران بولۇپ قارا كۆز ئەينىكى بىلەن چىغ قالپىقىنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ كۆتمەك قارا بۇرۇنى مىدىرلىدى:

— ھوي. ئۇمەرمۇ سەن؟

بوۋاي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قويۇق ساقال ـ بۇرۇت ئارىسىدىكى لىۋىنى مىدىراتتى.

— سىز ... سىز؟

— مەن ساۋۇتوۋ! — ساۋۇتوۋ ئۇنىڭ ئورۇق گەۋدىسىنى قۇچاقلىدى.

— ساۋۇتوۋ! — دىدى بوۋاي تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن دوستىنىڭ دۈمبە ـ مۈرىلىرىنى سىلاپ. ئۇلار چىڭ قۇچاقلاشتى. ئەلاتورغا ساۋۇتوۋنىڭ دۈمبىسى. ئۇمەر ئەپەندىنىڭ جۇدەڭگۈ. يۇرچۇلغان ساقاللىق چىرايى بىلەن كۆك تومۇرلىرى پۇلتىيىپ چىققان ئورۇق قوللىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بوۋاينىڭ كۆز ياشلىرى ساۋۇتوۋنىڭ يەلكىسىگە تامچىپ تۇراتتى. ئەلانور بۇ ئىككى دوستىنىڭ ئۇچرىشىشىنى كۆرۈپ رازىيە بىلەن تىزرەك ئوچرىشىش ئىستىكى بىلەن ئۆرتەندى.

رازىيەنىڭ ئانىسى مەلىكىخانمۇ ئۆزگەرگەن. بىشىغا بولۇشىغا تاشلاپ قويغان ئۇڭگەن گەرس ياغلىقنىڭ ئاستىدىن ئاق لەيلدەك چىكە چاچلىرى چىقىپ تۇراتتى. يۈزى خۇددى ئىسلانغانىدەك كۆكۈش قارايغان. كۆزلىرىنىڭ ئىقى سارغايغان. ھەرىكىتىمۇ ئاستا. ئاۋۇلاي ئىدى. ئۇ كالىچىنى شىپىلدىتىپ. تولا يىغلاپ يىپشى قىزىرىغان كۆزىنى يىگى بىلەن سۈرتتى ـ دە، ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ ئورۇق قوللىرى بىلەن ئەلانورنىڭ پىشانىسىدىن سۆيدى. ئەلاتور موماينىڭ كۆكسىگە بىشىنى ئىگىپ. ئورغۇپ چىقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى موماينىڭ ئىتىكىگە ئىمىتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئۈن ـ تىنسىز. سىلىق ـ يۇمشاق ھەرىكەتلەر بىلەنلا سالاملاشتى. ھال ـ ئەھۋال سوراشتى. ئەلاتور داستىخانغا ئولتۇرغىلى مىھمانخانىغا كىرگەندە ئىككى دوست قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن. ئۇلار خۇددى باشلىرىغا كەلگەن تارتقۇلۇقلىرىنى ئۇنتۇشقاندەك. كىتابلار، ئەلاتور چۈشەنمەيدىغان كونا گەپلەر توغرىسىدا قىزغىن سۆزلەشمەكتە ئىدى.

— يۇسۇپ سەككاكى غەزەللىرىمىكىن دېسەم شېئىرى ئۇسلۇبى ئوخشىمايدۇ، — دەيتتى ئۆمەر ئەپەندى بىر پارچە كىرلەشكەن، خېتى ئۆچكەن كىتابنىڭ بەتلىرىگە لوپا ئەينىكى بىلەن قاراۋېتىپ، — يامان يېرى، بۇ كىتابنىڭ ئاخىرى يوقكەن.

— تاپىمىز، — دەيتتى ساۋۇتتۇۋ ھۇددە قىلىپ، — مېنىڭدە لاتىنچىسى بار، سېلىشتۇرساقلا مەلۇم بولىدۇ.

— مۇھەررىقلىرىنى سەنمۇ ساقلاپ قويدۇڭمۇ؟

— مەن ئۆز ۋاقتىدا قولىيازمىلىرىم بىلەن قوشۇپ لەنجۇغا ئەلاغا ئەۋەتىپ بەرگەن. ئۇ بالىنىڭ ئېيتىشىچە بىر ياخشى دېھقاننىڭ يارذىمى بىلەن كىتاب، يازمىلىرىمنى ساقلاپ قاپتۇدەك.

— ئەلا ھازىرمۇ تىرىشقاق، زېھنى ئۆتكۈر پېتى تۇرۇپتىمۇ؟

— بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ پىشىپتۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، چاغاتاي تىللىرىدا مەندىن ياخشىكەن. ئىنگلىزچە، رۇسچە تىللاردىمۇ ماتېرىيال كورەلەيدىكەن. خەنزۇچىنىمۇ كۆزگىنىڭ كىتابلىرىنىمۇ چۈشىنەلگۈدەك بىلىپتۇ.

— يارايدۇ، يارايدۇ، — دېدى ئۆمەر ئەپەندى چىن قەلبىدىن سۆيۈنۈپ، خۇشال بولۇپ، — ئۇنىڭغا كەملىك قىلىۋاتقىنى بىرلا شارائىت بولۇۋېتىپتۇ ـ دە!

— تازا مېۋە بېرىدىغان ۋاقتى ئىدى، — دېدى ساۋۇتتۇۋ، — رۇس يازغۇچىسى گوگول، لېرمونتوۋلارمۇ ناھايىتى ياشلا تونۇلغان. شولوخوۋمۇ «تىنچ دون» نى ئوتتۇزغا كىرمەي تۇرۇپ يازغان. شارائىت يار بەرسە بىزنىڭ ئەلا ئاشۇنداق زور تالانت ئىگىسى ئىدى. ھەي، ئىسىت!

بوۋايلارنىڭ ئەلا توغرىسىدىكى ماختاش گەپلىرى ئەلاتۇرنىڭ قەلبىدە يوشۇرۇن ھۆرمەت، سېغىنىش ھېسسى ئويغاتتى. قىز ئەلا بىلەن لەنجۇدا ھېلىقى كونى پويىز ئىستانسىسىدا خوشلاشقانچە ئىبخى كورۇشمىدى. ئەلانىڭ ھېلىقى ئەلاتۇر ئۈن نەچچە كۈن ياققان قىزى دىلشارا قانچىلىك بولۇپ قالدىكىن، لەنجۇدىن پويىزدا كەلگىچە، غۇلجىغا ماشىنىدا بارغىچە دىلشارا ئۆز بەگباشلىقى، ئوماقلىقى بىلەن ئەلاتۇرنىڭ قەلبىدە قىزنى ئومۇس قىلدۇرىدىغان ئانىلىق مېھرى پەيدا قىلغان ئەمەسمىدى؟ ئەلانىڭ گېپى چىقىش بىلەن ئەلانۇرنىڭ يۈرىكى ئىپچەكلىدى. دېمەك ئۆز ۋاقتىدا پەيدا بولغان بۇ بىر پارچە چوغ كۆلگە ئايلانمىغان، يىللار قويۇق كۈل بولۇپ بۇ چوغنى ساقلىغانىكەن. مانا بۈگۈن كىچىككىنە شامال چىقىۋىدى، كۈللەر توزۇپ چوغ يېلىنجاشقا باشلىدى. ئۇ چوغنىڭ يالقۇنىغا ئايلىنىشىنى قىز خالىمايتتى. چۈنكى بۇ بەخت ئۈرغۈن بەختسىزلىكلەر ھېسابىغا قولغا كېلەتتى. ئەلاتۇر قايسى كۈنى گۈزەلنايىنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزۈلمەس رىشتىنىڭ سىرىنى بىلدى. ھايات. گۈزەلنايغا كەلگەن بەختسىزلىك قايتا تولىنىش ئالدىدىكى رىشتىنى يەنە نابۇت قىلدى. گۈزەلناي نېمىلا بولمىسۇن ئەلانىڭ كۆزىگە كورۈنۈشنى خالىمايدۇ. ئۇ پۇشايمان، مۇھەببەت ئازابى بىلەن بىر ئۆمۈر بەختسىز ئۆتۈشكە ئەيىارلانغان. ئەلاتۇر ئۆز بەختى بىلەن ئاشۇ بىچارىنىڭ قەلب جاراھىتىگە تۇز سەپسۇنمۇ؟ ئۇ چاغدا ئەلاتۇرنىڭ قىلمىشى ھېلىقى قىرقىم چاچ قىزنىڭ ئۆز دادىسىنى ھاقارەت قىلغىنى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالامدۇ؟

— قىزىم، جۇرۇڭ ئاش سوزۇشۇپ بېرىڭ!

ئەلاتۇر بېشىنى كۆتۈردى ۋە ناھايىتى زورىغا كۈلۈمسىرىدى.

ئەلانۇر پەتنۇسقا ئىككى تەخسە لەگمەننى قويۇپ قايتا كىرگەندە ئىككى دوست رومكىلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ شېئىر ئوقۇشۇۋاتاتتى. شېئىرلارنىڭ بەزى سۆزلىرى ئەلاتۇرغا چۈشىنىكسىز بولغىنى بىلەن مەنىسىنى قىز چۈشەندى. شېئىرلار ئەسىرلىك، چوڭقۇر مەنىلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرسى بىر قاپىيەدە بىر كۇپلېت شېئىر ئوقۇسا، يەنە بىرسى شۇنىڭغا قاپىيەداش، مەزمۇنداش شېئىردىن يەنە بىر كۇپلېت ئوقۇيتتى. ئۇلار شېئىر ئوقۇش ئارقىلىق بىر ـ بىرى بىلەن مۇڭداشماقتا، بىر ـ بىرسىنىڭ پىكىر ـ خىياللىرىنى چۈشىنىشمەكتە ئىدى.

ئەلانۇر بۇ خىل سۆھبەت شەكلىنى ئىبخى كورۇپ ياقىسغانىدى. قىز قەلبىدە بۇ شېئىرلارنى ئاڭلاپ، مۇئۇ ئاشلانىدۇق ئادەملەرنىڭ كۆڭۈل خەزىنىسىنى غىل ـ پال كورۇپ ئۆز خەلقىغە بىر خىل مۇھەببەت، بىر خىل غورۇر ـ ھۆرمەت ئويغىنىشقا باشلىدى.

ئۇ رازىيەنىڭ كارىۋىتىدا يېتىپ كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇزى قاتنىشىۋاتقان مۇئۇ «ئىنقىلاب» بىلەن مۇئۇ ئىككى ئىلىم ئەھلىنىڭ كۆز قارىشى، ئارزۇسى ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ زور چىقىشالماسلىقنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، دوستى رازىيە ئەنە شۇنىڭ ئۇچۇن تۇرمىدە يېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ ئۆزى ئەمدى بۇندىن كېيىن قانداق قىلسا بولىدىغانلىقىنىمۇ ئاز ـ تولا چۈشەندى، «ئادۇوكات» نىڭ ئىشى توغرا، ئۇنىڭ تىغ ئۇچى ھېچقاچان خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە قارىتىلغان ئەمەسكەن. ناۋادا بىرسى ئۇنى قارىلايدىكەن، ئەلانۇر رازىيەگە ئوخشاش تۇرمىگە كىرىپ كەتسىمۇ ئۇنى ئاقلاشقا، قوغداشقا ھەرىكەت قىلىدۇ...

قىز قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمىدى. ئۇنى رازىيەنىڭ ئانىسى ئويغاتقاندا ئۆمەر ئەپەندى بىلەن ساۋۇتتۇۋ يۈك مېۋىلەر بىلەن تولغان باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك بوستاندا ئولتۇرۇپ يەنىلا ئاخشامقى گەپلىرى، كىتابلار، شېئىرلار توغرىسىدا سۆزلەشمەكتە ئىدى.

ئۇلار ئوبلاستلىق ساقچى ئىدارىسى ئەرەپكە ئەگكەن

يەردە، ئالدىنى قوراللىق قىزىل قوغدىغۇچىلار توسۇۋالدى.

— نەگە؟

— ئوبلاستلىق تۈرمىدە قىزىمىز بار ئىدى، شۇنى يوقلىغىلى ماڭدۇق، — دېدى تۆمەر ئەپەندى ئۇلارغا يېلىنىپ.

— بۈگۈن كۆرەلمەيسىلەر، بىلەمسىلەر، بۈگۈن ئۈرۈمچى سىپتەبىردىكى ۋەقەدە قولغا ئېلىنغان قەھرىمانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بۈگۈن ئىسيانچىلار ئوبلاستلىق ساقچى ئىدارىسى ئالدىغا جەم ئولتۇرۇۋېلىش كۆرۈنىشىگە كەلدى.

— بوشىتىدىغانلىقى بولسا، — دېدى مەلىكىخان خۇشال بولۇپ، — بىزمۇ جەم ئولتۇرايلى. بىزنىڭمۇ قىزىمىز سولاقتا.

— قىزىڭىز نېمىشقا سولانغان؟

— نېمىشقا دېگىنىڭىز نېمىسى جېنىم بالام، كىتابلىرىمىزنى بۇلىغانلارنى تىللاپ قويغان-دە!

— كىتابلىرىڭلارنى كىملەر بۇلىغان؟

— سىلەرگە ئوخشاش بېلىگە قىزىل باغلىغانلار!

— ئانداق بولسا باشقا گەپ، ئۇنداقلارنى ھېچكىم قۇتۇلدۇرمايدۇ!

— سىلەر كىمنى قۇتقۇزماقچى، ئۇلار نېمىلەرنى قىلغان؟

— ئوت ئوقۇغۇچىنى! — دېدى قىزىل قوغدىغۇچى سوغلا قىلىپ.

— ئۇلار نېمە قىلغان؟

— ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنى توپقا ئۇتقان!

— توۋا، — دېدى ئانا ياقىسىنى ئۇتۇپ، — توپقا ئۇتقانلارنى، كۆيدۈرگەنلەرنى قۇتقۇزىدىكەن، كۆيدۈرمىگەن، توپمۇ ئاتمىغان، ناھايىتى بۇلاڭچىلارنى تىللىغان قىزىمنى قۇتقۇزمىغىدەك، جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ياللا، ئەشۇ تىزىلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ قىزىمنى قۇتۇلدۇرىدىغانلار يوقمىدۇ-ھە!

تۆمەر ئەپەندى ساددا كۆڭۈل، تولا سۆزلەپ ئەقلىدىن ئادىششقا باشلىغان بۇ ئايالنىڭ بېشىدىن تارتىپ قويدى. ئەلاتۇر ئۇلارنى تىزىلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئارقىسىغا قىستىپ ئېلىپ ماڭدى. ھېلىقى قىزىل قوغدىغۇچى ۋارقىرىدى:

— ھەي سىلەر نېمە ئادەملەر!

— بىزمۇ ئىسيانچى! — دېدى ئەلاتۇر كۈلۈپ قويۇپ.

ئوقۇغۇچىلار توپىلىق بەردە ئولتۇرۇشۇپ قوللىرىدىكى قىزىل تاشلىق كىتابنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىراشماقتا، ناخشا ئېيتماقتا، شۇئار توۋلاشماقتا. پاكار بويلۇق، ئاق يۈزلۈك ئوقۇغۇچى ئۆرە تۇرۇۋېلىپ ئۇلارغا قوماندانلىق قىلماقتا. ئولتۇرۇۋالغانلارنى قوللاپ سەپ بولۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، ئىشچىلار، كادىرلارمۇ شۇئار توۋلاپ ساقچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ، ئاملارغا شۇئار چاپلاپ تۈرمە ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ، قوللىرىدىكى قىزىل تاشلىق كىتابلىرىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ چۈگىلەپ قايتىشماقتا. تۈرمىنىڭ تۆمۈر رىشاتكىسى ئىچىدە قوراللىق ھەربىيلەر بىرلىرى غەزەپ بىلەن، بىرلىرى كۈلۈشۈپ تۇرۇشماقتا. مەيدان قالايمىقان. تۆمەر ئەپەندىلەر بىلەن ھېچكىمنىڭ سۆزلەشكىدەك ھالى يوق، ھەر كىم ئۆز غېمى بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— ھازىر ئوبلاستلىق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى چىقىپ بىزگە جاۋاب بېرىدۇ! — دەپ ئېلان قىلدى ھېلىقى قوماندانلىق قىلغۇچى، — ئۇلار بىلەن مۇنازىرلىشىشكە بەلگىلەنگەنلەر بىرىنچى قاتارغا ئۆتەيلى!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەلىكىخان ھەدە ئورنىدىن تۇردى ۋە تۆمەر ئەپەندىنىمۇ سۆرىدى:

— جۈرۈڭ، بىزمۇ ئۇلار بىلەن دېيىشەيلى!

ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئۇلار ئوتنى ئالدىغراق يۆتكىلىپ ئولتۇردى.

كۈن پېشىنكى چوڭ دەرۋازىدىن ئوت ئادەم چىقتى. ئۇلار چاسىنچە كىيىنگەنىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇئارلىرى گۈركىرىدى. يۈزلىگەن قوللار ئۇلارغا شىلتىلدى. ئۇلار يېنىدىكى ھەربىي باشلىقلارغا بىر نېمىلەرنى دېيىدى، بىر ھەربىي باشلىق ئېلېكترلىك كاناي بىلەن ئېلان قىلدى.

— ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ بىرىنچى تەلىپىگە ئاساسەن، بۈلتۈر ئۈرۈمچى سىپتەبىر ۋەقەسىدە قولغا ئېلىنغان ئوقۇغۇچىلار رىشاتكا يېنىغا كېلىپ سەپداشلىرى بىلەن دىلدارلىشىدۇ.

ھەممە كۆز رىشاتكا ئىچىگە بۇرۇلدى. جۇدەڭگە ئوت نەپەر ئوقۇغۇچى تۈرمە ھويلىسىدىن تۆمۈر رىشاتكىلىق دەرۋازىغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رازىيە كۆرۈنمىدى. ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ رىشاتكا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. سولانغان ئوقۇغۇچىلار خاتا تىزىلىپ قالدىمۇ، ئۆزلىرىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئايالغا قوللىرىنى سوزۇپ رىشاتكىغا قاراپ مېڭىشتى، رىشاتكا يېنىدا ئۇچراشقاندا مەلىكىخان يىغلاپ تۇرۇپ ئېزىلاندى.

— مېنىڭ قىزىم رازىيەنىمۇ چاقىرىۋېتىڭلار!

تۆمەر ئەپەندى بىلەن ئەلاتۇر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئانىنى يۆلىدى. ئۇلار مەلىكىخاننى يۆلەپ تۇرغۇزۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي رىشاتكا ئەترايى ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولدى. ئۇلار بىر-بىرىنى ئىتتىرىشمەكتە، بىر-بىرى بىلەن تارتىشماقتا. مەلىكىخان دەسسەلمەكتە ئىدى. ئانا قىزىنىڭلا ئىسمىنى توۋلايتتى. ئەلاتۇر

ۋالىسبولچىغا خاس چەبدەسلىك بىلەن ئاتنى قىقىپ ـ سوقۇپ دەسسەۋاتقانلارنى ئىتتىرىپ، سىلكىپ ئاتنى يەردىن دەس كۆتۈرۈپ ئالدى ـ دە، چەتكە ئېلىپ چىقتى. ئانا قورۇغان لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ:

— نېمىشقا مېنىڭ قىزىمنى ئېيچقمايدۇ، قىزىم رازىيە نەدىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىماقتا، ئەلاتۇرنىڭ كۆز يېشى خۇددى يىپىاز چاناۋاتقاندەك كۆزلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ مەڭزىنى يۇيۇپ ئاقماقتا. تۇمەر ئەپەندى بولسا خۇددى بىھوش ئادەمدەك دەرەخكە يۆلىنىپ جىم تۇرماقتا. ساۋۇتوۋ ئۇنىڭ يېنىدا پىچىرلاپ ئەسەللىي بەرمەكتە.

— غەيرەت قىل تۇمەر، سەن بولساڭمۇ تۆزەڭنى تۇت!

— ماۋۇ جىن ـ شەيتانلار نېمە قىلىپ يۈرۈيدۇ! — دېدى بىرسى تۇمەر ئەپەندى بىلەن ساۋۇتوۋنى كۆرسىتىپ.

— مالىماندا توغاچ توغرىلىماقچى، بوقلىش، سەنلەرگە بۇ يەردە نېمە بار؟

ئەلاتۇر بۇ دېيەيلىگۈچىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— نېمە؟ — دېدى ئۇ پۈتۈن غەزىپى بىلەن ھېلىقى ئۇقۇغۇچىغا تىكىلىپ. — بۇلارنىڭ قىزى سىلەرنىڭ ئاۋۇ قەھرىمانلىرىڭلاردىن مىڭ ھەسسە ياخشى، ئاشۇنداق ئېسىل پەرزەنتلەرنى چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانىلار قانداق جىن ـ شەيتان بولىدىكەن؟!

ھېلىقى ئوقۇغۇچى بىردىنلا كۆزدىن يوقالدى ـ دە، بىر دەمدىن كېيىن بىر نەچچە بولۇپ يېنىپ كەلدى.

— سىلەر نېمە ئادەم؟ — تۇلاردىن بىرسى ھەيۋە بىلەن سورىدى.

— بىزمۇ بالىمىزنى كۆرگىلى كەلگەن ئاتىلىرىم! — تۇمەر ئەپەندى ئەنسىزلىك بىلەن جاۋاب بەردى.

— بالاڭلار كىم؟

— رازىيە.

— ئۇ، — دېدى ئۇلارنىڭ چوڭى زەھەرلىك كۈلۈپ قويۇپ، — ھەقىقىي ئەكسىل ئىنقىلابچى. سىلەرنىڭ يۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مالىمان قىلىشىڭلارغا يول قويۇلمايدۇ، تېزدىن يوقىلىڭلار!

— ھەقىقىي ئەكسىل ئىنقىلابچى؟ — دەپ تەكرارلىدى تۇمەر ئەپەندىمۇ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، — ساۋۇتوۋ، جۇر، بىز قايتايلى، مۇنۇ كىشى ھۆكۈمەتنىڭ سۆزىنى قىلىۋاتىدۇ، مەن قورقۇۋاتىمەن. قىزىمنى قۇتقۇزىمىز دەپ تېخىمۇ تېرىسىغا ئىتتىرىۋېتىدىغان ئوخشايمىز!

...، تۇلار يېقولتىپ قايتىشتى. يالغۇز ئانىلا كەينىگە پات ـ پات قايرىلىپ تۇمۇر رىشاتلىكنى دەرۋازىغا قاراپ قويۋاتتى. تۇمۇ تولا يىغلاپ يېشى قورۇغان كۆزىنى چوڭقۇر ئازابنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرىدىن پاناداپ يېرىم يۇمغان. ئانىنىڭ ساددا قەلبىمۇ سىرلىق. بىر ـ بىرىگە يېقىنمايدىغان قالايمىقان پىكىرلەر، سوئاللار بىلەن تولغان. تۇنىڭ تورۇق گەۋدىسىگە بۇ خىل چىگىشلىك خىيال بىلەن ئېغىرلاشقان يېشى ئېغىر كەلدىمۇ، تۇنىڭ قەددى تېخىمۇ يۈكۈلگەندى.

— نېمانچە ئېگىشىپ ماڭىسەن مەلىكەم؟

— مېنى بەر تۆزىگە تارتىۋاتىدۇ.

— مانا بۇ خۇدانىڭ شەپقىتى!

— ياق، ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتى تونداق ئەمەس، دەرد بىلەن تولغان يۈرەك زەھەر قاچىلانغان كۈپقا ئوخشايدۇ. باشقا كۈپلارغا قارىغاندا يۈنداق كۆپ تۆزاق چىدايدۇ. نېمىشقا دەمسىنا؟ تۇنىڭ ئۇستامنىڭ قولى تەگمىگەن كەمتۈكلىرى زەھەر دۇغى بىلەن پۈتىدۇ ـ دە، تۇ تېخىمۇ پىشىدۇ. دەردلىك يۈرىكى بار ئادەم ھاياتنىڭ باشقىلار بىلمەيدىغان سىرلىرىنى تازا ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن بىلەن مەن مەلىكىخانىغا قارىغاندا ئاز يىغلايمىز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بىز خۇددى ياقىلار بىلەن ئىت، چاشقانلار يەرنىڭ تەۋرىشىنى ئالدىن بىلگىنىگە ئوخشاش بۇ بوراننىڭ شەپىسىنى ئالدىن سەزگەن. بوران بولىدىكەن، غېرىب كەپىسى تۇرۇلمەي قالمايدۇ. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆرۈلىدىغان كەپىنىڭ ئېگىدە پانالانغاندىن كۆرە، چاڭ ـ توزان، ئەخلەت ـ چاۋا بىلەن بىللە بورانغا قوشۇلايلى دەپ ئالدىنئالا دالاغا چىقىۋالغانىمىز. بوران بىزنى بىر بولسا تۇچۇرۇپ ئاپىرىپ ئەسكى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا تىقىدۇ. ئۇ يەردە يېتىپ سىسىپ تۈگەيمىز. بىر بولسا ئەلەي تۇگىغا تارتىپ تېخىمۇ مۇنبەتىرەك يەرگە چۈشۈپ تېخىمۇ كۆكلەيمىز!

— ئاڭلىدىڭمۇ مەلىكىخان. تېخى ئالدىڭدا تالاي يىغلايدىغان. مۆكچىيىدىغان كۈنلەر بار، بىزگىمۇ كۆز يېشىڭدىن ئاز تولا ئاياپ قوي!

— راست. ئالدىمىزدا يىغا، بەلكى قان تۆكۈش، باش كېتىشمۇ بار، لېكىن كۈن چىقىدۇ، دۇنيا ھېچقاچان قاياشسىز، مەڭگۈ زۇلمەت ئىچىدە تۇرۇۋەرمەيدۇ!

شۇ ئاخشىمى ئەلاتۇر بۇ گەپلەرنى خاتىرىسىگە ئەينەن يېزىۋالدى ۋە ئەتىسى «ئادۋوكات»قا ئوقۇپ بەردى. يامىنى، بۈگۈن ئاڭلىغۇچىلار ئىچىدە چالا مەس نامەتمۇ بار ئىدى.

5

ئەبەتنىڭ قويىنى كەڭرى، مېھرى چوڭقۇر بولغىنىغا ئوخشاش، كىشىلىك دۇنياسىنىڭمۇ جازاسىدىن شەپقىتى مول،

پاناهلىنىدىغان جايلىرى كۆپ.

بوران ھەممىلا يەرگە چاڭ- توزان يۇركۈپ، دەل- دەرەخلەرنى قومۇرۇپ، شاخلىرنى يىرىپ- يىقىتىپ، كۆۋرۈك ئاستىلىرنى قامىاق- چاۋالار بىلەن تولدۇرۇپ، سۇلارنى تاشتۇرۇپ پۈتۈن تەبىئەتنى خۇددى كوچىدا ئىغنىغان مەس ئادەمدەك بەتبەشىرە قىلىۋەتكەن چاغلاردىمۇ بەرىبىر تىرىك جانغا پاناھ، گۈزەللىككە ماكان تېپىلىدۇ. خىلۋەت جايدا پانالانغۇچى گويا سىرتقى دۇنيادىكى سەراسىمە بىلەن ئالاقىسىزدەك، خاتىرجەم- بەخۇدۇك ھالدا ئادەتلەنگەن ھايات قانۇنى بويىچە كۈن ئۆتكۈزۈۋېرىدۇ.

بۇ يېزا خۇددى شۇنداق.

شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان تاشلىق كوچا بۈگۈن ئادەمسىز، جىمجىت، «كوچىغا چېچىلغان كۈمۈچرەڭ مەنگەنلەردە دانلىشىپ يۈرگەن توخۇلارلا بۇ كوچىنىڭ ئەركىسى. بۇ يەرنىڭ موزاي- قىرەندىلىرىمۇ ئىگىلىرىدەك خاتىرجەم، ئۇلار ئۆستەڭ بويىدىكى يىچانلىقتا ئىللىق قۇياشقا قاخلىنىپ يېتىشماقتا. ئۆستەڭ سۈيى ئەگرى- بۈگرى قىيىدا سىلىق، شاۋقۇن- سۈرەنسىز ئاقماقتا. پەقەت بېلىقلارنىڭ ھېلىدىن- ھېلىغا «پىلتىڭ» ئېتىپ سۇ يۈزىگە سەكرەپ چىقىشلىرىلا ئۇنىڭ تىنىق، ئەينەكتەك يۈزىگە چەمبەر ياساپ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇرىدۇ. تېرەك باشلىرىدىكى شاخلارنى ئېگىپ ئولتۇرۇشۇۋالغان قاغىلارمۇ ئاندا- ساندا زۇۋان سۈرۈپ قويۇشىدۇ- دە، قىزىق چۈچەك ئاڭلاۋاتقان باللاردەك ئېيتىدۇر دىققەت بىلەن تىڭشىماقتا ...

شالاڭ ئۆيلەردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆكۈش مەنگەن ئىسى قويۇق دەرەخلەر ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ سۈزۈك ئاسماندا تېزلا ئېرىپ تۈگەيدۇ- دە، باغلار كۈز ھاۋاسىدىن قىزارغان ئالمىلىرنى كۆزلا- كۆزاڭ قىلماقچى بولغاندەك سەلكىن شامالدا ئاستا تەۋرىنىدۇ.

ئىچكىرى- تاشقىرى جايلىشىپ، ھەرە چىشىدەك كورۇنۇش پەيدا قىلغان يېزا كوچىسىدا بۇ كوچىلارنى پەيدا قىلغۇچىلاردىن بىرسى پەيدا بولدى: ئۇ دوغىلاق، بېشىغا مالىخاي، پۇتىغا كالاچ كىيگەن ياشانغان دېھقان، ئۇ ئارانچى ئادىتى بويىچە ئەتكەن چاي ئىچىپ تەرلىگەن، شالاڭ، سېرىق ئاق ساقال- بۇرۇتى ئارىسىدىكى ئېغىزىدا پىشىشىق قايماق ئارىلاشقان قارا چاي شامىسىنى زوق بىلەن چاينىماقتا. ئۇ قارىماققا بۈگۈنكى كۈندىن رازى، كۆڭلى توق، غەمى يوق دېھقان. مانا ئۇ غوللىرى قوۋزاق تاشلاشقا باشلىغان قېرى سېدىنىڭ ئاستىغا — تاقىراڭ يەرگە ئولتۇردى- دە، قاتتىق بىر كېكىرىپ قويۇپ مالىخىيىنى بېشىغا قويۇپ يېنىچە سۇنايلىنىپ ياتتى.

ئۇنىڭ كۆزى ئەمدىلا يۇمۇلۇۋىدى، يان ئۆيىنىڭ غورۇسىدىن ئەستە ئېگىشىپ ئۆتۈپ ئىككىنچى دېھقان پەيدا بولدى. ئۇ ئېگىز، دۈمچەك، قوللىرى دېھقان ئارىسىدەك تۇزۇن. ئۆچكە ساقال ئادەم ئىدى.

— مەمۇر ئاڭلاۋاتامسەن، ملتىق ئېتىلىۋاتىدۇ!

— نەدە؟ — ياتقان ئادەم ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆزىنى ئاچتى، — ئەمدى ھەرەمباغ سوقۇشى بولماس، بولسىمۇ سەن بىلەن مەن «ھۇررەي»(l) تۇۋلاشقا بارمايمىز، أ سىراج ئۆگە. ناسۋېلىڭ بارمۇ؟ — مەمۇر ئىسمىلىك دېھقان ئورنىدىن قوزغالدى.

— سەندىن يوق دەپ قۇتۇلغىلى بولامدۇ- ھە!

ئۇلار ئەمدى قىزىرىپ پىشقان قاپاقتىن ئالقانلىرىغا ناسىۋال قېقىپ تۇرۇشىغا جىمجىت مەھەللىگە قورالىق باشلار ۋېلىسىپىت، ئاتلار بىلەن كىرىپ كېلىشتى. ئىككى بوۋاينىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى. قوراللىقلار ئۆستەڭ بويىدا توختىدى- دە. بىرسى ملتىقنى تېرەك بېشىدىكى قاغىلارغا توغرىلىدى.

— بۇ نېمە كارامەت! — دېدى مەمۇر بوۋاي زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ. — نېمە ئەنسىزلىك بۇ!

— دېسەم- دېمەم بۇلار ھېلقى ئەپەندىمنى ئىزلەپ كەلگەنلەر. — دېدى سىراجىدىن بوۋاي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ. — بۇ بالا بىلىملىك بولغاچقا دۈشمىنى كۆپ دېيىشىۋاتاتتى. مەمۇر. سەن ئۇلارغا كۆز- قۇلاق بول. مەن زۇلپانكىكگە چاپاي. بالا ئۆزىنى دالدىغا ئالسۇن.

سىراجىدىن بوۋاي قوزغىلىشىغا ۋاڭلداپ ئوق ئېتىلدى. قاغىلار مەھەللە ئاسمىندا پەرۋاز قىلىپ قاقىلداشتى. پۈتۈن مەھەللىنىڭ ئىتلىرى تەڭلا ھاۋشىدى. ئۆي- ئۆيدىن باللار يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى. مەھەللە جىمجىتلىقى بۇزۇلدى. شەھەردە بولۇۋاتقان ئىلىشىشلار، يۇقىرى ئاۋازلىق لاپانىڭ تەشۋىقاتلىرى، نەچچە مىڭ كىشىلىك نامايىش ۋە قەسەمياد يىغىنلىرىنىڭ تەنتەنىلىك ئۇتۇق. شۇئارلىرى كۈندە ئىلان قىلىنىدىغان «ئەڭ يىڭى بولىبورۇق». «ئالاھىدە خەۋەرلەر». بىرلىرنىڭ غەلبە سادالىرى، يەنە بىرلىرىنىڭ ناله- زارلىرىنىڭ ھېچ قايسىسى ئاڭلانمايدىغان، جىمجىت يېزا بىر پاي ئوق ئاۋازى بىلەن خۇددى بۇزۇلغان چۈمۈلە ئۇۋىسىغا ئوخشاپ قالدى. سەراسىمە- ۋەھىمە يېزا ئۈستىنى قاپلىدى.

---

(l) 1945 - يىلى پارتىزانلار غۇلجا ھەرەمباغقا ھۇجۇم قىلغاندا دېھقانلار ھۇررا تۇۋلاپ شەھەرگە كىرگەن.

— خۇش بالىلىرىم! — دېدى مەمۇر يېنىغا كەلگەن نەرى سوغ ياشلارغا قول قوشتۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ، — قېنى ئۆيگە كىرەيلى، بىر چىنىدىن ئەنكەن چاي ئىچكىلار، قونساڭلار سوپۇشقا مېلىمىزمۇ بار ئىدى!

— ئەلانۇراخۇننىڭ ئۆيى نەدە؟ — ھەربىچە كىيىنگەن، قىزىل بۇرۇن يىگىت مەمۇرگە قارىدى.

— قايسى ئەلاتۇراخۇن، ھە، بىزنىڭ ئەلا مەزىننى دەمسىلەر؟ ئۇ ئۆيىدە، ئاغرىق ئۆكىلىرىم.

— مەزىن ئەمەس، ناھىيىدىن ئۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن مۇئەللىم!

— بۇ يەرگە چۈشكەنلەر كۆپ ئۆكىلىرىم. جۇۋىچى، باغاچچى، سانىراش، داخان، يايمىچى، ئارتىس، قىمارۋاز ... ۋاي ـ ۋۇي ئۇنداقلار جىق، بۇلارنىڭ قايسىسى ئەپەندى، قايسىسى ئەلا بىز نەدىن بىلىمىز؟

— دادۇي سېكرېتارىنىڭ ئۆيى نەدە؟

— مۇشۇ مەھەللىدە، ئۆكىلىرىم، ئاۋۋال ئۆيگە چۈشەيلى، چاي ـ پاي ئىچەيلى، بىز خەقنىڭ ئادىتى شۇ، ئاۋۋال سالام ـ سائەت ئاندىن كېيىن داستىخان، داستىخاندىن كېيىن ئىرى ـ بىرى، ھاي ئەكرەم، ماڭ موماڭغا ئېيت، ئۆيگە مېھمان كەلدى!

قوراللىق ياشلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويىدى. ئۇلارنىڭ قورسىقى ئاچ، لېكىن ئەلانى قاچۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. ئۇلار گۇدۇڭلاشتى. ئاخىر بىرسى بوۋايغا قارىدى.

— بىز ئاۋۋال دادۇي سېكرېتارىنى تاپايلى. سىزگە رەھمەت، ئىش پۈتكەندىن كېيىن ئۆيىڭىزگە مېھمانغا كېلەيلى، — دېدى ئۇ، لېكىن ئۇلار چوتنى خام سوقتى. بۇ مەھەللە خەلقى ئەلانى ئۇلارغا بەرمەيدۇ. دادۇي سېكرېتارى زۇلىيا ھەممىلا ئەزاغا ئەلانىڭ كىملىكى ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سۆزلەپ كۆپچىلىك ئىچىدە ئەلانىڭ ھۆرمەت ۋە ئەسىرىنى پەيدا قىلغان. بولۇپمۇ بۇ مەھەللىنىڭ ياشلىرى ھەر كۈنى ئاخشىمى ئەلادىن ئەدەبىيات، تارىخ ۋە پەن بىلىملىرى ئۈستىدە پاراڭ ئاڭلاپ، يېقىملىق تەمبۇرى بىلەن ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قاتتىق ئىجىل بولۇپ قالغاچقا ئۇنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايتتى.

مانا بىردەمدىلا ھېلىقى قوراللىقلارنىڭ ئەتراپىغا ئادەملەر توپلاندى. ئۇلار «مېھمان» لارنىڭ مېڭىشىغا كاشىلا بولۇپ خىلمۇ ـ خىل سوئاللارنى سوراشتى:

— ئىتنىڭ بىلەن ملتىقىڭنى ماڭا بەرسەڭ. سەن دېگەن ئەلانى تۇتۇپ بېرىمەن! — دېدى بىر يىگىت مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ مەھەللىدە ئەمەس. جاڭگالدا!

— تۇتۇپ بېرىپ قانچىلىك مۇكاپات ئالىسىلەر؟

— ئاتقان ئوقى قاغىغا تەگمىگەن بىلەن ئاسمانغا تەگدى، ھا، ھا، ھا ...

— توخۇ ـ توخۇم ئالامدىكىن بۇلار؟

— بىكارغا بەرسەڭ تويىنىمۇ ئالىدىغاندەك تۇرىدۇ!

قوراللىقلارنىڭ باشلىقى ياپلاق يۈزلۈك، پالكوز يىگىت غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— تولا چىشىمىزغا تېگىشمە، ئۆلۈمتۈك ناكەسلەر! — دېدى ئۇ ئات ئۈستىدە سىڭايان ئولتۇرۇپ قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ، — بىز ناھىيىلىك باش سىلىگىبۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغىلى كەلدۇق، يېقىندا سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ئەتۇر ھېساب، قايتۇرما ھۇجۇملىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىش قەسىمياد يىغىنى ئېچىلىدۇ. يىغىندا ناھىيىمىزدىكى ئەڭ ۋەھشى دۈشمەنلەر كۆرەش قىلىنىدۇ، سازايى قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى بېتچىت قىلىنىدۇ. ئەلا ئەنە شۇنداق دۈشمەن: كىم ئۇنى قوغدىسا پرولېتارىيات سىلىگىبۇسى بىلەن قارشىلاشقان بولىدۇ. ئۇنداق ئادەم سىنىپىي دۈشمەن. ئۇ جەزمەن دىكتاتۇرا ئاستىغا ئېلىنىدۇ.

— ھەي بالام! — دېدى يىغىلا يېتىپ كەلگەن سىراجىدىن بوۋاي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قويۇپ، — ئەلا دېگەن بەكمۇ چوڭ نەرسە ئىكەنغۇ. بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە مەھەللىگە قانداق سىغىدۇ. ئۇ چوڭ بېلىق، كىچىك كۆلگە سىغمايدۇ ـ دە!

— ئۇ جەزمەن مۇشۇ يېزىدا!

— پاھ. ماۋۇ ئىشنى. ئېيتقىنا بالام ئۇ نېمە قىپتۇ، نېمىشقا خەتەرلىك دۈشمەن بولۇپ قاپتۇ؟

— خەتەرلىك، ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ خەتەرلىك ئەشەددىي دۈشمىنى! — دېدى يەنە بىر قوراللىق. بىر كۆزىدە ئېقى بار يىگىت. قورۇغان لۇنى يالاپ قويۇپ، — ئۇلار «ئادۇوكات» دېگەن بىر تەشكىلاتنى قۇرۇپ ئەكسىلئىنقىلابىي ۋاراقە تارقىتىپ تىغ ئۇچىنى پرولېتارىيات سىلىگىبۇسىغا قاراتقان. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ غول ئۇنسۇرلىرىدىن ساۋۇتوۋ، ئەلا قاتارلىقلار تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى. پانتۈركىست، سوتسىيال جاھانگىرلىكنىڭ ...

— ھەي بالام! — دېدى سىراجىدىن بوۋاي ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ. — ئۇنداق بولسا نېمىشقا ساقچى ئۇلارنى قولغا ئالمايدۇ، سىلەرنى بىزنىڭ ياشلار ئوتتۇيدىكەن، ناھىيە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن تراكتور زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى ئىكەنسىلەرغۇ؟ سىلەر كىمنى تىللىمىغان. كىمگە بوھتان چاپلىمىغان. مېنىڭ ساقلىم بىلەن تويەمنىمۇ دۈشمەن

دېدىڭلار، ئاباللارنىڭ ھالقىسى بىلەن ئۈززۈكلىرىنىمۇ يامان دېدىڭلار، بىز سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارغا ئىشەنمەيمىز. قالپىقىڭلار ئاۋۇ قاغىلاردىنمۇ كۆپ، ئاۋازىڭلار بۈرىنىڭ ھۇۋلىشىدەك سۈرلۈك باللاركەنسىلەر. بىرىپ باشلىقىڭلارغا ئېيتىڭلار، بۇ يەردە ئەلا ئىسىملىك ئەپەندى يوق. ئۈنچىلىك چوڭ دۈشمەننى يوشۇرغىدەك گەمىمىزمۇ يوق. چۈشۈڭلار. قورسىقىڭلارنى تويغۇزۇپ ئىسسىقدا كېتىۋېلىڭلار!

سىدە ئاستىغا ئادەملەر كەينى-كەيندىن كىلىشكە باشلىدى، ئۈچ ئات، ئۈچ ۋېلىسىپىت بىلەن ئۆزلىرىنى ھەيۋەتلىك ھىسابلىغان ئالتە نەپەر قوراللىق يىگىتنىڭ تۈتى بوشاپ، ئەسنەپ كۈسۈرلىششقا باشلىدى. يالغۇز-بىر كۆزىدە ئىبقى بار يىگىت بىلەن پالكوز يىگىتلا كۆپچىلىككە ھومىيىپ قاراپ، ئەلانى يامانلاپ، كۆپچىلىكنى ئۆزلىرىنى قوللاشقا ئۈندەپ سۆزلىمەكتە ئىدى. ئىككىسى بىر-بىرىگە گەپ بەرمەي سۆزلەۋاتقاندا نەدىنمۇ بىرىم خام ئاۋۇز تۇچۇپ كىلىپ بىر كۆزىدە ئىبقى بارنىڭ يۈزىگە تەگدى. كۆپچىلىك ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— مانا مۇكاپات!

— ئۇسسۇزلۇقى قاندى!

— تاش بىلەن سال!

— ملتىقنىڭ ئوقى يوق!

پالكوزنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، ئۇ قورالىغا قول ئۇزىتىپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ قورال ئىشلەتسە بۇ يېزىدىن ساق چىقالماسلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى:

— زۇليا شۇجىنىڭ ئۈيىگە باشلاپ بىرىڭلار. بىز زۇليا بىلەن سۆزلىشىمىز!

لېكىن زۇليا بىلەن سۆزلىشىشكە يېزا ياشلىرى يول قويمىدى. بىر نەچچە يىگىت ئۇلارنى قويۇق ئالملىق باغدا بولۇۋاتقان ئولتۇرۇشقا باشلاپ باردى. ئۇلار قوراللىقلارغا چىرايلىق سۆز، ماختاشلار بىلەن بىر پىيالىدىن ھاراق تۇتۇشتى. قوراللىقلار ئاچ قورساق، ھارغىن بولغاچقا، تۇگايلا مەس بولۇپ قېلىشتى. ناھىيىلىك ئىسيانچىلار سىلكىۋىسىدىن رەقىبىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يېتىپ كەلگەن بۇ قوراللىق يىگىتلەر ئەتىسى ئەتىگەنلىكى شۇ باغدا ھوشىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ۋېلىسىپىتلىرىنىڭ كامېرلىرى تېشىلگەن، ئاتلىرى قويۇپ بېرىلگەن، قوراللىرى باغلىق چېلىۋېتىلگەن كارىزغا — سىبىتىق سۇغا تاشلانغانىدى.

ئەتىسى كەچلىكى ئۇلار ئارانلا كېتەلدى. ئۇلارنىڭ سومكىلىرىدىن ئېلىنغان ئەشۇنىق ۋاراقلىرىنى ئېلىپ ئاخشىمى زۇليا ئەلانىڭ يېنىغا كىردى. زۇليانىڭ قاپىقى چۈشكەن، سىرلىق يۈرۈنى تىترىمەكتە ئىدى.

— ئېيتىڭا تۇكام ئەلا! — دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن پاكار سۈيىا لىۋىگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، — ماڭا ئېيتىپ بەرگەنلىرىڭىزدىن باشقا يەنە يوشۇرۇن ئىشلىرىڭىز بارمۇ؟

— يوق! — دېدى ئەلا كەسكىن قىلىپ. — ئەگەر بار دېيىلسە كەلگۈسىگە ساقلاۋاتقان ئۈمىد ۋە ئارزۇلىرىملا بار. بۇ نەرسىلەرنى سىزگە تولۇق ئېيتمىدىم.

— ئۇلار سىزنى زادى نېمىشقا شۇنچە يامانلايدۇ. قاراڭا نېمىلەرنى دېمىگەن. — دېدى زۇليا قولىدىكى ئەشۇنىق ۋاراقلىرىنى سۇپىغا تاشلاپ. — سىزنى بىلمىگەن ئادەم بۇ نەرسىلەرنى ئوقىسا سىز بىلەن گەپلىشىش توگۈل، سىزگە قاراشتىنمۇ قورقىدۇ. پۈتۈن يامانلىقنى سىزگە چاپلىغان، ھەتتا مۇنۇ كىچىككىنە قىزىڭىزنىمۇ ھاقارەتلىگەن. مەن بۇ بىشەملىككە چىدىمىغىدەكمەن. تېگىشلىك جايىغا بىرىپ سىز توغرۇلۇق سۆزلىشەي دەيمەن!

— ۋاقتى ئەمەس! — دېدى ئەلا ئەشۇنىق ۋاراقلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ. — ئەرزىمەيدۇ. ئۇلارغا ۋاقىت ۋە زېھىن سەرىپ قىلىشنىڭ ئۆزى بىر بىمەنىلىك!

زۇليا ئالدىراپ يەردىكى ۋاراقلەرنى يىغىشتۇردى-دە:

— ئوقىماڭ. ئەكىلىڭ. مەن بۇ نەرسىلەرنى ھېچكىمگە ئوقۇشقا رۇخسەت قىلمىدىم. سىزمۇ ئوقۇماڭ! — دېدى.

ئەلا زۇليانى چۈشەندى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ئەلانىڭ دىلىنى غەش قىلىدىغان. ئۇنى ئازابلايدىغان نەرسىلەر بار. زۇليا ئەلانى روھىي ئازابتىن ھىمايە قىلماقتا ئىدى.

شۇ ئاخشىمى كۈندىكىدەك يېزا ياشلىرى كېلىشتى. ئۇلار زۇليانىڭ ئالتە پارچە ئىكمەت سېلىنغان مېھمانخانىسىدا يېرىم كېچىگىچە ئىلىم، تارىخ، سەنئەت يېڭىلىقلىرى ئۈستىدە پاراڭلاشتى. يېزا ياشلىرى ئەلادىن ھەر كۈنى يېڭىدىن-يېڭى گەپلەرنى ئاڭلايتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئەلا ھەممە بىلىملەرنىڭ قوشۇلمىسى، بىر بىلىم غەزىنىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرلىرى تارىخ، بىرلىرى جۇغراپىيە، بىرلىرى دىن، بىرلىرى سىياسەت، بىرلىرى ئاسترونومىيە، بىرلىرى ئاتوم، ئېلېكترونلۇق ھىسابلاش ماشىنىسى، يەنە بىرلىرى زور تارىخىي ۋەقەلەر قاتارلىق مەسىلىلەرگە قىزىقاتتى. ئەلا ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا قىزىقارلىق، ئېنىق ۋە توغرا جاۋاب بېرىشكە تىرىشاتتى. بىلمىگەنلىرىنى ئەتىگە قالدۇراتتى-دە، كېچىلەپ كىتاب كۆرۈپ ئۇنىڭغا جاۋاب تاپاتتى. ئەلا بۇ ياشلار بىلەن بىللە بولۇشنى كۆڭۈللۈك بىلەتتى.

ئۇ خۇددى ئالىي مەكتەپ دەرس مۇنبىرىدە سۆزلىگەندەك زوق ـ شوق، قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەيتتى. ياشلارغا سۆزلەۋاتقاندا ئۇ ئۆزىنى بىر مۇھىم ئىش بېجىرىۋاتقان، شۇ بېجىرىۋاتقان ئىشىدىن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىۋاتقان كەسىپ ئەھلىدەك ئۆز ئىشى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئۇ باللارنىڭ ئاددىي سوئاللىرىغىمۇ ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ ۋە ھەغدادىغا يەتكۈزۈپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇنىڭ جاۋابلىرى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ پۈتۈن مەھەللىگە، ھەتتا باشقا يېزىلاردىكى ئىلىم خۇمارلىرىغا تارقىلاتتى. بەزىدە ئۇنى يىراق يەرلەردىن ئادەملەر ئىزدەپ كېلىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى. بۇ يەرگە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن كېلىپ قالغان ئۇۋەنگە چۈشكەن كادىرلار، ھەر خىل كەسىپلەر، مولللار ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئەلاغا سۆزلەپ بېرىشەتتى. ئەلا بۇ سۆھبەتتىن ھايات توغرىسىدا قىزىقارلىق خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇراتتى. ئۇ ئەتىگەن نورىدىن تۇرۇپ چەت ئەل تىلى يادلاش، كۈندۈزى بىرىلىپ قەدىمكى ئەدەبىي كىتابلارنى تەتقىق قىلىپ ئىلمىي ماقالىلەر، ئىزاھلار يېزىش، كەچتە كىتاب كۆرۈش، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىق كۆڭۈللۈك ئىشلار بىلەن بولۇپ، ھازىر جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئويلاپمۇ قويمايتتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى توغرىسىدىكى گېزىت ـ ژۇرنال، تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى ئوقۇپمۇ قويمايتتى. ياشلار بۇ توغرىدا بەزىدە تالاش ـ تارتىش باشلىسا ئۇ بىر چەتتە يالغۇز ئولتۇرۇۋېلىپ مۈگدەپ پەدىلەرگە تەمبۇرىنى جىرىڭلىتىشقا باشلايتتى. ياشلار بۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىنى ئاسانلا ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئالماشتۇراتتى ـ دە، يەنە ئەلانىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى. بۈگۈن ئەھۋال باشقىچە بولدى. ئۆيگە كىرگەن ياشلارنىڭ تولىسى خاپا، چۈشكۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرلىرى ئەلاغا گۇمان ۋە ئەندىشە بىلەن قارىشاتتى، بىرلىرى ھەتتا غەزەپلىك ئىدى. ئۇلار جىمجىت ئولتۇرۇپ سىنچاي ئىچىشتى. بىردىنلا ياقۇپ ئىسىملىك دوغلاق، قېلىن كالپۇك يىگىت ئەلاغا قارىدى ـ دە:

— ئەلا ئاكا! — دېدى ئۇ كىچىك كۆزلىرىنى ئەلاغا تىكىپ، — ئېيتىپ بېرىڭا، دىلئارامنىڭ ئانىسى قانداق قىلىپ ۋاپات بولغان؟

ئەلا بۇ كۈتۈلمىگەن سوئالنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ قالدى ـ دە، ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى:

— بۇ ئىش ساڭا نېمىگە لازىم بولۇپ قالدى؟ — دەپ سورىدى.

— بىز بۈگۈن ھېلىقىلاردىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇرغۇن تالاش ـ تارتىش قىلىشتۇق. قىزىنىڭ ئانىسى راستلا سىزنىڭ سەۋەبىڭىز بىلەن ئۆلگەن بولسا، بۇ ئىش ئۈچۈن سىز جاۋاب بېرىشىڭىز كېرەك. بىز سىزنى ھەرگىز قوغداپ قالالمايمىز!

ئەلاغا ھەممە كۆزلەر تىكىلدى. ئەلا گەپ قىلماي، بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى.

— قىزىڭىزنىڭ ئىكاھلانمىغان ئانىدىن تۇغۇلغانلىقى راستمۇ؟

ئەلا بىردىنلا تاتىرىپ قارايدى. ئۇنىڭ چىرايىنى ئازاب بۇلۇتلىرى قاپلىدى. ئۇ يەنىلا جاۋاب بەرمىدى.

ياقۇپ خۇددى ئەيىبلىگۈچىدەك قوپال ۋە ئاچچىق ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئاۋادا سىز قىزىڭىزنىڭ ئانىسىنى ئالدىغان بولسىڭىز. ئۇ بىچارە ئالدانغىنى ئۈچۈن ئەلەمگە چىدىماي ئۆلۈۋالغان بولسا، ئۇنى ئاز دەپ مۇنۇ كىچىككىنە قىزدىن ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ ھازىرمۇ ئالدامچىلىق قىلىۋاتقان بولسىڭىز، بىز سىزنى خاتا چۈشەنگەن بولۇپ چىقىمىز. ئەمەلىيەتتە سىز بىزنىمۇ ئالداۋاتقان بولۇپ قالىسىز ـ دە!

— ياقۇپ! — باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى — ئېگىز بويلۇق، چىرايلىق يىگىت ياقۇپنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويدى. — سەن نېمىلەرنى دەۋاتىسەن. ئالدانغانلىقىڭغا كۆزۈڭ يەتكەن بولسا قاسساپنىڭنى كۆتەرگىن. بېرىپ ھېلىقى قىزىل قوغدىغۇچىلارغا قوشۇل.

— يالغۇز مەنلىمۇ؟ — دېدى ياقۇپ مۇئەللىمگە گۈلىيىپ، — سەنمۇ ئالدانغان. ھەممىمىز ئالدانغان!

— سەن نېمىشقا ئەلا ئاكامنى رەنجىتىسەن، نېمىشقا ئۇنىڭ تۇرمۇش ئىشىغا ئارىلىشىسەن. ساڭا بۇ ھوقۇقنى كىم بەردى؟

— كىم بېرەتتى؟ ۋىجدانىم، — دېدى ياقۇپ غەزەپلىنىپ، — مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەچكە ئۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغانمەن. ساختىلىق بىلەن سايلىقنىڭ بىر ئۆلچىمى بولىدۇ. ئۇ بىر ئادەمنىڭ ھاياتقا ئۇتقان مۇئامىلىسىدە ئىپادىلىنىدۇ!

— تەكشۈرمىگەنىنىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يوق! — دېدى دۆڭ بوغالتىرى ئىككى مەڭزىدىن قان ئېتىپ تۇرىدىغان. ئەلا بىلەن دىمەتلىك يىگىت، — ھەر قانداق خۇلاسە تەكشۈرۈشنىڭ بېشىدا، ئەمەس، ئاخىرىدا چىقىدۇ. ئەلا ئەپەندىم، بىزگە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بەرگىنى يوق. بىزمۇ تەلەپ قىلمىدۇق. تۇرمۇشتا ئۇرغۇن سىرلىق ئىشلار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۆمۈر بويى بىرسىگە تىنماي قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. تۇرمۇش دېگەن تولىمۇ نازۇك نەرسە، سېنىڭ خۇددى كىچىك بالىنى سوراققا تارتقاندەك ئەلا

ئەپەندىمگە سوئال قويۇشنىڭ تولىمۇ قوپاللىق، شەخسەن مەن ئەلا ئەپەندىمگە ئىشىنىمەن، ئەپەندىم رۇخسەت قىلىڭ. مەن بىر سوئال سوراپ باقاي، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھاياتى توغرىسىدا بىزگە سۆزلەپ بېرىشنى ئويلىغانمۇ.

— ياق! — دېدى ئەلا يەرگە قاراپ، — بۇنىڭ ھاجىتى يوق، مەن ساپ. خەلق ئالدىدا، ۋىجدان ئالدىدا خىجىل بولىدىغان ئىش قىلغىنىم يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھىمايىگە مۇھتاج ئەمەسمەن، ئېلىمگە، سەنئەتكە ئىشلىگەن ھەر قانداق ئادەمنى ھۆرمەتلەيمەن، ئىشىنىمەن. ماڭا گۇمان بىلەن قارىغانلار يالغۇز ياقۇپلا ئەمەس؛ مەن ئۇلارغا ۋۇزەمنىڭ ساپ ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە ئالدىرىمايمەن. ۋاقىت. ئەمەلىيەت ئۆزى ئىسپاتلايدۇ. يالغان بوياق بەربىر ئۆڭىدۇ. دۇنيادا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي رەڭگىنى ئاشكارىلىمايدىغان نەرسە يوق. كۆزى ئۆتكۈر كۆزەتكۈچى ھامان ئۇنى كۆرەلەيدۇ.

ياشلار تارقالغاندىن كېيىن ئەلا ئۇزاقىچە باغ ئايلاندى. ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىماسقا، كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ئەسلىمىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا قانچە تىرىشىپ باققان بىلەنمۇ تۇرمۇش ئۇنىڭغا يول قويمىدى. ئۆزىنى ئېغىر ئىشقا جەلپ قىلىش يولى بىلەن تۇرمۇشىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئەسلەشكە ۋاقىت قويماسلىق ئۈچۈن ئۇرۇنغىنى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت ئۇنىڭغا ھامان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى يۈرۈتۈپ تۇراتتى. دېمەك ئىنساننىڭ غەمدىن خالاس بولۇشى دەرەخنىڭ شامالدىن ساقلىنالمىغىنىغا ئوخشاشلا بىر ئىش ئىكەن.

باغ جىمجىت، ئايسىز ئاسمان ئېنىق ۋە سىرلىق. پۈتۈن يېزا ئۇيقىدا، يىراقتىن ئىلى دەرياسىنىڭ غەمكىن ناخشىدەك شارقىرىشى ئاڭلىنىدۇ. دەريا ئۇنىڭغا ئادىلەنى ئەسلەتتى. ئادىلە لەنجۇدىن قايتىپ كېلىپ ھاياتقا چىقىش يولى تاپالماي ئۆلمەكچى بولۇپ دەرياغا ئۆزىنى تاشلىغان. لېكىن بىرسىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ ھايات ئىكەن، ئۇنى بىرسى قۇتقۇزۇۋېلىپ قالغان. ئۇ ھازىر يىراق بىر يېزىدا، ياشانغان بىرسىگە تۇرمۇشلۇق بولغانمىش ... ئەلانىڭ يادىغا ئادىلەنىڭ خۇاڭخې دەرياسى بويىدىكى خۇشچاقچاق كۈلكىلىرى، قويۇق، گۈزەل قىرقىم-بۇدرە چاچلىرى كەلدى. ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا گۈزەلئاينىڭ زىلۋا قامىتى، دالىيەن باڭچۇيداۋ ئىستىراھەتخانىسىدىكى قويۇق ئورمانلىق، دېڭىز ياقىسى، قىزنىڭ خۇمارلاشقان بەختلىك كۆزلىرى كەلدى.

«بىزنى بىر-بىرىمىزدىن ئايرىۋەتكەن زادى قانداق بىر كۈچ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۆز-ئۆزىدىن. — مىجەزىمىزدىكى كېلىشمەسلىكمۇ؟ ياق، ياق بۇ كېلىشەلمەسلىك بىزنى شۇنچە ۋەيرانچىلىققا سالغىدەك كۈچ ئەمەس، مېنىڭ كۈنچىلىكىم، ئىشەنمەسلىكىم ئۇنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن كېلىپ چىققان ئىدىمۇ؟ گۈزەلئاي نېمىشقا بۇنى چۈشەنمىدى؟ ئۇنىڭ مەندىن كۆڭلى سوۋۇپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن بولسا ئۇ نېمىشقا تېخىچە ماڭا نورمال مۇناسىۋەت قىلمايدۇ. «تىرىلىش» رومانىدىكى ماسلوۋانىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم شارائىتلاردا نېخليۇدوۋنى سۆيۈشى. لېكىن سۆيگەنلىكى ئۈچۈن نېخليۇدوۋنى سوغ قارشى ئېلىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىشنى رەت قىلىشى گۈزەلئاينىڭ ماڭا تۇتقان مۇئامىلىسىگە ئوخشاپ كېتەمدىغۇ. دېمەك مېنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن سوغ مۇئامىلە قىلىۋاتقان. مېنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن رەقىبى ئىزدىگەن باھانە بىلەن ئاھىيگە چىققان بولىشىمۇ؟ مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋە سۆيۈملۈك ئوغلۇمنىڭ ئالدىغا كىرمەيمەن. نېمىشقا ئۇلارغا يېقىنلىمايمەن. بۇ كاجلىق ھېسابىغا ئۇلارنى قىيناشنىڭ ئۆزى مېنىڭ گۇناھلىق. رەھىمسىز ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرمەمدۇ؟ گۈزەلئاي ئۆزىنىڭ مەغرۇرلۇقى بىلەن مېنىڭ ئالدىغا بېرىشىمنى، يالۋۇرۇشۇمنى، ۋەدە بېرىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بولسا مەن نېمىشقا يەنە ئۇنى كۈتكۈزىمەن؟...»

قاراڭغۇ تۈن ئۇنىڭ قايغۇسىنى، پۇشايمان، ئەپسۇس بىلەن تولغان كۆز ياشلىرىنى يوشۇردى. ئىللىق كۈز شامىلى بۇ ياشلارنى سۈرتۈپ قۇرۇتتى. ئۇ ئۇزاق خىيالدىن كېيىن بىر قارارغا كەلدى-دە، ئۆيىگە كىرىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قىزىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى. قىزى ئۇنىڭغا ئۆرۈلۈپ بۇدرۇق قوللىرى بىلەن دادىسىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىدى. ئۇلار شۇ قۇچاقلاشقان پېتى ئۇخلاپ قېلىشتى.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئۇ زۇلياغا ئۆز پىكرىنى ئېيتتى. ئۇ زۇلياغا تىكىلىپ قارىدى. زۇليا خۇددى بىر مۇھىم ئىشقا دۇچ كەلگەندەك تەڭقىسلىقتا قالغانىدى.

— شەھەرگە كىرمىسىڭىز قانداق بولاركىن، — دېدى ئۇ خېلى جىمىلىقتىن كېيىن، — سىزنى تۇتماقچى بولۇپ چېپىشىپ يۈرۈشسە، سىز ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسىڭىز بىر پالاكەت بولارمىكىن!

— مەن يوشۇرۇنالايمەن. دەريا ياقىلاپ، ياكى سال بىلەن كىرىمەن-دە. كېچىلەپ قايتىپ چىقىمەن!

— مېنىڭچە كىرمەڭ! — دېدى زۇليا كەسكىن قىلىپ، — ھېچ بولمىسا كېلەر يىلى باھاردا كىرىڭ. ئاڭغىچە جاھانمۇ ئۆزگىرىپ قالار.

— ئۇلار شەھەردە قىينالماقتا، زۇليا ئاكا، مەن جىق ئويلىدىم، نېمىلا بولمىسۇن مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا مېنىڭ گۈزەلئاي

بىلەن ئوغلۇمنى شەھەرگە تاشلاپ قويۇپ خاتىرجەم بولالمايمەن!

— ياق، بۇيىل قىش چىققىچە سەۋر قىلىڭ!

— ئانداق بولسا مەن يەنە مەكتەپكە كۆچۈپ باراي، سىزنىڭ ئۈيىڭىز گۇمانلىق بولۇپ قالدى. ئۇلار سىزنى ھەر قانداق ۋاقىتتا ئاۋارە قىلالايدۇ. سىز ھېلىقى مېنى تۇرغان جۇرىنغا ياخشى گەپ قىلىپ قويۇڭ. ئۇ مېنى قوغداپ قالالايدۇ.

زۇليا خېلى ئويلاندى. دېمىسىمۇ مەكتەپ ئادەمسىز. ھېچكىم ئەلانى ئۇ يەردە دەپ گۇمان قىلمايتتى. ئەلانى شۇ يورۇنقى ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ساقلاپ، ياشلار ئارقىلىق مۇھاپىزەت قىلىشقا توختىدۇق. ئۆز ئۆيى بولسا ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ئۆي.

ئاخىر ئەلا يەنە ئۆز يانىغا كۆچتى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن جاھان خېلى تىنجىپ قالدى. چۈنكى 1967 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا غۇلجا شەھىرىدىكى بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى باستۇرۇپ، بىر نەچچە بىنانى كۆيدۈرۈپ، شەھەرنى تىنجىتتى. ھازىر ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ «ئىنقىلابىي كومىتېت» قۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كېتىشتى. مانا مۇشۇ «تىنچ» ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئەلا ئۆزى تۇغۇلغان يېزىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۇ يەردە يازغان خاتىرىسىنى ئۆز نەدە كىتابىمىزغا قىستۇرۇپ قويۇشنى لايىق كۆردۇق.

## ئالتىنچى باب ئۈچرىشىش

1

مانا مەن يۇرتۇمدا خاتىرە يېزىۋاتىمەن.

ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭ. ئۇنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى ياپىشلاپ ياتقان بوۋايدەك كۆرۈنۈۋاتقان قاپاق تېرەكلەر، ئۆستەڭنىڭ يازلىقى لىپىقىپ، كۆزلۈكى تىنىپ ـ سۈزۈلۈپ ئاقىدىغان تەملىك سۈيى، قاپاق تېرەك ئاستىدىكى كىچىككىنە ئۆزگۈن ... ھەممىسلا خۇددى مېنىڭ بالا ۋاقتىمدىكىدەك ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ. پەقەت باغلا ئۆزگەرگەن: ئۇنتۇرىسىدىكى مېۋىسى ھەم تۇششاق، ھەم چۈچۈك قىرى ئاق ئالمىلا مومايدەك دۈمچىيىپ، مۈكلىنىپ قاپتۇ. ئۇ 1958 ـ يىلقى داغدۇغىلىق «يولات ئاۋلاش ھەرىكىتى» دە بىمەھەل كېسىلىپ كەتكەن قىرى قارىياغاچلار ئۈچۈن ھازىدارمىكىن؟ ياكى ئېتىز ـ ئېرىق، مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش دولقۇنى يېتىپ كەلگىنى ئۈچۈن قىنى قىزىغان دېھقانلارنىڭ رەھمىتىنى كەتمەن ـ پالتىسى ئۇنىڭغا ۋەھىمە سېلىۋاتامدىكىن؟ ...

مانا ئىزغىرىن شامال.

كەچ كۈزنىڭ كۆڭۈلسىز، زىمىستان يۇرتقى ئارىلاشقان نەشتەرلىك شامىلى مېنى بۇ يەردىن ھەيدىمەكتە. ئۇنىڭ زەربىسىدىن ئۆستەڭنىڭ شاۋقۇنسىز، ئېرىنچەك سۈيى تىترەپ، جىمىرلىغان چەمبىرەكلەر پەيدا قىلىپ، خۇددى ھېلىلا توختاپ، تويۇپ قالىدىغاندەك شۈمشەيدى، دارغا ئېلىپ كېلىنگەن گۇناھكاردەك يالىڭاچلانغان قىرى تېرەكلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى شاخلىرىدا كۆكىرىپ تۇرغان ياپراقلار يەرگە قاراپ نارازى ھالدا ئاستا پىلدىرلاپ چۈشمەكتە. مېنىڭ ئۇلارغا ئىچىم ئېچىشتى. ئۇلار ئاپرېلنىڭ ئاخىرىدىن نويابىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئاشۇ كۆك بىلەن مۆكۈدەكتە ئىشلىغان شاخلار ئۈستىدە يەتتە ئاي چاۋاك چېلىپ پىلدىرلاشقان ئەمەسمىدى؟ ئۇلارنىڭ تەقدىرى مېنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ قالغىنى نېمىسى؟ ھاياتنىڭ قاتتىقىگە خىلاپلىق قىلمىدۇق، گۈزەللىك، ئىستىقبال ئۈچۈن ئىنتىلدۇق، ئاقىۋەت قېپقالدۇق. شېخىمىز، يەرگىمىز بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلاشتۇق. مانا ئەمدى بىزگە ئۈمىد ـ ئارزۇ، ھەتتا ھاياتمۇ يات! ھايات بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىۋاتقان نائۈمىد ئادەمدەك ئاسمانغا قارىدىم: ئاسمان خۇددى كىر سۈيى چېچىۋەتكەن ئەينەكتەك خىرە، كۆرۈمسىز، قىزغۇچ پارچە بۇلۇتلار ئاستىدا قاغىلار ئەنسىزلىك بىلەن ۋارقىرىشىپ شۇڭغۇشماقتا. ئىزغىرىن كەچ كۈز شامىلى كۈن پېتىشنىڭ تۇمانلىق ئۇيۇق قىرغىقىدىن كۈچ بىلەن ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. ئاسمان بارغانسېرى سەتلەشمەكتە. چاڭ، پاخال ـ چاۋا، قەغەز پارچىلىرى مانانلىق ھاۋا قاتلىمىدا ئۇچماقتا. مەن غەربكە قارىدىم ـ دە، بىردىنلا بەزگەكلىكى تۇتقان ئادەمدەك تىترىدىم. مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇم بىلەن ئۇنىڭ مېھرىبان، تەرسا، ئۆزۈمچىل ئانىسى ئاشۇ تۇمانلىق شەھەردە پاناھسىز، يۆلەنچىسىز ھالدا كەلگۈسىنىڭ شەپقەتسىز ئاقىۋەت بىلەن كۈتۈپ ياشىماقتا. ئېھ، گۈزەللىك چىبلەك بىلەن گېپى يامان ئۈستىلارغا لاي توشۇپ قورۇلۇشتا ئىشلەپ كۈنىگە بىر سوم سەكسەن تىيىن تىيىش بولىي بىلەن ھايات كەچۈرىمەن دەپ شۇنچە يىل ئوقۇغانمىدىڭىز، ئىزغىرىن شامالىلار سىزنىمۇ جىم قويمىغاندۇر ـ ھە؟ مېنىڭ قارا كۆز ئوغلۇمنى بۇ كۆڭۈلسىز كۈنلەردە نېمە بىلەن قۇۋاندۇرۇۋاتىسىز؟ ئۇنىڭ ھاياتتىكى سىرلىق ئىشلارنى چۈشىنىشكە قىزىقىپ يەتمەيدىغان يۇمران، پاك قەلبىنى ئاۋۇندۇرىدىغان ئاتلىق ھارارەتكە باي گەپلەرنى نەلەردىن ئىزلەۋاتىسىز ـ ھە؟

بىز نېمىنى خاتا قىلدۇق ۋە نېمە ئۈچۈن تۇرمۇشنىڭ كەچۈرگۈسىز جازاسىغا يولۇقتۇق. بىز ئۈچۈن جۇدالىقنى باشقىسىنىڭ ھەممىسى بەخت ئىدىمۇ؟ ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن چۆلدە، دېھقانلار ۋابادىن قاچقاندەك يىتىراۋاتقان بىر خىلۋەت يېزىمۇ بىزگە يەتكۈدەك خۇشاللىق، ھارارەت، بەخت ئاتا قىلغان بولاتتى، بىز نېمىشقا ھايات كەچۈرۈشنىڭ مۇشۇ ئەڭ تۆۋەن تەلىپىگىمۇ ئېرىشەلمەيمىز؟ سىز كۆڭلۈكچى، مەن ھارۋىكەش، ھەر ئىككىمىز جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بىزنىڭ كۆڭلىرىمىز ۋەھىمىلىك، ئىشەنچسىز. بىزدەك ئادەمنىڭ بالىسى نېمە بولماقچى؟ ئۇنىڭ ئاۋۇ ئۇمانلىق ئاسماندا پىلدىرلاپ يۈرگەن سىرىق ياپراقتىن قانچىلىك پەرقى بار ـ ھە؟

كۆزلىرىم ئېچىشتى، ئەلەمدىنمۇ ياكى سوغۇقتىنمۇ؟ بۇنى بىلىشنىڭ پايدىسى قانچىلىك، بەرىبىر ئەمەسمۇ؟

— ئەلا ئاكا، دادام سىزنى بىر چىنە چاي ئىچىپ چىقامدىكىن دېگەنىدى.

ھۇدۇققان، ئالاقزادە قىزنىڭ نازۇك ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن شۇ چاغدىلا ھوشۇمغا كەلدىم.

— رەھمەت سىڭلىم! — دېدىممەن قىزغا قايرىلىپ، — بىكارلا ئاۋارە بوپسىلەر.

بۇ قىز ئۆمەر نەمبۇرچىنىڭ قىزى. مەن تونۇگۈن بۇ يەرگە چىقىپ ئاتا ـ ئانامنىڭ تۇپرىقى بېشىغا بېرىپ دۇئا قىلىپ قايتقىنىمدا بۇ كىچىك يېزىدا بىرىنچى بولۇپ مەن ئۇنى ئۇيلىغان، دېگەنىدەك مېنىڭ يېزىمىزغا كەلگىنىمنى ئاڭلاپ مانا بۈگۈن بىرىنچى بولۇپ ئۆيىگە چىللاپ قىزىنى ئەۋەتىپتۇ.

مەن مىننەتدارلىقىمنى بايان قىلىش ئۈچۈن قىزغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم.

— نەچچىگە كىردىڭىز جوھەرگۈل؟

— ئون ئالتىگە، — قىز لېۋىنى چىشلىدى.

— نەچچىنچى سىنىپقىچە ئوقىدىڭىز؟

— بەشىنچى . . .

— نېمىشقا كۆپرەك ئوقۇمىدىڭىز؟

— دادام ئوقۇتمىسا.

— نېمىشقا؟

— ئوقۇپ ئەلا ئاكاڭدەك بولغىچە، ئۆت ئومچىنىڭ بېغىنى باغلاپ يەتە ـ سەككىز نومۇر ئاياقنىڭ تۇزۇك دەپ . . .

قىز گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. مەن غەقلا بولۇپ قالدىم. ئۆمەر ئاكامدەك مەھەللىنىڭ بىردىنبىر مەرىپەتچىسى بۇ گەپنى قىلغان بولسا باشقا نادان دېھقانلار نېمىلەرنى دېمىسۇن. بۇ مەھەللىدە ئونىنچى سىنىپنى تۈگەتكەن تۇنجى ئوغۇل مەنمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئەقىل ـ ئىدرىكىم توغرىسىدا ئەڭ قىزىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ يۈرۈيدىغان ئىخلاسمەنلىرىمىمۇ مۇشۇ توغۇلغان يۇرتۇمدىمۇ، مېنىڭ شۇنچە يىل ئوقۇپ ئاخىر بىر دىشلۇ ھارۋىغا ئارانلا ئىگە بولۇپ كۈمۈر توشۇپ يۈرگىنىمگە ئېچىنغان، خاپا بولغان، ھەيران قالغانلار مۇشۇ يېزىدا ھەممىدىن كۆپ. مانا قىزنىڭ گېپىدىن مەلۇم بولدىكى مەن ئىززىمىدىن كېلىۋاتقان تۇرغۇن ئەقىللىق ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ يولىنى توساپ قويۇپتىمەن. يېقىنلىرىمنىڭ تىلىنى قىسقا قىلغىنىمنى ئاز دەپ جوھەرگۈلدەكلەرنىڭ ئىستىقبالىغىمۇ زىيان سايتىمەن. مانا بۇلار ماڭا ئازاب. تولىمۇ ئازاب! ئىستىقبالىم خۇددى ئاۋۇ بۇرۇقتۇم بولۇپ كۆيىۋاتقان زىمىر پاخىلدەك كۆرۈنىدىغان غەرب ئاسمىنىغا ئوخشايدۇ. يورۇقتىن، ئۈردىن دېرەك يوق، كۆڭلىرىم تۈزسىز ئۇماچتەك تەمسىز، پىكىرلىرىم چىگىش كىرگەن يىپتەك باش ـ ئۇچسىز، ئىنسان، غايە ۋە ئۈمىد بىلەن ياشىغاندىلا ھايات ئۇنىڭغا مەنىلىك، قىزىق ۋە قىممەتلىك تۇيۇلىدۇ. ئۇ نەرسىلەرسىزچۇ؟ ئۇ ھالدا ھايات توختام سۇ. ئۆمۈر ئۇنىڭدا لەيلەپ يۈرگەن چىرىك كۆتەك. ئۇنىڭ لەيلىگىنى بىلەن چۆكۈپ كەتكىنىنىڭ پەرقى يوق. ھاياتتا بۇنداق ئادەملەر ئازمۇ؟ ئۇلار تۇغۇلغاندا خۇشال بولغانلار ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ئۆلگىنىچۇ؟ قايغۇرىدىغانلار تېخىمۇ ئاز بولىدۇ. بۇ خىل ئادەملەر ھەر بىر مەھەللىدىن تېپىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغانلىقى توغرىسىدا بىرەر قىزىق ھېكايە، ياكى بىرەر بەلگە ـ نىشانمۇ قالمايدۇ. مانا بۇ خىل جان ئىگىلىرى قاتارىغا كىرىپ قېلىشتىنمۇ چوڭ پالاكەت، بەختسىزلىك بولمىسا كېرەك.

ئېغىر، كۆڭۈلسىز خىياللار بىلەن تاشقىن كۆز سۇلىرى، قېلىن ياپراقلار بېزەپ قىلىۋەتكەن كوچىدا مېڭىپ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى — ئۆمەركامنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدىم. يالغۇز قورو ـ جاي، ھويلا سىرتىدىكى تونۇر، مەنگەن ئۈستىدە لاغىپ ياتقان قېرى ئىت، سامانلىق لايدا قوپال سۇۋالغان ئۆگزىگە كۆرۈك توخۇدەك قانات يېيىپ ياتقان قېرى ئۈژمە ئۈستىدىكى قاقىلدىشىۋاتقان قاغىلار مەن بۇندىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش ئۆزگەرمەي تۇرۇپتۇ. ئەنە ئۆمەركام تېۋىلغا سوپىرگىسىنى قارىغۇ ئېغىل ئىشىكى يېنىغا تىكلەپ قويۇپ ماڭا قاراپ قوللىرىنى سوزۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ بىر كۆزى قىسىلغان، ساقال ـ بۇرۇتى ئۈسكىلەڭ، بىر مۇرىسى پاكار. ئۈگۈپ كەتكەن چىپەرقۇت ئۈچۈرگىسىنىڭ

سىرتىدىن چىگە بىلەن بېلىنى باغلىۋاپتۇ. ئۇ مېنىڭ ئەسەۋۋۇرۇمدىكى ئۆمەركام ئەمەس، ئۇ قېرىغان ۋە چۈشكۈن.

— ئەلاملۇ سەن؟ كەلگىن، كەلگىن! — دەپ كۈلدى ئۇ قېلىن لەۋلىرىنى ئىترىتىپ، — سەنمۇ كېلىدىكەنسەن. ھەر نېمە بولسىمۇ ھاياتكەنسەن ئۇكام، قېنى ئۆيگە.

گۈللىرى ئۆچكەن ئىككى پارچە ئېكمەتتىن باشقا ھېچنېمە يوق دېگۈدەك چوڭ مېھمانخانىغا كىردىم. ئۆيۈق-لىمتاقلار قۇرۇق، ئىككى لىمتاق ئوتتۇرىسىدىكى قوزۇقتا ئىلغىلىق تۇرغان ناسۋال قاپىقىدەك پارقىراق تەمبۇرلا كىشىنىڭ كۆزىگە تاشلانمىسا بۇ ئۆي گويا مەن كىچىكىمدە ئوقىغان دىنىي مەكتەپكىلا ئوخشاپتى.

— ئۆزگەرمەپسىز ئۆمەركا، — دېدىم مەن دۇتا ۋە تارانچى يوسۇنى بويىچە ئۇزاق تىنچ-ئامانلىق سورىلىشىشلاردىن كېيىن يىگباشتىن قوراق كۆرپە ئۈستىدىن ئورۇن ئېلىپ، — ئۆيمۇ، سىزمۇ خۇددى بۇرۇنقىدەكلا تۇرۇپسىلەر، باللار كۆپىيىپتۇ ناھايىتى!

— باللارلا ئەمەس، — دېدى ئۆمەركام تەمكىن، مەنىلىك سۆزلەپ، — باشقا نەرسىلەرمۇ كۆپەيدى. مىسالى، غەم، ئەندىشە، جەۋرى-جاپا، قەرز-پەرز دېگەنلەرمۇ كۆپەيدى ئۇكام. ھى، ھى، ھى ... لېكىنزە نائۈمىد ئەمەسمەن. ئۈچ قىز، ئۆت ئوغلۇم بار، خۇشلۇقۇممۇ، بايلىقىممۇ، ئۈمىدىممۇ شۇلار.

ئۆمەركام سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ ئاۋازى ماڭا بۇرۇنقىدەك جاراڭلىق، جەزبىلىك تۇيۇلمىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدا بوۋايلارغا خاس قانائەت، سەۋر-تاقەت ۋە مۇڭ بارلىقىنى سەزدىم. ئۇ قېرىغان. ئۇنىڭ بۇندىن ئون نەچچە يىل بۇرۇنقى خۇشخۇي، جۇشقۇن ۋە قىزغىنلىقىمۇ ئۆپرىغان، «ئەجەبا، — دەپ ئويلىدىم مەن ئەلەم بىلەن مەيۇسلىنىپ، — ئىنسان قېرىغاندا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆزىگە خاس ئالامەتلەرمۇ، قابىلىيەت، پەزىلەت ۋە يوشۇرۇن گۈزەللىكلىرىمۇ بىللە قېرىمدىغاندۇ-ھە؟ ھەۋەس، ئىشتىياق قېرىغىنىغا ئوخشاش ئىنساننىڭ ھاياتقا بولغان تەلپىمۇ قېرىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ ...»

— قېنى چايغا باق، — دېدى ئۇ خۇددى مېنىڭ ئويلىرىمنى بىلىۋالغاندەك ماڭا قاراپ قويۇپ، — قانداق قېرىپتىمەنمۇ؟ ھەي، ئەلا تېزلا قېرىپ كەتتىم. ھېلىقى چاغدا سېنى مىنگەشتۈرۈپ ئارا ئۆستەڭگە ئېلىپ بارغان ئورۇق بايتالدىنمۇ قاشاڭلىشىپ كەتتىم. لېكىنزە، بۇ كوممۇنا دېگىنى بىزنى تولىمۇ تېلىقتۇرۇۋەتتى. خۇددى زاغرىدىن بىزار بولغاندەك كوممۇنادىنمۇ جاق تويدۇم ئۇكام. ئادەمنىڭ بەغەرەزلىرىنى باشلىق قىلىپ قويىدىكەن، جان ھەلقۇمغا يېتىپ دوختۇرغا كۆرۈنەي دەپ بەتتىسگە تازىم قىلىپ، ئىككى سوم قەرز سوراپ بارساڭ، ئالتە باشلىقتى بېرىم كۈن مۇزاكىرە قىلىپ ئارانلا جاۋاب بېرىشىدۇ. بۇرۇنلاردىچۇ؟ بىر مەشرەپتىلا بىر قوينىڭ پۇلى ئۆرزۇم چۈشەتتى. بانچۇق دۆلۈك، قورساق توق، كۆڭۈل خوش. ئەگىلا بارسام ئادەملەر «ۋاي ئۆمەر تەمبۇر، ۋاي ئۆمەرجان» دېيىشىپ تۆرنىڭ كاللىسىنى ماڭا بوشىتاتتى. ھازىرچۇ؟ باشقىغا چامىم يەتمەي بىر يىل ساتقىغا كۆزەتچىلىك قىلىۋىدىم. ئىسمىم ئۆمەر قارانچۇق بولۇپ قالدى. بۇلتۇر بىر يىل ئۆگمەنگە قاراۋىدىم، مانا ئەمدى ئۆمەر سەرگەي (سىرگىي دېمەكچى) دېيىشىۋالدى. بوۋەكلىك قىلىپ يۈرۈپ ئوتتۇز ئالتىگە كىرگەندە ئۆيلەندىم. باللارنىڭ چوڭى ئارانلا ئونبەشكە كىردى، ئۇمۇ قىز تېخى. ئەقىللىق قىز بولۇۋىدى، ئومۇرغا ئىشلەپ ئوقۇشتىن قالدى. سېنىڭ بۇ يەردىن چىقىپ كەتكىنىڭگە ئون يەتتە يىل بولدى ئەلا. ئوتتۇزغا كىردىڭ، قارىغىنا سېنىڭمۇ چېچىڭغا ئاق كىرىپتۇ. ھەي، ھېچبىر راھەت-پاراغەت كۆرمەيلا ئالەمدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز!

— ئۇنداقمۇ بولماس!

بۇ گەپنى ھەم ئۆمەركامغا، ھەم ئۆزەمگە تەسەللىي بېرىش ئۈچۈنلا ئېيتتىم.

چۈشتىن كېيىن ئۆمەركام مېنى قوناقلىققا باشلاپ باردى. مەن كۆڭلۈمدە ئادەملەر مەن بىلەن قول قىسىشىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن مەن ئويلىغاندەك بولمىدى. ئادەملەر قوناق شېخى ئالىشىش بىلەن بەنت ئىكەن. ھېچكىمنىڭ ماڭا چولىسى تەگمىدى. بىرلىرى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن چىقىپ قوناق شېخى باغلاپ شاخنى بىر يەرگە يىغىۋاتقان. يەنە بىرلىرى ھارۋا تالىشىپ ياقىلىشىۋاتقان. يەنە بىرى شاخ ئورۇۋاتقان. ھەتتا بەش-ئالتە ياشلىق باللار بىلەن مۈكچەك بوۋاي-مومايلارمۇ خۇددى شىرنىلىق تاۋۇز شاپىقىغا چاپلاشقان ھەرىلەردەك قوناق شېخىغا يېپىشقان. بىرمۇ بىكار ئادەم كۆرۈنمەيتتى.

پەقەت بىرلا ئادەم قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، بىردە ئاغىل-تاغىل ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ، مەس بۇقىدەك ئۇياقتىن-بۇياققا ئالدىراش مېڭىپ يۈرەتتى.

— ئاۋۇ كىم ئۆمەركا؟

— ھۆپىگەردە! — دېدى ئۆمەركام تەنە بىلەن كۈلۈپ قويۇپ. — تونۇپ باقە. ئۇ كىم؟

مەن ئۇنىڭغا يىراقتىن سىنچىلاپ قارىدىم، ئۇ كىرلەشكەن ماشرەڭ شىم-ئۈچۈركا، چېكىلىكى خورازنىڭ تاجىسىغا ئوخشاپ قالغان ھەربىيچە شەپكە، پۇتىغا چوڭخەي كىيىپ مۈرىسىگە ماشرەڭ بېرزىنت سومكا ئېسىپ، بېلىگە قىزىل بەلگە تاقىۋالغان. ساقال-بۇرۇتى ئۆسكەلەك، چىرايى

سۈرلۈك ئادەم ئىدى.

— تونيالمىدىم، كەسىپ ئالماشتۇرغان ئوفىستىر غۇ دەيمەن.

— ھا، ھا، ھا! ... — ئۆمەركام كۆزىدىن ياش چىققىچە كۈلدى، — راست ئالماشقان، دۈتلۈكتىن ساراڭلىققا ئالماشقان ھا، ھا، ھا ...!

— ئۇ كىم ئۆمەركا؟

— ئىباتاز ئەمەسمۇ!

— ۋۇي، ھېلىقى بىرىنچى سىنىپتا ئوت يىل ئوقىغان ئىبامۇ؟

— ھەئە، جىق ئوقۇغىنى ئۈچۈن ھازىر ئۇ داڭزىنىڭ سىكىلىتارى(1)!

— ھا، ھا، ھا ...! — مەنمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتىم، — مۇنداق دەڭ.

— شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن مەھەللە قوناق شېخىغا دۈم چۈشتى - دە! ھەي ئىبا! مەيەرگە كەل، ياخشى ئاماكا بار. بىردەم ئارام ئېلىۋال!

ئىبا يېنىمىزغا كەلدى. ئۇ ماڭا ھومىيىپ قارىدى. مېنىڭ قىزغىن سالىمىمغا پەرۋا قىلماستىن خۇددى بالا ۋاقىتلىرىدا مەن ئۇنى سىنىپتىن كۆچۈرمىگەندەك ماڭا ئۆچمەنلىك بىلەن چەكچىيىپ قاراپ قويدى.

— قانداق ئىبا؟ — دېدىم ئۆز كۆرۈپ.

— ئۆزۈڭچۇ؟ نەچچە كۈنلۈك رۇخسەت ئېلىپ كەلدىڭ؟

— رۇخسەت سورايدىغان ئۇنىڭ ئىبا شۇجىسى بولغەن ئەمەسمۇ؟ — ئۆمەركام مازاق ئارىلاش كۈلۈپ قويدى.

— ئىبا شۇجىسى بولمىغىنى بىلەن خوجا ئاكىسى بار. بىلمەيدۇ دەمسەن، ئۇ ئوت خىللار بىلەن ئىشلەيدۇ. ھارۋا ھەيدەۋاتامسەن؟

— ھەئە.

— ساڭا ياخشى ئىش تېگىپتۇ ئەلاۋاي؛ — دېدى ئۇ خۇددى ھەر بىر سۆزنى ئېغىزدىن دوملىتىپ چىقىرىۋاتقاندەك دومساراپ - چىڭقىلىپ، — ئاكوپ كولاشقا سالماپتۇ. ھېلىمۇ؟

— يېنىڭ بولۇپ قالغان بولسا قوناق شېخىڭنى توشۇتتۇۋال، — دېدى ئۆمەركام بىردىنلا خاپا بولۇپ، — تېتىقسىزنىڭ گېپىنى! گۆھەرنى لايغا پاتۇرۇۋاتسا ئىچ ئاغرىتىش يوق، دەۋاتقان گېپىنى، ساڭا ئوخشاش يوز سىكىلىتارنى يەنجىپ قويۇق ئەگلەكتىن ئۆتكۈزۈپ يۇغارسا ئەلادەك ئالىمنىڭ بىر تال ترىنقى يارالمايدۇ، بىلدىڭمۇ؟

— سەن قايسى ئوت خىلنى ماختىمىغان؟ — دېدى ئىباق ئۆمەركامغا ئالىيىپ، — شۇنداقلىقىڭدىن كۆرەش، پېپەندىن

قوتولالمايسەن!

— ئۆزەمنىڭ ئەسكىلىكىدىن ئەمەس. ساڭا ئوخشاشلارنىڭ ئەسكىلىكىدىن تولا دۈمبا يەيمەن!

— نېمە دېمەكچىسەن. پارتىينى يامان دېمەكچىمۇ؟

— نېمە دېسەڭ شۇ. قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل. ۋۇي يۈلۈندى تېرە. ئون نەچچە يىل كەلمىگەن بىر مەھەللىلىكنىڭ ئەستە بىر كەلسە دەۋاتقان گېپىنى قارا، سەندە ئادەمگەرچىلىك دېگەن نەرسە نېمە قىلسۇن!

مەن ئۆمەركامنى مەھەللىگە زومۇزو قايتۇرۇپ ماڭدىم. يولدا كەلگىچە ئۇن - تىنسىز ئادەملەر، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى توغرىسىدا ئويلىدىم.

ئىباق بىلەن كىچىكىمىزدە بىللە پادا باققان. ئۇ مەندىن بەش - ئالتە ياش چوڭ. نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ئىدى. لېكىن سازلىقنىڭ يۇمشاق چىمەنلىكىدە ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىپ ئوينايتتىم. ئۇ ماڭا قويۇق قومۇشلۇق ئارىسىدىن قولاقچە سۇغا چۆكۈپ يۈرۈپ ئۆدەك بالىسى تۇتۇپ بېرەتتى. يار بويىدىكى بۇلاق سۈيىگە چىرايلىق تۇگمەن ياساپ بېرەتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇ جۇۋاز ھۇكۇزىدەك ياۋاش. ئارىسىدىدەك ساددا، ئاق كۆڭۈل، مومايدەك كۈيۈمچان ئىدى. مەن ئىباقنىڭ پادىچى ۋاقتىدىكىدەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇ نېمىشقا بۇنداق قوپال، رەھىمسىز. تەكەببۇر بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ - ھە؟ سىكىرتار بولغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ياق، زۇلپا - ئاكىمۇ سىكىرتارغۇ؟ ئۇ نېمىشقا ئادەمگە ياقىدۇ - يۇ، بىزنىڭ ئىبا نېمىشقا خېمىغا ياندۇ - ھە؟

ئۆمەركام يولدا كەلگىچە ئىبانىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ئۇنى يامانلاپ كەلدى. ئۇ يامانلىغانسېرى مېنىڭ ئىباغا شۇنچە ئىچىم ئاغرىدى. چۈنكى ئۇ ھامان بىر كۈنى مەنسەپ. ئورنىدىن قورۇق قالىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ تولىمۇ يېتىم. تولىمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. مەن ئۆز يۇرتدىشىمنىڭ كەلگۈسىدە يامان كۈنگە قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن.

كەچقۇرۇنى قىلۇيدىن سوققان ئاچچىق شامال بىلەن قار ئارىلاش يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئۆمەركامنىڭ توخۇلىرى تورۇسى پاكار، قوشقاچ ئۇۋىسى بىلەن تولغان لاپاس، ئاستىدىن. باللىرى دالان ئۆينىڭ كېكى ۋە ئوچاق مانتىسىدىن ئورۇن ئالدى. ئۆمەركام ئىككىمىز ھېلىقى يوغان مېھمانخانىدىكى پارچە ئېكمەت ئۈستىگە تاشلانغان ياستۇقلارغا ئېغناپ پاراڭغا چۈشتۇق. ئۇ مېنىڭ ھەممىلا ئىشىمغا قىزىقاتتى. مەن ئۇنىڭغا لەنجۇ، بېيجىڭلاردا

---

(1) سىكىرتار دېمەكچى.

ئوقۇغانلىقىم، ئەسەرلەرنى يازغانلىقىم، دەرس ئۆتكىنىم. گەنجا يايلىقىدا ئەمگەك قىلغانلىقىم، دوستلىرىمدىن ھاشىر، ئوسمان، قۇرماش، رازىيە، ئەلائۇرلار توغرۇلۇق، گۈزەلئاي ۋە ئوغلۇم ئەلى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردىم. ئۇ خۇددى بىر قىزىق كىتابتىكى قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئۆتتۆۋېلىشقا پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلگەن ئەقىللىق ئۇسمۇردەك مېنىڭ بايانلىرىمنى ئىخلاس قويۇپ ئاڭلىدى. ئۇ يېرىك ئالقانلىرىغا ساقاللىق ئېڭىكىنى قويۇۋېلىپ ئالدىمدا دۇم ياتاتتى. مەن بېشىمغا كەلگەن ئېغىرچىلىقلارنى سۆزلىگەندە ئۇنىڭ قېلىن لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرى تۇمانلىشاتتى. ئۇ گويا شۇ يىللاردا، شۇ يەرلەردە مەن بىللە شۇ ئىشلارغا قاتنىشىۋاتقاندەك تارتقان ئازابلىرىمدىن ئازابلىنىپ، خۇشاللىقلىرىمدىن خۇشال بولاتتى. بۇنداق ئادەمدىن نېمىنى يوشۇرالايمەن؟ ۋە ئۇنىڭغا قانداقمۇ يالغان گەپ قىلالايمەن؟

— ئوخشاشكەن، دېھقانمۇ، زىيالىيمۇ، كادىرمۇ ئوخشاشكەن. ھەق سۆز ئىگىلىرى ھەممىلا يەردە ئايىنمايدىكەن، يالغانچىلار، ھىيلىگەرلەر، ئالا كۆڭۈللەر يۇقىرىغا يامىشىدىكەن، گەپنىڭ توغرىسى بىزنىڭ ئىبادەكلەر سىلەرنىڭمۇ ئۈستۈڭلاردا بار ئىكەن. سىلەرگىمۇ قامچىنىڭ دەستىسىنى تىل- ئۇما قىلىدىغانلار ھۆپىگەرلىك قىلىدىكەن- دە! — دېدى ئۆمەركام مېنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئاڭلاپ بولۇپ.

ئۆگزىگە چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئارىلاش قار. مۆلدۈردەك تۆكۈلمەكتە. دەرەخلەر غاراسلاپ، تەبىئەت ھۆۋلىماقتا. ئۆمەركام ئىككىمىزنىڭ سەرگۈزەشت ئاسمىنىمىزدىمۇ قارا بۇلۇتلار ئۆرۈلۈپ مېڭىپ، جۇدۇن- چاپقۇن بولۇۋاتماقتا... بىز مۇشۇ كىچىككىنە مەھەللىنىڭ ئىككى ئوقۇمۇشلۇق ئوغلى. باشقىلاردىن كۆپرەك بىلىمگە ئىگە بولغانلىقىمىز. ئارزۇ- ھەۋەسىمىز. جەمئىيەت ۋە ئادەملەرنى چۈشىنىشىمىز باشقىلاردىن ئۈستۈنرەك بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا كۆپرەك تېپىلغان ۋە سىقىلغان. گەرچە بىرىمىز چوڭ شەھەرلەرنى كېزىپ، ئۆرغۇن كىتاب ئوقۇغان. ئەل ئاغزىغا چىققان ئىلىم ئەھلى، يەنە بىرىمىز مۇشۇ كىچىككىنە مەھەللىدىن ھېچنەگە باش ئېلىپ چىقمىغان. پەقەتلا مۇشۇ مەھەللىدىكى ئاق كۆڭۈل، ساددا دېھقانلار ئارىسىدىلا ئوقۇمۇشلۇق دەپ نام چىقارغان دېھقان بولساقمۇ بىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولىمىز، ھاياتتىن پەيدا قىلغان تەجرىبە ۋە خۇلاسىمىز ئوخشاش ئىدى. تەقدىرداشلىق پىكىرداشلىق ۋە قېرىنداشلىقنىڭ ئاساسى ئىكەن. بىز تالىشىدىغان، زىتلىشىدىغان ھېچ ئىش بولمىغىنىغا ئوخشاش بىز پەرەز قىلمايدىغان ھېچقانداق خىيىم- خەتەرمۇ يوق ئىكەن. بىزنى ئالدىمىزدا تېخى نېمىلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ. بىز يەنە قانداق قىسمەتلەرنى باشتىن كۆچۈرىمىز. بىز ئەمدى مۇشۇ مەسىلەرنى سۆزلەشكىلى تۇردۇق:

— ئەلىنى ماڭا ئەپچىقىپ بەرگىن، — دېدى ئۆمەركام ئېغىر خورسىنىپ، — گۈزەلئاينى بىر ئامال قىلىپ ئاتا- ئانىسىنىڭ يېنىغا يولغا سېلىۋېتىشكە بولىدۇ. سەن ئۇيغۇر تارىخى، ئەدەبىيات دېگەندەك نەرسىلەرنى تېخىچە تاشلىمايسەن. تېخى ئىنگلىزچە ئۆگىنىشىڭنى قولدىن بەرمەيسەن. بۇ نەرسىلەرنىڭ مەيلى ئەسقاتسۇن ياكى ئەسقاتمىسۇن. سەن بۇنى ئويلاپ ئولتۇرمايسەن. سېنىڭ بۇ نەرسىلەردىن كۆڭلۈڭ ئېچىلىدۇ. سەن بۇ نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل بولغىنىڭ ئۈچۈن ئۆزەڭنى ئادەم ھېسابلايسەن. ئادەم بولغىنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا بىر نىشاننى كۆزلەپ مېڭىشىڭ كېرەك دەيسەن. مەن بۇ گەپلىرىڭگە قوشۇلمەن، قارشى ئەمەسمەن. لېكىن بىرلا گېپىڭ ماڭا يارىمىدى. ئۇ قايسى گەپ دەمسەنا؟ ئەمدى دۇنيادىن بويتاق ئۆتىمەن دېگىنىڭ. بىلىپ قوي. بەزىدە جەمئىيەتتىن تاپمىغان بەختىنى ئۆيدىن تاپالايسەن. سەن ئالادىن مۇزلاپ كىرىپ ئۆيدە ئىسسىق كاڭ بوغىزىدا راھەتلەنگىنىڭگە ئوخشاش. سەن جەمئىيەتتىن ئازار يەپ دۇنيادىن كۆڭلۈڭ سۇز بولغىنىڭدا، كۆڭلۈڭ ئۆيۈڭدە بالىلىرىڭ، ئايالىڭ بىلەن قايتىدىن لەززەت تاپىدۇ- دە. دۇنيا ساڭا قىزىق، لەززەتلىك تۇيۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئۆلگىسى كەلمەيدۇ ئەلا!

— ھەي ئۆمەركا، — دېدىم ئاخىر قايىل بولماي، — ئائىلىدىنمۇ. ئايال- بالىلاردىنمۇ كۆپرەك لەززەت. خۇشاللىق بېرىدىغان نەرسىمۇ بار جۇمۇ.

— ئۇ نېمە؟

— نېمە بولاتتى. كۆڭلۈڭ سۆيگەن كەسىپىڭ! مەن كەسىپىمنى دەپ ئائىلەمنى ۋەيران قىلدىممۇ. ئاۋادا كەسىپىمنى دېمىسەم گۈزەلئاينىڭ رايىغا بېقىپ ئىش قىلاتتىم- دە. بەختلىك ئادەم بولالايتتىم. ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا تالىشىدىغان باشقا ھېچ گەپ يوق. بىرىپ- بىرىپ ئارزۇ- ھەۋىسىمىزنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى بىزنى ئايرىلىشقا ئېلىپ باردى. مەن بۇ خىل ئورمۇش پاجىئەسىنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلاشنى خالىمايمەن ئاكا.

— ساۋاتسىز دېھقان قىزى بىلەن توي قىل. دېگىنىڭنى قىلىدۇ، ئۆمۈر بويى سېنى كۈتىدۇ. خىزمىتىڭنى قىلىدۇ. بالىلىرىڭنى باقىدۇ.

— مەن ھېچقانداق ئادەمنىڭ مەن ئۈچۈن قۇربان بېرىشىنى خالىمايمەن ئاكا.

— دېھقان قىزنىڭ سېنى ياخشى كۆتۈشتىن باشقا ئارزۇسى بولمىسىچۇ؟

— ئۇ چاغدا ئۇ قىز ناھايىتى بىچارە، ئەرزىمەس ئادەم بولۇپ قالامدۇ، قانداقمۇ سەن ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر نادان، بىچارە ئۆتۈشىگە يول قويالايسەن؟ بولۇپمۇ ساڭا ئوخشاش ئادەم ئۇنىڭ قەلبىدە بىر ئارزۇ، نىشان پەيدا قىلماي قانداقمۇ تىنچ تۇرالايدۇ، ئۇنىڭ ئۆستىگە بىر ئۆمۈر! ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، مەن بىر ئاڭلىق، غايىلىك ئادەم بىلەن بىر كۈن ياشىسامىمۇ رازىمەن، مېنى كۆتۈشنى ئالىي مەقسىتى قىلغان بىرسى بىلەن بىر يىل ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشكە رازى ئەمەسمەن.

بوران ھۇۋۇلىماقتا، قار ئارىلاش يامغۇر پەنجىرىلەردىن چاپقىداپ تۇرماقتا، ئۆي ئىچى جىمجىت. دالان ئۆيدىن كىمدۇر بىرسىنىڭ خورىكى ئاڭلانماقتا. بىز جىم بولۇپ قېلىشتۇق. ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن ئۆمەركام كۈلۈپ قويدى-دە، ماڭا قارىدى:

— ئادەملەر يەردە ئۆمۈر كۆرۈۋاتسا سەن دەرەخ بېشىغا چىقىۋالساڭ مەسخىرىگە قالىسەن. سەن ئەلا، ئېخلا كىتابلاردىن قۇتۇلالمايسەن، ھەممىگە كىتابتىكى گەپلەرنى ئۆلچەم قىلىدىكەنسەن، بېشىڭغا شۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەر كەپتۇ، لېكىن سەن ئېخلا تۇرمۇش بىلەن كىتابنى، پاكىت بىلەن خىيالنى ئارىلاشتۇرۇپ يۈرۈيسەن. ئويلاپ باق، دۇنيادا زادى يەنە بىرسىگە بېقىنمايدىغان كىم بار ئىكەن؟ ھەممىلا ئادەم باشقا بىرسىگە بېقىنىپ ياشايدۇ. پادىشاھ بولسۇن، ياكى گاداي بولسۇن بەرىبىر بىرسىگە بېقىندۇ. ئۆزىدىن ئۈستۈن، كۈچلۈك بىرسىنى ئۆزىگە ئۆلگە، باشپاناھ قىلىدۇ. بىرسىنىڭ بۇ مۇرەببەسى چوڭ، بىرسىنىڭ كىچىك. ياكى بولمىسا بىرسىنىڭ ھايات، يەنە بىرسىنىڭ ئۆلگەن بولىدۇ. بەرىبىر بىرسى يەنە بىرسىگە بېقىندۇ، چوقۇنىدۇ، سەنمۇ پەلەن-شەلەن دېگىنىڭ بىلەن بىرسىگە بېقىنىدا. بېقىندا ئىكەنلىكىڭگە ئىقرا بولمىغىنىڭ بىلەنمۇ بەرىبىر شۇنداق. شۇنداق بولىدىكەن، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەم ئۈچۈن نېمىشقا قۇربان بەرمەيدىكەن. سەنمۇ ئۆزەڭ سەزمەي تۇرۇپلا باشقا بىرسى ئۈچۈن قۇربان بېرىۋاتىسەنغۇ، مىسالى ئالايلى، سېنى مەيلىڭگە قويۇپ بەرسە كىتاب ئوقۇيتتىڭ، ماقالە يازاتتىڭ، ھەرگىزمۇ ھارۋىكەشلىك قىلىپ كۆمۈر توشۇمايتتىڭ. سەن ئۆزەڭدىن ئۈستۈن بىر كۈچكە بېقىنىدا، شۇڭا سەن ئۇنىڭغا قۇربان بېرىسەن. ۋاقتىڭنى، كۈچۈڭنى، ئەقلىڭنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىسەن، مانا بۇ قۇربان بېرىش، سەن كۈچلۈك تارتمايدىغان بىرسىگە قۇربان بېرىدىكەنسەن، يەنە بىرسى سەن ئۈچۈن خالاپ تۇرۇپ قۇربان بەرسە، بۇنىڭ قوبۇل قىلالمىغىدەك نېمىسى بارىكەن؟ مەن ساڭا ئوخشاش كۆپ ئوقۇمىغان دېھقان ئادەممەن، لېكىن قارا قورساق، نادان ئەمەسمەن. جىق كىتاب ئوقۇيمەن، جىق ئويلايمەن، جىق ئىشلاردىن ئۆزەمچە خۇلاسە چىقىرىمەن، ئالدىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر-بىرسىگە سېلىشتۇرىمەن، دەڭسەپ كۆرىمەن. كىتابلاردا نېمىلا يېزىلسا شۇنى توغرا دەيدىغان گول چاغلىرىمىز ئۆتكەن ئوخشايدۇ. مىسالى بىر چاغلاردا كادىرلار كېلىپ بايلارنى جازاغا تارتىپ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغاندا خۇشال بولغان. كېيىن يەر بەردى. يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كاتىپ قىلدى، خۇشال بولدۇم، ئەمدى ياخشى كۈن كۆرىدىغان بولدۇق دەپ ئويلىدىم، رايوندا سانايى-نەپىسە قۇرۇلۇۋېدى، مەن يىگىرمە تۆت كىشىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە باشلىق بولۇپ دەۋرنى، پارتىيىنى تەمبۇر چېلىپمۇ، شېئىر-دراما يېزىپمۇ كۈيلىدىم. ھېسابلاپ كۆرسەم قىرىق نەچچە تېكىست، لەپەر، تۆت دراما يېزىپ خەلققە ئوينۇن كۆرسىتىپتىمەن. كېيىنچە، بىز سەنئەت دۇيى ئەمەس گۆڭشېنىڭ سوت پاراشوك زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى، كۆكتات تېرىپ كادىرلارنى باقىدىغان مالىيى بولۇپ قالدۇق. بۇنىڭغا ھەم رازى بولۇپ باللارنى تارقاتماي ياللانما ئىشچى بولۇپ يۈرسەك، 1959-يىلدىن كېيىن ماناش-نومۇرمۇ يوق. قورساقتا نان ئورنىغا زاغرا، كۈنجۈرە ئارىلاشقان گۈلياڭ يېنىنى يەپ تەمبۇر ئورنىغا كەتمەن تۇتىدىغان، بىكارغا ئىشلەيدىغان ئىشچى بولۇپ قالدۇق. بىر كۈنى سېكىلتارنىڭ ئالدىغا كىرسەم سېكىلتار ياخشى گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا تىللاپ، جوزا مۇشتلاپ يۈرۈيدۇ.

— نېمە دەيدۇ بۇ؟ — دېسەم تەرجىمانى ئۇنىڭ گېپىنى ئۆرۈپ:

— سەن پاراشوك زاۋۇتى بىلەن كۆكتاتچىلىق مەيداندىن كىرگەن كىرىمگە خىيانەت قىپسەن. مەسىلەڭنى تاپشۇرغىن دەيدۇ. دېمەمدۇ. جان-ئىمانىم چىقىپلا كەتتى. ئاچچىقىمدا ناھىيىگە. ۋىلايەتكە ... داۋا قىلىپ بارمىغان يېرىم قالمىدى. بىر تىيىن خىيانەت قىلمىدىم. خەلقنى سەنئەت بىلەن خۇش قىلاي، مەدەنىيەتلىك قىلاي دېگەندىن باشقا ھېچنەرسىنى ئويلىمىدىم. ياخشى نىيەت بىلەن رايونغا بېرىپ، بىكارغا ئىشلەپ يۈرۈپ خىيانەتچى دېگەن نامغا ئىگە بولۇپ، كالا، دەرەخ، كىگىزلىرىمنى سېتىپ يەتتە يۈز نەچچە تۆلەپ رايوندىن ئارانلا قۇتۇلدۇم ئۇكام. شۇ قېتىم بىلىم سۇنغاندىن بېرى زادىلا قەددىمنى رۇسلىيالمىدىم. ساۋاتسىز، نادان بولغان بولسام، كىم مېنى سەنئەت ئۆمىكىگە باشلىق قىلاتتى. تەمبۇر چېلىشنى بىلمىگەن بولسام بۇنچىلىك زىيان نەدىتى؟

— ناھەقچىلىكنى نەكشۈرمىدىڭمۇ؟

— تەكشۈردى، تەكشۈرگەچكە يەتتە يۈز نەججە سوم تۆلەپ قۇتۇلدۇم ـ دە.

— بۇ قانداق بولغىنى؟

— مەن ئەمەس، رايوننىڭ مالىيىسى خىيانەت قىلغان. ئۇ ماڭا توغرىلاپ قويۇپ چەتتە لگە كەتكەن. ئۇ هارامزادە بىزنىڭ سەنئەت ئۆمىكىمىزدىكى راسا چىرايلىق بىر قىزنىڭ پېيىگە چۈشكەن، مەن ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزمىدىم، شۇڭلاشقا قىساس ئالدى.

— نەشكىل قىساس ئالغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ سىزگە نېمىشقا تۆلەتتى؟

— بۇنداق ئىشلار ناھايىتى كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەت ھەدىسىلا ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ ـ دە!

بىز يەنە جىمىپ قالدۇق. ئۆمەركامنىڭ ئايالى داستىخان سېلىپ بىر چىنىدىن قويۇق ئەتكەن چاي ئېلىپ كىردى. ئۆمەركام ئېرىنچەكلىك بىلەن پىيالىگە نان تۇشتۇپ سېلىۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مانا بۇ بىر مىسال. تۈزىنى ئىنقىلاش دېدى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى دېدى ئىش قىلىپ ھەرىكەت بولسا مېنىڭ بېشىمدا بىر ئوت بار. ئەگەر بىلسە مۇشۇ مەھەللىدە ئەڭ توغرا، راست گەپ قىلىدىغانمۇ، كۆپچىلىكنىڭ پايدىسىنى ئەڭ كۆزلەيدىغانمۇ مانا مەن، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ نەزەرىدە تازا خەتەرلىك، تازا يامان ئادەممەن. بۇ ئۇقۇشماسلىق كاساپىتىدىن مەنمۇ ساڭا ئوخشاش كۆڭلۈم ئارتمىغان بىرسىگە ئىقسىمەن. بويسۇنمەن، ئۇنىڭغا قوربان بېرىمەن. بۇ ئۇقۇشماسلىقنىڭ قاچان تۈگىشىنى بىلمەيمەن، ھەرىكەتلەردىن ئۈمىدىم قالمىدى. ھەرىكەت بولغانسىرى ناھەقچىلىك كۆپىيىدىكەن، ئادەملەر بۇزۇلىدىكەن، ھەرىكەت چوڭ بولغانسىرى ناھەقچىلىكمۇ، بۇزۇلۇشمۇ شۇنچە چوڭ بولىدىكەن. مۇنۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى دېگىنى باشلانغىلى ئىككى يىل بولدى. گېزىتلەرنى ئوقۇپ قويىمەن، قاچان ئاخىرلىشىشنى ئېيتماپتۇ. ئېنىقى بىرگە زەربە، ئۈچكە قارشى تۇرۇش، قوشۇن تازىلاش، پارتىيىنى رەتلەش دېگەن ھەرىكەتلىرى بارىكەن. كىم بىلىدۇ يەنە نېمىلەرنى كۆرىمىز. بىزنى نېمىلەر كۈتۈۋاتىدۇ ئېنىقى. ئۇكام ئەلا، تۇرۇن گەپنىڭ قىسقىسى دېھقان قىزىغا ئۆيلەن. ـ ـ ت كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سىرىقىنى، دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرگىن. ئاڭلىدىم، كۈننىڭ ئېغىركەن، كۆمۈرگە مىلىنىپ كېچىلىرى كېلىدىكەنسەن. بىر چىنە ئىسسىق چايغىمۇ زار بولغان كۈنلىرىڭ بارىكەن، ھۆكۈمەت بىلسە ساڭا ئوخشاشلارغا ياخشى ئۆي، ئاماق بېرىپ خاتىرجەم قىلىپ، قېنى ھۈنىرىڭنى

كۆرسەت دەپ قويۇپ بەرسە بولاتتى. بىزغۇ مەيلى، سىلەرنىڭ بولسىمۇ ئۆمرۈڭلارنى ئايسا، زايا قىلمىسا بولاتتى. ھۆكۈمەت سىلەرگە ياخشىلىق قىلمىغاندىكىن يەنە ئۇنى قىلمەن. بۇنى يازىمەن دەپ جانىنى ئۇپراتماي زامانىغا بېقىپ كۈن كۆرسەڭ بولارمىكىن. ئۆمۈر بىر كېلىدۇ، تەكرارلانمايدۇ. ئۆمرۈڭنى باشقىلار ئايىمىسا ئۆزەڭ ئايىغىن ئۇكام.

نېمىمۇ دەيمەن؟ مەن بۇ ھەممىنى كۆرگەن، رېئاللىقنى ئەقىل بىلەن كۆزىتىپ ھالال ياشاۋاتقان مەرىپەت ياراتقۇچى دېھقانغا يەنە قارشى گەپ قىلايمۇ؟ ئۇ مېنىڭ ۋىياق. مەن زور مەقسەت ئۈچۈن تۇغۇلغان، مەن خەلقىمىز بارىكاللا ئېيتقىدەك زور ئىشلارنى قىلىشقا يارامىلىق ئادەممەن. شارائىت، ۋەزىيەت قانچىلىك ناچار بولسىمۇ، نىشانىدىن ئازمايمەن، بەلنى يەشمەيمەن! « دېگەندەك جاراڭلىق سۆزلىرىمگە ئەشنامىدى؟ مەن ئۇنىڭ ئالدىدا پەقەتلا لام ـ جىم دېمەي تىنچ ئولتۇرۇشقىلا ھەقلىقمەن. مېنىڭ ئەقىللىق ھىمايىچىم، غەمخورچىم بولغان بۇ ئادەم مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ نېمىگە سوقۇۋاتقىنىنى پاراسەت قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ ماڭا ئەقىل ۋە كۈچ بېغىشلىيالايدۇ . . .

ئىشىك قېقىلدى. بىردەمدىن كېيىن ئۆمەركامنىڭ ئايالى ناتونۇش بىر يىگىتنى باشلاپ كىردى.

— كەل ئۇكام شايەخمەت. بۇ جۇدۇننى قارا. ھەجەپ ياخشى كېپقاپسىنا، يۇقىرى ئۆت. — دېدى ئۆمەركام ئورنىدىن تۇرۇپ.

— مەشەدىنلا ياناي. — دېدى يىگىت قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ، — دادام سىلەرنى باشلاپ كېلىشكە ئەۋەتكەن، هارۋا ئەكەلدىم. نادىرۇۋ چوڭ دادام چىقىۋىدى، سىلەر بىلەن بىر چىنە غىزانى بىللە يېسەم دەيدىكەن.

— بارىمىز ئۇكام، جان دەپ بارىمىز. — دېدى ئۆمەركام ئالدىراپ كىيىنىپ. — بول ئەلا كىيىنگىن، بىلەمسەن، شايەخمەت بىزنىڭ نۇرەخمەت سېكىلىتارنىڭ چوڭ ئوغلى. مۇشۇ گۇڭشېي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى بولىدۇ. بۇنىڭ دادىسىمۇ سوتسىيالىستىك تەربىيە قىلغانىغان، خىيانەت ـ پىيانەت، ئەسكىلىك ـ پەسكىلىكتە يوق. ناھىيىنىڭ بىر سېكىلىتارىنى يەرگە قاراتقىنى ئۈچۈنلا قىلغانىغان، نادىرۇۋنى بىلسەن. بىزنىڭ رايوندىن چىققان ئەڭ چوڭ ئەمەلدار، نازىر بولغان، لېكىن ئۈچ ۋىلايەتچى ئىكەنسەن دەپ دۇمبالاپتۇ. نادىرۇۋ نۇرەخمەتنىڭ ئاكىسى. بۈگۈن بىزنىڭ يېزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەمەلدارى، ئەڭ چوڭ ئالىمى، ئەڭ چوڭ سازەندىسى بىللە بولىدىكەنمىز. دۇتار، تەمبۇر تەييارلىغانسەن شايى. قېنى ئەمسە كەتتۇق.

## 2

يالغۇز ئات قىلىنغان رېزىنكا چاقلىق هارۋا يانتاقلىق ئېتىز يولىدا كېتىپ بارىدۇ. يول ئانچا ئازاب بولغىنى بىلەن بىزگە راھەت. ئاتنىڭ سېمىز جىۋىلىرى، قولاق ئاستىلىرى تەرلىگەن. جانىۋار تۈز ساغرىسىغا كۆكۈيۈندەك نەشتەرلىك قامچىنى تەككۈزمەسلىك ئۈچۈن پات - پات يۈرگۈپ قويۇپ، قۇلاقلىرىنى شىكىلىتىپ، باش ئويىنىتىپ يۈرۈپ بارىدۇ. مېنىڭ هارۋا ھەيدەپ كەدىش بولۇپ كەتكەن قوللىرىم مايلانغان ئاسما ياندۇرۇق بىلەن ئاتنى باشقۇرۇپ هارۋىنى جالاق - جۇلۇقسىز ئېلىپ ماڭماقتا. يۇمشاق تىكمەت ئۈستىدە ياماشلاپ يېتىپ كۆپكۆك، ئۇ يەر بۇ يېرىدە پاختىدەك بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرگەن ئىلى ئاسمىنى ئاستىدا ئۈنجى قاردىن كېيىنكى جانغا راھەت كەچكۈز ھاۋاسىنى سۈمۈرۈپ ھايات لەززىتى سۈرۈۋاتقان ئىككى يېشقەدەم يۈگۈن يولەكچىلا خۇشال. جانلىق. ئۇلارنىڭ كېچىدىكى سۆھبىتى شېرىن ئۇيقىسى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان، مانا هارۋا ئۈستىدە سۆھبەتنى قايتا باشلىۋالغان. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى تولىمۇ كۆڭۈللۈك، قىزغىن ۋە مەنىلىك، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك قاتلاملىرىدىكى يوشۇرۇن سىرلارنى ئاشكارىلاشماقتا، ھاياتتىكى يېشىلمىگەن تۈگۈن، تېپىشماقلارنى يەشمەكتە، ئۆزۈندىن بىرى ئېچىلماي تويا بېسىپ قالغان، ئاجايىپ ۋەقەلەر يۈتكۈلۈك ھايات كىتابىنى ۋاراقلىماقتا.

قوللىرىم ياندۇرۇقنى (يوچىنى) ماھىرلىق بىلەن باشقۇرۇۋاتقىنى بىلەن خاتىرجەم بوۋايلارنىڭ سۆھبىتىگە بەت تەييارلىماقتا. مانا كۆز ئالدىمدا ئۇلارنىڭ ھازىرقى قورۇق چۈشكەن، قانائەتچان، تىنىقتىچان، ئەلەملىك چىرايى. ئۆمەركام يېگى چىقبەرقۇت چاپان، يېڭى كاپكازچە قولاقچا كىيگەن بولسىمۇ چوڭقۇر قورۇقلىرىنىڭ كۆن چۈشمەي ئاقىرىپ تۇرغان، سۇ ئاقمىغان ئېرىقتەك قاغجىراپ ئىزنالىرى كۆز يېشى ۋە ھەسرىتىنى ئاشكارىلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ دوستى نادىرۇۋچۇ؟ ئۇنىڭ يوغان بۇرنىغا ماسلاشمىغان كىچىك يۈزى ئىمىر - چىمىر قورۇقلارغا تارلىق قىلىپ قالغان، ئۇ گويا كاتتا مەھسۇلاتلىق بۇغداي چېچىغا جاۋاب بېرەلمىگەن خامانغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قىز - جۇۋانلارنىڭ يۈرىكىنى ئويناتقان ئۆزۈن كىرپىكلىك يوغان، خۇما كۆزلىرى ئۈسكىلەڭ قاشلار ئارىسىدا گويا كى چۆرىسىنى قوراي - چۆپ باسقان ئاشلاندۇق قۇدۇقتەك نۇرسىز، خۇنسىز، جىلۋىسىز ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كونا ھەربىيلەرگە خاس چەيدەس، قاتاڭغۇر كەۋدىسى سەل مۈكچەيگەن، ئۆز ۋاقتىدا مىلتىق قوندىقىنى چىڭ تۇتۇپ يۈندىن يىگىرمە ئىككى يىل يۈرۈن جەڭلەردە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن قوللىرى مانا ئەمدى موخوركا ئوراشتىمۇ قىينالماقتا . . . ئۇلار بەلكى بۇ ئالدامچى دۇنياغا نېمىلەرنى قالدۇرۇپ، نېمىلەرنى ئۆزىمىز بىلەن ئېلىپ كەتسەك بولىدىكىن؟ دېگەن مەسىلىنى يوشۇرۇن سۆزلىشىۋاتسا كېرەك. مەن ئۇلارنىڭ تۈنۈگۈندىن بېرى بولۇۋاتقان سۆزلىرىدىن بەزىلىرىنى چۈشەنگەن. بەزىلىرىنى چۈشەنمىگەن بولساممۇ يۇقىرىقى مەسىلىنى ئويلىيالدىم. چۈنكى ئىككى دىلكەش بىر بولسا ئاددىي بىر گەپنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ھامان ئۇرغۇن سۆز ۋە ھېكايە كۆچلىرىنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ مىجەزلىرىگىمۇ ھەيرانمەن. ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن ئىككى دوست ئاددىيلا كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئاددىي. خۇددى ھېيت نامىزىدىن كېيىنكى قولۇم - قوشنىلارنىڭ قول ئۇچىدىلا كۆرۈشۈشلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۆرۈنۈشلىرى «قانداقراق ھوي؟» دېيىشىپ بىر - بىرىگە تىكىلىپ قاراپ قويۇشلىرى مېنىڭ ئىچىمنى پۇشۇردى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشلىرى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇلار ئاددىي سوغلا كۆرۈشتى. ئاز - تولىدىن ئىچىشتى. لېكىن «قېنى!» دىن باشقا تەبرىك سۆزى قىلىشمىدى، ياكى رومكىلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇشتۇرۇپمۇ قويۇشمىدى. ئۆمەركام تەمبۇرنى، مەن دۇتارنى سازلاپ بولغاندىن كېيىن قائىدە بويىچە «نىمپەدە»، ياكى «چىمبولاق»، «جوخازا» چېلىنىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۆمەركام مەن بىلمەيدىغان بىر ناخشىنى باشلىۋەتتى. ناخشىغا نادىرۇۋتىن باشقا ھېچكىم قېتىلالمىدى. ناخشا تۈگىگەندە نادىرۇۋ بىر پىيالە ئاق ھاراقنى كۆتۈرۈۋەتتى - دە، مېنىڭ قولۇمدىن دۇتارنى ئېلىۋېلىپ ئۆمەركامغا شىپقاپ ئولتۇردى - دە:

— ئېھ. ماناس دەريا بويى، يەنسخەي، ئورمانباغ! — دەپ قويدى، ئۇلار بىرلىرى بىزگە ئۆز. بىرلىرى بىزگە يات ناخشىلارنى ئۇلاشتۇرۇپ ئېيتىشتى. تەڭ تەرلەپ تەڭ ھاياجانلىنىپ. تەڭ يىغلاشتى. چۈشىنىشلىك، ئۇلار ناخشا ئارقىلىق مۇڭداشماقتا. گۆزەل ياشلىقنى ئەسلەشمەكتە، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بايان قىلىشماقتا. ناخشا توختىغاندا نادىرۇۋ:

— ھېلىقى پولىك ئىمامى چېغىدا بىر پولىك ئەسكەرگە جۇمە نامىزىنى ئىككى قېتىم ئوقۇتقۇزغىنىڭ يادىڭدىمۇ؟ — دېيدى. ئۆمەركام:

— سېنىڭچۇ؟ ئونبىر يېتىم ئېلان قىلىنغاندا دەريادىن ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۇ قاتقا كېچىپ ئۆتۈپ ئاسمانغا قارىتىپ ئونبىر پاي ئوق ئاتقىنىڭ، بۇ قىلمىشىڭ ئۈچۈن قانداق جازاغا تارتىلغىنىڭ ئېسىڭدىمۇ؟ — دېدى. ئاخىرىدا ئىككىسى باشلىرىنى ئىرغىتىپ:

— تاسلا قالغان. ھە. ئاتۇغا يۈرۈلغىلى! — دېيىشتى.

ئۆمەركام:

— جىڭدىكى سوقۇشتا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقۇڭ سىنى قوتقۇزۇپ قالدى، — دېسە، نادىروۋ باش ئېرغىتىپ تەستىقلاپ:

— گېنېرال لېيتانت ئىسھاقبەگ رەھمىتى قەھرىمانىنى ھەجەپ قەدىرلەيتتى! — دەپ قوشۇپ قويدى.

بۇ گەپلەر ماڭا ھەم چۈشىنىشلىك ھەم قاراڭغۇ. چۈشىنىشلىكى نادىروۋ تۇرۇشتا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن. قاراڭغۇ بولغىنى ئۇ نېمىشقا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغىلى تاس قېلىۋېدىكىن؟ مېنىڭ نادىروۋغا ھەۋسىم كەلدى. ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى، تارىخنى تولۇق بىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن. مەن ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلدىم:

— نادىروۋ ئاكا، ئۆز تارىخىڭىزغا دائىر ھېكايىلەردىن ئاڭلىغاچ ماڭساق قانداق؟ مېنىڭ سىزنى ياخشىراق بىلگىم كېلىۋاتىدۇ.

— بىر نېمە يازاي دەمسىز، رومانمۇ؟ ئۇكام مەن سىزنى ئاڭلىغان، مانا ئەمدى تونۇشتۇق، ئاۋادا رومان يېزىش نىيىتىڭىز بولسا مەن سىزنى بىر قىسىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىن قىلىشقا ۋەدە بېرىمەن.

— مەن تەتقىقاتچى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان، ئەدەبىي ئەسەر يېزىپ باقمىغانمەن.

— مەن ئىشىنىمەن، سىز ھەم ئالىم، ھەم يازغۇچى بولالايسىز. ئالىملاردىن، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرىدىن يازغۇچى چىقسا تولىمۇ ياخشى بولىدۇ. مەنمۇ ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىمەن. ھازىر خاتىرە، ئەسلىمە يېزىۋاتىمەن. ھامان بىر كۈنى لازىمى بولىدۇ دەپ ئويلايمەن. جاھان بۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ، ئىلىم ـ پەن راۋاجلىنىدىغان، خەلقىمىز باياشات، خۇشال ـ خۇرام بولىدىغان چاغلارمۇ كېلىدۇ تېخى. مەن تولىمۇ ئۈمىدۋار ئۇكام. سىزنىڭ غەيرىتىڭىزگە قايىلمەن، ھەرگىز تىرىشىش، ئىزلىنىش يولىدىن قايتماڭ، مەن بىلىمەن، بىزنىڭ سىزدەك غايىلىك، غەيرەتلىك ياشلىرىمىز ئاز، ناھايىتى ئاز، بەش بارماقچىلىكمۇ يوق. مەن قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاي، سىزنى مۇنۇ ئەمگەك، ھارۋىدىن قوتۇلدۇرۇش زۆرۈر.

— رەھمەت ئاكا، ئۆز ھالىڭىز قىيىن تۇرۇغلۇق ماڭا كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت.

— سىلەرنى ئاسراش، قوغداش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇكام. ھازىر جەمئىيەتتە بىر ئېغىر خاتالىق يۈز بېرىۋاتىدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەت ياشلار ئىچىدىكى تالانت ئىگىلىرىنى قوغدىمايۋاتىدۇ. ياشلار قېرىلارنى قوغدىيالمىسا دەپ ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ قان تۆكۈپ، جان بېرىۋاتىدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بولغان قېرىلار نېمىشقا ياشلارنى قوغدىمايدۇ؟ نېمىشقا ئۇلارنى قوراللىق قىرغىنغا، دۈشمەنلىشىشكە سالىدۇ ـ ھە؟ ئۇلار نابۇت بولسا دۆلەتنىڭ كەلگۈسى نابۇت بولىدۇ ـ دە!

بۇ ئادەم مېنىڭ ئويلىرىمنى ئېيتماقتا. مەن بىرسىگە دېيىشكە ئەمەسلىگەن گەپلەرنى دېمەكتە. مەن نادىروۋنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدىم. بۇ ئادەم تۇرغۇن ئىشلارنى مۇستەقىل ئويلايدىكەن. گېزىتلەرنىڭ باشماقالىلىرىدىكى گەپلەرنى تەكرارلىمايدىكەن. ھەتتا ناھايىتى چوڭ ئىشلاردىمۇ ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئېيتالايدىكەن.

— نادىروۋ ئاداش، سەن قايسى تەرەپنى توغرا دەيسەن، خوڭگىزاۋخوۋيىمۇ، چىڭۋىخوۋيىمۇ(1) — ئۆمەركام كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى.

— مەن لىللا خوي. — دېدى نادىروۋ كۈلۈپ قويۇپ. — ھە، ئۆزەڭچۇ؟

— مەن بۇغداي خوي. — دېدى ئۆمەركاممۇ كۈلۈپ. — غۇلجا شەھىرىدىن ئىسيانچىلار يىگىلىپ قېچىپ چىقتى. بىلىدىغانسەن. ئۇلار بىزنىڭ يېزىلارنىمۇ ئوتقا تىقماقچى بولۇپ دېھقانلارنى خوڭگىزاۋخوۋيغا خەتلىدى. قارىسام بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ياشلىرى بىر كۈنى ئاتلىنىپ قوللىرىغا تاياق ـ توقماق ئېلىپ، ئۈتتىنچى دىۋىزىيىدىن (ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيە ئۈتتىنچى دىۋىزىيىسىنى دېمەكچى) چىققان يەتتە ـ سەككىز قوراللىق خەنزۇنىڭ كەينىگە كىرىپ، بەش دۆڭگە قورال بۇلاشقا مېڭىپتۇ. بىرەر ئېتىشىش ـ پېتىشىش بولۇپ قالسا ئۆمرىدە ئوقنىڭ نېمىلىكىنى كۆرۈپ باقمىغان نادان باللار كۆيۈپكە ئايلىنىدۇ ـ دە. نېمە بولسا دەپ باللارنىڭ ئالدىنى توسۇدۇم. قېرىلارنى سالدىم.

— نېمە دەيسەن. سەن باۋخۇاڭپەيمۇ؟ — دەيدۇ تېخى بىر ئىسيانچى مىلتىقىنى شاراقلىتىپ. — سەن نېمىشقا توسقۇنلۇق قىلىسەن؟

— باۋخۇاڭپەي. پاۋخاڭپەيلىرىڭنى قوي ئاداش. — دېدىم مەن ئاچچىقىم كېلىپ. — دېھقان دېگەن بۇغداي پەي. ھەي سارالڭ باللار. زېرىككەن بولساڭلار مەشرەپ، ئوغلاق، توي ئويناڭلار. ھەرگىزمۇ قورالنىڭ يېنىغا بارماڭلار، كۆردۈڭلارمۇ. غۇلجا شەھىرىدە تىببىي مەكتەپ. ئاشلىق ئىدارىسى، بانكا، ئالتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى، سىلەردەك ياشلاردىن ئۇرغۇنلىرى ئۆلدى. سورىقى بولدىمۇ؟ ئاسماندىن تاۋار ياغسا

(1) قىزىل ئىككىنچى سىلكىنىشمۇ. ياكى قوغدىغۇچى سىلكىنىشمۇ دېمەكچى.

سىلەرگە قولياغلىقلىق تەگمەيدۇ، مۇنۇ سىرىق چاپان ئاغىنىلەرنى ئوققا يەم قىلىپ ھوقۇققا ئىگە بولماقچى! — دېدىم. بىر سىرىق چاپان ئۇيغۇرچە بىلىدىكەن، ئىباغا قاراپ:

— ھەي سىبكىلتار، بۇ نېمە ئادەم؟ — دېۋىدى، ئىبا مېنى كۆرسىتىپ:

— بۇ تۆت خىل! — دېمەسمۇ.

— باغلا! — دېدى بۇ سىرىق چاپان، يەنە بىرسى بىز بوۋايلارغا قاراپ مىلتىق تەڭلەپ كېلىۋىدى، بىزنىڭ ئاتلىق يىگىتلىرىمىز ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ھېلىقى سىرىق چاپانلارنىڭ ھەممىسىنى قورشاپ، قوراللىرىنى تارتىۋالدى.

— باشلار تۆت خىل ئۇنسۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپتۇ-دە! — دېدى نادىروۋ قاقاخلاپ كۈلۈپ، — سەنمۇ بىزنىڭ ئىمىنوۋدەك قىپسەن.

ئىمىنوۋنىڭ ئىسمى چىقىۋىدى، مەن قىزىقىپ نادىروۋغا قارىدىم.

— ھە، ھە، — دېدى تۆمەركامۇ كۈلۈپ، — ئىمىنوۋ پولكوۋنىكنىمۇ؟ قولغا ئالدى دەمدا؟ بۇ نېمە قىلغىنى؟ سۆزلىگىنە ئاداش.

نادىروۋ ئىمىنوۋ توغرىسىدا، ئۆزى توغرىسىدا قىزىقىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

نادىروۋ 1944-يىلى 11-ئايدا غۇلجا شەھرىدە گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاب بولغاندىلا شەھەردە تۆمۈرچىگە شاگىرت كىرىپ يازغان سوقۇۋاتقان يېرىدىن يازغان كۆتۈرۈپ ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1945-يىلى 4-ئايدا غۇلجا تولۇق ئازاد بولغاندا، ئۇ مىلتىق ئېتىشقا ماھىر، قورقۇمسىز، ئوت يۈرەك قورالىلىق جەڭچى بولۇپ ئىمىنوۋ پولكىدا ئىزۋوت كوماندىرى بولغان ۋە 4-ئايدىكى چوڭ ھەربىي پاراتتا ھۆرمەت كاماندىسى ئىچىدە يەبدەس قەدەم بېسىپ، ئەھمەدجان قاسىمى، ئىسھاقبەك قاتارلىق رەھبەرلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە مەغرۇر قەدەم بىلەن پاراتتىن ئۆتكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ ئىمىنوۋنىڭ قەلبىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان. نادىروۋ ئاشۇ ھۆرمەتلىك كوماندىرغا ئەگىشىپ گومىنداڭنى ئۆز يېرىدىن تولۇق قوغلاپ ھاياتىنى بېغىشلاپ ھەربىي يۈرۈش بىلەن شەرققە ماڭغان. جىڭ سوقۇشىدا دۈشمەن پوتەيلىرىنى بومبا بىلەن پارتلىتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ قۇربان بولغان سەپداشلىرى بىلەن ياش تۆكۈپ خوشلىشىپ يامغۇردەك يېغىۋاتقان پىلىموت ئوقلىرىغا قارشى يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ مېڭىپ، تىللاردا داستان بولغىدەك مۆجىزە ياراتقان. ئۇ پوتەيلەرنى پارتلاتقانلىقى ئۈچۈن ھۇجۇمچى قىسىملار جىڭ ناھىيىسىگە ئوڭۇشلۇق ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەنلىرىنى شەرققە قارىتىپ قوغلاپ ماڭالىغان. مانا بۇ چاغدا نادىروۋنى قاتتىق قۇچاقلاپ خۇشاللىق بىلەن تەبرىكلىگەن بىرىنچى رەھبەر يەنە شۇ ئىمىنوۋ بولغان. نادىروۋ مەيلى شىخو سوقۇشلىرىدا بولسۇن، ئالتاي تاغلىرىدا ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇرلارنى تازىلاشتا بولسۇن ئىمىنوۋ بىلەن بىللە بولغان. سوقۇش ۋە ساداقەتنىڭ تۈرلۈك سىناقلىرىدىن ئۆتكەن قەھرىمان جەڭچى ئۆز باشلىقىنىڭ ئىشەنچىسى بىلەن روتا، باتالىيون، دىۋىزىيون كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ 1949-يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ئوتتۇز ئۈچ مىڭ ئەسكىرىي كۈچى بار مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر ھۆرمەتلىك ئۇھېسى زور كوماندىرى سۈپىتىدە ئىمىنوۋ بىلەن بىللە جوڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقان. شىنجاڭدا ئىجتىمائىي ئىسلاھات يۈرگۈزۈلگەن يىللاردا ئېھتىياج سەۋەبى بىلەن ئارمىيىدىن يەرلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىك خىزمىتىگە ئالماشقاندا نادىروۋ يەنىلا ئىمىنوۋ بىلەن بىللە بولغان، ئۇنىڭ تەقدىرى ئىمىنوۋنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن نادىروۋ ئىمىنوۋ ئۆرلىگەندە بىللە ئۆرلەپ پارتكوملاردا سېكرېتار، نازارەتلەردە نازىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ نەدىلا ئىشلىمىسۇن ئۆزىگە ئىمىنوۋنى ئۈلگە قىلىپ سەممىي سادىق، راستچىل، ئەستايىدىل، كەمتەر، ئاددىي-ساددا بولالىغان، باشقىلاردەك ماددىي مەنپەئەت، نام-ئابروي ئۈچۈن يىغىلىرىنىڭ ئورنىنى كولايدىغان، ئۈستىدىكىلەرگە خۇشامەت، چېقىمچىلىق قىلىدىغان نەپرەتلىك ئىللەتلەردىن خالىي، خەلقنىڭ ئالقىش، ھۆرمىتىگە سازاۋەر رەھبەرلەردىن بولالىغان. مانا شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن 1957-يىلى تەنقىد قىلىنىپ مەنسىپى تۆۋەنلىتىلگەن. تۆۋەنلىتىلگەن چاغلاردىمۇ ئۇ ھامان خۇددى ئىمىنوۋغا ئوخشاش خەلق ئىشىغا چەكسىز سادىق بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەت ۋە قىممىتىدىن ئايرىلمىغان. 1966-يىلى ئۇ يىراق بىر ناھىيىنىڭ سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئۆتۈنۈشىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقاندا ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلغان ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى رەھبەرلىك گورۇپپىسى» نىڭ خىزمىتىگە ئىمىنوۋ بىلەن بىللە قاتناشقان. لېكىن ئىككى ئايغا بارمايلا ئىمىنوۋ بىلەن بىللە «ئەكسىيەتچى لۇشيەن» نىڭ ئىجراچىلىرى دېگەن نام بىلەن سازايى قىلىنغان، تەنقىد قىلىنغان، ئۇ ھېچنىمىنى چۈشىنەلمىگەن، خىزمەت كۆرسىتىمەن دەپ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى خاتا بولۇپ چىققان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاقە باغلىشى ئۈچۈن كېتىدىغان پۇلنى قىسقانلىقى ئۈچۈن «مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا قارشى» دېيىلگەن بولسا، ئاز كۈن ئۆتمەي پۇلنى جىق ئىشلەتكىنى

ئۇچۇن «ئىقتىسادپەرەسلىكنى يولغا قويغان ئۇنسۇر» دەپ دۆمبالانغان. ئىشلىسىمۇ، ئىشلىمىسىمۇ كۆرەش، ئەنقىد قىلىنىپ ئەيىبلىنىۋەرگەن. ياخشى ئىشلىسىمۇ بۇزغۇنچىلىق قىلدى دېيىشكەن، راست گەپ قىلسىمۇ ھىيلىگەر، سۇيىقەستچى دېيىشكەن؛ نەپەس ئېلىشقا ئىمكان قالمىغان ئاشۇ كۈنلەردە، تۈرمىچى ئاسمىنىدا كۈن بويى غەزەپلىك ۋارقىراپ، شۇئار توۋلىغان يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانايلىرى جىمىغاندا نادىرۇۋ پات ـ پات ئىمىنوۋنىڭ يېنىغا كېلىپ ھال ـ مۇڭ ئېيتقان:

— نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟

— ھېچ بىلەلمىدىم.

— ئاخىرى قانداق بولار؟

— گاڭگىراپلا قالدىم.

ئۇزۇن سۆھبەتلىرى مۇشۇنداق خۇلاسە بىلەن ئاخىرلىشىدىغان ئىككى سەپداش كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتۈپ خۇددى بازارغا كەتكەن ئانىسىنىڭ تاتلىق بازارلىق بىلەن قايتىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىۋاتقان نامرات بالىلىرىدەك كەلگۈسىگە تەلمۈرۈپ يۈرۈشكەندە نوقۇغۇچىلار ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئاپىرىپ قامىۋالدى. ئىمىنوۋ بىلەن نادىرۇۋ قىزىل ئىككىنچى سىنىگبۇنىڭ ئادەملىرىگە ئۆتنۈلگەن ئىشلارنى، بولۇنغان گەپلەرنى راستچىللىق بىلەن ئېيتىپ بەردى. ئۇلار يەنىلا كەلگۈسىنىڭ ھازىرقىدىن پارلاق بولۇشىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن بۇ «ئۇلۇغ ئىنقىلاب» نىڭ غەلىبە بىلەن تېزرەك ئاخىرلىشىشىنى، ۋەيران بولغان ئىگىلىك، ئىقتىساد ۋە روھىي كەيپىياتنى تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرۈپ خەلققە باياشاتلىق، خاتىرجەملىك ۋە بەخت ـ سائادەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەشكە ئالدىرايتتى. ئۇلاردا مانا مۇشۇنىڭدىن باشقا نىيەت يوق ئىدى. لېكىن ئۇيۇقسىزلا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نوقۇغۇچىلىرى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بىلەن ئىمىنوۋنى ھەربىي رايونغا تاپشۇرۇپ بەردى.

نادىرۇۋ دەرھال شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن قېچىپ چىقتى. ئامال قىلىپ ئىمىنوۋنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالدى. ئۇ دەسلەپ ئىمىنوۋنىڭ ھەربىي رايونغا تاپشۇرۇلغانلىقىنى ئۇنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئىمىنوۋ ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن خىتىدە تۈرمىگە سولانغانلىقى، سوراق قىلىنغانلىقى، سوراق ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئەھۋالنىڭ يامانلىقى، يېقىن ئارىدا چىقالماسلىقى، كەلگۈسىدىمۇ زور خېيىم ـ خەتەرنىڭ بولىدىغانلىقى، نادىرۇۋ بىلەن مەڭگۈلۈككە جۇدالىشىدىغان پەيتنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئىلىكى نادىرۇۋنىڭ غۇلجىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ قەدەم ئىزلىرى

چۈشكەن قىممەتلىك تۇپراق بىلەن ئۆزىگە ۋەكالەتەن خوشلىشىپ كېلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ئېيتىلغان.

نادىرۇۋ قانچىلىك قايغۇردى؟ ئاۋۇ يۈزلىرىدىكى چوڭقۇر قورۇقلار بىلەن چاچ ـ ساقاللىرىدىكى مەزگىلسىز چۈشكەن ئاقلار ئاشۇ ئەلەمنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمىكىن؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن، قانداق گۇناھى ئۈچۈن ئەيىبلەندى؟ قان كېچىپ جەڭ قىلغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ياكى خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، سەممىي ـ سادىق بولغىنى ۋە راست گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ مەن ئىمىنوۋ بىلەن بىر دەۋردە ياشاۋاتقان ئىكەنمەن، ئۇنىڭ بويىغا چۈشكەن سىرتماق ئۆز ئىشىنى تاماملىغاندىن كېيىن مېنىڭ بويۇمغا چۈشمەسمۇ؟ دېگەن سوئاللار نادىرۇۋنى ئاچار سوراقچىدەك قىينىدى. ئۇ ئاخىر ئىمىنوۋنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاش ۋە ئۆزىنىڭ ئىزى چۈشكەن، تەرى ئاققان، قان تۆككەن، باغرىغا باسقان، كۆز يېشى تامغان يەرلەر بىلەن خوشلىشىۋېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا كەتتى. مانا ئۇ ئۇزغۇلغان يېزىسىدىن بۇ مۇبارەك سەپەرنى باشلىدى. مانا ئۇ سەپەر ئۈستىدە ...

مەن نادىرۇۋنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ ھاياجانلاندىم. ئۇلارنىڭ ئاخشىلىرى، گەپلىرى، كۆز ياشلىرىدىكى چوڭقۇر ۋە يوشۇرۇن مەنىلەرنى خېلى چۈشەندىم.

ئات ئويناقلاپ، ئۈگۈرەك تاشلاپ كېتىپ باراتتى. ئاچچىق تاغ شامىلى ئاخشام ياغقان يۇقىقا قاردىن سەللە ئورىغان ئاۋرال، دېلمۇك تاغلىرىنىڭ ئاپئاق باشلىرىنى سىلاپ تەسەللىي بېرىپ، ئىلى دەرياسىغا ياش تېمىتىپ قويۇپ، چەكسىز ئوقايلىقلاردىكى تال ـ يۇلغۇنلارنى سىلكىپ ـ تىترىتىپ، مادارى قالمىغان ئېمىجان ئانىسىنىڭ قوللىرىدەك تىترەپ كېلىپ بىزنىڭ غەمكىن يۈزلىرىمىزدىكى ئەلەم بەلگىلىرىنى يالاپ قورۇتماقتا. مەن مۇشۇ ماڭغىنىمچە نادىرۇۋ بىلەن بىر نەچچە كۈن بىللە بولۇشنى، ئۇنىڭ پۈتۈن سەرگۈزەشتىلىرىنى تولۇق بىلىشنى خالايتتىم. مەن گۈزگىشىپ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھارۋىكەش ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇغانىدەك، بىر ئەھمىيەتلىك ئىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىپ بارغانىدەك خۇشال ۋە قىزغىن. ئۇمەركام بولسا بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى ئۆيگە تاشلاپ قويغانىدەك، گويا ئۇنىڭ چىرايىمۇ ياشىرىپ چوڭقۇر قورۇقلىرى تارىلىپ، سوزۇلۇپ قالغانىدەك.

— مەن ئاداش، ساڭا بىر ئاي ھەمراھ بولالايمەن، — دېدى ئۇ بىز بارماقچى بولغان سېرىق يوپۇرماقلىق دەرەخلەر بىلەن چۈمۈلگەن چوڭ يېزىغا يېقىنلاشقاندا، — لېكىن بىزنىڭ ئەلانىڭ ئىشلىرى چالا. ئۇ ھارۋىسىنى سېغىنىپ قالارمىكىن؟

— ياق، مەن هارۋا هەيدىمەيمەن. نېمشقا ئۇلارنىڭ قىل دېگىنىنى قىلۋېرىمەن. قايسبىر گۇناهىم ئۈچۈن مەن ئۇلارغا باغلىناتتىم؟ مەن يېڭى بىر خۇلاسىگە كەلدىم. بىزمۇ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئازاد قىلىشىمىز كېرەككەن، نادىروۋ ئاكا قېچىپ كەپتۇ. بۇ، مەن قېچىپ چىقالمىدىكەنمەن!

— توغرا، قېچىش كېرەك!

بىز هوزۇر قىلىپ كۈلۈشتۇق.

— كىتابلىرىڭنى ئېلىۋالمىدىڭ. دە ئەلا؟ — دېدى ئۆمەر-كام ۋە نادىروۋغا بۇرۇلۇپ، — بۇ بىر كۈنمۇ كىتابسىز ياشيالىمايدۇ. ئەتىگەن ئىنگلىزچە يادلىغانلىقنى ئاڭلىغانسەن. هە؟

— ئاڭلىدىم. شېكىسپىرنىڭ شېئىرلىرىنى يادلاۋاتىمەن دەيدىغۇ.

— شۇنداقمۇ ئەلا، شېكىسپىر دېگىنىڭ ئاقىر ياش- نورۇسكەن، ئۇ بىر ئۇلۇغ ئادەممۇ؟

— نورۇس ئەمەس، ئىنگلىز، — دەپ تۈزەتتى نادىروۋ. — بىزنىڭ خەلقىمىز دۇنيا خەلقىنى ئۈچلا مىللەتكە بۆلىدۇ. سېرىق چېچى، ئېگىز بۇرنى بولسىلا بۇلارغا نورۇس، پاكار، بۇرنى كىچىك بولسىلا خەنزۇ، قالغىنى بىز خەق، دەيدۇ.

— ئۈنچىلامۇ دەپ كەتمە، ئون ئۈچ مىللەتنى بىلمىزەي. قازاق، قىرغىز، تاتار، تاجىك، موڭغۇل، شىبە، خەنزۇ، خۇيزۇ ... قانداقكەن، هە، هېلىقى شېكىسپىر دېگىنىڭ ئۇلۇغمۇ ئەلا؟

— بىر تاغ، — دېدىم كۈلۈپ قويۇپ. — بەنە بىر گېيونى دېگەن شائىرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ئۈزى ياشىغان ئون ئالتە. ئون يەتتىنچى ئەسىرلەردە سانسىز تاغ چوققىلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بويى تالاشقان چوققىلار شامال، بورانىدا يېمىرىلىپ تۈگەپ، ئاشۇ بىرلا شېكىسپىر بارغانسېرى زورىيىۋاتقان يالغۇز چوققا بولۇپ قالغان!

— ئاجايىپ گەپكىنا، — دېدى نادىروۋ بېشىنى ئېغىتىپ قوللاپ، — دۇرۇس، بىر ئادەمنىڭ ئۇلۇغ ياكى ئەمەسلىكىنى ۋاقىت ئۆزى ئىسپاتلىيالايدۇ. هازىر مەدھىيىلىنىۋاتقان، ماختىلىۋاتقان تالاي-تالاي ئادەملەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن هېلىقى قۇم تاغدەك بورانلار زەربىسىدىن ئۆرۈلۈپ تۈگەيدۇ، ئەتىۋرىسىدە قارىلىنىۋاتقان، تىللىنىۋاتقان ئادەملەر دەۋر ئۆزىرىقىدا تاغ بولۇپ تىكلىنىپ، بارغانسېرى زورىيىدۇ. ئۇكام ئەلا، سىزگە ئۆمۈر تىلەيمەن، سالامەتلىك تىلەيمەن، هالال ئەمگىكىڭىز بىلەن بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت زېمىنىمىزدىكى بىر يېمىرىلمەس تاغقا ئايلىنىڭ. بىزنىڭ ئىمنوۋ سىز بىلەن تونۇشقان بولسا قانچىلىك خۇشال بولاتتى، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرەتتى.

— ئاجايىپ ئىشكەن، — دېدى ئۆمەرىكام ئۇلاپ ئۇرۇپ ...

ياخشىلارنىڭ جەم بولمىقى كاككۇك بىلەن زەيەپنىڭ ئۇچراشمىقىدەك تەس بولىدىكەن، يامانلار بولسا توپ قاغىدەك دائىم بىللە يۈرۈشىدىكەن.

دەل شۇ چاغدا هارۋىمىز غۇلجا. شەرقىي بەش ناهىيە تاشيولىغا چىقتى. شەھەر تەرەپتىن ماشىنلار كەلمەكتە. بىز چەتتە يول كۈتۈپ توختىدۇق. كەينىكە ئۈستىگە پىلموت تىكلەنگەن، كوزۇپلىرىغا چويۇن قالپاقلىق، تولۇق قوراللانغان ياشلار تولغان ماشىنىلار مەنىلىك سىگنال بېرىشىپ ئۈزۈلمەي ئۆتۈشمەكتە. ماشىنىدىكى ياشلار سۈرلۈك، هەممىلا نېمىگە غەزەپ-نەپرەت بىلەن قادىلىپ كېتىپ باراتتى. نادىروۋ موخۇركا ئوراپ پىچىرلىدى:

— ۋابال، بىچارە ياشلارغا ۋابال. دۈشمەن يېيىپ كىرگەن بولسىدى، مۇشۇنداق كۆرۈنۈشى يېقىملىق، گۈزەل كۆرۈنگەن بولاتتى. هازىرچۇ؟ ئادەملەر ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدۇ. ئاۋادا مۇشۇ ياشلار مۇنۇ ئەلادەك كىتاب بىلەن هەپىلەشكەن ئىش بىلەن شۇغۇللانغان بولسىدى، ئۇ چاغدا دۆلىتىمىزدە بايىقى ئەلا دېگەندەك ئۆپرىماس تاغلار كۆپەيگەن بولاتتى.

چوڭ ماشىنىلارنىڭ كەينىدىن ئۈستى ئوچۇق كىچىك ماشىنا كەلدى. ماشىنىدا ئىككى قوراللىق يىگىت. ئوتتۇرىسىدا هەربىيچە كىيىم بىلەن ياپما قاپاق. سىبمىز بىرسى ئولتۇراتتى. كىچىك ماشىنا بىردىنلا توختىدى- دە، هېلىقى ياپما قاپاق ماشىنىدىن چۈشۈپ هېجاراپ بىزگە قاراپ كەلدى.

— رەقىب! — دېدىم هەمراهلىرىمغا پىچىرلاپ. — نېمە دەيدىغاندۇ؟

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. قانداق ئەلا ئاداش، سىنى كۆرمىگىلى بىر يىلدىن ئېشىپتۇ. سىنى ئىزلەپ ئۇرغۇن يەرلەرگە ئادەم ئەۋەتتىم. سەن زورزور بولۇپ قالدىڭ. ماڭا ياردەم قىلالامسەن؟

— قانداق ياردەم؟

— ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىنى قوغداش ئۈچۈن كۈچ قاتسەن. بىزنىڭ يېڭىچىلىق گۇرۇپپىمىزدا ئىشلەيسەن.

— مەن گېزىتتە. مەندە بۇنداق لاياقەت يوق.

— لاياقەت دېگەننى ئادەم ئۆزى يارىتىدۇ. ياخشى خىزمەت كۆرسەتسەڭ. ئۆتكەن ئىشلار سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ.

— مەن هېچكىمنىڭ كەچۈرۈملىك قىلىشىغا مۇهتاج ئەمەسمەن.

— بۇ گېپىڭ بولمىدى ئاداش. ئىنقىلابىي چوڭ پېيەن گۇرۇپپىسىغا قاتناش. مەن بۇگۈنلا سىنى ئېلىپ كېتىمەن. كۆرۈپ تۇرسەن ۋەزىيەت چوڭ ياخشى. هەممىلا جاي قىزىل تۇرغا يۆلەنگەنلىكىنى ... قالدى ...

— شۇ چاغدىمۇ بىز پاتقىدەك قارا بۇلۇڭ چىقىپ قالار، بۇلۇڭدىن قالما! — مەن ئاتنىڭ ياندۇرىقىنى سىلكىدىم.

— ئەلا، ئىستىقبالىڭنى ئويلا ئاداش! — رەقىب كەينىمدىن ۋارقىرىدى.

— سەندىن ياخشى ئويلايدۇ، — دېدى ئۈمەركام غوتۇلداپ، — ۋۇي نائەھلى، ئۇز ئىستىقبالىڭنىڭ غېمىنى قىل، مانا ھېلىقى سىلەر ئېيتقان "بىرىنچى ئوپا دۆڭ" ئاشۇ. كىچىككىنە ھەقىقەت شامىلى بىلەن ئۇزۇپ ئۆتكەيدۇ. لېكىن ھازىر ئۇ ئاۋۇ ئىككى قورالىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنى تاغ ھېسابلايدۇ ـ دە.

مەن غەزەپلەندىم، لېكىن رەقىب ئوغرىسىدا ئىنىمىدىم.

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى نادىروۋ.

— بۇمۇ؟ رەقىب بۇجاڭ دېگەن مۇشۇ. بىلسەن، غۇلجا شەھىرىدىكى جالالىدىن ھاجىنىڭ ئوغلىمىدىن. لەنجۇدا ئەلالارغا باشلىق بولغانىكەن، مۇشۇ ئىنقىلاب باشلىنىشتىن سەللا بۇرۇن ناھىيىگە يۆتكىلىپ كېلىپ تەشۋىقات بۇجاڭى بولغان.

— چۇ، جانىۋار! — مەن گەپنى باشقا تېمىغا بۇراش ئۈچۈن قامچامنى ھاۋادا پۇلاڭلاتتىم، — نادىروۋ ئاكا، مانا سىلەر يۈرۈش قىلغان يوللارغا چىقتۇق. قاراپ باقايلى ئىزلىرىڭىز تېپىلامدىكىن؟

— راست بۇ يوللاردا بىزمۇ قوراللىنىپ ئاتلىق ماڭغان. ماشىنىدىمۇ ماڭغان، بىرىنچى قېتىم غېنى باتۇر پارتىزانلىرىغا قوشۇلۇپ ئاتلىق ئاياق ـ توخماق بىلەن قوراللىنىپ غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن جەڭگە ماڭغان. ئىككىنچى قېتىم گومىنداڭنىڭ كۆك ئارچىن ئارقىلىق جىگدىن بۇياققا ئۆتكەن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن مىلتىق بىلەن قوراللىنىپ غۇلجا شەھىرىدىن تاغقا قاراپ ماڭغان.

— تەلىيىڭىزگە بۇ يولدىن يەنە سىرتقا چىقىدىغان بولدۇق، — دېدىم ئاتنىڭ بېشىنى قىلىن قارىياغاچلىق يېزا يولىغا بۇراپ.

بوۋايلار كۈلۈشتى.

ئەھەللىگە كىرىش ئېغىزىدىن كونا كۆۋرۈككە بىر گاز ماشىنا تىقىلىپ قالغان، ئادەملەر پىشاڭلار بىلەن ماشىنىنىڭ ئېرىقتا چۈشۈپ كەتكەن چاقىنى كۆتۈرمەكتە. ماشىنا ئەنسىز ھۆكىرەپ ئىنجىقلىماقتا ئىدى. ياللاڭباش، گەۋدىلىك ئىككى ئادەم تېزلىكچە ياتاققا كىرىپ ماشىنا بىلەن تەڭ ئىنجىقلاپ. گەدەن تومۇرلىرى پولىنىپ چىقىقچە چىڭقالماقتا. مەن ئۇلارنىڭ بىرسىنى تونۇدۇم.

— ئۇگە يېتىۋالسا تومشۇقىنى [illegible]

بۇ مېنىڭ «تۇگە» لەقەملىك دوستۇم ھاشىرغا قىلغان چاقچىقىم. مەن چاقچاق بىلەن تەڭ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتۈم.

— نېمە دەپ ۋىچىرلايسەن ئۈي؟

بۇ مېنىڭ «قۇشقاچ» لەقىمىنى ئاتىغىنى ئۇنىڭ. بىز قىزغىن كۆرۈشتۇق. ئۈمەركام چاقچاققا ئارىلاشتى:

— جانلىقلارنىڭ چوڭى بىلەن كىچىكى قانداق قوچاقلىشىدىكىن كۆرۈپ باقايلى. ھا، ھا، ھا! ...

ھاشىرلارنىڭ ماشىنىسى تېزلا چىقتى. ئەمدى بىزنىڭ ھارۋىغا قىيىن. ئۈمەركام ھاشىر بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ يەنە چاقچاق قىلدى:

— ئەمدى بىزنىڭ ھارۋىغا ئېگىزرەك بىر ھايۋاننى قوشمىساق ئۆتەلمەيدىغان بولدۇق.

— ئەڭ ياخشىسى جاھىلراق ھايۋان بولسا بولاتتى!

— ھا، ھا، ھا! كۆردۈڭمۇ نادىروۋ، ھاشىر شۇجى سېنىڭ خىچىرلىقىڭنىمۇ بىلىپ بوپتۇ.

ئۇلار ھەممىسى كۈلۈشتى. ھاشىر نادىروۋنىڭ قولىنى چىڭ قىستى.

— سالامەت كەپسىز. ئۆي ـ ئىچى، بالا ـ چاقىڭىز تىنچمۇ؟

— رەھمەت ئۇكام. يامان ئەمەس. سىزنى بىر كۆرسەم دېۋىدىم. مانا كۆرۈشتۇق ئۇكام ھاشىر.

— مەنمۇ سىزنى كۆرۈشكە تەشنا ئىدىم. كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ ئىزدەپ ئاپاي دېۋىدىم نادىروۋ ئاكا.

— ھە. ئالدىراش ئوخشايسىزغۇ؟

— ئىشلار بىسىقراق. قارىماسىز ھەممىلا ئادەم ئىنقىلاب بىلەن، خىزمەت يوق. زاۋۇتلار. مەكتەپلەر. دوختۇرخانىلارمۇ تاقالغان. بىرلا دېھقان. چارۋىچىلار ئانچە ـ مۇنچە ئىش قىلىدۇ. ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنىڭ يېرىمىنىمۇ ئورۇنلىيالمىدۇق. كۆزگى تېرىلغۇسى بۇ يىل قىرىق پىرسەنت كېمەيدى. ھازىر مانا ئون ئىككىنچى ئاي كىرەي دېدى. تېخىچە كۆزگى تېرىۋاتقان دۆيلەر بار. كەنجىككەن كۆزگىدىن مەھسۇلات چىقامدۇ؟ ئوتتۇز بەش جىڭ ئۇرۇق چېچىپ، بىرمۇ يەردىن ئاتمىش ـ يەتمىش جىڭ ھوسۇل ئالغان دۆيلەر كۆپ. بىر ئاتلىق بۇغداي ئارانلا ئىككى ئال بولغان. دېھقانىنىڭ كىرىمى تۆۋەن. ناھىيە بويىچە بىر گۇڭگىغا تەقسىم قىلىنىدىغان پۇل بىر سومدىن تۆۋەن. نورغۇن دۆيلەرنىڭ تېخى يىگىرمە ـ ئوتتۇز تىيىن. قەرزدار ئائىلىلەر بۇلتۇرقىدىن بۇ يىل يىگىرمە بەش ـ ئوتتۇز پىرسەنت كۆپىيىدىغاندەك تۇرىدۇ. ھەي ئاكا. جۇڭگودا ئالتە يۈز مىليون دېھقان بار. بىر يېرىم مىليارد مو يېرىمىز بار.

بۇ يەرگە سەككىز يۈز مىليون خەلقنىڭ قورسىقى قاراشلىق. دېھقان كۆكلىمىسە بىزنىڭ ئۆزگىنىمىز شۇ. ئىنقىلابنى ئۆتۈپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈڭلار دەۋاتىدۇ. لېكىن «ئۆتۈش» ياخشى- يۇ، «ئىلگىرى سۈرۈش» تازا ياخشى بولمايۋاتىدۇ. مېنى يەنە بىر جىگۈبىغا مۇئاۋىن قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابىغا مەسئۇل قىلىپ قويدى. مانا مۇشۇنداق. كېچە- يۇ، كۈندۈز چاپىمەن، قىيىنچىلىق ئېغىر، مەسىلە كۆپ. ئەلا بىلەن كۆرۈشمىگىلى نەچچە ئاي بوپتۇ، باش ئاتلىغدەك چولا يوق.

ئۇلار ئاماكا چەككەچ پاراڭلاشتى. مەن ھاشىرغا سىنچىلاپ قارىدىم. راست گېپىمنى ئېيتسام مەن ئۇنى سېغىنمىغان، ئويلىمىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق. مانا شۇ تاپتا ئۇنىڭ بويىنغا ئېسىلغۇم، ساپاڭ قولاقلىرىنى تارتقۇم كېلىۋاتىدۇ. لېكىن ئىلاج يوق. مەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتىم. ئۇ جۈدىگەن، چاچ- ساقاللىرى ئۆسكەن. كىيىملىرى كىر ۋە ساپاسىز. مۇشۇ كۆرۈنۈشى بىلەن ھېچبىر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارىغا ئوخشىمايدۇ. بەلكى ئۇ كونىگە مىڭ كېسەك قويۇپ قارا كۆچ بىلەن ياشاۋاتقان ئاددىي ئەمگەكچىگە ئوخشايدۇ. مەن بايىلا ئۆتۈپ كەتكەن رەقىبنى ھاشىرغا سېلىشتۇردۇم، ھاشىر دېھقان ۋە پۈتۈن ناھىيە. دۆلەت ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ جېنىپ يۈرۈيدۇ، ئۇ گاز ماشىنىدا؛ رەقىب بولسا ئادەم ئۆتۈش، قان ئۆزكۆشكە ماڭدى. ئۇ كىچىك ماشىنىدا. ھاشىرنىڭ خىيالى دۆلەت ۋە خەلقتە، ئۇ جۈدىگەن. ھارغان؛ رەقىب بولسا سۈيىقەست، مەنسەپ، مەنپەئەت تاماسىدا، ئۇ سېمىز، راھەتتە. قايسىدۇ بىر كىتابتا: «نادان ۋە جاھىللارنى ئەتۋارلاپ، دانا ۋە بىلىملىكلەرنى خورلاش زالىم پادىشاھلارنىڭ ئەلنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى» دېيىلگەن. مەن بۇ سۆز ئارقىلىق بىر ئادەمنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن. لېكىن مۇئۇ ماڭا ئوتتۇش ۋە يېقىن بولغان ئىككى كىشىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئىختىيارسىز ھالدا ماڭا بۇ سۆزنى ئەسلەتتى.

بىز ھاشىر بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. ھاشىر بىز بىلەن كېيىن ئۈچرىشىشقا ۋەدە بېرىپ كېتىپ قالدى. ئۇ كېتەر ۋاقتىدا مېنى چەتكە تارتىپ پىچىرلىدى:

— نادىرۇۋنىڭ پېيىگە چۈشكەن ئادەم بار، ئوقتۇڭمۇ، سەن ئۆزەڭنى ئايا، ئەڭ ياخشىسى بۇ ئادەمنىڭ كەينىگە كىرىۋالما، ۋەزىيەت جىددىي، قالغان گەپلەرنى كېيىن ئېيتىمەن، ئۈچ كۈندىن كېيىن، كېچىسى ياتىقىڭدا كۆت. مەن قونغىلى بارىمەن.

مەن ئۇنىڭ گېپىگە ھەم نارازى، ھەم ھەيران. «نادىرۇۋ نېمە گۇناھ قىلغىنى ئۈچۈن گۇمانلىق؟ مەن نېمىشقا بۇنداق سەممىي- بىلىملىك. يېقىملىق ئادەمدىن ئۆزەمنى تارتىدىكەنمەن. بۇ دۇنيا بىزگە نېمانچە تار، بىز قاچانغىچە مەنئۇي. جىسمانىي قەپەز ئىچىدە قىينىلىمىز؟»

بىزنى بۇ يېزىدا مەھەللىنىڭ تاللانغان ئادەملىرى كۈتۈۋالدى. كېيىن نېمە بولسا بولمامدۇ. بۇگۈن راسا قانغىچە ناخشا ئېيتىۋالدىغان بولدۇق. بۇمۇ بىر غەنىمەت!

3

رەقىبنىڭ بۆلۈمىدىن يېرىم كېچىدە ئادەم ئايىغى ئۈزۈلدى. ئۇ ئاماكا ئىسى بىلەن ئىسسىپ كەتكەن بۆلۈمنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى- دە، پوپايكا بىلەن زالدىن ئۆتۈپ قويۇق دەرەخلىك ھويلىغا چىقتى. پاكار، شاخارىغان ئالمىلارنىڭ ئاستى رەقىبكە سۈرلۈك. خەتەرلىك بىلىندى. يېنىدىكى ئۆيلەردە قوراللىق ئىسيانچىلار، ھەربىيلەر تۇرۇۋاتقىنىغا قارىماي ئۇنى سۈر باستى، ئۇ قورقۇپ زالغا داجىدى.

ئۇ بىردە شەھەردىكى ئۆيىدە، بىردە ناھىيىدىكى ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ- قوپۇپ يۈرەتتى. بۇ يىل ياز ئاۋاردىن كېيىن بىراقلا ناھىيىلىك پارتكوم قورۇسىغا كۆچۈپ كىرىپ يۈرۈنقى بىرىنچى سېكرېتارنىڭ ئىشخانىسىنى ھەم ياتاق، ھەم ئىشخانا قىلىۋالدى.

ئۇ شۇندىن بېرى يېگىچە تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويدى. ئۇ چالا ساۋات ياشلارغا يوقلاڭ ئىشلار ئۈچۈنمۇ يېلىناتتى، بۇنى خورلۇق ھېس قىلىشمۇ كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتۇپ سەۋر- تاقەت قىلاتتى. بىر قىسىم كادىرلار، ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن بۇ ناھىيىنىڭ «ھوقۇق تارتىۋېلىشقا تەييارلىق قىلىش» ئىشخانىسى رەقىبنى «ئىنقىلابىي رەھبىرىي كادىرلار ۋەكىلى» دەپ ئارىغا ئېلىۋالغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا چوڭ ھوقۇق ئۆتكۈزمىگەن، بۇ يىل يانۋاردا ناھىيىدىكى ئىسيانچىلار شاڭخەي ئىسيانچىلىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغان بولسىمۇ يۇقىرىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغانلىقى، مۇھىمى ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىن بۇ تەجرىبىسىز، بىلىمسىز، ئىقتىدارسىز ئادەملەر توپى پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىنقىلاب ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوراللىق قىسىملار بۇ ئەمەلىي ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ بۇ ئىسيانچىلارنىڭ بىرلەشمە تەشكىلاتىنى «تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى» قىلىپ ئۆزگەرتىپ قويغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئىنقىلاب. يەنى ئۆزىگە قارشى تەرەپتىكى ئىسيانچىلار قوماندانلىق شتابى بىلەن ئېلىشىش، بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەشكىلات ناھىيىنىڭ خەممە

خىراجىتىنى ئىشقا سېلىپ نەچچە يۈزلىگەن، ھەتتا مىڭلىغان قوراللىق بىكارچىلارنى ياخشى ئاماق، ئوق - ياراق ۋە ھەتتا ھەق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇرغۇن پۇلغا توختىغان يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانايلىرى (بۇ كانايلار قانچە ئېگىز ئورنىتىلسا شۇنچە ياخشى)، تەشۋىقات ماشىنىلىرى، كۈنىگە نەچچە يۈز بەتلىك بولۇپ چىقىدىغان چوڭ خەتلىك گېزىت، ۋاراقىلەر، تەشۋىقاتچىلار، ئادەم تۇتقۇچى قوراللىق قىسىملار، ئۆزلىرى قۇرۇۋالغان تۈرمە - سوراقخانىلارنى ئىشقا سېلىپ قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالاقىچىلىرى ئوبلاست، ئۈرۈمچى ھەتتا بېيجىڭلار بىلەن ئالاقە قىلىپ «ئەڭ يېڭى» خەۋەرلەرنى تېپىپ كېلىپ دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سۆزلىرى، چوڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى خەۋەر قىلىش ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ چىشىغا تېگىدۇ ۋە قارشى تەرەپنى تىللايدۇ. قارشى تەشكىلاتنى يوقىتىپ ئۆزلىرىنى بىردىنبىر «توغرا يول» ۋە «ھەقىقەت» نىڭ ھىمايىچىلىرى، ۋەكىللىرى قىلىپ كۆرسىتىشكە جېنىنى ئاتىغان بۇ ئوچىغا چىققان شەخسىيەتچى تەشكىلات رەقىب ئۈچۈن مانا شۇنىڭ ئۈچۈن قىممەتلىك، ئەتىۋا. رەقىب ئۆزىمۇ باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىش، سۈيىقەست ۋە يۇقىرىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق باشقىلارنى يوق قىلىۋېتىشتىن چەكسىز ھوزۇر ئالىدىغان ۋە بۇنداق قىلىشنى ھاياتنىڭ لەززىتى دەپ بىلىدىغان ئادەم بولغاچقا ئۆزىنىڭ مىڭ باراۋەر يوغىنىتىپ كۆرسىتىدىغان مىكروسكوپنىڭكى كۆرۈنۈشى بولغان بۇ تەشكىلاتنى ئىمىشقا جېنى بىلەن باراۋەر كۆرمىسۇن؟

.ئۇنىڭ بۇ تەشكىلاتتا رەھبەرلىك ئورنى يوق، لېكىن كېيىن ئۇ ماتېرىيال تەييارلاپ ۋاراقە تارقىتىشتىن تەرجىمانلىققا، تەرجىمانلىقتىن مانا ھازىر ھەربىي رايون بىلەن ئالاقە قىلىدىغان ئالاقىچىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ يېقىندىن بېرى «ئىنقىلابىي كومىتېت» قۇرۇش توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر كۆپەيگەنسېرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ رەقىبتەك «رەھبىرى» كادىرغا بولغان كۆز قارىشىدا ئۆزگىرىش بولماقتا. ئۇلار رەقىبنى مۇھىم ئىشلارغا قاتناشتۇرىدىغان، «رەسمىي دائىمىي ھەيئەت» دەپ تونۇيدىغان بولۇپ قېلىشتى. مانا بۇ ئۆزگىرىش رەقىبنى تېخىمۇ ئالدىراتتى. خۇش قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئالدىراش ئىشىدىن تېخىمۇ رازى بولىدىغان كۆڭلىنىڭ يىراق ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. ھازىر دائىمىي ھەيئەتلەر ئۇنىڭ يېنىغا توپلاندى. رەقىب ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارى ئولتۇرىدىغان دىڭگەك يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندا ئولتۇرۇپ ھەربىي رايون سىياسىي كومىسسارىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مۈلكىنى بۇلاش - تالاش ھەرىكىتىنى چەكلەش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى خەنزۇ تىلىدا يەتكۈزدى. ئۇ شۇ چاغدا ئۆزىنى ناھىيىنىڭ مۇناسىپ رەھبىرى ھېسابلىغان ۋە ئېرزەك بۇ كۆڭلەرنىڭ كېلىشىنى ئارزۇ قىلغانىدى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئوبلاستقا، ھەربىي رايونغا كىرىپ يۈگۈردى. يېڭى يوليورۇقلارنى ئېلىپ چىقىپ يۈرگەچكە ناھىيىدە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇۋاتقان تەشكىلاتنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى نومۇرلۇق خىزمەتچىلىرى (بىرىنچى رەھبىرى تراكتور زاۋۇتىنىڭ شوپۇرى، ئىككىنچى رەھبىرى ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى) رەقىبنى ھەربىي رايوندا ئارقا تىرىكى بار، كەلگۈسىدە چوڭ ھوقۇق ئىگىسى بولىدۇ دەپ ئويلاپ ئۆزلىرىگە مۇھىم مەسلىھەتچى (ئەمەلىيەتتە رەھبەر) ھېسابلاپ، ئىمىلا قىلسا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالىدىغان بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن رەقىب گەرچە بىر كونكرېت ئەمەلى بولمىسىمۇ ئەمەلىيەتتە نەچچە مىڭ ئەزاسى بار، كۈچلۈك ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ يوشۇرۇن رەھبىرى، ئارقا تىرىكى بولۇپ قالغان. مانا بۇ ھال ئۇنى چەكسىز خۇشال قىلغان. ھوزۇرلاندۇرغانىدى.

ئۇ ئۆيىگە كىرىپ يان قورالىنى يېنىغا ئاستى - دە، ھويلىغا چىقتى. كېچە جىمجىت. ئەمما سوزۇلۇق. ئۇ ئامنى ياقىلاپ پاكار ئۆيلەردىكى شاپىگرافتا ئىشلەيدىغان قىزلار ياتقى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەتراپنى تىڭشاپ باقتى، ئەتراپ جىمجىت. ئۇ ئاستا كېلىپ ئىشىك يېنىدىكى دېرىزىنىڭ سوزۇق ئەينىكىنى چېقاردى - دە، قولىنى تىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئاشقىرىقى ئۆيدە ئىككى كارىۋات بار ئىدى، ئۇ كارىۋاتلارنىڭ بىرسىنى سىپدى.

— كىم؟ — بىر قىز چۆچۈپ ئويغاندى ۋە پىچىرلىدى. — ئىمانچە كەچ كىردىڭىز؟

بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ ئوقۇغۇچى قىزنىڭ يېنىدىن چىقتى. ئۇرغۇن پۇل ۋە ئەقىل سەرپ قىلىپ قولغا چۈشۈرگەن بۇ نادان قىز رەقىبنىڭ ھاياتقا بولغان ئەلپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان چېغى، ئۇ ئاسماندىكى يۇقا بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان تولۇن ئايغا قاراپ ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتتى. «گۈزەلئاي. شۇنچە ئىنتىلدىم. لېكىن تېخىچە تىنىقىڭ يۈزۈمگە، چاچلىرىڭ بەدىنىمگە تەگكىنى يوق. ماڭا ھازىر بىر سەنلا. بىلەمسەن. بىر سەن گۈزەلئايلا كەملىك قىلىسەن! — دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ئىمنى كۈتىسەن. يەنە شۇ ئەلا دېگەن چالا ئۆلۈك ئىتىنىمۇ؟ ياكى قوشمۇ مەڭگۈ ئۆتەلمەيدىغان پولات سېپىلنىڭ غەربىدىكى ئاتا - ئاناڭنىمۇ؟ پۇل بەرسەم ئالمايسەن، تېخى سىزنىڭ پۇلىڭىز مېنى بىر قېتىم بەختسىز قىلدى، ئەمدى تەكرارلانمىسۇن دەيسەنا؟ لايىغا مىلىنىپ قۇرۇلۇشتا ئىشلەپ، يالاڭغىداق، چىت كۆڭلەك بىلەن ماڭساڭمۇ ماڭا خۇددى پۈتۈن ئاسماننى سەنلا يورۇتىۋاتقاندەك كۆرۈنىسەن!

ئاھ، گۈزەلئاي، ئىككى قېتىم ئۆيلەندىم، ساناپ باقسام ئوتتۇز تۆت ئايال بىلەن ئالاقىدا بوپتىمەن، ئۇلارنىڭ ئالتىسىدىن بالا تېپىپتىمەن، ئىككىسىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بوپتىمەن، بىراق نېمىگە قورقىمەن؟ مەن ئۇلارنى زورلىمىدىم، ماگنىتقا تۆمۈر پارچىلىرى تارتىلغاندەك ئۇلار ماڭا تارتىلدى. مەن ئۇ ئىشلىرىم ئۈچۈن پەخىرلەنسەم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قايسى ئەر بۇنداق قىلمايدۇ؟ ئوتتۇز تۆت قانچىلىك سان؟ يەتمىش-سەكسەننى سانىغان ئاغىنىلىرىممۇ بارغۇ. ھەممىسى ئۆتكەن ئىشلار، ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن كىم ھېساب ئالىدۇ؟ ئىش قىلىپ سەن گۈزەلئاي ماڭا كۆڭۈل بەرسەڭلا مەن بۇندىن كېيىن جىنايەت، گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىپ قالالايتتىم. مېنى سەنلا خاتالىقتىن، پەسكەشلىكتىن ساقلاپ بەختلىك قىلالايتتىڭ: لېكىن سەن ئاسماننىڭ قەيەرىدە، مەن مۇنۇ پاسكىنا يەر ئۈستىدە. ھەر قانچە قىلسامۇ ساڭا قولۇم يەتمەيدۇ...»

بىرسى يۆتەلدى، ئۇ خىيالدىن سەگىدى.

— يولداش رەقىبمۇ؟ ...، — رەسمىيەت كۈلكىسىمۇ ئاڭلاندى.

— لاۋجاڭ! — دېدى رەقىب ئۇ تەرەپكە مېڭىپ، — سىزمۇ ئۇخلىيالماپسىزدە؟

— بىزنىڭ قوراللىق قىسىملار بۇلاپ كەلگەن ئۇن بىلەن ھەسەلنىڭ دېرىكىنى قىلغىنىنى نېمىسى لاۋزە؟ ئاممىۋى ھەرىكەت تۇرسا، جوڭ يۆنىلىشكە قاراش كېرەك. تە، بۇ سىياسىي كومىسسارمۇ تازا!...

— قورقماڭ لاۋجاڭ، بۇنىڭ چارىسى ئاسان. ئەمما لېكىن ئەركىن بازاردا ساتقۇزۇپ پۇلىنى بۆلۈشۈۋېلىپ يامان قىپسىلەردە، سىز قانچە ئالدىڭىز لاۋجاڭ؟

— ئالمايمەن دېسەم ئۇناشمىدى، ئىككى مىڭ يۈەن ئالغان. ئورنى بار، ئۈلۈۋېتىمەن.

— ئىشىنىمەن، ئىشىنىمەن. قورقماڭ ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلسا سىز جەزمەن بىرىنچى مۇئاۋىن جۇرېن بولىسىز. ئۇ چاغدا بۇ ئىشلارنى كىممۇ تىلغا ئالار؟

— كىممۇ دېگىنىڭىزنى، ئەشۇ كومىسسارچۇ؟ چىرايىدىن مۇز ياغىدىغان ئادەمكەن ئۇ. ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئەشۇ گاۋ جىڭۋېي جۇرېن بولىدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ قولىغا قالساق بىزگە ياخشى كۈن يوق.

— نېمىشقا، بىز بىر پەي، كۆز قارىشىمىز ئوخشاش تۇرسا؟

— پەينىڭ نىچچە مەزھەپ باردە؟ ئۇ دېگەن كاللىسى گرانىت تاشتەك قاتقان يەنئەن ماركىلىق كونا ئەبلەخ. پىت-سىركىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرىدۇ. رەقىب ئاكا، كىم بىلىدۇ. تېخى سىزنىڭ بابا شاپىگراف بۆلۈمىدىن چىققىنىڭىز ئۇنىڭ دەپتىرىگە چۈشۈپ بولدىمۇ، تېخى؟

رەقىبنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز لاۋجاڭ؟

— ئۆزەمچىلا دەپ قويدۇم لاۋزە. سىزمۇ مېنىڭ نەچچىلىك پۇل ئالغىنىمنى سوراپ باققاندەكلا بىر ئىش دەڭا!

— ھا. ھا. ھا! — رەقىب يالغان كۈلدى. — لاۋجاڭ گۇمانىڭىزمۇ ئورنى بولسۇن-دە. خاتىرجەم بولۇڭ. سىز تېخى پارتكوم قۇرۇلسا سېكرېتارمۇ بولالايسىز؟

— بىز تېخى پارتىيىگىمۇ كىرمىگەن لاۋزە. سىزدەك پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىدىن بىزگە ئاشماس.

— پارتىيىگە كىرمىگەن بىلەن نەچچە ھوقۇقدارنى پارتىيىدىن قوغلاشنى ئەستىقلىغانسىز، ھازىر رامكا يوق. ئاۋۋال سېكرېتار بولۇپ كېيىن پارتىيىگە كىرسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ.

— بۇ ئىشتا سىز كۆپرەك ياردەم قىلارسىز لاۋزە. بىرىنچىدىن سىز كونا پارتىيە ئەزاسى. ئىككىنچىدىن كومىسسار بىلەن ئالاھىدە يېقىن.

ئۇلار قارىماققا دوست، ئەمەلدە بىر-بىرىگە دۈشمەن. ئۇلارنىڭ مەنپەئەت ئورتاقچىلىقىمۇ بار. تالىشىشىمۇ بار. ئۇلار بىر-بىرىگە بېقىنىدۇ. ئۆۋەتى كەلسە بىر-بىرىنى تىرىك كۆمىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ چىرايلىق گەپلىرىمۇ، كۈلكىسىمۇ يالغان. ئۇلار يېرىم كېچىدە بىر-بىرىگە تۇرغۇن ۋەدىلەرنى بېرىشىپ ھەركىم ئۆز ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىشتى. لېكىن ئۇلار يەنىلا ئۇخلىيالمىدى. رەقىب بۈگۈن نېمىشقىدۇر بىئارام. ئالاقزادە ئىدى. ئۇ خۇددى ھازىرلا بىرسى دېرىزىسىدىن سەكرەپ چۈشىدىغاندەك چۆچۈپ-قورقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ ھېلىقى شاپىگرافتا ئىشلەيدىغان قىزنىڭ «مېنى ئەخمەق قىلىسىڭىز، مەندىن ساق قۇتۇلالمايسىز جۇمۇ!» دېگەن سۆزىدىن قورقتىمۇ ياكى بايىقى بىرىنچى نومۇرلۇق خىزمەتچىنىڭ «سىزمۇ كومىسسارنىڭ دەپتىرىدە» دېگەن سۆزىدىن قورقتىمۇ؟ بۇنىسى ئۆزىگە قاراڭغۇ. ئىش قىلىپ ئۇ قورقماقتا. چۆچۈمەكتە.

تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا ئۇ ئاخىر ئىككى قوراللىق ئوقۇغۇچىنىڭ ھىمايىسىدە كومىسسارنىڭ يېنىغا — قوراللىق قىسىملار بۆسى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ بايىقى جاڭدىن بۇرۇنراق بېرىپ ئىككى مىڭ سوم توغرىسىدا كومىسسارغا دوكلات بېرىپ قويۇشى كېرەك. بۇ ئۇنىڭ «ۋىجدان» ئالدىدىكى بۇرچى. ئۇ جىمجىت كوچىدا ئىككى قوراللىق يىگىتنىڭ ھىمايىسىدە غاچ-غاچ دەسسەپ ماڭغاندىلا ئۆزىنى ئەھمىيەتلىك ئىشقا ماڭغان، دۆلەت خەلقى ئۈچۈن ناھايىتى زور ئىش قىلىپ بېرىۋاتقان ئادەم ھېسابلاپ، چىنىق يېڭىلىكتىن

خۇشال بولدى. خۇشاللىق ھەممىگە زۆرۈر. لېكىن ئۇنىڭ مەنپەئەتى ھەرخىل بولىدۇ. بىرلىرى ئەمگىكى، ھالاللىقى بىلەن خۇش بولىدۇ، بىرلىرى باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا قىلغان ياردىمى پاكى كۆيۈمچانلىقى، ۋەتەن، خەلقنىڭ روناق تېپىشى بىلەن خۇشال بولىدۇ. يەنە بىرلىرى بولسا باشقىلارنىڭ پالاكىتى، ھالاكىتى، ئۆزىنىڭ شۇملۇقى، رەزىللىكى بىلەنمۇ خۇشال بولىدۇ. ئەلۋەتتە يەنە بىرلىرى ئۆز راھەت ـ پاراغىتى، پايدا ـ مەنپەئەتى بىلەن خۇشال بولىدۇ.

رەقىبنىڭ نېمىگە خۇشال بولغىنىنى كىتابخان ئۆزى بىلۋالسۇن، بىز ئۇنىڭ كومىسسارنى شىرىن ئۇيقىدىن ئويغىتىپ، ئۆيىگە كىرىش جەريانىغا ۋاقىت سەرىپ قىلمايلى، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكىنى، ئەينەن خاتىرىگە ئىلىپ قويايلى.

كومىسسار ــ ئېگىز، دومچەكرەك، چاچا يۈز، بوغان باش، چېچىكراق، ئەللىككە يېقىنلاشقان ئادەم. ئۇ رەقىبنى سوغلا كۈتۈۋالدى ۋە مۇھاپىزەتچىلەرگە كېتىشنى ئىشارەت قىلدى.

ــ خوش نېمە ئىش؟ ــ دېدى ئۇ ئەسنەپ قويۇپ، رەقىب ئاۋۋال ئۇنىڭغا پاپىروس ئۇتتى. ئاندىن كېيىن چاقماق چېقىپ ئوت سۇندى، ئاخىرىدا ئۆزى ئىجاد قىلغان غەلىتە قىياپەتتە كۈلۈپ قويدى ـ دە:

ــ جاڭ فىشۇەن (ھېلىقى لاۋجاڭ) بىزنىڭ پەيگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان بۇزۇق كاتىباش. ئۇنىڭ بۇلاڭچىلىق قىلىش، پاچاقلاش، ئۇرۇش ـ قىيناش قاتارلىق ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتلىرىدىن كونكرېت ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇق. مەن سىزگە سانلىق مەلۇماتلارنى ئېيتىپ بېرەي.

كومىسسار ئادىتى بويىچە ئىشتاننى تىزدىن يۇقىرى تۈردى ـ دە، ئولتۇرۇپ قويۇپ رەقىبكە قاراپ بېشىنى ئىگىتتى. رەقىب دەپتىرىنى ئېچىپ قويۇپ ئاي، كۈن، ئورۇن، قاتناشقۇچىلار، ئاشلىق، گۆش، ماي، ھەسسەللەرنىڭ سانى، سوممىسى قاتارلىقلارنى بىرمۇبىر ئېيتىپ چىقتى. كومىسسار ئارىلاپ ـ ئارىلاپ دەپتىرىگە بىر نېمىلەرنى يېزىپ قويدى.

رەقىب توختىغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم ئولتۇرۇپ قويۇپ:

ــ ئەمەلىيلەشكەنمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ يۈز پىرسەنت ئەمەلىيلەشكەن گاۋ جىڭۋېي.

ــ بىز ئەكشۈرۈپ كۆرەيلى.

ــ بولىدۇ گاۋ جىڭۋېي، دەرھال تەدبىر قوللانمىساق خۇڭگراۋخۇيچىلارنىڭ ئېغىزىنى باسالمايمىز.

ــ ھىم، ئەتە بىر ياققا كېتىپ قالماڭ، خۇڭگراۋخۇيچىلار سىلكىنىۋۇسىغا بېرىپ ئىنقىلابىي چوڭ بىرلىشىش توغرىسىدا سۆزلىشىپ كېلىمىز [illegible]

ــ بولىدۇ گاۋ جىڭۋېي. يەنە قانداق بۇيرۇقىڭىز بار؟

ــ ھىم. ــ ئۇ يەنە بىر قېتىم ئولتۇردى. ــ بىر مۇھىم ئىش بار. جاڭنىڭ ئىشى ئۇنچىلىك مۇھىم ئەمەس. مۇنۇ ئىش مۇھىم.

ــ قانداق ئىش، جىڭۋېي؟

ــ بىر ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ. ئۈرۈمچىدىن ئۇلارنىڭ مۇھىم ئادەملىرى ئىلى رايونىغا كەلگەن. ئۇلار چەت ئەل بىلەن ئالاقە باغلاپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى. سىلەرنىڭ خىزمەت كۆرسەتكىدەك ۋاقتىڭلار كەلدى. ياخشى خىزمەت كۆرسەتسەڭلار پارتىيە، خەلق سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى يەردە قويمايدۇ.

ــ ھەر قانداق خىزمەتكە زۆرۈر تېپىلغاندا جېنىمنى قۇربان قىلىشقىمۇ تەييارمەن. گاۋ جىڭلى!

ــ مەركەزدە مۇھىم بىر رەھبىرىي يولداش «شىنجاڭدا ئەكسىلئىنقىلابچى دېگەن كالا تۈكىدىن تولا» دەپ بىكار ئېيتمىغان. چەت ئەل ئىشپىيونلىرى، ئەكسىلئىنقىلابچىلار بىراقلا ئۇۋىسىدىن چىقتى. مۇنۇ رەسىمدىكى ئادەمنى كۆرگەنمۇسىز؟

رەقىب رەسىمنى كۆردى ـ دە، خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى:

ــ تونۇيمەن گاۋ جىڭۋېي. بۇ ئەبلەخنى مەن يېقىندىلا بىر توپ چېلىۋرلەرنىڭ ئارىسىدا كۆردۈم.

ــ ماندا دەڭ. ناھايىتى ياخشى.

ــ ئەتىلا تۇتايلى، گاۋ جىڭۋېي.

ــ ياق. ئالدىرىماڭ. ھازىرچە، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئادەم كىرگۈزۈڭ. ياخشى ئىشلەڭ يولداش رەقىب. ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندا مەن سىزنى خەلق ئامانلىق ساقلاش گۇرۇپپىسىغا مەسئۇل قىلىمەن.

ئۇ تالاغا چىققاندا ئاي غەربكە قىيشىپ. قاپقارا كۆرۈنىدىغان دەرەخلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغانىدى. رەقىب ئايغا قاراپ ئەسەبلەرچە خۇشاللىق بىلەن سۆزلىدى:

ــ خۇشلىشىشقا ئالدىرىماڭ گۈزەل ئاي، پات ـ يېقىندا رىشتىڭىز قايتىدىن باغلانغان بىرسى بىلەن خۇشلىشىسىز: مەڭگۈلۈككە خۇشلىشىسىز.

ئۇنىڭغا ناھىيىلىك پارتكوم بىناسى ئالدىدا يەنە لاۋجاڭ ئۇچرىدى. بۇ قېتىم ئۇلار بىر ـ بىرىسىگە قارىشىپ تەنە بىلەن دىمىقىدا كۈلۈپلا قويۇشتى.

كىمنى قانداق يول بىلەن نادىرۋۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ ئىشەنچىسىگە ئىگە قىلغۇلۇق؟ بۇ ئىش ئۇچۇن رەقىب ئىككى كۈن باش قاتۇردى. ئۇ چۈشلۈكى بازاردا. سودا ئىدارىسىنىڭ ئاشخانىسىدىن غىزالىنىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ. ناھىيىلىك

مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قورماشىنىڭ مورىسىگە ئېسىلىپ نالە قىلىۋاتقان نامەتنى كۆرۈپ قالدى.

نامەت خوتەندىكى ئائىلىنى قويۇۋېتىپ بىر قىسىم پۇل ۋە گىلەملەر بىلەن غۇلجىغا قايتىپ چىقىۋالغان. ئۇ ئۇرغۇن پۇللۇق سودىگەر سۈپىتىدە غۇلجا شەھىرىدە تىلغا ئېلىنغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندا يىگىدىن سېتىۋالغان قورۇ-جاي ئاختۇرۇلغان ۋە خېلى ئۇرغۇن ماللىرى مۇسادىرە قىلىنغان. بۇ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئۇ خەزىنە بازىرى بىلەن تاشلەپكە ئارىلىقىدا ئوقەت قىلىپ يۈرۈپ يەنە بېيىۋالغان. ئۇ يېقىندا غۇلجا شەھىرىنى خەتەرلىك ھېسابلاپ بۇ ناھىيىنىڭ ئارقا كوچىسىدىن بىر قورۇ جاي سېتىۋېلىپ، «گۆڭشې ئەزاسى» قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرمەكتە ئىدى. بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ناھىيىدىكى «ھوقۇق تارتىۋېلىشقا تەييارلىق قىلىش كومىتېتى» نىڭ قوراللىق «جەڭچى» لىرى ئۇنىڭ ئۆيىنى يەنە ئاختۇرۇپ، ئۇرغۇن ئاشلىق بىلتى. پۇل، ئالتۇن قاتارلىق ماللىرىنى بۇلاپ كەتكەن. ھازىر ئۇ قورماشقا نەق مانا شۇ زىيانلىرى ئۈستىدىن ھال ئېيتماقتا. قولى بىلەن رەقىبنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دەپ جۆيلىمەكتە ئىدى. رەقىب ئۇنىڭغا قارىدى؛ نامەتنىڭ ساقال-بۇرۇتى ئۆسكەن، كۆزلىرى ھازىرلا كېسەلدىن قوپقاندەك ئېلىشاڭغۇ، ئۇ شەپكىسىنى ئەتۈر كىيىپ، ئالدى چاچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، پاتقاققا مىلەنگەن رېزىنكا ئۆتۈك ئىچىدىكى پۇتلىرىنى سەل-پەل ئېگىپ، توقۇلما ياقىلىق كونا چىبەرقۇت چاپان يېڭىدىن ئارانلا چىقىپ تۇرغان قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەۋاتاتتى.

«ھىم»، — دەپ ئويلىدى رەقىب خۇشال بولۇپ، — مانا بۇ بولىدۇ، تازا جايىدا. ئۇ شۇنداق دېدى-دە، «شتاب» قا قاراپ ئالدىراپ ماڭدى.

شۇ كۈنى كېچىدە ئۇ نامەتنىڭ بۆك دەرەخلىك كوچىدا چوڭ باغ، چىتلانغان تاملىرى بار قورۇسى ئالدىغا كېلىپ بىللە كەلگەن ئىككى مۇھاپىزەتچىگە يىراققا كەتمەي مۆكۈنۈپ تۇرۇشنى جېكىلەپ، قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ يوغان تۆمۈرىنى شاراقلاتتى. ئىشىكتىن ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەن بىرسىنىڭ ئاۋازى تۇم، بىرسىنىڭ ئاۋازى ئىنچىكە ئىككى ئىت خۇددى رەقىبنى بەۋېتىدىغاندەك غەزەپ بىلەن ھاۋشىدى. رەقىب ئىشىك يوچۇقىدىن قارىدى، پېشايۋان ئاستىدىكى ئۆي ئىشىكى ئېچىلغانلىقىنى كۆردى.

— ئاقتۇش، سامكا! — نامەت ئىتلىرىغا ۋارقىرىدى، — كىم؟

— بۇ مەن، رەقىب.

— رەقىب. رەقىب بۇجاڭمۇ؟ ... ئىشىكىز بارمىدى. . .— رەقىب نامەتنىڭ قورقۇپ-ھودۇقۇۋاتقىنىنى سەزدى.

— قورقما، نامەت، مەن سېنى تۇتقىلى كەلمىدىم، ياردەم قىلغىلى كەلدىم.

— سالامەتمۇ، بۇجاڭ؟ — نامەت ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن دۇدۇقلىدى، — ئىش-پىش ...

— ساراڭ بولدۇڭمۇ نامەتەك، ئۆيۈڭگە باشلا، مېھمان بولغىلى كەلدىم.

— بىئەپ، بۇجاڭ، باشقا كۈنى ... ھى، ھى، ھى ...

— ۋاي خۇمپەر، كەكلىك سوقۇشتۇرماقچىمەن دېگىنە، ھېچقىسى يوق. جۈر، ئىتلىرىڭنى توسا، يېرىم سائەت ئولتۇرۇپلا قايتىمەن. ئاۋۇ مېكىيانىڭنى بىر ئامال قىلىپ يېرىم سائەتلىك يولغا سال.

نامەت ئامالسىز رەقىبنى ئۆيىگە باشلاپ كىردى. دالان ئۆيىدىن زىلۋا، چىرايلىق بىر چوكان ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ ماڭدى. رەقىب دەرھال چوكان بىلەن كۆز ئۇچراشتۇردى. چوكان رەقىبكە تونۇشتەك بىلىندى. ھە، راست بىر قېتىم ناھىيىدىن ئاپتونوستا بىللە كەلگەن. رەقىب ئۇنى دۆڭ مازاردا مېھمان قىلغان ئەمەسمىدى. رەقىب دالان كېگىزدىن ئورۇن ئالدى ۋە ئۆيگە سىنچىلاپ قاراپ:

— نامەت ئاداش. يېڭى كېلىن جايىدىكەن. قارا ئۆيۈڭنى مايلىغاندەك ئۇتۇپتۇ، — دېدى.

— بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئېتى بۇجاڭ. تونۇشقىلى ئىككى كۈن بولدى، ئۆيگە بىرىنچى قېتىم كېلىشى.

— بەللى. شۇنىڭغا ئۆيۈڭنى مەندىن قاچۇرغان ئىكەنسەن-دە؟

— چىقىشىپ قالسام نىكاھلىنىمەن. بۇجاڭ ئەمدى ...

— قانچىنچىسى بولىدۇ؟

— نىكاھلانسام. خۇدايىم بۇيرىسا ئالتىنچىسى-دە.

— نىكاھلانمىغانلارنىڭ قانچىنچىسى؟

— ھى، ھى، ھى ... بۇجاڭ. قىزىق گەپ قىلدىڭىز-دە؟

ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ پىچىرلىدى، خېلىدىن كېيىن ھېلىقى چوكان توقۇلما پالشوپكا كىيىپ دالانغا چىقتى ۋە رەقىبكە قاراپ ئالتۇن چىشىنى كۆرسىتىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ سۈزۈك ناز-كەرەشمە بىلەن ھويلىغا قاراپ ماڭدى. قىسقا ئۇچجۇركىسىنىڭ ئۆگمىلىرىنى ئېگىز-پەس ئېتىپ ئۇنىڭ كەينىدىن نامەتمۇ ماڭدى. ئۇ ئاپسىدا تۇرۇپ رەقىبكە قايرىلدى:

— بەش مىنۇت تەخىر قىلسىڭىز-دە، مەن ماۋۇنى

قاراڭغۇلۇقتىن تۇنكۇزۇپ قويۇپلا ...

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن رەقىب قىلىدىغان ئىش تاپالماي رامغا ئېلىنغان ئەينەك ئىچىدىكى رەسىملەرنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئالتە يىگىت بىللە چۈشكەن رەسىمگە قادالدى. ئۇلار بىر خىل خادانىدىن ئىشتان، چاپان كىيىشكەن، يالاڭباشتاق، نامەتتىن باشقىلىرى چاچ قويغان ئوقۇغۇچىلار ئىدى. رەقىب بارمىقى بىلەن ئالدىدا ئولتۇرغانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ جىددىي قىياپەتتە تۇرغان يىگىتنىڭ يۈزىگە چوقىدى:

— ھاشىر، — دېدى ئۇ غەزىپى بىلەن، — سەن تېخى بۇ ناھىيىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىقى، بۇيەردىن ئۇسۇپ ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىقى، ئاپتونوم رايونىنىڭ نازىرلىقى، مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى كۆزلەۋاتىدىغانسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن دوم يېتىپ ـ دوم قوپۇپ ئېتىز ـ خامانلاردا يۈرۈيسەن، لېكىن سېنى كەلگۈسىدە مەنسەپ ئەمەس، تۈرمە، جازا، ملتىق ئوقى كۈتۈپ تۇرغىنىنى ئويلاپمۇ قويمىغانسەن ـ ھە؟ سەنچۇ ئەلا؟ ئاڭلىسام ھېلىھەم كۈنىگە نەچچە سائەتلەپ كىتاب ئوقۇپ، ماقالە يېزىپ، چەت ئەل تىلى يادلىغىدەكسەن، سەنمۇ كەلگۈسىدە بىلىمدە ئەڭدىشى يوق ئالىم بولۇپ يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر ئۈيغۇرلىرى ئۈچۈن زور مۇنار تىكلەپ ئۆلمەس ئادەمگە ئايلانماقچىمۇ؟ ياق، مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزمەيمەن، سېنى پات ـ يېقىندا تۈپپا چېشلىتىمەن. سېنى بۇ تەقدىردىن ھېچكىم قۇتۇلدۇرۇپ ئالالمايدۇ. ساڭا پۈتۈلگەن بەختنى مەن رەقىب بەھرىمەن بولىمەن. ساڭا بېرىلمەكچى بولغان شان ـ شەرەپ، ھەتتا سېنىڭ ئاياللىڭمۇ مېنىڭ بولىدۇ. ھە، سەن قورماش، ماۋۇ بۈدرە چاچ، مۇئۇ سەرالىق تارمۇش، سەنلەرچۇ؟ مەن سەنلەرگىمۇ ھاشىر. ئەلالارنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداشنىڭ نېملىكىنى كۆرسىتىپ قويىمەن. سەنلەرگە ئۇرمىنىڭ بۇرگە ـ چۈسلىرى بىلەن تەكلىماكان قۇم ـ بورانلىرىنىڭ بېرىدىغان مۇكاپاتى بار تېخى. سىلەرنى يېقىن كەلگۈسىدە بۇ مۇكاپات كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. سەنچۇ نامەت ئاداش، سەن ياخشى خىزمەت قىلساڭ، تەلىيىڭ ئوڭدىن كەلسە، ھازىرقىدىن ياخشى كۈن كۆرسەن، ئاۋادا پېشانەڭ كاج بولۇپ گوڭچەنداڭنىڭ ھەقىقىتى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتسىچۇ؟ ئۇ چاغدا رەنجىمە، مەن سېنى دالدا قىلىپ ئۆزەمنى قوغدايمەن. سېنىڭ جەستىڭ مېنى قوغدىشى كېرەك. ھەي بەختسىز بەندە، ماڭا ئۆتۈق تىلە، مېنىڭ سايەم ساڭا ساراي بولالايدۇ ...

ھويلا ئىشىكى غىچىرلىمىغان، ئىككى ئىت باغلاقتا تۇرۇپ ئىگىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەركىلەپ غىڭشىمىغان بولسا رەقىب يەنە نېمىلەرنى سۆزلەيتتىكىن، ئۇ نامەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ رەسىمنى جايىغا قويۇپ، شەپكىنى كۆزىگە يېپىپ ئۇخلىغان بولۇپ ئوڭدا يېتىۋالدى.

— رە بۇجاڭ، — دېدى نامەت ئىشىكتىن ھېجىيىپ كىرىپ، — قېنى تۇرۇڭ، ئاۋۋال ئىككى رومكىدىن ئىچەيلى.

رەقىب كۆزىنى ئۇۋىلاپ ئۆرە بولدى. ئۇنىڭ ياپما قاپاقلىرى ئاستىدىكى قىيغاچ كۆزلىرى نامەتكە قادالدى.

— قېنى قويغىن ئەمسە. زاكۇسكاڭ نېمە؟ قوي بېشىمۇ؟

جايىدا.

«ئىككى رومكا» بىلەن ئىش تامام بولمىدى، ئۇلار قىرلىق رومكىدا بىر ـ بىرىگە سالامەتلىك، ئۆتۈق، بەخت تىلەپ تۇرغۇن ئىچىشتى. ئاخىر رەقىب ئېيتىدىغان گەپلەرنى يىغىنچاقلاپ خۇلاسىلىدى:

— شۇنداق ئاغىنە، — دېدى ئۇ نامەتكە تىكىلىپ تۇرۇپ، جىددىي ۋە سىرلىق قىياپەتتە، — بۇ بىر قاتتىق سىناق، جىددىي ۋەزىپە، سەن ھاياتىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئىش قىل، سەن زەربە يىگەن، بىچارە قىياپەتتە نادىرۇۋغا ھال ئېيتسەن، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە، دىققىتىگە، ئاخىرىدا ئىشلىتىشىگە. سىر ئېيتىشىغا سازاۋەر بولسەن، بىزگە ئەھۋالدىن دوكلات قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولما، بىز سېنى بىر نەچچە قېتىم قولغا ئالىمىز. «دوكلات»نى شۇ چاغدا قىلسەن، ئەمما سەن تېزلا سولاقتىن «قېچىپ» كېتسەن، بىز سېنىڭ سۈرىتىڭ بېسىلغان ۋاراقىنى ھەممە يەرگە تارقىتىمىز، ھەممىلا ئادەم سېنى «خەتەرلىك» دەپ بىلىدۇ. سەن شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىن ئورۇن ئالالايسەن. سەن ئۆزۈل ـ كېسىل ئازاد بولۇپ چىققان چاغدا مۇسادىرە قىلىنغان پۇل ـ مىلكىڭ، ئىش ھەققىڭ، مۇھىم ئورۇندىكى خىزمىتىڭ ھەممىسى ئەسلىگە كېلىدۇ. ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئورتاق دۈشمەنلىرىمىز، ھاشىر، ئەلا دېگەنلەر يەر يۈزىدە يوق بولىدۇ. ئاداش. شۇ چاغدا هاراقنىڭ قالغىنىنى ئىچىمىز قانداق. ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات ئەزالىرىنى بىزگە تۇتۇپ بېرىشتە ھۆكۈمەت، خەلق ئالدىدا جانىنى پىدا قىلالايمەن، دەپ قەسەم ئىچەلەمسەن؟

— ئىچەلەيمەن بۇجاڭ!

— چاندۇرساڭ، خائىنلىق قىلساڭچۇ؟

— بېشىم جادۇ ئاستىدا بۇجاڭ.

— يادىڭدىمۇ. ۋەزىپەڭ نېمە؟

— يادىمدا: ئىمىنوۋ. زاكىروۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ ئىلى رايونىدىكى قارا قولىنى كېسىپ تاشلاش!

— ئۇسۇلۇڭ نېمە؟

— نادىرۇۋنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ

يۈرىكىگە كىرىش!

— نىشان؟

— ھاشىر، ئەلا!

— يارايسەن نامەت، سەن بىلەن بىز بۇ خىزمىتىمىز ئۈچۈن جەزمەن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئالدىدا مۇكاپاتلىنىمىز. ئېسىڭدە تۇت، ناۋادا ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە كىرەلمىسەڭ پارقىراق تاشنى گۆھەر قىلىپ كۆرسىتىشكىمۇ تەييارلىنىپ قوي.

— خوپ.

— چۈشەنگەنسەن؟

— چۈشىنىمەن، مەن سودىگەر، يالغان مالنى راست مال دەپ سېتىش بىزنىڭ ھۈنىرىمىز، خاتىرجەم بولۇڭ، مېنىڭ ئۇلارغا بولغان غەزىپىم سىزنىڭكىدىن كەم ئەمەس!

— يارايسەن، ئەمدى مەن كەتتىم.

ئىتلار ھاۋشىدى، نامەت ھويلا ئىشىكىگە قاراپ يۈگۈردى ۋە بىردەمدىن كېيىن ئايالالار بىلەن بىللە قايتىپ كىردى. بۇ قېتىم ئىككى چوكان نامەت بىلەن بىللە كىرگەنىدى. چوكانلار ھاراق بىلەن قىزىرىپ رەڭ تۈزلىگەن رەقىبكە ناز ۋە قىزىقىش بىلەن قاراپ قويۇپ ئىچكەركى ئۆيگە مېڭىشتى. رەقىب ئادىتى بويىچە ئايالالارغا تىكىلىپ شەھۋانە نەپسانىيتى بىلەن كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ۋە ھىجايدى.

— ئەمدى رە بۇجاڭ، ئويۇننى تاڭ ئاتارغا ئۇزگەرتسەك قانداق؟

— تازا كەلگەن يېرىكەن، ئاۋۇ كەينىدىكىسى . . .

— سىزنىڭ.

— بىراق، بۈگۈن بولمايدۇ، بۈگۈن جىددىي ئىشىم بار، بىلەمسەن، بۇ ئاماشىمىز تېخى ئالدىمىزدا، بىز تۇرغۇن قېتىم بىللە بولىمىز!

ئۇ ئىككى قورالىق ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا. ئىككى تەرىپى شاخارىغان قېرى ئۈرۈكلەر بىلەن تولغان جىمجىت كوچىدا كېلىۋېتىپ نامەتنىڭ ئۆيى تەرەپكە يېنىشلاپ. يېنىشلاپ قارىدى. نامەتنىڭ يېغىدىن سۇس چىراق يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى بىر مۇھىم نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئۇ ئۆيدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتاتتى. ئۇنى يېپىز ئۆزىگە باغلىۋالغان زادى نېمە؟ ھېلىقى ئىككى جۇپ ئوتلۇق كۆزلەرمۇ، ياكى نامەتكە ئېيتقان ۋەزنى ئېغىر سۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن ۋەھىمىسىمۇ؟ بۇنى ئەلۋەتتە نامەت ئۆزىلا بىلىدۇ- دە.

يەنە شۇ نۇرلۇق مالنىڭ چاۋا يېغىدەك يۈقىنا، ئالاكتۇ بۇلۇت بىلەن قاپلانغان ئاسمان، بۇلۇتلار كەينىگە يوشۇرۇتۇپ چىققان نازلىق چوكاندەك جىلۋىلىك تولۇن ئاي، رەقىب يەنە ئايغا قارىدى. ئۇ ئايغا قارىغاندا بۇ قېتىم يۈرىكىنى بورتەۋاتقان ھارارەت

ئىچىدە بىر خىل تولىمۇ سوغۇق، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان، ئۈمۈردەك ئېغىر ئۇيۇتمىسىنىڭ بارلىقىنى سەزدى. بۇ نېمە؟ بۇ ئەلۋەتتە رەقىبنىڭ ئۆزىگە بەلگىلىك بولغان ۋىجدان. ئىنسانى ئۇيغۇ ئۇنى ئىچىدىكى ئازاب داشقىلى. شۇ، ھاشىر ئۇنىڭغا نېمە يامانلىق قىلدى؟ مەنسەپ لازىم بولسا ھاشىر بىلەن تالاشمىسىمۇ بولۇن كۆپىغۇ. ئۇ ئۆزى بىلىدىغان ئادەم بىلەن ئالىشىشى، خۇددى قاغا بۈركۈت ياكى سا بىلەن نۇرۇق تالاشماي نەق ئۆز نەسلى بولغان قاغا بىلەن تالاشقىنىغا ئوخشاش. ئۇ ھاشىرنى بۇندىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن ئاڭلىغان، لېكىن كۆرمىگەن. كۆرگىنىگە تېخى بىر يېرىم يىل بولدى. ئۇ ھاشىر بىلەن ھازىرغىچە ھېچ نەرسە تالاشقان، يامانلاشقان ئەمەس. يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇنى يوقىتىش رەقىب ئۈچۈن كۆڭۈللۈك بولۇپ قالدى؟ دۇرۇس مەنسەپ- نۇرۇن ئۈچۈن. ناھىيىدە ھاشىر بولمىسىلا رەقىب ئىككىنچى قول بولالايدۇ. ئۈچ- تۆت يىل بۇ نۇرۇندا ئولتۇرۇپ ئۇرسا قىرىق ياشقا كىرگىچە ئوبلاست، ئاپتونوم رايونلارغا ئۆسەلەيدۇ، مانا شۇنىڭ ئۈچۈنلا ھاشىرنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك. ھاشىر خەلق قەلبىدىن نۇرۇن ئالغان، زور ئىناۋەت- ئىشەنچىگە ئىگە بولمىغان بولسا بەلكىم ئۇ رەقىبنىڭ بۇنچىلىك خەتەرلىك دۈشمىنى ھېسابلانمىغان بولار ئىدى... ئەلاچۇ؟ ئەلاغا بىر چىرايلىق قىز كۆڭۈل بەرگىنى ئۈچۈنلا ئۇ رەقىبنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالغانمۇ؟ ئۇ رەقىبكە قانچىلىك دۈشمەنلىك قىلدى؟ ئادىلەنىڭ قىزنى بېغىۋالغىنى. ياكى گۈزەللىكى بىلەن توي قىلىپ، كېيىن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكى، ياكى بولمىسا ئىرىشىپ ئۆگىنىپ بىلمىگە بېرىلگەنلىكى، بۇ يول بىلەن خەلق ئىچىدە ئىناۋەت تاپقانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ رەقىبكە دۈشمەن ھېسابلىنىشى كېرەكمۇ؟ يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ رەقىب بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ ئۇ بىردىنلا ئادىلەنى ئەسلىدى: ئۇ چاغ كەچ كۈز. سوغ شامالىق بىر كۈن ئىدى. رەقىب «شەرق مەھەللە» دىكى بىر ئۇغقىنىنىڭ ئۆيىدىن ۋېلسىپىت بىلەن كېلىۋاتاتتى. تاختا كۆۋرۈككە ئۇ بىرسىگە سوقۇلدى. ئۇ ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ سوقۇلغۇچىغا قارىدى: يۈزلىرى سوزۇنچاق، كۆزلىرى ئۇرلۇق، سەل قوش يۈرۈن كەلگەن نۇرلۇق ئايال غەزەپ بىلەن رەقىبكە تىكىلدى:

— ئا . . . ئادىلەمۇ سىز؟

— ياق، ئەمەسمەن. نېمىگە سوقۇلۇپ يۈرىسىز؟ كىشىلەرگە يۈتلىشىشتىن باشقىنى بىلمەمسىز؟

— ئادىلە، توختاڭا. مەن . . .

— نېمىگە توختايتتىم؟ بېشىمنى كېسىۋېلىڭ دەيمۇ؟

— سىز ھازىر نەدە؟

— يەنە يۈزىدە [illegible]

— دىلئارامنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى ئۈچۈن ...

— نېمە؟ كىمنىڭ ئىسمىنى تىلغىزغا ئېلىۋاتىسىز؟ خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ سىزنىڭ دىلىڭىزنىڭ ئارامى ئەمەس، دۈشمىنى. ئۇ چوڭ بولغاندا سىزنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرىدۇ ... ھا، ھا، ھا! ...

رەقىب ھاياتىدا شۇ كۈنكىدەك قورقمىغان. ئادىلە ھازىر نەدىكىن، ئۇ نېمىگە كۈلۈۋېدىكىن؟ دىلئارا رەقىبنى ئۆلتۈرەرمىش. ئۇ ھازىر ئەشۇ ئەلاننىڭ قولىدا چوڭ بولۇۋاتىدۇ. ئۇ بۇ يىل ئوت ياشقا توشۇپ بەش ئاي ئاشتى. ئۆز يۇشىدىن ئامغان ئاشۇ قىزنى ھىمايىسىز، ئەلەيسىز قىلىۋېتىش رەقىب ئۈچۈن راھەتمۇ؟ ... «گۈزەلئاي، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلۇتلار كەينىگە مۆكۈپ ماڭا سوغۇق قارامسىنا؟ مەن سېنى ئازابقا سالىمەن. بالاڭنى ئۆز دادىسىدىن، سېنى مۇھەببەتتىن مەڭگۈلۈككە مەھرۇم قىلىمەن، مۇھەببەتسىز بەختلىك بولالايسەن. مۇھەببەت سېنى بەختسىز قىلغانىكەن، ئەندى سەن بەختلىك بولىمەن دېسەڭ تاش يۈرەك، ھېسسىياتسىز، ۋەھشى بولۇشۇڭ كېرەك. شۇ چاغدا سەن ئۇرلۇق، لېكىن تەپتىڭ يوق، يورۇق، لېكىن مېھرىڭ يوق ھەقىقىي ئاي بولالايسەن ...»

ئۇنى ئىشخانىدا ئىلى ھەربىي رايونىدىن چىققان ئىككى ئادەم كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار رەقىب بىلەن تولىمۇ قىزغىن كۆرۈشتى:

— ھازىرلا ماڭايلى، — دېدى ئۇلاردىن بىرى كېلىشكى مەقسىتىنى ئېيتىپ بولۇپ، — ئەتىلا ئۈرۈمچىگە يېرۈپ كېتىدىغان ئىش ئىكەن. سىز ئىنقىلابىي رەھبىرىي كادىرلار ۋەكىلى سۈپىتىدە بۇ قېتىمقى ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇش تەييارلىق گۇرۇپپىسىغا قاتناشتىڭىز. سىزگە ۋابال بوپتىكەن. سىز ناھىيىلىك پارتكوم ئەشۇنقات بۆلۈم بۇجاڭى بوپسىز. بۇ بەكمۇ كىچىك. بەكمۇ كىچىك ئورۇن. سىز چۇجاڭ دەرىجىلىك كادىر ئىكەنسىز. قانداقچىسىغا كوجاڭ دەرىجىسىگە رازى بولدىڭىزكىنتاڭ؟

رەقىب بۇ راست گەپلەرنى. ياخشى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ ئىچ ـ ئىچىدىن ھاياجانلاندى.

ئۇ ئەتىسى يىگىرمە تۆت كىشىلىك ئايروپىلان بىلەن قېرى قارىياغاچلار ئارىسىدىكى غۇلجا ئايرودرومىدىن قوزغالغاندا ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك، چەكسىز غورۇرلۇق ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇنى ئۇستۇرگەن تۇپراق ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا قالغانىدى.

4

«سالام ھاشىر، مەن ئەندى سىزنى ھاشىر دېيىشكە ھەقلىقمەن. چۈنكى ئەندى سىز مېنىڭ. مەن ھازىر تۈرمىدە ياتسامۇ سىزنىڭ نامىڭىزنى تەكرار ـ تەكرار چاقىرىپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن خۇددى ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ يۈرگەن كەپتەردەك خۇشالمەن. چۈنكى بۇ پەردە سىز بىلەن مۆكۈدىشىپ، بەختلىك بولۇشۇمغا كاشىلا بولىدىغان ھېچكىم يوق.

بۇ پەردە مېنىڭ كىتاب ئوقۇشۇم، خەت ـ خاتىرە يېزىشىمغا دەخلى يوق. مېنىڭ گۇناھسىز سولانغىنىمنى بۇ پەردىكى گۈندىپايلارمۇ بىلىدىكەن. ئۇلارمۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىشىدۇ. تەسەللىي بېرىشىدۇ. ۋۇۋۇتو ئورنىغا ئاق جىگمۇما، بىگى كۆكتات بېرىشىدۇ. ئۇلار پەقەت يۇقىرىنىڭ باش لىنىشىپ قويۇشىنىلا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. مەن توغرۇلۇق نە شىكايەت، نە پروكورورنىڭ ئەيىبلىشى يوق ئىكەن. دادامنىڭ كىتابلىرىنى بۆلىغان يولسىز تونۇرلارنى تىللىغانلىقىم ۋە بىرىسىنى بىر شاپىلاق ئۇرغانلىقىم ئۈچۈنلا سولاشقانىكەن. مانا بىر يىلدىن بېرى نە سوراق قىلىنماي، نە قويۇپ بېرىلمەي بىكارلا تۈرمىدە ياتىمەن.

ھاشىر. سىزنىڭ خەت ـ خالتىڭىز بىلەن يالقۇنلۇق سالىمىڭىزنى ئەلاتور يەتكۈزۈپ بەردى. بۇرناكۈن دادام بىلەن ئاپاممۇ كېلىپ كۆرۈشتى. ھازىر مەن خېلىلا ئەركىن. بىز ئالتە ئايال بىر كامېردا ياتىمىز. ئالتە ئايال ئىچىدە ئەركىنرەك ۋە باياراقى مەن. ئەڭ جىق سوۋغىلار ئوقۇغۇچىلىرىمدىن كېلىدۇ. ئۇلار تەشۋىقات ۋاراقلىرىنىمۇ كىرگۈزۈپ تۇرىدۇ. بىر توپ ۋاراقە ئىچىدىن سىز توغرۇلۇق يېزىلغان بىر ۋاراقىنى كۆرۈپ قالدىم: «... ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئىككىنچى سېكرېتارى ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان. كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان بۇ ھوقۇقدار ھازىر پۈتۈن ناھىيىدىكى جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئارقا تىرىكى. يولەنچۈكى بولۇۋېلىپ پۈتۈن ناھىيىدە كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈپ. ئەكسىل ئىنقىلابىي قايتا تىرىلىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئالاھىدە ھەرىكەت دۆيى تەشكىللىمەكتە. ئۇنىڭ قانىتى ئاستىغا يوشۇرۇنغان يومبىشچىك، باي دېھقان، بۇزۇق ئونسۇر، ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچىلەر، شىۋجېڭجۇيىچى ئونسۇر ھەممىلا جايدا قۇترىشىپ، ئالاقە باغلىشىپ، يەر ئاستى تەشكىلات قۇرۇشۇپ، قورال ۋە ئوزۇقلۇق توپلىشىپ ئىچ بىلەن سىرت ماسلىشىپ، قورغاننى ئىچىدىن پارتلىتىش يولى بىلەن پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئاغدۇرۇشنى قەستلەپ جىددىي ھەرىكەت قىلماقتا ...». مانا بۇلار شۇ ۋاراقىلەردىن كۆچۈرۈۋېلىنغان سۆزلەر. نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق ـ ھە؟ بۇ يالغان گەپلەر بازار تېپىپ قالسا سىزگە زىيان. زەخمەت يېدىڭىزمۇ ھاشىر؟ مەن سىزدىن تولىمۇ ئەنسىرەيمەن. بەزىدە سىز توغرۇلۇق قورقۇنچلۇق چۈش كۆرىمەن. بۇ چۈشلىرىم قورقۇنچلۇق خىياللىرىمنىڭ داۋامى بولسا كېرەك. سىرتتا بولۇۋاتقان غەۋغادىن

خەۋىرىم بار. تۆت كېچە- كۈندۈز داۋام قىلغان ئېتىشىش بىزگە ئاڭلىنىپ تۇردى. ھەر قېتىم مىلتىق ئېتىلغاندا يېنىمدىكى ياش ئايالنى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلاپ- نالە قىلدىم. ماڭا بىزنىڭ گۈزەل شەھىرىمىز كۆيۈۋاتقاندەك، بىز دەرس تەكرار قىلىدىغان سالقىن باغلار، تانسا ئويناشقا دائىم بارىدىغان قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى (ھازىرقى ئالتىنچى ئوتتۇرا) ، دادام ئوقۇغانلىقى ۋە تولىمۇ سۆيگەنلىكى ئۈچۈن مەنمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان مۇقەددەس جاي — بىلىم يۇرتى، بىز ئەلا ئۈچىمىز ئايلانغان ھېلىقى يوك تېرەكلىك، سۇلار شىۋىرلىشىدىغان كوچىلار ... ماڭا مەڭگۈ گۈزەل تۇيۇلىدىغان، يۈرىكىمگە گۈزەل ياشلىقىنىڭ ئۆچمەس خاتىرىلىرىدىن نەقىشلەر ئويۇپ يادىكار قالدۇرغان يەرلەرنىڭ نابۇت بولۇشى مەن ئۈچۈن شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق ۋە ئازابلىق ... مەن ئېتىشىش توختىغىچە «كۈنلەر ۋە تۈنلەر» نى كۆز يېشىم، ۋەھىمە- ئەندىشە ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم. مانا ھازىر ئۇ خەتەرلىك كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەلاتۇردىن ئاڭلىدىم، سىزمۇ، دوستلارمۇ ئامان ئىكەنسىلەر. لېكىن ئالتىنچى ئوتتۇرا، بىلىم يۇرتى، خۇددى مەن ئاڭلىغاندەكلا كۆل بوپتۇ. ھاشىر، سىز بەلكى مېنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىڭىزنى مۆلچەر قىلالمىغانسىز. مەن سىزنى كۈندىن- كۈنگە، بارغانسىرى، ئەسەبىلەرچە ياخشى كۆرمەكتىمەن، سېغىنماقتىمەن. سىز مېنىڭ قەلبىمدە تولىمۇ زور، تولىمۇ سۆيۈملۈك، تولىمۇ مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەنسىز. بىز ئۈرۈمچىدە يۈز كۆرۈشتۇق: «بارلىق ئۇقۇشماسلىق، بارلىق نەكسىزلىك ئۆتمۈشكە مەنسۇپ. بىز ھەممىنى يېڭىباشتىن باشلايمىز. يۇنگغا سىزنىڭ تۇرمۇشلۇق بولغىنىڭىز، بالىڭىز ۋە ھېلىمۇ قانۇنىي ئەر بولۇپ تۇرۇۋاتقان بەھرام ئىسىملىك ئارتۇقچە ئادىمىڭىز ھېچقانداق دەخلى بولالمايدۇ» دېگەن مەردانە سۆزلىرىڭىز مېنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سىزنى ياخشى كۆرۈشكە، ساپ ئىنسانىي مۇھەببىتىمنى قوغداشقا تۈرتكە بولۇپ تۇردى. مەن ئاخىر سىز ئۈچۈن ئۆزەمنى «ئائىلە ئىسكەنجىسى» دىن ئازاد قىلالىدىم. بىزنى مەڭگۈ بەختسىز قىلماقچى بولغان «جاراڭلىماس كىشەن» — نىكاھدىن قۇتۇلۇپ چىققالىدىم. مەن نىكاھدىن ئاجراشقان كۈنۈم سىزنى قانچىلىك ئەسلىدىم- ھە؟ ئاۋادا شۇ كۈنلەردە سىز غۇلجىدا بولغان بولسىڭىز، مەن يېڭىدىن ئۇچۇشنى ئۆگەنگەن قۇش بالىسى ئۆزىنى قەدىردان دەرەخ شېخىغا تاشلىغاندەك سىزنىڭ قۇچىقىڭىزغا (قوللىرىم تىترەۋاتىدۇ، يۈزۈم كۆيۈۋاتىدۇ) تاشلانغان بولاتتىم. لېكىن بۇ بەختلىك مىنۇتلار ماڭا نېسىپ بولمىدى. ئۇ چاغدا سىز يىراقتا ئىدىڭىز. سىز غۇلجىغا يېتىپ كەلگەن كۈنى مەن قانچىلىك خۇشال بولدۇم؟ سىز بىلەن كۆرۈشكەن كۈنى كېچە ۋە

ئۇنى بەختلىك بەلگىسى قىلىپ مەڭگۈ ساقلاش ئۈچۈن سىز ياخشى كۆرىدىغان ئاددىي چىتتىن كۆڭلەك تىكتىم. لېكىن بىز كۆرۈشەلمىدۇق. سىز ئۈرۈمچىدە «سوتسىيالىستىك تەربىيە كۇرسى» دا ئۆگىنىشكە تۇتۇلۇپ قالدىڭىز. سىز ئىشتىن قول بوشىتىپ مېنىڭ يېنىمغا ئالدىراپ كەلگەن كۈن. دۇنيانى قارا تۈنەك باسقان كۈن بولدى. مەن سولاققا كىرىپ قالدىم. ھاشىر، بىز قاچان كۆرۈشىمىز؟ بىزنى ئۈزگىمەس جۇدالىقلار بىلەن قىينايدىغان بۇ «سىياسىي سىناقلار» قاچان ئاخىرلىشىدۇ؟ بىزنىڭ بەختلىك ئائىلىدە بىللە بولۇشىمىز، باللىرىمىزنى يېتىلەپ سەيلىگە چىقىشىمىز، دوستلار بىلەن بىللە خۇشال كۈلۈشۈپ، كۆڭۈللۈك ئويۇن- تاماشا قىلىشىمىز ئۈچۈن، ئەلا ياكى قۇرماش بىلەن مەلۇم ئىلمىي تېمىدا قاتتىق تالاش- تارتىش قىلغىنىڭىزنى كۆرۈپ ھوزۇر قىلىشىم ئۈچۈن تىنچ شارائىت، جىمجىت جاھان زۆرۈر ئىدى. ھاشىر، بىز تىنچ كۆل سۈيىدەك ھاياتقا مۇھتاج. بولۇپمۇ، سىز بىلەن بىزدەك بىر- بىرىگە تەشنا يۈرەكلەر ئۈچۈن ئىس- تۈتەكتىن، پۇرۇخ ھىدىدىن خالىي بولالمايدىغان ۋەيرانە ھاۋاسى ئەمەس، بەلكى ھېلىقى ئەلانىڭ يازغىنىدەك يېڭى زېلاندىيىنىڭ ئىبرىسىدىكى لىنكولىن ئارىلىنىڭ تىنچ، خاتىرجەم ئاسمىنى تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. چۈنكى بىز تىنچ شارائىتتىلا بىر- بىرىمىزنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلىيالايتتۇق. نېمىشقا ھاشىر ھاياتنىڭ بۇ خىل لەززەتلىرى بىزگە قاچان نېسىپ بولىدۇ؟ بىز قاچانغىچە ھىجران، سېغىنىش، ئازابلىنىش ۋە كۆز يېشى بىلەن ياشايمىز؟ مانا ھازىر مەن ئەۋۇ بۇلۇڭدىكى «ئىپلاس تۆك» نى تىزكىمەن. ئاندىن كېيىن ئىقتىساد قىلغان يېرىم چېلەك سۇ بىلەن يېشىمنى يۇيىمەن. ئاندىن كېيىنچۇ، پايپاقلارنى چۇۋۇپ قويىدۇم، شۇنى باللارغا ئاتاپ پوپايكا توقۇيمەن. بۇ خىل زېرىكىشلىك، ئازابلىق ھايات كىشىنى ساراڭ قىلىپ قويۇشى مۇمكىنغۇ؟ ئاۋادا دادامنىڭ كۈتۈپخانىسى يېنىمدا بولغان بولسا مەن تۈرمىدىن چىقمىغان بولار ئىدىم. بۇ يەردە ھېچ بولمىسا كۆڭۈللۈك روماندىن ئۈچ- تۆتى ياكى رۇس، ئىنگلىز تىللىق ئۆگىنىدىغان لۇغەت، كانسپېكتەك بىر نېمە بولغان بولسىچۇ؟ ئۇ چاغدا كۈنلەرنى ھازىرقىدىن كۆڭۈللۈكرەك ئۆتكۈزگەن بولماسمىدىم. بۇ يەردىكى تۈرمىداش ئاياللار بىلىم ئەھلى ياكى ھېچ بولمىسا چوڭچەك ئىشقا ئۇستا بولسىچۇ كاشكى؟ بۇلارچۇ بىرى مەنىۋى جەھەتتىن كاردىن چىققان، ئاياللارغا جىنايەت تۇيۇلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىككىلەنمەي قىلىۋېرىدىغان ئايال، يەنە بىرى جىمغۇر، ھەممىگە يوغان كۆزلىرى بىلەن گۇمانلىنىپ قارايدىغان، خۇشال بولسىمۇ، خاپا بولسىمۇ ھۆكىرەپ يىغلايدىغان نېرۋىسى جايىدا ئەمەس بىچارە

ئايال. قالغان ئىككىسى ھەدە ـ سىڭىل. ئۇلار ئانىسى بىلەن بىرلىشىپ مۇشۇ ئورمىدىكى ئەۋۋە سىرتىق (چوڭكى) نىڭ ئېرىنى ئۆلتۈرۈشكەن، پەقەت ئەرزىمەس ئۈچيۈز يۈەن ئۈچۈنلا ئۇلار ئەشۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزۈشكەن. ئاخىرقى بىر ئايال ئېرى بىلەن چەت ئەلگە قېچىپ چېگرىدىن ئۆتۈنۈلغان. ئۇ مېنىڭ دوستۇم ئادىلەنى تونۇيدىكەن. بىچارە ئادىلە كۆكدالا دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەيدىغان قىرىق نەچچە ياشلىق كونا ئوفىتسېر (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ باتالىيون كوماندىرى) بىلەن توي قىلغانىكەن. ئۇلار بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئادىلە مەيدان سەنئەت ئۆمىكىدە ئارتىسلىق قىلغانىكەن. ئۇلار بەختلىك ئائىلە قۇرۇشقانىكەن. لېكىن يولدىشى 1962 ـ يىلقى («يىگىرمە توققۇزىنچى ماي») ۋەقەسىدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بوزيەر ئېچىشقا بەلگىلەنگەنلەرنىڭ تىزىملىكىگە تىزىملىنىپ قاپتۇ. لېكىن ئۇ كىشى جەنۇبقا بېرىپ تەكلىماكان قويندىن بوز يەر ئېچىشقا قارشى چىقىپتۇ. تاكى 1964 ـ يىلغىچە تىركىشىپتۇ. ئاخىر بىر قېتىمقى يىغىندا: مەن بۇ يەرنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن قان تۆككەن، ئۆزەم ئازاد قىلغان يەردىن نەگە ھەيدىلەتتىم! دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى «مەجبۇرىي ئەمگەككە» ساپتۇ. بىر كۈنى ئاچچىقىغا چىدىماي ھاراقنى جىق ئىچىپ قويۇپتۇ ـ دە، 1965 ـ يىلنىڭ بېشىدا زەيكەش ئېرىققا چۈشۈپ كېتىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇۋال، ھاشىر، بۇ ئادەم راستىنلا ئازادلىق ئۈچۈن قان تۆككەن، چەت ئەلگە چىقىش ئىمكانىيىتى بار بولسىمۇ قاچمىغان، ئۆز يېرىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ دۆلەت، خەلق ئۈچۈن ھالال ئەمگەك قىلىۋاتقان ئادەم ئۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۆز يېرىدىن ھەيدەلدى؟ سىز پارتىيىمىزنىڭ رەھبىرىي كادىرى، ماڭا ئوخشاش بىر سادىق، ئاكتىپ كومسومول ئېگىگە يېتەلمىگەن بۇ ئىشقا جاۋاب بېرىپ بېقىڭا؟ ھاشىر، مەن سىزنى چۈشىنىمەن. سىز سادىق، سەممىي، قىزغىن ئادەمسىز، رازىيە دەۋرىمىزنىڭ، دۆلىتىمىزنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىگە قىزىقىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ گۇمان بىلەن قاراپ يۈرمەڭ. سىزنىڭ ھەددىدىن ئاشقان («سادىق») لىقىڭىز پىكرىڭىزدە قاتماللىق، بىر تەرەپلىمىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. سىز دەۋرىمىزنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرى. ئەيىب ـ خاتالىرى ھەتتا تۇيۇق يوللىرى بارلىقىنى بىلىشنى خالىمايسىز. سىز شۇڭا دەۋرىمىز توغرىسىدا («سەلبىي») گەپ قىلغۇچىنى تولىمۇ يامان كۆرىسىز. سىزدىكى مۇشۇ قاتماللىق سەۋەبىدىن بىز بەختسىز بولغاندۇقمۇ؟ مەن ئەلا بىلەن سۆزلەشكەن. ئۇ سىزنىڭ («ستول») ئىدىيىسىنىڭ ئىكەنلىكىنى، دەپ ئېتىراپ قىلغىنىڭىزنى

ماڭا ئېيتقان. دېمەك ئەيىبىڭىز بار ئىكەن. ئۇنى ئۆزىڭىزۋالالىشىڭىزغا ئىشىنىمەن. ھاشىر، تويۇقسىزلا سىز بىلەن گەپ تالىشىپ قالدىم. ھاياتنىڭ قىزىقىمۇ مانا مۇشۇ يەردە. گەپكە قايتاي. ئادىلە يەنە بىر ئوغلى بىلەن بەختسىز قاپتۇ. مەنمۇ، ئادىلەمۇ، گۈزەللىكىمىز بىردىن ئوغۇل بىلەن قالدۇق، ئاجايىپ قىزىق ـ ھە؟ قاراڭغۇلۇقنىڭ يورۇقى بولدۇ. بۇ تۇل ئاياللارنىڭ ئوغۇللىرى 80 ـــ . 90 ـ يىللارغا بارغاندا يىگىت بولىدۇ. شۇلار بەختلىك بولسىلا بىز بارلىق يىغا ـ زارە، كۆز يېشىمىزغا زارى بولالايتۇق. ھاشىر ئېيتىڭا، سىز ئالدىن كۆرەرغۇ، باللىرىمىز بەختلىك بولالامدۇ؟

شۇنداق قىلىپ بۇ كامىردىكى مەندىن باشقا بەش ئايال ئىچىدە ھېلىقى چېگرىدىن ئۆتۈلغان ئەڭ ئېغىر جىنايەتچى مەندە پىكىر پەيدا قىلالىدى. مەن ئۇنىڭ («جىنايەت») دەپ ئاتالغان سۆز ـ ھەرىكىتى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم. ئۇ بىر قېتىملىق (بەلكى ئوتتۇنچى قېتىملىق سوراق بولسا كېرەك). سوراقتىن ئاياق يېگەن؛ كۆزلىرى كۆكەرگەن. لەۋلىرى ئىششىغان ھالدا ئىككى ئايال ساقچىنىڭ يۆلىشى بىلەن كامىرغا كىردى. ئۇ كۆڭلى ماغدۇرسىز، لام ـ جىم دېمەي ئۆگدىسىغا ياتتى. مەن ئۇنىڭغا سۇ ۋە تاماق بەردىم. يېرىم كېچىدە ئۇ مېنى نوقۇپ ئويغاتتى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ سوراق جەريانىنى سۆزلەپ بەردى. مەن سوئال ـ سوراقنى قىسقىلا قىلىپ يېزىپ قوياي:

سوراقچى: ئېيت، نېمە مەقسەت بىلەن قاچتىڭ؟

قىز: قاچمىدىم. بىلىم ئىزلەپ ماڭدىم.

سوراقچى: غەربتىن نېمە ئىزلىمەكچىسەن؟

قىز: بىزدە يوقنى!

سوراقچى: نېمە؟

قىز: راستىنى. بىزدە بىلىم يوققۇ!

سوراقچى: سوتسىيالىزمغا قارشى، ۋەتەن ئاسىيسى!

قىز: قالاقلىق، نادانلىققا قارشىمەن؛ ئاسىي ئەمەسمەن!

بەس. شۇنچىلىك يازاي. ئۇلار يېڭى توي قىلغان، تولۇقسىزغىچىلا ئوقۇغان قىزغىن ياشلار ئىكەن. مەن ئويلايمەن، بىز ئۇلارنى («ئىنقىلاب») قا سۆرىمەي، («بىلىم ئېلىش») قا ئۈندىگەن بولساق، بەلكى ئۇلار قاچمىغان بولار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆز يېرىدە ئىگە بولالمىغان نېمىنى باشقا يەردىن ئىزلىمەكچى بولغان سادىدا. پاكىزە قەلبىنى نېمىشقا چۈشەنمىسكە، كەچۈرۈشكە بولمايدىكەن؟ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ چېگرىدىن ھالقىپ قېچىشى جىنايەت. لېكىن قەلبىچۇ؟ پاكىزە قەلبى بار ئادەملەرمۇ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. دۇنيادا كىشىلەرنىڭ قەلب ساداسى بىلەن تولۇق ھېسابلىشىدىغان بىر مۇكەممەل قانۇنمۇ بارمىدۇ؟ مەن دادامنىڭ

بىر ئۇلۇغ، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق مەقسەت بىلەن ئەمگەك ئەرى ھېسابىغا قۇرۇپ چىققان كىتابخانىسىنى ياۋۇز كۈچلەرنىڭ تالان- تاراج قىلىشىدىن قوغدايمەن دەپ «جىنايەت» ئۆتكۈزدۈم، مەن ھەرگىز تۆۋە قىلمىغان، ھەرگىز ئۆكۈنمەيمەن. ھەرگىز خاتا قىلدىممۇ دەپ ئۆز- ئۆزەمدىن سوراپمۇ قويمايمەن. ئەندى بايىقى بىر جۈپ ياشنىڭ نوقۇيمىز، بىلىم ئالىمىز دەپ. بىلىم، مەدەنىيەت ئاياغ- ئاستى قىلىنۋاتقان، ھەممە ئادەم نادانلىق، ۋەھشىلىك گىرداۋىغا ئىتتىرىلىۋاتقان پەيتتە قىيچىشى، مېنىڭ قىلمىشىمدىن قانچىلىك پەرقلىق؟ قىزنىڭ دېيىشىچە ئۇنىڭ ئىرى ئىتىلارمىش. قىز كەم بولغاندا يىگىرمە يىل كېسىلەرمىش. بۇ نېمە دېگەن دەھشەت؟ بۇ ئۆلۈم بىلەن ئادىلەنىڭ ئىرىنىڭ ئۆز يېرىدىن كەتمەيمەن دەپ ئۆكلاپ ئۆلۈشى ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك پەرق بار؟

سۆيۈملۈك ھاشىر، مەن سىزنى بارغانسىرى ياخشى كۆرۈۋاتىمەن، نېمە ئۈچۈن؟ سىز ئەگىسىزلىك، ئادالەتسىزلىككە قارشى ئۆرالايدىغان بىر قەيسەر، ساپ قەلب ئىگىسى. شۇڭا مەن سىزگە ئۆز قەلبىمنى يېرىپ كۆرسىتىشنى. ئوي- خىياللىرىمنى ئېيتىشنى ياخشى كۆرىمەن. راست گەپ قىلغىنىم ئۈچۈن مېنى تىللىسىڭىزمۇ، ھەتتا ئۇرسىڭىزمۇ مېنىڭ سىزگە بولغان ئوتلۇق ھېسسىياتىم زىيانغا ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى سىزگە راست گەپ قىلالىغانلىقىم، مېنىڭ سىز بىلەن بەختلىك بولالايدىغانلىقىمنىڭ ئىسپاتى. ئىشىنىڭ. مەن بۇنداق بەخت ئۈچۈن ھەر قانداق قۇربان بېرىشتىن ئۆزەمنى تارتمايمەن! ھاشىر، مېنىڭ يازغانلىرىم ھاياتىڭ ئەڭ ئۆۋەن قاتلىمىدىكى بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ ئىگرىشى، كەلگۈسىگە ئۈمىد باغلاپ، ھاياتلىق ئۈچۈن ئىتىلىۋاتقان بىر ھىمايىسىزنىڭ قەلب ساداسى. سىز پارتىيىمىزنىڭ بىر رەھبىري سۈپىتىدە، دەۋر تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرالايدىغان بىر ئۇلۇغ كۈچ — كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە مېنىڭ يازغانلىرىمنى ۋىجدان، ھەقىقەت ۋە ئەقىل- پاراسەت تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ كۆرۈپ ئۆزىڭىزدەك ھەقىقەت ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە پارلاق كەلگۈسىگە بىزنى باشلاپ بارىدىغان بىر داغدام يول تېپىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىڭ!

سىزگە بەخت، غەلىبە تىلەپ، سىزگە كېچە يۈ- كۈندۈز تەلپۈنۈپ ئۆرغان ئوتلۇق يۈرەكنىڭ ئىگىسى!    ر. ئۆ

1967- يىل 11- ئۆكتەبىر»

ماشىرەڭ سومكىسىغا قاچىلانغان قىزىل سۇلياۋ تاشلىق ماۋجۇشى ئەسەرىنىڭ مۇقاۋىسى قاتلىرىدا ساقلىنىدىغان بۇ خەتنى بىرگۈن چۈشتە ھاشىر يەنە بىر قېتىم ئوكدا يېتىپ ئوقۇپ چىقتى. ئۇ ئىككى كۈن ئاھېستى ئارىلاپ يۈرۈپ چارچىغان. ئۈيقۇسىز بولۇشىغا قارىماي ئىشكىنى ئىچىدىن ئىلىۋېلىپ. تۆرمەللەنگەن ئورۇن- كۆرپىسىنى چۈۋىمايلا داق تاختايغا ئوكدا ياتتى- دە. تولا ئوقۇپ قىرلىرى پۈرچىلىنىپ كەتكەن بۇ خەتنى تېز ئوقۇپ بولدى. ئۈچ بەت قىلىپ يېزىلغان بۇ خەت ھەر قېتىم ئوقۇلغاندا ھاشىرغا تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان، بىردە ئويغا سېلىپ. بىردە غەزەپلەندۈرىدىغان مەسىلەرنى سوئال قىلىپ قوياتتى. بۇ سوئاللار ئالدىدا ئۇ ھامان ئىلاجسىز ۋە كۈچسىز ھالغا چۈشۈپ قالاتتى. ھېسداشلىق قىلسۇنمۇ؟ ياق. ھاشىر ئۇنداق قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز شەخسىي مۇھەببىتى. ئۆزىگە تېگىل بولغان ھېسسىيات ئۈچۈن ئۆزى مۇھەببەت باغلىغان دەۋرگە گۇمان بىلەن سوئال قويالمايدۇ. رازىيەنىڭ خەتلىرى يىغىپ ئېيتقاندا مۇشۇ «پرولېتارىيات مەدەنىيەت ئىنقىلابى» غا بولغان نارازىلىق ۋە غەزىپىنىڭ پارتلىشى ئىدى. ھاشىر بىلىدۇ: رازىيە «ئىنقىلاب» سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن، ئۇ دەۋرنىڭ بۇ بوراندىن كېيىن تېخىمۇ روشەن. سۆيۈملۈك بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ، بەزىدە تەبەتتىمۇ شۇنداق ھادىسە بولىدۇ: قار- بورانلىق جۇدۇن ئىرادىسىزلەرگە قىيامەت بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن بۇ ئىرادىسىزلەر سۈزۈك ئاسمان، ئىللىق قۇياش. گۈزەل تەبەتنى كۆرۈپ بۇرۇنقى ھېسسىياتى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىدۇ. خىجىل بولىدۇ. رازىيەمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ خېتى ئۈچۈن ھاشىرنىڭ ئالدىدا پەرەڭدەك قىزىرىپ يەرگە قارايدۇ. «ساقلايمەن. — دېدى ھاشىر مېيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ. — سەن بىلەن نوي قىلغان كۈنۈمدە ھاياتىڭدىكى بۇ ئېغىر خاتالىقىڭنى ئۆز ئېغىزىڭ بىلەن ئىقرار قىلسەن، مانا شۇ چاغدا بۇ خېتىڭنى بىرلىكتە كۆيدۈرۈپ تاشلايمىز. خاتىرجەم بول رازىيە. مەن ساڭا ھېسداشلىق قىلمايمەن. چۈنكى ھەر قانداق گۈزەللىكنىڭمۇ يۈزىدە بىر ئەيىبى بولغىنىدەك ئۇلۇغ دەۋرنىڭمۇ يۈزىدە كىر. بەدىنىدە ئەيىبى بولىدۇ. سەن بۇ ئەيىبنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆزەڭگە يات بىر نەرسە دەپ چۆچۈسەڭ ئۇ ھالدا ھېسسىيات جەھەتتە دەۋرنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىسەن. مەن سېنى بۇ خاتا يولدىن قايتۇرۇپ كېلىمەن. سېنى ئۇرمىدىن چىقىرىش ئۈچۈن قانچىلىك ھەرىكەت قىلسام بۇ چوشكۈنلۈك پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن شۇنچىلىك ھەرىكەت قىلىمەن. سەۋەبى ماڭا سېنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىڭ قانچىلىك زۆرۈر بولسا مەنىۋى ئەركىنلىكىڭ ۋە ساپلىقىڭمۇ شۇنچىلىك زۆرۈر ...»

ئۇ ئۆز خىيالىسىدىن رازى بولۇپ ئۇيقىغا كەتكەنمۇ بولار ئىدى. ئۇ يېنىغا ئۆرتۇلگەنلىكى يېنىغا ياتقان رازىيەنىڭ

سۈرىتىنى كۆرۈپ قالدى. قىز ئاق ياقىسىنى پىلات مىرتىغا چىقارغان، خىيالچان، يوغان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ مىيىغىدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بۇ بۇنىدىن ئون يىل بۇرۇنقى رازىيە. ئون يىلدىن بېرى بۇ رەسىمنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن يېنىدىن ئاجراتمىغان. بابا خەتنى ئالغاندا كارتۇاتقا چۈشكەنىكەن ـ دە، ھاشىر رەسىمگە تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى ئەترابىدىكى قورۇقلار يىغىلىپ، شالاڭلاشقا باشلىغان چاچلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان كەڭ پىشانىسىدە تەر تەپچىرىدى. دېمەك ئۇ ئازابلانماقتا ئىدى. «رازىيە، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ، — مېنى دەپ تۈرمىگە چۈشتىڭ. سەۋەبى مېنى دەپ نىكاھدىن ئاجراشمىغان بولساڭ دۈشمەنلىك بولمايتتىڭ. مەن سەن ئۈچۈن، سىزىبۇملۇك ئۇستازىم ئۆمەر ئەپەندىم ئۈچۈن. سىلەرنىڭ ئۆيىنى بۇلاتقان، سېنى ئىللاش، ئۇرۇش ۋە ئاخىرىدا تۈرمىگە كىرىشكە مەجبۇر قىلغان ياۋايىلاردىن ئىنتىقام ئالىمەن. بىز يېقىن كەلگۈسىدە بىللە — بەختلىك ھايات باشلايمىز».

ئۇ شۇلارنى دەپ بولۇپ رازىيەگە يەنە قارىدى. قىزنىڭ يوغان كۆزلىرى ھاشىرغا نارازىلىق بىلەن قاراۋاتقاندەك. «سىز تېخى ماڭا نەسىھەت قىلماقچىمۇ؟ ئۆزىڭىزنىڭ ھەممىگە چېكىدىن ئاشقان قانماللىق بىلەن قارايدىغان (سول) كېسەللىكىڭىزنى داۋالىۋېلىڭ، دەۋاتقاندەك بىلىندى. «رازىيە ئېيتقاندەك بىزنىڭ پارتىيىمىز خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالالمايدىغان ئىشنى باشلىۋالدىمۇ ـ يە؟ رازىيە ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلەرگە ئېنىشقا جاۋاب بېرەلمەيمەن. ئۇلارنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئېنىشقا ئېتىراپ قىلمايمەن. ئۆزەمگە يەڭگىل يول تېپىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتقان بولسامچۇ؟ ئۇرغۇن ۋەقەلەر ئۆتتى. ئۇرغۇن ئۇلۇغ ئىنسانلار ئۆتتى. بۇ ھەقتە بىز نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇدۇق. ماۋجۇشىنىڭ ئۈچىنچى تومىدىكى (بىر نەچچە تارىخي مەسىلەر ھەققىدە قارار) دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلەر تەكرارلانمايدۇ دەپ ئېيتقىلى بولامدۇ؟» ئۇ يەنە قىينالدى. ئاخىر تاماكا چەكتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ نېرىقى ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان شوپۇرنى ئويغاتتى:

— جۈر، ماڭىمىز!

— نەگە، ئا شۇجى؟

— ئاشۇجىرىگىنى قوي، ھاشىركا، دە.

— ھە، ھاشىركا، نەگە؟

— ھەيدە، شەرققە، قاش دەرياسى تەرەپكە.

ھاۋا كەچقۇرۇن خىيلىلا مۇزلىغان. سولدىكى ئىدىرلار، ئۇڭدىكى ئېتىز، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا كۆككە تاشلىغان ئۈجمە ئاسمانغا ئۇتىشىپ تۇرغان دىلمۇك تېغى ۋە ئالدى تەرەپتىكى ئاۋرالنىڭ چوققىلىرى كەچكى شەپەقنىڭ ھەل بېرىشى بىلەن قىزغۇچ ئاق رەڭدە چاقنايدۇ. ئاشۇ قارلىق چوققىلار بۇ كەڭ ۋادىغا زىمىستان قىش چىللاۋاتامدىكىن. يول ئۈستىدىكى قارايغان ئۈششۈك چۈپلىرى چىلىشىپ تۇرغان ئېرىق سۈلىرىنىڭ چەت ـ چۆرىلىرىنى چاۋاتەك مۇزلار قاپلىغان. يۇمران كۆزگى بۇغدايلار مۈگدىمەكتە. كەپىسى بۇزۇلغان قوغۇنلۇقتا قاغىلار ئاستا مىڭىشىپ يۈرۈپتۇ. كېلەر يىلى زىغىر، قوناق تېرىلىدىغان بوز يەرلەردە قاچاق كالىلار قوناق شېخىنى سۈرەپ يۈرۈپ چاينىماقتا. يىراقلاردىكى يېزىلار خۇددى يىلىنجاۋاتقان كۆمۈر چوغى ئىچىدە تۇرغاندەك قىپقىزىل تۇرۇك يوپۇرماقلىرىغا چۆمۈلگەن.

ھاشىر گاز ماشىنىسىنىڭ كابىنكىسىدا ئولتۇرۇپ ئېلى ۋادىسىنى كېسىپ ئۆتكەن تاشيولدا كېتىۋېتىپ ھامان يەنە رازىيە توغرىسىدا. كۆڭلىدىكى غەشلىكنى ئېزىپ ھەيدىۋېتىش توغرىسىدا ئويلايتتى. ئۇ بۇ باش ـ ئۇچى يوق خىياللار ئۈستىدە بىرسى بىلەن ياخشىلاپ مەسلىھەتلىشىشى كېرەك. بۇ ئادەم يەلۋەتتە ئەلا.

ھاشىرنىڭ ماشىنىسى ‹ياپراقلار تۆكۈلۈۋاتقان، ئېگىز سۆلار تاشقىنداپ ئېقىۋاتقان يوللاردا قوناق شېخى، يېدە، شاخ. مەنگەن ھەتتا چاقما كاۋىلارنى ئۆگزىسىگە بىراقلا چىقىرىۋالغان دېھقان ئۆيلىرىنى ئارىلاپ ئۇزاق ماڭدى ۋە ئاخىر كالا ـ قويلارنىڭ قىيا ـ چىيالىرى ئەۋجىگە چىققان مەزگىلدە ئادەمسىز. ھويلىسىنى قوراي باسقان يېزا مەكتىپى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ھاشىر ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇ شوپۇرغا:

— ئەتىگەنلىككە ئاش ۋاقتى بىلەن مەشەگە كەلگىن. بۈگۈن ماشىنا بىلەن يېزاڭغا بارغىن. — دېدى ـ دە، ماشىنا يۈرۈپ كەتكەنىدىن كېين ئاقرىپ كەتكەن ئۈتۈكنىڭ ئۇچىغا قاراپ. قولىنى كەينىگە قىلىپ مېڭىپ مەكتەپ ھويلىسىغا كىردى. ئۇنىڭ بېشىدا بىر سومۇلۇق سېرىق شەپكە. ئۇچىدا ئۆت يانچۇقلۇق كۆلرەڭ دىكا چاپان. كونا ماشىرەڭ ئىشتان. ئۇ بېلىنى قارا رەخت پوتا بىلەن باغلاپ ماشىرەڭ سومكىسىنى ئۇتتۇۋالغانىدى.

مەكتەپ ھويلىسى ئادەمسىز ھوڭغاراپ قالغان. بىرسى نېرىدىكى ئاللارنىڭ ئۇ چېتىدە ئوتۇن يېرىۋاتاتتى. ھاشىر ئوتۇن يېرىۋاتقان ئادەمنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. پاختا يىپ پوپايكا كىيگەن، بېشىنى سىرىپ چۈشۈرۈۋەتكەن بىرسى ھاشىرغا قاراپ. ئالقىنىغا تۈكۈردى ـ دە. قولىدىكى پالتىنىڭ جۇلدىسى يېلپۈنۈپ تۈت ... پەيدە پۇختا قىلىپ ياسالغان ئۇڭدىكى ... دەريانىڭ ئۇ قېتىدا كۆككە ... ئۈجمە

ئوقۇغۇچىلار پارتىسىنىڭ يۆلەنچۈكىگە تۇردى.

— نېمە قىلىشىۋاتىسەن بۇرادەر؟ — ھاشىر ناتونۇش ئادەمدىن سورىدى.

— نېمە، كورمەيۋاتامسەن؟ — ھېلىقى ئادەم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، قولىنىڭ كەينى بىلەن پېشانىسىنى سۈرتۈپ قويۇپ پالتىسىغا تايىنىپ ھاشىرغا ئالىيىپ قارىدى.

— كورۇۋاتىمەن، شۇڭا سوراۋاتىمەن!

— قارىغۇ بولساڭ ئاڭلا، ئوتۇن يېرىۋاتىمەن!

— بىر يۈز يىگىرمە سومغا پۈتكەن پارتىنى ئوتۇن دەۋاتقان سەن قارا قورساق قارىغۇ بولماي، مەن نېمىشقا قارىغۇ بولىدىكەنمەن؟! — ھاشىر ئۇنىڭغا دىۋەيلەپ باردى، — سەن كىم؟

— مەن مۇشۇ مەكتەپ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ جورىبى!

— سەنمۇ ئەمەلدىن قالغان مەنسىپىڭنى ئاتىدىڭ. مەنمۇ شۇنداق قىلاي: ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارى ھاشىر توڭ دېگەننى ئاڭلىغانمۇ سەن؟

مۇدىرنىڭ قولىدىن پالتىسى چۈشۈپ كەتتى.

— ھاشىر شۇجى، قېنى ئۆيگە!

— پارتىدىن نەچچىنى قالدىڭ؟ ئەلانى ئۇرغىنىڭ ئۈچۈن ئەپۇ سورىدىڭمۇ؟ بىز تېخى ھېسابلىشىمىز. ھارۋىڭنى قولۇڭغا ئالدىڭمۇ؟

— ياق.

— نېمىشقا؟

— مەن گوڭشې ئىسيانچىلار سىلىكبۇسىنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق رەھبىرى، ھارۋىكەش ئەمەسمەن! — مۇدىر ھاشىرنىڭ قوپاللىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەستىن بايىقى سىپايىلىقتىن خېمىغا ياندى.

— ئەلاچۇ؟ ئۇ ھارۋىكەشمىكەن؟ بىلەمسەن ئۇ كىم؟

— ئەدىن بىلەي، ئۇ بىزدە گېزەندە! گېزەندە بولغاندىكىن ھارۋا ھەيدەيدۇ.

— ئۇ گېزەندە ئەمەس، بىلىپ قوي: ئۇ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىن چىققان ئىختىساسلىق بىلىم ئىگىسى. ئۇنى ئاسراش ساڭا ئوخشاش ئىشچى بىلەن ماڭا ئوخشاش رەھبەرنىڭ ۋەزىپىسى. سەۋەبىنى بىلدىغانسەن، بىز ھەر ئىككىمىز ئۇنىڭ قىلغىنىنى قىلالمايمىز، بىلگىنىنى بىلمەيمىز. لېكىن ئۇچۇ؟ بىز بىلگەننى بىلىدۇ، بىلمىگەننىمۇ بىلىدۇ. بىز قىلالىغاننى قىلالايدۇ، بىز قىلالمايدىغاننىمۇ قىلالايدۇ. سەن بىلەن مېنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمما خەلققە يەتكۈزىدىغان پايدىمىزنى تارازا بىلەن ئۆلچىگەندە توغرا كەلسە بىزنىڭكىنى ماگىزىندىكى ئۆز تارتىدىغان تارازىدا ئۆلچىسە ئۇنىڭكىنى سەن كۆمۈر توشۇيدىغان خاڭلاردا ئىشلىتىدىغان ھېلىقى ماشىنا بىلەن يۈكىنى بىراقلا ئۆلچەيدىغان چوڭ تارازىدا ئۆلچەيدۇ. ئۇقتۇڭمۇ بۇرادەر؟

مۇدىرنىڭ لەۋلىرى مىدىرلىدى. ئاۋازى چىقمىدى، چىرايى بىر ئۆزگۈرۈپ. بىر تاتىرىپ قوللىرى تىترىدى. ئۇ ئازاب ۋە ئەپسۇس ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ھاشىر بايقىدى. دە. سەممىي ۋە يۇمشاق ئاۋازدا سۆزلەپ ئۇنىڭغا موخۇركا سۇندى:

— ئەلا قايەردە؟

— ئۈنۈگۈن ئۇتۇپ كېلىپ سولاپ قويۇۋىدۇق.

— نېمىشقا؟

— ئەتە پۈتۈن گوڭشې بويىچە سىنىپىي دۈشمەنلەرگە ئومۇميۈزلۈك ئوت ئېچىشقا قەسەمياد قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلغانىدۇق. پۈتۈن گوڭشېدىكى ئوت خىل ئۇنسۇرلار قاتارىدا ئەلاغا ئوخشاش ئون ئالتە گېزەندىنىمۇ كورەش قىلماقچى. ئەلاغا ئۇقتۇرۇش قىلساق قارشىلىق قىلىپ بىزنى تىللىغانلىقى ئۈچۈن زۇلپىيانىڭ ئۆيىدىن تۇتۇپ ئەكېلىپ سولاپ قويدۇق.

— ئەگە سولىدىڭلار؟

— گوڭشې ئىسيانچىلار سىلىكبۇسى يېنىدىكى گەمىگە!

— سەن ئۇنى چىقىرىپ بېرەلەمسەن؟

— ئەس.

— نېمىشقا ئەس؟ سەن نېمىگە ئىككىنچى نومۇرلۇق؟ بىرىنچى نومۇرلۇقۇڭلار كىم؟

— گوڭشې پارتكومىنىڭ كاتىپى ياۋ مىشۇ.

— مېنى ئۇنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بارغىن. ئەلانىڭ ناھىيىدە مۇھىم ئىشى چىقىپ قالدى.

— ئەس.

— ياۋ مىشۇ كىمنىڭ سۆزىگە كىرىدۇ؟

— ۋاڭ شۇجىنىڭ.

— ھىم ..... — ھاشىر سابىق گوڭشې پارتكومىنىڭ سېكرېتارى تۇرۇشلۇق ھويلا تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ۋاڭ شۇجى — پاكار، سېمىز، قىرىقتىن ھالقىغان ئادەم بولۇپ ھويلىسىدا توخۇ يۈگۈرلاۋاتقانىكەن. ئۇ ھاشىرنى كورۇپ كۈلۈپ-ھىجاراپ، قوللىرىنى سىلكىپ، ئىشتىمىغا سۆركەپ ھاشىرغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەلدى:

— ئا شۇجى. قانداق شامال سىزنى مەندەك ھوقۇقدارنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ كىردى؟

ھاشىر گەپنى ئۇزاققا سوزۇشنى خالىمىدى:

— مەن ئۇلارنى ئاھىيگە ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم. ئۇ سولاقتىكەن، قويۇپ بېرىشكە ياۋ مىشۇغا مەسلىھەت بەرسىڭىز قانداق، لاۋۋاڭ؟

— قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئاشۇجى.

— ئۇنداق دېمەڭ، «خەلق گېزىتى» نىڭ باشماقالىسىنى ئوقۇغانسىز، ئىنقىلابىي كادىرلار بىلەن زىيالىيلار دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى. ئۇلارنى ئاسراپ قالساق بۇ قىلغان ياخشىلىقىمىز ئۈچۈن كەلگۈسىدە، پارتىيە، خەلق بىزگە رەھمەت ئېيتىدۇ، لاۋۋاڭ!

لاۋۋاڭ ئويلىنىپ قالدى. ئۇ ھاشىر توغرىسىدا مۇقىم كۆز قاراشقا ئىگە ئىدى، ئۇنىڭ قارىشىچە ھاشىر يات ئارىدا ئاھىيىنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىش يېقىن كەلگۈسىدىكى چوڭ زىياننىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالغۇسى.

— ئاشۇجى، مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى شاۋ ياۋغا ئېيتىپ كۆرەي، سىز ئون مىنۇت ساقلاپ تۇرۇڭ.

ئەلا سولانغان گەمىگە ھاشىر ئۆزى يالغۇز كەلدى. ئۇ گويا تۇنجى مۇھەببەت ھۇزۇرىدىكى يىگىتتەك نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ قاراڭغۇ زالغا تىۋىش چىقارماي كىردى ـ دە، زالنىڭ ئىچىدىكى تار، زەي تۆرىنىڭ ئىشىكىنى سىپاشتۇرۇپ تاپتى. بۇ ئىشىككىمۇ قۇلۇپ سېلىنغانىكەن، ئىككىنچى ئاچقۇچ بىلەن بۇ ئىشىكنىمۇ ئاچتى. ئۇ ئاۋۋال ئىشىكنى قىيا ئاچتى، ئىچىگە خىش ياتقۇزۇلغان، تاملىرى سامانلىق لاي بىلەن ئەكشى سۇۋالغان زەي تۆرىنىڭ ئۈچ ـ تۆت مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۆپە تۈڭلۈكىدىن شەپەق ئارىسىغا ئاللىقاچان يوشۇرۇنغان قۇياشنىڭ غۇۋا نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. ئەلا پۈتۈن دىققىتى بىلەن بىر پارچە كونا كىتابقا قادىلىپ ھازىرلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ تۇرە تۇراتتى. ھاشىر دوستىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ قاتتىق ئازابلاندى: «ساڭا ئەندى قۇياش نۇرىنىمۇ ئاياشتىمۇ دوستۇم. دۇنيادىكى ئەڭ ۋەھشى ھايۋانمۇ بەھرىمەن بولىدىغان قۇياش نۇرى بىر ساڭىلا تۇتىيا. دوستۇم مېنى كەچۈرگىن، مەن سېنى قوغدىيالمىدىم ...» دەپ ئويلىدى ئۇ لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا.

— ئەلا، ماڭا قارىغىنا!

ئەلا ئاڭلىمىدى ياكى ئاڭلىماسقا سالدى. ئۇ گويا كۆرگەزمىلەرگە تەييارلانغان مودېلغا ئوخشاش مىدىرلىماي تۇراتتى. ھاشىر ئۇنىڭ يېنىغا باردى ۋە دوستىنى قۇچاقلىدى:

— بۇ مەن ھاشىر، ئەلا ئاداش!

ئەلا شۇ چاغدىلا ئەسلىگە كەلدى. ئۇ خۇددى ھاشىرنىڭ كېلىپ قۇتقۇزۇپ قېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغاندەك ئەجەبلەنمەستىن دوستىغا قاراپ كۈلدى ۋە مۈرىسىگە قولىنى قويدى:

— ئەندى كەلدىڭما ئاداش؟

— مەن پۈتۈنلەي بىخەۋەر.

— زۇليا ئاكا سېنى ئىزلەپ كەتكىلى بىر كۈن بولاي دېدى، — ئەلا تالاغا مېڭىۋىدى قولىدىكى كىتاب يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ھاشىر چېچىلغان بەتلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ئۆزى ئوقۇيالمايدىغان خەتلەر، يالىڭاچ ئادەملەرنىڭ سۈرەتلىرىگە قاراپ سورىدى:

— بۇ نېمە كارامەت ئاداش، ھاۋا ئاتىمىزمۇ ياكى ۋىناسمۇ؟

— «ئىلاھىيەت»، — دېدى ئەلا كۈلۈمسىرەپ، — مۇشۇنداق كۈنلەرگە تەييارلىنىپ، بىر قانچە ئىنگلىزچە كىتابلارنى چۈۋۈپ ماۋۇ پاختىلىق چاپاننىڭ پاختىسى ئارىسىغا ئېلىۋەتكەنمەن. ئىتالىيىنىڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپ شائىرى گاللىزى دانتىنىڭ ئەسىرى «ئىلاھىيەت»، مەن ئۇنىڭ سەككىز قەۋەت دوزاق توغرىسىدىكى بەتلىرىنى ئوقۇۋاتاتتىم.

— نېمىشقا بولمىغۇر كىتابلارنى تاشلىمايدىغانسەن؟

— بولمىغۇر كىتاب يەتتە يۈز نەچچە يىلدىن بېرى ياشاپ كەلمەيدۇ ئاداش. بۇ كىتابتا ئاللىقاچان دېيىلگەن گەپلەرنى سىلەر تېخى «ئەڭ يېڭى ...» دەپ يادلاپ يۈرۈۋاتىسىلەر.

— ئاستا، بۇ گېپىڭ باشقىلارنىڭ قۇلىقىغا يەتسە!

— يالغان گەپنى لاباددا ئۆزلىشىدىكەن، راست گەپنى پىچىرلاپ دېگىلىمۇ بولمامدىكەن!

ئەلا دوستىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قويدى، ھاشىر خۇددى ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىكىدەك دوستىنىڭ مەنىلىك، قىزىقارلىق ۋە يېڭى گەپلىرىگە زوق بىلەن دىققەت قىلدى. ئۇ باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا ئانچىلىك سەۋرى ـ تاقەتلىك ئەمەس بولغىنى بىلەن بىرلا ئەلانىڭ گېپىنى زادىلا يېرىم بەلدە قوشۇق سالماستىن ئەستايىدىل ئاڭلايدۇ. ئۇ دوستىنىڭ ھەر قانداق گېپىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەقىدە ـ قارىشىنى قايچىلايدىغان گەپلىرىنىمۇ تاقەت ۋە ئىجتىھات بىلەن ئاڭلاشقا ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەلا تالادا ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغان ئادەملەرگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— ئىلاھىيەتتىكى دوزاقلارغا بېرىلگەن تەبىرلەرنى ئوقۇپ ئۆز ئەمەلىيىتىمگە سېلىشتۇرۇپ باقتىم، ھا، ھا، ھا ...! — دەپ ئۈمىدۋار ئاۋازدا قاقاھلاپ كۈلگىنىدىمۇ ئۇ دوستىغا ئاپا ـ تەنە قىلمىدى. دوستىنى چەكلىمىدى.

— كۈلۈۋال ئاداش، سەنلا كۈلۈپ ـ شادلانساڭ ھەر قانداق

گېپىڭگە چەك قويمايمەن! — دېدى ھاشىر بىر ئۆكۈپ. بىر تاتىرىپ.

ئۇلار ھاشىرنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئەلانىڭ ياتىقىغا قونغىلى ماڭدى. ھاشىر سومكىسىدىن قوي گۆشى چىقىرىپ مەكەپتىكى بىردىنبىر قاراۋۇل بولغان مۇدىرغا بەردى:

— سائىتىڭ باردۇ، ئىككى سائەتتىن كېيىن گۆشنى پىشۇرۇپ ئېلىپ كىر، ئاڭغىچە زۇلپانىڭ ئۆيىگە خەۋەر قىل. بىز بىللە ئولتۇرىمىز، ئوقتۇڭمۇ بۇرادەر؟ ئاندىن بىزگە دەرھال بىر چۆگۈن چاي كىرگۈزۈۋەت.

بىر پارچە ئېكمەت، بىر كۆك چامادان، بىر يوتقان، بىر كورپە، گۆزەللىكىدىن قالغان بىر ماموق ياستۇق بىلەن يوللۇق يۇڭ ئەديال ... ئەلانىڭ بارلىق بىساتى مانا مۇشۇنچىلىك. كۆلگە كۆمۈلۈپ قورو باسقان مەشمۇ تۇرۇپتۇ. يولەنچىكلىك بەندىڭدا تۇپا بېسىپ قاچا-قۇچا. چۆكا-قوشۇقلارمۇ يېتىپتۇ. چالا كۆيگەن شاخ بىلەن مەدەك. كۆيۈپ قىڭغىيىپ بوۋايغا ئوخشاپ قالغان شام، ياتاق دەپ ئاتالغان بۇ ئۆينىڭ ئادەم بويى يەتمەيدىغان تورۇسىغا ياندىش جايلاشقان سوزۇنچاق دېرىزىسى. ساھىبخان ئۆزى ياسىۋالغان، تېگىگە پاخال سېلىنغان قوپال تەپچەككىدە چېچىلىپ ياتقان كىتابلار بۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ قانچىلىك ھايات كەچۈرۈۋاتقىنىنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. دېمەك ھاشىرغا ھال سورىغۇدەك ھېچگەپ قالمىغانىدى. ئۇ قويىنىدىن رازىيەنىڭ خېتىنى چىقاردى-دە، تەپچەككە ئۈستىگە تاشلىدى.

— ئوقى، مەن بىرىم سائەت ئۇخلىۋالىمەن. ئوقۇپ بولۇپ پىكرىڭنى ئوچۇق ئېيت، نېمە دەپ جاۋاب يازساق بولىدۇ؟

ئەلا ئۈچ بەتلىك خەتنى ياتىقىدا مىڭىپ يۈرۈپ ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئۇ ھاشىرغا قارىدى، ھاشىر خورەك تارتىپ ئۇيقىغا كەتكەن. ئەلا دوستىنىڭ ساقال-بۇرۇتى ئۆسكەن جىددىي چىرايىغا قاراپ قويۇپ، ئۇز ئېگىكىنى سىلىدى. ئۇنىڭ ئورۇق يۈزىنى قويۇق ساقال باسقان، ئۇ ئورۇندۇقتىكى ئەينەكنى ئېلىپ ئۆزىگە قارىدى-دە، كۈلۈمسىرىدى: — ھەي رازىيە، سىز بىلەن بىزنىڭ شارائىتىمىزدا قانچىلىك پەرق بار-ھە؟ بەلكى سىزنىڭ شارائىتىڭىز مېنىڭكىدىن ياخشىدۇ. سىزدە ۋەھىمە-ئەندىشە يوق. سىز پەقەت جازانى ئەمەس، ئەركىنلىك، خۇشاللىق، بەختنى كۈتۈپ ياتىسىز. بىز ئۆزىمىز كورمىگەن، پەرەزمۇ قىلمىغان يولغا كىرىپ قالدۇق. بۇ يولغا مەجبۇرىي ماڭماقتىمىز. بۇ يول بىزنى نەگە ئاپىرىدۇ؟ بۇنى ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز.

— نېمە دەپ كۇسۇرلاۋاتىسەن ئاۋاق؟ ساقال ئالغۇچىڭ بارمۇ؟ مالڭ قۇدۇقتىن سۇ ئەكىرگىن، — ھاشىر ئورنىدىن تۇردى ۋە



ئەپچەكگىدە تۇرغان رازىيەنىڭ خېتىنى چىرايلىق قاتلاپ قىزىل سۇلياۋ تاشلىق كىتابنىڭ مۇقاۋىسى قېتىغا سالدى، — ھە، رازىيەگە قانداق خەت يازساق بولىدۇ ئاۋاق؟

— بۇ قېتىم خوتەندىن يازغان خېتىڭدەك ۋەھىملىك بىر نېمە يازمىساڭ بولىدۇ-دە، رازىيەگە لازىمى، نەسىھەت، قورقىتىش خېتى ئەمەس، ساداقەت، سەممىيەت بىلەن يۇغۇرۇلغان يۈرەك سۆزى!

— كۆردۈڭمۇ، رازىيە ماڭا، دەۋرگە جەڭ ئېلان قىپتۇ!

— دەۋرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقساڭ سەن دېگەندەك. لېكىن ھەقىقەتنىڭ، ۋىجدانىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقساڭچۇ؟

— نېمە؟ سەن بۇ زەھەرلىك پەلسەپىنى نەدىن تاپتىڭ؟ دەۋر بىلەن ھەقىقەت، ۋىجدان ئوتتۇرىسىدا شۇنچىلىك چوڭ ھاڭ بارمىكەن؟

— شۇنداق. بۇ ھاڭ تېخىمۇ زورىيىۋاتىدۇ!

— بۇ گەپلىرىڭ ئۈچۈن جاۋاب بېرىسەن ئەلا!

— مەن سېنىڭ ھىمايەڭگە مۇھتاج ئەمەسمەن ھاشىر. مەن سېنى ۋىجدان ئىگىسى سۈپىتىدە قەدىرلىگەن، دوست بولغان. ھازىرمۇ شۇنداق. مەن سېنى رەھبەر، كوممۇنىست دەپ

ھۇرمەتلەۋاتقىنىم يوق!

— رەھبەر، كوممۇنىست دېگەن سۆزلەر بىلەن ۋىجدان دېگەن سۆز بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشىمىكەن؟ بۇ ئەزەربىلەرنى نەدىن ئاپتىڭ ئەلا؟

— ماڭا ئۆرمۈشنىڭ تۈزى ئۆگەتتى. رەقىمۇ رەھبەر، كوممۇنىست، ئۇنىڭدىن چوڭلىرىمۇ، ھازىر رادىئو، گېزىت، كىتابلاردا ماختىلىپ يۈرگەن تۈرغۇن داڭلىق سەخسىلەرنى رەھبەر، كوممۇنىست، لېكىن تولاردىن تۈرغۇنلىرىنىڭ ئىسمى يېزىلغان قەغەزگە «ۋىجدان»، «ھەقىقەت» دېگەن سۆزلەرنى يازغىلى بولمايدۇ. نېمشقا دەمسىنا؟ مەن رەھبەر، كوممۇنىست دەپ بىرىنچى بولۇپ لېنىنى توتۇغان، ئىنسانلارغا ھەقىقىي ئۆلگە بولالايدىغان ئۆرغۇنلىغان ماركىچە، لېنىنچە كوممۇنىستلار توغرىسىدا تۈرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان، تولارنىڭ ئومۇمىي ئارتۇقچىلىقى ئىككى: بىرىنچىسى، ۋىجدانلىقى، راستچىللىقى؛ ئىككىنچىسى، قورقماس ـ قەيسەرلىكى!

ئەلا جىم بولۇپ قالدى. ھاشىرمۇ تونىڭ سۆزلىرىنى ئىنكار قىلغىدەك گەپ تاپماقچى بولغاندەك تۈي ئىچىدە تۈياقتىن ـ بۇياققا ماڭدى. سىرتتا ئىزغىرىن شامال ۋىژىلدايتتى. سوزۇنچاق پەنجىرىنىڭ سۇنغان كۆزنىكىگە چاپلانغان قەغەز لەگلەك داقىراتمىسىدەك گىژىلداپ ئۆي جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېين ھاشىر كۈلۈمسىرەپ ئەلاغا قارىدى:

— ماقۇل، دوستۇم، بۇ قېتىم راست گەپ قىلاي، رازىبەگە يۈرەك ـ قەلبىمنى يېرىپ كۆرسىتەي. ئەمما بۇ يېرىلغان قەلبنى رازىيەدىن بۆرۈن سەن كۆرۈپ باق!

نەق شۇ چاغدا بىر جاۋۇر گۆش كۆتۈرۈپ، ئايالىغا نان ـ چاي كۆتۈرۈتۈپ مۇدىر كىرىپ كەلدى.

— ئاۋاق، راسا بىر ئىچەيلى، — دېدى ھاشىر كۈلۈپ. — خۇددى بىيجىڭدا بۇندىن يەتتە يىل ئالتە ئاي بۇرۇن ئىچىكەندەك ئىچىشەيلى!

— يەنە شۇ 1960 ـ يىل تۈتىنچى ئايدىكىدەك تالاش ـ تارتىش قىلىپ ئاخىرى سوقۇشىدىغان گەپمۇ؟

— سوقۇشساق سوقۇشتۇق، — دېدى ھاشىر كۈلۈپ، — ئىككىمىزنىڭ ھاياتىي چۈشەنچىمىزدە ئىختىلاپ بار. يەتتە يىل بولدى مۇنازىرىمۇ ئاخىرلاشمىدى، قانچە قېتىم سوقۇشتۇق، يەنە ئەپلەشتۇق. بۈگۈن سوقۇشساڭ زىيان تارتىسەن، ھارۋىكەش ماڭا بولۇشىدۇ. تونىڭ قامچىسىنى تۇتتۇمىغانسەن؟

مۇدىر خىجىل بولدى، ئىككى دوست قاقاھلاپ كۈلۈشتى.

زۇلىيا تاپىسدا پەيدا بولدى. تو قىزىل دۇخاۋا يۈكنى كەينىگە سۆرۈپ قويۇپ قاقاھلاپ كۈلدى:

— بەللى، بەللى، — دېدى تو قاشلىرىنى ئويىنىپ، — ئويناشنى بىلسەڭلەر، يەر تالاشقىنمۇ توسنا. بىر بولسا تۈنەيدىكى تاشلىق قاپتال، بىر بولسا مۇنتو نىيىق تۆڭكۈرى، ھا، ھا، ھا! ...

تولار «تۆڭكۈر» دە يېرىم كېچىگىچە كۈلۈشتى.

5

تولار ئوخشىغان قورۇما شورپا بىلەن غىزالىنىپ ئاش ۋاقتى بىلەن زۇلىيانىڭ ھويلىسىدىن شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

«گاز» ماركىلىق يۈك ماشىنىسى بىلەن يولغا چىقماق شەھەرلىكلەر ئۈچۈن ئادەتتىكى بىر ئىش بولغىنى بىلەن يېزىلىقلار ئۈچۈن چوڭ يېڭىلىق. شەھەردىن قىرىق نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ يېزىغا ماشىنىمۇ كەمدىن ـ كەم كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلگەندىمۇ ھاشىرنىڭ شوپۇرىدەك بۇنداق باۋاش، كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان شوپۇرلار زادىلا كەلمەيدۇ. بۇ يەرگە كېلىدىغان شوپۇرلار گۆڭشى سېكرېتارىدىنمۇ يۈزلۈك، يېزا باجگىرىدىنمۇ سۆزلۈك بولۇۋالىدۇ ـ دە، دېھقانلار ماشىنىغا چىقماقچى بولسا بەش تەڭگىلىك يۈكى ئۈچۈن ئۈچ ـ تۆت تەڭگە ھەق ئالىدۇ. لېكىن ھاشىرنىڭ شوپۇرى تونداق ئەمەس، ماتا قاراڭ، ئۇنىڭ ماشىنىسىدا نېمىلەر يوق: ئاشلىق، ماي، نان ـ توقاچ، كىگىز ـ كېچەك، ساندۇق، بۆشۈك، توخۇ، غاز، كۆكتات، ياغاچ ـ كۆتەك، ھەتتا قوي، تايىنچا ـ توپاقلارنىڭمۇ كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرۇپتۇ. يۇقىرىقى دېھقان بايلىقى ۋە شەھەر بازىرىدا پۇلغا ئايلانماقچى بولغان بۇ نەرسىلەر ئىگىلىرى بىلەن بىللە ماشىنا كۆزۈپىغا تىقىلغان. دېھقانلار ئاشۇ «بايلىقى» بىلەن ماشىنىدىن ئورۇن ئالالىغانلىقى ئۈچۈن خۇشال، مەغرۇر. تولارنىڭ ھەييارلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇتىنى تولغاپ، مالخابىلىرىنى قىرلىشىۋېلىشقان. ماشىنا خۇددى بۇغچۇمىسى ئېغىر قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭغاندەك توپا توزىتىپ، ۋاڭ ـ چۇڭ، چوقان ـ سۈرەن ئىچىدە ئىلى دەرياسىنى ياقىلاپ ماڭغان قەدىمى كارۋان يولى بىلەن غەربكە — شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

كابىنكىغا ھاشىر، ئەلا، زۇلىيالار تىقىلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىشقا شوپۇر يىگىت ماشىنىسىنى يېنىچە ئولتۇرۇۋېلىپ ھەيدەشكە مەجبۇر بولغان. بۇ خىل قىلىق قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ. لېكىن بۇ دېگەن 60 ـ يىللار، جۇڭگونىڭ 60 ـ يىللىرى بۇ خىل «قاتناش قائىدىسى» دېگەننى ئاللىقاچان ئەخلەت ساندۇقىغا چۆرۈۋەتكەن. شۇڭا ئادەملەر پويىزغا يامىشىپ چىقىمۇ، ماشىنىنىڭ كەينىگە چاپلىشىۋېلىپمۇ شەھەردىن ـ شەھەرگە كېتىۋېرىدۇ. جۇڭگونىڭ نەچچە مىليون «قىزىل قوغدىغۇچىلىرى» نى

بىيجىڭ، شاڭخەيلەرگە پۈلسىز، بىلەتسىز تۇشۇپ، تەرتىپسىزلىككە ئۈگەنگەن قاتناش قوراللىرى ھەر قانداق قائىدىگە بويسۇنمايدۇ، چۈنكى بۇ 60 - يىللارنىڭ ئاخىرى - دە!

دېھقانلارنى توپىغا چۆمۈلدۈرۈپ توزۇغسىز قىلىۋەتكەن ماشىنا غۇلجا شەھىرىگە يېقىن قالغاندا جىرغىلاڭ دېگەن سايدىكى سۇ بويىدا توختىدى. ئادەملەر يۇيۇنۇپ، رەڭگى - روھىي تۈزەشتى.

ئەلا ھاشىرغا چاقچاق قىلدى:

— بولدى، بەك سەتەڭ بولۇپ كەتتىڭ، رازىيە تۇرمىدىن چىقارماي قويمىسۇن يەنە!

— رازىيە چىراي بىلەن ھېسابلىشىدىغان سىينىڭ گۈزەل مىشچانكاڭ ئەمەس!

ھاشىر شۇنداق دېدى - دە، دوستىغا ئىتتىك قارىدى، ئەلا دەرھال تۈگگەندى.

— يۈرىكىڭ جىغ قىلىپ قالدىغۇ ئاۋاق، مەن بۇ قېتىم جەزمەن سىينى گۈزەللىكىنىڭ تۈيگە باغلاپ تاشلاپ قويۇپ چىقىمەن. يەنە شۇ يەردە ئاشتىن تۈل، يەنە بالاڭ بىلەن خوتۇنىڭنىڭ مېھمىنى بول.

— مۇشۇ يەردىن قايتىمەن!

— مىدىر قىلساڭ بىرلا يۇيرۇق بىلەن باغلىتىۋېتىمەن!

ئۇلارنىڭ بۇ گەپلىرى چاقچاق. لېكىن ھاشىرنىڭ ئەلانى مەجبۇرلاپ ئېلىپ كېتىپ بارغىنى راست.

غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قارادۆڭ مەھەللىسىدىن كىرىپ كەلگەن ماشىنا قەدىمى توخۇ بازىرىنىڭ كوچا ئېغىزىدا توختىدى. دېھقانلار ھارۋا، ئادەم، ماشىنىلار يول تېپىپ ماڭالمايدىغان خەنزۇ بازىرىغا كىرىپ، ئەكەلگەن ماللىرىنى پۇل قىلىپ، ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈشكە ئالدىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ئۆزىمىزگە ئايان: ئۇساق قوي ئەللىك - ئاتمىش يۈەنگە، تاينچا - توپاق يەتمىش - سەكسەن يۈەنگە بارسا، ياكى دېھقان بۇغداي ئۇنىنىڭ بىر پۈتنى ئون سومدىن، پەمدۇر قېقىنىڭ كىلوسىنى ئۈچ سومدىن پۇل قىلالىسا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بازاردىنمۇ، دەۋردىنمۇ رازى بولۇۋېرىدۇ. لېكىن مۇنۇ ھاشىرنىڭ قارىشىچە ئاغىنىسى ئەلانى رازى قىلماق ئوڭمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ مۇنۇ ھەممىلا نېمىگە زەڭ قويۇپ، ھەممىلا ئىشتىن پۈتۈن جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ خۇلاسىلەرنى چىقىرىشقا ئادەتلەنگەن ئاغىنىسى قاچانمۇ ئۆزى ياشاۋاتقان ھاياتنى ماختايدىغان گەپلەرنى قىلار؟ ئۇ نېمىشقا ھەدېسىلا ھاشىرنىڭ زىتىغا تېگىدىغان گەپ قىلىدۇ - ھە؟ مەسىلەن ئاخشام ئەلا ياشلارنىڭ نادانلىقى ئۈستىدە قايناپ سۆزلۈنىدى ھاشىر: «ئۈگىنىۋشكە قارىغاندا ياخشى» دەپ نارازىلىق بىلدۈردى. ئەلا تېخىمۇ خاپا بولۇپ: «مەن ھەدېسىلا ئۈگىنىش. ئۈگىنىش! دەيدىكەنسەن. بىز بىلەن تەڭ ئازاد بولغان ياكى بىز بىلەن تەڭ قۇرۇلۇش باشلىۋەتكەن دۆلەتلەرگە قارىمايدىكەنسەن. ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، بىز نېمە قىلىۋاتىمىز؟ باشقىسىنى قوياي، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى بىلەن ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش ئىشىنىلا ئالايلى، بىزگە مۇناسىۋەتتى بولمىغان دۆلەتلەردە مەخسۇس كەسپىي ئورگانلار قۇرۇلغان. بىزدە بولسا پۈتۈن مەملىكەتتە بۇ خىل ئىدارە تۇرماق ئىشخانىمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشقا ئۇتۇش قىلغۇچى ئادەملەر دىكتاتورنىڭ ئويىكى!» ھاشىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قانچىلىك خاپا بولدى، ئازابلاندى؟ ھاشىر مانا مۇشۇنداق ئىلىم - پەن خورلىنىۋاتقان بىر دەۋرنىڭ پارتكوم سېكرېتارىمۇ؟ دۇرۇس، بىز كەمبەغەللەرەك. ئورغۇن ئىشلارنى تېخى قىلالمىدۇق، لېكىن كەلگۈسىدە، يېقىن كەلگۈسىدە قىلىمىزدە!

ئەلا ھەر بىر ئىشقا سەپسىلىپ، خۇددى يۇقىرىدىن جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن بىر ئىلمىي خادىمدەك بازارغا ئىچكىرىلەپ ماڭدى. ھاشىر ئۇنىڭ نارازى بولۇپ ۋالاقلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، خۇددى كويۇمچان ئانا ئۆز بالىلىرىنىڭ ئەيىبىنى تەرسا مىجەز ئېرىدىن يوشۇرغاندەك ئېھتىيات ۋە يېلىنىش بىلەن ئەلانىڭ كەينىدىن ماڭدى. زۇلپا بولسا خالىراق ئاشخانا تېپىپ قورساق تويغۇزۇش، يېزىدىن سۇلياۋ تۇڭغا ئېلىۋالغان «دولانىيۈزى ئاق ھارىقى» دىن تېتىپ بېقىش كويىدا.

— لەگزى بېشىغا چىقىپ، چىمەنلىكتە يانپاشلاپ يېتىپ، تۈيكە - ھېسىپ، كاللا - پاقالچاق بىلەن ئاز - تولىدىن ئىستېمال قىلساق قانداق. ئۈكىلىرىم؟ — دېدى ئۇ ئاخىر ماۋۇ ئون - ئىنىز كېتىپ بارغان دوستلىرىدىن ئىچى پۇشۇپ.

— ئاش پولانىڭگىگە بارىمىزمۇ ياكى ئوسمانىنىڭ دادىسىنىڭكىگە بارىمىزمۇ؟ — ھاشىر ئاخىرى سورىدى، — ماشىنا دۈگدە ساقلاپ تۇرىۋاتىدۇ (شوپۇرغا بايتوقاي سارىيىدا بىزنى ساقلا دېگەن). مېڭىۋېرىمىزمۇ؟

— قارا ئاۋۇ يەردە ئىككىسى مۇشلاشتى! — دېدى ئەلا بويىنى سوزۇپ، — نېمە تالاشقاندۇ، قارا، بىرسىنىڭ باش - كۆزى قانىدى، قولىغا پىچاق ئالدى، ۋاي ئۆلتۈرىدىغان بولدى! — ئۇ ھاشىرنىڭ سوئالىغا جاۋابمۇ بەرمەي يول تالىشىۋاتقان ھارۋا، ئادەملەرنى ئىتتىرىپ ماجرا بولۇۋاتقان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ھايت - ھۇيت دېگىچىلا ئۇ كۆزدىن غايىپ بولدى. ھاشىر بىلەن زۇلپا يوق يەردىن ئىش تېپىۋالغان ھەمراھىنى تىللىشىپ، توپ ئىچىگە قاراپ ئەستە يول تېپىپ مېڭىشتى.

كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن، بازارچىلار قېرى قارىياغاچ تۈۋىدىكى چاڭگىلدا مىغىلداشقان چۈمۈلىلەردەك تولا. تولار ھەممىسى ۋارقىراشماقتا، ئات، ئېشەك، كالا، قوي، توخۇ، تۇدەكلەرمۇ تىنچ ئەمەس، بۇ چۇشەنگىلى بولمايدىغان نەچچە مىڭ كىشىلىك خور ئىچىدە كۈلكىمۇ، يىغىمۇ، ناخشىمۇ، تىل ئاھانەتمۇ، سىياسىي تەشۋىقاتمۇ، دىۋانە ـ مەدداھلارنىڭ ئاۋازلىرىمۇ بار. بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتسىز، بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى، بىر ـ بىرىنى رەت قىلىدىغان بۇ ئاۋازلار بىرلا ئېھتىياج — ھايات ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش يۈزىسىدىنلا ئۆزئارا ئارىلىشالىغان. ھاشىر بىلەن زۆلىيا تەرلەپ ـ پىشىپ، كىيىملىرىنى ھارۋىدىكى تۇتۇنلارغا ئىلىندۇرۇپ، ئاخىر بىر كەمدە توپنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. ئۇ بەردە باش ـ كۆزى قانغا بويالغان بىرسى ئەلاغا ئېسىۋالغان، ئەلا كىيىملىرى تىپقىزىل قانغا مىلەنگەن ھالدا ئۆزىنى ھىمايە قىلىپ بىر نىمىلەرنى دەپ ۋارقىرىماقتا ئىدى.

— مانا ئاجرىتىڭ، مانا ئادەمگەرچىلىك! — دېدى زۆلىيا بوغۇلۇپ. ھاشىر بولسا بوغان گەۋدىسى بىلەن ئادەملەرنى مۈرىدەپ توپنى يېرىپ مەيدانغا چۈشتى ۋە ھېلىقى «مۇتتەھەم» نىڭ گەجگىسىدىن مۈجۈپ تۇتۇپ يەردىن سىلكىپ ئالدى ـ دە:

— مۇتتەھەم، كىمگە مۇشت ئېتىۋاتىسەن. كىمگە؟ — دەپ ۋارقىرىدى. «مۇتتەھەم» نىڭ ھەمراھلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن مەيدانغا يالىڭاچلىنىپ يۈگۈرۈشۈۋىدى، ناتونۇش ئادەملەر ھاشىر بىلەن ئەلانى «ھارام تاياق» دىن ساقلاپ قېلىشتى:

— ھاشىر شۇجى!

— ئەلا، ھېلىقى ئالىم! — دەپ ۋارقىرىشاتتى ناتونۇش ياشلار، دېھقانلار. تولار، «لەگزىبىشى» سۆزىدە تازىلاندى. ئەلاغا يىگىدىن چاپان سېتىۋېلىشقا توغرا كەلدى.

— بۇ قانداق پېشكەللىك! — دېدى زۆلىيا تىترىكىپ.

— ئۆزىمىز ئىزدەپ تاپقان پېشكەللىك! — دېدى ھاشىر تەنە قىلىپ.

— سەن بىلەن بىز تۈزەشكە تېگىشلىك پېشكەللىك! — دېدى ئەلا كۈلۈپ قويۇپ. — سەن ھاشىر بايىقى، بىچارە يىگىتنى يامان بوغۇۋەتتىڭ!

— ئۇ سىنى بوغسا مەيلىمىدى ئەمىسە؟

— ئۇ نادانلىقتىن، غەزەپتىن بوغدى. بىلەمسەن، ئۇنى بىر تۇخۇم ئۈچۈن ئۇردى. مەن ئارىلاشمىغان بولسام بىر تۇخۇم ئۈچۈن ھېلىقى رەقىبى بۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتى. بىزنىڭ خەلقىمىز «كەچۇرۇك»، «كىرەك يوق» دېيىشنىڭ ئورنىغا مۇشت. پىچاق تەڭلەيدۇ. خەلقنىڭ بۇنى كىم ئۆگەتتى؟ بۇ ۋەھشىلىكنى بولماي نىمە؟

ئەلا جاۋاب ئالغىچە ۋاڭگىلداپ ئوقلار ئېتىلدى. ئادەملەر بىر ـ بىرىنى دەسسەپ قورغۇيدىن مۆكۈنگەن قۇچقاچتەك پىتىراشتى. ئەلا ئىككى پارتىيە خادىمىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ھېچنەرگە قاچماستىن، بولۇۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى، خاتىرىلىگۈچىسى سۈپىتىدە تۈۋەندىكىلەرنى كۆردى:

دېھقانلار ئۆز گوللىقى بىلەن ئۆز ماللىرىنى تۇتۇپ قېلىشتى، ساختىپەز ئوقچىلار قېچىپ كەتتى. ھەربىي پوسۇندا كىيىنگەن قوراللىق ئوقچىلار دېھقانلارنىڭ ئۈمىد ۋە باختىنى نىيەت بىلەن ئېلىپ كىرگەن مال، ئاشلىق، باغ، كۆكتات، مېۋە، پۇللىرىنى بۇلىۋېلىپ قارشىلىق قىلغۇچىلارنى ئۇرۇپ ـ دۈملەپ، دەسسەپ ـ چەيلەپ، ئىككى ماشىنىنى تولدۇرۇپ كېتىپ قېلىشتى. بايىقى قىم ـ قىم بازاردا ئۆرۈلگەن كاۋاپدانلار، ھور چىقىۋاتقان قازانلار، يىغلاۋاتقان موماي، بالىلار، بىر ـ بىرىنى يۆلەپ تەسەللىي بېرىشىۋاتقان سەۋرچان دېھقانلار ... گويا ئادەملەر ئۆرۈشتىن كېيىنكى شەھەر خارابىسىدا ئۆز يېقىنلىرىنىڭ جەسىتىنى ئىزلەپ يۈرگەندەك مەنزىرە شەكىللەندى.

— بۇ نىمە دېگەن زومىگەرلىك؟ — دەپ ۋارقىرىدى بۇ قېتىم زۆلىيا تىترىكىپ ـ بوغۇلۇپ، سىرىق يۈزۈنى تىك ـ تىك بولغان ھالدا، — قېنى بۇ ئىنساپ، قېنى بۇ ھۆكۈمەت! دېھقانغا ۋابال ئەمەسمۇ، يېزىغا چىقسا قۇرۇق نومۇر بىلەن زاغرا، شەھەرگە كىرسە تەييارغا ھەييار تۇرغان بۆلاڭچىلار، دېھقاننى قوغدايدىغان ھۆكۈمەت قېنى زادى؟

— ھۆكۈمەت مانا؟ — دېدى ئەلا ھاشىرنى كۆرسىتىپ، — پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇللىرى بولغان ئادەملەر بۇ خىل زوراۋانلىقنى توغرا دەۋاتىسا!

— سەن ئەلا، ئارماق ئېقىمنى ئاساسىي ئېقىمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ھەجەپ ئۇستىغۇ ـ ھە؟ بۇ دېگەن ئۆتكۈنچى ھادىسە.

— نەچچە يۈز مىليون دېھقاننىڭ زاغرا غاجىشى، نەچچە مىليون كادىر، زىيالىيلارنىڭ ئىگىسىز ئىتتەك خورلىنىشى ۋاقىتلىق ھادىسىما؟

— ئەلا، سەن يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلما دەيمەن، مەن ئۆتۈنۈپ قالاي ئاداش!

شۇ چاغدا ئۇلارغا قاراپ قەدىمى گىر كوچىسىدىن دەلدەڭشىپ نامەت چىقىپ كەلدى. ئۇ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، گەجگىسىگە كىيىۋالغان شەپكىسى ئاستىدىن پاخپىيىپ چىقىپ تۇرغان چېچىنى پۇلاڭشىتىپ باش ئېگىپ كەلمەكتە ئىدى.

— مانا دەۋرىمىزنىڭ قەھرىمانى! — دەپ كۆلدى ئەلا قولى بىلەن نامەتنى كۆرسىتىپ، — نامەت، سالامەتمۇ سەن؟

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى نامەت ئېگىلىپ سالام قىلىپ، — سىلەرنى ئىزدىگىلى نېكەم. بۈگۈن ئەتىگەن خەۋەرىڭلار كېلىۋىدى، ھەجەپ ياخشى بولدى.

خۇشاللىقتىن سوئاللار بىلەن تۈزنى تورۇۋالغان دېھقانلاردىن قۇتۇلالمايۋاتقان ھاشىر نامەتكە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ئاداش نامەت، خوتەندىن كەلمىسەك بوپتىمەن، تۆ يەرنىڭ ئادەملىرى ياۋاش ئىدى ـ دە!

تۆلار مۇشۇنداق ئاددىي گەپلەر بىلەن نامەتنى كۆتۈۋالدى. نامەت بولسا قوللىرىنى شىلتىپ، مەيدىسىنى مۇشتلاپ كىملەرنىدۇر تىللىغىلى تۇردى:

— ۋۇي ئاناڭنى، نەگىلا بارساق بىزگە كۈن يوق، خوتەندە مۇسادىرە قىلىندىم، ئاھىيىدە بۇلاندىم. بۇ يەرگە كىرىۋىدىم، بۇ يەردىمۇ تالاندىم. يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىڭ يۈەندەك زىيان بولدى، ھەممىنى قىلغان ئاشۇلار، مېنىڭ سىلەر بىلەن يېقىنلىقىمنى بىلىپ مەقسەتلىك زەربە بېرىۋاتىدۇ!

— نېمانچە ئاسمانغا ئوق ئاتىدىغانسەن ئاداش. كىمنى تىللاۋاتىسەن؟

— كىمنى بولاتتى، سەن كىمنى تىللىساڭ مەنمۇ شۇنى. بىز ئەھمەدجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى. ئالغان تەربىيىمىزمۇ، مەقسىتىمىزمۇ بىر، بىزنىڭ دوستىمىزمۇ، دۈشمىنىمىزمۇ ئورتاق!

— ئەمما ئېيت ـ مەقسىتىمىزدە ئورتاقلىق يوق ـ نە! — دېدى ھاشىر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، شۇ چاغدا بىر نەچچە دېھقان كېلىپ تۆلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. بىر دېھقان:

— ئەزىزىم خۇدا، تۈزەم تىرىغان سەۋزە ئىدى. باللىرىم يالىڭاياق، ئەشۇ سەۋزىنى پۇل قىلىپ باللارغا ئاياغ ئېلىپ بېرەي دېۋىدىم، ئەمدى قانداق قىلىمەن. كىمدىن قەرز سورايمەن! — دەپ زارلىدى.

— مانا مۇنۇ نامەتتىن سوراڭ، نامەت. بىز بىلەن بىر مەقسەتتە بولساڭ مۇنۇ دېھقانغا ئوتتۇمىسىز قەرز بەرگىن!

— بولىدۇ ئاداش!

يەنە بىر دېھقان ھاشىرغا يىلىندى:

— خۇدا ھەققى، بىرلا كالىمىز قالغان، دۈيگە ئىككى مىڭ سومدەك قەرزىمىز بار. مۇشۇ كالىنى سېتىپ باللارنىڭ ئانىسىنى داۋالىتاي دېۋىدىم، سودام پىشقان. پۇلنى ئالساملا بولاتتى. ھاشىر شۇجى، بىر گەپ قىلىڭىزا، سىزلا بۇرۇن بولىسىڭىز تۆلار كالامنى بېرىۋېتەتتى!

تەرەپ. تەرەپتىن ئادەملەر كېلىپ ھاشىرغا يېپىشىشقا باشلىدى. تۆلارنىڭ كۆپچىلىكى ھازىر ھېچقانداق گېپى ئاڭلىمىغان شۇجى. ھاكىملارنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ھامان بىرسىگە يالۋۇرۇش زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھاشىرغا يالۋۇرماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇناله ـ پەريادلىرىدا تۈزلىرىنىڭ ئازابلىرىنى ئىزھار قىلىش بىلەن تۈزلىرىگە تەسەللىي بېرىشتىن باشقا مەقسەتلىرى يوق ئىدى.

— سەۋر قىلايلى كۆپچىلىك. ۋەزىيەت ياخشىلىنىدۇ، ياخشىلىقىڭىزمۇ، يامانلىقىڭىزمۇ ھېسابى بولىدۇ. يارتىبگە، خەلققە ئىشىنەيلى! — دېدى ھاشىر قورۇغان لەۋلىرىنى يالاپ، قوللىرىنى ھاۋادا بوش پۇلاڭلىتىپ. تونى زولىيا ئالدىراتتى.

— ھاشىر شۇجى، سائەتكە قاراڭ. ھېچ بولمىسا كۈنگە قاراڭ، پېشىندىن ئېگىلدى. قورساق ئېچىپ باش قايغىلى تۇردى!

— مۇنۇ دېھقانلارنىڭچۇ؟ — دېدى ئەلا باياتىن چوڭقۇر خىيال بىلەن تۇرغان يېرىدىن بېرى مېڭىپ. — بۇلارنىڭمۇ قورسىقى ئاچ. بۇلار قانداق قىلار؟

— ھەي تۆكام. سىز بىلەن بىز پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ غەم ـ قايغۇسىنى كۆتۈرۈپ ئالالمايمىزدە. ھەممىلا ئادەمنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان تۇسرەت ئىگىسى تېخى تۇغۇلمىغان بولسا كېرەك!

ھەر قانداق تۈگۈنىنىڭ يېشىمى بولغىنىدەك غەۋغانىڭ ئاخىرى. داۋانىڭ يەكۈنى بولىدىكەن. بايىلا جىمجىت بولۇپ قالغان بازار بىردەمدىلا يەنە جانلاندى. ھېلىقى ئاجايىپ خور يەنە باشلاندى. نامەتنىڭ تىل ـ ئاھانىتىمۇ. دېھقانلارنىڭ ھال ـ مۇڭىمۇ، ئەلانىڭ مۇلاھىزە نۇتتۇقلىرىمۇ. ھاشىرنىڭ ئۈمىدۋار تۇتۇق ـ تەسەللىسىمۇ شۇخورنىڭ ئىچىگە قېتىلدى. ھاشىر بىردىنلا بىر ئىشنى يادىغا ئالدى ـ دە. ئەلا بىلەن زولىيانى ئالدىرىتىشقا باشلىدى.

— بولۇڭلار. بۈگۈن قانداق قىلىپ بولسىمۇ رازىيە بىلەن كۆرۈشۈش كېرەك! — دېدى تو ھەممىدىن قول ئۈزۈپ.

ئۇلار «گاز» ماشىنىسىنى ئىلى نوبلاستلىق ساقچى ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى جايلاشقان تېرەكلىك كوچىدا توختاتتى. شوپۇر بىلەن زولىيا كابىنكىدا، نامەت بىلەن يەنە بىر دېھقان يىگىت كوزۇپ ئۈستىدە قېلىشتى. ھاشىر بىلەن ئەلا سوۋغا ـ سالاملىرىنى ئېلىشىپ ساقچى دەرۋازىسىغا كەلدى. كۆز چېقىشقا قارىغان دەرۋازا. تو يەرنى ھازىر ھەربىيلەر ساقلىماقتا. قىلىنىگە قارىغان يېڭى دەرۋازا تۈرمە ئىشىكى. تو يەردە رازىيە بار. ھاشىر ئالدىدا. ئەلا كەينىدە قاتارلىشىپ توپتوغرا تۈرمە دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى. دەرۋازىغا قارىغۇچى ھەربىي تۆلارنى توردى.

— نېمە ئىش؟

— جىنايەتچى بىلەن كۆرۈشمەكچى.

— ئىسمى نېمە؟

— رازىيە ئۆمەر، ئوقۇتقۇچى ئايال.

— سىلەر نېمىسى؟

— مۇنۇ كىشى ساۋاقدىشى، مەن بولسام ئۇنىڭ يېقىن ئادىمى ھاشىر!

— يېقىن ئادىمى؟ زادى نېمىسى؟

— ئېرى، يولدىشى!

دەرۋازا باقىقۇچى كۈلۈپ قويۇپ كىرىپ كەتتى ـ دە، چاسىنى كىيىم كىيگەن بىرسىنى باشلاپ چىقتى. چاسىنىڭ تولىمۇ قاپىقى يامان، مۇئامىلىسى قوپال ئىدى.

— كىم ئۇ رازىيەنىڭ يولدىشىمەن دېگەن؟

— مەن!

— نېمىگە يالغان سۆزلەيسەن، رازىيە تۇل خوتۇنغۇ؟

— تۇل بولسا ئەرلىك بولمامدىكەن. بۇنىڭ نېمىسى يالغانىكەن؟

— ھازىر سەن ئۇنىڭ ئېرى ئەمەس!

— ھازىر بولمىسام كەلگۈسىدە بولىمەن!

— ماڭ يوقال، بۇ يەر سېنىڭ مۇھەببەتلىشىدىغان باغچاڭ ئەمەس!

— قوپاللىق قىلما، ھوي گۆندىپاي، بۇ يەر سېنىڭمۇ كاللا ئالىدىغان موينۇگزاڭ ئەمەس!

— سەن نېمە ئادەمسەن؟

— مەنمۇ؟ — دېدى ھاشىر چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ. — بۇرۇنقىسىنى بىلمەكچى بولساڭ ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارى، ھازىرقىسىنى بىلمەكچى بولساڭ ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق شتابىنىڭ مەسئۇلىمەن. مانا ئالاقەم!

ھاشىر ئۆش يانچۇقىنى ئۆرۈپ بىر ئۇتام قەغەز، كىنىشكىلارنى چىقىرىپ بايىقى گۆندىپاينىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

گۆندىپاي ھاشىرنىڭ ئالاقىلىرىنى چالا ـ پۇلا ئوقۇپ قويدى ـ دە:

— بۈگۈن كۆرۈشىدىغان كۈن ئەمەس، سىياسىي جىنايەتچىلەر ھەپتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى يېقىنلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ! — دېدى.

— رازىيە سىياسىي جىنايەتچى ئەمەس! — دېدى ھاشىر خاپا بولۇپ.

— قانداق جىنايەتچى ئەمىسە؟

— ھېچقانداق جىنايەتچى ئەمەس!

— بۇ يەرگە جىنايەتچىدىن باشقىسى سولانمايدۇ. چۈنكى بۇ تۈرمە. بىلدىڭمۇ ھوقۇقدار؟

— جىنايەتچىلەر سولانماي، جىنايەتچىنىڭ دۈشمىنى سولانغان بولسىچۇ؟ بىلىپ قوي، سەن تۈرمىدىن بىگۇناھلارنى جازالاپ، گۇناھكارلارغا باش قويۇپ يۈرۈۋاتىسەن؟ — دېدى ئەلا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ.

— سەن كىم، ئەكسىلئىنقىلابىي خورېكىنىڭ نېمانچە ئۆسۈپ كەتكەن نېمىسەن، ئەسلى سېنى سولايدىغان گەپكەن!

— ئالدىرىما، تومۇ بولۇپ قالار، — دېدى ئەلا زەھەرلىك كۈلۈپ، — كىم بىلىدۇ كەلگۈسىدە ئىككىمىز بىر تۈرمىدە ياتىمىزمۇ تېخى؟

— نېمە دېمەكچىسەن مۇتتەھەم؟ — گۆندىپاي ئامەك ئاتىرىپ ئەلاغا قاراپ بىر قەدەم ئىلگىرىلىدى.

— نېمە دېمەكچىدىم؟ چۈشىنىشلىكقۇ، مەن ئادەم سۆيىدە سولانسام سەن بىر ئىت سۆيىدە سولىنىسەن، نېمانچە قوپاللىق قىلىسەن؟ — ئەلامۇ ئالدىغا بىر قەدەم ئىلگىرىلىدى.

ھاشىر ئەلانى ئىتتىرىۋېتىپ ئالدىغا ئۆتتى ـ دە، گۆندىپايغا قاراپ كۈلدى:

— خاپا بولما بۇرادەر، دوستۇم سەپىراراق. ئىلى زەھەرلىك بولغىنى بىلەن كۆڭلى ياخشى يىگىت. ئانداق بولسا بىز سەن دېگەن كۈندە كېلەيلى. جۇر ئەلا كەتتۇق، — ھاشىر شۇنداق دېدى ـ دە، ئەلانى سۆرەپ ماشىنىغا قاراپ ئېلىپ ماڭدى. — سەن ئاۋاق، مەن بولمىسام بىر كۈندە نەچچە قېتىم سولاققا كىرىدىغان ئوخشايسەن. بىلەمسەن، بۇ قىزىق قانلىقىڭ نېمىنى خاراپ قىلىۋاتىدۇ؟ سەن دۇنيادا ئۆزەڭ ئۈچۈنلا ياشامسىنا؟ خەلقنىڭ، دوستلارنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى شۇنچىلىك قەدىر ـ قىممىتى يوق نېمىما؟ نېمىشقا ئۆزەڭنى تۇتالمايسەن؟

— كۆيۈنگىنىڭگە رەھمەت ھاشىر، راست ئېيتىسەن، ئۆزەمنى تۇتالمىدىم. لېكىن، ئۆزەمنىڭ مەيلىمۇ، مېنى ھەممىلا ئىشتا چېچىلىدىغان، ھەممىلا نېمىدىن ئەپرەتلىنىدىغان قىلىپ قويغان زادى نېمە؟

— بۇنى بىلىپ نېمە قىلىسەن، ئەلا، ماڭا ئىشەن، ياخشىلىق ئالدىمىزدا. بىز ئاجايىپ بىر بىنا سېلىش ئۈچۈن بۇرۇنقى جايلىرىمىزنى بۇزۇۋاتىمىز. تاپ ـ تازا، كۆكۈللۈك ھايات ئالدىمىزدا ئاداش!

كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شاملى خىلىدىن بېرى «لەگزىبىشى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ چىمەنلىكتە ئولتۇرۇپ ھەر خىل بېمەكلىكلەرنى قولياغلىق، گېزىتلەرگە يېيىپ قويۇپ

ۋېلسىپىت قوڭغۇرىقىنى رومكا قىلىپ هاراق ئىچىۋاتقان بۇ بىر توپ ئادەمنى ئاخىر بۇ يەردىن هەيدىدى. بۇ بىر توپ ئادەم ئىچىدە بازارغا ئەكىرگەن قوي ياكى ئۆزىنىڭ پۇلىنى ئۆلپەتلىرىگە خەجلەپ بىرىپ قاقاھلاپ كۈلۈشۈۋاتقان دېھقانلارمۇ، بىر تىيىن پۇل خەجلىمەي بىر نەچچە سائەت ياغلىما گەپلەر بىلەن يىزىلىقلارنى ئالداپ مېھمان بولۇۋاتقان غۇلجا ساختىپەزلىرىمۇ، بۇ بىر توپ ئادەمدىن ئاللىقاچان بىزار بولغان. لېكىن كېتىشىنىڭ يولىنى تاپالمايلا نەچچە سائەت ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن هاشىردەك ئىشۋاز، ئەلادەك كىتابخۇمارلارمۇ. بۇنداق ئىلتىپات، چاقچاق، مەئىشەت ئۆكمە بولغان سورۇننى كۆرسە مەيدىسىنى يېقىپ يېتىۋالىدىغان نامەتەك ئويۇنچىلارمۇ، زۇلپىادەك ئەستايىدىل كۆڭۈل ئېچىشنى بىلىدىغان دىلكەشلەرمۇ، قىسقىسى، هەر خىل مىجەزلىك، هەر خىل كەسپلىك ئادەملەر بار. نامەت پات-پاتلا كېكىرىپ قويۇپ:

— ۋۇخا داگېمىڭ ۋەنسۇي(1)! — دەپ قويىدۇ. زۇلپىا ئۇنىڭغا جاۋابەن كۈلۈپ، قوللىرىدىن قارس چىقىرىپ:

— غەنىمەت، ئاغىنىلەر غەنىمەت! — دەپ ۋارقىراپ قويىدۇ. هاشىر هېلىدىن-هېلىغا سائەتكە قاراپ ئىمىگەندۇر رەللە-بولسا، ئۇلار بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئىمىدىنىدۇر ئويلاپ جىم ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ كەيپىنى كۆتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى هېسابلىۋالغان زۇلپىا هېلىدىن-هېلىغا هاراق رومكىسىنى قوشتەك قولىغا قوندۇرۇۋېلىپ كۆزلىرىنى سەل يۇمۇپ ناخشا ئېيتاتتى ۋە هاشىر بىلەن ئەلاغا «خۇشكەتتى» قىلاتتى. ئەلا مىغىدا كۈلۈپ قويۇپلا هاراقنى ئىچىۋېتەتتى ۋە ناخشا ئورنىغا:

ئىككى شاپتۇل بىر ئۈرۈك،
سىلى موللا بىز ئۈرۈك.

دېگەندەك كۈلكىلىك بېيتلارنى ئېيتىپ رومكىنى قايتۇراتتى. هاشىر بولسا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ زۇلپىاغا قاراپ قويۇپ:

— ئۇن بىرىنچى ئايدىمۇ كۆزگە ئىرتۇۋاتقان دۆلەر بار دېگىنە؟! — دەپ قوياتتى.

ئاخىر گۈگۈم چۈشتى، سوغ كۈچەيدى. ئەم چىملىكمۇ ئۇلاردىن زېرىكتى.

— قايتايلى، بولدى قىلايلى! — دەپ ئورنىدىن تۇردى هاشىر بىرىنچى بولۇپ.

— قوزغىلايلى، — دېدى باياتىن سوغ بولۇشىغا قارىماي بازار بىلەن چىمەنلىك ئارىسىدىكى قارا سۇدىن كېچىپ ئۆتۈپ تۈشۈكچىلىق قىلىپ يۈرگەن. خۇما كۆز. سىلىق يۈز يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى قوشتۇرۇپ، — ئەمما ئارقالمايلى. داستىخان سېلىقلىق، قازان ئاپىقلىق، ئولتۇرۇشنى قىز كۈچەرگەندەك بىزنىڭكىگە كۆچۈرەيمىز. مەن ئاڭ ئانچە خىزمەت قىلاي دەپ باياتىن سىلەردىن ئاجرىمىدىم.

— بولدى، بولدى، — دېدى هاشىر قوللىرىنى شىلتىپ. — ئۆيۈڭگە كېيىن بارىمىز. ئىشىمىز بار بىزنىڭ!

— هېچ بولمىسا كېيىن بېرىش ئۈچۈن ئىشىكىمنى كۆرۈپ قويسىلەردە!

— شۇنداق بولسۇن، — دېدى زۇلپىا خۇشال بولۇپ. — ئەلا بىلەن بىزنىڭ هاشىر ئىچمىدى. قولاقنى تۇتۇپ ناخشىمۇ ئېيتارمىز تېخى!

— شۇنداق قىلايلى. بىچارىلەرنىڭ كۆڭلى. هاشىر شۇجى، ئىش دېگەن تۈگىمەيدۇ. كۆڭۈل تۈگىمەيدۇ جۇمۇڭ!

مەسىلەر هاشىرنى قولتۇقلاشتى. ئەمدى خەنزۇ بازىرىدا مەسىلەر سۈيۈق ئاش. كاۋاپ ساتىدىغانلاردىن باشقا ئادەم قالمىغان. نەرلەردىندۇر يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانايلىرى غەزەپ بىلەن سۆزلىمەكتە. شوئار تۇۋلىماقتا. يەنە نەرلەردىندۇر مىلتىق، ئاپتومات ئېتىلماقتا. ماشىنىلاردىن بىرلىرى ئۆتۈپ. بىرلىرى بەشتىن سىگنال بېرىپ شىنجاڭدىكى ئىككى چوڭ تەرەپنىڭ كۈرەش نىشانىسىنى ئىپادىلەپ يۈگۈرۈشمەكتە ... لېكىن مۇنۇ ئون نەچچە ئادەم خۇددى زايومكىغا ياكى جىرغىلاڭغا بېرىپ دەريا بويىدا ئوينىناپ قايتقان غۇلجا باشلىرىدەك خوشخوي. ئۇلار كۈلۈشمەكتە. ۋارقىرىشىپ چاقچاقلاشماقتا. ئۇلار خۇددى جەمئىيەتتىكى ئاۋۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئىللىشىش. ئېتىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك. ئۇلار گويا دۇنيادىن كۈلكە ۋە چاقچاق بىلەن ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈنلا يارالغاندەك. هاياتنىڭ مەقسىتىمۇ گويا كۆڭۈل ئېچىش دەپ قارايدىغاندەك كۆرۈنمەكتە. لېكىن ئۇلار كۈلكە ۋە چاقچاق بىلەن ئېمىلەرنى يوشۇرۇۋاتىدۇ. ئېمىلەرنى ئىپادە قىلىۋاتىدۇ ۋە ئېمىلەرنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ. بەلكىم بۇنى هېچكىم بىلمەيدۇ-دە!

مانا ئۇلار چوڭ خەتلىك گېزىتلەر دەسسىلىپ، ئۇچۇپ يۈرگەن كوچىلاردىن ئۆتۈپ مەھەللىگە ئەگىدىغان چوڭ كۆۋرۈككە كەلدى. هېلىقى ساھىپخان باياتىن يولدا كەلگىچە كىم قوي سويالايدۇ؟ ئۆي ياخشىمۇ، ئۈززۈم بارىڭى ئاستىمۇ؟ پولو يەمسىز، نارىنمۇ؟ دېگەندەك سوئاللار بىلەن كىشىلەرنى پاراڭغا سېلىپ كەلگەندى. مانا ئەمدى كۆۋرۈككە كەلگەندە ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۆززە ئېيتتى:

---

(1) ياشىسۇن مەدەنىيەت ئىنقىلابى دېمەكچى.

— ئىلتىپات ئوتتۇز ئوغۇل، — دېدى تو تولىمۇ سەممىيلىك بىلەن ئېگىلىپ، — بەش مىڭۇت. ياق بىر مىڭۇت ئاماكا چېكىشىپ تۇرىدىغان بولدۇڭلار. مۇشۇ ھويلىدا راسا ياخشى بىر سازچى ئاغىنىمىز بار، مەن شۇنى دېككىدە ئېلىۋالاي!

— چاتاق يوق!

چاقچاق، لەتىپە، كۈلكە بىلەن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى ھېچكىم سەزمىدى، پەقەت ھاشىرلا نەچچە قېتىم سائىتىگە قارىدى:

— ئاغىنىلەر ھېلىقى ساپسايچى قاچتى. — دېدى تو سائىتىنى چېكىپ، — بەش مىنۇتنى بىر مىڭۇتقا قىسقارتىپ كىرىپ كەتكەن ئوغۇل بالا مانا ئوتتۇز بەش مىڭۇت ئۆتتى. تېخىچە يوق!

— يۈزى پولو ئەمەستۇ!

— بۇنداقلاردا يۈز نېمە قىلسۇن!

— باباتىن مەيدىسىگە تورغىنى نېمىسى. كىم تۇنى زورلىدى؟

— جەزمەن تو ئىشنى چوڭايتماقچى. قاراپ تۇرۇڭلار. بىر توپ سازەندىلەرنى باشلاپ چىقىدۇ. — دېدى زۇليا باشقىلارغا قارشى چىقىپ.

— ياق، تو قاچتى. ھازىر جەزمەن يەنە بىر سورۇندا بالاق يالاۋاتىدۇ! — دېدى نامەت ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ. — مەن بۇنداق ساختىلاردىن كۆڭلىگە يۈزنى تۈچرىتىمەن. جورۇڭلار. قالغان ئويۇنغا مەن ئىگە!

— ياق، ئۇ چىقىدۇ، — دېدى زۇليا. — تەخىر قىلايلىلا!

— ئارقا ئىشىك بىلەن قاچتى. بولمىسا جورۇڭ كۆرۈپ چىقايلى. — دېدى نامەت زۇليانىڭ يېڭىدىن تارتىپ. — بۇ قورانىڭ جەزمەن ئارقا ئىشىكى يەنە بىر كوچىغا چىقىدۇ!

— نېمە دەيدۇ! — دېدى زۇليا دەرگۇماندا نامەتكە ئەگىشىپ. ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن زۇليا سولتايغان. نامەت ھاياجانلانغان ھالدا ھويلىدىن چىقىپ كەلدى.

— شەيتان. — دېدى زۇليا قولىنى سىلكىپ. — بويتۇ. باغاچ قازان بىر قاينايدۇ.

— مۇجىزە! — دېدى نامەت ھاياجان بىلەن ھىجاراپ. — ئەلا دەپ باققىنا. بىز كىمنى كۆردۇق؟

— كىمنى؟ تېزدە داۋلەك! — دېدى ھاشىر بىردىنلا جانلىنىپ. — گۈزەللىكىنى دەمسىنا؟ جور ئەلا. يولىمىز قىسقاردى. بايىقى قاچقۇنغا رەخمەت!

ئۇ ئەلانىڭ رازىلىقىنى ئالمايلا بىلىكىدىن تۇتۇپ سۆرەپ ماڭدى.

— بىزچۇ؟ ھاشىر شۇيجى. سىزمۇ قاچماقچىمۇ. — دېدى



زۇليا. — قوغلاشماق ئويناپدىغان كۈنمۇ نېمە بۈگۈن!

— بىزنى ئوسمانىنىڭ دادىسىنىڭكىدە كۈتۈڭلار. باشلا نامەت!

ھاشىر بىلەن ئەلا ھويلىغا يېگۈرۈشۈپ دېگەندەك كىرىشتى. ھويلا چوڭ. بېگىرمە. ئوتتۇز ئۆيلۈك ئادەم جايلاشقان. ئۆيلىرى ياسداق ھويلا ئىكەن. ھويلىنىڭ راست دېگەندەك ئۆلار كىرگەن قوش ئىشىكىدىن باشقا يەنە بىر چوڭ كوچىغا قارايدىغان. سىرتى قاڭالتىرلانغان چوڭ دەرۋازىسى بار ئىكەن.

— بۇ كىمنىڭ ئۆيى؟ — دەپ سورىدى ھاشىر چىشىنى چوتكىلاۋاتقان بىر خەنزۇدىن.

— دۆلەتنىڭ! — دېدى تو تەستە سۆزلەپ.

— ئەسلى ئىگىسى كىم؟

— بىلمەيمەن!

— بۇ ئۆي مېنىڭ! — دېدى تويۇقسىزدىن بىر تۇماق ئوغۇل.

— ئەلى! — دېدى ئەلا كۆزلىرى دۈگلەك. قاپقارا. ئاقيوز. قاڭشالىق. لەۋلىرى ئالۇچىدەك سۈزۈك ئوغۇلنى يەردىن دەس كۆتۈرۈپ. — ئالتۇن ساقام. جېنىم بالام. سېنىمۇ كۆرىدىكەنمەن!

ئوغۇل ئاۋۋال ھېترقاپ يۈزلىرىنى قاچۇردى. ئاندىن كېيىن ئالقانلىرى بىلەن ئەلانىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ ۋە كۆزلىرىگە مايلاشقان شەپكىسىگە قارىدى:

— ھارۋاڭ قېنى؟

— ھارۋام بار بالام.

— سەن خاڭدىن كۆمۈر توشامسەن؟

— ھەئە بالام. دادا دېگىن!

— مېنىڭ دادام يەكيەخان. دەريانىڭ تو قېتىدا.

— ئەلى ئوغلۇم. داداڭنى ئۆيۈڭگە باشلا! — دېدى ھاشىر قوپال قوللىرى بىلەن بالىنى ئەلانىڭ قولىدىن يۇلۇۋېلىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ. — بىلمەمسەن. بۇ كىم؟ بىلىدىكەنسەن. ئاپاڭ ساڭا داداڭ توغرىسىدا دائىم سۆزلەپ بېرىدىكەن. بىلىپ قوي. داداڭ ھازىر ھارۋىكەش. يات يېقىندا ئالىم بولىدۇ. تو چاغدا سېنى ئايروپىلان بىلەن ئوينىتىدۇ! ماڭ داداڭنى ئۆيۈڭگە باشلا!

بالا ھاشىرنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى ـ دە. ئەلانىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئەلا ئوغلىنى قۇچاقلاپ يەردىن كۆتەردى. بالا ئەلانىڭ بويندىن چىڭ قۇچاقلاپ يۈزىنى ئەلانىڭ يۈزىگە يېقىپ پىچىرلىدى:

— جېنىم دادا. كەتمىگىن. مېنى باللار تۇرىدىكەن!

ئەلانىڭ مۈرىلىرى سىلكىنمەكتە. ئۇ يۈزىنى بالىسىغا مەھكەم چاپلىۋالغان. ھاشىر دوستىنىڭ كۆزلىرىنى كۆرەلمىدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتمەكتە ئىدى. شۇ چاغدا بىر ئايالنىڭ تولىمۇ زىل- يىقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەلى. ئەلى نەدىسەن بالام!

ھاشىر يانچۇقىدىن بىر كالاللەك پۇل ئالدى- دە. ئۇنى ئەلانىڭ يىرتىق يانچۇقىغا سالدى. ئۇ دوستىنىڭ مۈرىسىگە ئاستا پەپىلەپ:

— مەن كەتتىم. ئوسمانىڭكىدە كۈتىمەن. بەختلىك بول ئاۋاق. بۇ قىتىم كەتمە. ساقچى چاقىرسىمۇ كەتمە! — دىدى ۋە يوغان- جامداپ كەلگەن تەرىپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ قوش قاناتلىق ئىشىككە بىرىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. ئىرىدا قىزىل پوپايكا كىيگەن. ئۇزۇنچاق ئارتقان زىلۋا ئايال ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ. ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ سەھنىدە ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك ھاياجان بىلەن قېتىپ تۇراتتى. بىرىسىدا ئەلا ئوڭ پۇتى بىلەن داجىپ. كۆرۈمسىز كىملىرى ۋە ئورۇق ئەمما كۆركەم گەۋدىسى بىلەن قورۇنۇپ سەل ئىگىلىپ تۇراتتى. قارا يۇڭ پوپايكا. قارا يۇبۇلكا كىيگەن تولىمۇ چىرايلىق ئوغۇل ئەلانىڭ قولىنى ئىككى قولى بىلەن تىرەجەپ



تارتىپ ئانىسى تەرەپكە ئىلىپ بىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى. ھاشىر بۇ خىل كۆرۈنۈشنى قەدىمكى گىرىك. فرانسىيە. ئىتالىيە. ياكى رۇمىنىيە. سوۋېت رەسساملىرىدىن ھېچقايسىنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرمىگەن. ئۇ ھاياجان بىلەن پىچىرلىدى:

— مانا بۇ ھەقىقىي رەسسىم. ھەتتەكەي بۇ يەردە رىپىن ياكى شۈيبىخوڭ بولارمىدى!

6

دۇنيادا چىرايى پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان ئىككى ئادەم بولمىغىنىغا ئوخشاش كۈندىلىك تۇرمۇش شەكلى ئوخشاپ كېتىدىغان ئىككى ئائىلىمۇ تېپىلمىسا كېرەك. شۇنداق. ھەر ئائىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئائىلە ئادىتى. تۇرمۇش شەكلى بولىدۇ. ئۇ خۇددى ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆز كىيىمى بولغىنىغا ئوخشاش.

گۈزەلئايىمۇ ئۆز قورا- جايىدىن ئىككى ئېغىز ئاختايلىق ئۆي ۋە ئۆي جاھازلىرىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە خاس ئائىلە ئادىتى پەيدا قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ھەر كۈنى دىگۈدەك ئۆيىگە كەلگەن مېھمانلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزگەچكە ئوغلى ئەلىگە ئەتىگەنلىك چاينى قوشنا ئايال بېرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزى چۈشلۈكى قوزۇلۇش ئورنىدا غىزالىنىدۇ- دە. كەچقۇرۇن سائەت ئالتىگىچە ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ھويلىسىدا ئوينىغاچ. قوشنىلارنىڭ ئۆيىدىن غىزالىنىپ يۈرۈيدىغان ئوغلى ئەلى ھەر كۈنى چوڭ دەرۋازا ئالدىدىكى كۆۋرۈكتە ئانىسىنىڭ يولىغا گىرە سېلىپ ئىككى مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇش بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. ئالتە ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ تېخىچە ئەركىلىكى ئۆچمىگەن ئوغلىنى گۈزەلئاي قۇچاقلىۋېلىپ يان ئىشىك يېنىدىكى يوغان تېرەكلەر ئارىسىغا جايلاشقان سالاسۇن يۆلەنچۈكلىك بەندىڭگە كېلىپ ئولتۇرىدۇ- دە. قۇچىقىدىكى ئوغلىنىڭ قويۇق بۇدرە چاچلىرىنى يۇراپ تۇرۇپ:

— دەرسىڭنى ئوقۇدۇڭمۇ ئەلى؟ — دەپ سورايدۇ. ئوغلى:

— بۈگۈن ئىككى بەتكە تولدۇردۇم تازا! — دەپ كۆرەڭلەيدۇ.

— ئەقىللىق ساقام. بۈگۈن نىمە يەيمىز؟

— نان بىلەن چاي.

— ياق. تاماق قىلمىسام بولمايدۇ ئەلى.

— ئەمسە. سۇيۇق ئاش.

گۈزەلئاي ئوغلىنى بەزىدە كۆتۈرۈپ. بەزىدە يېتىلەپ. قولۇم- قوشنىلىرى بىلەن سالاملىشىپ ئۆز ئۆيىگە كىرىدۇ. ئۇ ئۆي ئىچىنىڭ ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. كەچ كىرگىچە قوزۇلۇشتا ئىشلەپ ھارغىنىغا قارىماي تاختاينى ھۆل مەشكاپ پارچىسى بىلەن سۈرتۈپ چىقىدۇ. دېرىزىلەرنى ئېچىپ ئۆينىڭ

ھاۋاسىنى يەڭگۈشلەيدۇ. شۇندىن كېيىن يەڭگىل ئىپغى بىلەن شىپىلداپ يۈرۈپ تاماق راسلاشقا باشلايدۇ. لېكىن ئۇ دائىم دېگۈدەك ئۆزى تاماقسىز قالىدۇ. چۈنكى تامىقى تەييار بولغاندا بەزىدە ئۈچ - تۆت، بەزىدە بەش - ئالتە، كەم بولغاندا بىر ئىككى مېھمان كىرىپ كېلىدۇ - دە، گۈزەلئاي ئۆز ئادىتى بويىچە مېھمانلارنى تاماققا زورلاپ خوش تەبەسسۇم بىلەن يېرىم كېچىگىچە ئاش قورساق يۈرۈۋېرىدۇ. ئۇنىڭ مېھمانلىرى خىلمۇ - خىل، بەزىدە ناخشا - سازخۇمار ئاياللار كېلىشىدۇ. چۈنكى گۈزەلئاي غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشى بولمىغاچقا كۈن بويى ئۆيدە يالغۇز دۇتار چېلىپ، ناخشا بىلەن ئىچ پۇشىقى چىقىرىپ، ھازىر ئاياللار ئولتۇرۇشلىرىنىڭ سازەندىسى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ مۇڭلۇق دۇتارى بىلەن ھېسسىيات ۋە مەنىگە تولغان ناخشىلىرى تۇرغۇن ئاياللارغا ئۇنتۇلغان ياشلىقى، مۇھەببىتى ۋە ھىجرانلىرىنى ئەسلەتكەن. شۇڭا ئاياللار ئۇنىڭ ئۆيىگە خۇشتار. بەزىدە ئۇنىڭكىگە ساۋاقداش - دوستلىرى ئەر - ئايال بولۇپ كېلىشىدۇ - دە، يېرىم كېچىگىچە ساز - ناخشا، چاقچاق، ھەتتا تانسا بىلەن ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى ئەسلىشىدۇ. بەزىدە گۈزەلئاي كۈتمىگەن مېھمانلار — مەس يىگىتلەر ھاراق - زاكۇسلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ كېلىشىدۇ. گۈزەلئاي بۇلار بىلەن قۇرۇلۇشتا ئىشلەپ يۈرۈپ تونۇشۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئىسساپ ۋە ھايادىن چېكىنگەن ئاچرىغان كۆزلىرى بىلەن قوپال - بىشەم چاقچاقلىرى گۈزەلئاينى ھەر قانچە خاپا قىلسىمۇ ئۇ ساھىپخان بولغانلىقى ئۈچۈن كۈلكە ۋە سىلىق گەپ بىلەن خىزمەت ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىشتا قوشنىلىرىنى ياردەمگە چاقىرىدۇ.

گۈزەلئاينىڭ مېھمانلىرى بۇلار بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. بەزىدە سوۋغا - سالام، سىلىق - سىپايە مۇئامىلىسى بىلەن ساۋۇتۇۋمۇ كېلىدۇ. ئۇ «قىزىم» دەپ تۇرۇپ سۆزلىسىمۇ گۈزەلئاينىڭ سەزگۈر نېرۋىلىرى بۇ ھۆرمەتلىك ئۇستازنىڭ ياش گۈزەل ئايالغا يەنە باشقىمۇ بىر يوشۇرۇن سەۋەب بىلەن يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرگىنىنى خەۋەر قىلىپ قويىدۇ ... لېكىن گۈزەلئاينى تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قويىدىغان مېھمان يەنىلا رەقىب. ئۇ تولا كېلىدۇ، تولا سۆزلەيدۇ. تولا ۋەدە بېرىدۇ. تولا يېقىنچىلىق قىلىدۇ. تېخى ئۈچ كۈن بۇرۇنلا ئۇ ئىككى ھەربىي يىگىت بىلەن بىللە پىكاپتا كەلدى. ئۇ شۇنچىلىك جىق سوۋغا - سالام ئەكەلگەنكى، گۈزەلئاي خىجالەتتىن يىغلىغىدەك بولدى. ئاياللار پوپايكىسى، يوپكا، ياغلىق، توپلىي، پايپاق، باللار كىيىمى، ئوت چىقىدىغان ئاپتومات، ماشىنا، پويىز، زىراپە، نىپىق، توشقان، يىمەك - ئىچمەك ... گويا رەقىب ئۈگىنىپ

قويغاندەك ئىككى ھەربىينىڭ ماختاشلىرىچۇ تېخى:

— لاۋ رە ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ بېكىتىلدى. يېقىندا ئېلان قىلىندۇ.

— لاۋ رە مىلىسلار ئىچىدە سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى، مەيدانى ئەڭ مۇستەھكەم، ئىنقىلابىي غەيرىتى ئەڭ ئۈستۈن، ئەڭ ئىستىقباللىق رەھبەر!

— لاۋ رە يولداشلارغا ئەڭ قىزغىن، سەممىي، ئاددىي - ساددا، كۆيۈمچان، سەممىي - سادىق يولداش!

گۈزەلئايغا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاش بايىقى سوۋغا - سالاملارنى قوبۇل قىلىشتىنمۇ تەس. لېكىن ئۇ ساھىپخان. چىرايى ئۆزگەرمەسلىكى لازىم. يەنە ئۇ تەربىيە كۆرگەن، ئەخلاقلىق ئايال. تەنە، سوغۇقلۇق، قوپاللىق دېگەنلەرنى بىلمەسلىكى كېرەك. ئۇ ئېيمىلا بولمىسۇن كۈلۈمسىرەپ، سىلىق گەپ قىلىشى، باشقىلارنىڭ گېپىنى ئورۇنسىز بولسىمۇ بېشىنى ئېگىپ تەستىقلىشى لازىم. بولۇپمۇ رەقىبنىڭ ئىستىقباللىق رەھبەر ئىكەنلىكى ئېيتىلغاندا خۇشال بولۇشى، رەقىبكە ھۆرمەت بىلدۈرۈشى، ئۇنىڭ ئورنى ۋە ئىستىقبالىدىن لەززەت ئېلىشى لازىم.

شۇ كۈنى گۈزەلئاي شۇنداق قىلدى. ئۇنىڭ بەدىلىگە رەقىب قايتار ۋاقتىدا ئۇنىڭ قوللىرىنى ئۇزاق مىجىپ تۇتتى. گۈزەلئاينىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ:

— ماڭا سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىزلا كۇپايە قىلمايدۇ. يەنە، يەنە .... — دېيەلىدى. گۈزەلئاي ئۇنىڭ گېپىنى ئۇستىلىق بىلەن بۇلۇپ، كارىۋاتتا مۈگدەۋاتقان ئوغلىغا قاراپ:

— ئەلى، يىغلىماي چۈشىمە ساقام! — دەپ يۈگۈردى ۋە رەقىبنىڭ قوللىرىدىن قۇتۇلۇپ، سەزگۈرلۈك بىلەن ئوغلىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ كۆتۈرۈۋالدى.

مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋېلىپ ئادىتى بويىچە ئوغلىنى باغرىغا باستى - دە، يۈزىنى ئوغلىنىڭ شوخ ئويناۋاتقان يۈرىكىگە يېقىۋېلىپ:

— مېنىڭ قالقىنىم، ئىشەنگەن تېغىم، جېنىم ئوغلۇم. بىچارە ئاپاڭنى ھىمايە قىل. مېنىڭ سەندىن باشقا يۆلەنچۈكۈم يوق! — دەپ يۇقۇلداپ يىغلىدى. ئەلى ئانىسىنىڭ ھالقىسىنى ئويناپ يېتىپ خىيالچانلىق بىلەن خېلى ياتتى - دە، ئۇنىڭ ئۇزۇن تال - تال كىرپىكلىرى ئاستا - ئاستا جۈپلەشتى.

يۈگۈنچۇ؟ ھاۋا سوغ. تېرەكلەر ۋە ھەممە بىلەن شالدىرلاپ ئاخىرقى يوپۇرماقلىرىنى تۈكمەكتە. كەچ كۈزنىڭ نەم، مۇزدەك ھاۋاسى ئىلى دەرياسى تەرەپتىن قىش يۈزىقىنى ئەكەلگەن چېغى. گۈزەلئاينىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشماقتا.

— ئەلى. ماڭ بالام، مۈزلاپ كەتتۇق!

— دادام ... نېمشقا ماڭمايدۇ؟ ماڭ دادا.

ئەلا بىلەن گۈزەلئاي ئۈن - تىنسىز قارىشىپ تۇرۇشماقتا. تەربىيە كۆرگەن ئايال بۇگۈنمۇ ساھىپخانمۇ، ئۇ نېمشقا مېھماننى ئۆيگە تەكلىپ قىلمايدىكىنە؟ ھەجەبا بۇ مېھمان ھېلقى قوپال مەسلەر بىلەن داپىشاق مېھمانلاردىنمۇ قورقۇنچلۇقمىكىنە؟ بالىسىنىڭ دىگىنىنى قىلىدىغان ئايال بۇگۈن نېمشقا ئوغلىنىڭ خاھىشغا پەسەنت قىلمايدىغاندۇ. ھە؟ ئاۋۇ كېيىملىرى ناچار، ئورۇق يىگىت بۇ ئايالغا نېمە يامانلىق قىلغان؟ ئۇنىڭ داڭلىق ئارتىس بولالماي كۆنلۈكچى بولۇپ قېلىشغا ئاشۇ يىگىت سەۋەبچىمۇ يا؟ ياكى ئۇنىڭ گۈزەللىكى. ئارزۇ - ھەۋىسى - ھەتتا قەدىردان ئاتا - ئانىسى ئەشۇ ناچار كىيىنگەن يىگىتنىڭ ئاۋاق قوللىرىدا بوغۇلۇپ يوقالغانمۇ؟ قىساس. ئۆچمەنلىكىمۇ چېكى بولىدۇ، يىللار ئاغ - تاشلارنى ئۇپرىتىپ ئۆگىتىدىغان بۇ ئۇلۇغ كۈچ بىر ئايالنىڭ قەلبىدىكى كىچىككىنە ئۆگۈچنى يېشەلمىدىمۇ؟ شۇنچە يېشەلمىگەن زادى بۇ ئۆگۈچ نېمە؟ قىساسمۇ، نەپرەتمۇ؛ ئاداۋەتمۇ؟ ياكى ...

ئەلى دادىسىنىڭ قولىنى تارتىپ چارچىدى. نە دادىسى بىر چامدام ئىلگىرىلىمىدى، نە ئانىسى ياردەمگە كەلمىدى. ئۇ ئاخىر تىپىرلاپ يىغلىدى.

ئېھ بالا، ئاتا يۈرىكىدىكى ئوتنى ئىرىتىدىغان ئوتمۇ بالا. ئاتا قەلبىنى ئىلىپ پارە قىلىدىغان تىغمۇ بالا. گۈزەلئاي ئاخىر بالىسىنىڭ نالىسىغا چىدىمىدى. ئۇ كېلىپ بالىسىنى ئېگىشىپ قۇچاقلىدى، ئەلا گۈزەلئاينىڭ ئېگىشكەندە ئۆزىگە يېقىنلاشقان چاچلىرىدىن كېلىۋاتقان تونۇش. يېقىملىق پۇراقتىن بىردىنلا ئەس - ھوشىنى يوقاتتى. دە ئۇمۇ ئىختىيارسىز بالىغا ئېگىشتى، بىر دەقىقە ئۇلارنىڭ تىنىقلىرى ئارىلاشتى. قوللىرى بىر - بىرىگە تەگدى. تەگدىيۇ. ئۇلار ھەر ئىككىلىسى توك سىمى ئۇتۇۋالغاندەك سىلكىندى. لېكىن ھەر ئىككىلىسى قارشى تەرەپنىڭ ھالىغا دىققەت قىلمىدى. چۈنكى توك سىمى ئۇتۇۋالغان ئادەم جان قايغۇسىدا قالىدۇ - دە، يېنىدىكى ھەمراھىنى ئۇنتۇيدۇ ...

— رەھمەت گۈزەلئاي، ئەلنى ياخشى تەربىيەلەپسىز. مېھماندوستلۇقى سىزنى دوراپتۇ.

— جاھىللىقى كىملەرنى دوراپ قالدىكىنتاڭ؟

ئۇلار بىر - بىرىگە تىكىلىپ قاراشمىدى. ھال - ئەھۋال سوراشمىدى، ئۈن - تىنسىز، يەرنى ئاۋايلاپ دەسسەپ گۈزەلئاينىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى.

ئۆيگە ئەلا ئاۋۋال كىردى. ئۇ ئۆيدە ساھىپخان گۈزەلئاي ئەمەس. ئەلى بولدى. ئۇ ئەلانى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. ئىشكاپتىن ئاتلىق - تۇرۇم. نانلارنى ئېلىپ ئۈستەلگە تىزدى. گۈزەلئاي ناپىسەندىكى ئىككى كىشىلىك كارىۋاتقا سېلىنغان كوناگىلەمنىڭ مويىنى تىشىپ ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ خىيالى. پىكرى. ئارزۇسى نېمە؟ بۇنى ئەلۋەتتە ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇ ئاپتا ئۇنى 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1961 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە كېچە - كۈندۈز سۈزلىشىش. كۆلۈشۈش ۋە ئارزۇ - ئارمان ئۈستىدە ئورتاقلىشىشنى تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن ۋە ئاخىر بىر ئۆيدە بولۇپ كىيىن يەنە جۇدالاشقان ئادىمى بىلەن كۆڭلىدە سۆزلەشمىدى دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئۇنىڭ قوللىرى گىلەم مويىنى تىتۋاتقىنى بىلەن يۈرىكچۇ؟ ياشلىق خاتىرىلىرى بىلەن تولغان ھايات كىتابىنىڭ بەتلىرىنى ۋاراقلاۋاتمىغانمىدۇر. ئاۋادا شۇنداق بولسا ئەشۇ قىممەتلىك كىتابنىڭ قايسى بېتىگە ئاۋۇ ئۈستىبېشى ناچار. چىرايى سۇلغۇن يىگىتنىڭ ئىسمى يېزىلمىغان دەيسلەر؟ لېكىن گۈزەلئاي ئۈندىمىدى. ھەتتا: «نېمە قىلىپ يۈرۈيسىز» دەپ سوراپمۇ قويمىدى. يىگىتچۇ؟ ئۇ قارىماققا بالىسى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلدە گۈزەلئاي بىلەن سۆزلەشمەكتە. «... سىز قاچانغىچە ھاكاۋۇرلۇق قىلىسىز؟ سىز مېنىڭ ئالدىڭىزدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ. مېنى كەچۈرۈڭ. ئالدىڭىزدا ئەيىبلىكمەن دېيىشىمنى كۈتۈۋاتامسىز؟ ياق. مەن يالغان سۆزلىيەلمەيمەن. مەن سىزگە ۋاپاسىزلىق قىلمىدىم. مەن سىزدىن قېچىپ گەنجا بايلىقىدىكى قارا بۇتخانىغا مۆكۈنىۋالمىدىم. مانا سىزنى تۇرمۇشتا قىينالغانلىقىمىز ئۈچۈن غۇلجىغا كېتىشكە دەۋەت قىلمىدىم. ئاتا - ئانىڭىز چەت ئەلگە كەتكەن بولسا نېمە بوپتۇ؟ سىزدەكلەر كۆپىغۇ. ئۇلار سۆيگىنى. بالىسى. خىزمەت ۋە دوستلىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ۋەتىنىنىڭ قانىغا سىڭگەن مېھىر - مۇھەببىتى ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ ئۆز يېرىدە قالدىغۇ. ئۇلار ئەشۇنداق ئاچا يولغا كەلگەندە، بىر مىنۇتمۇ ئىككىلەنمەستىن ئاتا - ئانىلىرى بىلەن خوشلاشتىغۇ؟ ئادەم ۋەتىنى، مۇھەببىتى بىلەن قەدىرلىك. چۈنكى بۇلار سىزدىن قۇربان بېرىشنى. مۇھىم. مۇقەددەس نەرسىلەردىن ئادا - جۇدا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادا - جۇدا بولالىسىڭىز. قۇربان بېرەلىسىڭىز سىز ھاياتنىڭ ئىنسانغا قويىدىغان تەلىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغان بولىسىز، ئەكسىچە بولغاندا سىز ھاياتنى ئالدىغان. ئۆزىڭىزنى. باشقىلارنى ئالدىغان بولىسىز. بۇ ئەلۋەتتە چۈشىنىشلىكقۇ؟ مەن بۈگۈن سىزنى ئەيىبلەش ھېسابىغا ئۆزەمنى ئاقلىماقچى ئەمەسمەن. بەنە شۇنداقلا. سىزگە ھايات ۋە ئىنسان توغرىسىدا دەرس ئۆتمەكچىمۇ

ئەمەسمەن، دېمەكچى بولغىنىم ئاددىلا، پۇرسەت غەنىمەت، ئىلىسىڭىزمۇ مەيلى، گەپ قىلىڭ! ...»

— ئاپا نېمىشقا دادامغا سەي قورۇپ بەرمەيسەن؟

— ھە، ھىم ...

— ھەجەپ ئۇ كۈنى ھېلىقى ماڭا ئاپتومات ئەكەلگەن سېمىز ئادەمگە سەي قورۇپ مېھمان قىلدىڭغۇ ئەمسە؟

— ئەلى! ... — گۈزەلئاينىڭ لەۋلىرى كۆكىرىپ، يۈزى تاتاردى.

— ئۇ كىم؟ — ئەلا چۆچۈپ سورىدى.

— ئۇما؟ — گۈزەلئاي ئۈنچى قىلمىي ئەلاغا تىكىلىپ قارىدى، — ئۇ رەقىب.

— رەقىب؟ — ئەلا ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. — ئۇ بۇ يەرگىمۇ كېلىپ تۇرامدۇ؟

— مەن چىللىمايمەن، كەلگەن ئادەمنى قوغلىمەن!

— لېكىن ئۇ ...

— ئۇ نېمە بوپتۇ. ئۇمۇ ئادەم!

— سىز ئۇچۇن بەلكى ئۇلۇغ ئادەمدۇر. لېكىن ...

— سىزنىڭ ماڭا تەنە گەپ قىلىشقا ھەققىڭىز يوق. سىز پۈتۈنلەي يات بىر تۇل ئايالنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىسىز. ئورنىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ ـ ھە!

گۈزەلئاي تىترەڭگۈ، يىغا ئارىلاش ئاۋاز بىلەن نەتۇر قاراپ تۇرۇپ شۇلارنى دېدى ـ دە، ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن ئوغلىنى باغرىغا باستى.

ئەلا ئايالنىڭ يۈرەك يارىسىنى ئەقىل كۆزى بىلەن دەرھال كۆرەلىدى. «رەقىب ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەن. مەن ئۇنى ھىمايە قىلىش، ساقلاش ئورنىغا نېمىشقا ئۇنىڭغا تەنە قىلىمەن؟!» دەپ ئويلىدى ئەلا، ئۇ ئەمدى گۈزەلئاينىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقى توغرىسىدا سۆزلىشەي دەپ بېشىنى كۆتەردى، شۇ چاغدا گۈزەلئاي ئەلىنى يېتىلەپ تالاغا ماڭدى. ئەلى تارتىنىپ ئەستە ماڭدى ۋە دادىسىغا مۆلىلدەپ قاراپ:

— ماۋۇ ئاپتوماتنى ئۈستەڭگە تاشلىۋېتىمەن. بۇ ئەسكىكەن! — دېدى. گۈزەلئاي بولسا بېشى چۈشكەن، يۈرىكى پۇرچۇلغان ھالدا:

— جۇر بالام، مېھمان قونىدىغان ئوخشايدۇ. بىزمۇ بىر يەردىن قونىدىغان جاي تاپايلى! — دېدى.

گۈزەلئاينىڭ شىپىلداپ پېشايۋان پەلەمپىيىدىن چۈشكىنى، ئۇزەر تارتقىنى، ئەلىنىڭ غىڭشىپ دادىسىغا تارتىنىشقىنى ئەلاغا ئاڭلىنىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ ئۈنچى يوقالغاندىن كېيىنلا ئەلا تۆمۈر تۈگمىدىن بىر چۆمۈچ سۇ ئېلىپ ئىچتى. ئالىيومىن چۆمۈچ ئېخلا بار ئىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئۈنچى ئۆينىڭ بالدامىسى. ئۇ يەنە بىر چۆمۈچ سوغ سۇ ئىچتى ـ دە، چۆمۈچنى سۇيۇپ قويدى. ئۇ ئالدىراپ ئۈستەلگە كەلدى ۋە ئەلىنىڭ دەپتىرىگە قېرىنداش بىلەن مۇنتۇ سۆزلەرنى يازدى: «ئەلى، باتۇر ئوغلۇم، مۇنتۇ پۇلغا ئاپتومات سېتىۋال، ئاپاڭغا ياخشى قارا. ئاپاڭنى ئاپتومات بىلەن قوغدا!» ئۇ ھاشىر يانچۇقىغا سېلىپ قويغان ھېلىقى پۇلنى جوزىغا قويدى ـ دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى. تالا قاراڭغۇ. قىلىدىن سوغ شامال تۇرۇۋاتاتتى. قارمۇ ئۇچقۇنداپ چۈشمەكتە. ئەلا ئارقا ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ يۈرىكى ئېچىشتى. لېكىن ئۇ يىغلاش ئورنىغا لەۋلىرىنى چىشلەپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى.

گۈزەلئاي ئۇ كېچىسى ئۇخلىيالمىدى. ئۇ قوشنىسى — يالغۇز ئوغلى قورۇلۇشتا ئىشلەيدىغان تۇل موماينىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئەلانىڭ چىقىپ پەلەمپەيدىن چۈشكىنىنى، ئارقا ئىشىكنىڭ تاراخلاپ يېپىلغىنىنى ئاڭلىدى. ئەلا كېتىش بىلەن ئوغلىنى باشلاپ ئۆيگە كىردى. خەتنى ئوقۇدى، بالىسىغا ئوقۇپ بەردى. ئەلگە دادىسى توغرىسىدا. كەلگۈسى توغرىسىدا ئۇزاق ھېكايە سۆزلەپ بەردى. ئەتىسى بازارغا ئەچىقىپ دادىسى قالدۇرغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى خەجلەپ ئەلگە كىيىم ـ كېچەك، ئويۇنچۇق، يەيدىغان نەرسىلەر ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى. ئوغلى ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ئەينەككە قاراپ ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇنىڭ پېشانىسىگە، كۆز قوۋۇقلىرىغا ئىنچىكە سىزىقلار چۈشكەن. قىزلاقلىرىنى چۈمكەپ تۇرىدىغان بۇدرە چاچلىرى يورۇنقىدەك يالتىراق. جىلۋىدار ئەمەس. پەقەت خىيالچان كۆزلىرى، سۈزۈك يۈزىگە شولا تاشلاپ تۇرىدىغان ئۇزۇن كىرپىكلىرى بىلەن گۈزەللىك ياراتقۇچىسىنىڭ ماھىر قوللىرىدا پۈتكەن ئاجايىپ چىرايلىق يۈرىنلا ئۇنىڭ ھېلىمۇ ئاتىملىق گۈزەل ئايال ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئەلۋەتتە بۇ خىل تېپىلغۇسىز چىرايى بىلەن مەغرۇرلىنىشقا. ئۆزىنىڭ بىر يىگىت ئالدىدىكى ئاجىز ـ بىچارىلىكىنى ئامالىنىڭ بارىچە يوشۇرۇشقا ھەقلىق!

ئۇ ئەلۋەتتە بۇ چىرايى ۋە خۇلقى ـ مىجەزى بىلەن مەنىشەت، راھەت تۇرمۇش ۋە ئۆزىگە شەرتسىز بېقىنىدىغان بىر ئەركەك بىلەن بەختلىك بولۇشقا ھەقلىق. لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن كۈنىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە تۇرغۇن ياخشى مەسلىھەت، مۇۋاپىق لايىق. ھەتتا ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەرنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىنىمۇ سوغۇق قانلىق بىلەن رەت قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ باشقىلارغا بېرىدىغان جاۋابى تولىمۇ ئاددى. ئۇ:

«خاپا بولماڭ، مەن سىزنى بەختسىز قىلىشنى خالىمايمەن!» دەيتتى. بۇ گېپىگە باشقىلار نۇرغۇن چىرايلىق سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭغا ئاجايىپ گۈزەل ھايات يوللىرىنى كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇ ئۆزىنى بايىقى سۆزىگە ھېچقانداق ئىزاھات بەرمەيتتى. تۇرمۇشىدا كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بەرگەندىمۇ، باشقىلار ئۇنى قارىلاپ گەپ تارقاتقاندىمۇ. مەسىلەن: «گۈزەلئاي كېچىلەپ ئەرلەر بىلەن ئولتۇرۇش قىلىدۇ. گۈزەلئاي قانچە يىگىتتىن پۇل ئېلىپ خەجلەيدىكەن. گۈزەلئاي ئەركىتابىنى ئۆزىگە قوندۇرۇپتۇ. ئەركىن ئۆز ئېغىزى بىلەن دېدى ...» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىغاندىمۇ چىچىلماي. ئەگىپەي سوغۇق كۈلكە بىلەنلا بۇ گەپلەرنى ئىزاھاتسىز ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. لېكىن ناھىيە ھېلىقى كىچىكچ گۈزەلئايغا باسقۇنچىلىق قىپتۇ دېگەن گەپ تارقىلىپ بۇ گەپ تەشۋىقات ۋاراقىگە يېزىلغاندىن كېيىن ئۇ بۇ ئېغۋانى ئۆلۈم بىلەن رەت قىلماقچى بولغانىدى. لېكىن بۇ گەپمۇ يېيىلىپ قالدى.

گۈزەلئاينىڭ يۈرىكىدە ئېغۋا توقۇغۇچىغا قاتتىق نەپرەت، بۇ ئېغۋانى كېڭەيتىپ، رەقىبكە دۈشكەپ مۇقىملاشتۇرۇپ تەشۋىق ۋارىقى يازغان ئەلانىڭ دوستلىرىغىمۇ قاتتىق نارازىلىق تۇيغۇنى پەيدا بولۇپ قالدى.

ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ئىزاھاتسىز، سۈكۈت بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئىدىغۇ، بۈگۈن ئىمىشقا ئەلانى ياخشى كۆرمەسكىنى ئۈچۈن ئوغلىغا ئەلا توغرىسىدا قولاشمايدىغان نۇرغۇن گەپلەرنى دېدى! ئۇنىڭ كىچىك بالىغا:

— داداڭ شۇنچە يىل بىزنى تاشلىۋەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن خاپىمەن! — دېگىنى نېمىسى؟ كېيىن يەنە بۇ گېپىنى رەت قىلىپ:

— داداڭ ياخشى، ئاقكۆڭۈل، چىداملىق. كۆيۈمچان ئادەم! دېگىنىنى نېمە دەپ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ؟ سەزگۈر ئوغۇل دەرھاللا:

— دادام ياخشى بولمىسا بىزنى تاشلىۋېتەتتىمۇ؟ تاشلىمىدى، سەن مېنى ئېلىپ قاچتىڭ! — دېۋىدى، ئۇ بالا ئالدىدا ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن خاتاسىنى ئىقرار قىلىپ:

— راست ئەلى، ئاپاڭ بارىماس، داداڭنىڭ بېشىغا تازا ئېغىر كۈن كەلگەندە داداڭنى چۆلگە تاشلاپ قويۇپ قايتىپ كەلدى، — دېگىنى قانداق گەپ؟ بالىسىغا ئېيتقان بۇ گېپىنى ئەلاغا ئېيتقان بولسا ئۇنىڭ ئابرۇيىغا دەخلى يېتەرمىدى؟ ھەي، ئىنسان مىجەزى غەلىتە نەرسە، نۇرغۇنلىغان يارامىلىق ئادەملەر مىجەزىدىكى نۇقسانلىرى بىلەن بەختسىز بولۇپ قالىدۇ. ئوخشاشلا نۇرغۇنلىغان يارامسىز ئادەملەرمۇ مىجەزىدىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن بەختلىك بولۇپ جەمئىيەتتە يۈز-ئابرۇي، ئورۇن-ئىناۋەتكە ئىگە بولالايدۇ. گۈزەلئايغا بۇ گەپنى ئەلا تالاي قېتىم ئېيتقان ئىدىغۇ؟ گۈزەلئاي ئىمىشقا ئۆزىنى مۇشۇ تارازىغا سېلىپ كۆرمىدى-ھە؟

ئۇ ياتتى. لېكىن ئۇخلىيالمىدى. پۈتۈن كېچىنى چىگىش خىياللار. جاۋابسىز سوئاللار. كۆز يېشى بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئىشىكنىڭ جالاقلىشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى:

— ئىشقا بارىدىغان ۋاقىت بولدى گۈزەلئاي. تۈنۈگۈنكى ۋەدىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ قار ياغماق تۈگۈل ئاسماندىن تاش ياغسىمۇ لاي توشىغلى كېلىمەن دېۋىدىڭىزغۇ؟ بوتى كېيىپ چىقىڭ. قار ياغدى. ئالا پاتقاق، تېز بولۇڭ!

بۇ قوشنا موماينىڭ ئوغلى گۈزەلئاي ئالدىراپ كىيىندى-دە، چالا-بۇلا يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ. ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنى سۆيۈپ قويۇپ. ئاپئاق قار بىلەن شاخلىرى ئېگىلگەن دەرەخلەر ئاستىدا ساقلاپ تۇرغان ئىشچى بالىغا ئەگىشىپ ئالدىراپ ماڭدى. ئۇ ئىش مەيدانىغا كەلگەندە دائىملا يىگىتلەر ئىشلىرىنى توختىتىپ ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى بىلەن گۈزەل چىرايىغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قارىشىپ كۆڭۈل ئېچىشىدۇ. ئۇلار خىلمۇخىل باھانىلەر بىلەن ئۇنىڭغا گەپ قىلىدۇ، سۆركىلىدۇ، چاقچاقمۇ قىلىپ باقىدۇ، بىرلىرى ھەتتا ئاشكارىلا ئۇنىڭغا كۆز قاشلىرىنى ئىشقا سېلىپ، «مۇھەببەت» ئىزھار قىلىدۇ. لېكىن گۈزەلئاي ھېچكىمگە تىكىلىپ قارىماي، ئىشىغا ئالاقىسىز گەپنى بىرەر ئېغىزمۇ دەپ قويمايدۇ. ئارتۇقچە خۇشخۇيلۇق، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بۇنداق جايدا ئۆزىگە قانچىلىك كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئۇ بىلىدۇ. ئۇ تۈنۈگۈن ئىشتىن چۈشۈش ئالدىدا ئىش بېشى چىرايلىق، قاۋۇل. ئۆزەمچىل يىگىتنىڭ:

— ئاپالىم سىزنى بىر كۆرسەم دەيدۇ. بۈگۈن بىزنىڭكىگە مېھمانغا بارالامسىز؟ — دېگەن تەلىپىگە مېيىغىدا كۈلۈپ «كېيىنچە» دەپ قويۇۋىدى. ئىش بېشى بىردىنلا شادلىنىپ كەتەر ۋاقتىدا ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە ئولتۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى.

— ياق، پىيادە ماڭىمەن! — دېدى گۈزەلئاي. ھېلىقى يىگىت يېجىرلاپ:

— بۈگۈن بىرلا قېتىم بىللە كىنو كۆرۈڭ. كۆنلۈكىڭىزگە ئامچىلار قاتارىدا بەش سومدىن ھەق بېرىمەن. — دېدى. گۈزەلئاي خورلاندى. ئاخىر ئىش بېشىنى سىلكىۋەتتى. دېمەك بۇ يەردە مېيىغىدا كۈلۈپ قويۇشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئەمەس. مانا بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇ ئىش مەيدانىغا

يېتىپ كېلىشى بىلەن مىجىلداپ ئېرىۋاتقان قاردا ئىش خۇشياقماي ئولتۇرۇشقان يىگىتلەر تونىگىغا بىيىلىشتى:

ــ قارلىق! ــ دەپ قار ئاتتى يۈرەكلىكرەك بىرسى.

قاردا قارلىق تاشلىدۇق،
يامغۇردا ياغلىق تاشلىدۇق.
كۆڭلىمىز تارتقاشقا سىزگە
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.

باغقا كىردۇق جۇپ بىلەن،
موزايىنى باقتۇق چۇپ بىلەن.
ئويىنۇبىلىك بىز بىلەن،
كۆڭۈل ئاچايلى سىز بىلەن!

بىر پاناق يىگىت شالاڭ قاشلىرىنى ئويىنىتىپ، دولىسىنى مىدىرلىتىپ گۈزەلئايغا بىيت توتتى. باشقىلار كۈلۈشتى. لېكىن گۈزەلئاي بۇگۈن قاپاق ئاچمىدى. ئۇ ئېخلا ئاخشامدىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان خىيالدىن سەگمىگەن. ئۇنىڭ خىيالى ئۇز ئۆيىدىن قار يېغىۋاتقان جۇدۇنلۇق كېچىدە چىقىپ كەتكەن ئەلادا ئىدى. ئۇ ئەلاغا لەنجۇدا قىلغان رەھىمسىزلىكنى تەكرارلاشنى خالىمايتتى. چۈنكى ئەلا ھازىر يالغۇز گۈزەلئاي ئۈچۈنلا ئەمەس، مۇھىمى سۆيۈملۈك ئوغلى ئەلى ئۈچۈن. ئۇنىڭ بويۇن قىسماسلىقى، شادلىقى ئۈچۈن تولىمۇ لازىم ئىدى. مانا مۇشۇلارنى ئويلىسىلا گۈزەلئاينىڭ يىغلىغۇسى، كىملەرگىدۇر نالە قىلغۇسى كېلەتتى.

ــ سىز بۈگۈن ئۆزگىرىگە لاي ئەچىقىڭ! ــ دېدى ئىش بېشى قوپاللىق بىلەن، ــ ئېمىشقا بوتى كىيىپ كەلمىدىڭىز، بۇ يەرگە توپلىي بىلەن تانسا ئوينىغلى كەلگەنمىدىڭىز!

گۈزەلئاي ئۇنىڭغا «لاپ» قىلىپ قاراپ قويدى ـ دە، گەپ قىلمايلا ئىككى لاي چېلىكى بىلەن ئەپكەشنى قولىغا ئالدى.

ــ كېرىم، بۇ ئېمە قىلغىنىڭ، گۈزەلئاي ماڭا لاي ئېلىپ بېرىۋاتاتتىغۇ؟ ــ دېدى گۈزەلئاينىڭ قوشنىسى خاپا بولۇپ.

ــ سەن ئىشىڭنى قىل! ــ دېدى ئىش بېشى قولىنى سىلكىپ، ــ ساڭا سەنەۋەر لاي ئېلىپ بېرىدۇ!

گۈزەلئاي ئاللىقاچان لاي كارىزىغا يېتىپ بارغانىدى. لاي سېلىپ بېرىۋاتقان يىگىت ئۆزۈن قونچىلىق رېزىنكا ئۆتۈك بىلەن لاي ئىچىدە چانىرىسىنى كېرىپ، ھاۋادا كەتمىنىنى ئويىنىتىپ، سامانلىق لايغا چاپتى ـ دە، گۈزەلئاينىڭ چېلەكلىرىگە لايى تولدۇرۇپ سالدى. گۈزەلئاينىڭ قوشنىسى بۇ يەرگە يۈگۈرۈپ كەلدى، گۈزەلئاي ئەپكەشنى مۈرىسىگە سېلىپ تىزلىرىنى پۈكۈپ چېلەكلەرنى كۆتەردى. ئەپكەش غىچىرلىدى، ئايالنىڭ پۇتلىرى دىرىلدىدى، بەللىرى تولغاندى.

ئۇ دەلدۈگزىنىپ چىڭقىلىپ تۇرۇپ ئەپكەشنى ئەگىزۈك قىلىۋالدى ـ دە، يېڭى ئايىغى چىققان بالىدەك تەمتىلەپ ماڭدى.



ــ تاشلاڭ، ئەپكەشنى تاشلاڭ! ــ گۈزەلئاينىڭ قوشنىسى ئەسەبىلىك بىلەن ۋارقىرىدى. لېكىن گۈزەلئاي تاشلىمىدى. ئۇ لىگىلداپ تۇرىدىغان يانتۇ شوتىنىڭ بىرىنچى بالدىقىنى دەسسىدى، تەگىمۇڭلۇق بۇزۇلدى. ئۇ توختىۋېلىپ سول پۇتىنى ئىككىنچى بالداققا، ئوڭ پۇتىنى ئۈچىنچى بالداققا باستى ... ئۇ جاھىللىق بىلەن شوتىنىڭ بەل ئوتتۇرىسىغا كەلدى. قۇرۇلۇشتا ئىشلەۋاتقان ئوتتۇز ـ قىرىق ئادەم ئىشتىن توختىغان. ھەممە كۆزلەر ئۇنىڭغا. ھەممىلا ئادەملەر ۋارقىراشماقتا ئىدى.

ــ مۇشۇمۇ ئىشمۇ!
ــ يۈگۈرە ئەزىم. يىقىلىدىغان بولدى!
ــ تاشلاڭ قىزچاق!
ــ ئىست. مۇشۇمۇ ئوغۇل بالىچىلىقمۇ؟
ــ كېرىم. ئىت ئىكەنسەنغۇ!

گۈزەلئاي يەردىن ئىككى مېتىردەك كۆتۈرۈلدى، ئۇ غىلتاڭ مىجىلداپ تۇرغان تاختاي بەلدەملىرىنى ناھايىتى ئەستىلىكتە دەسسەيتتى. ئۇنىڭ پۇتۇن بەدىنى چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ

بۆتلىرىدا جان قالمىدى، تونىڭ قوشنىسى شۇتىدىن تۇجقانىدەك بۆگۆرۈپ چىقماقتا. شۇتا قاتتىق سىلكىنمەكتە ئىدى. قوشنىسى يىتىپ كېلىش بىلەن گۆزەللاينىڭ كۆزى قاراڭغۇلاشتى- دە شۇتىدىن بەرگە قاراپ ئۇچتى. ئادەملەر شۇتا يېنىغا يۈگۈرەشتى، ئىشچى ئاياللار تونى يۆلىدى. ئۇ نەم بەرگە قاتتىق چۈشمىگەن، لېكىن بىر چېلەك لاي ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلگەن، ئۆمرىدە بۇنداق ئۇچۇپ كۆرمىگەن ئايال قاتتىق قورقۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كۆزلىرى يۇمۇلغان. ئۇ بىھوش ھالدا بىر ياشانغان ئايالنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ سۇنايلىنىپ ياتاتتى. يىگىتلەر ھەش- پەش دېگىچە بىر زەمبىلگە پاخال سېلىپ نوسۇلكا تەييارلاشتى. گۆزەللاينىڭ گۆزەللىكىنى تولۇق كۆرەلمىگەنلەر ئەمدى توسقۇنسىز كۆرۈۋېلىشتى. ئاپئاق مەڭزىگە تۆكۈلۈپ تۇرغان كىرپىكلىرى. ھەم يۇمۇلغان ئوماق لەۋلىرى. ئاجايىپ گۆزەل بۇرۇن. يۈز- قۇلاقلىرى، ھەتتا سۈتكە چىلاپ ئالغاندەك بىلىندىغان بويۇن- تاڭلايلىرى ... ئاچكۆز يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرىدىن چالا قالمىدى ...

— پاھ. ئىنسان بالىسمۇ بۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن!

— پەرىزات!

— بەنە بىردەم قارىۋالايلىلا!

— ئاياللار كۆتۈرۈپ زەمبىلگە سېلىڭلار. ئوڭدا ياتسۇن. قوللىرى ساڭگىلاپ قالدى! ...

زەمبىلنى تۆت ئايال كۆتەرگەن. گۆزەللاينىڭ قوشنىسى بىلەن ئىش بېشى ئۇلارغا ئەگەشكەن ھالدا گۆزەللاينى ئېلىپ كوچىغا چىقىشتى. ئۇلار دوختۇرخانىغا قايرىلغاندا بىر «بېيجىڭ» ماركىلىق جىپ ئۇلارنى ئۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالدى. ماشىنا ئۈتۈپ كېتىپ توختىدى، ماشىنىدىن ھەربىيچە كىيىنگەن سېمىز بىرسى چۈشتى:

— توختاڭلار! — دېدى ئۇ قۇتقۇزغۇچىلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ. ئۇ قۇتقۇزغۇچىلارغا يېتىشىۋالدى- دە، ئاقىرىپ ياتقان ئايالنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىدىغاندەك ئالاقزادە بولدى.

— گۆزەللاي، ۋاي ئۆلەي، بۇ نىمە پېشكەل؟! — قۇتقۇزغۇچىلار ئۇنىڭ ياپما قاپاقلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرىدىن ياش ئەگىكەنلىكىنى كۆردى، — توختاڭلار، گۆزەللاينى ماشىنىغا سالايلى!

قۇتقۇزغۇچىلار بۇ ئويلىمىغان ئۇچرىغان رەھبەر سىياقىدىكى ئادەمگە قارشىلىق قىلىشمىدى. گۆزەللاي ئۈچ كىشىلىك ئورۇنغا ياتقۇزۇلدى. ئۇنىڭ بېشىنى بايىقى غەمخورچى ئۆز ياميېشىغا قويدى. قوللىرىنى ئۇتۇپ، تىنىقىنى ئەكشۈردى.

ماشىنا قۇتقۇزغۇچىلار بىلەن خوشلاشقاندا گۆزەللاينىڭ قوشنىسى شوپۇرنىڭ يېنىغا چىقىۋالدى.

— سەن بۇ قىزنىڭ نېمىسى بولىسەن؟

— قوشنىسى.

— بولدى. سەن بولمىساڭمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئىشىڭدىن قالمىغىن يەنە.

— ياق. مەن بىللە بارمىسام بولمايدۇ. سىز ئۆزىڭىز بۇ قىزنىڭ نېمىسى؟

— بىلمەمسىنا؟ قوشنىسى بولغانىدىكى بىلىشىڭ لازىم ئىدى. مەن بۇ قىزنىڭ ئىگىسى.

— مەن بۇ قىزنى تازا بىلمەن. بۇ قىزنىڭ بۇ شەھەردە ئەڭ يېقىن ئادىمى بىز.

— توغرا. يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا يېقىن بولىدۇ.

— قولىڭىزنى قىزنىڭ يۈزىگە تەككۈزمەڭ. نامەھرەم دېگەننى بىلەمسىز يا؟

— نېمانداق قوپاللىق قىلىسەن. مەن بۇ قىزنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى. بىلەمسەن، مەن يېقىندا ئەلنىڭ دادىسى بولىمەن.

— نېمە؟ سىزدەك شېرىن جۇش كورۇۋاتقانلار كۆرمىڭ. بۇ قىزنىڭ ئىگىسى بار.

— نېمە. نېمە؟ سەن نەدىن بىلىسەن؟

— يېقىن بولغانىدىكىن بىلىمىزدە!

ئۇلار جىمىپ قېلىشتى، ماشىنا سېمونت يول بىلەن بىر خىل سىلكىنىپ كېتىپ بارماقتا.

— ئېيتقىنا، بۇ قىزنىڭ ئۈيىگە ئورۇق، جۈنى پەس بىر سەھرالىق پات- پات كېلىپ تۇرامدۇ؟

— كەلسە كېلىدىغاندۇر، بۇنىڭ سىزگە نېمە ئالاقىسى؟

— نېمانچە قوپال نېمەسەن؟ ئۇ يېقىندا كەلدىمۇ؟

— مەن سىز ئۇچۇن پايلاقچىلىق قىلىدىغانلاردىن ئەمەس. مەندىن تولا سوئال سورىۋەرمەڭ ئاكا!

— تازا تومبالقا ئىكەنسەنا. ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتسەڭ قانداق؟

— توختا شوپۇر! مەن چۈشۈپ كېتىمەن.

شوپۇر توختىدى. ھېلىقى يىگىت شوپۇرنى ئىشقا بۇيرىدى.

— جۇگۇ. بېرىپ ئەۋۇ كېسەك ھارۋىسىنى ئەكەلگىن.

— بەللى. پىيادە ماڭمايدىكەنسەن- دە؟

— گۆزەللاينى ئېلىپ كېتىمەن.

— نەگە؟

— ئۆيگە. دوختۇرغا. مەن ئۇنىڭ ئىگىسى!

شۇ چاغدا گۈزەلئاي ماشىنا ئىچىدىن كىرگەن سوغ شامالدىن سەگىپ كۆزىنى ئاچتى ۋە دەرھال ھېلىقى ئادەمنىڭ ياميشىدىن بېشىنى كۆتەردى ۋە لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ:

— رەقىبكا، مەن نېمە بولدۇم ... ئەزىمەت سىز بارىكەنسىز؟ — دېدى.

قار توختىغاندىن كېيىنكى سۈزۈك ئاسمان ئاجايىپ گۈزەل. قار گويا ئاسماننى تازىلاپ دەردسىز كۆڭۈلگە ئوخشىتىپ قويغان. ئاپئاق بۇلۇتلار دىلمۇك تېغى چوققىلىرىدىن كىچىكەن قار پارچىلىرىدەك بىلىنىدۇ. ئىنىق ئاسمان سايرام سۈيىدەك جىمجىت، كۆپكۆك. تېرەك شاخلىرىدىن ئاجىب چۈشۈۋاتقان قار سۈيى ئىزىغىدىن ئاجراپ چۈشۈۋاتقان مەرۋايىتلاردەك يالترايدۇ ... ھايات ئىنسانغا ئىزلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان غەم ـ قايغۇ بىللەن بىللە مەڭگۇ ھەمراھ بولالايدىغان گۈزەل ئەرسىلەرنىمۇ بەخش ئەتكەن. بۇ ئەرسىلەر ئاۋۇ سۈزۈك ئاسماندەك. قارلىرى كۆزنى چاقىدىغان تاغلاردەك. مەڭگۇ قېرىمايدىغان گۈزەل تەبىئەتتەك دائىم ساڭا ھەمراھ. گەپ سىنىڭ بۇ گۈزەللىكنى تونىيالىشىڭدا. قەلبى پاك ئادەملەرلا ھاياتنى چەكسىز لەززەت ئالالايدۇ. ھاياتمۇ ئۇلارغا كۈلۈپ قارايدۇ. تەبىئەتمۇ چىراي ئاچىدۇ. ئاسمان ئۇنى پەپىلەيدۇ. ھەممىلا گۈزەللىك ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ ...

بىزنىڭ ئەلانۇر ئەنە شۇنداق قەلبى تازا. پىكرى ئوچۇق. زېھنى ئۆتكۈر قىز، ئۇ ئۆز قەلب سەزگۈسى بىلەن ماشىنىدىكى ئۆچ ئادەمـ ـنى كۆردى. ئۇ گۈزەلئاينى ھېلىقى ئىككى ئەر خەقنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ چىقىپ ۋېلسىپتىنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ دوختۇرغا ئاپاردى. كوچا ئابلاندۇردى. ھەتتا سىرىق غازاڭلار بىلەن قاپلانغان «مۇنەللىپ باغچىسى» غا ئاپاردى. گۈزەلئاي بۇ تۇيۇقسىز ئۇچرىغان قىزغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى. ئۇ قىز بولمىغان بولسا رەقىب بىلەن قوشنىسى گۈزەلئاينى ئالىشىپ نېمىلەرنى دېيىشەركىنتاڭ! ئەلانۇر گۈزەلئايغا كەچ كۈزدە ساقلانغان تەبىئەت گۈزەللىكلىرى توغرىسىدا، مەسىلەن. سۈزۈك ئاسماندىكى ئاقۇش بۇلۇتلاردىن ياسالغان ھەر خىل سۈرەتلەر. كەچ كۈزدە پورەكلىگەن ئەتىر گۈل، شىلدىر ـ شىلدىر سۈزۈك سۇ ... توغرىسىدا ئاجايىپ زوق، ھېسسىيات بىلەن خۇددى شېئىر ئوقۇۋاتقاندەك ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ بەردىكى گۈزەلئاي بۇگۈن ئۆزىنى تولىمۇ خۇشال، كۆڭۈللۈك ھېس قىلدى. ئۇ ئەتىگەنكى ۋە ئاخشامقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ مۇشۇ شەھەردە مۇشۇنداق دوستلىرى بىلەن بىللە ياشاۋاتقىنى ئۈچۈن ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلىدى. ئۇلار ئۆيگە قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كەلدى. قول ـ قولچە تاماق ئېتىپ يېيىشتى ۋە دۇتار چېلىشىپ قاقاھلىشىپ كۈلۈشۈپ يېرىم كېچىگىچە ياتمىدى.

— مەن ئەمدى سىنى «سەن» دەيمەن. — دېدى ئەلانۇر كارىۋاتتا ياللاردەك ئېغىناپ يېتىپ. سەنمۇ مېنى «سەن» دېگىن.

— مەن سەن دېيىشكە ئۆگىنەلمىگەندەكمەن! — دېدى گۈزەلئاي پىخىلداپ كۈلۈپ.

— نېمىشقا؟ ئىسمىم «ئەلا» بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟

— قىلىق! — دېدى گۈزەلئاي دۇدۇقلىنىپ. — ھېلىمۇ قىز بولغىنى!

— قىز بولغىنىم ئۈچۈن بىگىتلەرنىڭ گېپىنى قىلمەن. بۇ بىر قانۇنىيەت.

— ئەسكى قانۇنىيەت!

— ئەسكى؟ يالغانچى. مەندىن ھېچنەرسىنى يوشۇرالمايسەن. سەن بۇگۈن نېمىشقا شۇنچە خۇشال. مېنى بىلمەيدۇ دەمسىنا؟ مەن ساڭا ئەلا توغرىسىدا ھېكايە سۆزلەپ بەرگىنىم ئۈچۈن خۇشالسەن.

— يالغان. ئەدە سۆزلىدىكى ...

— يالغان؟ بۇگۈن سۆزلىگەنلىرىمنىڭ تولىسى ئەلادىن ئاڭلىغان گەپلەر. بۇ گەپلەرنى سەنمۇ تۇرغۇن ئاڭلىغان. راستمۇ؟

گۈزەلئاي جاۋاب بەرمىدى. ئۇ ئوغلىغا يۈزىنى يېقىپ جىم يېتىۋالدى. ئەلانۇر دوستىنىڭ نېمىگە خاپا بولغانلىقىنى بىلەلمىدى. كۆڭدەشلىكى تۇتقان بولسا بۇنىڭ كارى چاغلىق. لېكىن ئەلا توغرىسىدىكى گەپلەردىن راستلا بىزار بولغان بولسىچۇ؟... ئەلانۇر شۇنى ئويلىدى ـ دە. گۈزەلئاينى دۈمبىسىدىن قۇچاقلىدى:

— ئېيتقىنا گۈزەل. ئەلانى ھەر كۈنى ئويلامسەن؟

— ياق.

— ياخشى كۆرسەن. لېكىن ئويلىمايسەن. بۇ گېپىڭ يالغان!

— راست!

— ئانداق بولسا 1962 ـ يىلى نېمىشقا قانۇنلۇق پاسپورتىڭ بىلەن چەت ئەلگە كەتمىدىڭ؟

— ...

— پاسپورتىڭنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئەلىپنى رەت قىلغىنىڭنى نېمە دەپ چۈشەندۈرسەن؟

— ...

— سەن كىم ئۈچۈن. بۇ شەھەردە يۈرۈۋاتىسەن. كىمنى

كۆتۈپ تۇرمۇشقا چىقمايۋاتىسەن؟

گۈزەلنىڭ جاۋاب بېرىش ئورنىغا بوقۇلداپ يىغلىدى. ئەلانۇرمۇ بىردىنلا مەيۈسلەندى. ئۇ يۇقىرىقى سوئالللىرى بىلەن دوستىدىن ئۆزى كۈتكەن گۇمانلارنىڭ تۈگۈچىنى يېشىشكە يول ئىزلىگەنىدى. لېكىن ئۇ كۈتكىنىگە ئېرىشەلمىدى. چۈنكى گۈزەلنىڭ جاۋاب ئورنىغا ئاققان كۆز يېشى ئۇنىڭغا بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بەردى: سەن ئەلانۇر بولساڭمۇ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەلانۇرنىڭ ئورنىنى باسالمايسەن. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا سەن ھەر قانچە ياش، گۈزەل ۋە يېقىملىق بولساڭمۇ بۇ ھايات تىياتىرىدا گۈزەلنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقالمايسەن!

ئۇ مەيۈسلەندى، ئۇمۇ يىغلىدى.

قىزلارنىڭ بىر كۆڭلۈك خۇشاللىقى، كۆلكىلىرى كۆز يېشى — كۆزگۈل ئاغرىقىغا ئالماشتى. لېكىن قىزلار. ئەتىكەنلىككە يەنە كۈلىسەر، چۈنكى ئەتىكى كۈن يېڭى. ئۇ ئۈز يىگىلىقلىرى بىلەن سىلەرنىڭ كۆز يېشىڭلارنى قۇرۇتۇپ، سىلەرنى غىدىقلاپ كۈلدۈرەلەيدۇ. ئۇخلاڭلار، ياخشى چۈش كۆرۈڭلار. ئەتىگەنلىككە سىلەرنى يېڭى قۇياش كۈتۈۋالىدۇ.

7

تۈن ھەم قورقۇنچلۇق، ھەم سىرلىق. قورقۇنچلۇقى ئۇ سىنى قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ سىرلىقى شۇكى، ئۇ قوينىدا يۈز بەرگەن ئاجايىپ پاك ۋە ناپاك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يوشۇرالايدۇ.

ئەلا گۈزەلنىڭ ئۆيىدىن ئىغىرلاشقان ئاياغلىرىنى ئەستە يۆتكەپ چوڭ كوچىغا چىققاندا ئەتراپ قازان تۈۋىدەك قاراڭغۇ، ھەممىلا نەرسە بىر. بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەندەك ئەتراپ سۈرلۈك، ھاۋا بولسا قاتلىنىڭ يۈرىكىدەك سوغۇق ۋە زەھەرلىك ئىدى. ئۇ مۈزلاپ تىترەپ، ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئاۋايلاپ دەسسەپ جەنۇبقا قاراپ خېلى ماڭدى. ئۆز پەرزەندە ئۇسمانىڭ دادىسىنىڭكىگە ئالىلقاچان يېتىپ بېرىشى لازىم ئىدى. لېكىن چىتلانغان تام، ئىككى توپ قاپاق تېرەكتىن ئېخچە دېرەك يوق. ئۇ پات-پات سەرەڭگە يېقىپ ئەتراپنى قاراشتۇردى. لېكىن ھېچ نەرسە تونۇيالمىدى. ئۇ ئاخىر غۇۋا يورۇق كۆرۈنگەن كوچىغا قاراپ ئالدىراپ ماڭدى. ئۇ گازىر-تاماكا سېتىپ ئولتۇرغان بۇتكىچىدىن سورىدى.

— بۇ قايەر؟

— سۇ دەرۋازا؟

— نېمە؟ بېشىم تېزىپ قاپتۇ. مەن تۈرەم مەھەللىسىگە بارماقچىدىم.

— يوقىرىلاپ ماڭ. قول چىرىقنىڭ يوقمۇ؟ سەرەڭگىدىن چىراق ئېلىۋال.

ئەلا سەرەڭگە ئېلىۋاتقاندا ئۈچ يىگىت كېلىپ تاماكا ئالدى. ئەلا ئۇلاردىن بىرسىنى تونىغاندەك قىلدى-دە، شەپكىسىنى چۈكۈرۈپ كىيدى. ئۇ بۇتكىچىدىن تاماكا ئالغان بولۇپ ھىلىقلارنىڭ كېتىشىنى كۈتتى ۋە ئۇلار قاراڭغۇ كوچىغا ئەگىگەندىن كېيىن ئۇ ئېھتىيات بىلەن باشقا كوچىغا ماڭدى. ئۇ ئون قەدەمچە مېڭىۋىدى، قول چىرىقنىڭ نۇرى ئۇنىڭ كۆزىنى يورۇتتى. ئۇ شەپكىسىنى كۆزىگە چۈكۈردى.

— توختا، ئەلا دېگەن ئەبلەخ سەنمۇ-ھە!

قاراڭغۇلۇقتىن قوپال ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەلا نە قېچىشنى، نە ھېيلە ئىشلىتىشنى ئويلىمىدى. ئۇ شەپكىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ:

— ھەئە، مەن ئەلا! — دېدي كۈلۈمسىرەپ.

— ئانداق بولسا بىز بىلەن ماڭ!

— نەگە؟

— نەگە بولاتتى. سېنى كۈتۈدىغان يەرگە!

ئىككى ئادەم ئۇنىڭ ئىككى قولىدىن، يەنە بىرسى گەجگىسىدىن تۇتتى.

— سىلەر نېمە قىلماقچى؟ — ئەلا تۇلارنىڭ قوپاللىقىدىن خاپا بولدى، — سىلەر خاتالىشىۋاتىسەر ئۈكىلىرىم!

— كاپىشما. ماڭ! — تۇلار ئەلانى سىلكىشتۈرۈپ ئىتتىرىپ ئېلىپ ماڭدى. ئەلانىڭ پۇتلىرى يەرگە تەگمەي دېگۈدەك يەردىن كۆتۈرۈلۈپ باراتتى.

— كېيىن پۇشايمان قىلىسەر ئۈكىلىرىم. سىلەرگە بۇ ئىشىڭلارنىڭ پايدىسى يوق!

— ۋارقىرىما چىلبۆرە!

— نېمىشقا مېنى تۇتىسىلەر. مەن ھېچكىمگە زىيان سالمىدىم!

ئەلا بولقۇتوپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى. بىرسى مۇشت بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاتتىق ئۇردى. ئەلانىڭ ئاغزى تۇزلۇق سۇيۇقلۇققا تولدى. ئۇ يەنە ۋارقىرىماقچى بولۇۋىدى، بىرسى ئاشقازىنىغا قاتتىق دىسلىدى. ئۇنىڭ ئىچى قاراڭغۇلاشتى. ئىككى تىزى ئېگىلدى. ئۇ مۈكچىيىۋىدى، ئىككى قولىنى ئىككى ئادەم كەينىگە قايرىدى، يەنە بىرسى مېڭىسىگە. گەجگىسىگە ئېغىر بىر نەرسە بىلەن ئۇردى. يەنە بىرسى قاتتىق ئۈتۈك بىلەن يۈز-كۆز. ئۇمشۇقلىرىغا تەپتى. ئۇ نە ۋارقىرىيالمىدى، نە قارشىلىق قىلالمىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ بەدىنى ھېچقانداق ئاغرىق سەزمىدى . . .

هاشىر بىلەن زۇلىيا ئوسمانىڭكىدە ئىملا قىلمىسۇن خاتىرجەم بولالمىدى. هاشىر پۈتۈن ئاچچىقىنى هاراقتىن ئالماقچى بولغاندەك پىيالە بىلەن هاراق ئىچەتتى. هىلىدىن ـ هىلىغا سائىتىگە قارايتتى:

— هاشىر شۇنچى سىز بىكارلا ئۇنى تاشلاپ كەپسىز!

— شۇنى دېمەمسىز. مەن ئىشىنىڭ بىر تەرىپىنى ئويلاپتىمەن!

— قوتۇپ قالدىمۇ ـ يە؟

— ياق، ئۇلار هەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ.

تاڭ ئاتارغا يېقىن زۇلىيا كوچىغا چىقتى. هاشىر ئالادا رەللى بولۇپ مېڭىپ يۈرگەن ئىكەن.

— جۈرۈڭ هاشىر، بىز ئاخشامقى، يولىمىزنى يەنە بىر مېڭىپ باقايلى!

— جۈرۈڭ!

هەممە يەر ئاپئاق قار، سۈبھى كۆتۈرۈلگەچكە ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان كوچىلاردا خېلى يىراقلاردىكى نەرسىلەرنى ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. ئۇلار جىمجىت كوچىلار، ئىز چۈشمىگەن كۆۋرۈكلەردىن ئۆتتى. بىردىنلا زۇلىيا ۋارقىرىۋەتتى.

— نىمە ئۇ؟

مەسچىتنىڭ يان تەرىپىدىكى كارىزدا بىرسى ئىككى پۈكلىنىپ، قوللىرىنى تاشلاپ ياتاتتى.

— ئەلا! — هاشىر ئوق تەككەن شىردەك هۆكۈردى. زۇلىيانىڭ پۈتۈن بەدىنى بىردىنلا قېتىپ قالغاندەك نە پۇتى، نە تىلى كارغا كەلمىدى. هاشىر قانغا مىلەنگەن، لايغا پاتۇرۇلغان، يۈز ـ كۆزى كۆكەرگەن، بېشى ئىشىغان دوستىنى يەردىن كۆتۈرۈپ ئالدى ـ دە، يۈزىنى ـ يۈزىگە يېقىپ تىنىقىنى تىڭشىدى. زۇلىيا يىغا ئارىلاش سورىدى:

— قانداق هاشىر؟ بىز خەلققە نىمە دەپ جاۋاب بېرىمىز ئۇكام؟

— ۋاي بىچارە دوستۇم، ئەيىب مەندە!

ئۇلار دوختۇرخانىغا قاراپ يۈگۈرەشتى. هاشىر هاياتىدا بۇنچىلىك تەرلىمىگەن، بۇنچىلىك جىددىيلەشمىگەن، بۇنچىلىك ئۆمىدسىزلەنمىگەنىدى. ئەلانىڭ ئاهايىتى، ئاهايىتمۇ سۇس تىنىقى باردەك قىلاتتى. ئاۋادا هاشىر بىرلا قاتتىق مۇدۇرۇپ كەتسە بۇ تىنىق توختاپ قالىدىغاندەك، شۇ تىنىق توختىسا هاشىرنىڭمۇ تىنىقى توختاپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. زۇلىيا بولسا هىلىدىن ـ هىلىغا نالە قىلاتتى:

— ئىسست قېرىندىشىم! سەن ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمىسام زۇلىيا ئەمەسمەن!

— نىمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىشتى ـ هە؟ جىرايلىق خوتۇن ئۈچۈنمۇ، يا بولمىسا بىلىملىك بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟!

— ئىككى شۇنچى بىر زىيالىينى هىمايە قىلالمىدۇق. هاشىر، پارتىيىگە نىمە جاۋاب بېرىمىز؟

لېكىن ئۇنىڭغا هېچكىم جاۋاب بەرمەيتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇلار ئەلانى ماشىنىغا يانتۇزۇپ ئاھېيگە قاراپ يولغا چىقتى. «گاز» نىڭ ئۈستۈرىسىغا پاخال، كىگىز سېلىنغان، كىگىز ئۈستىگە رەسمىي ئورۇن سېلىنغان، باش ـ كۆزى تېڭىلغان، كۆزلىرى يۇمۇلغان، ئېغىر تىنىق ئېلىپ ياتقان ئەلانىڭ كۆكەرگەن، قان ئويۇپ قالغان يۈزىنى، چىشلىرى گومۇرۇلۇپ، كالپۇكلىرى تىتىلىپ داردايغان ئېغىزىنى سەھەر قۇياشى غىل ـ پال يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئوڭ قول ئالقىنى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ ئولتۇرغان هاشىر كىشىگە ئىككى كۈندىلا قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ چېكە چاچلىرى، ئېڭىكى تامامەن ئاقارغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ قاڭشالىق بۇرنى قىڭغىراقتا توختاپ قالغان، ئىككى قوۋزى ئىچىگە كىرىپ ئېڭەكلىرى ئۆزراپ قالغاندەك بىلىنەتتى. ئۇ دوستىدىن كۆزىنى ئالماي چوڭقۇر خىيال بىلەن كېتىپ باراتتى. كەينىگە تايىنىپ ئۆرە تورۇۋاتقان ئامەت، ئوسمان، تاشپولات، زۇلخۇمار قاتارلىق يېقىنلىرى ئىچىدە يالغۇز ئامەتلا ۋاتىلداپ سۆزلەيتتى:

— مېنىڭچە بۇ ئىش رەقىبىڭ ئىشى. ئۇ ئاللىقاچان ئەلانىڭ كەينىگە ئادەم سالغان. لېكىن ئۇنىڭ ئارقا تېرىكى كۈچلۈك. بىزمۇ بىر كۈچلۈك ئارقا تىرەك تاپمىساق تەڭ كېلەلمەيمىز!

— نەدىن تاپسەن؟ — ئوسمان ئۇنىڭغا ئالايدى.

— نەدىن؟ دۆمبەڭنى قىلىپ تامغا قىلسەن. تىرەك دېگەن شۇ!

ئۇنىڭغا هېچكىم پەرۋا قىلمىدى. ئەلانىڭ ئايىغىدا ئۈستىگە يېپىلغان جۇۋىلارنى تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇرغان زۇلىيا سىرىق بورۇتنى قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاراپ قويۇپ ئامەتكە قارىدى:

— ئاغىنە، هەدېسىلا هارۋىنى كاتاڭغا ئارتىسەن. بىزنى غولىتىپ نىمە مۇراد ـ مەقسەتكە يەتمەكچىسەن زادى؟

— چوڭ نىشانىمىز بىر، نىمىگە چىچىلىسەن زۇلىياكا؟

— دۆمبەڭنى قىلىپ تامغا قىلسەن دېگىنىڭگە. خاتا چۈشەنمىگەن بولسام سىرتتىن ياردەم ئالىمىز دېگىنىڭمۇ؟

— ياردەم ئالمىساڭ رەقىبنى قانداق جايلىيالايسەن. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ملتىق، زەمبىرەك، راكېتا، ئاتوم بومبىلىق تىرىكى بار تۇرسا؟

— خاتا، ئاداش بۇ خىل گەپلىرىڭنى نەدە ئاقسا شۇ

يەردە قىلىشىال. بابا سەن دېگەن قورااللارنىڭ ئىگىلرى رەقىبكە ئەمەس. ۋاقتى كەلگەندە بىزگە ئارقا تىرەك بولىدۇ. بىز دۈشمەنلىرىمىزنى شۇلارغا تايىنىپ يوقىتىمىز!

ھاشىر زۇلياغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. بۇنى نامەت كۆردى - دە. قىسقا جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ مۇرىسىنى چىقىرىپ قويدى:

- ئاچچىق ئادەمنى ھەر نىمە دېگۈزىدۇ - دە. زۇليا ئاكا. گەپنى نەرلەرگە ئەكەتتىڭ ھوي! مەن ئەلا ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشنىڭ كويىدا، سەن نىمىلەرنى دەپ يۈرۈيسەن؟

— كىم بىلىدۇ، سەن كىملەر ئۈچۈن ئىنتىقام ئالماقچى. نامەت ئاداش، ھەدېسىلا نەشە چېكىۋالغاندەك سۆزلەۋەرمىگىنە. ئەلانى كىملەر. نىمە ئۈچۈن ئۆردى؟ بۇ ئېنىقى نامەلۇم. مۇش ئات، لېكىن ئاسمانغا ئاتما!

ئاشپولاتنىڭ ئاچچىق گېپى بىلەن نامەت جىمىپ قالدى.

ئەلا ناھىيە دوختۇرخانىسىدىمۇ ياتالمىدى. چۈنكى دوختۇرخانىدا نە دوختۇرلار. نە كۆتۈلگەندەك شارائىت يوق ئىدى. ئاخىر ئۇ ھاشىرنىڭ ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭغا ياتاقتا دورا بېرىش. ئوكول سېلىش، بېشىنى يۆلەپ سۈت ئىچكۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنى ھاشىر بىلەن قورماش ئۈستىگە ئېلىشتى.

ھاشىر ھازىرمۇ ئالدىراش. گەرچە ھازىر دېكابىرنىڭ ئاخىرى بولۇپ، دېھقانلار ئېتىز ئىشىنى تاماملاپ قىشلىق مەشرەپ - ئولتۇرۇشلىرىنى باشلىۋالغان. ناھىيىدە زور سۇ قۇرۇلۇشى. يول ياساش. ئېلېكتر ئىستانسىسىغا ھەقسىز ئىشلەش ۋاقتىنچە توختىغان. پۈتۈن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئادەم يوق بولىسىمۇ ھاشىرغا ھامان ئىش تېپىلاتتى. ئۇ «گاز» ماشىنىسىغا چۈشۈۋېلىپ «ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش ئىشخانىسى» نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى نامى بىلەن ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئەبىشىي ئورمانلىقلارنى ئاسراپ قېلىش. قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ چارۋا ماللارنى پىلانسىز سويۇش، سېتىشقا ئوخشاش ناتوغرا ئىشلارنى چەكلەش. ھەر قايسى گۇڭشېلاردا نەقسىمانى ۋاقتىدا ئىشلەپ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ. كېلەر يىللىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەييارلىقىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى ئىزدەپ تېپىپ. ھەربىلەر بىلەن بىللە ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە كوممۇنىستلار قورۇق شۇئار توۋلىماسلىقى لازىم ئىدى. «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» خۇددى گېبزىت - ژۇرنال، ھۆججەتلەردە ئېيتىلغىنىدەك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازاد قىلىپ، گۈللىنىش. باياشاتچىلىق پەيدا قىلىشى. كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلۇشى لازىم ئىدى. لېكىن ئۇ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. ناھىيە بويىچە ئومۇمىي مەھسۇلات. ئومۇمىي كىرىم زور دەرىجىدە كېمەيگەن. دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئېغىر ئازايغان. قەرزدارلارنىڭ سانى بۇلتۇرقىدىن بىر ھەسسە كۆپەيگەن. دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرەلمەيدىغان دۆلەتلەر ھەسسىلەپ ئارتىپ. دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا قاراپ قالغان دادۇي. شياۋدۇيلەر پەيدا بولغان. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقان - چارۋىچىلىق مەيدانلىرى بىلەن تاغ. ئورمان. كارخانىلار بانكىدىن قەرز ئېلىش ھېسابىغا ئادەملىرىگە مائاش تارقاتماقتا . . .

ھاشىر مانا بۇ كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىۋاتقان ۋەزىيەت ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. ئۇ رەللى بولاتتى. تويەر - بۇيەردە بۇ توغرۇلۇق سۆزلەيتتى. لېكىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغان ئادەم ناھىيىدە ئۇگۇل ئوبلاستتا. ئاپتونوم رايوندىمۇ تېپىلمايتتى. پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ كونا رەھبەرلىرى نامەن ئارتىپ چىقىرىلغان. نامسىزى تەشكىلات رەھبەرلىرى بىلەن قورالىق قىسىملار رەھبەرلىرى بۇ ئەمەلىي مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆز بولغاندا:

— چوڭ يىغىلىش ياخشى. ۋەزىيەت چوڭ ياخشى. سىز دېگەن ھادىسىلەر ۋاقىتلىق. دەرھال ئۆتۈپ كېتىدۇ. — دەپ جاۋاب بېرىشەتتى. ئۇ مانا مۇشۇنداق شارائىتتا دوستى ئەلانىڭ ئويىغسىز پالاكەتكە يولۇققىنىنى كۆرۈپ ئېغىمۇ ئەسەبلەشتى؛ ئويغىمۇ. تامىقى ئازايدى. ئۇ جۇددى. ھالسىزلاندى. بارلىق غەزىپىنى ئاماكا ئىسىدىن ئالماقچى بولغاندەك ئارقا - ئارقىدىن موخوركا ئۇرىدى. ئۇنىڭ باشمالتىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقى ئاسىۋال قاپقىدەك قىزارغان. چىشلىرىمۇ سارغايغانىدى.

— نىمانچە چېكىسەن ئۇي! — دېدى قورماش باياتىن بېرى ئەلانىڭ كۆكرىپ كەتكەن چىرايىدىن كۆز ئۈزمەي ئارقا - ئارقىدىن ئاماكا چېكىۋاتقان ھاشىرغا قاراپ. — ئۆزەڭنى ئايىما. مۇتو كېسەللىنى ئايا. كۆردۈڭمۇ ئۇينىڭ ھاۋاسىنى سېنىكىلىغاندەك قىلىۋەتكىنىڭنى!

ھاشىر ئورنىدىن تۇرۇپ ياتىقىنىڭ باغقا قارىغان دېرىزىسىنى ئېچىۋەتتى. ئۇيگە گۈرۈلدەپ سوغ ھاۋا كىردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياغاچ كارىۋىتىدا گىلەم ئۈستىدە ئوڭدا ياتقان ئەلانىڭ يوتقىنىنى ئۈستىگە ھەربىيچە جۇۋىسىنى يېپىپ ئەلانىڭ ئۆلۈككىگەندەك ساڭگىلاپ تۇرغان قوللىرىنى جۇۋىغا تىقتى ۋە ئەلەم بىلەن ئوھ تارتىپ:

— نىمە بوپ كەتتى بۇ جاھان - ھە! — دېدى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ. — بۇ زەربە بىزگىلا بولۇۋاتىدۇغۇ - ھە؟ ناھىيە ئىگەشتى. راۋىيە ئۇرۇمتىدە؛ — ئەلا چالا ئۆلۈك! — مېنىڭ

يۈرىكىمنى يۇلۇپ ئېلىشلا قالدىمۇ ئەمدى؟ بۇ ھەقىقەت دېگەن ئەرىسە بارغانسېرى مەندىن يىراقلاپ كېتىپ بارىدۇغۇ ـ ھە؟ قۇرماش، سەنمۇ، مەنمۇ پارتىيە ئەزاسىغۇ، ھەقىقەت بىزنىڭ قولىمىزدا بولۇشى، بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم ئىدىغۇ. قېنى ئۇ؟ قول يەتمەيدىغان يەرگە كەتتىمۇ ـ ھە؟

— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ھەقىقەت خۇداغا ئوخشاش بىزنىڭ قەلبىمىزدە تۇرسا سەن ئۇنى نەدە دەپ يۈرسەنا؟

— قەلبىڭدىكى ھەقىقەتنىڭ كىمگە كېرىكى بارىكەن؟ سېنىڭ ھەقىقەت ئۈچۈن جان تىككىنىڭنىڭ قانچىلىك رولى بار؟ ھەق سۆز بىلەن رازىيەنىڭ دىدارىنى كۆرەلىدىڭمۇ؟ ئەلانى ئۇرغان ۋەھشىلەرنى تاپالىدىڭمۇ؟ يازىرى بولمىغان ئالتۇننىڭ ئەخلەتتىن پەرقى نېمە؟ مەن خەت يازىمەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا، ماۋجۇشىغا ناھىيىنىڭ ئەھۋالىنى. ئۆزەمنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا يازىمەن!

— ياز ئاداش، مەن بىرىنچى بولۇپ قول قويىمەن، ئەمما گېزىتلەرنىڭ باشماقالىسىنى ئوقۇۋېلىپ ئاندىن كېيىن ياز!

— نېمە؟ يالغان سۆزلە دېمەكچىمۇ سەن؟

— ئۇنىڭسىزمۇ سەن دائىم يالغان سۆزلەيسەنغۇ، ئەلا گەپ قىلالىسا ئىدى، يالغانلىرىڭنى بىرمۇبىر دەپ بەرگەن بولاتتى.

— يالغان سۆزلىگىنىم يوق، راست گەپلىرىمنى ئەمەلىيەت يالغان قىلىپ قويغان چاغلار بولدى. پەرەزلىرىم خاتا چىققان ۋاقىتلار بولدى، لېكىن مەن يالغانچى ئەمەسمەن!

— گېزىتلەردىكى گەپلەرنى ھەممىلا جايدا سۆزلەيسەن. ئۆزەڭدە كۆرگەنلىرىڭنى ھەجەپ سۆزلىمەيسەنا؟

— مەن كوممۇنىست، مەن پارتكوم سېكرېتارى. بىلدىڭمۇ؟ مېنىڭ دەۋرىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان، پارتىيىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يېتىدىغان گەپلەرنى سۆزلەشكە ھەرگىز تىلىم بارمايدۇ.

— بەللى. يالغان گەپ قىلساق پارتىيىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتمەمدىكەن؟ مەسىلەن: گېزىتتە «خەلق گۇڭشېلىرى گۈللىنىمەكتە، يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا نەچچە يىل مول ھوسۇل ئالدۇق» دەپ سۆزلەيدۇ، بۇ يالغان. يېزىلار ۋەيرانىلىشىۋاتىدۇ، مەھسۇلات كېمىيىۋاتىدۇ. قىسقىسى بىزنىڭ ناھىيە شۇنداق، مانا بۇ راست. شۇنداقمۇ؟ سەن بولساڭ ناھىيىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇپ ھېچقانداق سورۇندا راست گەپ قىلمايسەن، گېزىتتىن يادلىۋالغان گەپلەرنى قىلىسەن. بۇنىڭ بىلەن پارتىيىمىزنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرگەن بولامسىنا؟

— مېنىڭچە ئەلادەك ھەممىلا نېمىنى تىللىسام. ھەممىلا ئادەم بىلەن ئىتىۋۇقۇشسام، ئالاشسام بولىدىكەن ـ دە!

— مەن ئەلانى ئەيىبلىمە، ئۇ كوممۇنىست بولمىغىنى بىلەن نۇرغۇن ئىشلاردا بىزدىن ياخشى. راست گەپ قىلىدۇ. مەسىلەن: «ئىنقىلاب» توغرىسىدا نېمە دېدى؟ ئادەم قورقىدىغان گەپلەرنى قىلدى؟ كەلگۈسى، ئەمەلىيەت جاۋاب بەرسۇن دەيدۇ، بۇ مېنىڭچە توغرا، تارىختا ئۆتكەن ھەر قانداق بىر ئۇلۇغ ئادەم ئۆز تەشەببۇسىنى خاتا دېمىگەن، كېيىنكى ئەمەلىيەت، ئەۋلادلار نۇرغۇن ئۇلۇغ ئىشلارنى خاتاغا چىقىرىۋەتكەن!

— بولدى قوي! — دېدى ھاشىر ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ. — ئەلا تېپىلغۇسىز گۆھەر. لېكىن ئۇ سىياسىي جەھەتتە تېخى خام. ھەتتا ساۋاتسىز. «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا بولغان كۆز قارىشى خاتا، ناھايىتى خاتا. ئۇ نۇرغۇن تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىدۇ. ئۇ دانالىقىدىن ئەمەس، ساۋاتسىزلىقىدىن شۇنداق سۆزلەيدۇ، سەن قۇرماش ئۇنىڭغا تولىمۇ چوقۇنىسەن!

— مەن ھەقىقەتكە چوقۇنىمەن ئاداش. مەن بۇ ھەقىقەتنى سېنىڭ ئاغزىڭدىن كۆرە ئەلانىڭ ئاغزىدىن كۆپرەك ئاڭلايمەن!

ئۆي مۇزلىدى. قۇرماش دېرىزىنى ئەتمەكچى بولدى. دەل شۇ چاغدا ئۇ، بىرسىنىڭ دەرەخ ئارىسىدا شىپىرلاپ ماڭغىنىنى كۆرۈپ قالدى:

— كىم؟

— بۇ مەن. قۇرماشمۇ سىز؟ ئەلا قانداقراق؟

— رەقىب بۇجاڭمۇ؟ كىرىڭ. ئەلا بىر خىل ياتىدۇ.

— ھازىر شەھەردىن چىقتىم. سىلەرنى ياتتىمۇ ـ يوق دەپ قاراپ باققىنىم ئىدى. ھازىر كىرىمەن.

— ھەقىقەتنىڭ ۋەكىلى ئەمدى كىرىدىغان بولدى. ھاشىر، مانا كۆز قارىشىڭنى ئۇنىڭغا ئاشكارا ئېيت! — قۇرماش كۈلدى.

ھاشىر گەپ قىلماستىن قۇرماشقا ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— ئەسسالام! — سالامدىن كېيىن ناھىيىنىڭ ئۈچ رەھبىرى ھوشسىز ياتقان دوستىنىڭ بېشىدا جەم بولۇشتى.

رەقىب نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن كىرگەنىدى. ئۇ ئەلانىڭ پېشانىسىگە ئالقىنىنى قويدى، ئەلانىڭ نىمجان قوللىرىنى سىلىدى.

ئەلا ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرىنى ئەستە كۆتۈرۈپ قان تولغان كۆزلىرىنى ئەستە ئاچتى ـ دە، يەنە يۇمدى.

— مېنى كەچۈرگىن ئەلا. سېنى قوغداپ قالالمىدىم! — رەقىبنىڭ ئاۋازى تىترەيتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى نېمە ئۈچۈن تىترەۋاتقانلىقى ئۆزىگىمۇ. ھاشىر بىلەن قۇرماشقىمۇ ئايانىدى. بۇ ئۈچ نەپەر ناھىيە رەھبىرى ئاز ۋاقىت بولسىمۇ مۇشۇ ناھىيىنىڭ

مەدەنىيەت - مائارىپ، سائلىقنى ساقلاش، تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى بىللە ئىشلىگەن. بىر - بىرنى ئاز - تولا چۈشەنگەن. «ئىنقىلاب» ئۇلارنى بىر - بىرىگە تېخىمۇ تونۇشتۇردى. ھازىر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر - بىرىنى چۈشەنمىگەدەك ھېچقانچە سىر قالمىغانىدى. شۇڭا رەقىبنىڭ ئاۋازى نېمىگە ئىنتىرەۋاتقانلىقى ھەر ئۈچىلىسىگە چۈشىنىشلىك.

رەقىب بۇ ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن گەپنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى چوڭ تەرەپنىڭ سۆھبىتىگە بۇرىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىنقىلابىي رەھبىرىي كادىر» ۋەكىلى بولۇپ سۆھبەتكە قاتناشقانلىقى (ئەمەلىيەتتە بىر تەرەپنىڭ ۋەكىلى بولسىمۇ). سۆھبەت جەريانىدا مەركەزدىن يېڭى كەلگەن رەھبەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكى. ئۇ كىشىنىڭ رەقىبنى ماختىغانلىقى. رەقىبنىڭ لايىھە تۈزۈش گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ «چوڭ بىرلىشىش كېلىشىمى»نىڭ ھەر ئىككى تەرەپ قوبۇل قىلالايدىغان لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ... قاتارلىق ئىشلارنى ئەزمىلىك بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى. قۇرماش سەۋر - تاقەت بىلەن ئاڭلىدى. ھاشىر ھېلىدىن - ھېلىغا موخوركا ئورايتتى. رەللى بولۇپ قىمىرلايتتى. ئۇ ئاخىر تاقەت قىلالمىدى:

— يولداش رەقىب، — دېدى ئۇ رەقىبنىڭ گېپىنى بۆلۈپ. — سىز ھەربىي باشلىقلار بىلەن تونۇشۇپسىز. كەلگۈسىدە بىزگە رەھبەر بولىدىغان ئوخشايسىز. ئېيتىڭا. قاچان بۇزۇقلار تازىلىنىپ. ئىشلار ئىزىغا چۈشىدۇ. بۇ يىل ئەتىياز قانداقراق بولار؟

— ئىنقىلاب خېلى داۋاملىشىۋاتىدۇ، — دېدى رەقىب كۈلۈپ قويۇپ. — جىن - شەيتانلار تۈزلۈكسىز سەكرەپ چىقىپ تۇرىدۇ. ئىنقىلابنىڭ قوشۇن تازىلاش، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش دېگەن باسقۇچلىرى بار. شۇ باسقۇچلاردا ئەلۋەتتە بۇزۇقلار ئەدىبىنى يەيدۇ. مەسىلى ئەلانى تۇرغان لۈكچەكلەرنى ئالساق. ئاساسەن ئېنىقلاندى. مەن مۇشۇ ئىش بىلەن ئىلى ھەربىي رايونى رەھبەرلىرى بىلەن ئۈچ قېتىم كۆرۈشتۈم.

— كىمكەن ئۇ زادى؟ — قۇرماش ئالدىراپ سورىدى.

— كىم بولاتتى. گۈزەلنىڭ ھېلىقى نامچى قوشنىسى بولمامدۇ؟ ئۇ ئۆزىچە گۈزەلنىڭ ئىشەش ئارتىپ يۈرگەندەك. ئەلا شۇ كۈنى گۈزەلنىڭكىدە بولغان. كۈنچىلىك قىلىپ تۇرغان گەپ. بۇ لۈكچەكنى ھازىر بىر ئاممىۋى تەشكىلات قانات ئاستىغا ئېلىۋاتىدۇ. بولمىسا تاناۋى تارتىلاتتى.

— ئاممىۋى تەشكىلاتلار خېلى تۇرغۇن بۇزۇقلارنى قانات ئاستىغا ئېلىۋالدى. بۇ گېپىڭىز راست يولداش رەقىب! —

ھاشىر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قۇرماشقا قاراپ قويدى.

— ھازىرقى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇپ. چەت بىلەن يوشۇرۇن ئالاقىلىشىپ. پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلارمۇ بار! — دېدى رەقىبمۇ ئوخشاشلا غەزەپلىنىپ.

— ئەڭ خەتەرلىكى قوي تېرىسىگە كىرىۋالغان بۆرىلەر! — دېدى قۇرماشمۇ تولارغا ماسلىشىپ. — تولارنىڭ قولىدا قىزىل بايراق. قوينىدا قانلىق خەنجەر. تولار سۆيقەست ھېيلە - نەيرەڭگە ئۇستا. تورۇپلا ئاممىنى ئاممىغا كۈرەشكە سالىدۇ. تۇرۇپلا باشقىلارنىڭ قولىغا خەنجەر تۇتقۇزۇپ ئۆز دوستىنى ئۆلتۈرگۈزىدۇ. بىرلىرىنى ئالدايدۇ. بىرلىرىنى قورقىتىدۇ. بىرلىرىنى قايمۇقتۇرىدۇ. بىرلىرىنى سېتىۋالىدۇ. ئىش قىلىپ ئويۇن. مەنپەئەت. ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پارتىيىۋىلىكىنىمۇ سوتۇق ياماققا ساتىدۇ! مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بىزگە مۇشۇ خىل قوي تېرىسىگە ئورنىۋالغان بۆرىلەرنى ئاشكارىلاپ بەرگىنى بولدى. قانداق دېدىم؟

ئۇ ئاۋۋال ھاشىرغا. ئاندىن كېيىن رەقىبكە قارىدى. ھاشىرمۇ. رەقىبمۇ ئامدەك ئاتىرىپ. خۇددى ھازىرلا بىر - بىرىگە ئېتىلىدىغاندەك غەزەپلىنىپ ئولتۇراتتى. قۇرماش بۇ جىددىيلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن رەقىبنىڭ سوۋغا - سالىمى ئىچىدىن ئۈچ تال ئابرۇت ئالمىنى ئالدى:

— ئالما يەيلى. ئەلا تۇغرىسىدا گەپلىشەيلى. كەلگۈسى تۇغرىسىدا تېخى ئۇزۇن سۆزلىشىمىز. تېخى ئۇزۇن ئولتۇرۇشىمىز. كىم بىلىدۇ تېخى كەلگۈسىدە ئىلىشىپمۇ كېتىمىزمۇ. ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ. ھازىر دوست بىز. دوستلۇقنى قەدىرلەيلى. ئاقلاپ بېرەيمۇ ھاشىر. پاكى پوستى بىلەن يەۋېرەمسەن؟

— بىر بوتولكا ھاراق بولسىدى. ئالمىنى زاكۇسكا قىلىپ ئىچسەك! — دېدى ھاشىر ئالمىنى چاپىنىغا سۈرتۈپ قويۇپ كورسىلدىتىپ چىشلەۋېتىپ. — پۇغانىم تۈرلەپ قالدى.

— مەن ئىلىپ چىقاي ئەمسە. — دەپ قوزغالدى رەقىب. — مېنىڭ يانچىمدا ھەممە نېمە بار!

رەقىب چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئەلا ئازاب بىلەن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ كۆزىنى ئاچتى. ھاشىر تۇنىگىغا ئۇسسۇزلۇق ئىچۈردى. ئەلا داردايغان كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ كۆزلىمەكچى بولدى. ئۇ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ. گەپنى بىرمۇ بىر. ئەستە ئېغىزدىن چىقىرىپ چاقچاق قىلدى ...

— ئۇ... نىڭ... غەلىبىسى... ئۈچۈن... مەن... مۇ... بىر رومكا... ئىچەي!...

ھاشىر بىلەن قۇرماش قاقاھلاپ كۈلۈشتى. ھاشىر خۇشال بولۇپ:

— قالغان يېرىگىنى مەن تۇرۇپ تىنشۈيتەيمۇ ئاۋاق. ئىمىشقا مېنىڭ غەلىبەم ئۈچۈن ھاراق ئىچمەيسەن؟ — دېدى.

— سېنىڭ... غەلىبەڭ... ئۈچۈن... ھاراق ئەمەس... قەسەم... ئىچمەن!...

— يارايسەن ئاۋاق. يارايسەن ئاداش. ساقايدىڭ. ئەتىلا ماڭىسەن. ئامايشقا قاتنىشىسەن!

— كۆرەش يىغىنىغا قاتنىشىدۇ بۇ. ساقايسىلا ئاممىغا باش ئېگىدۇ. بىز بۇنى كۆرەش قىلىمىز! — دەپ چىقىشتى قۇرماش. ئەلا بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى. ئۇنىڭ قارىداپ كەتكەن لەۋلىرى خام ئۈزۈكتەك تىترىدى.

ئون كۈندىن كېيىن ئەلا قولتۇق تاياق بىلەن ماڭغىدەك بولدى. لېكىن ئۇ ئولىمۇ ماغدۇرسىز، زەئىپ ۋە روھسىز ئىدى. ئۇنى دوستلىرى مەسلىھەتلىشىپ زۇلىيانىڭ ئۆيىگە يۆتكىدى. ھاشىر ئۆزى ماشىنا بىلەن ئۇنى زۇلىيانىڭكىگە ئېلىپ كەلدى. ھاشىر خوشلىشاردا ئەلا ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ:

— ھاشىر، گۈزەلئايغا ئېيت، بىز يارىشىپ قالايلى. مەن ئوغلۇمغا زادى چىدىمىدىم. مەن سەزدىم. گۈزەلئاي مەندىن سوۋۇغان ئەمەس! ئۇنىڭ ياراشقىسى بار. لېكىن مەغرۇرلۇقى قويمايۋاتىدۇ! — دېدى.

ھاشىر ئۇنىڭغا ۋەدە بەردى.

1968 - يىلى كىرىش بىلەن ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ھەپتىلەپ قار ياغدى. شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ يوللىرى ئېتىلدى. شەھەر كوچىلىرى قار دۆۋىلىرى بىلەن توشتى. شەھەرلىكلەرنىڭ ئىشى ئەتىدىن - كەچ كىرگىچە قار تازىلاش بولدى. ئۆگزىلەرنى تازىلاپ بولۇپ ئەتىسى چىقسا ئۆگزىلەرنى يېرىم مېتىر قېلىنلىقتا قار قاپلىغان بولۇپ چىقاتتى. ھاشىرنىڭ ئەمدىكى ئىشى چارۋىچىلارنى ئاپەتتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئادەم تەشكىللەپ تاغلارغا بارىدىغان يوللارنى ئېچىش بولۇپ قالدى.

ئۇ قىشلاققا بارىدىغان ئىككى چېتى تىك چوققا ۋە بۈك قارىغايلىق غول ئىچىدە تراكتور ۋە ئادەملەر بىلەن قار كۆرەپ يول ئېچىپ يۈرگەندە ئۇنىڭ قېشىغا سېمىز - ئويناق تورۇق ئات مىنىپ قۇرماش يېتىپ كەلدى. ئۇ ھودۇققان ۋە جىددىيلەشكەنىدى. ھاشىر ئۇنى ئۈستى چىم بىلەن يېپىلغان ياغاچ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ ئىشىكنى ياپتى:

— قېنى سۆزلە، نىمە بولدى؟ [illegible]

— جاناق! — دېدى قۇرماش. — پاجىئە. ئاداش ھاشىر ئىش جاناق!

— بېشىڭغا چېقىلغان چۈشكەن بولسىمۇ سۆزلە. نىمە بولدى قازاق؟

— تۈنۈگۈن كەچ، ئادىرۇۋ، ساۋۇتوۋ، ئوسمان، تاش، نامەت، زۇلخۇمار، ئامىنە، ماناپ ... بىراقلا قولغا ئېلىنىپتۇ. ئاڭلىشىمچە ئىككىمىزنى، ئەلانى، زۇلىيا ئاكىنى ئىككىنچى قەدەمدە تۇتقىدەك. قانداق قىلىمىز؟

— كىم تۇتۇپتۇ، ئاممىۋى تەشكىلاتمۇ، ھەربىي رايونمۇ؟

— ھەربىيلەر تۇتۇپتۇدەك!

ھاشىر موخوركا ئورىدى. ئۇ مۇنداق چاغدا تولىمۇ خاتىرجەم، تەمكىن بولۇۋالاتتى:

— بىزنىڭكىلەرنىڭ بىز بىلىدىغان ئىشلىرىدىن باشقا يوشۇرۇن ھەرىكەتلىرىنى سەزگەنمىدىڭ؟

— نامەتنىڭ دېيىشىچە ئۇ بىر ئەچچەيلەن بىلەن «ۋەتەن قۇتقۇزۇش» دەيدىغان رادىئونى ئاڭلاپتىكەن!

— يەنىچۇ؟

— چەتتىن كەلگەن بىرسى بىلەن كۆرۈشۈشنى دېگەندەك قىلىۋىدى!

— بىزنىڭكىلەردىن ئۇنىڭغا يەنە كىملەر چېتىلغان، بىلەمسەن؟

— ياق. بىلمەيمەن!

— نامەتنىڭ ئىشى باشقا گەپ. — دېدى ھاشىر خىيالچانلىق بىلەن. — يەنە ئادىرۇۋنىڭ قانداق گۇمانلىق ئىشلىرى بار، بۇنى بىلمەيمىز. لېكىن بىز سۈتتىن ئاق. خاتىرجەم بول. قانداق ئۇتقان بولسا شۇنداق ئەپۇ سوراپ قويۇۋېتىدۇ. سەن گۇمانلانما. شۇنداق بولىدۇ. سەۋەبى ئاددى: جۇڭگو گوڭچەنداڭى غۇلاپ كەتكىنى يوق. پاتىمىز ھەققانىي. توغرا پارتىيە. ۋاقىتلىق يېڭىلىمىز. ئاخىر يېڭىمىز. سەۋەبى بىز پارتىيىمىزگە تايىنىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىلە - نەيرەڭ. قۇۋلۇق - شۇملۇققا تايانغانلاردىن ھامان بىز كۈچلۈك! مەن ئاھىيگە بارىمەن. ئۇلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ يولىنى قىلىمەن!

ئۇ ئاسمانغا قارىدى. ھاۋا مانانلىق. ئاۋۋال ئۇششاق. كېيىن بال قوشىقىدەك قار چۈشۈشكە باشلىدى. بىردەمدىلا تازىلانغان يوللارنى قار كۆمۈپ كەتتى. بىردىنلا ئەدىندۇر بوران پەيدا بولدى. قارلار ۋىژىلداپ ئۇچاتتى. قارىغايلار غاراسلايتتى. بوران ھۆكۈرەيتتى. ھاشىر بىلەن قۇرماش تورۇق ئاتنىڭ دالدىسىدا شۈمشىيىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنى قارلار تورماقتا. بوران ئىتتەرمەكتە. تەبىئەت جازالىماقتا... ھاشىر تاغ تەرەپكە قارىدى.

— چاناق بولدى، قۇرماش، ئۈچ كۈن بولدى قىشلاقتىكىلەرنىڭ بەيدىغىنى ئۆزگىگىلى! قار ئاپتىگە يولۇققانلارنى قۇتقۇزىمەنمۇ، تۈرمىگە چۈشكەنلەرنىمۇ؟ ئېيتقىنا قۇرماش، بۇ ئاپەت قاچان ئاخىرلىشىدۇ؟

ئۇنىڭغا بوران جاۋاب بەردى، يوتقاندەك بىر قار كۆچمىسى ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا چۈشتى.

بۇ چاغدا ئەلا زۇلپىيانىڭ ھويلىسىدا تۈرگە بىلەن قار تازىلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىيالى شەھەردە، شەھەر يولى ئېتىلگەن، ھاۋا تولىمۇ سوغ ئىدى. «گۈزەلئاي نىمە قىلىۋاتىدىكىن، مېنىڭ ئوغلۇم ئەلىچۇ؟ ھاشىر نىمىشقا كەلمەيدۇ، ئۇنى ئەلچىلىككە تاللىغاندىكىن مەنمۇ ساراڭ. ئۇزىنىڭ ئىشىنى ئوڭلىيالمايدىغان ئومبالقا مېنىڭ ئىشىمنى ئوڭلىيالايتتىمىكى؟ ...»

— ئەلاجان ئۆكام، تۈرگىنى قويۇڭ، خىيتىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، سىز ئېغىر ئۇزۇلۇپ كېتەلمەيدىكىز. ئۇسام جايغا چاقىرىپ بالىسىنى ئەۋەتىپتۇ، بىزە تۇرۇپ سىزنى چانا بىلەن مېھمانغا ئاپىرىمەن!

زۇلپىيا ئەلانىڭ قولىدىن تۈرگىنى تارتىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلاتتى، ئەلا ھەدەپ قاچۇراتتى. ئاخىر زۇلپىيا تۈرگىنى ئېلىۋالدى.

— زۇلپىيا ئاكا، — دېدى ئەلا كۈلۈپ تۇرۇپ، — خىيلى ماغدۇرىمغا كىرىپ قاپتىمەن جۇمۇڭ، شەھەرگە كىرىپ ئوغلۇمنى كۆرۈپ چىقاي دەيمەن!

— ياق، بولمايدۇ. ۋاقتى ئەمەس ئۆكام. مەن بۇنىڭغا ئۇنىمايمەن!

— بىر كېچە قونۇپلا قايتىپ چىقىمەن ئاكا، ماڭا ئەتىلا ئات توقۇپ بېرىڭ!

— ياق، ياق، — دېدى زۇلپىيا بېشىنى چايقاپ، — مەن سىزنى يولغا سېلىپ قويۇپ خاتىرجەم بولالمايمەن!

— مەن ھاشىر بىلەن كۆرۈشىمەن، مۇھىم ئىشىم بار ئاكا!

زۇلپىيا جىمىپ قالدى. ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىندى.دە:

— ئۇنداق بولسا مەن ھاشىر شۇجىنى ئۇيگە باشلاپ كېلەي. بۇگۈنلا ناھىيىگە باراي، بىز ئۇچىمىز ئەقىللىشىپ بىر ئىش قىلايلى، — دېدى.

زۇلپىيا ئەتىسى ھاشىرنىڭ خېتىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئەلا خەتنى ئوقۇپ ساراڭ ئادەمدەك بىردەم كۈلۈپ، بىردەم ئۇمچەيدى. ئۇ باغ ئارىلاپ ناھىيىگە قاراپ نەچچە رەت يۈگۈردى، لېكىن زۇلپىيا ۋە ئۇنىڭ يېزىلىقلىرى ئۇنى قويۇپ بەرمىدى. ھاشىر زۇلپىياغا: «ئۇنى قوغداڭلار، ئىنقىلابىي كومىتېت قوزغىلىشىغا ئۇنى يېزىدىن چىقارماڭلار! ئۇنى پارتىيىمىز سىلەرگە تاپشۇردى، بىز ئۇنى قوغداپ قالساق كەلگۈسىدە خەلقىمىزگە چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن بولىمىز» دەپ جېكىلىگەن، زۇلپىيا ئۆزىمۇ بۇ ياش يىگىتنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى چىن قەلبىدىن چۈشەنگەنىدى.

ئۇزۇندە بىز كىتابخانىلارغا ھاشىرنىڭ خېتىنى ئەينەن تاپشۇرماقچى:

«قىممەتلىك دوستۇم ئەلا! يالقۇنلۇق سالام، ساڭا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن. ئامانلىق تىلەيمەن! كىچىك ئاپاڭنى مەن ئۈچۈن قۇچاغلا، قىزىڭنى سۆيۈپ قوي.

دوستۇم، ساڭا بۇ ئىشنى ئېيتمىسام كەلگۈسىدە جەزمەن ئەيىبلىنىمەن، غەيرەتلىك، ئەقىللىق، سەۋرلىك يىگىت بولغىنىڭ ئۈچۈن بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزەڭنى يوقىتىپ قويمايسەن، مەن بۇنىڭغا قاتتىق ئىشىنىمەن. ئەسلىدە يۈزمۇ-يۈز ئولتۇرۇپ ئېيتماقچى ئىدىم. لېكىن مەن ھازىر نازارەت ئاستىدا، سىرت بىلەن ئالاقە قىلالمايمەن. پات ئارىدا كۆرۈشىمىز، بارلىق پاجىئەلەرنىڭ ئېگىسى ئۈستىدە پىكىرلىشىمىز، شۇم خەۋەرنىڭ بىرىنچىسى مۇنداق: ساۋۇتوۋ باشلىق دوستلارنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنغان. ناسىر ئەلەرگىدۇر قېچىپ قۇتۇلغان. سەۋەبى، دوستلىرىمىز «ئەكسىلئىنقىلابىي ئەشكىلات قۇرغان» مىش. پىلانلىغۇچىسى نادىرۇۋ بىلەن مەن ئىكەنمىشمەن. ئۇلار ھازىر ئوسمان، قۇرماش، تاش، زۇلخۇمار، ئەلاتۇر، ساۋۇتوۋ، ماناپ، ئۆمەر ئەپەندى، كېرىمجان، ... قاتارلىق دوستلارنى سوراق قىلىپ ئىقرارنامە يازدۇرۇپ بىزنى قانۇنىي ئاساستا (گەرچە بۇ قانۇن يوق بولسىمۇ) رەسمىي قولغا ئېلىشنىڭ ھازىرلىقىنى قىلىۋېتىپتۇ. خەۋەرنىڭ ئىككىنچىسى مۇنداق، بۇ خەۋەرنى چىدام ۋە ئەمكىنلىك بىلەن ئاڭلاپ قوي، ئۆزەڭنى ئۇتتۇۋال، گۈزەلئايغا ئەلچى كىرگۈزدۈم. ئەلچىمىز ئەلاتۇر، ئوسمان، زۇلخۇمارلار بولدى. گۈزەلئاي يارىشىشقا زادىلا ئۇنىمىدى. ئۇ ھېلىقى چاغدا ئۆھمەتكە يولۇققاندىن كېيىن ئار-نومۇسنى ئاقلاشقا ئىلاج تاپالماي ئوغلۇڭنى باغرىغا بېسىپ دەرياغا چۈشكەندە ساۋۇتوۋ قۇتقۇزۇپ قالغان. ئۇلۇۋېلىش خەۋپى ئۆتۈپ كەتتى. دوستلار ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالدى. دوستلار ھازىرمۇ گۈزەلئاي بىلەن ئوغلۇڭغا قاراۋاتىدۇ. ئەمدى شۇنداق بىر پاجىئە شەكىللەنگەن: گۈزەلئاي ئۆمۈر بويى ساڭا ئىگىلىپ قارىيالمىغىدەك. بۇ ئەلۋەتتە چۈشىنىشلىك. سېنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى كۆرگەنلىكى، ساڭا ئۈمىد باغلىغانلىقىنىڭ بەلگىسى! ئۇ مۇھەببەتكە سادىق. پاكىزە قىز ئىكەن. ئۇ ئەمدى ھاقارەت قىلىنغان جىسمى ۋە روھى بىلەن سېنىڭ ئۇچىقىڭغا تاشلىنىشنى خالىمايدىكەن: ئوغلۇڭ ئەلى. ھامان بىزنىڭ

ئالدىمىزدا چوڭ بولىدۇ. ئەمدى گۈزەللىكىدىن ئۈمىد كۈتمە. ئۇ قىزنىڭ ھايات تۇغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى ھۆرمەت قىلىشقا تۇغرا كېلىدۇ. بىز تەجرىبىلىك بولۇپ قالدۇق. بىزنىڭ قايسىمىز، نېمىنى خاتا قىلدۇق؟ بۇنى ۋاقىت بىزگە كۆرسىتىپ بېرىدىكەن، يەنى ۋاقىت ئۇنىكەنسېرى ھەقىقەت ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدىكەن، دوستۇم، سەۋر قىل. (چىدام ۋە غەيرەتنىڭ يەڭگىنى ھەردەم يادىمىدا). گۈزەل كەلگۈسى بىز يېتىشەلمىگەن ئۆزگىچە كەلەرنى يېشىپ بېرىدۇ، بىز جاۋاب بېرەلمىگەن مەسىلەرگە جاۋاب بېرىدۇ. ھازىرچۇ؟ ھازىر — پارلاق كېلەچەكنىڭ ھارپىسى، ئىستىقبال يېغىنىڭ بوسۇغىسى. بۇ ھارپا، بۇ بوسۇغا بىزگە خۇشاللىقنى ئازراق، خاپىلىقنى كۆپرەك ھەدىيە قىلىدىغان ئوخشايدۇ. بىز بوزەك بولۇۋاتىمىز، خورلىنىۋاتىمىز، لېكىن بىز ھامان غالىپ چىقىمىز، ئۆزەڭنى ئۈت، نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سوئال قويۇۋەرمىگىن، سېنى چىڭ قۇچاقلايمەن، ئاچ قۇچىقىڭنى. ئاۋاق!

ھا. 1968 ـ يىل فېۋرال»

ئەلا خەتنى ئوقۇپ قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ بۇ پالاكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر يوشۇرۇن قولنىڭ ھەرىكىتى بارلىقىنى چۈشەندى.

— نېمە ئۈچۈن! — دەپ ۋارقىرىدى ئەلا ئەسەبىلىشىپ، — مەن نېمە ئۈچۈن شۇنچە خورلىنىمەن؟ نېمە ئۈچۈن مەن نېمىنى ئارزۇ قىلسام شۇنىڭ يولى توسۇلىدۇ؟ ھايات مېنى قانائەتلىنىش قىلىشقا قىستىماقتا، مەن قان تۆكسەممۇ ئىچىم بوشىمايدۇ! زۇلپىيا ئاكا، مېنى قويۇپ بېرىڭ، مەن ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن!

لېكىن زۇلپىيا ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرمىدى. پۈتۈن يېزا خەلقى ئۇنى قوغدىدى. يېزىنىڭ سېرىق غازاڭلىق كۈز پەسلى، ئەھرىتان سوغ. قېلىن قارلىق قىش پەسلى ئۆتۈپ كەتتى. ئەلانىڭ كۆلكىسى، نە ناخشىسى ئاڭلانمىدى. ئۇ سائەت ـ سائەتلەپ ئۈن ـ تىنسىز، ساقاللىرى ئۆسكەن ئېڭىكىنى تۇتۇپ، تولۇق ناش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خىيال سۈرەتتى. ئارىلاپ غىڭ مەس بولۇۋالاتتى.

زۇلپىيا ۋە ئۇنىڭ مەھەللىسىدىكىلەر ئۇنىڭ كۆلكىسىگە تەشنا. ئۇ قاچان ئېچىلاركىن؟ . . .

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

---

(بېشى 201 - بەتتە)

— ھە. راست. ئۇلار نېمىشقا ئاپتوبۇسنى ساقلىمىغاندۇ؟

— دەپ ئەجەبلەندىم مەن خېلىدىن كېيىن ھوشۇمنى يىغىپ.

— بۈگۈن يەكشەنبە ئەمەسمۇ. ئەتىگەندە ئاپتوبۇس يوق.

— ئەلۋەتتە ساقلىمايدۇ. دە. ـ بۇ ئاپتا ئۇلارنىڭ كۆزىگە يول كۆرۈنەتتىمۇ؟

— بەللى، توغرا دەيسەن. — دېدى ئۇراخۇن بوۋاي ئۆزىچە بىر خىل خۇرسەنچىلىك ئىچىدە. — شۇنداق. كۆيۈك دېگەننىڭ كۆزى قارىغۇ نەرسە!

كۆيۈمچىلىك خېلىغىچە كۆلكە ـ چاقچاق قىلىشتى. ئاخىرى بىردىن ـ ئىككىدىن ئارقاشقا باشلىغانىدى. تويۇقسىز. يېنىمىدىلا ئۈن ـ تىنسىز كېتىۋاتقان ئالتۇن چېشلىق چوكان يەرگە مۈككىدە ئولتۇردى. دە، يۈزىنى توسۇپ ھۆكۈرەپ يىغلاشقا باشلىدى:

— ماڭا نېمە بار ئىدى بۇ چۆلدە. مەنمۇ كېتىمەن. بۈگۈنلا كېتىمەن . . .

كىشىلەر ئوختاشتى. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تېڭىرقىشىپ قالدى. كۆڭۈللىرىدىن ئايالغا تەسەللىي بولغىدەك سۆز ئىزدەشتى. كۆزنىلمىگەندە ئايالنىڭ يىغىسى يەنە كۈلكىگە ئۆزگەردى. ئۇ قولياغلىقى بىلەن ئاغزىنى توسۇۋېلىپ مۈرىلىرىنى تىترىتىپ ئىچ ـ ئىچىدىن قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى. كىرپىكلىرىدە بولسا مەرۋايىتتەك ئۇششاق تامچىلار پارقىرايتتى . . .




(پوۋېست)

ياسىنجان تۇمەر



ياسىنجان تۇمەر 1946 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1954 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1965 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە قولانساراق يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. 1984 ـ يىلدىن باشلاپ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسىدە ئىشلىمەكتە.

ياسىنجان تۇمەرنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى شېئىر يېزىشتىن باشلانغان. 1983 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا «تاغ بۇلاقلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى.

## بىرىنچى باب

ئاخشامدىن بۇيان يېغىۋاتقان سىم ـ سىم يامغۇر تاڭ سەھەرگە يېقىن توختاپ قالدى. قوغۇشۇن رەڭلىك بۇلۇتلار نەگىدۇر يىتكەن. ئاسمان قېنىق زۇمرەت تۈسكە كىرگەننىدى. نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن قىزىياش سېبخى تۈرلىرنى ئويغانغان داللارغا ئايىماي سېپىشكە ئالدىرىماقتا. ئېتىز قىرلىرى، ئېرىق بويلىرى ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەر بىلەن بېزەلگەن، يېشىل مايسىلار ئارىسىدىكى ئالتۇن رەڭلىك ئامكاپ گۈللىرى تىنىق ئاسمانغا قىيا بېقىپ، باشلىق باھارنىڭ پەيزىنى راسا سۈرۈشكە باشلىغانىدى. ياشارغان نوتىلار. بىخ بارغان چوكانتاللار باھارنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلىدا ئەۋرىشىم شاخلىرىنى ئېگىپ ھەريان تولغىناتتى. شامالللار رەڭگارەڭ چېچەكلەر بىلەن ئوتاشقان باغلارنى كۆكۈلنى سۆيۈندۈرىدىغان خۇش پۇراقلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ دىماققا ئۇراتتى. ئورمانلىقتىن، باغلاردىن كاككۇكلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى- ئۈززۈلمەي ئاڭلىناتتى.

تەبىئەت زېمىنغا ئۈز نۇۋىتىدە ئاتا قىلغان بۇ ھاياتبەخش مەنزىرىلەرنى تويماي تاماشا قىلىپ. توپىلىق يولدا ئون سەككىز ياشلاردىكى بىر يىگىت كېلەتتى. ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ. بىر قارارلىق سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتناشقاندىن كېيىن. يېڭى خىزمەت ئورنىغا كېتىۋاتقان ئەنۋەر ئىدى. ئۇ. كۆزنىڭ خادادىن يىلىڭ پەشمەت ـ ئىشتىن. پۇتىغا تاسمىلىق ئىشلەت كىيىۋالغان، قاپقارا چاچلىرى ئۈستىدىن بوشقىنە بېسىپ كىيىۋالغان قاسقانلىق ئىلەڭ سارجا شەپكىسى ۋە ماشرەڭ بىرزىنت سومكىسى كېلىشكەن بەستىگە تولىمۇ ياراشقانىدى.

ئەنۋەر خىزمەت ئورنىغا مېڭىش ئالدىدا. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتنى سېغىنىپ ئېسىگە ئالدى. ھازىر بۇ يۇرتتا ئەنۋەرنىڭ نە دادىسى. نە ئانىسى يوق. ئۇلار ئالىلىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن. ئەتورۇق ـ تۇغقانلىرنى. ئاھۇبلىت ـ مەنبىزادەلىرىنىڭ

ھازىر قانداق ۋە نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىدىنمۇ خەۋەرسىز. بىراق ئۇنى، قانداقتۇر بىر غايىۋانە كۈچ ئىختىيارسىز ئاتا يۇرتىنىڭ قوينىغا باشلاپ كەلمەكتە. ئۇ كەلمەكتە، بالىلىق چاغلىرىدا كۆڭلى قانغىدەك سۇ بېرەلمىگەن بۇ مۆڭلۈك ۋە سالقىن چىرايلىق يۇرتىنىڭ قوينىغا مېڭىپ ئەمەس، بەلكى ئۇچۇپ دېگۈدەك كەلمەكتە. ئۇ ئاخىرقى قېتىم يۇرتىنىڭ چېھرىنى پۇخادىن چىققىچە سەيلە قىلماقچى...

ئەنۋەر يېزىسىنىڭ چېتىدىكى قاقاس ئېدىرلىقنى توغرىسىغا كېسىپ كەتكەن ئەگرى - بۈگرى چىغىر يول بىلەن ماڭدى. بۇ، كېچىكىدە، دادىسىغا ئەگىشىپ بېنەملەرگە بىللە بارغان يول ئىدى. ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى ئۇ ئانىسىدىن ئايرىلدى. ئەنۋەرنى دادىسى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ قوزىدەك ياۋاش ۋە مۆمىن دېھقان ئىدى. پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسىدا ئىككىنچى قېتىم ئۆيلەنگەن پەخرىدىن قوزا ئەنۋەر تۇغۇلغان كۈنى خۇشاللىقىدىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالغانىدى. ئۇ ئۈچ كېچە ئويلاپمۇ ئوغلىغا تۈزۈكرەك ئىسىم تاپالمىدى ۋە ئاخىرى، ناماز بامداتتىن يېنىپلا سوپاخۇن مەزىندىن مەسلىھەت سورىدى. سوپاخۇن مەزىن، دىلكەش، بىلىملىك ئادەم ئىدى. ئۇ ساددا پەخرىدىن قوزىغا قاراپ:

— ئوغلىڭىزنىڭ ئىسمى ئەنۋەر بولسۇن. ئەنۋەر — ئاي دېگەن مەنىدە. دۇنيادا خۇدانىڭ نامىدىن قالسىلا، قۇياش بىلەن ئاينىڭ نامى ئۇلۇغ... — دەپ مەسلىھەت بەردى. پەخرىدىن قوزا يول بويى «ئەنۋەر» دېگەن بۇ يېڭى ئىسىمنى كۆڭلىدە يادلاپ ئۆيىگە كەلدى - دە، جايىنامازنى يېيىپ تۇرۇپ، يۆگەكتىكى بوۋاقنى ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر نەچچە قېتىم يۆملىتىۋېتىپ، ئاندىن قولىغا ئېلىپ، ئات قويدى...

دادىسى ئەنۋەرنى بۇندىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى دەل مۇشۇ يول بىلەن توپتوغرا يېرىم كۈن يېتىلەپ يۈرۈپ، شەھەرگە ئېلىپ بارغانىدى. ئەنۋەر شۇ چاغدا، دادىسى ئېلىپ بەرگەن زىماناكىنىڭ تەمىنى تېخىچە ئۇنتۇغىنى يوق. دادىسى زىماناكچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ياختىلىق چاپىنىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن نومۇر دەپتىرىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ بەتلىرى ئارىسىدىن توپا يېپىشقان ۋە پۇرلىشىپ كەتكەن بىر موجەن پۇلنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئېلىپ، زىماناكچىغا تەڭلىگەنىدى. ئالدىغا كۆك پەشتاما تارتىۋالغان قويۇق قارا ساقاللىق زىماناكچى پۇلنىڭ قاناتلىرىنى ئالدىرىماي ئېچىپ، پۇلنىڭ يىرتىلىپ كەتمىگەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن، بىر پارچە زىماناكنى ئەنۋەرگە تۇتقۇزغانىدى...

ئەنۋەرنىڭ تېخىچە يادىدا: شۇ كۈنى شەھەردىن قايتىشىدا ئۇ ھېرىپ قالدى. لېكىن دادىسى ھارمىغان ئوخشايدۇ. ئۇ ئەنۋەرنى ھاپاشلىۋالدى... ئۇلار كۈن ئولتۇراي دېگەندە مۇشۇ يولنىڭ شەرقىدىكى ئېتىز بويىغا يېتىپ كېلىشتى. دادىسى ئۇنىڭغا كۆكتاتلىقلار ئارىسىدىن بىر بۆدۈنە بالىسىنى تۇتۇپ بەردى. ئۇ شۇنچە چىرايلىق، يۇڭلىرى يۇمشاق ئىدى. بىراق ئۇ ھېچنېمە يېگىلى ئۇنىمىدى. ئەتىسى ھېلىقى بۆدۈنە بالىسى كىچىككىنە تۇمشۇقلىرىنى ماك - ماك ئېچىپ بىر دەمدىلا ئۆلۈپ قالدى. شۇ چاغدا ئەنۋەر ناھايىتى ئۇزاق يىغلىغانىدى...

ئەنۋەر كەلمەكتە... باھار كىشىگە ئۈمىد - ئىشەنچ بېغىشلايدۇ. قىشنىڭ زۇلمىدىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ چىققان جىمى جانلارغا كۈچ ۋە دەرمان ئاتا قىلىدىغان مىۋىلارنى زەنجىردەك بىر - بىرىگە چېتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ يېزىسىنىڭ ئاسمىنى قاچانلاردۇر بىر چاغلاردا خۇددى بۈگۈنكىدەك زۇمرەتتەك سۈزۈك ۋە ئەمخوش ئىدى. ئۇ چاغدا دېھقانلار كوپىراتسىيىگە ئۇيۇشقان. مەڭزىدىن قان تەپچىپ تۇرىدىغان يىگىتلەر جاراڭلىق ناخشىلار بىلەن يېزىنىڭ قوينىنى جاڭ كەلتۈرۈپ، ئەمگەك قىلىشاتتى. ئەنۋەر كۈندۈزى مەكتەپكە بېرىپ سۈتتەك ئايدىڭ كېچىلەردە ئۆستەڭ بويىدىكى قويۇق بۈنچاللىقلار ئارىسىدا تەڭتۇشلىرى بىلەن «مۆكۈ - مۆكۈلەڭ» ئوينايتتى. قويۇق ئاق چېچەك ئاچقان قېرى ئۆرۈكلەرگە يامىشىپ چىقىپ، چېچەكلەرنى ئۈزەتتى. بىر كۈنى ئۇ بالىلار بىلەن چېچەك ئۈزۈشۈپ ئويناپ يۈرگەندە، باغ ئىگىسى — نىساخان موماي، قولىدىكى ھاسا تايىقىنى شىلتىپ، ھەممىسىنى سۈر - توقاي قىلدى. قورقىنىدىن جان - پېنى چىقىپ كەتكەن ئەنۋەر بالىلارنىڭ ئارىسىدىن قېچىپ، بىر تال كۆتەككە پۇتلىشىپ قاتتىق يىقىلدى. ئۇ شۇندىن كېيىن ئىككىنچى چېچەك ئۈزمەسلىككە قەسەم قىلدى...

ئەنۋەر يېزىنىڭ چېتىدىكى زاراتگاھلىقنىڭ بويىغا كەلدى. ئۇ زومچەك - زومچەك قەبرىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى پەرق ئېتەلمىدى. لېكىن بۇندىن ئۈچ يىل ئىلگىرى ۋاپات بولغان دادىسىنىڭ شور ئۆرلەپ تۇرغان قاتۇرۇقسىز قەبرىسى ھېلىمۇ ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قەدەملىرى ئىختىيارسىز تارتىلدى - دە، ئاللاھازەل بۇ يەردە چارەك سائەتچە قىمىرلىماي ئۆرە تۇردى. ئانىسىز ئۆسكەن ئەنۋەرنىڭ قەلبىدە بەلكىم شۇ تاپتا ئۆتمۈشنىڭ ئاچچىق كەچمىشلىرى بىر - بىرلەپ ئۆتۈۋاتقاندۇ... ئەنۋەرنىڭ ئانىسى كېزىك كېسىلىدىن ساقىيالماي ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، پەخرىدىن قوزا ئوغلىغا ئاتىلىق ۋە ئانىلىق مېھرى - شەپقىتىنى بىللە سىڭدۈرۈپ، تەنھا ياشاپ، ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ ئەتىدىن - كەچكىچە ئېتىزلىقتىن

كەلمەي ئىشلەيتتى. ئەنۋەر نومۇرلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىش كۈنى خاتىرىسىدىكى ساناقسىز كاتەكچىلەرگە قاراپ ھەيران قالاتتى. نېمانداق تۈگىمەس ئەمگەكتۇ بۇ؟ ئۇ كېيىنرەك بۇ كاتەكچىلەرنى ساناپ چىققانىدى. توپتوغرا ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش چىقتى. ئەنە شۇ كاتەكچىلەرنى ئالا قويماي، ئىش نومۇرلىرى بىلەن تولدۇرۇپ كەلگەن پەخرىدىن قوزىنىڭ يىللىق ئەجرى كۆزدە بىر تاغار قوناق، يېرىم تاغار بۇغداي بىلەنلا يەكۈنلىنەتتى. ئېغىر ئەمگەك، مۇھتاجلىق ۋە قەدىناس ئاپالىنىڭ جۇدالىقى قىرىق بەش ياشلاردىكى بۇ بەستلىك دېھقاننى مۇددەتتىن بالدۇر مۈكچەيتتى... ئەزرەت باشلىقنىڭ نەزەرىدە پەخرىدىن قوزا ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ئادەم ھېسابلىناتتى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۇنىڭغا «قوزا» دېگەن لەقەمنى قويغانىدى. باشقىلار قاچىدىغان ئېغىر ئىشلارنى قىلدۇرغان تۈرۈقلۇق ئەزرەت باشلىقى ئۇنىڭغا كەم نومۇر قوياتتى. ئەنۋەرنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە، بۇنىڭدىن بەش - ئالتە يىل ئىلگىرى ئەنۋەر مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، دادىسىغا ياردەملەشمەكچى بولۇپ ئېتىزلىققا بارغانىدى، بىر پەستىن كېيىن ئۇ دادىسىنىڭ ئەزرەت باشلىقى بىلەن تاكاللىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

— سەن ئەتىدىن كەچكىچە يىلىڭنى سىلاپ يۈرسەڭمۇ، تولۇق نومۇر ئالىسەن، مەن باش كۆتەرمەي ئىشلەپ تۇرۇپ، سەندىن كەم نومۇر ئالىمەنمۇ؟!

— ماڭە نېرى رودۇپاي، ساڭا بۈگۈن خېلى جان كىرىپ قاپتىمۇ نېمە، ئەبگاھ!...

ئەزرەت باشلىقنىڭ زەھەرلىك ھاقارىتى بىردىنلا پەخرىدىننىڭ غۇرۇرىنى ئويغاتتى. قولىدىكى قوش تايىقى ئىختىيارسىز ھاۋاغا قالقىپ چىقىپ، ئەزرەت باشلىقنىڭ دۈمبىسىگە كېلىپ تەگدى. ئەزالار دەرھال تۇلارغا ئارا بولدى... ئەنۋەر شۇنچە ياۋاش، كەم سۆز دادىسىنىڭ شۇ كۈندىكى قەيسەر مىجەزىنىڭ نەلەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىگە شۇنچىلىك ھەيران بولغانىدى.

پەخرىدىن قوزا ئوغلىنى زور ئۈمىد ۋە ئارمانلار بىلەن مەكتەپكە بەرگەنىدى، بەختكە يارىشا، ئەنۋەر مەكتەپكە كىرىپلا ئەلا دەرىجىدە ئوقۇشقا باشلىدى. ئەنۋەرنىڭ ھەر قېتىمقى ئالغان «بەش» نومۇرى دادىسىنىڭ نەزەرىدە، ئۆزىنىڭ ئىش كۈنى خاتىرىسىدىكى ھەر قانداق كۆپ نومۇرلاردىنمۇ قىممەتلىك ئىدى.

— ئوقۇ، بالام، ئوقۇپ يۇقىرى مەلۇماتلىق ئادەم بولغىن، ئوقۇمىغاننىڭ ھالىغا ۋاي! — دەيتتى ئۇ، — ساۋاتسىزلىقنىڭ دەردىنى مەنلا تارتىپ تۈگىشىپ كېتەي...

ئەنۋەرنىڭ باشقا باللارغا ئوخشاش چىرايلىق سومكىسىمۇ يوق ئىدى. كىتاب - قەلەملىرىمۇ دائىم تۆكۈلۈپ قالاتتى. باشقا باللار ھېيت - ئايەم كۈنلىرىدە. ئاتىلىرى ئېلىپ بەرگەن ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ. خۇشال - خۇرام مەكتەپكە كېلىشكىنىدە. ئەنۋەر يىل بويى ئۈچىسىدىن چۈشۈرمەيدىغان. قىڭغىر - سىڭغىر ياماقلار سېلىنغان ئېغىر پاختىلىق چاپىنىنى ۋە يۇچۇقى تولا كېسىلىپ قىسقىرىپ كەتكەن يالاڭ شىمىنى كىيىپ. يالىڭاياق تويلىرىنى كېچىپ مەكتەپكە يېتىپ كېلەتتى. مۇئەللىم بۇ ئىجتىھاتلىق ئوقۇغۇچىسىنى دەرستە ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرەتتى. بەزىدە ئۇنىڭغا كونا كىيىم - كېچەكلەردىن ۋە دەپتەر - قەلەملەردىن ئەكېلىپ بېرەتتى.

ئەنۋەر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ. ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلىنىپ يۈرگەن چاغلىرىدا. دادىسى تۇيۇقسىز ئاغرىپ، يىراق تاغ باغرىدىكى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا كەتتى. بىر كۈنى ئەنۋەر مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ كومۇنا ئاشخانىسىدا بىر قاچا ئۇماچ ئىچكەندىن كېيىن. ئۆيىگە قاراپ ماڭغانىدى، بىرسىنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ. ئۆياققا قارىدى. ئاشخانا قوراسىنىڭ بىر يېقىدا ئويناۋاتقان بىر توپ باللارمۇ تەڭلا ئۇ تەرەپكە قاراشتى.

— مەبەرگە كېلە ئەنۋەر. مەن بىلەن دادىۋىگە بېرىپ، نان ئەكىلىشىپ بېرەمسەن؟

— ئايشەمخاچا مەن باراي!

— ياق، مەن باراي!

— مەن غالتەكنى ئوبدان ھەيدەيمەن، مېنى ئېلىپ بېرىڭا ئايشەمخاچا!

— ياق. ئەنۋەر بارىدۇ. قالغانلىرىڭ ئويۇنىڭنى ئويناش باللار. ئاچ پاقىلار. غالتەكنى ئوبدان ھەيدەيمىش تېخى. سەن ھېلىقى كۈنى بىر ناننى ئوغرىلىۋاپسەنغۇ! يەنە ئېيىپ كېلىپ قالارمىكىن دەۋاتىسەندە - ھە!... — مانا بۇ ئايشەم زاپخوز ئىدى. ناز - كەرەشمىلىرى بىلەن ئەرلەرنى ئوڭايلا ئۆزىگە رام قىلىۋالالايدىغان زىلۋا بويلۇق ئايشەم زاپخوز نان توشۇيدىغان ياغاچ چاقلىق غالتەكنىڭ «غىچىر - غىچىر» ئاۋازى بىلەن مەھەللىدىكى باللارنىڭمۇ كۆڭلىدىكى بىردىنبىر مۇقەددەس شەخس ئىدى. شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە. توپ - توپ باللار ئايشەمخاننىڭ تىلى بويىچە «ئاچ پاقىلار» دىن بولۇپ چوڭايماقتا ئىدى. چىرايىدىن تويا تۇرلەپ تۇرىدىغان بويىنى ساپاقتەك بۇ بىر توپ باللار ئىچىدە ئون بەش ياشلىق ئەنۋەر ئاچكۆزلۈك ۋە تاماخورلۇققا يات مىجەزى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىق ئىدى. ئېھتىمال. ئايشەمخانمۇ شۇ ۋەجىدىن ئۇنى ئاشۇ قېتىملىق غالتەك ھەيدىيىشكە تاللىۋالغاندۇ؟ ئەنۋەرنىڭ ئېسىدە تېخىچە يادىدىلا...

ئايشەمخان شۇ كۈنى ئەنۋەرگە مۇنداق دېگەنىدى:

— داداڭ يېنىپ كەلگىچە، ماڭا ھەمراھ بولۇپ تۇرامسەن ئەنۋەر؟

— دادام ئۆيدىن نېرى كەتمە دېگەنتى.

— تاپىنلىق، ئۆيىڭلەرگە ئوغرى كىرمىسۇن. قولغا چىققىدەك نەرسە تاپالماس.

— شۇنداق بولسىمۇ ئايشەمخاچا...

— ئەتىلككە غالتەك ھەيدەپ بېرەمسەن ئەمىسە؟

— دەرس تەكرارلايمەندە.

— ئوقۇش... دەرس تەكرارلايمەن دەپمۇ يۈرەمدۇ! ساۋادىڭ چىققاندىن كېيىن بولدى. بەختىڭ ئوڭ كەلسە، يا بىر بوغالتىر، يا بىر زاپخوز بولساڭ خار بولامتىڭ.

— بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىمەن ئەمەسمۇ.

— ھە، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئالىم بولارسەن! قورۇق ئاغار ئۈزە تۇرغان نەدە بار؟ بىلەمسەن. ھازىرچۇ ساڭا ئوخشاشلار تويىقتا تۇرسۇن، سىلەرنىڭ ئەپەندىڭلارمۇ مەندەك زاپخوزلارنىڭ ئالدىدا بىر نانىڭ قۇلى. ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان ئايلىقچىلارمۇ، بىر ـ ئىككى نان، بىرەر قاچا ئاش ئۈچۈن. ئالدىمىدىن ئازىمىسىز ئۆتمەيدۇ. قەشقەر، ئۈرۈمچىدەك شەلىدىكى چوڭ مەكتەپتە ئوقۇپ كادىر بولماقچى بولۇشقانلارمۇ ئاچلىقتىن چىشمىنىڭ كىرىنى شوراپ يۈرگىچە، يېزامىغا بېرىپ، كاۋا، چامغۇر بولسىمۇ تېرىپ جان باقاي، دېيىشىپ يېنىپ كېلىشىۋاتامدۇ...ھىم. ئەمدى سەن ئوقۇپ ئەرشكە چىقارمىدىڭ. «يېتىمگە يۆتەلنىڭ نېمە ئىشى» دەپتىكەن. ساڭا ئوقۇشنى كىم قويۇپتۇ؟

ئەنۋەرگە ئايشەمخاننىڭ بۇ سۆزلىرى قاتتىق تويۇلدى.

ئەنۋەر ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. بىر چاغدا دەرۋازا زەنجىرىنىڭ ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ شالدىرلىشى ئەنۋەرنىڭ خىيالىنى بۆلدى:

— كىم؟

— مەن. ئىشىكنى ئاچقىن بالام.

— ھە؟ دادامغۇ!.... — ئەنۋەر چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، يۈگۈرۈپ چىقىپ يالغۇز قاناتلىق ياغاچ ئىشىكتىن تاقاقنى ئېلىۋەتتى، — دادا، قايتىپ كەپسەندە! — ئۇ دادىسىنىڭ بويىنغا ئېسىلدى.

— ياخشى تۇردۇڭمۇ ئوغلۇم. كۆزلىرىمدىن ئوچىدۇڭدە قوزام!.... — ئاتا يېرىنىدەك قاتتىق ئالقانلىرى بىلەن ئەنۋەرنى باغرىغا تارتىپ مەھكەم قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ نەملەشكەن ساقاللىق [illegible]

يېرىلغان كالپۇكلىرى بولسا، ئەنۋەرنىڭ سىزىقسىز سىيداھ پېشانىسىگە چاپلىشىپ كەتتى.

ئەنۋەر دادىسىنىڭ قولىدىكى كونا خورجۇننى ئېلىپ، سۇپىسىنىڭ چېتىگە قويدى ۋە جىن چىراقنى ياقتى. پەخىرىدىن قوزا پۇتىنى سۆرىگەن ھالدا كېلىپ، سۇپىنىڭ يوقىرىسىغا ئۆتۈپ تەسلىكتە ئولتۇردى ۋە دۇئاغا قول كۆتۈردى. دادىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ شۇنچە يېقىن ئولتۇرغان ئەنۋەر ئۇنىڭغا سىنچىلاپ سەپسالدى. ئۈمۈچۈك تورىدەك قويۇق قورۇقلارغا تولغان ساقاللىق شۇ مېھرىبان چىراي چىراقنىڭ ھالسىز يورۇقىدا خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئېغىر كۈلپەت، دىشۋارلىق ئۇنى ئۈچ ئايدىلا ئاقساقال بوۋايلارغا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

— سېنى بەكمۇ سېغىندىم دادا!

— مېنى سېغىندىڭمۇ ئوغلۇم؟ مانا، مەن كەلدىمغۇ! — دادىسىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئېسەنقىدۇر ئۆكسۈشتىن ئۆزىنى بېسىۋالالمىدى. — بوي تارتىپسەن. چوپ ـ چوڭلا يىگىت بولۇپ قاپسەن. — ئۇ كۆڭلەكچان ئەنۋەرنىڭ بەدەنلىرىنى سىلاشقا باشلىدى.

— جۇدەپ قاپسەنغۇ دادا. ئاچ ـ توق قالدىڭمۇ ـ يە؟ بىر يېرىڭ ئاغرىمايدىغاندۇ؟

— ياق. ھەممە يېرىم ساق. بالام.

— دادا، سۇ ئامبىرىنى پۈتكەزدىڭلارمۇ؟

— ھازىرچە پۈتتى بالام.

— يەنە بارمايدىغانسەن؟

— ...

ئەنۋەر دادىسىغا ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەنلىكىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. پەخىرىدىن قوزا ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن تىڭشىدى ۋە ئاخىرىدا دېدى:

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. ئوقۇغىن. مۇرادىڭغا يەتكىچە ئوقۇپ بەختلىك ئادەم بول. مەن ئۆز ئىنىڭنى ئۆزەڭ تېپىپ يېگۈدەك بولغانلىقىڭنى كۆرۈپ.... — بوۋاي ئاخىرقى گەپلىرىنى ئېيتالمىدى.

ئۇن ئىسپىدىن ئۆتتى. ئاتا ـ بالا بارالڭ ئاستىدا تەكىيگە باش قويدى. بوۋاي ئوڭ پۇتىنىڭ قاتتىق سىرقىراپ ئاغرىغان ئازابىغا چىداپ، ئاچچىق ئىڭراشلارنى ئىچىگە يۇتقان ھالدا ئۇڭدىسىغا ياتاتتى. «ئەنۋەر سىزىپ قالمىسلا بولاتتى. — دەپ ئويلايتتى ئۇ. — ئەگەر بىر پۇتۇمنىڭ ئاكا بولغانلىقىنى بىلسە، ئۇ ئوقۇشتىن يالتىيىپ. مېنى باقىمەن دەپ. ئۇمۇرۋايەت ئازاب ـ ئوقۇبەتكە قالىيدۇ...» بوۋاي تۇلۇمدەك ئىششىپ كەتكەن پاقالچىكىنى

پات ـ پات سىلاپ قوياتتى، ئېنىقى بىر ھەپتە بۇرۇنلا ئۇنىڭ پۇتى ساپ ـ ساق ئىدى. كېچىلىك سىمېنىدا ئىشلەپ ۋاگونلارغا چىدىدىي تاش بېسىۋاتقان پەيتتە، تويۇقسىز ئۈستى ئەرەپتىن غۇلاپ چۈشكەن يوغان بىر قورام تاش كېلىپ ئۇنىڭ پاقالچىكىنى چېقىۋەتتى. ئەزالار ھوشىدىن كەتكەن پەخرىدىن قوزنىڭ پۇتىنى ئىششىپ كەتمىسۇن دەپ بىر پارچە لاتا بىلەن چىڭ تېڭىپ قويۇشتى. ئۇنى مەسۇم ماخو بوگۈن ھارۋىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئىشىك ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويدى.

بوۋاينىڭ پۇتىدىكى دەرد ئاز ئەمەس ئىدى. بۇنى ئۇ ئۇزىلا بىلەتتى. ھېچبولمىغاندا، يەنچىلىپ كەتكەن گۆشلەر ئېلىپ تاشلانمىسا، چىرىپ سېسىپ كەتكىنى ئەسىر يېتىشى مۇمكىن ئىدى. «لېكىن، ئېمىلا بولمىسۇن، بۇنى ئەنۋەر بىلمەي قالغاي، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئەتىدىن باشلاپ بىر نەچچە كۈن تاۋىنىم يوق دەپ يېتىۋالسام، ئۇ ئوقۇشقا مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن بىر گەپ بولار...»

دېگەندەك پەخرىدىن قوزا ھېچنېمىنى تۇيدۇرماي ئوغلىنى ئوقۇشقا ئۇزاتتى. ئەنۋەر كەتكىلى ئىككى يىل بولدى. ئىككى يىل ئورۇن تۇتۇپ ياتقان پەخرىدىن قوزا ئۇچۇن چىدىغۇسىز ئازابلارغا تولغان كۈنلەرنى، سائەتلەرنى ھەتتا ئاللىك مىنۇتلارنى بىردىن ـ بىردىن ساناپ ئۆتكۈزگەن بەكمۇ ئۇزاق ۋە ئېغىر ئىككى يىل ئىدى. قولۇم ـ قوشنىلار پەخرىدىن قوزنى ئەترەتنىڭ ئەبجەق ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، يېزا دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىشتى. دوختۇرلار ئۇنىڭ كۆپەك ئىششىپ كەتكەن پاقالچىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەشنى بۇيرىدى. دېمەك ئەھۋال ئېغىر ئىدى. يەنى، بولجۇق گۆشلەر تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتكەن، قان تومۇرلىرى ئۈزۈلگەن بولغاچقا، گۆشلەر سېسىغان، ئۇيۇشمىغان قانلار بىرىكىپ ئايلىنىپ پۇت سۆڭىكى چىرىشقا باشلىغان...

— ئوڭ پۇتىنى لىپەكنىڭ ئۈستىدىن كېسىپ تاشلىماي ئامال يوق، — دېدى سۆڭەك دوختۇرى ئېچىنغان ھالدا. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەھۋالنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى سەزگەن بوۋاي ئۈمىدسىز كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى ۋە ئۇرە بولۇپ دوختۇرغا تىكىلدى:

— بىر پۇتۇم بىلەن قالغاندا ئازابتىن قۇتۇلارمەنمۇ؟!

— ھەر ھالدا مۇشۇ يول بىلەن ھاياتىڭىزنى ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ.

بوۋاي بىر پەس زۇۋان سۈرمىدى ۋە كەينىدىن بېشىنى چايقىدى.

— رەھمەت دوختۇر ئۇكا، بىلىۋاتىمەن، ماڭا ئىنچىكىز ئاغرىۋاتىدۇ... رەھمەت. سىز مېنى جېنىدىن تويغان قېرىكەن دېمەڭ. چاچ ـ ساقاللىرىم توچىنەك ئاقىرىپ كەتكىنى بىلەن. ئېنىقى ئەمدىلا ئەللىككە تولاشتىم. ئېنىقى ھاياتتىن بەزگەندەكمۇ ئەمەستىمەن. بىلەمسىز. مەن باباشات ياشاشنى خالايتتىم. يالغۇز ئوغلۇمنىڭ بەختىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە شۇنچە تەشنا ئىدىم... لېكىن مېنىڭ ئۇ كۈنلەرنى كۆرۈشكە كۆزۈم يەتمىدى. — پەخرىدىن قوزنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدىن ئاراملاپ ياش ئاقتى. — ئەمدى مەن بىر پۇتۇمدىن ئايرىلسام. ماڭا قانچىلىك خوۋلۇق كېلەر دەيسىز ئۇكام. ياق. ياق! ئۇ كۈنلەرنى ئىت كۆرسۇن. مەن پۇتۇمنى كەستۈرمەيمەن. خودا بەرگەن يەتتە ئەزايىمنى يانە قىلماي گۆردە ياتاي. مېنى ئۆلۈمگە ئۆزىنىڭ. ئۆلۈمگە!

دوختۇرلار ئائىلاج سېسىغان ئېرە. گۆشلىرىنى كېسىپ تاشلاپ. سۆڭەكنى تازىلاپ تېڭىپ قويدى. قارىداپ كەتكەن قانسىز ۋە گۆشسىز سۆڭەكنىڭ ئازابى مىۇتلاپ قاخشىتىپ ئاغرىپ. ئاخىرى بوۋاينى زەئىپلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇ يېتىۋېرىپ، ياداڭغۇ بەدىنى قېتىشقا. گۆشسىز ياماشلىرى تويۇلۇشقا باشلىدى. مانا شۇ رەھىمسىز ئەجەل بىر كۈنى كېچىدە پەخرىدىن قوزنى بوغۇزىدىن ئالدى. ئۇ جاھاننىڭ بارلىق دەرد ـ ئەلەملىرى بىلەن خوشلىشىپ. مەڭگۈ تىنچلىنىپ قالدى.

دادىسىنىڭ ۋاپاتىغا ئەنۋەرنى چاقىرتىپ كېلىشتى. بىراق ئۇ كېچىككەن ئىدى. ئۇ ئېغىر ھەسرەت ـ ئەلەملەرنى. ھاياتقا بولغان ئېسىل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى قەلبىگە يۇتۇپ ئۆتكەنكەن دادىسىنىڭ جۇدەڭگۈ يۈزلىرىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىدى... سوغۇق جاندىن ئۆتۈدىغان زۇلمەتلىك قىش كېچىسى. شۇۋرغان سۈرلۈك ھۇشقىتماقتا. گۈمۈرۈلگەن كونا قەبرىلەردىن. قېشايغان خارابە گۈمبەزلەردىن زىمىستان قىشنىڭ دەھشەتلىك ھۇۋلاشلىرى كەلمەكتە. ئۇ شۇ كېچىسى. دەل مۇشۇ قەبرىستانلىقتا. دادىسىنىڭ مۇشۇ توپراق بېشىدا مۇزدەك تۇپراقنى قۇچاقلاپ چىققان. ئۇنىڭ شۇ كېچىدىكى نالىسى ئاچچىق شۇۋرغانغا قوشۇلۇپ مانانلىق تۈن قوينىغا سىڭىپ يوقالغانىدى...

ئەنۋەر كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە. زاراتگاھلىقتىن ئايرىلدى. ئۇ مەھەللىنى ئارىلاپ كەلمەكتە. ئۇ كىچىككىدە ئوينىغان كوچىلار، قومساز سالقىن ئۆستەڭ بويلىرى ۋە ئايىماي «ۋاللەي» توۋلاپ ئۆتۈدىغان كالتە مەيدانلار كۆزىگە شۇنچە ئۆز. شۇنچە سۆيۈملۈك كۆرۈنەتتى. ئەنۋەرنىڭ خارابە كەپىسى ئاللىقاچان ئۆز ئىززىنى يوقاتقان. دادىسى ئۆلگەن چاغدا تولارنىڭ ئۆيىنى ئەترەتنىكى ئاش پۇلى قەرزى ۋە ئۆلۈم ئۆزىتىش راسخوتى ھېسابىغا ئۆتتۈۋېلىشقانىدى

بۇ قېتىم ئەنۋەر يۇرتىدا ئۇزاقراق تۇردى. ئۇنىڭ ھەممىنى كۆرۈۋالغۇسى، بېزىسى بىلەن ياخشىراق خوشلىشىۋالغۇسى كېلەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ كېچىكىدە بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسكەن دوستلىرىنىڭ ھەممىسىنى يوقلاپ باردى. قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە پەتىلىدى. سېرىقتال مەۋسۇمىنىڭ سۈيسىز دەشتلىرىدە ئۆمىشۇقنى تىرەپ ئاران كېلىۋاتقان يۇرتداشلىرى ئەنۋەرنى كۆرگەن ھامان ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىپ چىڭ تۇتۇۋېلىشتى. بىرەر كۈنكى چۈچۈرىسى ئېتىپ بولسىمۇ مېھمان قىلىۋالغۇسى كېلەتتى. «دوستلۇققا خىجىللىق يوق ئەنۋەر، — دەيتتى ئاغىنىلىرى، — بىز نېمە يېسەك، سەنمۇ شۇنى يەيسەن، يۇر، تارتىنماي بىزنىڭكىدە ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرۇپ كەت!» بىللە تەپكۈچ تەپكەن، ئىلەڭگۈچ ئۇينىغان قىز دوستلىرىمۇ ئەنۋەر يېزىدىن ئايرىلىدىغان كۈنى ئۇزاتقىلى چىققانلارمۇ ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەشتى. پەخىرىدىن قوزا بىلەن بىر دېمەتلىك بوۋاي، مومايلار ئەنۋەرنىڭ بېشىنى سىلاپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق كۆز يېشى قىلىشتى...

ئەنۋەر يېزىسىدىن ئايرىلىپ يول بويىغا كەلدى. يېزىنىڭ شىمال تەرىپىدە شەرققە قاراپ سوزۇلغان گىياسىز قاقاس ساي كۆز يەتكۈسىز ئۇزۇن ۋە كەڭ ئىدى. ئۈرۈمچى — قەشقەر غول تاشيولى مۇشۇ پايانسىز سايدا بىر تال كۈمۈش بەتەك ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. ئەنۋەر قول سومكىسىنى يانغا قويۇپ، تاش ئۈستىدە ئولتۇردى. ئۇ ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارغا بىر ـ بىردىن قارايتتى. ناتونۇش شوپۇرلار ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ماشىنىلىرىنى غۇڭۇلداتقىنىچە ئۆتۈپ كېتىۋېرىشەتتى...

ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىنىڭ كاتىپ ئىشخانىسىدا ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان ئېگىز بويلۇق چايۇرۇت كاتىپ بىلەن دوغلاق ۋە ئاق سېمىز كەلگەن بىر تويغۇر يىگىت پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. قىرغىز كاتىپ ئۈدۈلدا ئولتۇرغان يىگىتنىڭ كۆزىنى ئۆزىگە تىكلەپ، تولا ئۆزەيدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئىمىلەرىندۇر ئۇتۇنۇپ يىلىنىۋاتقان بۇ يىگىتكە سىنچى كۆزلىرى بىلەن زەڭ سالاتتى. يىگىت يانچۇقىدىن بىر تال تاماكا چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى ۋە چاقمىقىنى يېقىپ بەردى:

— ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇمايتتۇق سەمەيكا. ئىككىمىزگە بىر قېتىم ياردەم قولىڭىزنى سوزۇپ ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكەپ قويسىڭىز، بۇ يەردە سىزنىڭ ھەممە خىزمەتلىرىڭىزگە تەييار تۇراتتۇق.

— ئەگەر سىزنىلا يۆتكەپ قويساقچۇ؟

— ياق، ياق، مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېلەلمەيمەن...

— ئەمىسە شۇ يەردىلا ئىشلەۋېرىڭلار. قانداق؟

— ھەي...، — دېدى گەدىنىنى تاتىلاپ، — سىز بىلمەيسىزغۇ دەيمەن. قاراڭ، بىر ئورۇندا كىشىنىڭ كۆڭلى رەھبەرلىكتىن ئۆزۈك سۇ ئىچمىسە، ئۇنداق خىزمەتنىڭ نېمە مەنىسى بولىدۇ دەيسىز.

— يولداش رۇستەم سىز ئويلىغاندەك ئۇنچە يامان مۇدىر ئەمەس. ئۇنى ئاقتاشلىقلارنىڭ ھەممىسى ياخشى دەپ بېشىغا ئېلىۋاتسا.

يىگىت بىر ئاز سۈكۈت قىلدى ۋە ئارقىسىدىن:

— ئۇنىغۇ شۇنداقتۇ. لېكىن، ئەنۋەرنى ئىككىمىز چىقىشالمايدىكەنمىز. — دېدى. كاتىپ نېمىنىدۇ خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى. ھېلىقى يىگىت يەنە سۆز قاتتى:

— ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەرنىڭ شارائىتىمۇ. تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە بەكلا قولايسىز ئىكەن. مەكتەپنىڭ قىيىنچىلىقلىرى تېخىمۇ تولا. سىلەرنىڭ بىزدەك چەت ناھىيىلەردىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشۈڭلارغا توغرا كېلەتتى.

— قاراڭ سىزنى مەنسۇر ئەپەندى. ناھىيىمىزدە قىيىنچىلىقى يوق قايسى مەكتەپ بار دەيسىز. ھەممىڭلار بازاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە كېلىپ ئىشلەشنى ئەلەپ قىلساڭلار، يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە كىم ئىشلەيدۇ؟ قىزىقكەنسىز. ئاقتاشتا چەت ناھىيىدىن كېلىپ ئىشلەۋاتقان يالغۇز سىزلا ئەمەسسىز ـ دە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنچە خاتىرجەمغۇ.

كاتىپنىڭ بۇنداق ئىشلاردا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان ئادىتىنى مەنسۇر ئانچە بىلمەيتتى. ئۇنىڭمۇ خىزمەتكە چىققان ئۈچ يىلدىن بۇيان كاتىپنىڭ ئالدىغا كېلىشى بىرىنچى قېتىم ئىدى. شۇڭا ئۇ مۇشۇ قېتىمدىلا ئانچە يالتىيىپ كەتمىدى.

— ھەر ھالدا بىزنىڭ ئىشىمىزنى ئويلىشىپ باقسىڭىز. — دېدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ يىگىت. بۇ ئىشنى بىز ھازىرچە ئويلىشالمايمىز. رەھبەرلىك ماقۇل دېگەن تەقدىردىمۇ مەن قوشۇلمايمەن. ئۇقتىڭىزمۇ.

— شۇنداقمۇ؟! — دېدى مەنسۇر سەمەي كاتىپقا مىقتەك قادىلىپ. ئۇ نېمىدۇ بىر نەرسە دېمەكچى ئىدى. ئىشىك ھالقىسىنىڭ يەڭگىل تىرىلىشى سۆھبەتنى ئۈزۈپ قويدى.

— كىرىڭ! — رۇخسەت بەردى كاتىپ. ئىشىكتە ئەنۋەر پەيدا بولدى. ئۇ ئاۋۋال كاتىپ بىلەن، ئاندىن مەنسۇر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، بىر ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، يانچۇقىدىن خىزمەت ئالاقە قەغەزلىرى سېلىنغان بىر كونۋېرتنى چىقىرىپ كاتىپقا سۇندى.

ئىشىم ئەنۋەر... قاملام پەخىرىدىن...

— بىلمەن، — دېدى كاتىپ قەغەزدىن كۆزىنى ئالماي تۇرۇپ، — بۇگۈن كەلدىڭىزمۇ؟ بىز سىزنىڭ ئارخىپ خالتىڭىزنى ئون بەش كۈن ئىلگىرى تاپشۇرۇۋالغان.

— شۇنداقمۇ؟ مەن هازىرلا كېلىشىم. توغرا. سەل كېچىكىپ قالدىم.

كاتىپ قەغەزلەرنى شىرەگە قويغاندىن كېيىن، ئەنۋەرگە بىر پەس تىكىلىپ قارىدى ۋە نېرىقى ئىشخانىغا تېلېفون بېرىپ بۆلۈم باشلىقىنى ئىزدىدى.

— ماقۇل، سىز سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ ئۇكا. باشلىق كەلگەندە سىز توغرىلىق بىر نېمە دېيىشەيلى. — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، چايداندىن بىر ئىستاكان چاي قۇيدى - دە، ئەنۋەرگە سۇندى، — ئۇسسىغانسىز چاي ئىچىڭ.

— رەھمەت.

— خۇش، شۇنداق قىلىپ. يۇرتىڭىز پىژىلداپلا تۇرامدۇ مەنسۇر ئەپەندى؟ قولىڭىزغىمۇ ئىش بارماي قاپتۇ - دە! هى... هى... هى...، — كاتىپ. يىنىدىكى يىگىتكە شۇنداق چاقچاق قىلدى - دە، ئۇنىڭ ئالدىغىمۇ بىر ئىستاكاندا چاي قويۇپ قويدى.

مەنسۇر ئەنۋەرگە لاپپىدە قارىدى - دە ئۈنچىقمىدى.

— لېكىن ئۇ قىز سىز بىلەن بىللە يۈتكىلىشكە ئۇنىماي قالسىچۇ؟

— ئۇياقلىرىنى سىز ئويلاپ كەتمىسىڭىزمۇ بولار سەمەيكا. ئىش قىلىپ بۇ دورەم مەن قايتىپ تۇراي. لېكىن بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، — مەنسۇر شۇ گەپلەرنى ئېيتتى - دە. ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمىگەندى. سىرتتىن بۆلۈم باشلىقى كاتىپ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى ۋە ئەنۋەر بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن سورىدى:

— سىز شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ كەلدىڭىزغۇ دەيمەن؟

ئارىغا كاتىپ سۆز قاتتى:

— ئاندىن بىر قارارلىق سوتسىيالىستىك تەربىيە هەرىكىتىگە قاتناشقان.

— ياخشى. بىز سىزنى قارشى ئالىمىز يولداش ئەنۋەر. — بۆلۈم باشلىقى قىزىل يۈزلۈك ياپما قاپاق قىرغىز كىشى ئىدى. ئۇ تويغۇرچىنى ئانچە بۇزماي سۆزلەيتتى. — ناھىيىمىزنىڭ مائارىپى زىيالىي ياشلارغا، بولۇپمۇ سىزدەك مەخسۇس ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى ئالغان ئوقۇتقۇچىلارغا تولىمۇ مۇھتاج. چۈنكى، قىرغىزلار تارىختىن بۇيان مەدەنىيەت، مائارىپتا قەد كۆتۈرەلمەي ئارقىدا قېلىۋاتقان مىللەت. ئۇزۇن يىللىق فېئوداللىق تۈزۈم بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنى مۇشۇ ئەقدىرگە يولۇقتۇرغاندۇ. شۇنداقمۇ؟ — بۆلۈم باشلىقى سۆزلىگەندە قىزغىن ۋە چاقماقتەك سۆزلەيتتى. ئۇ كاتىپقا قاراپ قويۇپ، يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى. — ئەنۋەر. تاغلىق ناھىيىمىزنىڭ شەرت - شارائىتى ناچارراق. ئىشلار سىز ئويلىغاندەك ئوڭۇشلۇق ئەمەس. ئۇكا. مەسىلەن. خىزمەتتە تىل مەسىلىسىگە دۇچ كەلسىڭىز. تۇرمۇشتا قازانغا ياپقان نان يېيىشكە. مەيسىز قىلىشقا. تېزەك يېقىپ ئۆي ئىسسىتىشقا ۋە قىش كۈنلىرى مۇز ئېرىتىپ ئىچىشكە ئوخشاش تۇرلۇك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى ناھىيە بازىرىدىن ناھايىتى يىراق بولغان يېزىلاردا. ئۇ مەكتەپلەر تېخى بىر نەچچە يىل ئىلگىرىلا قۇرۇلغان يېڭى مەكتەپلەر. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېسابقا ئالدىڭىزمۇ ئۇكا؟

بۆلۈم باشلىقىنىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئەنۋەر ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويدى - دە، مۇنداق دېدى:

— ئۆزۈم سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دېھقان بالىسى. شۇڭا جاپالىق تۇرمۇش مۇھىتىغا كۆنۈپ كېتىشىمدە ئانچە چوڭ گەپ يوق. چۈنكى. خەلق ئوقۇتقۇچىسى دېگەن بۇ نام ئەلۋەتتە جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ. بىر ئەۋلاد ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئۆزىنىڭ هالال قان - تەرىنى سىڭدۈرگۈچىلەرگىلا مەنسۇپ. دەپ قارايمەن. شۇڭلاشقا مەن ئۆز كەسپىمنى سۆيگەن هالدا. مۇشۇنداق بىر جاپالىق رايوندا خەلقىمىز ئۈچۈن. مىللىتىڭىزلار ئۈچۈن ئاز - تولا پايدىلىق ئىش قىلىپ. ئۇزاق مەزگىل ئىشلەپ قالىمەن. دەپ ئويلايمەن.

بۆلۈم باشلىقى ئورنىدىن تۇردى - دە. ئىختىيارسىز هالدا ئەنۋەرگە قولىنى ئۇزاتتى.

— ياراپدىغان گەپنى قىلدىڭىز ئەنۋەر. قىرغىز مەككار. نان قېپى ئادەملەر بىلەن هەرگىز چىقىشالمىغىنىغا ئوخشاش. سىزدەك گېپى ئوچۇق. كۆڭلى ئۈز كىشىلەردىن هېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان خەق. قىبنى قولىڭىزنى بېرىڭ. چىقىشىپ قالىدىغان ئوخشايمىز. خىزمىتىڭىزگە تۇتۇق. ئېنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن. يىگىت. مەن هازىر ئۆزەڭگە بارىدىغان بولغاچقا. سىز بىلەن ئارتۇق ئەھۋاللىشالمىدىم. كېيىن جەزمەن يوقلاپ بارىمەن. ئەمدى سىزنىڭ قالغان ئىشلىرىڭىزنى سەمەيكام توغرىلايدۇ. — دېدى ئۇ ۋە كاتىپقا قاراپ. — بىز ئۇنىڭ ئەندە دېيىشكىنىمىز بويىچە رەسمىيەت بېجىرىپ بېرىڭ. — دېدى - دە. چىقىپ كەتتى.

كاتىپ يېزىپ بولغان ئالاقىنى ئەنۋەرگە ئۇزاتتى:

— خىزمەت ئورنۇڭ ئاقتاش ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىنىم، «سەن»لەپ سۆزلىسەم كۆڭلۈڭگە ئېلىپ يۈرمە يەنە. قىرغىزلار ياخشى كۆرگەن كىشىسىنى ئۆزىدىن كىچىك بولسىلا «سەن» دەۋېرىدۇ. ئاقتاش يېزىسى بىزدىن شىددەتلىك ئاقىدىغان كەلكۈن دەرياسى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. دەريادىن ئات ياكى هارۋا بىلەن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. قاتنىشى قولايسىز بولغاچقا يەنە بىر قانچە تاغ ۋە جىلغىلاردىن ئايلىنىپ ماڭسەن تېخى. لېكىن جەننەتتەك يەردە. ئۇ، مانا قارا، تۇرمۇشى ئەلۋەك. يۇرتى خاتىرجەم، خەلقى ياخشى. بېرىۋەرگىن. جېنىڭمۇ ئارام تاپىدۇ. زىيان تارتمايسەن ئوغلۇم. — ئەنۋەر ئۈنچىقمىدى. — هەراست، بايىقى ئوقۇتقۇچىمۇ شۇ يەردە ئىشلەيدۇ. ئۇ ئانچە خاتىرجەم ئەمەس ئوخشايدۇ. لېكىنزە، سىلەرنىڭ مۇدىرىڭلار تېپىلماس ئادەم. رۇستەم دېسە. بۇ ناهىيىدە بىلمەيدىغىنى يوق. بارغاندا بىلىسەن.

كاتىپ ئەنۋەرنى ئەگەشتۈرۈپ، كوچىغا چىقتى. ئادەملەر شالاڭ بولغان بۇ كىچىك بازاردىن ئۇ هېچ هايالسىزلا، بىر هارۋىكەش بوۋاينى تېپىۋالدى - دە، دېدى:

— قاۋۇلكا، ساڭا بۇ يىگىتنى قوشىمەن، يېزاڭنىڭ يېڭى مېهمىنى، ئۇنى تىنەتمەي ئاپىرىپ، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ رۇستەم مۇدىرغا تاپشۇرىسەن. ئۇقتۇڭمۇ. ئۇنى سىلەر ئاقتاشلىقلار خاپا قىلىپ قويساڭلار هېسابىنى سەندىن ئالىمەن جۇمۇ!

— جىنىم بىلەن سەكباي. جىنىم بىلەن. — ئاتمىش ياشلاردىن ئاشقان قاۋۇل بوۋاي تېمەن ئادەم بولۇپ، سۆزلىرى چاقماقتەك ئىدى. — بۇ ئوغلۇم يېڭى كەلگەن ئەپەندىلەردىن ئوخشىمامدۇ؟ چوڭ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلدىڭمۇ يىگىت. ياخشى، ياخشى. بىز بىلەن چىقىشىپ قالسەن بالا. قېنى ئەمىسە، قورساقنى توقلايمىز - دە، جۈنەيمىز. تىكلىنچاق(1)لارنىڭ قەيەردە ئۆزى؟...

شۇنداق قىلىپ ئەنۋەر قاۋۇل بوۋاينىڭ هارۋىسىغا جايلاشتى - دە، ئاقتاشقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

كەچكى قۇياش ئۈستىنى تۇمان قاپلاپ ياتقان كەلكۈن دەرياسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىنى ئۆزىنىڭ سۈس قىزغۇچ نۇرلىرى بىلەن زىننەتلىگەنىدى. قاۋۇل بوۋاي دەريا بويىغا كەلگەندە بىر پەس هارۋىسىنى توختاتتى - دە، ئەنۋەرگە قاراپ:

— دېگىنىم راستمىكەن، كۆز باغلانغانغا قالماي، جوڭقاناڭنىڭ قۇدرەت ئىزىپ ئەتكەن سۈيقىشىغا ئۈلگۈرتىمەن دېگەنىدىم. خۇدا بۇيرىسا يېتىپ كەلدۇق دېگەن گەپ! — دېدى. ئۇ هارۋىسىنى چىغىر يولغا سالدى - دە قوملۇق قىرغاقتىن ئاستا سىيرىلىپ، دەريا ئېقىنىغا چۈشتى. بوۋاي يول بويى ئەنۋەرنى زېرىكتۈرمەي كەلگەنىدى. گاھ - ئاقتاش هەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى، گاھ رۇستەم مۇدىرنىڭ تەرىپىنى قىلاتتى. گاھ - بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى هېكايە قىلىپ بېرەتتى. ئۇ سۆزلىگەندە سوزۇنچاق ئېڭەكلىرىنىڭ ئاستىنقى ئاق ئارىلىغان شالاڭ ساقىلى لىكىلداپ ئويناپ كېتەتتى. بوۋاي ئەنۋەردىنمۇ بىر مۇنچە نەرسىلەرنى سوراپ بىلىۋالدى. هەم سۆهبەتكە لايىق. دىلكەش قاۋۇل بوۋاينى هە دېگەندىلا ئەنۋەر ياقتۇرۇپ قالدى. هەر هالدا چەت يۇرتتىكى بۇ بىر كۈنلۈك سەپەر ئەنۋەردە ياخشى تەسىر قالدۇرغانىدى.

ئاتلار رېزىنكە چاقلىق يوغان هارۋىنى سۆرەپ، قولاقنى پاڭ قىلغۇدەك شاۋقۇن كۆتۈرۈپ ئۈركەشلەپ ئېقىۋاتقان كەلكۈن دەرياسىنىڭ مۇزدەك سۇلىرىنى كېچىپ قىرغاققا چىقتى. كۆكرىكىگىچە سۇ بولغان ئاتلار پۇشقۇراتتى. هارۋا يوغان قىرسىز تاشلارنىڭ ئۈستىدە دۈگىلەتتى. ئەنۋەر بىلەن هارۋىنىڭ سول تەرەپ جابىسىدە پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان قاۋۇل بوۋاي توختىماي چايقىلاتتى. ئاتلار يۇمشاق شىبىغلىققا يېتىپ كەلگەندە، بوۋاي قامچىسىنى كۆتەردى - دە، ئاتلىرىنى ئۈزكۈتتى. رېزىنكە بالۇننىڭ قىرغاقتا قالدۇرغان بىر جۈپ هۆل سىزىقى ۋە ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن چاچرىغان سۇ تامچىلىرى ئاستا - ئاستا سۇزۇلۇپ ئەمخۇش قۇم ئۈستىدە يوقىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

— هەر قانچە ياخشى ئات بولغاندىمۇ كېچىكنى بىلمىسەڭ بىكار. — دېدى بوۋاي قامچىسىنى يانغا قويۇپ تۇرۇپ. ئۇ چاقچىسىدىن بىر چىمدىم ناسۋالنى ئالقىنىغا تۆكۈپ، كالپۇكلىرىنىڭ ئاستىغا «كاپ» ئەتتى - دە، ئۇنى تىلى بىلەن ئاستىنقى كالپۇكىنىڭ ئىچىگە ئىتتىرىپ قويدى. — كىچىككىنە پەرۋاسىزلىق قىلساڭ، تۆۋى يوق تارتمىلارغا كىرىپ كېتىسەن. قىرغىزنىڭ سۇ كېچىپ چوڭ بولغان ئاتلىرى باشقا نەرسىدە. ئۇ جانۋار تارتمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىمۇ، قامچىلاپ تېرىسىنى ئاسمىدەك تىلۋەتسەڭمۇ. هەرگىز ئالدىغا ماڭغىلى ئۇنىمايدۇ...

كەچكى قۇياش تۇمانلار قوينىغا باش قويغانىدى. ئۇلار دەريا قىرغىقىدىكى يانتۇ يول بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ، ئويپۇز

1) تىكلىنچاق — شىكلىنى دېمەكچى.

بىنەملىككە چىقىپ قالدى. ئەتراپنى بوز توپىلار ۋە ئەمدىلا كۆك كۆرسەتكەن چىغلار قاپلىغانىدى. تودۇلدا ھەيۋەتلىك زاڭقار تېغى كېرىلىپ ياتاتتى. تاغ ئۈستىدە ئاقۇش تۇمانلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. تاغنىڭ باغرىدا ئاقتاش يېزىسىنىڭ شالاڭ دەرەخزارلىقى. بارا - بارا پاكار تورخۇنلىرىدىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتقان توقال كەپىلەر ۋە ئەگرى - بۈگرى سوقماق قورۇقلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تاغ باغرىدىكى بۇ خىلۋەت يېزىغا باھار كېچىكىپرەك كېلەتتى. ماي ئايلىرىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغىنىغا قارىماي، تاغنىڭ كەچكى ھاۋاسى ئادەمنى توڭدۇراتتى. ئەنۋەر پۇتلىرىنى يىغدى - دە، بوۋاينىڭ كونا جۇۋىسىنى تىزىغا يېپىۋالدى.

— كەلدىڭلار جانىۋارلار، كەلدىڭلار. تېزراق بولۇڭلار. ماخودا سىلەرنىمۇ كۆپكۆك يۇمشاق چۆپلەر ساقلاپ ياتقاندۇ. — دېدى بوۋاي ئۇزۇن قامچىسىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ. ئاتلار قومۇش قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، ئىگىسىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاندەك يەڭگىل يورغىلاپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ئەنۋەرنى مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر توپ ئوقۇتقۇچىلار قارشى ئالدى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى سىنىڭ يولداشلىرىڭ ئوغلۇم. — دېدى قاۋۇل بوۋاي ئەنۋەرنىڭ شەكلىسىنى ھارۋىدىن چۈشۈرۈۋېتىپ، — ھە، نېمە قاراپ تۇرىسەن بەگمات ئەپەندى، كۆتەر مۇنۇنى. يا ئۇ تېگىلچاقلىرىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ كىرسۇنمۇ، تېگىرقىمايلا قوي باتۇر. بۇياق سىلەرنىڭ يېڭى ئەپەندىڭلار بولىدۇ، ئېتى ئەنۋەر. ئالتۇندەك يىگىت ئىكەن ئالتۇندەك، رۇستەم شوجاڭ قېنى ئۆزى؟»

بوۋاي بىلەن ئەنۋەرنى بىر يىگىت ئىشخانا تەرەپكە باشلاپ ماڭدى. مەكتەپ قورۇسىنىڭ ئىچىدە ئانچە ئېگىز سېلىنمىغان خام كېسەكلىك ئىككى ئوقۇتۇش بىناسى. بىر نەچچە ئېغىز ئىشخانا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. قورۇنىڭ نېرىقى چېتىدە يۈز مېترچە يىراقلىقتا ئاشخانا ۋە ئالدىغا يالاڭ سىم تارتىپ قويۇلغان بىر قاتار ئوقۇغۇچىلار ياتىقى بار ئىدى. ئۇششاق ئېرىقلار ۋە ئېرىق بويىدىكى باش تاغ تېرەكلىرى ئايرىپ تۇرغان مەيدانلاردا نە ۋاسكېتبول، نە ۋالىبول جازىلىرى كۆرۈنمەيتتى.

— باللار دەرستە ئىكەندە، ئوقۇسۇن ئەتەكلەر. ئوقۇسۇن. ئۆيىدە ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان بۇ كىچىك يولۋاسلارنى بىر ئىزىغا سولىۋېلىپ ئەدەبلەيدىغان ئەپەندىلەردىن ئايلىناي! — دېدى بوۋاي كۈلۈپ.

ئەنۋەر بىلەن بوۋاي مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگىنىدە رۇستەم مۇدىر شىرەنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ كىم بىلەندۇ تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇ تېلېفون تروبكىسىنى سول قولىغا يۆتكەپ تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن قول ئېلىشتى ۋە ئىشارەت بىلەن ئورۇندۇق كۆرسەتتى.

مۇدىر سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تروبكىنى قويدى - دە، ئەنۋەر بىلەن قايتىلاپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە بوۋايغا قاراپ:

— ئەنۋەرنى ئالغاچ كەلگىنىڭگە رەھمەت قاۋۇلكا. — دېدى. ئەنۋەر خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇش قەغىزى بار لىپاپىنى ئۇنىڭغا بەردى.

— دېمىدىممۇ، دولىسىدىن پال بېقىپ ھەممىنى بىلىدىغان ئادەم - دە بۇ! مانا كۆرۈڭ، ئەنۋەرنىڭ ئىچىنىمۇ بىلىۋاپتۇ تېخى. قولىقىڭغا شەيتان پىچىرلىدىمۇ - يا رۇستەم ئەپەندى؟

قىرىق ئىككى - قىرىق ئۈچ ياشلاردىكى رۇستەم مۇدىر ئېگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك. كەڭ پېشانىسىگە ئۈچ تال ئىنچىكە سىزىق ئىز سالغان ساغلام ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ مۇلايىم قوي كۆزلىرى ئەقىل - ئىدراك ۋە ئىش بىلەرمەنلىكتىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى.

— قولىقىڭغا شەيتان پىچىرلىدىمۇ دەمسەن؟ ھەئە. ھازىرلا مۇشۇ شەيتاندىن ئۇقتۇم — دېدى ئۇ تېلېفوننى قويۇق قارا قاشلىرى بىلەن ئىشارە قىلىپ. ئۇ قەغەزنى شىرەگە قويدى. — كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز ئەنۋەر. شۇنداق قىلىپ ئاقتاشتا بىللە ئىشلەپ كېتىمىز يىگىت. — ئۇ پاكىزە قىردۇرغان ئېڭەكلىرىنى مەقسەتسىزلا سىلاپ قويدى - دە، ئىشىكتىن بىرەيلەننى چاقىردى. «سەمەي كاتىپنىڭ دېگەنلىرى بىكار ئەمەسكەندە» دەپ ئويلىدى ئەنۋەر ھە دېگەندىلا كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنگەن مۇدىردىن كۆزىنى ئۈزمەي. ئىشىكتىن باش بىر قىرغىز يىگىت كىرگەنىدى. مۇدىر ئۇنىڭغا:

— ئاشخانىدىكىلەرگە ئېيتقىن، تېزراق ئىككى كىشىلىك تاماق تەييارلىۋەتسۇن. — دېدى.

— قوندۇرغان كىشىنى ئاشتا قىلدۇرماي يېتىلەپ كەلدى دەمسەن شوجاڭ. ئۆزەڭ بىلسەڭغۇ. قىرغىز ئۆزى كەلگەن ئادەمنى خۇدايى قوناق دەپ بىلىدۇ. خۇدايى قوناققا يامپىشىدىن كېسىپ بېرىشكىمۇ رازى بولار.

بوۋاي شۇنداق دېدى - دە، ئىشىم بار، دەپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى. ئىشخانىدا مۇدىر بىلەن ئەنۋەر قالدى. رۇستەم مۇدىر ئەنۋەردىن يۇرتى، ئاتا - ئانا، تۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بار - يوقلۇقى ۋە ئوقۇش تارىخى قاتارلىقلارنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، توپا رەڭ سارجا شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، شالاڭ چاچلىرىنى سىلاپ قويدى:

— سىز كېلىپ بەكمۇ بەلەن بولدى تۇكا، ئەسلىدىمۇ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىمىز كەم ئىدى. تۇنىڭ ئۈستىگە ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرۈپ مەكتىپىمىزگە كەلگەنلەرنىڭ تۇنجىسى سىز. ماتارىپ بۆلۈمىدىكى سەمەي ئاقساقالغا يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىشقا توغرا كەلدى. ئەنۋەر، قالغان ئىشلارنى كېيىن سۆزلىشەرمىز. سىز ئاۋۋال ئىشخانىلارغا كىرىپ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تونۇشۇڭ. بىزنىڭ بۇ يەردە قىرغىز، ئويغۇر ۋە خەنزۇلاردىن تەركىب تاپقان ئوقۇتقۇچىلار بار، كۆپىنچىسى ياشلار، تېيىلماس يىگىت - قىزلاردۇر. بىر نەچچە كۈندىلا ھەممە بىلەنگە ئۆگىنىپ كېتىسىز. ئاقتاش — ئادەم كۆنمەيدىغان زېمىن ئەمەس، قاراڭ، ھەممە نېمىسى كۆزگە ئالتۇن كۆرۈنىدۇ. خەلقنى دېمەمسىز، تولىمۇ تۈز، ساددا ۋە مەرت، ئىرادىلىك ئادەملەر. مانا مېنىڭ ئاقتاشتا ئىشلەۋاتقىنىمغا سەككىز يىل بولاي دېدى. سىزمۇ ئاستا - ئاستا كۆنۈۋالىسىز. ھە راست، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تونۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر نەچچە كۈن دەم ئېلىڭ، ئاندىن مەكتەپتە دەرس ئاڭلاپ بېقىڭ، ھازىر يىل ئاخىرى بولغاچقا سىزنى دەرسكە تەقسىم قىلمايمىز. — مۇدىر ئەنۋەرنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئېيتقاندىن كېيىن ئەسكەرتتى، — مەكتەپنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ناچارراق، ھەممىسى ئۈستى شاخ - شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان ئاددىيغىنە ئۆيلەر، تولىسى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۆزىمىز سېلىپ چىققان. بولۇپمۇ ياتاقلىرىمىزنىڭ ئېگىزدىن يوپاس توپا ئۆرلەپ كېتىدۇ، يەنە تېخى...

— ھېچقىسى يوق. مەنمۇ شۇ ئۆيلەر ئارىسىدا چوڭ بولغان رۇستەمكا. ئادەمگە قانچە جاپالىق بولسا، شۇنچە ياخشى ئەمەسمۇ، چۈنكى ئىرادە دېگەن چىدامدىن تۇغۇلىدۇ - دە!

— بارىكاللا! كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭىز ئۇكام. بىز بىللە ئىشلەيلى، ئورتاق نەتىجە يارىتايلى.

مۇدىرنىڭ سۆزىنى مەنسۇرنىڭ ۋاقتىسىز كىرىپ كېلىشى ئۈزۈپ قويدى.

— كېلىڭ مەنسۇر، يولداش ئەنۋەر بىلەن تونۇشۇڭ، — دېدى رۇستەم ئۇنىڭغا.

— بىز تونۇشقان. تۈنۈگۈن ئەتىگەندىلا ماتارىپ بۆلۈمىدە ئۇچراشقانمىز.

مەنسۇر ئالقانلىرىنى يېيىپ، ئەنۋەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول بەردى. ئەنۋەرمۇ ئوچۇق كۆڭۈلمىسرەپ بۇ ئوقۇتقۇچى بىلەن قول ئېلىشىپ سالاملاشتى.

— سىزمۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئىكەنسىز - دە؟

بۇنىڭغا مۇدىر جاۋاب بەردى:

— شۇنداق. ئۇ مەكتىپىمىزنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى. ئىسمى مەنسۇر. قوشۇمچە مەكتەپنىڭ ئىتتىپاق ياچېيكا خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

— سىزنىڭ رىسقىڭىزمۇ بۇ يۇرتقا چېچىلىپتىكەندە ئەنۋەر، ھە...!

ئەنۋەر شۇئان مەنسۇرنىڭ تۈنۈگۈنكى سەمەي كاتىپنىڭ ئالدىدا قىلغان گەپلىرىنى يادىغا ئالدى. ئۇ ئۈنچىقمىدى. رۇستەم بىر ئاز ھەيرانلىق ئىچىدە مەنسۇرغا قارىدى - دە، قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ قالدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— يۈرۈڭ ئەنۋەر، مەن سىزنى باشقا ئوقۇتقۇچىلارغا تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى.

— رۇستەمكا، ئۇنىڭ ياتىقى...؟

— ھەممىسى جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

— بولسا، ئەنۋەرگە تەجرىبىخانا يېنىدىكى بىئولوگىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشخانىسىنى بوشىتىپ بەرسەك دېۋىدىم، ھەم ئازادە، ھەم يورۇق. چۈنكى ئەنۋەر ئارىمىزدىكى بىر ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئادەمغۇ ھى... ھى... ئۇ بىز ياتقان ياتاقلارغا كۆنەلمەسمىكىن.

— ئۇنداق قىلىشقا ئەنۋەرمۇ ئۇنىمايدىغان ئوخشايدۇ، غۇلام بىلەن ئىككىسى بىر ياتاقتا تۇرسۇن.

— سىز...؟ — ئەنۋەرگە قارىدى مەنسۇر.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى ئەنۋەر. — مەكتەپنىڭ ئۆي قىيىنچىلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنە ئارتۇق تەلەپ قويساق بولمايدۇ - دە. — ئۇ مۇدىرنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ كەتتى. مەنسۇر ئەنۋەرنىڭ باش - ئايىغا قاراپ قالدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. ئاقتاش ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئىمارەتلىرى، مەيدانلىرى، سىنىپ ۋە ئوقۇغۇچىلىرى ئەنۋەرنىڭ كۆزىگە ئاستا - ئاستا سىڭىپ كېلىۋاتاتتى. ئەنۋەرنىڭ ئولتۇرۇۋالغۇسى كەلمەيتتى. ئۇ مەكتەپ ئىچىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، دەرۋازىدىن چىقىپ خېلى يىراقلارغىچە ئۇزاپ كېتىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالاتتى. ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرى، ياپ-يېشىل ئېتىزلىقلار ۋە قويۇق دەرەخزارلىقلار ئۇنىڭ مەيلىنى تارتىپ باشلاپ كېتەتتى. قىسقىسى، ئاقتاشنىڭ ھەر بىر گۈل - گىياسى ئۇنىڭغا يېقىملىق تۇيۇلاتتى. ئۇ ئارىلاپ يۈرۈپ ئېتىزلىقلاردا ئىشلەۋاتقان ئەزالارنىڭ يېنىغا بېرىپ قالاتتى. كۈنلۈكى نەچچە پۇڭغا ئىشلەيدىغانلىقى، بىر گۇڭغا قانچىدىن دارامەت تەقسىم بولىدىغانلىقى، كىملەرنىڭ كۆپ بولغاندا قانچىلىك تەقسىمات ئالالايدىغانلىقى توغرىسىدا تولاردىن سوراپ بىلەتتى. ئەزالارمۇ بۇ ياش ئوقۇتقۇچىغا بىلگەنلىرىنى

ئايىماي سۆزلەپ بېرەتتى... ئەنۋەر بوش ۋاقىتلىرىدا سىنىپلارنى ئارىلايتتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسلىرىنى تىڭشايتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش سۆيىشىنى ئۇ بۇرۇن ئوقۇغان ياكى كۆرگەن مەكتەپلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقاتتى. ئۇ تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا ئوقۇغۇچىلار بىلەن پاراڭلىشاتتى. باللار ئاقاتشتا چوڭ بولۇپ مەكتەپكە كىرگەچكىمۇ ئەيناۋۇر. يۇقىرى سىنىپلاردا بۇرۇنقى خەت ئارتىپ قالغان يىگىتلەر ۋە بويىغا يىتىپ قالغان قىزلارمۇ ئوقۇيتتى. بىر كۈنى ئوقۇغۇچىلاردىن بىرسى ئەنۋەردىن:

— مۇئەللىم قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئون سەككىزگە، — دېدى ئەنۋەر. — ئۆزەڭچۇ؟

— مەنمۇ بۇ يىل كۈزدە ئون سەككىز ياشقا كىرىمەن. سىز بولسىڭىز ئالىلقاچان ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بوپسىز. بىزچۇ؟ ھەي...

— ھېلىمۇ كېچىكمىدىڭ. ياخشى ئوقۇساڭ. يەنە بىر نەچچە يىلدا ئالىي مەكتەپنى تاماملايسەن.

— ھەي ئاكەي... ئاڭغىچە قويرۇقىمىزنى قوم بېسىپ بولارمىكىن دەيمەن.

ئۆيچۈرىسىدىكى باللار ئۇ ساۋاقدىشىنىڭ گېپىدىن پاراققىدە كۈلۈۋەتتى.

— قارا سېنى. ياش دېگەنمۇ شۇنداق نائۈمىد بولامدىكەن. بەلنى مەھكەم باغلايدىغان بولساڭلا. چىققىلى بولمايدىغان تاغ. يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىل يوق!...

ئەنۋەر. مەكتەپتىكى ھەممە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن دىگۈدەك تونۇشۇپ بولدى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى - ئىشچى بولۇپ جەمئىي ئوتتۇزغا يېقىن ئادەم بار ئىدى. غولام ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپ تونۇشقان سەپدىشى ۋە كۆڭۈلگە ياققان، بىردىنبىر كىشىسى بولۇپ قالدى. ئىككىسى بىر ياتاققا جايلاشقانىدى. غولام بىلەن ئەنۋەر ئاخشاملىرى قارا چىراقنىڭ يورۇقىدا تا بىر ھازاغىچە ئولتۇرۇپ قىزغىن پاراڭلىشاتتى. ياتقاندىن كېيىنمۇ سۆھبىتى تۈگىمەيتتى. غولام ئەنۋەر ياتاققا كەلگەن كۈنىلا ئۆزىنىڭ بۇلتۇر كۈزدە دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرۈپ ئاقاتشقا كەلگەنلىكىنى. ھازىر تىل - ئەدەبىيات دەرسى بېرىۋاتقانلىقىنى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ناھىيە بازىرىدا تۇرىدىغانلىقىنى. دادىسى ئۆتكەن يىل ناھىيلىك تەشكىلات بۆلۈمىدە رەھبەرلىك خىزمىتىدە ئىشلىگەن بولۇپ، ئۆكچى، يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش. ئىستىل ئۈزىتىش ھەرىكىتى جەريانىدا باشتا قالپاق كىيدۈرۈلۈپ، كېيىن تۈرمىگە ئېلىنغانلىقىنى. ھازىر ئۆيىدە ئانىسى بىلەن بىر كىچىك ئىنىسىنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. قىسقىسى. غولامنىڭ دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرىشىمۇ.

خىزمەتكە قانىنىشىشىمۇ ئانچە ئوڭايغا توختىمىغانىدى. ئۇ ئاقكۆڭۈل. تىرىشچان يىگىت ئىدى. خىزمەتنى بىجانىدىل ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ خالىسلىقى ۋە ئەقىللىقلىقى ئەنۋەرگە يېقىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇلار بارا - بارا بىر - بىرىگە يېقىن. ئىجىل دوستلاردىن ۋە كۆيۈمچان سەپداشلاردىن بولۇپ قالدى.

رۇستەم مۇدىر مەكتەپتە بىر قەدەر مۇكەممەل قائىدە - تۈزۈملەرنى تۇرغۇزغانىدى. ئۇ خىزمەت ۋاقتىغا ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامىغا شۇنداقلا ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويياتتى. مەكتەپنىڭ تۈرلۈك مەشغۇلاتلىرى مۇدىرنىڭ ئورنەك بولۇشى ئارقىلىق ئىجرىلەتتى. بۇنداق بولغاندا مەكتەپ كوللېكتىپى ئىچىدىكى ھەر قانداق ئادەم ئۆزى بىلگەن نەرسىگە دەسسىيەلمەيتتى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى يىگىدىن تولۇقلىنىۋاتقان بولغاچقا. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ھەر يەر. ھەر يەردىن. ھەر مىللەتتىن. شۇنداقلا ئاساسەن ياشلاردىن تەشكىل تاپقانىدى. بۇ ھال ئۇلار چاغلاردا خىزمەتتىكى پىكىر ئىختىلاپلىرىنى بەس - مۇنازىرىلەرنى قوزغاپ تۇراتتى. لېكىن مۇدىر ئۇنىڭ خىزمەتكە ھېچقانداق دەخلىسى يوق. دەپ بىلەتتى. ئاقاتش ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىمۇ ناھىيىدىكى باشقا يېزا ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگە قارىغاندا خېلى يۇقىرى ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىدى.

مەكتەپنىڭ پائالىيەت تەرتىپى ئىچىدە شەنبە كۈنلۈكى چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچىلارنىڭ سىياسىي ئۆگىنىشىگە ئاجرىتىلغانىدى. بۈگۈن شەنبە ئىدى. رۇستەم مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇش دوكلاتىنى ئېلىپ، سەھەردىلا ناھىيىگە كەتكەنىدى. سىياسىي ئۆگىنىشكە سىياسەت ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدىن تۇيغۇن رىياسەتچىلىك قىلماقچى ۋە ئېقىم مەسىلىرى ھەققىدە چۈشەنچە سۆزلەپ بەرمەكچى ئىدى. تۇيغۇن پاكار بويلۇق. شالاڭ چاچلىرىنى كەينىگە تارىۋالغان ياداڭغۇ ۋە ئۇچلۇك ئادەم ئىدى. ئۇ بۈگۈن ئالاھىدە تەييارلىق قىلىپ ئوقۇتقۇچىلارغا «سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش» توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى. لېكىن بۇ لېكسىيە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق مۇنازىرىسىگە سەۋەب بولدى.

— بولداشلار. ئىنچىلىنايلى. سوئاللىرىمىزنى. كۆز قاراشلىرىمىزنى بىر - بىردىن ئوتتۇرىغا قويۇپ. ئورتاق مۇزاكىرىلىشىپ باقساق. بۇنداق بىھۇدە تالاشساق ھېچنېمىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىكەن. — دېدى تۇيغۇن ئوقۇتقۇچىلارنى تەرتىپكە چاقىرىپ.

— ئاۋۋال مەن بىر سوئال قويااي. — دېدى ئاق قالپاقلىق قىرغىز

يىڭگىت قولىنى كۆتۈرۈپ، — ئولتۇرغانلار چۈشەنچىسىنى دەپ باقسۇن، قانداق؟

— ھە، ئىپنە قاناتبېك سوئالىڭنى.

— توختاپ تۇر، ئاۋۋال تۇيغۇن رۇخسەت قىلسۇن. ئەگەر سوئالىم تۇيەيلىدىن ماڭا جىنايەت يۈكلىمەكچى بولساڭلار، ئاغزىمنى ئاچمىدىم.

— بۇ ئۇگىنىش ۋاقتىمىزغۇ؟ ئۇگىنىشتە دېگەنىنىڭ ھېچ خاتاسى يوق.

— مەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن...

تۇيغۇن ھېلىقى يىگىتنىڭ سوئال قويۇشىغا رۇخسەت قىلدى:

— ھېلىلا تۇيغۇن سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ئۈستىدە توختالغاندا، سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ناھايىتى ئۇزاق مۇددەتلىك جەريان - چاپقۇنلۇق، ئۆتكۈر سىنىپىي كۈرەشلەر ئىچىدە تۇرغان بولىدۇ. سىنىپىي كۈرەش سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ پۈتكۈل ھۆججەيلىرىگە سىڭگەن بولىدۇ دېگەنىدەك گەپلەرنى قىلدى. ئۇنداق بولغاندا، سوتسىيالىزمنىڭ مەقسىتى سىنىپىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشتىنلا ئىبارەتمۇ؟ بىزنىڭ بۇ جەمئىيىتىمىزدە ئاغرىق - ئاداۋەت. قارىمۇقارشىلىق دېگەنلەر زادىلا تۈگىمەمدۇ؟

تۇيغۇن چېكىتتەك كۆزلىرىنى قىسىپ، بىر قىسما ھىجايدى - دە، ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ سورىدى:

— ئەمىسە، سىزنىڭچە بولغاندا سوتسىيالىزمنىڭ مەقسىتى نېمە؟

قاناتبېك ئولتۇرغانلارغا، ئاندىن تۇيغۇنغا قارىدى:

— مەن شۇ ئۇقۇمنى چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن سىلەردىن ...

تۇيغۇن شالاڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئارقىدىكى مەنسۇرغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ قويدى ۋە ئاستا مۇنبەردىن چۈشتى.

— قاناتبېكنىڭ سوئالىغا كىم جاۋاب بېرىپ باقىدۇ بولداشلار؟

ياشانغان بىر قانچە ئوقۇتقۇچى بېشىنى يەردىن كۆتەرمەي، زۇۋانسىز ئولتۇراتتى. كىمدۇر بىرسى:

— بۇنىڭغا بىزنىڭ ئەرزىمىز يەتكىدەك ئەمەس. — دېدى. مەنسۇر بېشىنى كۆتەرمەي نېمىندۇ يېزىۋاتاتتى.

— مەن چۈشەنچەمنى دەپ باقاي! — دېدى ئاخىرقى شىرەنىڭ ئوڭ تەرىپىدە خېلىدىن بۇيان ئۈن - تىنسىز ئولتۇرغان ئەنۋەر ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ، — توغرا بولمىسا، يولداشلار تۈزىتىپ كېتەر. مېنىڭچە، سوتسىيالىزم خەلقنى دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت شانلىق تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ ۋە شۇنداق قىلىشى كېرەك. — ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى نىرەپ چىقتى. — بۇ يەردە يەنە قانداقتۇ، ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش، جېدەل - چاپقۇنلۇق كۈرەش دېگەن نەرسىلەر جەمئىيىتىمىز بىلەن بىللە ياشاپ كەلسە، بىز ھېچ ئىشنى قىلىپ بولالمايمىز. بەلكى پۇت - قولىمىزنى ئۆزىمىز بوغۇشلاپ، ماڭىدىغان يول تاپالمايمىز. بۇ ھال، ھەتتا جەمئىيەتنى ئارقىغا چېكىندۈرىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئاقلىقى، كەمبەغەللىكى...

— توختاڭ! — تۇيغۇن ئەپەندى چىداپ تۇرالمىغاندەك قىياپەتتە توۋلىدى. — ئەنۋەر، سىز ھازىرقى دېگەنلىرىڭىز بىلەن شىۋجىيەنجۇيىچىلارنىڭ چىرىقىغا ياغ تېمىتىۋاتقىنىڭىزنى دەيمەن. — ئۇ كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، ئارىدىن كىملەرنىدۇ ئىزدىگەندەك قاراپ چىقتى. — مېنىڭچە سىزدەك ئالىي مەكتەپتە بەش يىل تەربىيە كۆرگەن، يىگىرمە يىل سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتناشقان يىگىتنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپلەرنىڭ چىقىشى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. چۈنكى، سىزنىڭ شۇ بىر نەچچە ئېغىز سۆزىڭىز، بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزمۇ ئاغزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقان زەھەرلىك سۆزلەر - دە!

— تۇيغۇن. ئۇگىنىش جەريانىدىكى پىكىرلەرگە ھازىرلا قالپاق كىيگۈزگىلى ئۇردىڭىزغۇ؟ — قىزلار تەرەپتىن چىققان بۇ زىل ئاۋاز تۇنى تېرىكتۇرۇپ قويدى:

— زەينەپ، سىزمۇ ئۇنىڭغا يان بېسىۋاتامسىز - نېمە؟

— جەڭگى - جودا بىلەن تولغان، قورساق تويمايدىغان، نامرات جەمئىيەتنى سوتسىيالىزم دەپ پەدەزلىگەنلەرگە يان بېسىشقا بولماس.

— سىز قېنىڭىزدىراق ئولتۇرسىڭىز بولارمىكىن. غولامجان... سىز ئۆزىڭىزنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىڭىزنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ!

غولام ئەلەم بىلەن تۇيغۇنغا تىكىلدى ۋە ھۆزپىدە قىزاردى.

— ئۇنداقتا مەن ئۈگىنىشكە قاتناشمىسامۇ بوپتىكەن.

— ئۇرۇشقاق سوتسىيالىزم. — دېدى ئوتتۇرىدا كىملۇ بىرسى. پىچىرلاپ ئېيتىلغان بۇ سۆز ھەممەيلەننىڭ قۇلىقىغا ئېنىق ئاڭلاندى ۋە ئۇ يەر، بۇ يەردىن «خىرت-خىرت» كۈلكە ئاۋازى چىقتى.

— ئۇنداقتا، سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەشتىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمنى نەگە قويىمىز يولداشلار؟

— بۇنىڭغا مەن جاۋاب بېرىپ باقاي! — ياندىكى ئۇستەلدىن بىر قىز ئوقۇتقۇچى سۆز نۆۋىتىنى ئالدى. ئۇ خېلىدىن بۇيان مۇنازىرىلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا گەپ قاتماي، جەينىكىنى شىرەگە قويۇپ، مۇشتۇملىرىنى ئىڭىكىگە تىرىگىنىچە ئۇدۇلىدىكى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرغان ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى رىزۋان ئىدى:

— سىنىپ، سىنىپىي كۈرەش، دۆلەت دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تارىخنىڭ مەھسۇلى. بۇ يەر شارى ئەشۇ نەرسىلەر ئۇيەيلىدىن سانسىزلىغان ئەبقە - گۇرۇھلارغا. ساناقسىز بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. مېنىڭچە. سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىز ئىلگىرىكى ھەر قانداق جەمئىيەتتىن ئىلغار بولغان ئىكەن. ئاداۋەتنى تاشلاپ. جاراھەتنى ئاۋۇتماسلىقى. ساقايماس كېسەل پەيدا قىلىپ، ئۆزىنى خانىۋەيران قىلماسلىقى كېرەك. بەلكى، خەلقنى بىردەك ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ. ئەلنى ئادالەت. باراۋەرلىك ۋە پاكلىق نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان نۇرتاق گۈزەل تۇرمۇشقا، پارلاق جەمئىيەتكە — كوممۇنىزمغا باشلاپ بېرىش كېرەك.

ئۇچىسىغا قارا ياقىلىق يىپلىك قارا مەخمەل پىلاتىي كىيگەن بۇ قىزنىڭ جاۋابى ئوقۇتقۇچىلارنى قايىل قىلغانىدى. بىر ئېغىزمۇ سۆز قاتماي جىم ئولتۇرۇشقان ئوقۇتقۇچىلارمۇ دىدىللىشىپ، ئۇنىڭغا بۇرۇنى سوزۇپ قاراشتى. مەنسۇر ئىبخچە بېشىنى كۆنەرمەي بىر نېمە يېزىپ ئولتۇراتتى.

شۇ قېتىمقى مۇنازىرە ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا خېلى كۈنلەرگىچە بېسىقمىدى. بەزىلەر ئەنۋەر بىلەن رىزۋاننىڭ گېپىنى تەستىقلاپ «شۇ ئەمەسمۇ. كۆپ ئوقۇغاننىڭ يەنىلا پايدىسى بار ئىكەن جۇمۇ!» دېيىشسە. بەزى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار بېشىنى چايقىشىپ «ھەي. ياشلار سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر. سۆزلە - سۆزلە دەپ قويسا. گېپىم بار. بىلىمىم بار دەپ ھەر نېمىنى دەۋېرىپ بالاغا قالغانلار ئازمۇ» دېيىشەتتى. ھەر ھالدا شۇ قېتىمقى مۇنازىرىنى بەزى ئوقۇتقۇچىلار جىددىي سىياسىي كەيپىياتقا سەۋەب بولىدىغان غەيرى نورمال ھادىسە دەپ قارىمايمۇ قالمىدى.

## ئىككىنچى باب

كۆنلەر ئۆتمەكتە...

ئەنۋەر بۇ مۇنبەت تۇپراقلىق خىلۋەت يېزا بىلەن قانچە تونۇشقانسېرى ئۇرنىكدە ئۇ يەردىن ھېچقاچان ھېس قىلمىغان شېرىن بىر تۇيغۇ بىخ سۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆز گۈزۈپپەسەندىكى بىر قىزغا ئاشىق بولۇپ قالغانىدى. ئاياللار ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىكى ئەدەب - ئەخلاقى. يېقىملىق. ئوماق چىرايى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىدىغان بۇ ياش مۇئەللىمە ئەنۋەرنىڭ قەلبىنى كۆيدىن - كۆنگە سۆيگۈ ئوتى بىلەن ياندۇرۇپ كېلەتتى. ئۇنىڭ سەۋرىدەك كېلىشكەن قامىتى. سۈتتەك ئاق چىرايىغا ياقۇت كۆزدەك قونغان بىر جۈپ چولپان كۆزلىرى، كەينىگە قايرىلغان ئۇزۇن كىرپىكلىرى. قاپقارا چاچلىرى. ئېغىپ چۈشكەندەك يارىشىملىق قىرلىق بۇرنى ۋە پىشقان گىلاستەك يالتىراق لەۋلىرى... مانا بۇ جان ئەركىلەتكۈچى جازىبە دائىم ئەنۋەرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرەتتى. «كىشى ئۆمرىدە بىرلا قېتىم ئاشىق بولىدۇ. — دېيىشىدىكەن. — دەپ ئويلايتتى ئەنۋەر. — مەن راستىنلا رىزۋانغا ئاشىق بولۇپ قالدىممۇ نېمە؟ بولمىسا ئۇ مېنىڭ ھەممە مەشغۇلاتلىرىمغا چىرمىشىۋېلىپ ئەقلىمنى ئوغرىلاپ قاچىدۇ؟ نېمىشقا دىلىمدا يادلىنىپ تۇرىدىغان بۇ ئىسمىنى ئېيتىش ماڭا ئەسكە چۈشىدۇ؟» رىزۋان يوقلىمىسىنى قولتۇقلاپ سىنىپقا ماڭغاندا. بالىلارنىڭ ئاپتۇرۇق دەپتەرلىرىنى كۆتۈرۈپ يانىغا قايتقاندا. باكى دوستلىرى بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقاندا. ئەنۋەرنىڭ ئۈمىدلىك كۆزلىرى ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا تەلمۈرەتتى. تۇساتتىن ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان چاغدا. ئەنۋەرنىڭ ئاتەشلىك يۈرىكى تۆز رىتىمىنى بۇزۇپ. دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلايتتى ۋە تىلى گەپكە قولاشماي قالاتتى.

دىلكەش كۆڭۈللەرگە سۆزسىز بېقىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. رىزۋان ئاللىقاچان يىگىتنىڭ سىرلىق ئىنتىلىشلىرىنى بىلىپ يەتكەنىدى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇ ئەنۋەرگە ئالدىراپ سىر بەرمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىمۇ شېرىن ھېسلار ئەركىلەتمەكتە ئىدى. رىزۋان ئەنۋەرگە ئوخشاشلا. ئۇنىڭ بىلەن بىللە دەرس تەييارلاشنى. ئائىلە سۆھبىتىگە بىللە دۇيلەرگە بېرىشنى ياقتۇراتتى ۋە بىللە بولغان مىنۇتلارنىڭ ئۇزاقتىن - ئۇزاق داۋاملىشىشىنى خالايتتى. بىر كۈنى ئەنۋەر ئۆگىنىشتە ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارغا بىمەر سائەتچە دەرس تولۇقلاپ بەرگەندىن كېيىن ئىشخانىغا كىردى. ئوقۇتقۇچىلار ئاللىقاچان قايتىپ كەتكەن. لېكىن نېمىشقىدۇر. رىزۋان ئىبخچە قايتمىغانىدى.

— سىز قايتماپسىزغۇ؟

— سىز بىلەن بىللە قايتاي دەپ.

— ياخشىغۇ! ئۆيىمىزمۇ بىر بولسا. بىللىلا كەتسەك...

— ئىبتىقان گېپىڭىزنى.... — دېدى رىزۋان ۋىللىدە قىزىرىپ. ئۇ بېشىنى كۆتەرمەي ھېساب ئىشلەۋاتقاندەك قىلاتتى. لېكىن قەلەمنىڭ ئۇچى نېرى سىلجىمايتتى.

— ئەنۋەر! — دېدى ئۇ بىردىنلا نېمىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ. — ئاڭلىدىڭىزمۇ. رۇستەمكام ئوقۇشقا بارىمىشقۇ؟

— شۇنداقمۇ. ئۇنۇگۇن بىرەيلەن مۇدىر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىگە بېرىپ بىر يىلىم بىل ئوقۇپ كېلەرمىش دەۋانانى. بوپتۇ، بېرىپ ئوقۇپ كەلسۇن. نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۇرۇپ كېلىشىنىڭ پايدىسى چوڭ.

— راست. ئۇن بەش يىلدىن بۇيان بىر قېتىملا كەلگەن پۇرسەتنە. بارسۇن. لېكىنزە...

— لېكىن نىمە؟

— ئۇ مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك ئىشلىرىنى مەنسۇرغا تاپشۇرارمىش.

— يۇقىرى شۇنداق قارار قىپتۇما؟

— ياقەي. رۇستەمكام ئۆزى بولمامدۇ. بىر غەيۋەتخور كەينىدىن ئۆزىنى ئىللايدىغان نەرسىگە... ئىچى دەريادەك كەڭ ئادەمدە. تۇۋا!...

— ئۇ بولمىسىمۇ بەربىر ئىشلەش كېرەككۇ رىزۋان. باشقىلارمۇ يامان ئادەملەر ئەمەس ئىكەن.

— توغۇ شۇنداق. لېكىن... مەنسۇردەك ئادەملەرنىڭ قولىغا قالسىكىز خۇنۇقۇپ جېنىكىز چىقىدۇ.

— قانداق دەيسىز؟

— سىزگە ئېيتسام. مەنسۇرنىڭ بۇ يەردە بىر مىنۇتمۇ تۇرغىسى يوق. قايسى كۈنى سىز ئاڭلىدىڭىزغۇ. ئاقتاشقا شەھەرنىڭ ئىتىنى باغلاپ قويسىمۇ تۇرمايدۇ دېگەنلىكىنى. مىنىڭچە. ئۇنىڭغا راھەت تورمۇش. ئويۇن ـ تاماشا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پۇرسەت بولسىلا بولدى. ئۇنىڭ سىنىپقا كىرىپ دەرس ئۆتۈشى. ئىشخانىلارغا كىرىپ ـ چىقىپ لاغايلاپ يۈرۈشى پەقەت كۈن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنلا. ئوقۇغۇچىلار بىلەنمۇ قىلچىمۇ كارى يوق.

— مەيلى ئەمەسمۇ. جەمئىيەتتە ھەممە ئادەمنىڭ سىزدەكلا ئاكتىپ بولۇپ كېتىشى ناتايىنغۇ... — ئەنۋەرنىڭ چاقچىقىغا رىزۋان ئىرىنكتى:

— ئۇنداق دېسەم. مېنى زاڭلىق قىلغىلى تۇردىڭىز. سىزمۇ ياسىپ ئەمەسقۇ! ئۇنىڭدىمۇ بىر ياشقا خاس يۈرەك بولغاندىكىن. خىزمەتنى ھالال ئىشلىسە. خەلقنىڭ ئۈمىدىنى بىلسە بولاتتى. ئۇ تېخى قىرغىز ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلگىدەك يامان كۆرىدىكەن.

— ئەمدىلىكتە ئۇ مۇشۇ مەكتەپنى باشقۇرامدىكەن؟

— شۇنداق. ئۇنىڭغا قالغان كۈنزە...

— بىر ئادەمنىڭ دېگىنى ھېساب بولىدىغان ئىش يوق رىزۋان. — دېدى ئەنۋەر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ. — ئاقتاش ئوتتۇرا مەكتىپىدە بىر توپ ياخشى ئادەملەرنىڭ بارلىقىمۇ ئىشەنىش كېرەك. ھېچكىم ئۇنىڭ ئىشلارنى بۇزۇشىغا. ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ. ئوقۇتۇشنى ئاقسىتىشىغا يول قويمايدۇ.

ھە. راست مەن ئىشخانا دېجورنىسى ئەمەسمىدىم. خاپا بولماي بىر ئەرەپكىرەك ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ. ئىشخانىنى تازىلىۋېتەي.

— ھىم. مەن تۇرۇپ سىز تازىلامتىڭىز؟ — رىزۋان سۈپۈرگىنى ئالاشتى. — ئەكىلىڭ. سىز ئۇنىڭ ئورنىغا مۇتۇ مەسىلىنىڭ. يەنە بىر خىل ئاددىي يېشىلىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بېقىڭ. مەن ھەر قانچە قىلىپمۇ تاپالمىدىم.

ئەنۋەرنىڭ ئۇدۇلىدا بىر قەدەمچە ئارىلىق قالدۇرۇپ ئۆرە تۇرغان قىزنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل سەممىيلىك ۋە ئوماق تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى.

ئەنۋەر ھېسابنى ئىشلەپ بولغىچە. رىزۋان ئىشخانىنى پاك ـ پاكىزە تازىلاپ ئۈگەتتى. «خۇدانىڭ كۆزى بار دېگىنى راست گەپ ئوخشايدۇ. ئادەتتە. قاراڭغۇ چۈشكىچە بىردەممۇ كىشىدىن خالى بولمايدىغان ئىشخانا بۈگۈن قانداقلارچە ئىككىمىزگە بۇنداق تىنچ مۇھىتنى يارىتىپ بەردىكىن ـ تاڭە» دەپ ئويلىدى ئەنۋەر خۇشال بولۇپ. رىزۋان ماتېرىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ. ئورنىدىن تۇردى:

— رەھمەت سىزگە ئەنۋەر! — ئۇ باشقىچە ئوماقلىشىپ ۋە ئىشىكتىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

رۇستەمنىڭ ئوقۇشقا بارىدىغانلىق توغرىسىدىكى خەۋەر راست ئىدى. تېخى ئۈچ يىل ئىلگىرى قۇرۇلۇپ. ئەمدىلا ئۆز يولىغا چۈشكەن ئاقتاش ئوتتۇرا مەكتىپى ئۈچۈن رۇستەم مۇدىر تولىمۇ زۆرۈر ئىدى.

رۇستەم ئەسلىدە ئاقتاش يېزىسىدىكى بىر مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەجرىبىلىك مۇدىرى ئىدى. 1961 ـ يىلى ناھىيە رەھبەرلىكى ئاقتاش يېزىدا بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇپ. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىۋاتقان نەچچە يۈزلىگەن قىرغىز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشنى ئويلاشقانىدى. لېكىن ئۇلار مەكتەپنى قانداق قۇرۇش. مەكتەپ رەھبەرلىكىنى ھەم ئوقۇتقۇچىلارنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسىدە كۆپ باش قاتۇردى. بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمەيدىغان ئەھۋال ئاستىدا. نامرات ئاقتاش دېھقانلىرىغا ۋە چارۋىچىلىرىغا تايىنىپ مەكتەپ قۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ مۈشكۈل بىر ئىش ئىدى. ناھىيىدىن كۆپ ئويلىنىپ. مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا رۇستەمنى بېكىتمەكچى بولۇپ. ئۇنىڭدىن پىكىر ئالدى. دەسلەپتە ئۇنىڭ كۆزى قورقتى. ھېچقانداق ئاساسى يوق بىر مۇھىتتا ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىش «سۇسىز ئۆستەڭگە مىراپ بولغان»غا ئوخشاش بىر ئىش. ئۇ يەردە ھېچنېمىنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمىسا. خەلققە نىمە دەپ

يۈز كەلگىلى بولار دەپ ئويلىدى ئۇ. بىراق، بارلىقنى خەلقنىڭ مانارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان قىرىق ياشلىق بىر كوممۇنىست، بىر قانچە كۈن ئويلانغاندىن كېيىن، ئاخىرى ئۇلارغا ئۆز جاۋابىنى بەردى.

— تەشكىلنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىسىگە رەھمەت. — دېدى ئۇ بىر كۈنى ھاكىم بىلەن. مانارىپ بۆلۈمى باشلىقىنىڭ ئالدىدا، — تاغلاردا ئەزەلدىن يول بولمىغان. ئىرادىلىك ئادەملەرلا مېڭىپ يول ئاچقان، قىسقىسى. تاغۇ - دەشتلەردە ئىنسانلارنىڭ پارلاق يولنى ئېچىش ئۈچۈن. ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ ئۆچمەس قەدەملىرى بىلەن تۈنجى ئىز سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاقتاشتا شۇنداق يول ئېچىشقا مەن بەل باغلىدىم. پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلقىمىزنىڭ قوللىشى ئارقىلىق جەزمەن بۇ ئىزنى ياخشى سالىمەن! لېكىن. ئاۋۋال ماڭا يارامىلىق ئوقۇتقۇچىلاردىن بەش - ئالتىنى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى كۆز قارىچۇغىدەك ئاسرايدىغان زاپخوزدىن بىرنى بېرىڭلار.

— يەنىچۇ؟ — سورىدى ھاكىم.

— دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىقى بولسىمۇ، مەكتەپ قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ئۈچۈن ئون مىڭ يۈەن راسخوت ئاجرىتىپ بېرىڭلار، قالغان ئىشلارنى بولسا، ئۆزەمگىلا قويۇڭلار. مەن ئىشلەپ باقاي.

رۇستەم مۇدىرنىڭ دېگەنلىرى يۇقىرى تەلەپ ئەمەس ئىدى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا ماقۇل بولدى ۋە راسخوت پۇلنى ئۇنىڭ دېگىنىدىن بىر ھەسسە كۆپەيتىپ بەرمەكچى بولدى.

رۇستەم مۇدىر ئاقتاش يېزىسىدا، ئەترەتمۇئەترەت ئارىلاپ يۈرۈپ ئېگىنچى ۋە مالچىلارغا بۇ يەردە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇتۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەتى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. ياغىچى بارلار ياغاچ، كۈچى بارلار كۈچ ياردەم قىلدى. نەتىجىدە ئاقتاشلىقلار بىر يازدىلا بىر قانچە كورپۇس مەكتەپ بىناسىنى پۈتتۈرۈپ چىقتى. سېنتەبىردە ئۇلار مەكتەپكە ئۈت سىنىپلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، ئوقۇتۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئاقتاش يېزىسىنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا قاغجىراپ ياتقان بىر پارچە دۆڭلۈك مەيدانىدا يېڭىچە تۇرمۇش، يېڭىچە مەدەنىي ھايات باشلاندى.

رۇستەم مۇدىرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى قىزغىن ۋە جۇشقۇن باللار ئىدى. ئۇلار ئۆگىنىپ - ئۆگىنىپ ھارمايتتى. ئوقۇتقۇچىلار كۈن بويى بەش - ئالتە سائەت دەرس ئۆتۈپ ئالدىراپلا يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رۇستەم مۇدىرمۇ بار ئىدى. ئۇ كۈندۈزى دەرس ئۆتسە، ئەتىگەن - ئاخشاملىرى مەكتەپنىڭ تۈرلۈك كەم - كۈتىلىرى ئۈستىدە ئويلىناتتى. ۋاقىت چىقىرىپ، گۇڭشې مۇدىرلىرىنىڭ قېشىغا چاپاتتى. ئۇلارنىڭ ئاز - تولا يۈلەكتە بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ يار بەرمەسلىكى، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتىشمەسلىكى، ئۇنىڭ دائىم بېشىنى ئاغرىتىدىغان ئىشلاردىن ئىدى. مەكتەپ سىرتىدا ئوقۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرغان بىر قانچە ئون ئوغۇل - قىزلارنىڭ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا تەلمۈرۈپ يۈرۈشكەنلىكىنى كۆرگەن رۇستەم مۇدىرنىڭ ئىچى سىرىلىپ كېتەتتى. ئۇ بىر كۈنى باشقىلاردىن ناھىيىگە يەنە يېڭىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن بىر قانچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا، ناھىيىگە يېتىپ باردى - دە. مانارىپ بۆلۈم باشلىقىغا ئۆزىگە بەش ئوقۇتقۇچى لازىملىقىنى ئېيتتى.

— سىز مۇنچە كۆپ ئوقۇتقۇچىنى قانداق سىغدۇرۇپ ئىشلىتىسىز؟

— يەنە سىرتتا يۈزچە بالا تىنەپ يۈرۈپتۇ. ئاتا - ئانىلىرى ئۇلارنى ئېغىر ئېتىز ئەمگىكىگە سالسا. ئېزىلىپ تۈگىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىنمامسىز؟

— ئويلىغانلىرىڭىزنى ئېيتىڭ قېنى؟

— ھازىر مۇنتىزىم ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇشقا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. لېكىن مەن مەكتەپ سىرتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىپ، يېرىم ئوقۇپ، يېرىم ئىشلەيدىغان بىر قانچە يېزا ئىگىلىك كەسپىي سىنىپى ئاچماقچىمەن. يەر دېسىڭىز يەر، سۇ دېسىڭىز سۇ، ئوغۇت دېسىڭىز ئوغۇت ئۇ يەردە ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئوقۇسا، بىر تەرەپتىن مۇۋاپىق ئىگىلىك باشقۇرسا...

— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا! يارايسىز مۇدىر، — دېدى مانارىپ بۆلۈم باشلىقى رۇستەمنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ. — بىز سىزنى قوللايمىز ئاقساقال. شۇنداق قىلىشقا ئېگىشلىك ئىدى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مانارىپ يۆنىلىشىگىمۇ تامامەن ئۇيغۇن كېلىدىغان چارە. بۆلۈم باشلىقى شۇ گەپلەرنى دېگەندىن كېيىن. يېڭى ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىككى جۈپ ئوغۇل - قىزنى تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۇلار دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ كەلگەن مەنسۇر، غولام، رىزۋان ۋە زەينەپ ئىدى.

— بىراق، قىزلار سىزگە تازا كۈچ بېرەلمەيدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ. مەن ئۇلارنىڭ ئەقىل كۈچىنى ئىشقا سالدۇرىمەن.

مۇدىر دېگىنىدەك قىلدى. ئۇ يېزىنىڭ چېتىدىكى بىنەملىكتىن يۈز مو يەرنى تەلەپ قىلىپ ئالدى. ئۇنىڭ تېگى بىيدىلىككە. تېگىنى ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇردى. گۇڭشېدىن ئىككى يۈز تۇياق ساغلىق قوي كۆتۈرە ئېلىپ، بەش قوزىدىن

ئككىنى مەكتەپكە، ئۈچىنى مال ئىگىسى تەرەپكە تاپشۇرۇپ بېرىشىنى كېلىشتى. ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، دېھقانچىلىق مەيدانى يېنىغا بىر يۈرۈش ياتاق، ئاشخانا ۋە تۆت ئېغىز سىنىپ، قىرائەتخانىلارنى سېلىپ چىقتى. قوي قوتىنىمۇ، تول ئېلىپ، ۋانىلاش ئۈسكىلىرىنىمۇ بىللە يۆتكىدى... ئۇنىڭ قىلغانلىرى دەرۋەقە كېيىنكى بىلدىلا ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى: مەكتەپ قوشۇمچە كىرىمدىن بىر يىلدىلا ئۈچ مىڭ يۈەن جۇغلىدى...

مۇدىر بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئوقۇشقا ماڭماقچى ئىدى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئىشخانىسىغا مەنسۇر بىلەن ئەنۋەرنى چاقىرىپ كىردى.

— ئەمدى مەكتەپ بىر يىلدىن ئارتۇقراق سىلەرگە قالىدۇ. بىگىتلەر، — دېدى ئۇ. — مەنسۇر، سىزنىڭ ئاز ـ تولا كۆزىڭىز پىشىپ قالدى. كۈندىلىك ئىشلارغا سىز رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كۆپرەك مۇزاكىرىلىشىڭ. مانارىپ بۆلۈمىگە مەلۇم قىلماي چوڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغۇچى بولماڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسىمۇ سىز... سىلەرگە مەلۇم، قىدىر ئاقساقال بىر نەچچە ئايدىن بۇيان كېسەل. پات يېقىندا ئىشقا چۈشەلمەيدۇ. شۇڭا ئەنۋەر ئۇنىڭ ئورنىدا ئىلمىي خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەپ تۇرسۇن.

مەنسۇرنىڭ كۆزلىرى ئوينىدى. كەتتى:

— جېنىمىز بىلەن ئىشلەيمىز رۇستەمكا، خاتىرجەم بولۇڭ! — دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ.

—ھە راست، سىزنىڭ يۆتكىلىش تەلىپىڭىز بار ئىكەنغۇ. مەن مانارىپ بۆلۈمىدىكىلەردىن ئاڭلىۋىدىم.

مەنسۇر خىجىللىق ئىچىدە ھىجايدى.

— ياق ئەمدى، خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بولغاندىكىن...

— توغرا، ھازىرچە خاتىرجەم ئىشلەپ تۇرۇڭ. كېيىن مەن كەلگەندە بىر گەپ بولار.

مۇدىر شۇ تەرىقىدە خېلى كۆپ سۆز قىلدى. ئەنۋەر تىڭشاپ ئولتۇراتتى. ئۇ مۇدىرنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ ئورۇنلىيالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئاخىرىدا:

— ياخشى ئوقۇپ، سالامەت قايتىپ كېلىڭ. — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئۈچىنچى باب

دېكابىرنىڭ بىر ئەتىگىنى ئاخشامدىن بۇيان ياغقان قار ئېتىز ـ دالىلارغا ئاق لىباس ياپقان، دەرەخلەرنىڭ غوچىيەك شاخلىرىدا كۆمۈشرەڭ چېچەكلەر گۈل ئاچقاندى. كىچىك شاخلاردا تونەپ ئۆتكۈزگەن ئاق قۇشقاچلار تۈگۈلگەن، گەۋدىلىرىنى دوغدايتىپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن پۇتاقلاردىن «پۇررىدە» ئۇچۇپ چىققىنىدا قاناتلىرى ئارىسىدا قار توچقۇنلىرى توزۇپ قالاتتى.

ئەنۋەر قارلىق دالىنى تاماشا قىلىپ، مەكتەپ قوراسىدا بىر پەس ئايلىنىپ يۈردى ـ دە، ياتاققا قايتىپ ماڭدى. ئۇ ياتاققا كىرىپ غولامنىڭ يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ بىر نەرسە يېزىۋاتقانلىقىنى كۆردى:

— ئوھوي شائىرىم، تۈنجى قارنى كۆرۈپ، ئىلھامىڭ تۇرغۇپ كېتىپتۇ ـ دە!

— قارلىق. — غولام بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرىدى.

— كىمگە ئاتىلىماقچى؟ ئايىنىلىق، دوختۇرخانىغا چاپىسەنغۇ ـ ھە؟ شۇ ئاپئا قارلىقىڭنى كۆتۈپ، دىلبەرنىڭمۇ كۆزى ئالغاندۇ.

غولامنىڭ گۆزگۈشى دوختۇرخانىسىدىكى سېسترا قىز دىلبەر بىلەن يۈرىدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. غولام ئەنۋەرگە قاراپ ھىجايدى ۋە چاقچاق ئارىلاش جاۋاب بەردى:

— رىزۋانغا ئاتىلىسائىمۇ ئىختىيارىڭ.

— تولا سۆزلىمە، قېنى ئەمدى ئوقۇمامسەن؟

— ئالدىرىما، تېخى پۈتمىدى. — غولام ئالدىراپ بىر نەچچە قۇر يازدى ۋە تۈزە بولدى. — ئاڭلامسەن ئەمىسە؟

— ئوقۇ، ئوقۇ! — ئەنۋەر غولامنىڭ كارىۋىتىنىڭ قىرغىقىغا ئولتۇردى. غولام ئوقۇشقا باشلىدى:

قوچاقلىشىپ چوققىلارنى ئاق بۇلۇتلار،
چەكسىز ئاسمان گۈمبىزىگە لەۋ يېقىپتۇ.
بىر ـ بىرىگە كۆز قىسىشىپ يۇلتۇزلارمۇ،
نەلەرگىدۇ، ئاستاغىنە مۆكۈۋاپتۇ.
قىز مەگزىنى چىمدىپ ئويناپ شوخ يىگىتتەك،
سوغۇق شامال بورغىلايدۇ دالىلاردا.
كۆك پەرىسى چاچقىنىدا ئالتۇن بېزەك،
گۈل ئېچىپتۇ ئاق لالەر شۇ باغلاردا...
مەن كېلىمەن ئاق لىباستەك خانقىز بىلەن،
كۆڭلىدىكى سىرلىرىغا ئۈلپەتلىشىپ.
ئۇشبۇ قارلىق ئىزھارىدىن دىل ئىشقىنىڭ،
يەتەر دەيمەن پىنھانىنى جانان بىلىپ...

شېئىر ئەنۋەرنىڭ روھىنى كۆتەردى.

— چاپسان بول، مۇشۇ باھانىدە دىلبىرىڭنى ئەتىگەندە بىر كۆرۈۋال. — دېدى.

ئوقنوغنوچىلارنىڭ دەرسكە كىرىشىگە خېلى ۋاقىت بار ئىدى. ئەنۋەر رىزۋانغا ئاتاپ يازغان قارلىقنى يانچۇقىنىڭ سىرتىدىن سىلاپ قويۇپ بىر پەس باللارنىڭ تاماشىسىنى كۆردى - دە، دەرۋازىدىن چىقتى. مەكتەپ ئىچىدە ئۇنىڭ زىرۋانغا قارلىق تاشلىشى ئەپسىز ئىدى. ئۇ چوڭ يولنىڭ ئالدىغا چىققىنىدا، ئۆزىدىن ئىككى يۈز قەدەمچە يىراقلىقتا — دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىقتا ئوچقاندەك يۈگۈرەپ كېتىۋاتقان غولامنى كۆردى. ئۇنى كەينىدىن دىلبەر قوغلاپ كېلىۋاتاتتى.

— بولدى قىلىڭ ئەمدى، بەربىر يېتەلمەيسىز!

ئەنۋەرنى كۆرگەن دىلبەر توختاپ قالدى ۋە ئالدىغا چۈشۈپ قالغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ھاسىرىغان ھالدا دېدى:

— شۇمۇ قارلىق تاشلاش بولدىمۇ؟ ھېساب ئەمەس.

— نېمىشقا؟

— تويدۇرماي يانچۇقۇمغا سېلىپ قويسا ياكى ئالداپ قولۇمغا بەرسىمۇ مەيلى ئىدى.

— ئەنە قولىڭىزغا ئاپسىزغۇ؟

— ئىشكتىن تاشلىغان بولسىمۇ ئالدىم - دە.

— ئەمىسە ھېساب بوپتۇ. بولمىسا، نېمىشقا قوغلاپ يۈرىسىز؟

— ئەمدى.... — دىلبەر قىزاردى. ئەنۋەر ئۇنى يەنە تېرىكتۈرمەكچى بولدى:

— قارلىقنى ياندۇرۇش تەس كەلدىمۇ - يا؟ بولدى، غولام يېڭىلگەن بولسۇن.

— ياق، مەن...

— بارايسىز، ئەمدى كېلىشكەن ئاۋار ياغلىقتىن بىرنىگە بىر جۈپ قىزىل گۈلنى كەشتىلەيسىز - دە، ئىش تامام.

— توختاڭ، ئۇ نېمىلەرنى يازدىكىن ئوقۇپ باقايلى...

شۇ ئەسنادا رىزۋان كېلىپ قالدى. ئۇ ئەنۋەرگە دىققەت قىلمىغان قىياپەتتە، دىلبەرنىڭ مۈرىسىدىن بويىنىنى سوزۇپ، ئۇنىڭ قولىدىكى شېئىرنى ئوقۇغاندەك قىلدى. بىر پەستىن كېيىن ئاستا يانچۇقىغا قولىنى سالدى - دە، پۈكلەنگەن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ، ئەنۋەرگە قارىتىپ ئاتتى ۋە كىيىكتەك ئاقلاپ ئەنۋەردىن يىراقلاپ كەتتى.

— قاچ رىزۋان، ئىنتىك يۈگۈر دەيمەن!

ئەنۋەر چەبدەسلىك بىلەن قوغلاپ يۈگۈرۈپ بېرىپ، ھېچقانچە تۇزاتمايلا رىزۋاننى تۇتۇۋالدى.

— ئەمدى قانداق قىلاي؟

— بولدى ئەمدى، مەن يېڭىلدىم.... — رىزۋان قانچە زورلانسىمۇ، كۆلكىدىن توختىمايتتى، دىلبەر ئېخىمۇ كۆلۈشكە باشلىدى.

— يۈزىڭىزگە قار سۈزۋايمەن ئەمىسە. — ئەنۋەر رىزۋاننىڭ بىلىكىدىن مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى.

— بولدى قىلىڭ، مەن يېڭىلدىم.

ئەنۋەر ياتاققا قايتىپ كىرىپ، تاشتا قىلدى - دە، ئىشخانىغا قاراپ كەتتى. ئۇ، ئەمدىلا شىرەنى سۈرتۈۋاتاتتى. مەنسۇر بىلەن يوچۇن بىر كىشى ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئەنۋەر ئۇ كىشى بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆستەلگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئۇزۇلكە ئۇزاق. قارا چېبەرقۇتتا تىكىلگەن پالشوپكا ۋە گىلەپە شىم. ئۇزۇن قونچلۇق قارا خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن. قىزىل يۈزلۈك ئادەم ئىدى. ئەنۋەر تارتمىسىدىن كونسپېكتلىرىنى ئېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. مەنسۇر ئارچا ئوتۇنى چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان مەشنىڭ ئىچىگە بىر نەچچە تال ئوتۇن تاشلاپ قويۇپ، قوللىرىنى قارىس چىقىرىپ ئۇۋۇلاپ قويدى - دە، ھېلىقى ناتونۇش كىشىگە قارىدى:

— دېمەك، جىيەنىڭىزنى مەكتەپتىن ئاجرىتىپ بەرمىسەك بولمامدىكەن؟

— سادىغاڭ كېتەي شوجاڭ، بىر ياخشىلىق قىلىپ قوي، يېزىنەم بىچارە مالنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشەلمەي بەك قىينىلىپ قاپتۇ. ئۇ ئۇنۇڭۇنىڭياقى قولاق - مېڭەمنى يەپ زادىلا ئولتۇرغۇزمىدى.

— نەدە ئىشلەيمەن دېۋىدىڭىز؟

— ناھىيلىك سودا كوپىراتىپتا. ئانچە - مۇنچە ھاجىتىڭ بولسا دەۋەرگىن. قولۇمىزدىن كەلسىلا...

— ھە، قېنى كۆرەرمىز. جىيەنىڭىزنىڭ ئىسمى نېمىدى؟

— جىيەنبەك.

مەنسۇر ئالدىغا قەغەز ئېلىپ جىيەنبەكنى مەكتەپتىن چېكىندۈرۈش خېتىنى يېزىشقا كىرىشتى.

— توختاڭ! — ئەنۋەر بېشىنى كۆتۈرۈپ، مەنسۇرغا ئاندىن ھېلىقى كىشىگە قارىدى. — بۇنداق ئىشلارنى يېنىكلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئوقۇش پۈتتۈرمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى، مەكتەپتىن چېكىندۈرۈش تۈزۈمدە يوق ئىش.

— ھە، سىز؟...—ھېلىقى كىشى ئەنۋەرگە ئەجەبلىنىپ قارىدى. مەنسۇرنىڭ ئۆڭى ئۆچتى - يۇ، لېكىن توختاپ قالدى.

— بۇنىڭ بولمايدىغان نېمىسى بار باتۇر؟ ئۇنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈۋېتىپ ئىككىلىك خەت يېزىپ قويسىلا بولمىدىمۇ!

— ياق، تونداق ئوگاي ئىش يوق ئاغا. بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتىن چىقىرىش ھوقۇقىمىز يوق.

— قىزىق ئىكەنسىز ئەنۋەر، — دېدى مەنسۇر ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، — بىر ـ ئىككى بالىنىڭ مەكتەپتىن چىقىپ كېتىشى بىلەن ئوقۇش توختاپ قالامتىمۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ. قالغىنى ئوقۇتساڭلارمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. بىر بالا مەكتەپتىن چىكىنگەنگە ئايلىغىڭلار كېمىيىپ قالامتىمۇ؟

ئەنۋەر مەسخىرىلىك كۈلدى:

— ھىم... قاراڭ سىزنى. ئوقۇمىغان ئادەمدەك گەپ قىلدىڭىز.

— بۇ ئالاھىدە ئەھۋالكەن. ئېتىبار قىلايلى. — دېدى مەنسۇر ۋە خەتنى يېزىشقا كىرىشتى.

— يازماڭ مەنسۇركا! بىز بۇنداق ئىشقا يول ئېچىپ بەرسەك مەكتەپتە بالىلىرىنى كىم ئوقۇتىدۇ؟

— ئەنۋەر، — دېدى مەنسۇر قاتتىق تەلەپپۇزدا. — سىز مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلاشماسلىقىڭىز كېرەك. ھازىر مەن مەكتەپ مەسئۇلى. ئۇقتىڭىزمۇ. ئوقۇغۇچىلارنى نېمە قىلىش مېنىڭ ھوقۇق دائىرەمدىكى ئىش!

— ھېلىمۇ ھوقۇقىڭىزنى مۇشۇنداق كەلسە ـ كەلمەس ئۇچ ـ تۆت قېتىم ئىشلىتىپ بولدىڭىز. ئەمدى بىز سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايمىز!

تۇقۇنۇشنىڭ ئۈستىگە ئوقۇتقۇچىلاردىن بىر قانچىسى كىرىپ قالدى. ئۇلار دەرھال ئەنۋەرنىڭ تەرىپىنى ئالدى. مەنسۇرنىڭ يۈزلىرى پوكاندەك ئىسسىپ، بورۇن تۆشۈكلىرى لىپىلداپ كەتتى. ئۇ يىلى چېقىۋالغان تۈپەك لاسسىدە بولدى ـ دە، قەلىمىنى ئاراقىدە شىرەگە تاشلاپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئۇدا بىر قانچە كۈن ياغقان قار يېزىنىڭ پايانسىز قويىنىنى، پاكار سوقما تاملارنى ۋە چالما بىلەن قوپۇرۇلغان كەپىلەرنى يۇتۇپ كەتتى. قار بىلەن قوشۇلۇپ شۇۋرغان چاپقۇندايتتى.

مەكتەپتە بىر نەچچە كۈن دەرس توختاپ قالدى. ياتقىدا سولىنىپ ياتقان مەنسۇرنىڭ ئىچى پۇشماقتا ئىدى. مەشتە ئوت گۈررۈلدەيتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىنى يىقمىسىز بىر تۈيغۇ بىئارام قىلىپ بۇزەتتى. مەنسۇر دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرۈپ، ئاقتاشتەك مۇشۇنداق كۆزۈمسىز چۆل تاغ ئارىسىغا كېلىپ قېلىشىنى، ئۆزىنىڭ كاج تەقدىرىدىن كۆرەتتى. لېكىن كۆنۈلمىگەندە ئۇنىڭ مەكتەپنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇللۇقىغا بەلگىلىنىپ قېلىشى، ئۇزۇندىن بېرى پەرىشان بولۇپ كېلىۋاتقان كۆڭلىگە ئۈمىد ۋە خۇشاللىق بېغىشلىدى. ۋاقىتلىق كەلگەن ئامەت ئېمىشقا ئەبەدىلىككە نىسىپ بولمايدىكەن؟ ئۇنى ئالسىش، ئىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. دەپ ئويلىدى مەنسۇر. ئۇ رىزۋاننى ئويلىغاندا كۆڭلى غەشلىككە تولدى. رىزۋاننىڭ ئەنۋەر بىلەن ئىجىل ـ ئىناق بولۇپ كېتىشى ئۇنى بىئارام قىلماقتا ئىدى. ئۇ رىزۋاننى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرۈش، ئەنۋەر، غولام... قاتارلىق كۈشەندىلىرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرۇلۇق خىيالغا چۆكتى. شۇ چاغدا ئالادىن بىر ئادەمنىڭ قېلىن قارنى كېچىپ كېلىۋاتقان ئېغىر ئاياغ ئاۋۇشى ئاڭلاندى. بىر ئادەم كارىدورغا كىرىپ پۇتىنى يەرگە قاقتى ـ دە، مەنسۇرنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ توختىدى. بۇ، مەكتەپ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچىسى، قاۋۇل بوۋاينىڭ ئوغلى تۇرالى ئىدى. تۇرالى قارا كۆزەپە تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ، قارنى قامچىسىنىڭ سېپى بىلەن تۇرۇپ چۈشۈردى ـ دە، ئىشىكنى ئېچىپ كىردى.

— كېلىڭ تۇرالى. تۇياقنىڭ ئىشلىرى قانداق؟ — سورىدى مەنسۇر كارىۋىتىدىن قوزغىلىپ.

— گېپىنى قىلماڭ، مەنسۇركا. تۆت كۈن بولدى، قويلارنىڭ ھەممىسى قوروددىن چىقالماي، بىر ـ بىرىنىڭ يۇڭىنى يەۋاتىدۇ. چۆپ باسقان لاپاس ئۆرۈلۈپ كېتىپ، ماللارنىڭ يەم ـ خەشەكى قار ئاستىدا قالدى. كۆپكە(1)دىكى قوزىلارنىڭ ئاچلىقتىن مەرەشلىرىگە چىداپ تۇرالماي ئۆيۈمگە ئەكىرىۋالدىم.

— دادىڭىزنى ياردەملەشتۈردىڭىزمۇ؟ — ئۇ يانچۇقىدىن بىر تال تاماكا چىقىرىپ، ئالدىرىماي ئوراشتۇردى ـ دە، ئېرەڭسىز ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

— ئاتامنىڭ كۆڭلى ئارامدا بولسىغۇ قاراپمۇ تۇرمايتتى. ئۆينىڭ ئىككى تال لىم ياغىچى سۇنۇپ كېتىپ، ئۆيدىكىلەرنى بېسىۋالغىلى تاس قاپتۇ. ھازىرلا شۇ يەردىن كېلىشىم. ھېلىمۇ ياخشى، ئەنۋەر بىلەن غولام، قاناتبەكلەر بېرىپتۇ. ئۇلار ئۆيدىكىلەرنى قوشنىمىزنىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيىگە كۆچۈرۈۋاتىدۇ.

— ھىم! ئۇلار ئالادا قاتراپ يۈرسۇن. بىز بۇ يەردە سولىنىپ ياتايلى. سىز بېرىپ ئۇلارغا ئېيتىڭ. مەيداندىكى قارلارنى كۆرەيمىز. ھازىر كېلىشسۇن!

— ئۇۋا، مەنسۇركا، ئىشەك ئۆلسە، كۆتىگە غىجەك چالدى دېگەندەك گەپ بولدى بۇ. ھازىر گۈڭگىشى كادىرلىرى ئەترەتمۇ ئەترەت يۈرۈپ قار ئاستىدا قالغان ئائىلىلەرنى ئاپەتتىن

---

(1) كۆپكە — قىش كۈنلىرى قوزىلارنى سولايدىغان گەمە.

قوتقۇزۇۋالسا. سىز مەيداندىكى قارلارنى تازىلايمىز دەيسىزغۇ؟!

— قارنى بىز ياغدۇرمىساق. مىنىڭ گىيىمنى تولارغا دەڭ. تولارسىزمۇ خەق ئاپەتتىن قوتۇلالايدۇ.

تۇرالى قاققان قوزۇقتەك ئورنىدا بىر پەس تۇرۇپ قالدى ـ دە. كەينىگە تۇرۇلدى ۋە ئىشىكنىڭ تۇتقىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئەئۋەرلەر تودۇللا مەيدانغا بىرىپ قوپلارنى قوتقۇزىمىز دىيىشكەنتى. سىز بارالمايدىغان بولسىڭىز خەۋەردار بولۇپ قىلىڭ. — دىدى.

تۇرالى چىقىپ كەتكەندىن كىيىن. مەنسۇر ياتقىدا تويان ـ بۇيان ماڭدى. مەشكە بىر نەچچە پارچە ئارچا ئوتۇننى تاشلاپ قويۇپ، كارىۋىتى ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى...

ئەنۋەر باشچىلىقىدىكى بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى قاۋۇل يۈۋايىنىڭ ئۆيىدىنلا تودۇل مەكتەپ دىھقانچىلىق مەيدانىغا باردى. ئۇلار قار ۋە شىۋىرغان بىلەن جىددىي ئېلىشىپ. ئەڭ ئاۋۋال گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن لاپاسنىڭ ئۈستىنى ئاچتى. قار ئاستىدىن قۇرۇق چۆپلەرنى چىقىرىپ. قوتاندا تىترىشىپ تۇرغان قوپلارنىڭ ئالدىغا چاچتى. ئېچىرقاپ هالدىن كەتكەن قوپلارنىڭ چۆپ يىيىشكە قۇربىتى يەتمىدى. تۇرۇن ئۆتمەي بىر قانچە ساغلىق يىقىلدى. قوزىلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن ئۆلۈشكە باشلىدى.

بۇ قىممەتلىك ئاپەتتە مەكتەپنىڭ تارتقان زىيىنى ئاز ئەمەس ئىدى. قوزىلارنىڭ هەممىسى دىگۈدەك ئۆلۈپ تۈگىدى. ئانا ساغلىقلارنىڭ يىرىمىغا يىقىنى قىرىلىپ كەتتى. ئوقۇتقۇچىلار بۇ چوڭ زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشقا سۇس قارىغان مەنسۇرنى بىردەك ئەيىبلەشتى. بىراق ئۇ پەرۋاسىز هالدا «قارنى بىز ياغدۇردۇقمۇ بورادەرلەر. ئاپەت دىگەن شۇنداق بولىدۇ. مەكتەپ دىگەن ئوقۇتۇش ئورنى. چارۋىچىلىق فىرمىسى ئەمەس. بىلەرگە قويي بېقىڭلار، يەر تېرىڭلار. دەپ كىم ئېيتقان؟» دەپ هەممە كىشىنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. ئۇنىڭ ئېيىبلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇ قىممەتلىك زىياندىن كىيىن ئۇ. دىھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشلىرىنىمۇ ئاغزىغا ئالمايدىغان بولۇۋالدى. ئۇ هايات قالغان قوپلارنى ئەترەتكە تاپشۇرۇپ بىرىۋەتتى. دىھقانچىلىق مەيدانىدا يىرىم ئوقۇپ، يىرىم ئىشلەيدىغان ئىككى سىنىپ ئوقۇغۇچىنى ئۆزلۈكىدىن مۇنتىزىم سىنىپقا ئۆزگەرتىپ مەكتەپ ئىچىگە ياندۇرۇپ كەلدى. ئەنۋەر بىلەن مەنسۇر ئوتتۇرىسىدىكى يات ـ يات بولۇپ تۇرىدىغان بىكىر ئىختىلاپلىرى جوزا مۇشتلىشىش دەرىجىسىگە يىرىپ يەتتى. بىراق، مەنسۇر دىگىنىنى قىلاتتى.

باهار پەسلى يىتىپ كەلدى. مەكتەپنىڭ ئېتىزلىقلىرى ئاق تاشلىنىپ قالغانىدى. هەممە يەر قاغجىراپ ياتاتتى. مەنسۇر دىھقانچىلىق مەيدانىنىمۇ تاشلىۋەتمەكچىدەك تۇراتتى. بۇ ئىشلارغا چىداپ تۇرالمىغان ئەنۋەر بىر كۈنى ئۇنىڭغا دىدى:

— بۇ سىزنىڭ نىمە قىلغىنىڭىز مەنسۇر؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاز كۈچى كەتكەنمۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمگىكى ئاز سىڭگەنمۇ. سىز ئۇنىڭغا قىلچە ئېچىنمىدىڭىز. قويلىرىمىزدىنمۇ يوتۇنلەي ئايرىلدۇق. ئەمدىلىكتە دىھقانچىلىق مەيدانىمىزنىمۇ ۋەيران قىلىپ تاشلىساق. ئەشكىلگە. خەلقە قانداق يۈز كېلىمىز؟

— بولدى. بولدى. بىز ئەڭ ياخشىسى. پايدىسى يوق ئىشلارغا ئېسىلمايلى. — دىدى مەنسۇر تۈگۈلۈق بىلەن.

— قانداق پايدىسى يوق ئىش؟ — بىر چەتتە تۇرغان غولام گەپكە ئارىلاشتى. — بىز چارۋىچىلىق بىلەن دىھقانچىلىقتىن كىرگەن كىرىم ئارقىلىق مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىدۇق. دۆلەتكە قول سوزمىدۇق. بۇ ئەلۋەتتە...

مەنسۇر غولامنى زەردە بىلەن سىلكىدى:

— بەس قىلىڭ. سىز بۇ گەپكە ئارىلاشماڭ.

— نىمە؟ مىنىڭ سۆزلەش هوقۇقىم يوقمۇ؟

— شۇنداق دىسەكمۇ بولىدۇ.

— نىمە ئۈچۈن؟

— نىمە ئۈچۈنلىكى ئۆزىڭىزگە ئايان. — مەنسۇر مەسخىرە بىلەن كۈلدى. — دادىڭىزنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ قويۇش زۆرۈر بولۇپ قالدىمۇ ـ يە سىزگە؟

— سىز دادامنى چىشلەپ تارتماڭ! — دىدى غولام غەزىپنى ئەستە بىسىپ.

— نىمە؟ ئەكسىيەتچى دادىڭىزغا تىل تەككۈزۈشكە بولمامدىكەن ـ هە؟!

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ! — غولام ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. — دادامنى ناهەق قارىلاپ تۈرمىگە تاشلاتقۇزغانلار ئەكسىيەتچى! تارىخ كەلگۈسىدە بۇنى ئادىللىق بىلەن جاكارلايدۇ.

— ها... ها... ها...— مەنسۇر ئەسەبىلىك بىلەن ئاچچىق كۈلدى. — ئاخىر ئۆزىڭىزنى ئاشكارىلىدىڭىزغۇ ـ هە؟ ئۆتكەندە. سوتسىيالىزمنىڭ مەقسىدى نىمە؟ دىگەننى كۆتۈرۈپ چىققانىدىڭىز. ئەمدى تۈرمىدىكى ئەكسىيەتچى دادىڭىز ئۈچۈن ئەنزە ئاغدۇرۇپ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا قارشى چىقتىڭىز. سىزنىڭ شۇ ئاغزىڭىزلا بولسا...

غولام ئۇنىڭغا يىرگىنىش بىلەن ئالايدى.

— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، نەپرەتلىك قول!

ئوقۇغۇچىلار ئۇشتۇمتۇتتىن كىلىپ ئارىغا چۈشتى، بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يۈز بېرىشىدىن كۆڭلى ئەنسىرىگەن ئەنۋەر غولامنى قولىدىن تارتىپ باتاققا ئېلىپ كەتتى.

## ئوتتىنچى باب

ئەنۋەرنىڭ قەلبىدە ئۈمىدلىك ھېسسىياتلار دولقۇنلىنىدۇ. رىزۋاننىڭ مۇھەببىتى ئەشۇ ھېسسىيات زېمىنى ئىچىدە يىمىرىلمەس مۇنارە بولۇپ تىكلەنگەن مىنۇتلاردا، قىزلار ئىچىدە يەنە بىر نازابلىق يۈرەك پەيدا بولدى. ئەنۋەر كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنگە ئەگىشىپ يۈرگەن بىر جۈپ تەلمۈرگەن كۆزنى پات ـ پات ئۇچرىتىپ قالاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەنھا كۈنلىرىدە پاكى رىزۋان بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا يىراقتىن گۈللۈكلەر ئىچىدىن، مەجنۇنتاللار ئارىسىدىن بىر جۈپ كۆزنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ كۆز باشقا بىرسىنىڭ ئەمەس، دەل رىزۋاننىڭ دوستى زەينەپنىڭ كۆزى ئىدى. ئەنۋەر زەينەپنى يانداپ ئۆتكەن مىنۇتلاردا ئەشۇ كۆزلەر «ھەي ئەنۋەر، سەن بۇ نازابلىق يۈرەكنىڭ دەردىنى چۈشىنىشنىڭ مۇمكىنمۇ؟!» دەپ سورىغاندەك قىلاتتى.

كەچقۇرۇنلۇقى ئىدى. ئەنۋەر ئىشتىن چۈشمەكچى بولۇپ تۇراتتى، زەينەپ ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، بىر پارچە خەتنى بېرىپلا، ئىتتىك ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئەنۋەر ئۇ خەتنى ئوقۇدى:

«قىممەتلىك ئەنۋەر، مېنى كەچۈرۈڭ. ھەممە تەكەللۇپلارنى قويۇپ تۇرۇپ، ئالدىراپ ئۆز گېپىمنى قىلاي: سىز بىلەمسىز، سىز پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن دەرس تەييارلاۋاتقان، ئوقۇغۇچىلارغا دەرس چۈشەندۈرۈۋاتقان سائەتلەردە، دەم ئېلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش مىنۇتلىرىڭىزدا جىمجىت كېچىلەردە، چولپان كۈلگەن تاڭلاردا... قىسقىسى، سىزنىڭ ھەممە ۋاقتىلىرىڭىزدا پەقەت سىزنىلا يادلاپ، ئەقلىدىن ئازغىلى تاسلا قىلىۋاتقان بىر مەيۈس ۋە ئاجىز گەۋدىنىڭ بارلىقىنى بىلەمسىز؟!... ئەنۋەر، قىزلار يىگىتلەرگە ئۆز مۇھەببىتىنى بىرىنچى بولۇپ قانداقمۇ ئىزھار قىلالىسۇن. لېكىن مەن ئاجىزلىقنى ئاخىرى يەڭدىم. ئەمدى بەلكىم مېنىڭ يەنە يېزىشىمغا بىرەر مىڭ جۈملە سۆزىمۇ ھاجەتسىزدۇر. ئەگەر خالىسىڭىز، بىرەر كەچكى ۋاقتىڭىزنى ماڭا ئاتاپ قويغان بولسىڭىز، بېشىم كۆككە يەتكەن بولاتتى. سىزنى كۈتىمەن.

سىزگە تەلمۈرۈپ. ز»

ئەنۋەر خەتنى ئوقۇپ، زەينەپكە ئىچى ئاغرىدى. ئەركە ئۆسكەن خۇشخۇي بۇ ياش مۇئەللىمە رەڭگى ـ رۇخسارى جەھەتتىن رىزۋانغا بەسى چۈشمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. ئۇنىڭ بۇ دۈگىلەك بوتا كۆزلىرىگە، ئانار دەك مەڭزىگە ياراشقان بىر جۈپ زىناقلىرىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان جامالىغا قايسى بىر يىگىتلەر ئاشىق بولمىسۇن! لېكىن ئۇ ئەشۇ تۇرقىدا نېمىشقىمۇ ئەنۋەرنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندۇ؟ ئەنۋەر ئۇزاق ئويلاندى. ئۇ زەينەپنى رىزۋاننىڭ ئورنىغا قويۇپ بېقىشقا تىرىشتى. لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن تېزلا يالتايدى.

غەربتىن سوققان مەيىن باھار شامىلى گۈل ـ گىيالارنىڭ ھىدىنى دىماققا ئۇراتتى. ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدا سىلجىماقتا ئىدى. ئەنۋەر گادىرماچ خىياللار ئىلكىدە ياتاقتىن چىقتى. دەرەخلەر ئارىسىدىن ئالتۇن شولىسىنى چاچقان گۈزەل ئاي گاھىدا ئەنۋەرگە تەبەسسۇم قىلىپ بۇلۇتلار ئارىسىدىن بالقىپ چىقسا، گاھىدا مەيۈس قىزلاردەك ئۆزىنى بۇلۇتلارنىڭ دالدىسىغا ئالاتتى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى. يىراقتا كەلكۈن سۈيى شاۋقۇن سالاتتى. ئەنۋەر ئېنىقچە زەينەپ يازغان ھېلىقى خەتنى ئوغرۇلۇق ئويلاپ كەلمەكتە. «دەردىمەن زەينەپنىڭ نازابلىق يۈرىكىنى چۈشەنمەكچىمۇ دەپتۇ ئۇ خېتىدە. ئۇنداق بولسا، مېنىڭ نازابلىق يۈرىكىمنى كىم چۈشىنىدۇ؟ زەينەپنىڭ تەلىپىگە ماقۇل دېگەنمۇ بولاي، ئۇ مەقسىتىگە يەتسۇن، بەختلىكمۇ بولسۇن. لېكىن مەنچۇ. ئۆز ۋىجدانىمغا خىلاپلىق قىلغانلىقىمنى تۈزىيەلەيدىن. ۋىجدان سورىقىدىن قۇتۇلالامدىمەن؟!»

بىقىنلا بەردىن ئاياغ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەنۋەر ئۆزىگە تونۇش يەڭگىل قەدەم بىلەن رىزۋاننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدى ـ دە، دىققىتىنى قاتتى. قىز خاۋاتىرلىنىپ توختاپ قالدى ۋە ئارتىنچىلىق سورىدى:

— كىم؟

— مەن.

— ۋىيەي، ئەنۋەرمۇ سىز؟ نېمە قىلىپ يۈرۈيسىز بۇ يەردە؟

— ئاينى تاماشا قىلىپ.

— يالغۇزلا؟ ئايدا بىر كەلگەن كىشىنىمۇ كۆرگىلى بارمامسىز.

— ئۆزىڭىزچۇ. نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭىز؟

— مەن... يالغۇز كىنو كۆرۈشتىن زېرىكتىم.

— شۇنداق. يالغۇزلۇقمۇ بىر خىل ئازاب دەڭلا.

ئەنۋەر جۈرئەتلىنىپ قىزنىڭ يۇمشاق بارماقلىرىنى ئاستا سىلىدى.

— ئەدەبسىزلىك قىلماڭ.

— ئېيتىڭا رىزۋان، سىز مېنىڭ ھېسسىياتىمى

چۈشىنەمسىز؟

— مەن ئەزەلدىن ھېسسىيات دېگەنلەرنى ئېتىبارغا ئالمىغان.

— چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز؟

— كۆڭلىڭىزدىكى ھېسسىياتنىمۇ؟ بەلكىم بىلمەسمەن. چۈنكى مەن كىچىك بالىدە.

ئەنۋەر ئۆتكەن كۈنى گۈگۈم ئاشخانىسىدا ئۇنىڭغا «ئاماقنى كىچىك بالىدەك شۇمۇپ ئولتۇرماي تېز - تېز يەڭ!» دېگەنىدى. ئۇ رىزۋاننىڭ ھازىر شۇ گەپنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى بىلدى - دە، كۈلۈپ قىزنىڭ بارماقلىرىنى مەھكەم قىسىپ قويدى. يىراقتىن ئاياغ شەپىسى ئاڭلاندى. رىزۋان قولىنى ئاستاغىنە تارتىۋالدى.

## بەشىنچى باب

زاڭگار تېغى باغرىدىن يازنىڭ ئىسسىق شاملى تۇرۇلماقتا ئىدى. ئەنۋەر ياتاقتا سۇ چېچىپ تىنجىق ھاۋانى بىر ئاز سەگىتتى - دە، كارىۋاتقا كېلىپ سوزۇلدى. غولام ئۆز كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كونسۇلتاتسىيە سوئالى ئۈستىدە ئىشلەۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ياتاقنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قوراللىق ئىككى ساقچى پەيدا بولدى.

— غولام زاھىر دېگەن قايسىڭلار؟

— مەن.

ساقچىلارنىڭ بىرسى يېنىدىن قولغا ئېلىش گۇۋاھنامىسىنى چىقاردى ۋە ئۈنلۈك قوپال ئاۋاز بىلەن:

— سەن قولغا ئېلىندىڭ! — دېدى.

— قولۇڭنى كۆتەر! — بۇيرۇق قىلدى ئىككىنچى ساقچى.

غولام ئېسىنى يىغدى ۋە ساقچىلارغا قارىدى.

— ھاجىتى يوق. قولۇمدا ھازىر تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ يوققۇ؟ — ياش يىگىتلەرگە خاس خۇشخۇي مىجەزى بىلەن ئۆزگىچە يېقىملىق كۆرۈنىدىغان بۇ يىگىتنىڭ بەستىدە بىردىنلا جاسارەت ۋە تەمكىنلىك ئىز ئىپادىسىنى تاپتى. ئىشىك تۈۋىگە بىر - دەمدىلا بىر مۇنچە ئوقۇغۇچىلار ۋە مۇئەللىملەر يىغىلدى.

— ماڭ! — دېدى ساقچى سىرتنى ئىما قىلىپ.

— توختاپ تۇرۇڭلار. ئانامغا بىر پارچە خەت يېزىپ قالدۇراي.

— قىسقا ياز!

شۇ تاپتا نېمە ئىشنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان ئوقۇغۇچىلار ۋە چوڭقۇر مۇڭغا چۆككەن بىر نەچچە ئوقۇتقۇچىلار غولامنىڭ گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەمكىنلىك بىلەن خەت يېزىشلىرىغا سەپسېلىپ قاراپ تۇرۇشاتتى.

— مانا بۇ خەتنى ئاپامغا بېرىپ قويغىن ئەنۋەر. — دېدى ئۇ قەغەزنى تۆت قاتلاپ ئەنۋەرگە سۇنۇپ. — خەير دوستۇم ئەنۋەر. ئاماي بولۇڭلار سەبداشلار، ساۋاقداشلار. مەن ھەققانىيەتنىڭ ھامان بىر كۈنى گۇناھسىزلارنى قۇتقۇزۇشىغا ئىشىنىمەن.

— ماڭ، ماڭ! — ساقچىلار غولامنىڭ يەنە سۆزلىشىگە يول قويمىدى.

— خەير غولام...

— كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ غولام مۇئەللىم.

— ئۆزەڭلارمۇ ياخشى قىلىڭلار بالىلار.

— غولام! — ئەنۋەر ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى دوستىغا تىكتى ۋە قولىنى مەھكەم قىستى. — سالامەت بول. مەردانە بول دوستۇم!

غولامنى ئىشىكتىن ھەيدەپ چىقىشتى. ئەنۋەر دېرىزىنىڭ كەينىدە بىر باشنى غىل - پال كۆرۈپ قالدى. ئۇ سۇيىقەست ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ سېسىق نىجاستى بىلەن بۇلغانغان مەنسۇرنىڭ بېشى ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ئېغىر خورسىنىشاتتى. ئۇلار باشلىرىنى تۆۋەن سالغان ھالدا زۇۋان سۈرمەي بىر - بىرىگە قارىشاتتى. ئەنۋەرنىڭ چىشلىرى كىرىشكەن. مۇشتۇمى چىڭ تۈگۈلگەنىدى. ئۇ بارماقلىرىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزمىدى.

— زادى غولامدا نېمە گۇناھ بار ئاغىنىلەر؟ — دېدى ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرەيلەن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— كىم بىلىدۇ؟!

— نېمە گۇناھ بولاتتى. ئۆتكەندە سۆزلەپ سالغان گېپىنىڭ كاساپىتىدىن بولمامدۇ.

— ئىست... ھەي ئىست! — ئەنۋەر ئېغىر نەپەس ئالاتتى. چېكە تومۇرلىرى زىڭىلدايتتى. ئۇ ياتاقتىن چىقتى - دە، ئارقا تەرەپتىكى كىچىك تېزارلىقنى ئارىلاپ كېلىپ، ئۇسسۇزلۇقتىن سارغايغان چىملىققا ئۆزىنى تاشلىدى.

ناھىيەدىكى پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلار يازلىق تەتىل مەزگىلىدىكى كۇرسقا يىغىلىشقانىدى. كەچقۇرۇن ھەممەيلەن كىنوغا بېرىشتى. زەينەپ يېرىم سائەتتىن كېيىن كىنوخانىدىن قايتىپ چىقتى.

كوچا قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئۇ بىر دوخمۇشتىن ئايلانغاندا ئۆزىدىن يىگىرمە قەدەمچە ئۇزاپ كېتىۋاتقان يالغۇز كۆلەڭگىنى كۆردى - دە، قەدەملىرىنى تېزلەتتى.

— ئەنۋەر. ئەجەب ئىلدام ماڭدىڭىز. سىزگە يېتىشىۋالىمەن دەپ قاراڭغۇدا پۇتلىرىم قايرىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى.

— زەينەپ سىز؟

— ھە. كەينىڭىزدىنلا كىنوغا بارغانىدىم. يەنە سىزگە

ئەگىشىپ قايتىپ چىقتىم، ھەيران قىلىۋاتامسىز؟

— ھە، ياق، ياق، — دېدى ئەنۋەر ھودۇقۇپ.

— ئەنۋەر، — دېدى زەينەپ بوش ئاۋازدا. — مېنى نېمە دېسىڭىز دەڭ، لېكىن مەن راستىنى ئېيتسام، سىزگە ئىشىنىمەندۇر . . . ، — زەينەپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ نەپىسى تېز ۋە ئۈزۈك ئىدى. زەينەپ باغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزىنى ئېرتتى. — ئۇتكەنكى خېتىمدىن. ھېچنېمە بىلمىگەن ئوخشايسىز.

— ياق، ھەممىنى بىلدىم. — ئەنۋەر زەينەپنىڭ كۆز يېشى ئالدىدا تەڭلىكتە قالدى.

— ئەمسە، نېمىشقا مېنى جاۋابسىز قالدۇردىڭىز؟

— كۆردىڭىزغۇ سىزگە جاۋاب بەرگىدەك پۇرسەت بولمىدىغۇ؟

زەينەپ بىردىنلا ئەنۋەرنىڭ قوللىرىغا يېپىشتى. ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرىدىن ئۆتكەن ئىللىق ئىسسىق يىگىتنىڭ يۈرىكىنى قۇدرەتلىك بىر كۈچ بىلەن پولاڭلاتتى.

ئۇلار چوڭ كوچىدىن ئۆتۈپ، ئېيتىنچ بىر يولغا چىقتى ـ دە، يىقىن ۋە يانمۇيان مېڭىپ ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ توختىدى.

— بىر پەس ئولتۇرساقچۇ. — دېدى زەينەپ. ئەنۋەر زەينەپنىڭ تەلىپىنى بىرالمىدى. يۇك ـ باراقسان مەجنۇن تاللار ئۇلارنى باغرىغا ئالدى، — ئەنۋەر . . .

قىز ئەنۋەرنىڭ ئالقانلىرىنى كۆكرىكىگە چاپلايتتى. بارماقلىرىنى يۇمشاق ـ يۇمشاق قىساتتى. ئۆزىنىڭ يەڭگىل گەۋدىسىنى بىردىنلا يىگىتنىڭ قۇچىقىغا تاشلىدى. ئۇ ئۆكسۈيتتى، ئەركىلەيتتى ۋە يىلىناتتى. ئەنۋەرنىڭ كاللىسى يەنە گادىرماچ خىياللار بىلەن ئۇمۇچۇك تورلىرىدەك چىگىشلىشىپ كەتتى. قىزنىڭ يالقۇنلۇق نەپىسى بىر ئىسسىق ھاراەتنى ئەنۋەرنىڭ يۈرىكىگە ئۇردى. ئۇ شۇ تاپتا ھەممە ئىختىيارىنى ئۆزىگە تاپشۇرغان بۇ بىچارە گەۋدىنى قانداقلارچە مەيدىسىگە تارتقانلىقىنى بىلمەي قالدى.قىزنىڭ تىترەك باسقان ئىسسىق لەۋلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان ئىچكە بۇرۇتلار ئاستىدا تەمترەپ يۈرەتتى . . . ئەنۋەر بىردىنلا قاتتىق چۆچۈدى ۋە دەرھال بېشىنى كۆتەردى. ئۆستەڭدىكى سۇ بىر خىل ۋىلىقلايتتى. زەينەپنىڭ چولپاندەك يانغان بوتا كۆزلىرى تۈن قاراڭغۇسى قوينىدا بىر دەملىك «مۇھەببەت»نىڭ قانائەتلەنگەن تۇيغۇلىرىنى يوشۇرۇشقا ئاجىز ئىدى.

چۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئىش—شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ ئەنتەك «مۇھەببەت» خۇددى قايىنامدىكى كۆپۈككىچىلەرگە ئوخشاش ئەنۋەرنىڭ قەلبىدىن بىردەمدىلا يوقتى. ئۇ ھېلىلا نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، خىجىل بولدى.

— زەينەپ . . . ، — ئۇ خىيالچان كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا دېدى. — مەن ئالدىڭىزدا بەكمۇ سەت بولدۇم. چۈنكى . . .

— ئۇلىمۇ ئارتىنچاق ئىكەنسىز، ئەنۋەر. ئېيتىڭا.

— مەن سىزگە جاۋاب بېرەلمەيتتىم.

— ياق، جاۋاب بېرەلەيسىز ئەنۋەر. جەزمەن جاۋاب بېرەلەيسىز. — قىز ئەنۋەرگە تېخىمۇ چىڭ يېپىشتى.

غولامنىڭ ئۆيى ناھىيە بازىرىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېزىلاق بويىي دېگەن يېزىدا ئىدى. ئەنۋەر غولامنىڭ ئانىسى ھېلىمخان ئاچىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن. بۈگۈن ئاران پۇرسەت تاپتى. ئۇ قوشقاناتلىق ئوتۇش دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ دەرۋازىنىڭ ئۈچ ھالقىسىنى يىنىك شىلدىرلاتتى.

— كىم؟ — ئىچكىرىدىن كىچىك بالىنىڭ ئۈنى ئاڭلاندى.

— مەن، ئەنۋەر.

— ئەنۋەركام كەپتۇ! — بالا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئەنۋەرنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى. بۇ غولامنىڭ ئىنىسى. دادىسى قولغا ئېلىنغان يىلى تۇغۇلغان ئالتە ياشلىق مۇختار ئىدى. ئەنۋەر مۇختارنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ دەس كۆتەردى ۋە مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

— ئاناڭ ئۆيدىمۇ؟

— ئانام ئاغرىپ قالدى. ئاكام سەن بىلەن كەلمەپتىغۇ، ئەنۋەر ـ كا؟ — مۇختار چېكىتتەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئەنۋەرگە تىكىلدى.

— ئاكاڭمۇ؟ . . . ئۇ ئەتە كېلىدۇ. ئاناڭنىڭ كېسىلى ئېغىرمۇ مۇختار؟

— كۆزى قىزىرىپ ئىششىپ كەتتى.

پېشايۋانغا ئارتىلدۇرۇلغان بېدىشتىكى قويۇق ئۈزۈم يوپۇرماقلىرى تومۇز ئاپتىپنىڭ تۇتۇردەك تەپتىدىن پۈرلىشىپ تۇراتتى. ھويلا تېمىنىڭ ئەتراپىغا ئايلاندۇرۇپ تىزىلغان يوغان بەندىڭلاردىكى بىر قانچە ئون تەشتەكتىكى ھەر خىل گۈللەر تۇسسۇزلۇقتىن سولاشقان ۋە ياپراقلارغا بوز تومانلار قونغان ھالدا غۇجمەكلىشىپ قالغانىدى.

— بۇ گۈللەرگە سۇ قويۇپ قويساڭ بولمامدۇ مۇختار؟

— ئاپام تالاغا چىققىلى قويمىسا.

ئەنۋەر ئاستا قەدەم بىلەن بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىردى.

— ئەسسالام! ھېلىمخاچا.

— ئەنۋەر. كەل ئوغلۇم! — بېشىنى ئاق داكا بىلەن مەھكەم تېڭىۋېلىپ، كورپە ئۈستىدە ئولتۇرغان بۇ پېشقەدەم

مۆئەللىمنىڭ كۆزىگە ئىشكتىن ئەنۋەر ئاشلىنىشى بىلەنلا. ئۇنىڭ خەستە قەلبىگە بىر پارچە ئوت ياماشتى. ھېلىمخان يىغىدىن ئۆزىنى پەقەت يىسۋالالمىدى.

— غولام قىنى، قىنى مىنىڭ يۈرەك پارەم؟!...

ئەنۋەر ھېلىمخاننىڭ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاشلىرىغا نىمە دەپ تەسەللى بىرىشنى بىلەلمەي، ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ھېلىمخان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ:

— ئۆلتۈر، قىشىمغا كىلىپ ئۆلتۈر. ئەنۋەر يوشۇرما. مەن ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپتىم. — دىدى.

ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ھېلىمخان ئاچا ئەنۋەرگە بىردىنلا قىرىپ مومايغا ئايلىنىپ قالغاندەك بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ جۈدەپ، زاڭاقلىرى پولتىيىپ چىقىپ قالغان. تۇرلۇق كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، قاپاقلىرى قىزىلمۇچىدەك قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەنىدى.

ئەنۋەر ھېلىمخان ئاچا بىلەن ئۇزاق مۇڭداشتى. كۆڭلىگە تەسەللى بەردى. ھېلىمخان ئاچا ئۆزىنىڭمۇ يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان مەكتەپكە خىزمەتكە چۈشكەن خىزمەت گورۇپپىسى ئەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەنلىكىنى، تۈرمىدىكى ئىرى بىلەن ئوغلىدىن ۋەچەك - چىگرىنى ئېنىق ئاجرىتىپ، ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى ئۆزۈل - كىسىل ئاپشۇرمايدىغان بولسا، قوشۇندىن تازىلانماقچى ھەتتا جازاغا تارتىلماقچى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇلارنىڭ ھەددى ئەمەس ھېلىمخاچا. — دىدى ئەنۋەر بىر خىل ئىشەنچ بىلەن، — پارتىيىمىز خەلقنىڭ پارتىيىسى. ئۇ بىر ئوچۇم يۈزۈق ئەلۋەلەرنىڭ جاھاننى سورىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ.

ئەنۋەر ھويلىغا چىقىپ تاللىقتا سۇ باشلىدى. ئەشتەكلەرگە سۇ قۇيۇپ گۈل يوپۇرماقلىرىنى يۇيۇپ چىقتى. كۆپكە سۇ تولدۇردى ۋە ئوتۇن پارچىلىدى. مۇختار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سايىدەك ئەگىشىپ يۈرەتتى.

— ئەنۋەركا، سەن بەك ياخشى. كۈندە كىلىپ تۇرساڭ ئەنۋەركا، — دەپ چۇڭقۇلدايتتى.

كەچكى غىزادىن كىيىن ئەنۋەر ھېلىمخان بىلەن خوشلىشىپ ياتاققا قايتقىنىدا قاش قارايغانىدى.

— ھەي قىزچاق، توختاڭا، توختاڭ دەيمەن.

— ئۆمۈجۈقتەك چىرايلىق نىمىكەنغۇ. بۇ كاپىرنىڭ قىزى.

— ئىرى ئۆر، كۆزۈڭ قىزىرىۋاتامدۇ. ئاكاڭ قارىغاي مۇشۇ يەردە جۇمۇ؟

— قىزچاق! ئاپلا، بىر ئېغىزمۇ ئويغۇرچىنى بىلمەيدىكەن. ئەمەسمۇ بۇ.

ئەنۋەر شىمالدىنى باشلانغان چوڭ كوچىنىڭ دوختۇرخانىغا يىتىپ كەلگەندە، يىقىنلا يەردىن ئەشۇنداق پاراڭلارنى ئاڭلىدى. ستولبىدىكى لامپۇچكىنىڭ خىرە يورۇقىدا ئۈچ يوچۇن ئادەمنىڭ بىر خەنزۇ قىزنى ئوتتۇرىغا ئىلىۋىلىپ، ماڭغىلى قويمايۋاتقانلىقىنى كۆردى. خەنزۇ قىز ئۇلارغا قاراپ يىلىنغان قىياپەتتە بىر نىمىلەرنى دەۋاتاتتى.

— گىزنىياڭ. گىزنىياڭ. ياۋ چەنىما؟ لەي...ي! — ئۇ نىمىلەرنىڭ ئاغزىدىن كىشى ئاڭلىغۇسىز بىزەپ سۆزلەر چىقىشقا باشلىدى. قىز. لۈكچەكلەر ئىسىلىۋالغان ۋېلسىپىتنىڭ رولىنى چىڭ تۇتقان ھالدا. بوينىنى سوزۇپ، ئەتراپقا ئەلمۇرۇپ قارايتتى.

— ياتىۋ. بىز لاڭگەرىن پىڭيۇما. لەي. — كەيكە كىيىۋالغان. كۆنەكتەك بىر دوغىلاق خاپانباش چالا - پۇچۇق خەنزۇچە سۆزلەپ. قىزنىڭ قولىدىن تارتىشقا باشلىدى. قالغانلىرى ئۈچكىدەك مەرەپ كۈلۈشمەكتە ئىدى.

ئەنۋەر ئۇلارغا يىقىنلاپ كەلدى.

— بۇرادەرلەر شۇمۇ قىلىقمۇ؟ بىر ئاجىز قىز بالىنى بوزەك قىلىشتىن ئويالساڭلار بولمامدۇ؟

— ھوي! ئىززىڭىز نەلەردىن ئۇچۇپ كەلگەن پىداكار جەڭچىسىز؟

— ئاداش. نوچىلىقىڭ بارمۇ - نىمە؟ — خاپانباش قىزنىڭ قولىنى قويۇۋىتىپ ئەنۋەرگە دىۋەيلەپ كەلدى. — بىز بىلەن نىمە چاتىقىڭ. يولۇڭغا ماڭمامسەن!

— سىلەرنىڭ يولسىزلىقلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، يولۇمغا قانداق ماڭغىدەكمەن؟ ئۇنىڭ يولىنى توسماڭلار. سىلەرنىڭمۇ ئاشۇنداق ئاچا - سىڭىللىرىڭلار باردۇ؟

— ۋاي، خىلى بىگىي باردەك قىلىدۇ. بۇ پىستەكبايىنىڭ. كىلىڭلار، ئۆسۈپ قالغان نوخۇلىسىنى ئىلىپ قويايلى. شىپالىق مۇشت مانتىلىرىمىزدىن تىتىپ باقسۇن. ئادەم بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئۇر!...

خاپانباشنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەنۋەر كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە دۈمبا - پەشۋالار ئاستىدا قالدى. خەنزۇ قىز نىمە قىلىشنى بىلمەي تىگرقاپ قالغانىدى.

— سىز تېز كىتىڭ، دەرھال كىتىڭ! — دىدى ئەنۋەر ئۇنىڭغا. قىز ئامالسىز ۋېلسىپىتىگە مىندى ۋە ئۆز ھىمايىچىسىگە يارەملەشكەندەك ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىدىن ئازابلانغان ھالدا كۆزدىن غايىپ بولدى. لۈكچەكلەر ئەنۋەرنى ھارغىچە دۈمبالاشتى. ئەنۋەر ھوشسىزلىنىپ يەرگە يىقىلدى. خاپانباش پۇتلىرى بىلەن ئۇنى دۈملىتىپ باقتى. ئۇنىڭ مىرىسقىيغا ۋاقىتسىز تىپىلىۋالغان يىنگەۋدە تىپىغا مىنىلىپ ئەردەپ ئىلتاتتى...

— هوي، هوي ئاغىنىلەر، بولدى ئەمدى ئۆلۈپ قالمىسۇن يەنە.

— چاقىرىلمىغانلىقىنى قوشنى تونجىۋاتىدۇ ـ دە، مۇناپىق.

— ھەي، ئۇلار كىم؟ ئىش چاتاق قىچىڭلار! — ئۇكچەكلەر بىر تۈپ ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، «ھابت ـ ھۇيت» دېگۈچە كوچىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىغا قىچىپ غايىب بولۇشتى.

ئەنۋەر ئەتىسى چۈشتىن كېيىن دوختۇرخانىدا ھوشىغا كەلدى. ئۇنىڭ قېشىدا ئاق خالات كىيىۋالغان ئاخشامقى خەنزۇ قىز ئولتۇراتتى. يەنە بىر خەنزۇ يىگىت ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئۇرە قاراپ تۇراتتى.

— كۆزىنى ئاچتى، — قىز ئورنىدىن تۇردى. — بولداش، سىز مېنى دەپ ئېغىر زەخىملەندىڭىز. سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتسام بولار؟

ئەنۋەرنىڭ پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ ئاغرىيتتى. قايسىدۇ يەرلىرى ئىنتايىن قىيىنغاندەك ئېچىشاتتى. يۈزى يېڭى بىلەن تېڭىلغانىدى.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى. ئۇ بوش ئاۋاز بىلەن.

— ھوي...؟ — خەنزۇ يىگىت ئەنۋەرنىڭ ئاۋازىنى تونۇدى ـ دە، ئەجەبلەندى. — سىز... ئەنۋەرغۇ؟!

— جاڭ مۇنەللىم... سىزمۇ خەۋەر تېپىپسىز ـ دە.

— لاۋجاڭ. سىز ئۇ يىگىت بىلەن تونۇشامسىز؟

— بۇ، نېمە دېگىنىڭ. بۇ يىگىت بىلەن مەن بىر مەكتەپتە ئىشلەيدىغان تۇرسام.

بادام قاپاق، سوزۇنچاق ئاق يۈزلۈك بۇ خەنزۇ يىگىت ئاقئاش ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى جاڭ يىلىڭ ئىدى.

— بۇنىڭ بەختىگە سىزنىڭ ئۇچراپ قالغىنىڭىزنى، — دېدى جاڭ يىلىڭ خۇشال بولۇپ. ئۇ ئەنۋەرگە شياۋۋاڭ ئىسىملىك بۇ قىزنىڭ مۇشۇ دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان سېستىرا ئىكەنلىكىنى، ئىككىسىنىڭ كەلگۈسىدە توي قىلماقچى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. شياۋۋاڭ ئاخشام بىر جىددىي كېسەلگە ئاسما ئوكۇل سېلىپ ئىشتىن بىرەر سائەت كەچ قايتقاچقا، يولدا ھېلىقى ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنىدى.

— ھەي... شۇنچىمۇ زەخىملەندۈرگەن بارمۇ. ئەبلەخلەر، — دېدى جاڭ يىلىڭ خاپا بولۇپ. — سىز ئۇيدان داۋالىنىڭ ئەنۋەر. شياۋۋاڭ ئىككىمىز سىزدىن كۈندە خەۋەر ئېلىپ تۇرىمىز.

ئەنۋەر دوختۇرخانىدا توپتوغرا سەككىز كۈن يېتىپ قالدى. جاڭ يىلىڭدىن ئەھۋالنى ئۇققان ئوقۇتقۇچىلار ۋە مائارىپ بۆلۈمىدىكىلەر كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ ھال ـ سوراپ كېتىشتى.

رىزۋان ھودۇققان ھالدا ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ جىددىي ۋە سارالىسىملىك كۆزلىرى يۈز ـ كۆزى كۆپەك ئىششىپ كەتكەن ئەنۋەرگە ئاشىنىشى بىلەنلا، ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى.

— نېمىگە يىغلايسىز رىزۋان؟ — دېدى ئەنۋەر بېشىنى ياستۇقتىن سەل قىمىرلىتىپ.

رىزۋان كۆز يېشىنى ئاران تۇختىتىپ ئەنۋەرنىڭ ئۇچىسىدىكى قان داغلىرى، پاتقاقلار بىلەن مىلەنگەن كىيىملىرىنى ئاۋايلاپ سالدۇرۇۋالدى ۋە يۇيۇلغان كىيىملىرىنى كىيىۋېلىشقا ياردەملەشتى.

رىزۋان كىچىككىنە قىزىل سايىلىق يەكسى بىلەن ئەنۋەرگە ئالما ئاقلاپ بېرىپ، ئۇستەلدە ئولتۇراتتى. ئۇ ئەنۋەرنىڭ ئىزاقىچە زوۋان سۇزىمەي ياتقانلىقىنى بايقىدى ۋە ئۇنىڭغا قارىدى:

— يەنە بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

— قانداق دەيسىز؟

— شوك بولۇپ قالدىڭىز.

— ھە... ياق، — ئەنۋەر بىر نېمە دېمەكچى ئىدى ـ يۇ، لېكىن گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا، ئوقۇغۇچىلار ناھىيىگە يىغىلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرىكى مۇنداق بىر خاتىرە كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى: ئۇ كۈنى رىزۋان يانىقىدا يىللىق خىزمەت خۇلاسىسىگە ئىشلەۋاتاتتى. ئەنۋەر ئۇنىڭ يانىغا كىردى. ياتاقتا رىزۋان يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالادىن كىرىشىنى كۈتتى. كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدە بىر دانە كۆك ئاشلىق خاتىرە تۇراتتى. ئەنۋەر خاتىرىنى قولىغا ئالدى ـ دە، ۋاراقلاشقا باشلىدى. بۇ رىزۋاننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ئىدى. ئەنۋەر ۋاراقلاپ يۈرۈپ، مۇنۇ ئىككى كۈندە يېزىلغان خاتىرىلەرنى ئوقۇدى:

13 ـ دېكابىر

بۈگۈنكى باز پەسلى ھاياتىمغا بىر يېڭى ۋە باي مەزمۇننى قوشۇپ كەلدى. مانا قانداقتۇر بىر غايىۋانە كۈچ مېنىڭ ئۆگدەپ ياتقان تۇيغۇلىرىمنى چۈچۈتۈپ ئويغاتتى. شۇ كۈچ ئۇزنىڭ سېھرى بىلەن مېنى دائىما ئەركىلىتىدۇ. مەن ئىمىشقىدۇر ئەنۋەرنى يات ـ يات ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ دائىم خىيالىمغا كىرىۋېلىپ، مېنى بىئاراملىققا سالىدۇ. مەن ئۇنى ئويلىماسلىققا نەچچە قېتىم تىرىشقان بولسامىمۇ ئۇنداق قىلالمىدىم. ئۇ مەكتىپىمىزگە كەلگىنىگە يېرىم يىل بولماي تۇرۇپلا، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئۆزىگە خاس گۈزەل ئەخلاقى ۋە بىلىم ـ سەۋىيىسى بىلەن ھەممىنى قايىل قىلدى. ئۇنىڭ مۇلايىم، ئەمما قەتئىي خاراكتېرى، گەپنى ئوزۇنلۇق قىلىشى، ئەمما ئاددىيتىنكى كەم سوزلۈكى، ھەر قانداق قىزنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدۇ. ئۇنىڭ ھەمىشـ

هەسرەتلىك ۋە خىيالچان كۆرۈنىدىغان قارا كۆزلىرى مېنىڭدە ئىشتىياق تويغۇلىرىنى ئويغۇتىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن گەرچە دائىم بىللە ئىشلىسەممۇ، ئۇنى ھامان سېغىنىمەن ۋە ھۆرمەتلەيمەن. ئۇنىڭ بىلەن تەنھا قالغان مىنۇتلىرىمنىڭ ئۇزاق سوزۇلۇشىنى، ئەشۇ مىنۇتلىرىمىزنى بىراۋلارنىڭ ئۈزۈپ قويماسلىقىنى بەكمۇ خالايمەن. ۋەھالەنكى، ئۇمۇ ئۇمىدلىك چاقناش كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، ئۇنىڭ نۇرلىرى بىلەن قەلبىمگە سۆيگۈ ئۇتلىرىنى يېقىپ ئۆلگۈردى. ئۇ دائىم مېنىڭدىن نېمىلەرنىدۇر تەلەپ قىلغاندەك بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭ تەلپۈنۈشىنى تارتىنچاقلىقى يەڭدى. بۇنداق بىر ئىش زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ: يەكشەنبە كۈنى ئەتىۋەر ياتىقىدا يالغۇز ئىدى. بىراق ئۇ بۇياققا ئۆتمىدى. مەن زارىقىپ كۈتۈپ، ئاخىرى ياتىقىغا باردىم. ئۇ ئوقۇۋاتقان كىتابىنى مەيدىسىگە تاشلاپ، كارىۋىتىدا قوللىرىنى ئىككى يانغا چۆشۈرگىنىچە ئۇخلاپ قالغانىدى. مەن ئۇنىڭ قاپقارا قويۇق چاچلىرىغا ۋە شۇ چاچلار يېيىپ تۇرغان كەڭ، سىيدام پېشانىسىگە، قويۇق كۆزلىرىگە تويماي ئۇزاق قارىدىم. ئۇنىڭ ياشلىقىنىڭ ئىزناسى بولغان يۇمران يۈزلىرى ۋە شۇ ئىنچىكە يۈرۈتلار ئاستىدىكى يۇمۇلغان لەۋلىرى تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ لەۋلىرىگە لەۋلىرىمنى تەككۈزدۈم. ئۇ ئويغانغانىدى. ئىككىنچى قېتىم لەۋلىرىمنى... ئۇ مىدىرلاپ قالدى. مەن شۇئان كارىۋاتنىڭ ئارقىسىغا دالدىلاندىم. ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى. مەن پىخىلداپ كۈلۈۋەتتىم.

— ھازىرلا قانداق چۈش كۆردىڭىز؟

— سىزنى چۈشەپتىمەن. سىز مېنى سۆ...

مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدىم.

— بۇ ئۆگۈم ئىكەن - دە، — دېدى ئۇ ماڭا تىكىلىپ.

بۇ چۈش ئەمەس. بۇ ئۆڭىمىز. بىز قانداق بەختلىك - ھە؟!»

«22 - ئىيۇن

بۈگۈن قوياش تولىمۇ گۈزەل بىر سىياقى بىلەن شەرقتىن كۆتۈرۈلدى. دېرىزىدىن كىرگەن ئەتىگەننىڭ ساپ ھاۋاسى كېچىكىپ ئېچىلىدىغان گۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى دىماققا ئۇراتتى. ئاھ، مېنىڭ گۈدەكلىكىم! مۇھەببەت مەڭگۇ غۇبارسىز ۋە دەخلىسىز ھالدا بۇلاق سۈيىدەك ئېقىۋېرىدۇ دەپ ئويلايتتىم. لېكىن بۇلاق سۈيىنىڭمۇ توختاپ قالىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي!... مەن ياتاقتىن چىقىپ، گۈللۈككە قاراپ كەتتىم. ئۇ يەردە زەينەپ يالغۇز تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدا بىر دەستە گۈل تۇراتتى. ئادەتتە ناھايىتى ئوچۇق چىراي، خۇش پېئىل يۈرىدىغان بۇ دوستۇم بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر سالقىن ۋە سولغۇن كۆرۈنەتتى. مەن يېنىغا بارغىنىمدا، ئۇ ئېتەتۇرۇپ

قارىۋالدى. مەن ئەجەبلىنىپ سورىدىم:

— يالغۇز تۇرۇپسەنغۇ دوستۇم؟

ئۇ ماڭا قارىماي جاۋاب بەردى:

— ھەئە، دەردمەن بۇلبۇل ئويغىدىن كېچىپ، ئۇن بويى گۈل شېخىدا ئولتۇرىدىكەن ۋە گۈلنىڭ قانداق ئېچىلىدىغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن ھارماي سايرايدىكەن. لېكىن سەھەردە ئۇخلاپ قالىدىكەن. ئەپسۇس، ئۇ گۈلنىڭ ئېچىلغانلىقىنى مەڭگۈ كۆرەلمەي ھەسرەت بىلەن ئۆتىدىكەن. مەن ھازىر بۇلبۇللارنى دەردكە سالىدىغان ئەشۇ گۈللەرگە سەپسالدىم.

— سەنمۇ بۇلبۇللارغا تەقدىرداش بولۇپ يۈرمىگىن يەنە، زەينەپ.

ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭا ئۇدۇل قارىدى ۋە جاۋاب ئورنىغا شۇنداق قاتتىق كۈلدىكى، مەن چۆچۈپ كەتتىم. بۇ نېمە دېگەن ئاچچىق، ئەسەبىي كۈلكە - ھە؟!

— رىزۋان، سېنى ئۆز بەختىڭ بىلەن تەبرىكلەيمەن. ئاڭلىسام سېنى ئەنۋەر ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن. بەلكىم سەنمۇ ئۇنى سۆيىدىغانسەن؟

— نېمە دەپ يۈرۈيدىغانسەن زەينەپ.

— رىزۋان، ئىككىڭلارنىڭ بەختى ئۈمۈرۋابەت مۇشۇ بىر جۈپ گۈل - غۇنچىدەك كۆركەم ۋە يېقىملىق بولسۇن. — ئۇنىڭ قولىدىكى بىر تال ئىنچىكە شاختا ھالرەڭ ئېچىلغان بىر تال ئەتىر گۈل ۋە بىر تال غۇنچە ياندىش تۇراتتى. — بۇ غۇنچە سېنىڭ، گۈل بولسا ئەنۋەرنىڭ سىمۋولى...، — زەينەپنىڭ گۈزەل چىرايىدىن ئەلەم - ھەسرەت تۇزۇنىدىلىرى تۆكۈلگەندەك توپۇلدى. ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ئىلدام مېڭىپ كېتىپ قالدى. مەن بىر ئىزىمدا ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدىم. ئەجەب ئىش! زەينەپنىڭ مېنى غەيرىي قىياپەت بىلەن تەبرىكلىگىنى نېمىسى؟... ئۇمۇ ئەنۋەرنى ياخشى كۆرۈپ يۈرەمدۇ - يە؟ ئۇنىڭ ئەنۋەرنى ئېچىلغان بىر تال گۈلگە سىمۋول قىلىشىدا بىر سىر باردەك قىلىدۇ. مەن كەيپسىز ھالدا قايتىپ مۇشۇ كۆڭۈلسىز ۋە سىرلىق ھادىسىنى خاتىرەمگە يېزىپ قويدۇم. بۇنى ئەنۋەردىن سوراشقا بولامدۇ - يوق...»

ئەنۋەر شۇ خاتىرىلەرنى ئەسلىگەندىن كېيىن رىزۋانغا قارىدى ۋە ئۇزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى رىزۋانغا تەئەللۇق بولغان مۇھەببەتكە چاڭگال سالغۇچى بەزى ئىشلارنى، تېخى يېقىندىلا يۈز بەرگەن بىر ھادىسىنى كۆڭۈلسىز ھالدا يەنە ئەسكە ئالدى.

. ئۇ بۇنىڭدىن بەش كۈن بۇرۇن ئىلگىرىكى ئىش ئىدى. ئەنۋەر، يوقىتىلىغۇچىلار بىلەن ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تاماملىغانلار ئىسىملىكىنى ئېلان قىلىشقا

بۇزۇلۇپ، غەربىي شىمال تەرەپتىن بىر پارچە قارا بۇلۇت ئۆزۈپ كەلدى ـ دە، چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلىدى. كەينىدىن يامغۇر چېلەكلەپ قويۇلۇشقا باشلىدى. تالادا توپ ئويناۋاتقان ۋە تاماشا كۆرۈۋاتقانلار ئوپئۇل ـ توپئۇل ياتاقلىرىغا قېچىپ ئۈلگۈردى. ئەنۋەرمۇ يالاڭ چاپىنىنى بېشىغا كۆتۈرۈپ قىلىۋېلىپ ياتىقىغا قاراپ چاپتى.

— ئەنۋەر! ... ھەي ئەنۋەر ... ، — ئانچە يىراق بولمىغان جايدىن زەينەپنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەنۋەر توختاپ ئەتراپقا قارىدى. يىراق ئۇ كۆرۈنمەيتتى.

— مانا مەن بۇ يەردە، — زەينەپ ئەكشى قىرقىلغان قېلىن سىبدە قاشاسى ئارىسىدىكى بىر تۈپ قېرى ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ ئۈۋىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىبېشى چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ، نىپىز ھالرەڭ شىفىڭ كۆڭلىكى بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ، ئۇزى شۈمشەرەپ كەتكەنىدى.

— ھوي، بۇ يامغۇردا نېمىشقا تۇرۇۋاتىدىڭىز؟ ياتاققا كىرىپ كېتەيلى. يۈرۈڭ تېز! — دېدى ئەنۋەر ئۇنى ئالدىرىتىپ.

— سىزگە بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى. ئاتايىن بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇۋېتىمەن.

ئەنۋەر ئائىلاج توختىدى. يامغۇر سۇلىرى زەينەپنىڭ سارغايغان جۇدەڭگۈ يۈزىنى بويلاپ كۆكسىنىڭ ياقىسىغا ئاقماقتا ئىدى. چۇۋۇلغان بىر نەچچە تال چاچلىرى پېشانىسىگە چاپلىشىپ تۇراتتى.

— ئېيتىڭا. مېنىڭ رىزۋاندىن نەرىم كەم زادى؟

ئەمدى ئەنۋەر ئېنىق جاۋاب بەرمىسە بولمايتتى.

— زەينەپ، سىز چۈشىنىڭ، بۇ ئىككىڭلارنىڭ سېلىشتۇرمىسىدىكى قانداقتۇر. ئارتۇق ـ كەملىك مەسىلىسى ئەمەس. مەن راستىنى ئېيتسام، سىزنىڭ سەمىمىي ئەقىدىلىرىڭىزگە قەلبىمدىن ئورۇن بېرەلمىدىم. مەن ئاجىز كەلدىم. مېنى كەچۈرۈڭ زەينەپ.

— كەچۈرۈڭ؟ — قىز ئۆزىگە خاس بولمىغان قوپاللىق بىلەن دېمىقىنى ئاچچىق قاقتى. ئۇنى تىترەك باسقانىدى. ئۇنىڭ غەزەب ۋە ئەسەبىيلىكتىن قاتقان مۇزدەك كۆز چانقىدا بىرەر تامچە ياشنىمۇ ئەسەر يوق ئىدى. ئادەتتە شوخ ئوماق كۆرۈنىدىغان بۇ مەسۇم قىزغا شۇ تاپتا بۇنچىلىك قۇدرەتنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئويلاپ ئەنۋەر ھەيران قالدى. — سىز مۇھەببەت دېگىنىڭىزدە رىزۋاننى كۆزدە تۇتماقچىمۇ؟ ئېيتىپ قوياي، مېنىڭ ئالدىمدا رىزۋانىڭىزنى ئاغزىڭىزغا ئالماڭ! مەن سىزنى سۆيگەنىدىم. ئەمدىلىكتە بولسا ئوتلۇق ئۈمىدلىرىمنى ئۆز مۇھەببىتى، ھېسسىياتىغا ۋەيران قىلىۋەتكەن تونداق ئادەملەر، تۇغرىسىدا ئاڭلاشنى خالىمايمەن!

زەينەپنىڭ ياپراقتەك تىترەۋاتقان نازۇك جىسمىدا رەشقىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. ئەنۋەرمۇ چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ھەر قانداق كۆڭۈلسىز سۆھبەتلەرگە رىزۋاننىڭ ئىسمىنى چېتىۋېلىشقا قوشۇلمايتتى.

— ئۇنىڭغا رىزۋان جاۋابكار ئەمەس. مەن جاۋابكار! ئۇقتىڭىزمۇ؟! — ئەنۋەر شۇنداق دېدى ـ دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى.

— رىزۋان، ئېيتىڭا؟ مېنى چىن كۆڭلىڭىزدىن سۆيەمسىز؟ — سورىدى ئەنۋەر خىيالىنى يىغىپ.

— نېمە دېسەم بولار، قاچانغىچە شۇ گۇمانلىق سوئاللىرىڭىز بىلەن كىشىنى قىينايدىغانسىز؟

— سىزنىڭ ھەر قېتىمقى جاۋابلىرىڭىز، قانچە ئوخشاش بولغىنى بىلەن، ماڭا يېڭى تۇيۇلىدۇ. ئۆزەمنىڭ قۇلىقىغا ئىشەنمەيمۇ قالىمەن. شۇڭلاشقا...

رىزۋان بۇ توغرىدىكى ئارزۇسىنى يېقىندا ئانىسىغا يېزىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالغانلىقىنى ئەنۋەرگە سۆزلەپ بەردى. ئەنۋەر تولىمۇ خۇرسەن بولدى. ئۇ رىزۋاننىڭ يۇمران بارماقلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، زەينەپ بىلەن بولغان ھېلىقى ئەھۋالنى بايان قىلدى. شۇ چاغدا رىزۋان ئوڭايسىزلانغان. ئازابلانغاندەك بولۇپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. تۇزۇن ئۆتمەي شاۋۋاڭ ياتاققا كىرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت ئۈزۈلدى.

## ئالتىنچى باب

ئاقشام ئوتتۇرا مەكتەپتە يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلانغانىدى. مەنسۇر كەچتە رىزۋاننى ئىشخانىسىدىن تاپالمىغاندىن كېيىن، بىرەيلەننى ياتىقىدىن چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. خېلىدىن كېيىن ئىشىك چېكىلدى.

— كىرىڭ!

قىيا ئېچىلغان ئىشىك ئالدىدا رىزۋاننىڭ زىلۋا گەۋدىسى پەيدا بولدى.

— كېلىڭ رىزۋان، — دېدى مەنسۇر دەرھال يۈزلىرىگە تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ. — قېنى ئولتۇرۇڭ! قاراڭ سىزنى ساقلىغىلى يوق تۇرۇپ. داۋالانماي سىنىپقا كىرىۋالغىنىڭىز نېمىسى؟ ھەي...

— ئازراق زۇكام بولۇپ قالغانتىم. ھېچقىسى يوق. تۈزۈلۈپ كېتىمەن.

مەنسۇر بېرىپ ئىشىكنى يېپىپ قويدى.

— بۇندىن كېيىن ئۇنداق ئىشلاردا باللىق قىلماڭ جۇمۇ! تۇپئۇشۇغرىلا ماڭا دەۋېرىڭ. بىر نەچچە كۈن دەرس

ئۆتمۈشىڭىزگە نېمە بولماقچىدى. ئاكتىپلىقىڭىز بولى بار - دە!

رىزۋان زوۋان سۆزلىمىدى. مەنسۇر رىزۋاننىڭ ئۈندۈلىدىكى دېۋانغا كېلىپ چۆكتى.

— رىزۋان، مەن سىزنى بىر مۇھىم ئىش بىلەن چاقىرتقانىدىم، — دېدى مەنسۇر قىزغا ئاچچىقلىق بىلەن قاراپ، — راستىنى ئېيتسام. مەن تۈزاقتىن بويان سىزنى ياقتۇرۇپ يۈرگەنلىكىمنى ئەمدى يوشۇرالمايمەن. ھە. راست. ئۈنىڭدە بىر پارچە خەت بەرسەم جاۋاب بەرمىدىڭىز.

قىز يەردىن بېشىنى كۆتەرمەي ئولتۇرۇۋەردى. مەنسۇر ۋاقتى كەلگەندە ئاقتاشتىن يۈتكىلىپ. شەھەردە بىللە باياشات ياشايدىغانلىقىنى قىزنىڭ سەمىگە سېلىپ ئۆتتى. رىزۋان يەنىلا بېشىنى كۆتەرمىدى.

— گەپ قىلىڭا رىزۋان. تارتىنماڭ دېدىمغۇ سىزنى. قىزلار ئۈزىنىڭ مۇشۇنداق ئۇمۇرلۇك ئىشلىرى ئۈستىدىمۇ ئولتۇرۇۋالسا بولامدۇ؟ مەن.... — مەنسۇر ئورنىدىن تۇرۇپ قىزنىڭ يېنىغا كەلدى. رىزۋان بېشىنى كۆتۈرۈپ. يانغا داجىدى.

— سىز شۇ تاپتا مېنى جاۋابقا قىستاۋاتىسىز. بىراق مەن نېمە دېسەم بولار؟

— نېمە دەيتتىڭىز. ئويماقتەك ئاغزىڭىزدىن. بىر ئېغىزلا تاتلىق سۆز ئاڭلايمەن - دە. بەس!

— ياق. سىز چۈشەنمەيۋاتىسىز مەنسۇر مۇئەللىم. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا پەقەت سەيداشلىق مۇناسىۋىتىلا ساقلىنىشى لازىم. مەن تەلىپىڭىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن.

— نېمىشقا رىزۋان؟

— چۈنكى مەن ئاددىي بىر يېزا قىزى. سىزگە تەگكۈدەك بولغۇچىلىكىم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزەمنى ئالىلقاچان تۇرمۇش يولۇمنى تاللىۋالغان.

— ھىم! ئەنۋەرنى سۆيىمەن دېمەكچىمۇ سىز؟ رىزۋان، پەمگەللىك قىلماڭ. ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىڭ. ھەر بىر كىشىگە ئىستىقبال لازىمغۇ. ئەگەر ئەنۋەردەك ناباب ئاددىي بىر ئادەمگە ئالدىنىپ قالدىغان بولسىڭىز...

رىزۋان مەنسۇرغا مىقتەك قادالدى.

— ئەنۋەرنى نېمە سەۋەبتىن شۇنداق دەيسىز؟

— ھە. ئۇ... ئۇتۇپ كەتكەن ئەخلاقسىز ئوقۇتقۇچى.

— بۇنى نېمىشقا قانداق ئاساسىڭىز بار سىزنىڭ؟

— ئاساسمۇ؟ ئاساس ئەلۋەتتە ئاز ئەمەس. بىراق مەن ھازىر سىز بىلەن ئۇ توغرىدا سۆزلىشىشنى خالىمايمەن. ئەڭ ياخشىسى ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى سۆزلىشەيلى.

— مەن سىزگە بېرىدىغان جاۋابىمنى ئېيتتىم. ئەمدى بەنە بۇ توغرىدا ئېغىز ئېچىشىڭىزنى خالىمايمەن! — رىزۋان چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كەتتى.

قىزنىڭ كەسكىن جاۋابىدىن مەنسۇرنىڭ سەپرايى قىرىق گەز ئۆرلىدى.

ھۇ ئاللاۋاستى، ئالدىرىما. كۆرىمىز تېخى! ئەنۋەر شىككىنىڭ رەسۋاسىنى چۇۋۇپ چىقا يايمايدىغان بولسام.

مەنسۇر بىر ئال ئاماكا ئوراپ سەرەڭگە چېقىپ تۇتاشتۇردى - دە. كەينى - كەينىدىن قاتتىق شورىدى.

•

رۇستەم مۇدىرنىڭ ئۆگىنىشنى تاماملاپ ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەنلىكى ئوقۇتقۇچىلارغا تۈگەتكۈسىز خۇشاللىق بېغىشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خۇش چىراي مۇدىرىنى تولىمۇ سېغىنغانىدى.

— رۇستەمكا. — دېيىشتى ئۇلار مۇدىرنىڭ قىزىق پاراڭلىرىغا مەھلىيا بولۇپ. — بوغدا كۆلىگە چىقىپ سەيلە قىلغانسىلەر، ھە؟

— سەيلە قىلمايچۇ. بوغدا دەمسەن. ئەنسەن دەمسەن. ئىش قىلىپ ئۈرۈمچىدىكى مەشھۇر سەيلىگاھلارنى ئالا قويمىدۇق. دېگىنىمە. — مۇدىر كۆزىدىن تىكىلگەن بېغىرەڭ سومكىسىدىن بىر تال سېرىق كونۋېرتنى چىقىرىپ يېنىدىكى بىرەيلەنگە بەردى. كونۋېرتنىڭ ئىچىدە. رەسىم. ئاتكىبىرتكىلار ئورۇنىتى. — كۆرۈپ بېقىڭلار. بۇلتۇر يازلىق كانىكۇلدىكى خاتىرىلەر. سايرام ۋە ئىلىنىڭ مەنزىرىلىك جايلىرىمۇ بار ئۇنىڭ ئىچىدە.

— بەللى. بەللى! — ئوقۇتقۇچىلار قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ سۈرەتلەرنى ھەۋەس بىلەن كۆرۈپ چىقىشتى.

— خۇش. ئۆزەڭلار قانداقراق ئۆردۈڭلار يىگىتلەر؟

— ۋىيەي. بىزدىن ئەھۋال سوراپ قويمايسىز! رۇستەمكا! — دېدى چەتتىرەك ئولتۇرغان بىر مۇئەللىمە. — يا بولمىسا بىزنىمۇ يىگىتلەر قاتارىغا قوشۇۋەتتىڭىزمۇ؟

ئوقۇتقۇچىلار ئەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. مۇدىر كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇختىتىپ:

يوقسۇ. يوقسۇ. سىلەردىنمۇ ئايرىتىم ئەھۋال سورايمەن تېخى خەلىتچە. — دېدى مۇدىر، — ھەممىڭلارنىڭ تۇرمۇش. خىزمەت ئەھۋالىڭلار ياخشىمۇ؟

ھەر ھالدا بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە سىزنى تېخىمۇ سېغىندۇق رۇستەمكا.

مۇدىر ئورنىدىن قوزغالدى.

— ماقۇل ئەمىسە. ۋاقتىمۇ بىز يەرگە بېرىپ قاپتۇ. ھەممىڭلار بۈگۈن، كەچتە بىرلىككىتە يولتۇشلە[...]

پىچىنە ـ پىرەنىكلىرىگە ئىغىز ئىگىپ كېلىگىلار.

— دۇتارىڭىزنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىمىغىلىمىز ئۇزاق بولدى رۇستەمكا.

— گۈچىزىڭىنىڭ ئاق ھارىقىمىز بىز بىلەن كۆرۈشۈشكە تەشنا بولۇۋاتقاندۇ.

— ماۋۇ باشلىرىڭىزنى قانداق چاقىرساڭ مەيلىڭ. لېكىن بىزگە قۇشناچىمىنىڭ بەقسەم پولوسىدىن تويغىچە بەرمىسەڭ. تۇرۇڭىدىن قويمايمىز.

— ئايلانسۇن. سىلەردىن ئايلانسۇن ئۇ پولۇلار. بۇرادەر. لېكىن سىلەر شەيتانلار.... — مۇدىر باشلارغا قارىدى. — تولا ئىچىۋېلىپ مايماق دەسسەپ قالساڭلار كەچۈرمەيمەن جۇمۇ!

— ھا... ھا... ھا...!

مەنسۇر مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن. جايىدا ئولتۇرالماي قالدى. چۈنكى. ئاتا ـ ئانىسىدىن يارا يېيىش ھېسابىغا مەكتەپ تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈۋەتكەن بەش ـ ئالتە ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپتىن ئايرىلىش سەۋەبلىرىنى نېمە دەپ ئىزاھلاشنى بىلەلمەي بېشى قاتماقتا. مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنى قىرقىپ تاشلاشتىكى سەۋەبلەرگىمۇ ئېنىق جاۋاب بېرىش لازىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە «غولام ئەنزىسى» ئىبخىچە ھەقىقىي يۈت تىرەپ تۇرالمايۋاتاتتى. خەلق سوت مەھكىمىسى غولامنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا سەۋەب بولغان دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈدىغانلىقى ھەققىدە مەنسۇرغا ئۇقتۇرغانىدى. رۇستەم ئەمدى بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەي قويامدۇ؟

مەنسۇر ئۆزىنىڭ چىگىش خىياللىرى بىلەن بەنت بولۇپ. پەرىشان ھالدا ئولتۇراتتى. ئىشىكتىن مۇدىر كىرىپ كەلدى.

— مەنسۇر. ساقلىغىلى ئوقىمۇ نېمە؟ مىجەزىڭىز يولەكچىغۇ.

— كېلىڭ رۇستەمكا. ھېچقانچە ئەمەس. ھازىرلا سىزنىڭ يېنىڭىزغا چىقماي دېۋىدىم تېخى. ھەي. سىزنىڭ قايتىپ كەلگىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بولدى ـ دە. بىر مەكتەپنىڭ ئىشى. باشقىلار ئويلىغاندەك ئۇنچە ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىكەن. قارىماسىز. ھەر خىل مەسىلىلەر. ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىكى غەيرىي ئىشلار. ھەتتا جىنايەت...

مۇدىر غولامنىڭ ئىشى توغرۇلۇق ئاللىقاچان ئاڭلىغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ مەنسۇرنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىرىنى دەرھال چۈشەندى ۋە مىيىقىدا كۈلۈپلا قويدى.

— قالغان ئىشلارنى كېيىن پاراڭلىشارمىز. بۈگۈن كەچ ئىسسىق ئوقۇتقۇزدار سىزنىڭكىگە بېرىلىڭ. قالغانلار مېنىڭ چايماقچى...

— قارىڭا سىزنى. بىز سىزنى مېھمان قىلماي. تېخى سىز بىزنى ئۆيىگە چاقىرىپ يۈرسىڭىز. ئوقۇشتا يۈرۈپ ئاز چىقىم تارتمىدىڭىز!

— بۇنى مېھمان چاقىرىش دېيىشكە بولماس. بىر يېرىم يىلدىن بۇيان خېلى سېغىنىشتۇقمۇ. بىر پەس كۆڭۈل ئېچىپ قايتمامسىلەر. ئەمىسە مەن كەتتىم. بارماي قالماڭ ـ ھە!

مۇدىر كەينىگە ئۆرۈلۈپ چىقىپ كەتتى.

— ھىم... مۇنداق ئىشمۇ باركەندە تېخى. قاراڭلار. ئۇنىڭ ھىيلىسىنى. — مەنسۇر مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بۈگۈن كەچكى چاقىرىشنى ئوقۇتقۇچىلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئەپلىك چارىسى دەپ بىلدى. — مەيلى. نېملا بولمىسۇن. ئۇنىڭكىگە چوقۇم بېرىشىم. بارغاندىمۇ ھەممىدىن بۇرۇن بېرىشىم كېرەك.

رۇستەم مۇدىر ئەتىسى ئاقتاش يېزىسىدىن ئون بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مەكتەپ دېھقانچىلىق مەيدانىغا پىيادە يېتىپ باردى. تېخى نىككى يىل ئىلگىرىكى چاسا ـ چاسا ئېتىزلارنى ئالا يۇتا بىلەن قورايلار بېسىپ كەتكەن. ياش تېرەكلەر ئاللىقاچان مال غاجاپ قۇرۇق قاخشال ئاياقلارغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. رۇستەم مۇدىرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. مېڭىسى لىقتولداپ كۆزلىرىگە قان تىقىلغاندەك بولدى. شۇ ئەسنادا. يەردىن ئۇنىڭغا ئەگەشكەندەك قاۋۇل بوۋاي ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئەلەم ۋە ئېچىنىش قاپلىغان نۇرسىز كۆزلىرىنى مۇدىرغا تىكتى. لېكىن بىر ئېغىز سۆز قىلمىدى.

— ئۇزالى قەيەردە ئاقساقال؟

— ئۇ ئۇيدىن چىقماي يانقىلى بىر ئاي بولدى. ئۇزى مېھنەت سىڭدۈرگەن بىر چىرايلىق يەرلەرنىڭ ئەمدى مۇشۇنداق بولۇپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالايتتىمۇ؟

— ئۇ ئەتىلا مەكتەپكە بارسۇن! ئۇيدىن چىقماي ياتقان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ.

— بۇ يەرنى تاشلىۋەتمەيدىغانسىلەر.

— خاتىرجەم بولۇڭ. مەن ئاقتاشتا بىر كۈن بولىدىكەنمەن. بۇ مەيدان مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ.

— بارىكاللا ئەزىمەت! تىلىڭىدىن ئايلىناي شۇكە. ئېيتقىنىڭ بولسۇن. مەن ئۇزالىنى ئەتىگەندىلا ئەۋەتەي.

رۇستەم مۇدىر چاقىرغان ئوقۇتقۇچىلار يىغىنى داۋاملاشماقتا. مەنسۇر ئۇزى مەكتەپ باشقۇرغان چاغلاردىكى خىزمەتلەر ئۈستىدە خېلى ئۇزاق توختالدى. غولامدەك بىر «جىنايەتچى»نى قېزىپ چىقىرىپ. دېكتاتۇرا ئورگانلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى

سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى ياخشى تۇتقانلىقتىن قولغا كەلگەن نەتىجە دەپ قارىدى. شۇنداقلا. قىسمەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇنى قوللاش تۇياقتا تۇرسۇن. بەلكى «يامانغا يان بېسىپ» ئۆزىگە پۇتلىكاشاڭلارنى توغدۇرۇپ كەلگەنلىكى بەلكى غولامنىڭ كەينىدە تۇرۇۋاتقان بىر كىچىك گۇرۇھنىڭ ھېلىمۇ مەكتەپتە «خۇپىيانە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى» ئۈستىدە يۈرتۈپ ئۆتتى. مەنسۇرنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە ئىشخانىدا بىردىنلا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى.

مەنسۇردىن كېيىنكى سۆز نۆۋىتىنى ئەنۋەر ئالدى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ نورمال كېتىپ بېرىشىنى كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا، بىردەك ئىتتىپاقلىقىغا يىغىنچاقلىدى ھەمدە مەكتەپ دېھقانچىلىق مەيدانىنى قىرقىپ تاشلاشتەك ئېغىر خاتالىقنىڭ جاۋابكارلىقىنى مەنسۇرنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— مەن غولامنىڭ قولغا ئېلىنىشىنى قانۇنسىز ھەرىكەت دەپ قارايمەن. ئەلۋەتتە بىر گىراژداننى قولغا ئېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك جىنايى پاكىت بولۇشى كېرەكقۇ. ئەمما. تا ھازىرغىچە غولامنىڭ نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى بىزگە نامەلۇم. مەنسۇرنىڭ ئىزاھلىشىچە غولام دادىسىنىڭ ئەرزىسىنى ئاغدۇرماقچى بولغان ئىكەن. لېكىن بۇ ھەر بىر گىراژداننىڭ قانۇن كاپالەتلەندۈرگەن ئەركىنلىكىغۇ. ئۆتكەن ئايدا «غولام ئەرزىسى»نى قايتا تەكشۈرۈش توغرىسىدا يۇقىرىنىڭ بىر پارچە ئالاقىسى مەكتەپكە كەپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدۇق. لېكىن ئۇ گەپلەر ئۇزاق ئۆتمەي نەگىدۇر يوقاپ كەتتى. بۇ ئىشلار نېمە ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلاردىن سىر تۇتۇلىدۇ؟

ئارقىدىنلا جاڭ بىڭ سۆز باشلىدى:

— يولداش مەنسۇر ئەنۋەرنى غولامنىڭ ئارقا تىرىكى. ئۇنىمۇ مەكتەپتىن تازىلاش كېرەك دەپ يۈرگەنىدى. لېكىن ئەنۋەر تېخىچە تازىلىنىپ كەتكىنى يوق. بۇ ياخشى ئىش بولدى. مېنىڭچە يولداش ئەنۋەر ياخشى ئوقۇتقۇچى. ئۇ بۇلتۇر يازدا لۈكچەكلەر بىلەن ئېلىشىپ، بىر قىزنى قوغداپ قالدى.

— مېنىڭ سۆيگۈنۈمنى دەپ ئېنىق ئېيتقىنا. شياۋجاڭ. — دېدى ئوقۇتقۇچىلاردىن كىمدۇ بىرسى چاقچاق ئارىلاش.

— شۇنداق. بىزنىڭ شياۋۋاڭنى قۇتقۇزۇپ قالدى. بىز ياخشى يولداشنى ياخشى دېيىشىمىز كېرەك. كۆپچىلىكنىڭ يادىدا بار. بۇلتۇر قىشتىكى قار ئاپىتىدە ئەنۋەر ياش ئوقۇتقۇچىلارنى باشلاپ سەككىز ئۆيلۈك دېھقاننى قار ئاستىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. مەكتەپنىڭ مەيدانىغا بېرىپ، يۈزگە يېقىن قوينى ئۆلۈشتىن ساقلاپ قالدى. مېنىڭچە، يولداش مەنسۇر ئەنۋەرنىڭ مەسىلىسى-

ۋە غولامنىڭ قولغا ئېلىنىشى ۋەقەسىدە ئۆزىنىڭ توغرا قىلمىغانلىقىنى ئېنىق تونۇشى لازىم.

مەنسۇرنىڭ كىچىككىنە يۇرۇن ئۆشۈكلىرى لىپىلداپ كەتتى. ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزلىرى تاتارغان ۋە قاتقانىدى.

— يولداشلار مەنمۇ ئىككى ئېغىز سۆزلەپ باقاي. — بۇلۇڭدا ئولتۇرغان تۆيغۇن بويىنى سوزۇپ ئەتراپقا قارىدى. — ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىكرى كۆپرەك غولام ۋەقەسىگە مەركەزلەشكەندەك قىلىدۇ. مېنىڭچە بۇ ئىشتا مەنسۇر شۇجىنىڭ ئىشلىگەنلىرى تامامەن توغرا. ھەممە كىشى بىلىشى كېرەككى. بىز ئىشلىرىمىزنى دائىم سىنىپىي كۆرەش نۇقتىسىدىن تۇرۇپ كۆزىتىشىمىز لازىمغۇ. يولداش مەنسۇر سىنىپىي كۆرەشتىن ئىبارەت بۇ تۇتقىنى چىڭ تۇتتى. ھەر ھالدا. سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ غولامدەك ئىپلىك ۋەكىللىرىنى مەكتەپتە ساقلاپ يۈرۈۋېرىشنىڭ ئاقىۋىتى تولىمۇ خەۋپلىك. مېنىڭچە ئۇنداقلاردىن مەكتەپتە قانچىسى بولسا. شۇنچىسىنى ھەيدەش لازىم.

— تۆيغۇن. سىز ئۇنداقتا پارتىيىنىڭ پەرزەنتلەر سىياسىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭچۇ. — دېدى كىمدۇ بىرسى.

— توغرا. سىز شۇنىڭغا جاۋاب بېرىڭا.

— بۇ... مەن... مېنىڭدىن ئۆچ ئالماقچىمۇسىلەر؟

— دادىسى جىنايەتچى بولسا. بالىسى قوشۇپ جازالاش قايسى قانۇندا كۆرسىتىلگەن؟ — ئوقۇتقۇچىلار تېخىمۇ قىزىشتى.

— ئادەمنىڭ ھايات - ماماتى بىلەن ئويۇنشىغا يول قويۇلمايدۇ!

— بولدى. بېسىلىپ قېلىڭلار.

— نېمە؟ سىز مۇزەممە قىلماڭ!

— ۋاقتى كەلگەندە. كۆرىمىز تېخى! — بۇ مەنسۇرنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— سۇيىقەستلىك ھەرىكەتنى قەتئىي ئېچىپ تاشلاش كېرەك!

رۇستەم مۇدىر ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇنازىرىسىگە قۇلاق سالدى ۋە ئاخىرىدا جىددىي ھالدا ۋاراڭ - چۇرۇڭنى باستى:

— جىم بولۇڭلار يولداشلار! يولداش مەنسۇر. سىزنىڭ يەنە قانداق پىكرىڭىز بار؟

مەنسۇر بېشىنى كۆتۈردى:

— [illegible] ئىچرا

قىلغانلىرىم تامامەن توغرا. ئەنۋەرگە ئوخشاش ئەكسىلئىنقىلابچىغا يان باسقۇچىلار، جاڭ بىگىغا ئوخشاش سىنىپىي مەۋقەسى ئېنىق بولمىغان مۇتەھەملەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سۇنى لىيىتىپ بىلىق تۇتماقچى بولىدىكەن. مەن ئۇلار بىلەن ئاخىرىغىچە ئېلىشىمەن! ئەگەر مەكتەپ رەھبەرلىكى بۇ مەسىلىدە توغرا مەۋقەدە بولمايدىغان بولسا، ھەتتا مەركەزگە ئەرز يازىمەن.

رۇستەم مۇدىر ئۆزىنىڭ ئەمكىن ـ سوغۇق قان ئادىتى بويىچە مەنسۇرنىڭ بۇ پوپوزىسىغا توپتىن ـ توغرا رەددىيە بېرىپ ئولتۇرمىدى. ئۇ يىغىن ئاخىرىدا غۇلامنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىر ياش ئوقۇتقۇچىغا قىلىنغان ئۇۋالچىلىق دەپ قارىدى. مەكتەپتە ئەنۋەر باشچىلىقىدا يوشۇرۇن گۇرۇھ مەۋجۇت دېگەن گەپنى ۋە غۇلامنىڭ قولغا ئېلىنىش سەۋەبلىرىنى چوقۇم تەكشۈرىدىغانلىقىنى، زۆرۈر تىپىلغاندا غۇلامنىڭ ئىشى توغرۇلۇق يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىي ـ قانۇن ئورۇنلىرىغا ئەرز سۇنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ دىھقانچىلىق مەيدانىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش، چارۋىلارنىڭ نابۇت بولۇش مەسىلىسىگە كەلگەندە شۇنچە تەمكىن بولۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ غەزىپىنى باسالمىدى. مەنسۇرنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن مەيداننى قىرقىۋىتىپ، مەكتەپنى ئېغىر ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچراتقانلىقىنى جىددىي خاتالىق دەپ كۆرسەتتى. بۇ چاغدا مەنسۇرنىڭ بېشى پەسكە ساڭگىلاپ كەتتى. ئۇ شىمىنىڭ يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، ھەدەپ تەرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

## يەتتىنچى باب

مەكتەپنىڭ دىھقانچىلىق مەيدانىدا قىزغىن ئەمگەك باشلاندى. رۇستەم مۇدىر بۇ يەرگە ئەنۋەر، قاناتبەك ۋە تۇرالىنى ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار بىر. سىنىپ ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ يۈرۈپ ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا ئۆيلەرنى رېمونت قىلىپ چىقىشتى. سىنىپلارغا يېڭىباشتىن پارتىلار تىزىلدى. يېرىم ئىشلەپ، يېرىم ئوقۇيدىغانلار بۇ ماكاندا ئۆز پائالىيىتىنى باشلىدى.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى. ئوقۇغۇچىلار ئەتىگەنلىك گىمناستىكىسىنى ئەمدىلا ئويناپ بولۇپ، ئاشخانىغا قاراپ مېڭىشقا، مەكتەپ ئىشچىسى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قالدى. ئوقۇغۇچىلار تەڭلا ئۇنىڭغا قاراشتى. قاناتبەك توپتىن سۇغۇرۇلۇپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، سورىدى:

— ئەتىگەندىلا كېلىپ قالدىڭىزغۇ ساكە. بىرەر ئىش بارمىكەن؟

— ئەنۋەر قېنى؟ ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان گەپ بار ئىدى!

— ئۇ كېچىگىچە سىز تۇتۇپ، بايىراق ئۇخلاپ قالدى. قېنى بىزگە دېگىنە نېمە گەپ؟

— رىزۋان مۇئەللىمنىڭ تۇشتۇمتۇت قورسىقى ئاغرىپ كېتىپ، كېچىچە ھوشسىز يېتىپتۇ. سەھەردە دوختۇرغا ئېلىپ بارغانىدۇق، ئۈچەيى ئالماشقان. ناھىيىگە يۆتكەپ جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەك دېدى. شۇڭغا...

— ئاپلا، شۇنداقمۇ. توختا مەن ئۇنى ئويغىتاي.

رىزۋاننى جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى كېلىپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى. مۇدىر ئۇنىڭغا ئەنۋەرنى قوشۇش مۇۋاپىق دەپ قارىغانىدى. رىزۋان بەختكە يارىشا تېزلا ئوپېراتسىيە قىلىندى ۋە بىر ھەپتە ئىچىدىلا كارىۋاتتىن چۈشتى. رىزۋانغا بىر ئايلىق دەم ئېلىش بېرىلگەنىدى. مۇدىر ئەنۋەرگە ئۇنى ئائىلىسىگە ئاپىرىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ قايتىپ كېلىشنى ئېيتتى. ئەنۋەر رىزۋاننى ئېلىپ قىزنىڭ ئاقتاشتىن ئىككى يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئۆيىگە ئاپتوبۇستا يولغا چىقتى.

كەچتە ئۇلارنى ئىشىك تۈۋىدە رىزۋاننىڭ ئانىسى تۇرخان كۆز ياشلىرى بىلەن كۈتۈۋالدى.

— خۇش كەپسىلەر بالىلىرىم. كۆزۈمدىن ئۆچتۈڭغۇ خانقىزىم! — نۇرخان قىزىنىڭ مەڭزىدىن سۆيدى. ئەنۋەر بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى.

تۇرخان قىرىق بەش ياشلاردىكى ئوتتۇرا بويلۇق گۈزەل ئايال ئىدى. ئۇ ئەنۋەردىن قىزىنىڭ يېقىندا ئاغرىپ، ئوپېراتسىيە قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندا بىردىنلا ئاللاقادە بولۇپ، رىزۋانغا يېڭىباشتىن سەپسىلىپ چىقتى.

— خۇدايىم ساقلىغۇن سېنى قىزىم. ئېمىشقىمۇ مۇنداق ئىش ئاپا، دەپ خەت يازمىغانسەن. ئۇۋا!...

— خەت يازسام، ئەنسىرەپ ئۆزەڭنى بوقتىپلا قوياتتىڭ.

نۇرخان ئۈنچىقمىدى. ئۇ چاي راسلاپ، داستىخان تەييارلىدى.

چايدىن كېيىن تۇرخان قىزىغا ئەنۋەرنىڭ خالىغان تامىقىغا تەرەددۇت قىلىشنى بۇيرىدى ۋە ئۆزى قوناقلىقتىن ئوت ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن سېۋەتنى بىلىككە ئېسىپ ئېتىزلىققا قاراپ كەتتى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. رىزۋاننىڭ سالامەتلىكى بارغانسېرى ئەسلىگە كەلمەكتە ئىدى. ئەنۋەر ئەمدى كەتمىسە بولمايتتى. تۇرخان ئەنۋەرنى بىر نەچچە كۈن ئۇزاقراق تۇرۇشقا قىيستىغانىدى. ئۆزىمۇ، رىزۋانمۇ ئۇنىمىدى. ئاخىرى تۇرخان

ئككسگە مەقستنى غل - پال توقتوروۋپ تۈتتى.

— ئەنۋەرجانىڭمۇ تاتشارى يوق ئكەن. شۇنچە يراق جايغا ئايلقچى بولمەن دەپ كبتپ قالغچە. ئوبناپ كۈلۈپ يىنمدا بولساڭلار. خۇشلۇقۇمدىن بىشىم كۆككە يەتەردى... مانا كۆرۈپ تورۇپسلەر. ئۆزۈم يەنكچە يالغۇزلۇق تارتىۋاتىمەن. ھەي ئست. داداڭ رەھمەتلىك بولسىغۇ. بۇنچە چىچىلىپ كەتمەستوق.

نورخاننىڭ كۆڭلى بوزۇلدى. ئۇ داكا رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتتى. ئەنۋەر بېشنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئۈنچىقماي ئولتۇراتتى.

— ئىلاجى قىلىپ يىغىراق يەرگە يۆتكىلىپ كېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىپ باقامسلەركىن - تاڭ. ئۆزۈڭمۇ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ. يىرىم جان بولۇپ قاپسەن بالام.

رىزۋان يىلىغان ھالدا ئانىسىغا قارىدى:

— سىنىڭ يالغۇزلۇقۇڭنى ئويلىغاندا مىنىڭمۇ. ئەنۋەرنىڭمۇ يىنىڭدىن بىر غىرىچ نىرى بولغىمىز يوق ئاپا. سەن دىگەندەك مەنمۇ ئوپېراتسىيە قىلدىم. لىكىن. ئۆزۈڭ بىلسەن. مەنمۇ. ئەنۋەرمۇ تاغلىق رايوننى ئۆزىمىز خالاپ بارغان; بىرىپ ئۇلارغا ھېچقانچە ئىش قىلىپ بىرەلمىدۇق. ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرىمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئاقكۆڭۈل ياخشى خەق. سەن بىزگە ماقۇل دىگىن. بىز يەنە بارايلى. قالغان ئىشلارنى كىيىنرەك بىر نىمە قىلارمىز.

نورخان ئۆز گىپىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان ئاياللاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ قىزىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشنىڭ ئىغىرلىقىدىن ھىلىقى گەپلەرنى دىگىنى بىلەن. ئۇلارنىڭ يولىنى توسسا ئۇلارنى ئەربىيلىگەن ئەشكىلىگە يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى. ئەنۋەرنىڭمۇ، رىزۋانىڭمۇ ئۆزلىرى ئۇچۇنلا ئوقۇمىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ يىنىككىنە ئۇھ تارتتى - دە. جىمىپ قالدى.

سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرغان رۇستەم مۇدىر ئىتىزلارنى ئارىلاپ يۈرەتتى. ئەنۋەر كەتكەندىن بۇيان ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا يىتىپ - قوپۇپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ كۆنلۈكى دىگۈدەك بۇ مۇنبەت تۇپراقنىڭ ئەمخۇش قىرى ئۈستىدە تورۇپ ئۆزى مۇھەببەت باغلىغان بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يىراق كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى. بۇ يەردە نىملەرنى قىلىش كىرەكلىكى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. ئۆزىنىڭ ھەر بىر قەدىمى، ئەتىجىسى ۋە مەغلۇبىيىتى بىلەن ئەقدىرداش بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ زىمىندا چوڭ كۆلەملىك يىزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇش قىياسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ناھىيە بويىچە بىردىنبىر يىگىچە ئوتتۇرا مەكتەپ

بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ يەردە نى - نى مۆجىزىلەرنى يارانقۇسى. شۇ ئارقىلىق تاغ خەلقىنە ئۇھپىسى ئىخىمۇ زور بولغان ئىشلارنى قىلىپ بەرگۈسى كېلەتتى... بىر چاغدا ئاقتاش تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ تودۇل رۇستەم مۇدىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— ئەتىگەندە كىم چۈشەپ قاپتۇ سىنى مولداش؟ — سورىدى مۇدىر ئاتتىن چۈشكەن مەكتەپ ئىشچىسىغا قاراپ.

— سىزگە ناھىيىدىن تېلىفۇن كەپتىكەن. بۈگۈندىن قالماي يىتىپ كەلسۇن دىگەنمىش! — دىدى ئۇ ئىتىنىڭ تىزگىنىنى قولىغا يۆگەۋىتىپ.

— نىمە ئىش ئىكەن شۇنچە جىددىي؟ نىمە: مەجلىس بولسا. ئالدىن ئۇقتۇرۇاتتىغۇ؟

— ئاڭەي ئەمدى.

— ھازىر مەيداندا باشقا ئادەم يوق. ئىلاجى بار مىنىڭ ئايرىلمىغىنىم تۈزۈك. سەن كىتىۋەر. مۇكە. يەنە سۈيلەپ قالسا. ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېلىپ. تېلىفوندا سۆزلەشمەكچى دىگىن. ئۇقتۇڭمۇ؟

ئىشچى ماقۇل دىدى - دە. ئىتىغا ئىرغىپ مىنىپ. كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

چۈشلۈك تاماقتىن كىيىن رۇستەم مۇدىر مەھەللىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئاۋۋال پوچتىخانىغا بارماقچى ئىدى. ئەتىگەن كۆتۈرۈلگەن سالقىن شامال. كۈن قايرىلغاندىن كىيىن كۈچىيىشكە باشلاپ بىر دەمدىلا دەھشەتلىك بورانغا ئايلاندى. زاڭقار تىغى ئىتىكىدىكى ھۇلاپ چۈشكەن چاڭ - توزان يەر - كۆكنى قاپلاپ ئەتراپى سوقما تاملىق ئەگرى - بۈگرى توپىلىق يوللارغا ئولىشاتتى - دە. دوخمۇشلاردىن پىرقىراپ. ئايلىنىپ چىقىپ ئاچچىق قوملارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ كۆزگە ئىتاتتى. رۇستەم مۇدىر بىر قانچە قېتىم ۋېلىسىپتى بىلەن يىقىلىپ چۈشتى. بوران يىرتقۇچ ھايۋاندەك دەھشەتلىك ھۆكۈرەيتتى. سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرىنى ئىغاڭلىتاتتى. سىملار ئاچچىق ھۇشقىراتتى. دەرەخ شاخلىرى غەزەپ بىلەن بىر - بىرىگە ئۇرۇلاتتى. ئۈگزىلەردىن زىغىر پاخاللىرى. قۇناق شاخلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى. ياپ-يىشىل مايسىلار كۆچۈۋاتقان قۇم كەلكۈنلىرى ئاستىدا بارا - بارا كۆمۈلۈپ بارماقتا ئىدى...

رۇستەم ئەپەندى ئۈچ چاقىرىم يولنى توپتوغرا بىر سائەتتە مېڭىپ ئىگەتتى. ئۇ ۋېلىسىپىتنى يىتىلەپ كېلىپ پوچتىخانا ئالدىدا توختىدى. توپا - چاڭ باسقان سۇس يېشىل سىرلىق قوشقاناتلىق ئىشىك غىچىرلاپ. توختىماي ئېچىلىپ - يېپىلىپ - تۇراتتى. چاڭ - توپىلارغا كۆمۈلگەن ئىگىز پۇكە ئىشىك

ئارقىسىدا ئىشىككە قاراپ ئولتۇرغان تېلېفونىست مۇدىرنى مەيۈس ھالدا كۈزىتىۋالدى.

— كېلىك ئاقساقال، بۇ بوراندا نەلەردە يۈرگەنسىز؟

— ئۇزكا تېلېفوندا ناھىيىلىك ماتارىپ بۆلۈمىنى ئېلىپ بەرگەن بولساڭ. — دېدى مۇدىر توپا باسقان يۈز ـ كۆزلىرىنى قول ياغلىقىدا سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— كەچۈرۈڭ، تېخى ھېلىراقتا تېلېفون سىمى ئۈزۈلۈپ، بىراقلا كىرەلمەيچىقتى.

— باشقا ئامالىڭ يوقمۇ يىگىت؟

— ھېچ... — تېلېفونىست يەلكىسىنى قىستى.

رىزۋان ھەم نۇرخان ئاچا بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىققان ئەنۋەر قۇياش يانىغا قىشايغان مەزگىلدە ناھىيە بازىرىنىڭ تۈت كوچا ئاغزىغا كېلىپ ئاپتوبۇستىن چۈشتى ۋە بۇ كىچىك بازارنىڭ كۆڭۈلسىز ھالىتىگە زەڭ سالغىنىچە بىر پەس تۇرۇپ قالدى. يەكشەنبە كۈنى بولسىمۇ. تار كوچىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. پەقەت كورۈمسىز تاملارغا، تاغ تېرەكلىرىنىڭ قاداق ـ قاداق غوللىرىغا بېپىشتۇرۇلغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەر كۆزگە ئالاھىدە تاشلىناتتى. ئىدارە ئىشىكلىرىنىڭ باشلىرىدا قىزىل پىلاكاتلار كورۈنۈپ تۇراتتى. ئەنۋەر ئايرىلغىلى بىر ئايلا بولغان بۇ ناھىيىدە بىردىنلا بۇنچىۋالا ئۆزگىرىشنىڭ بولۇپ كەتكەنلىكىگە قاراپ ھەيران بولدى. شۇ ئەسنادا، تۇدۇلدىكى كوچىدىن ئاستا ئىلگىرىلىگىنىچە ماشىنا تىزىلىپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىنقى بىرسىگە يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانىيى ئورنىتىلغان. كۆزۈپتا قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغان. ماش رەڭگىدە كىيىنىپ، ئەسكەرچە كەمەر باغلىۋالغان يەتتە ـ سەككىز يىگىت ئۆرە تۇراتتى. ئۇلار يەڭلىرىنى چەينىگىچە شىمايلىۋېلىشقانىدى. ئۇلار جوشقۇن ۋە كوتۇرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن كىشىلەر ئاڭلاپ باقمىغان يېڭى ـ يېڭى شوئارلارنى توۋلىشاتتى. ماشىنىلار سىلجىماقتا... كىشىلەر قىزىقىش. ھودۇقۇش ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە ھەر بىر ماشىنىلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزمەكتە. ماشىنا ئۈستىدە يەنە بىر مۇنچە كىشىلەر مۈكچىيىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يۈزىگە قارا كۈيە سۈرتۈلگەن. بېشىغا ئۇزۇن قالپاق كىيگۈزۈلگەنىدى. ئەنۋەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسىنى غىل ـ پال تونۇغاندەك قىلدى. ئۇ ماشىنا يېنىغا كېلىپ يەنە قارىغانىدى. راستىنلا ئۇنى ئېنىق كۆردى.

— رۇستەمكامىمۇ نېمە؟ — دەپ پىچىرلىدى ئۇ چۆچۈپ. ئەنۋەر ئېسىدىن يىقىلىپ چۈشكۈچە ماشىنا خېلى ئۇزاپ ئىلگىرىلەپ

كەتكەنىدى. شۇ چاغدا ئەدىندۇر ئىككى يىگىت يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پاكارراق بىرسى بىر چېلەك ئۈن شىلىمى ۋە بىر دانە كونا سۈپۈرگىنى كوتۇرۇۋالغان. ئېگىز بويلۇق يىگىت بىر توپ گەزىتنى قولتۇقلىۋالغانىدى.

— كۆرەش، مانا بۇياققا! — ئېگىز بويلۇق ئوڭ تەرەپتىكى تامنى كورسەتتى: مانا مۇشۇ تامغا چاپلايمىز.

ئەنۋەر شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىناسىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى بىلدى. سىرۋاقلىرى ئۆتكۈزۈلگەن خام كېسەكلىك تام بىر پەستىلا چوڭ خەتلىك گېزىتلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. «قوماندانلىق شتابىنى توپقا تۇتايلى» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان بىر پارچە چوڭ خەتلىك گېزىت كىشىلەرنى ئوڭايلا ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالدى. ئەنۋەرمۇ سىلجىپ كېلىپ ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ قالدى. گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ ئاۋازلار، پىچىرلاپ ئوقۇشلار باشلاندى. «قىبما ـ چىبما قىلىنىشتىن قورقمىغان. خاننى ئاتتىن چۈشۈرەلەيدۇ...» دەپ پىچىرلاپ ئوقۇدى ئەنۋەر. ئەمما كېيىنكى قۇرلاردىكى ئىمىر ـ چىمىر خەتلەرنى كورەلمىدى. خىيالغا چۆككەن ئەنۋەرنى بىر تونۇش ئاۋاز ئىسمىنى ئاتاپ چاقىردى:

— ئەنۋەر. نېمە قىلىپ تۇرسەن بۇ يەردە؟

ئەنۋەر، يېنىغا قارىغانىدى. ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان سەمەي كاتىپنى كۆردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. ياخشىمۇ سىز سەمەيكا؟ ئۇ سەمەي كاتىپ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كورۈشتى ۋە رىزۋاننى يۇرتىغا يەتكۈزۈپ قويۇپ بايىراقتىلا قايتىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ھە، مۇنداق دېگىن. يۈر ئىشخانىغا بارايلى.

ئۇ ئەنۋەرنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى ـ دە. ئىستاكانغا چاي قويۇپ بەردى.

— باشقىلار كورۈنمەيدىغۇ. سەمەيكا. بۆلۈم باشلىقى بىر ياققا كەتكەنمۇ؟

— ھەي... — دېدى كاتىپ ئۇزۇن ئۇھ تارتىپ. — ئەمدى ئۇنى خېلى ئۇزاقىچە كورەلمەسسىز ئوكا.

— نېمىشقا؟

— ئۇنى ئۆتكەنكى كورسىغا چاقىرتىپ كەتتى... ھە راست سىلەرنىڭ مۇدىرنىمۇ...

— نېمە؟ — رۇستەمكامنىمۇ چاقىرتىپ كەلدىمۇ؟! — ئەنۋەر قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. — ئۇنىڭ نېمە مەسىلىسى بارىكەن. سەمەيكا؟

— ... ب مكامغا ... ئۇنىڭچىقمىدى ... ئۇ خېلىدىن كېيىن مەنسۇر بىلەن

زەينەپنىڭ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە مۇتەھەملىك بىلەن يېتىكلىپ كەلگەنلىكىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئەنۋەر شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر مۇنچە ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇپ كەتكەنلىككە تېخىمۇ ھەيران بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېلىلا كوچىدا كۆرگەن ئىشلار تىزىلىپ ئۆتەتتى...

ئەنۋەر كەچلىك تاماقنى كاتىپنىڭ ئۆيىدىن يەپ كوچىغا چىقتى. ئۇ بۈگۈن ناھىيىدە قونۇپ قېلىپ، ئەتە ئاتقاشقا قايتماقچى ئىدى. بۈگۈن قانداقلا بولمىسۇن مۇدىر بىلەن كۆرۈشۈشنى نىيەت قىلدى. شۇڭا رۇستەم مۇدىرنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كەينىدىكى خىزمەتچىلەر ئائىلە قورۇسىدا ئىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئاستا ئىشىكنى قاقتى. ئىچكىرىدىن رۇستەم مۇدىرنىڭ ئىللىق چىراي ئايالى رۇقىيە چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن تونۇشمايتتى. سالامدىن كېيىن ئەنۋەر سورىدى:

— رۇستەمكام ئۆيدىمۇ؟

— ئۇ ھېلىراقتا يوتقان - كۆرپىسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— ھە، نەگە؟

رۇقىيە ئالدىدىكى يوچۇن يىگىتكە غەم باسقان كۆزلىرى بىلەن قارىدى.

— ئۆزگىنىش كۆرسىغا. بۈگۈندىن باشلاپ ئۇلارنى بىر يەردە ياتقۇزارمىش.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيگىمۇ كەلمەمدىكىنە؟

— ۋاي تاڭ ئەمدى... — ئايال ئارتۇق سۆزلەشنى خالىمىغاندەك تۇراتتى.

— مۇدىرغا سالام ئېيتىپ قويۇڭ. مەن ئۇنىڭ مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچى ئەنۋەر بولىمەن. كۆرۈشۈپ قايتاي دېۋىدىم.

— ئۇنى ئىزدەپ كەلگىنىڭىزگە رەھمەت ئۇكام. ۋاي. ئۆيگە كىرىپ...

ئەنۋەر خوش ئېيتتى ۋە كۆڭلى غەش ھالدا مۇدىرنىڭ ئىشىك ئالدىدىن ئايرىلدى.

ئەنۋەر ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يان ئىشىكىدىن كىرىپ، ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانا بىناسىنىڭ تاش ياتقۇزۇلغان كۆتەرمە يولى بىلەن ماڭدى. قۇياش تومان باسقان قارلىق چوققىلارنىڭ كەينىگە باش قويغانىدى. ئەنۋەر قايسىدۇر بىر ئىشخانىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا كەلگىندە، ئاۋازى ئوتتۇش بىر قىزنىڭ قاتتىق ۋە شوخ كۈلكىسىدىن ئىختىيارسىز قەدىمىنى توختاتتى. ئىشخانىنىڭ ئىچى ئېگىز دېرىزىدىن يېرىم كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇدۇلدىكى جوزىلەپ قويۇلغان شىرەنىڭ ئالدىدا دېرىزىگە ئالدىنى قىلىپ تۇرغان زەينەپنىڭ بېشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىشخانىدا يەنە بىر ئەر كىشىنىڭ گۈڭگۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەنۋەر زەينەپنىڭ ئىنچىكە قاشلىرىنى يىمىرىپ ھېلىقى ئەر كىشىنىڭ ئالدىدا نازلىق قىلىپ ئەركىلەۋاتقانلىقىنى كۆردى. «مەنسۇر بولسا كىرەك» دەپ ئەخمەن قىلدى ئەنۋەر ھېلىقى ئاۋازى ئاڭلانغان ئەر كىشىنى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئاينىغاندەك بولدى. ئۇ يەرگە قاتتىق بىرنى تۈكۈردى - دە، تېز - تېز بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

## سەككىزىنچى باب

غولامنى مەكتەپتىن يالاپ ئېلىپ كېلىشكىنىچە، ئۇزۇمنىڭ كىچىككىنە، تار كامىرغا تاشلاشقانىدى. ئۇ دەسلەپكى كۈنلەردە سەپداشلىرىدىن، ئوقۇغۇچىلىرىدىن، بولۇپمۇ ئاغرىقچان، كۆڭلى سۇنۇق ئانىسىدىن ئايرىلىشنىڭ ئازابىنى يەنىكچە تارتتى. ئۇنىڭ قان نەپچىپ تۇرىدىغان قىپ - قىزىل مەڭزى ئاستا - ئاستا سارغىيىشقا، كۆزلىرى خىرەلىشىشكە باشلىدى. ئۇنى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئالا - تۈزدىكى مەشغۇلاتلارغا سالاتتى. قورا ئىچىدە ئۇياق - بۇياق مېڭىشقا يول قويۇشاتتى. بىراق يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭغا بولغان نازارەتنى چىڭىتتى. كامىرنىڭ بۇلۇڭىغا بىر ئەسكى چېلەك قويۇلغان، سېسىق ھىد ئۇنىڭ نەپىسىنى بوغۇپ، كۆڭلىنى ئاينىتاتتى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر دۈۋە شال پاخلى ئۈستىدە ئۇنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرى يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇ يېقىنقى ئىككى ئايدىن بۇيان كۈن نۇرىنىمۇ كۆرەلمىدى، ئەتىدىن كەچكىچە پاخال ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، قورۇت يېگەن لىم ياغاچلارغا قاراپ ياتاتتى. ئېگىزدىن ئېچىلغان كىچىككىنە تۆمۈر قاپلىق تۈڭلۈكتىن شوڭغۇپ كىرگەن يورۇقنىڭ نۇرسىز شولىلىرى ئۇنىڭغا كۈندۈزدىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. كېچىلىرى چۈشسا، يۇرگىلەر ئۇنىڭ بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقان قانلىرىنى قىزغانچۇقلۇق بىلەن شوراپتتى.

غولامغا سىرتتىن ئاش - تاماق، كىيىم - كېچەك كىرگۈزۈشنى چەكلەشكەنىدى. ئۇ ئانىسى ۋە تۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ كۆز ئاردلاپ كېلىپ، ئۈمىدسىز ھالدا كېلىپ - كېتىۋاتقانلىقلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

غولامنىڭ كۆزلىرى كېيىنچە قاراڭغۇلۇققا ئوبدانلا ئۆگىنىپ قالدى. ئۇ ئۇز يانچۇقىدا ساقلىنىپ قالغان خاتىرىسىنى، «ئۆگە» ماركىلىق ئادەتتىكى قەلەمنى ناھايىتى قەدىرلەيتتى. قەلەم ئۇنىڭغا دادىسى يادىكار قىلىپ قالدۇرغان قىممەتلىك بۇيۇم ئىدى. خاتىرە بولسا، «قارلىق» ئاتالغان كۈنلەردە ئىلبەرنىڭ ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان بۇيۇمى ئىدى. ئالقانچىلىك

چوڭلۇقتىكى يېشىل خانىرە بارغانسىرى قىڭغىر ـ سىڭغىر خەتلەر بىلەن توشۇشقا باشلىدى. مۇشۇ كۈنلەردە غولامنىڭ ھەمدەم بولىدىغان بىردىنبىر ھەمراھى ئۇنىڭ ئاشۇ خاتىرىسى بىلەن قەلىمدىنلا ئىبارەت ئىدى. مۇدھىش قاراڭغۇلۇق قەلەمنىڭ راۋان يوللىرىنى توسۇۋالالمايتتى. خاتىرىنىڭ سۇتەك ئاپئاق بەتلىرىگە سايە سالالمايتتى:

ئى پەلەك، بەختىمنى بوغدۇڭ بىمەھەل،
قېنى ئۇ، قاياقتا كەتتى ئارمىنىم؟
بەنت بولۇپ ياتتىم مەن بۇ تۈرمىدە،
مەندىكى سەۋەن، خاتانى بىلمىدىم.
مەن نەپەس ئالماقنى ئىستەيمەن لېكىن،
سىرتىمنىڭ بوغماقتا نەپسىمنى شۇ دەم.
تۈن تۇزاق ئاتماس ئېچىدىكى سۈبھى تاڭ،
تىلغىدى دىللارنى قايغۇ دەرد ـ ئەلەم.
شوللار چاچماسمۇ ئەسلا كائىنات،
سۆز بىلەن ئۆتكەيمۇ مەڭگۇ بۇ رۇجەك؟
ئەي پەلەك، سۆزلە، ھايالسىز بەر جاۋاب،
ئاھ، ماڭا باقماسمۇ نۇرلۇق كېلەچەك؟

غولامنى قاماپ قويۇشقاندىن كېيىن، گويا ھەممە ئىش ئۆزگىرىپ كەتكەندەك. ئۇنىڭدىن بىرەر ئېغىزمۇ گەپ سورىشىدى. پەقەت تۈرمە ساقچىسىلا كۈنلۈكى ئىككى قېتىم ئىشىكنى ۋاقتىدا ئېچىپ كىرەتتى ـ دە، گەپ ـ زۇۋانسىز بىرەر قاچا ئوماچ ياكى ئىككى تال قوناق مومىسىنى تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىشەتتى.

بىر كۈنى غولام تاماق توشۇپ كىرگەن تۈرمە ساقچىسىدىن سورىدى: (ئۇ ئىككىسى خېلى يورۇنلا توتۇشۇپ قالغانىدى)

— ئاكا، تولار ماڭا ئاز ـ تولا كۈن نۇرىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتى بەرمەسمۇ؟ قاراڭ، مەن شۇ ھالدا.

— كىم بىلىدۇ دەيسەن يىگىت، بىز دېگەن بۇيرۇقنىلا ئىجرا قىلىمىز.

— ئىسسىقتىن تولەي دېدىم. سىز ئۇلارغا ئېيتىپ باققان بولسىڭىز.

— سېنى دەپ، مەن بالاغا قالسام، بەش بالامنى كىم باقىدۇ؟

— مېنى شۇنداق دېدى دەيسىز ـ دە!

— ھەي، نادانسەن دە، غولام.

غولام قوشۇملىرىنى تۈردى ۋە بىر پەس زۇۋان سۈرمىدى. تۈرمە ساقچىسى قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، مېڭىشقا [illegible]

— تولار مېنى ھېچ بولمىسا سوراق قىلىپمۇ قويۇشمىدىغۇ؟

— ماتېرىيالى تولۇق بولمىسا، ئالدىراپ سوراق قىلمايدۇ.

— ئەمىسە، نېمىشقا مېنى چىقىرىۋېتىشمەيدۇ؟

— بىلمەيمەن، ھازىر ئالادا نېمىلەر بولۇۋاتقىنىنى. ئىنقىلاب باشلاندى، ئىنقىلاب!

—ھە...؟ قانداق ئىنقىلاب ئۇ؟

— مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى، ئەمدى سىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ ئولتۇرغىدەك ھېچكىمنىڭ چولىسى يوق. ئۇقتۇڭمۇ، قانۇن، ئەدلىيە، تەپتىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر چەتكە قايرىپ قويۇلۇۋاتقان يەردە، سىلەرنىڭ ماتېرىياللارنى ئىشلەيدىغان كىم بار ھازىر؟ — تۈرمە ساقچىسى غولامنىڭ تۈرسىز كۆزلىرىگە قاراپ يېنىك ئۇھ تارتتى ۋە ئىشىكنى ياپتى.

لېكىن كۈتۈلمىگەندە غولام بىر ھەپتىدىن كېيىن سوراققا ئېلىپ چىقىلدى. سوراقچى ئىگىز بويلۇق، قارىچۇغا ئومشۇق يۈزلىرىنى سەپكۈن باسقان، سۆرۈن تەلەت، سېرىق ئادەم ئىدى.

— ئېتىڭ نېمە؟

— ...

— ئېتىڭ نېمە دەيمەن؟! — قايتا تەكرارلىدى ئۇ ئاۋازىنى ئېگىزرەك چىقىرىپ.

— غولام.

— داداڭنىڭ ئىسمىچۇ؟

— زاھىر.

— ھىم، زاھىر دېگەن ئۇڭچى ئۇنسۇرنىڭ ئوغلىكەنسەن ـ دە!

— ...

— داداڭنى سېغىنامسەن؟

— ئەلۋەتتە سېغىنىمەن، ئايرىلىپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىسىنى ھەر قانداق ئادەم بالىسى سېغىنىدۇ ـ دە، ئۇ ماڭا ئامراق ئىدى. مەن دادامدىن ئون ئۈچ ۋاقتىمدا ئايرىلغانىدىم، شۇندىن بۇيان ئۇنىڭ يۈزىنى بىر قېتىممۇ كۆرەلمىدىم.

— داداڭنى قۇتقۇزۇشنىڭ تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولغانمۇ سىلەر؟

— ھە، قانداق تەييارلىق ئۇ؟ — غولام ئەجەبلەنگەن ھالدا ساقچىغا قارىدى. — دادامنى قۇتۇلدۇرۇش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئۇ پارتىيە سىياسىتىنىڭ ئوغرىلىقىغا باغلىق.

— ھىم، تېخى مۇنداق دېگىن. پارتىيە سىياسىتىنىڭ ئوغرىلىقىغىمۇ گۇمانىڭ بار ئىكەن ـ دە. ياخشى!

— [illegible] مۇنداق مەنتا چىقماس [illegible]

— ھازىرچە بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى. ئېيتقىنا. داداڭنىڭ ئەنزىسىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن كىملەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ. قەيەرلەرگە ئەرز يېزىشنى مۇزاكىرىلەشتىڭلار؟

— گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم. دېمەكچى بولغىنىڭىزنى ئېنىقراق ئېيتقان بولسىڭىز.

— چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار؟ سەن داداڭنى خاتا جازالانغان دەپ. مەكتەپتە پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتقانسەن. يادىڭدىمۇ؟

— ئەزەلدىن بۇنداق ئىش بولغىنى يوق. بەزىلەر دادامنى ھاقارەتلىگەندە. مەن پەقەت دادامنىڭ تەرىپىنى ئالدىم خالاس.

— قانداق ئەكسىلئىنقىلابىي گەپ قىلغىنىڭنى بوينۇڭغا ئالامسەن؟ پاكىت ھامان سېنى قايىل قىلىدۇ!

غولام گاڭگىراپ قالدى.

— بەنە بىرى. سەن تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن باشقىلارنى ئۈز ئۈستۈڭدە يۇقىرىغا ئەرز سۇنۇشقا كۈشكۈرتۈڭ بۇ يالغانمۇ؟

— نېمە دەيدىغانسىز. سىلەرگە مەلۇم. قاماپ قويۇلغىنىمغا ئىككى يىلدىن ئاشتى. مەن ھېچكىشى بىلەن كۆرۈشمىگەن تۇرسام.

— ھىم. ئۇنىڭدىنمۇ تانماقچىمۇ؟! بەنە بىر ئىشنىڭ تانالماسسەن. سەن بىر قېتىملىق سىياسىي ئۆگىنىشتە ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە غەۋغا كۆتۈرۈپ. سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغىنىڭ يادىڭدا بارمۇ؟

— توغرا. ئۇ ئىش يادىمدا. ئۆگىنىش ۋاقتىدىكى غۇلغۇلا. مۇزاكىرىنى ئۇنداق دېيىشكە بولماس. بىز سوتسىيالىزمنىڭ مەقسىتى ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىشقانىدۇق. ئۆگىنىش بولغاندىكىن...

— ياق. ئۇ نەق ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت.

— ...

— بەنە تاپشۇرىدىغان قانداق مەسىلىلىرىڭ بار؟

— مەن ھەيران. زادى نېمە ئۈچۈن قولغا ئېلىندىم. قاماپ قويۇلۇشۇمغا قولۇڭلاردا جىنايى پاكىتلار بولۇشى كېرەكتىغۇ؟ راستىنلا مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم.

— ئالدىرىما. جىنايى پاكىتلىرىڭ كۆتۈرۈپ قويۇقۇسىز.

— ياق، سىز ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتتىڭىز. مەن سىلەردىن ئەركىنلىكىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشىڭلارنى. تۈرمىدىن بوشىتىۋېتىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن.

— بىلجىرلىما! قانۇن ھېچقاچان خالىغانچە ـ قاماپ ـ خالىغانچە قويۇپ بەرمەيدۇ.

— ھىم... قانۇنمىش! گۇناھسىز ئادەمگە خالىغانچە تۇ قىلساڭلار. نېمىسى قانۇن تونىڭ؟

— ئېلىپ چىقىڭلار! — سوراقچى كەينىدىكى ساقچىلارغا ئىشارەت قىلدى. ساقچىلار غولامغا ھەردەڭ ئېتىلىپ كەلدى.

دىرىزىسىگە تۆمۈر چۆرۈق پاياتلانغان كىچىككىنە ئۆيدىكى بىر كىشىلىك ياغاچ كارىۋاتتا رۇستەم مۇدىر يوتقان ـ كۆرپىلىرىگە يۆلەنگىنىچە ئۇخلىيالمىغىنىدا ياتاتتى. ئۇنى دەسلەپتە بەش ئاي «ئۆگىنىش كۇرسى»غا قاتناشتۇرغانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا «تەنھا قويۇپ ئويلىنىش پۇرسىتى بېرىش» باھانىسى بىلەن مۇشۇ ئۆيگە بەككە ـ يىگانە سولاپ قويغىنىغا بىر ئايدىن ئاشتى. ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ تاماكا ئورىدى ۋە سەرەڭگىسىنى چاقتى. شۇ ئەسنادا قۇلۇپ شاراقشىپ ئېچىلدى. ئىشىكتە مەنسۇر قاتارلىق ئۈچ ئادەم پەيدا بولدى.

— مۇبارەك بولسۇن. بۇ يىگى ئىشقۇ رۇستەمباي! ئۈز ۋاقتىدا «مۇدەنيەن» سۇنساقمۇ. كۆڭلىمىزنى دەپ بىرەز تال چېكىپ قويمايتتىڭلار. ئەمدىزە. كاۋىنىڭ غازىڭىنى مەززە قىلىپ چېكىپ كېتىپتۇققۇ؟

مۇدىر ئۈنچىقمىدى.

— كىم ئەكىلىپ بەردى ئۇنىڭغا تاماكا بىلەن سەرەڭگىنى؟ — كەينىدىكىلەر بىر ـ بىرىگە قاراشتى. مەنسۇر قىستاپ سورىدى. — قايسىڭلار ئەكىرىپ بەردىڭلار؟! دېمەك ئۇ ئۆيگە ئوت قويۇۋېتىپ ئۆزىمۇ ھالاك بولسا. مەسئۇلىيەتنى كىمدىن تاپشۇرۇۋالىسىلەر؟ ھازىر جىنايەتدىن قورقۇپ تولۇۋېلىۋاتقانلار ئازمۇ؟ بۇنداق بىخەستەلىك قىلماڭلار!

مەنسۇر شىرەنىڭ ئۈستىدە تۇرغان سەرەڭگىنى يەرگە تاشلاپ. تاپىنى بىلەن يەنچىپ ـ يەنچىپ ئېزىۋەتتى. تاماكا قۇتىسىنى ئىشىكتىن قارىتىپ ئاللاغا ئاتتى.

— مۇشۇنچىلىك چەكسىلە مۇدىر. بولامدۇ؟ ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى. ئامان قاپلا!

رۇستەم مۇدىر ئۇنىڭغا زەردىسى بىلەن ئالايدى.

— مېنى ئۆزۈمگە ئوت قويۇۋېتىپ ئۆلۈۋالىدۇ دەمسەن؟ ھاماقەت بولما مەنسۇر. مەن ئېغىر جىنىمدىن تويمىدىم. جىنىمنى ئالىمەن دېگۈچىلەر بولسا. تونىڭ بىلەن مەڭگۈ ئېلىشىمەن!

— خوش قېنى. مەمەدانىلىق قىلماي. تەكشۈرۈش قەغەزلىرىنى چىقارسىلا.

— ...

— زوۋانلىرى تۇتۇلۇپ قالدىمۇ؟ تەكشۈرۈش قەغەزلىرى قېنى دەۋاتىمەن!

— قويلىنۇلىسمەن... [illegible]

— ئويلىنىۋاتىمەن. دېگەنلىرىگە ئالتە ئاي بولدى. قاچان ئويلىنىپ بولىلا زادى؟

— . . .

— ئىنۇر ئۇرنۇڭدىن! — مەنسۇر بىردىنلا «سەنلەپ» ۋارقىرىدى. مۇدىر ئاماكا قالدۇقىنى بەرگە تاشلىۋېتىپ ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى.

— بۇياققا كەل!

ئۇ شىرەنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ مەنسۇرنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— سەن بىزنى قاچانغىچە ئەخمەق قىلىپ ئوينىماقچى. نېمىقىنا؟

— ياق. مەن سىلەرنى ئەخمەق ئەتمىدىم مەنسۇر.

— ئەمىسە؟

— بەلكىم. ئەسلى ئۆززۈڭلار ئاەمەق!

— نېمە يەنە بىر دېگىنە!

— ئۆززۈڭلار ئەخمەق بولمىساڭلار. قىچىشمىغان يەرنى قاشلاپ. ساق تەننى قوتۇر قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

جاڭگىدا ئولتۇرغان بىر كاچات رۇستەم مۇدىرنىڭ ئېڭىكىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. ئارقىدىنلا قىزىل قوغدىغۇچىلار مۇدىرغا تاشلاندى. قاتتىق تۇرۇلغان مۇشت زەربىدىن ئۇنىڭ بىر ئال تودۇل چىشى قان ئارىلاش تۆكۈرۈكى بىلەن يەرگە چۈشتى. مۇدىر بېشىنى تىك تۇتۇشقا تىرىشاتتى. پەشۋا ۋە دومبالار ئۇنىڭ ئۇيسىگە مۆلدۈردەك ياغماقتا ئىدى. ئۇ ئاخىرى بولالمىدى. دەلدەڭشىپ كېلىپ شىرەنىڭ قىرغىقىغا يۆلىنىۋالدى.

— قىنى ئېيت! مەسىلە تاپشۇرامسەن ـ يوق؟

— مەندە تاپشۇرغىدەك ھېچقانداق مەسىلە يوق!

— ھىم...! شۇنداقمۇ؟! سېنىڭ ئىت كالالاڭغا پرولېتارىياتنىڭ تۆمۈر كالتىكى لازىم ئىكەن ئەمىسە!

تاراسلاپ تەككەن كەمەرلەرنىڭ ئىزىدىن قىپقىزىل قان تامچىلىرى چاچرىماقتا. مۇدىرنىڭ يىگىلا كىيگەن ئاق ياقچىچ كۆڭلىكى قان بىلەن بويالماقتا ئىدى. مۇدىر غەزەپ بىلەن بېشىنى كۆتۈردى:

— مەنسۇر! سەن ئەسلى ئادەم ئەمەس. ھايۋان ئىكەنسەن. يىرتقۇچ ھايۋان! ئىز ۋاقتىدا ساڭا ئەقىدە قىلغان. ئىستىقبالى بار ياش ئوقۇتقۇچى دەپ ئەتىۋالغاندىم. نېمە دېگەن ئەخمەق مەن ـ ھە؟!... ئاڭلىمىدىم دېمە. سەن ھازىر بېسىۋاتقان ھەر بىر قەدىمىڭ ئۈچۈن ھامان بىر كۈنى ئادالەت سوتى ئالدىدا بىرمۇبىر جاۋاب بېرىسەن!

— ئۇرۇڭلار! — مەنسۇر جىننىڭ بىرىچە ۋارقىرىدى ۋە ئۆزى يەڭلىرىنى شىمايلاپ بېرىپ. مۇدىرنىڭ بېقىنىغا زەرب بىلەن تەپكەندى. مۇدىر شۇئان يەرگە يىقىلدى. دەل شۇ پەيتتە تۇشتۇمتۇت ئىشىك قاتتىق قېقىلدى.

— مەنسۇر زوجاڭ، ئىشىكنى ئېچىڭ. تېزراق. تېز ئېچىڭ! — بۇ تۇيغۇننىڭ ئاۋازى ئىدى. — زوجاڭ. مەيەرگە چىقىڭ.

مەنسۇر ئىشىكنى يېپىپ كارىدورغا چىقتى.

— ھە نېمە گەپ. نېمانچە ئالدىراپسەن؟

— ھېلقى جاڭ يىلى دېگەن ئەبلەخ...

— ھە. نېمە بوپتۇ؟ ئېيتمامسىز!

—قېچىپتۇ.

— قېچىپتۇ؟! نەگە؟

— ئىچكىرىگە قېچىپتۇ. بېيجىڭغا بارىمەن. ئەرز قىلىمەن دېگۈدەكمىش. مەنمۇ خەۋەرسىز ئىكەنمەن. ئۇنۇڭۇن چۈشتە ئايروپىلاندا ماڭغانمىش.

— ئاڭلىغانلىرىڭىز ئىشەنچلىكمۇ؟ — مەنسۇرنىڭ قىسىق كۆزلىرىدىن ئەلەملىك تەشۋىشنىڭ يېشىل ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

— ھازىرلا ۋىلايەتلىك ئاۋىئاتسىيە پونكىتىدىكى بىر ئاغىنەمدىن تېلېفوندا ئاڭلىدىم.

— سىز. نېمىشقا ئۇنىڭ پېيىدە بولمىدىڭىز؟ بۇ كاشالىنى كۆرۈۋاك ئەمدى. دەرھال ئۈرۈمچىدىكى ئالاقىلىشىش پونكىتىغا تېلېفون بېرىڭ. قانداقلا بولمىسۇن جاڭ يىگىنى ئۈرۈمچىدىن چىقىرىۋەتمەسلىك كېرەك.

— ئۇ... بەلكىم بۈگۈن ئەتىگەندە پويىز بىلەن يۈرۈپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— مانا قاراڭ سىزنى. نېمە دېمەكچىسىز زادى؟! بېرىڭ. دەرھال سۈرۈشتە قىلىڭ دەۋاتىمەن مەن سىزگە!

مەنسۇر ئىشىكنى زەردە بىلەن قاتتىق يېپىپ ـ دە. ئىچكىرىگە قايتىپ كىردى.

— ئۇ ھوشىدىن كەتتى. — دېدى بىرسى مەنسۇرغا.

— خوپ بوپتۇ. كىم ئۇنى جاھىللىق قىلسۇن دېگەنتى؟ ھۇ... قىرى ئەبلەخ! — مەنسۇر يەردە ياتقان مۇدىرنى پۇتى بىلەن نوقۇپ باقتى. — بۈگۈن كەچتىن قالدۇرماي. بۇنى ھېلقى سولاقخانىغا يۆتكىۋېتىڭلار.

رۇستەم مۇدىر ئۇن نەچچىدىن ئۆتكەندە ھوشىغا كەلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى لوقۇلداپ ئاغرىيتتى. بولۇپمۇ مەنسۇر قاتتىق ئۆكچىلىك شىبلىتى بىلەن تەپكەن بىقىنى ئوز قويغاندەك ئېچىشاتتى. سول بۆرەكىنىڭ ئورنى دوپپىدەك پۇلتىيىپ چىقىۋاپتۇ. مۇدىر تەسلىكتە كۆزىنى ئاچتى. ئۆيىنىڭ ئىچىدە

نۇرسىز قارا چىراق پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى. مۇدىر چىراقنىڭ خىرە يورۇقىدا ئۇزىنىڭ كارىۋاتتا ئەمەس، يەردە، ھېلىقى بۆلۈمىدە ئەمەس، بەلكى كىچىك ۋە تارچۇق دېرىزىسىز بىر ئۆيدە ياتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېنىدا بىرەيلەننىڭ .مىشىلداپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

— كۆزىنى ئاچتى، — دېدى بىر ئەر كىشى.

— رۇستەمكا. . . ، — تونۇش بىر قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— دىلبەرمۇ سەن؟ — مۇدىر بېشىنى كۆتەرمەكچى بولغاندى، پۈتۈن بەدىنى پىچاق سانجىغاندەك ئاغرىپ كەتتى.

— مۇدىر، مېنى. . . مېنى ئادەم بالىسى دېمەڭ، مەن. . .

— ئۇنداق دېمە يىگىت. . . بۇ ئىشقا سىلەر ئەيىبلىك ئەمەس. . . بولدى، تۈزۈم ئاستا ئولتۇراي، يۆلىمەڭلار.

دىلبەر ئاخشامدىن ئاقتاشتىن ئۆيىنى يوقلىغىلى كەلگەنىدى؛ ئۇ رۇستەم مۇدىرنىڭ غولامنىڭ ئىشى توغرۇلۇق قاتتىق باش قاتۇرۇۋاتقانلىقىنى، تۈنى تۈرمىدىن چىقىرىش ئۈچۈن ئاز پۇل ماڭمىغانلىقىنى بىلەتتى. مۇدىرنىڭ ياخشى كۆڭلىدىن دىلى سۆيۈنگەن دىلبەر تېز نېمەتلىك مۇدىرنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك كۈنلەرگە قالغانلىقىنى ئاكىسى دىلشاتتىن ئاڭلىغانىدى. دىلشات تونۇگۈن مەنسۇر بىلەن-مۇدىر ياتقان ئۆيگە كىرگەن يىگىتلەرنىڭ ئىچىدە بار ئىدى. دىلبەر ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر دىلشاتنىڭ ئۇنداق ئەسكى ئىشلارغا ئارىلىشىپ يۈرگەنلىكىگە تاپا - تەنە قىلىشقانىدى. . . بەختكە يارىشا، بۈگۈنكى كىچىلىك پوس دىلشاتقا كەلگەنىدى. ئەل ئايىغى بېسىققاندىن كېيىن، دىلشات ئېھتىيات بىلەن سىڭلىسىنى سولاقخانىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى.

— رۇستەمكا، ئازراق ئاش ئىچىۋېلىڭ. — دىلبەر ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن ئۇگرە ئاشنى قاچىغا ئۇستى - دە. قوشۇقنى ئاۋايلاپ مۇدىرنىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى. لېكىن ئۇ ئاشنى ئاغزىغا ئالالمىدى.

— رەھمەت، بىر ئازدىن كېيىن ئۆزۈم ئىچەي.

— خەپ يالماۋۇزلار! — دېدى قىز. كۆز يېشىنى توختىتالماي، — مۇشۇنچىلامۇ قىينىغان بارمۇ!

رۇستەم مۇدىر شىمىنىڭ يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر پارچە خەتنى ئېلىپ دىلشاتقا سۇندى.

— خەتنى ئۆز قولۇڭ بىلەن رۇقىيەگە ئاپىرىپ بەرگىن ئوغلۇم، لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ ئىشلارنى ھەرگىز ئاشكارىلاپ قويما، مېنى سورىسا، ئاھايىتى ياخشى، خاتىرجەم بولۇڭ، دەپ-

قويساڭ بولىدۇ.

دىلبەر مۇدىرنىڭ جاراھەتلىرىنى ئۆيىدىن ئالغاچ كەلگەن ئىسپىرت بىلەن تازىلىدى. لېكىن مۇدىر جاراھەتلەرنى بېنت بىلەن تاڭغۇزۇشقا ئۇنىمىدى.

— ئۇلار بۇنى كۆرۈپ قالسا. يەنە سىلەرگە چاتاق بولىدۇ. — دېدى ئۇ. دىلبەر ئامالسىز ئۇنىڭغا كۆندى. ئۇ مۇدىرنىڭ قانغا مىلەنگەن كۆڭلىكىنى يەڭگۈشلەۋېتىپ. بېقىندىكى چوڭچەكتەك ئىششىققا كۆزى چۈشۈپ قالدى ۋە شۇ ئان چۆچۈپ كەتتى. مۇدىرنىڭ سىرىق ئېتى يىرتىلىپ كەتكەنىدى.

دىلبەر ئەتىگەندە رۇستەم مۇدىرنى يوقلاپ يەنە كەلگەنىدى. بىراق ئۇ. مۇدىرنى كۆرۈشكە رۇخسەت ئالالمىدى. ئىچى تىت - تىت بولغان ھالدا كوچىدا يالغۇز كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز بىرسىنىڭ:

— دىلبەر! — دەپ چاقىرغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىدى:

— ۋايەي. رىزۋانمۇ سەن؟! — دېدى ئۇ قەدىناس دوستىنى كۆرگەن كۆزلىرىگە ئىشەنمەي.

دىلبەر رىزۋاننى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. رىزۋان ئۆيىدىن كېلىپ، ئەمدىلا ناھىيىگە چۈشۈپ تۇراتتى. كۆرۈشمىگىلى خېلى بولغان بۇ دوستلار كېچىچە مۇڭدىشىپ چىقتى. رىزۋان دىلبەردىن ئاقتاشتىكى ئەھۋاللارنى. ئەنۋەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ بىلگۈسى كېلەتتى. دىلبەر ئاقتاش يېزىسىدا يۈز بېرىۋاتقان غەلىتە ئىشلارنى. ئەنۋەرنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئاخشام رۇستەم مۇدىر بىلەن قانداق كۆرۈشكەنلىكىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى.

## توققۇزىنچى باب

جاڭ يىڭ ئولتۇرغان ئايروپىلان بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن. ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا كېلىپ قوندى. جاڭ يىڭنىڭ قولىدا بېرىزېنتتىن ئىشلەنگەن يەڭگىلگىنە سەپەر سومكىسى بار ئىدى. ئۇ ئايرودرومدىن چىقتى - دە. ھېچنېمىگە قارىماي. يولۇچىلارنى كۈتۈپ تۇرغان ئاپتوبۇسقا قاراپ يۈگۈردى. لېكىن دەرھال ئۇ ئاپتوبۇسقا چىقىش قارارىدىن ياندى. يول ياقىسىدا تۇرغان ماشىنىنىڭ يېنىغا باردى.

— يولداش. مېنى شەھەرگە ئالغاچ كەتسىڭىز.

— قەيەردىن كەلدىڭىز؟ — شوپۇر ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا قارىغاچ سورىدى.

— جەنۇبىي شىنجاڭدىن. ئالدىرايتتىم. ئۇنىنچى يولنىڭ بېكىتىگە يەتكۈزۈپ قويسىڭىزلا بولاتتى.

بەختىكە يارىشا شوپۇرمۇ كاچلىق قىلمىدى ۋە يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

جاڭ يىڭ قالايمىقانچىلىقلار تازا ئەۋجىگە چىققان بۇ شەھەردە بىرەر كۈن تۇرۇپ قېلىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ، مەنسۇرنىڭ كەينىگە ئادەم سېلىپ قويۇشى مۇمكىنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھەرقاچان تۇتۇلۇپ قېلىش ئېھتىمالىنى تولۇق ھېسابقا ئالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئاۋئاتسىيە ئىدارىسىنىڭ يېشىل ئاپتوبۇسىغىمۇ ئولتۇرمىدى. ئەمدى ئۇ تېزلىك بىلەن پويىز ئىستانسىسىغا بېرىۋالسىلا بولاتتى... ئۇ ياش شوپۇرغا رەھمەت ئېيتىپ، ئونىنچى يولنىڭ بېكىتىدە چۈشۈپ قالدى ۋە ھايالسىز كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇردى. ئاپتوبۇس پات - پات توختاپ يەنە ئىلگىرىلەيتتى. جاڭ يىڭ ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇردى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقى پىلاكات، بايراق كۆتەرگەن ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار غەزەپ بىلەن بىر - بىرىگە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، قوللىرىنى شىلتىشاتتى. ماشىنىغا ئورنىتىلغان رادىئو كانايلىرىنىڭ يۇقىرى ئاۋازى قۇلاقنى ياراتتى. ئاپتوبۇس يەنە سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى - دە، تۆت كوچا ئاغزىغا كەلگەندە توختاشقا مەجبۇر بولدى:

— يەنە نېمە بولغاندۇ؟ — جاڭ يىڭ تاقەتسىزلىك بىلەن بويىنىنى ئالدىغا سوزۇپ قاراپ قويدى.

— نېمە بولاتتى. ئەنە ئاۋۇ ئادەملەرنى كۆرمىدىڭىزمۇ! — يېنىدا ئولتۇرغان ئايال ئۇدۇل تەرەپنى كۆرسەتتى. بىر توپ كىشىلەر ئۇدۇلدىكى ئېگىز بىنانىڭ دېرىزىلىرىدىن باشلىرىنى چىقىرىشىپ، قارشى تەرەپتىكى ئۈچ قەۋەتلىك بىناغا قارىتىپ ھەر خىل نەرسىلەرنى ئاتماقتا ئىدى. تاش، خىش پارچىلىرى، ئىچىگە كۆمۈر ئۇۋاقلىرى قاچىلانغان بوتۇلكا ۋە كونسېرۋا قۇتىلىرى كوچىغا مۆلدۈردەك يېغىشقا باشلىدى. ئاپتوبۇس ئىچىدىكىلەر غۇلغۇلا كۆتەردى.

— نېمە ئىش بۇ. كىشىگە ئارام بەرمەيدىكەن - دە بۇلار...

— ئارام دەمسىز. ئامان قالساقلا بولاتتىغۇ!

جاڭ يىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئايالدىن سورىدى:

— ئۈرۈمچىدە ئەلەم كۆرۈشى خېلى ئېغىر ئوخشىمامدۇ؟

— نېمىسىنى دەيسىز. ئاھالىلەرگە ھېچ تىنچ ئۆتكەن كۈن بولمايۋاتىدۇ. ھەي...

— سىز نەدە ئىشلەيسىز؟

— جەنۇبىي پويىز ئىستانسىسىدا. كۆكتات، تۇز ئالغىلى چىقىپ، ئىلاجىنى قىلالماي، قۇرۇق قول ياندىم.

— ئۈرۈمچىدىمۇ [illegible] ئىكەن - دە؟

— بۈگۈن سەككىز كۈن بولدى. گۆش دۇكانلىرى، ھەتتا ئۇن ماگىزىنلىرىمۇ ئېچىلمايۋاتىدۇ. شەھەر دېگەندە مۇلازىمەت ئىشى بىر كۈن توختاپ قالسا، نەچچە مىڭ ئادەم ئاچ قالىدىغان گەپ دەڭا. ئىنقىلاب قىلىمىز دەپ ئۆلۈپ قالمىساقلا بولاتتىغۇ! — ئۇ ئاخىرقى گېپىنى پەس ئاۋازدا ئېيتتى ۋە جاڭ يىڭغا سەپسېلىپ قارىدى، — سىز يىراق جايدىن كەلگەن ئوخشىمامسىز؟

— شۇنداق. جەنۇبىي شىنجاڭدىن، ھازىرلا ئايروپىلاندىن چۈشۈشۈم. ئىچكىرىگە بارماقچى ئىدىم، بىرەر كىشىلىك پويىز بېلىتى ئالغىلى بولارمۇ؟

— ھەي، تەس جۇمۇ، تولىمۇ تەس. ھازىر ئىچكىرىگە بارىمىز، ماۋجۇشىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىمىز، ئىنقىلابىي ئالاقە باغلايمىز، يۈز كىشىلىك، ئىككى يۈز كىشىلىك پويىز بېلىتى لازىم، دېگۈچىلەرنىڭ توللىقىدىن ۋوگزال زالىغا پۇت سىغمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكىرىدە ئەھۋال بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر دېيىشىدۇ. نۆۋەتچى پويىزلارنىڭ كېچىككىنى كېچىككەن. ھەي!

— يولداش، — دېدى جاڭ يىڭ، — بىر ئىلاجى قىلىپ ماڭا ياردەملىشىڭىز. مەن جىددىي بىر ئىش بىلەن يولغا چىققانىدىم.

— بېيجىڭغا بارامسىز؟

— ھەئە.

— ئالاقە باغلاش ئۈچۈنمۇ؟

— ياق. بىر چوڭ ناھەق ئىش ئۈستىدىن ئەرز قىلغىلى. ھازىر بىر قانچە گۇناھسىز سەپداشلىرىم. سولاقتا ئازابلىنىپ يېتىۋاتىدۇ. مەن شۇلارنى ئويلىسام چىداپ تۇرالمايمەن!

ئايال جاڭ يىڭغا ھېسداشلىق نەزەرىدە تىكىلدى.

— نېمە ئىش قىلىسىز؟

— ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن.

— نەدىلا بولمىسۇن بۇ كۈلپەت ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن. ھەي! — ئايال ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتتى. — مېنىڭ يولدىشىممۇ تۆمۈريول پەرزەنتلەر مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. «گېزەندە» دەپ تارتىپ چىقىرىشتى. ئەمدى نەزەربەنت ئاستىدىلا ئۆلگۈشىپ كېتەرمىكىن دەيمەن. — ئايال ئېغىر خورسىندى.

— ناھەق ئىشلار توسۇلسا. يامان ئاقىۋەت پەيدا بولىدۇ. شۇڭلاشقا مەن مەركەزگە. جوۋزۇڭلىغا شىنجاڭدىكى بۇ ئىشلارنى دېگىلى كېتىۋاتىمەن. ئۇ كىشى جەزمەن بۇ ناھەق

ئىشلارنى توسىدۇ.

ئايال خىزمەتچى جاڭ يىڭغا بىر خىل قايىللىق نەزەرى بىلەن تىكىلدى.

— ئۇنداقتا خاسىيەتلىك ئىشقا مىڭىپسىز - دە. ئۇكام. مەنمۇ بىلەت ساتمايمەن. شۇنداقتىمۇ بىر ئىلاجىنى قىلىپ باقاي.

— رەھمەت سىزگە. ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسىڭىز...

ئاپتوبۇس جايىدىن قوزغىلىپ. ھايال ئۆتمەيلا ۋوگزال مەيدانىغا كېلىپ توختىدى. ئۇلار ئاپتوبۇستىن چۈشتى.

— سىز مۇشۇ يەردە بىر ئاز كۈتۈپ تۇرۇڭ ئەمسە. — دېدى ئايال.

— ماقۇل.

جاڭ يىڭ ۋوگزالنىڭ يان ئىشىكىدە تۆپتوغرا يېرىم سائەت كۈتكەندىن كېيىن ھېلىقى ئايال ئۇدۇلدىكى بىر ئىشىكتىن چىقىپ كەلدى - دە، بىر كىشىلىك يۇمشاق ئورۇندۇق بېلىتىنى ئۇنىڭ قولىغا ئۇتقازدى.

— بەختىڭىز بار ئىكەن. بۈگۈن كەچ سائەت ئالتىدە يولغا چىقىسىز.

— رەھمەت سىزگە!

— ئەرزىمەيدۇ. خەير. سەپىرىڭىزگە ئاق يول تىلەيمەن!

جاڭ يىڭ سۆيۈنۈش ئىچىدە سائىتىگە قارىغانىدى. دەل كەچ سائەت بەش بوپتۇ. دېمەك. پويىزنىڭ يولغا چىقىشىغا يەنە بىر سائەت ۋاقىت بار ئىدى. بۇ ۋاقىت قورساق تويغۇزۇۋېلىش ئۈچۈن يېتەتتى. ئۇ تېز - تېز چامداپ ۋوگزال ئاشخانىسى تەرەپكە قاراپ كەتتى.

«ۋۇ...! ۋۇ...!»

پويىز ۋوگزالدىن قوزغىلىپ. ئاستا - ئاستا سۈرئىتىنى تېزلەتتى. قويۇق تۇمان بىلەن قاپلانغان شەھەر ئاستا - ئاستا كۆزدىن غايىپ بولۇشقا باشلىدى. خانىكىرى چوققىسىغا قونغان مەيۈس قۇياش نۇرلىرى ئارىسىدا جاڭ يىڭنى ئۇزىتىپ قالماقتا... پويىزنىڭ رىتىملىق تاقىلداشلىرى. ھەتتا ئۇززۇپ - ئۇززۇپ ھۇكۇرەشلىرى جاڭ يىڭنى چوڭقۇر خىيال دېڭىزىدىن سۇغۇرۇپ چىقالمايتتى. ئۇ ئاشۇ كۆرۈنۈشتە، ئۆز سەپىرىنىڭ شۈبھىسىز غەلىبىلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغاندەك قىلاتتى. پويىز ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە... مانا ئۇ كەچكى شەپەق نۇرىغا بۆلەنگەن يېڭجاڭ باغرىنى كېسىپ ئۆتتى. مانا ئۇ مۇدھىش ۋاۋالىڭ قوينىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ قومۇلنى ياندىپ ئۆتتى. تۇمانلىق ئاسماندا يۇلتۇزلار خىرە پىلىلدايتتى. مانا. پايانسىز قاقاس چۆل... پويىز ھەيۋەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە.

«تاقا - تاق، تاقا - تاق، تاقا - تاق... ۋۇ...!» جاڭ يىڭنىڭ ئۇيقىسى كەلمىدى. ئۇن قويىدا چوقچايغان چوققىلار. يىراق - يىراقلاردىن كۆرۈنگەن ئۆپىلكىلەر. ئاندا - ساندا يالت قىلىپ ئۆتىدىغان ئۇچقۇنلار ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى. جاڭ يىڭ غەربكە قاراپ چېپىپ. ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىپ بولىدىغان قارامتۇل دەرەخلەرنى تاماشا قىلمىدى. مانا تونېللار. پويىز شىددەت بىلەن ھۇكۇرەپ تونېل ئىچىگە كىرگەندە ئۇنى بوغۇلۇپ قالغان ئۆكۈزدەك خىرقىراپ قالاتتى ۋە سۇس تاقىلدايتتى - دە. ئوچۇقچىلىققا چىققاندا ئاۋازىنى زوسلايتتى. بۇ خىل ھادىسە شۇ تەرىقىدە ئۇدا ئون نەچچە قېتىم تەكرارلاندى. يىراق جاڭ يىڭ ئۇلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلمىدى.

جاڭ يىڭ دېرىزىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتىن قىمىرلىمىدى. ئۇ سىرتتىن ھېچنېمىنى كۆرمىسىمۇ. كىرپىكلىرىنى قاقماي تالاغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى كارىۋات تەرەپتىن ئەر كىشىنىڭ گاھىدا پىچىرلاشقان. گاھىدا گۇدۇڭلاشقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ئارچۇقتىن پويىز خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاياغ تاۋۇشىنى ئاڭلىغان ھامان ئاۋازىنى پەسەيتتى. جاڭ يىڭ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە ئاستا قۇلاق سالدى.

— ھەي... بىز تەرەپتە ئەھۋال ئوبدان ئەمەسنا. ماڭا قارا لاۋگاۋ. مەن تۇرغان گوڭشېدا. يېقىندا تولىمۇ پاجىئەلىك بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى: بىر تۇيغۇر دېھقان رۇخسەتسىز ئون بەش كۈن ئېتىزغا چىقماپتىكەن. خەلق ئەسكەرلىرى ئۇنى ئۇتتۇرىغا ئېلىپ بىر كۈن دۇمبالىدى. ئۇ ئەتىسى سولاپ قويۇلغان ئۆيدىلا ئۆلۈپ قالىدى. كېيىن قارىسا. ھەممە سۆڭەكلىرى پەخشە - پەخشە بولۇپ كېتىپتۇ.

— سەن. شۇ يەردىكى بىر پارتىيە ۋەكىلى تۇرۇپ توسمىدىڭمۇ؟

ھەي. ھازىر مېنىڭ گېپىمنى كىم ئاڭلايدۇ؟ كىشىلەر ماڭا ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈشىدۇ. مەن ئۆز دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. ئاستا ئىشخانامغا كىرىپ ئولتۇرۇۋالىمەن.

— ئاڭ يېمەس. سەن ئۇنداق ئىشنى دادىل توسسىڭ بولامدۇ. تۇيغۇرلار ئاق كۆڭۈل. ياخشى ئادەملەر. ئۇلار ئەشۇنداق ناھەق ئۆلۈپ كەتسە قانداق چىداپ تۇرالايسەن!

— ھەي. ھازىر ئۇنداق ئىشلارنى توسۇشنىڭ ۋاقتىمۇ لاۋگاۋ. سەن نېمە بولسەن. مەن نېمە بولىمەن كىم بىلىدۇ؟

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى جىم بولۇشتى.

تاڭ سۈزۈلمەكتە. جاڭ يىڭ ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ كارىۋىتىدىن تۇردى - دە. ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. مانا. سىبىرىق تۈپەيلىدىن ئېكەنلىكىدالا. گۈزەل. شەنشۇيغە نەگىزلىكلىرى.

تاغ باغرىنى ياۋا قومۇش ۋە ئاكاتسىيە قاپلىغان يېشىل تۇپراق، ئالتۇن رەڭ تۇسىگە كىرگەن ئىرەنزارلىقلار. ھەيۋەتلىك خۋاشەن، يۈگەنسىز خۇاڭخې ئېقىمى. سەددىچىن... ئىسقىسى، ھەممە گۈزەللىكلەر مۇجەسسەملەشكەن بۇ ئەزىز ئانا تۇپراقنىڭ ھەر بىر جىلۋىسى جاڭ بېگىنىڭ غەشلىككە تولغان كۆڭلىنى ئاچالمىدى. ئۇنىڭ خىيالى پەقەت شۇ بىرلا سۆزدە:

— شۇنداق، پايتەختكە ھايالسىز بېرىشىم كېرەك. زۇڭلىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشەلىسەم. قانداق ياخشى ئىدى ـ ھە! ئۇ ئانىمىزنىڭ دەريادەك قەلبىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان جەنۇبىي شىنجاڭدا — بۇ قەدىمىي گۈزەل ۋادىدا زۇڭلى ھازىر بىزلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەمدىغاندۇ؟ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ داد ـ پەريادىنى ئاڭلاۋاتامدىغاندۇ؟ دەھشەتلىك ئىرروزلۇقلارنى. زازىدۇگچە قانۇنسىز تۇرمىلەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن بوزغوپ چىقىۋاتقان ساپ قانلارنى كۆرۈۋاتامدىغاندۇ؟... مەن ھەممىنى ئېيتىمەن. شىكايەت قىلىمەن!

جاڭ بېگ دېرىزە تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىچە ئويىغا كەتتى. ئۇ ئاجايىپ لەززەتلىك بىر چۈش كۆردىكى: جاڭ بېگ ئېلېكتر نۇرلىرى چاراقلاپ كۆلگەن پايتەخت ۋوگزالىدا پويىزدىن چۈشتى. سەلتەنەتلىك ۋوگزالنىڭ قابنام ـ تاشقىلىقتا چۈمگەن كەڭرى مەيدان تۇنگىغا ئىللىق قۇچىقىنى ئاچتى. جاڭ بېگ «شاگـ ـخەي» ماركىلىق ئاق پىكاپقا ئولتۇرۇپ. كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقىچە «جۇڭنەنخەي» ئاغزىدىكى يەر ئاستى پويىز يولى ئىشىكىدە ئۆزىنى كۆردى. ئۇ پەلەمپەيلىك كارىدوردىن تۆۋەنگە چۈشتى ـ دە. ھەش ـ پەش دېگۈچە يۇمشاق ئورۇندۇقلۇق چىرايلىق پويىزغا ئولتۇردى ۋە ھايالسىز بىر بىكەتتىن چۈشۈپ ئاندىن يەنە بىر ئىشىك بىلەن يۇقىرىغا چىقتى. جاڭ بېگ ئۆزىنىڭ «جيەنمىن»گە كېلىپ قالغانلىقىنى شۇندىلا بىلدى. ئۇدۇلدا سەلتەنەتلىك تيەنئەنمېن بىناسى پارلاپ تۇراتتى. قۇياش مەيدانغا نۇر تۆكمەكتە... جاڭ بېگنىڭ قەلبى ھاياجان ئىلكىدە دولقۇنلىناتتى. ئۇ قەھرىمانلار خاتىرە مۇنارىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ. خەلق يىغىن زالىنىڭ ئالدىدىكى ئارچا ـ قارىغايلىق يول بىلەن ماڭدى. ئۇ بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن ئوڭ قول تەرىپىدە ھەشەمەتلىك گوۋۇيۈەن بىناسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئالتۇن ھەل بېرىلگەن سىرلىق ھالقىلىق چوڭ دەرۋازا قىيا ئوچۇق تۇراتتى...

ئەنە. جاڭ بېگ ئوت كۆز بىلەن كۆرۈشكە تەشنا بولغان يېقىملىق ئوبراز. ئەنە ئۇ ئۇدۇلدا باھاردەك ئىللىق چىرايى بىلەن جاڭ بېگكە قاراپ قىزغىن قول ئىشارىسى قىلماقتا. «مېنى كىرگۈزۈۋېتىڭلار ساقچىلار. مېنى زۇڭلى چاقىرىۋاتىدۇ... ئەنە ۋارقىراۋاتىدۇ، ئاھ، قۇچىقىدىن زۇڭلى!...» جاڭ بېگ ئۆزىنى زۇڭلىنىڭ قۇچىقىغا تاشلىدى. ئۇ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ ھېچ توختىيالمايتتى...

«زۇڭلى، زۇڭلى... سىز بىلەمسىز... مەن شىنجاڭدىكى...»

پويىزنىڭ ئەنسىز چىقىرىشى ۋە ۋاگوننىڭ قاتتىق سىلكىنىشى جاڭ بېگنى چۈشىدىن چۆچۈتۈپ ئويغاتتى. ئالدىنقى ۋاگونلاردىن دەھشەتلىك پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە قۇلاقنى يارغىدەك قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلدى.

— قېچىڭلار!... تالاغا... تالاغا قېچىڭلار!... ئۆزەڭلارنى قۇتقۇزۇڭلار!... يولداشلار...!

جاڭ بېگ ئويقۇلۇق كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا قارىدى. ۋاگون قىيشايغان. ئەينەكلەر چېقىلغان. يولۇچىلار ئۆزلىرىنى سىرتقا تاشلىماقتا. باللار ۋە ئاياللار چىرقىراشماقتا. ئادەملەر خۇددى غار ئىچىگە سولانغان ياۋايى قۇشلاردەك ئۆزلىرىنى ھەر يانغا ئۇرۇشماقتا... كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە يۈز بەرگەن بۇ ھادىسىدىن جاڭ بېگنىڭ مېڭىسى چاراسلاپ كەتتى. ئۇ بىر پەس مەڭدەپ تۇرغاندىن كېيىن. ئىشىككە قاراپ ئېتىلدى...

رېلىستىن چىقىپ كەتكەن ۋاگونلار بەختكە يارىشا قىيشىيىپ توختاپ قالغانىدى. بىراق. ئالاقزادە بولغان ئادەملەر داۋاملىق ئىشىك تەرەپكە قىستالماقتا. ياشلار دېرىزىلەردىن سەكرىمەكتە. كىملەردۇر كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئاچچىق ۋاي سالماقتا: بوۋاقلار بوغۇلۇپ ئىگرىماقتا ۋە تولارنىڭ ئۈنى ئۆچمەكتە. ئاياللار نالە ـ پەرياد كۆتۈرمەكتە. تولارنىڭ ئىچىدىن قايسىدۇ بىرەيلەننىڭ ئاغزى بىسسىلماي ئىمىندۇر شىددەت بىلەن قاغىماقتا...

جاڭ بېگ كەلكۈن سۇدەك تۈرۈلگەن ئادەملەر ئارىسىدا مىجىقى چىقىپ كەتكىدەك قىسىلدى ـ دە. غايەت زور بىر تەلۋە كۈچنىڭ زەربىسىدىن ئىتتىرىلىپ. ۋاگون ئىشىكى ئالدىغا كېلىپلا يىقىلدى. ئۇ سانسىزلىغان ئاياغلارنىڭ ئاستىدا چەيلىنىشكە باشلىدى.

ـ خۇداغا شۈكرى. ھەر ھالدا بۇ يەردە ئىنسابلىق. ۋاپادار ئادەملەرمۇ بار ئىكەن. ۋەقە تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي. نەدىندۇر بىر نەچچە كىرىست بەلگىلىك قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرى نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. يۈزلىگەن جەسەتلەر جىددىي بىر تەرەپ قىلىندى. ئەزرائىلدىن ئەزىز جانلىرىنى ئالالىشىۋاتقانلار. ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا ھوشسىز ياتقانلار ـ ماشىنىلارغا قاچىلىنىپ. يېقىن يەردىكى دوختۇرخانىغا يۆتكەپ كېتىلدى. مانا بۇ كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ھېلىلا كۆرگەن شېرىن چۈشلىرىدىن ئەلئۆكۈس ئادا ـ جۇدا بولغان جاڭ بېگمۇ بار ئىدى.

## ئونىنچى باب

ئەتراپ ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەن. ئەزالار قاق سەھەردىلا گۈزگۈشىنىڭ ئوچۇق قورروسىغا توپلىنىشقا باشلىدى. ساقال - بۇرۇتلىرنى قىرو باسقان بوۋايلار، ئاپئاق قىلىن رومالار بىلەن باش كۆزنى چۈمكىۋالغان مومايلارمۇ دوڭغاسلاپ كېلىشكە باشلىدى.

بىر پەستىن كېيىن ئۈستىگە تۈزۈن تېرە جۇۋا. بېشىغا تۈلكە تۇماق ۋە پۇتىغا چورۇق كىيگەن ئات باقار تۇت دانە تۈگىنى يېتىلەپ قوراغا كىرىپ كەلدى.

— قاسىم، بۇ ياققا يېتىلە، بۇياققا!

ئات باقار تۈگىلەرنى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىتىپ. چوكلاندۇرۇشقا باشلىدى. ھەم بىر تۈگىگە ئىككىدىن يوغان قىل تاغار ئارتىلغانىدى. بۇرۇندىن قاتتىق ئارتىلغان تۈگىلەر قىلىن قارغا چۆكۈشكە نارازى بولۇشقىنىدەك. ئات باقارغا قاراپ غەزەب بىلەن «باق... !» دەپ ئاغزىغا تولدۇرۇۋالغان سېرىق يىنىنى ئۇنىڭ باش - كۆزىگە چىچىۋەتتى.

— چۈك! ھۇ گۈشىنى ئىت يىگۈر! — قاسىم جىلە بولغىنىدىن ئالدىدىكى تۈگىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى قاتتىق سىلكىپ. تارتتى. «بۇ... ف!» تۈگىنىڭ ئاچچىق نالىسى مەيدان ئىچىنى بىر ئالدى، ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىققان يىن بىلەن بىر پارچە ھور تېزلا ھاۋاغا سىڭىپ كەتتى.

— باقاي، ئۇ نىمە؟ — ئامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان بىرەيلەن يېنىدىكى بىر يىگىتتىن سورىدى.

— تاغارلاردىكىنى دەمسەن؟ سەھەردىلا قاسىمكام مەكتەپنىڭ ئىچىدە پەيدا بولۇپ قاپتىكەن. كىتابقۇ دەيمەن.

— ياقەي، شۇنچىلا كىتابنى نىمە قىلىدۇ. باشقا نەرسىدۇ.

— ئىش قىلىپ بۈگۈنكى مەجلىسكە ئائىت بىر نىمىغۇ!

— راست، باشقا نەرسە بولسا. كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا چۇشۇرمەستى.

بۈگۈنكى يىغىن «بۇرژۇئازىيە مەدەنىيىتى ۋە شىۋجىبگجۇيىلىق مانارىپ لۇشيەنىنى پىپەن قىلىش» چوڭ يىغىنى ئىدى. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئىنقىلابچىلار ئۈيمۇ - ئۆي ئاختۇرۇپ يۈرۈپ «تۆت كونا»غا ئائىت بولغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قويماي يىغىپ يۈرەتتى. كىتابلار ئىچىدە تۈرلۈك پەننىي كىتابلار ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر. شۇنداقلا، بەزىلەر ئەتىۋالاپ ساقلاپ كېلىۋاتقان «ماناس». «ئالىمانبەت»، «قۇرمانبەك» قاتارلىق تارىخىي كىلاسسىك داستانلار، قول يازمىلار بار ئىدى. مانا ھازىر تۈگىلەر بىلەن ئېلىپ كېلىنگىنىمۇ گۈزگۈشىي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئالدىنالا پىچەت سېلىنغان كىچىككىنە كۇتۇپخانىسىدىكى ئۈچ مىڭ پارچىغا يېقىن تۈرلۈك كىتاب ۋە ھەر خىل دەرسلىك كىتابلىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

بىر پەستىن كېيىن ئۈچ - تۆت يىگىت بۇلۇڭدىكى ئامبارىدىن يەنە بىر نەچچە تاغار، خورجۇنلارنى سۆرەپ كېلىپ. ھېلىقى تاغارلارنىڭ يېنىغا تاشلىدى.

— دىققەت! — دەپ سۆز باشلىدى جەڭگىۋار ئەترەتنىڭ باشلىقى تاغارلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپ. — بۈگۈن كەڭ كەمبەغەل دېھقان. تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار. ئامرات چارۋىچىلار ۋە كەڭ ئىنقىلابىي ئامما پرولېتارىياتچە ھېسسياتى بىلەن. شىۋجىبگجۇيىلىق لۇشيەنگە بولغان چەكسىز غەزەب - نەپرىتىنى ئۇزغىتىپ. گۈزگۈشىمىزنىڭ مەدەنىيەت. مانارىپ ساھەسىدىكى شىۋجىبگجۇيىلىق لۇشيەنىنىڭ زەھەرلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تازىلاش ئالدىدا تۇرىمىز. مانا بۇ بىر دۆۋە كىتابلار. — ئۇ ئايىغى ئاستىدىكى تاغارلارنى پۇتى بىلەن تېپىپ قويدى - دە. — بىزنىڭ ياش ئەۋلادلىرىمىزنى ۋە ئىنقىلابىي ئاممىنى ئىدىيە جەھەتتىن ئىرىچىل چىرىتىپ كېلىۋاتقان زەھەرلىك مىكروبلار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قانچە كۈن ئۆي ئاقتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ. گۈزگۈشىمىزدىكى تۆت خىل ئۇنسۇرلار. ئوڭچىلار ۋە كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ساقلىغان بىر مۇنچە زەھەرلىك نەرسىلىرىنى تېپىپ چىقتۇق. بۈگۈن بىز مۇشۇ مەيداندىلا بۇ نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورۇيمىز! — ئۇ تاغارنىڭ ئۈستىدىن پەسكە چۈشتى ۋە يېنىدىكى بىر نەچچەيلەنگە تاغاردىكى نەرسىلەرنى تۆكۈشكە بۇيرىدى. ئاۋۋال كىتابلار تۆكۈلدى. ئاندىن خورجۇنلارنىڭ ئاغزى ئېچىلدى.

ئەنە. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تۈرلۈك زىبۇ - زىننەتلەر. كاستيۇم. بورۇلكا. دىراپ پەلتو. كىمخاپ چاپان. قاسقان شەپكە. ياپاق كەپكىلەر. گىجىم روماللار. ئاندا - ساندا ئېگىز پاشنىلىق ئاياللارچە ئاياغلار. ئەترە ۋە يۈز مايلىرى ھەمدە قىرغىزلارنىڭ كېلىن - قىزلىرى كەشتىلەپ چىققان قارا مەخمەل. قىزىل دۇخاۋىلاردىن ئىشلەنگەن توشلۇق. ئاي ئاپاق. چاچنەڭگە. كۈمۈش قاداق. بىلەيزۈك. ئۈزۈك. سىرغىلار. كۈمۈش بىلەن نەقىشلەنگەن ئىگەر - جابدۇقلار... بۇ نەرسىلەر مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قارلىرى كۆرەپ تاشلانغان يەرگە دۆۋىلەندى. «ئىنقىلابچىلار» بىر قانچە چېلەك كىرسىن كەلتۈردى - دە. ئۇنىڭغا چېچىپ. بىر تال سەرەڭگە بىلەن ئوت يېقىۋەتتى. ياۋاش. ساددا تاغ خەلقى ئۆمرىدە كۆرمىگەن بۇ غەلىتە ئىشلارغا قاراپ. ھەيران

بولۇشماقتا.

بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا ئەتراپنى قاپقارا ئىس ـ تۈتەك قاپلىدى. قوللىرىغا تۈزۈن تۆمۈر ئاربىلارنى تۇتۇۋالغان بىر ئەججەبلەن. ئىس ـ تۈتەكلەر ئارىسىدا، كۆيۈۋاتقان ئەرسلەرنى ماتىلاپ يۈرەتتى.

شۇ چاغدا ئەدىنىدىن ئەنۋەر يېتىپ كەلدى. ئۇ كۆيۈۋاتقان ئەرسلەرگە قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— بۇ نېمە ئىش؟! بىز ئەمدى ئوقۇغۇچىلارغا نېمە ئوقۇتىمىز؟

جەڭگىۋار ئەزرەت باشلىقى تۇنىڭغا قاراپ تەنە ئارىلاش ھجايدى.

— ھىم. سەن تېخى باللارغا نېمە ئوقۇتۇشنىڭ غەم قىلىپ يۈرۈپسەن ـ دە ئەنۋەر ئەپەندى. سلەرنىڭ ئىز باسارلارنى ئون يەتتە يىلدىن بۇيان زەھەرلىگىنىڭلارمۇ يەتەر ئەمدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئۆگىنىدىغان ئەڭ مۇھىم دەرسلىكى لاۋسەنيەن!

٢

كەچنىڭ ئىزغىرىن شاملى ھۇشقىتىپ ئۇچماقتا. ئەنۋەر مەكتەپكە يالغۇز قايتتى. ئۇ مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئۇ ئارشىدەك قېتىپ قالغان قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ كۆزۈپە قۇلاقچىسىنى چۈشۈرۈپ، ئىشىكىدىن باغلىۋالدى ۋە چېپەرقۇت پالشوپكىسىنىڭ ياقىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويدى. يوللار قار بىلەن كۆمۈلگەن. نە قىر. نە ئازگال. نە ئېرىق. ھېچقايسىسى بىلىنمەيتتى.

ئەنۋەر ياتاققا كېلىپ مەشكە ئوت ياقتى. قوساقلىق قوڭالتىر مەشنىڭ ئىچىگە لىق تولدۇرۇلغان قورۇق ئارچا ئوتۇنلىرى بىر دەمدىلا چاراسلاپ كۆيۈپ، ئۆينى ئىسسىتىشقا باشلىدى. ئەنۋەر ياغاچ كارىۋىتىغا ياماشلىدى. ئۇ ھازىر ئەنھالىقنى ۋە جىمجىتلىقنى خالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ رىزۋاننى ئەسلىدى. رىزۋان بۇندىن بەش ئاي ئىلگىرى ئاھىيلىك بىرىنچى سەپ قوماندانلىق شتابىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بىلەن ئاقتاش يېزىسىغا ئەڭ يىراق بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە يۆتكۈۋېتىلگەنىدى. بۇنىڭ مەنسۇرنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئەمما شۇنداق كۈنلەردە ئۇلار بۇ ئىشقا نېمىمۇ دېيەلەيتتى؟

بىر چاغدا تالادىن قارنى غىچىلدىتىپ دەسسەپ كېلىۋاتقان بىر قانچە كىشىنىڭ ئاياغ ئاۋۇشى ئاڭلاندى.

— ھوي. چىرىقى ئۆچمەپتۇ. كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولدى. دە! ئەنۋەر يېتىۋالدىڭمۇ؟ — بۇ تۇرالىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئىرقىدىلا ئىشىك ئېچىلدى ۋە قېلىن كېيىنگەن ئۈت نەپەر يىگىت ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— ئۇخلىماپسەن ـ دە تېخى؟

— ھە، سلەرمىدىڭلار. كېلىڭلار، كېلىڭلار. — ئەنۋەر كارىۋاتتىن ئىتتىك قوزغىلىپ، يىگىتلەرگە ئورۇن كۆرسەتتى، — بۇ كېچىدە زىمىستاننىڭ قايسى شۇۋرغىنى ئۇچۇرۇپ كەلدى سلەرنى؟

— ئۇززۇن تۈنىدە سېنى زېرىككەنسەن دېدۇق. ئازراق ئولتۇرۇپ ئەمەكلىشىمىز.

— ھوي، ئوتمۇ ياقماپسەن ـ دە تېخى؟

— ھېلىراقتا ئۇچتى. ئوتۇن سالىمەن. ھازىرلا ئىسسىپ كەتسە، قورسىقىڭلار قانداق؟

— ئاۋارە بولما. ئۈزىمىز ياقىمىز. ئوتۇننى ئەكەل، — دېدى ئۆمۈرقۇل. تۇرالى مەشنىڭ ئۈستۈنكى قاپقىقىنى ئاچتى:

— ماۋۇ ئاغزىدىن سال، پاتمايدۇ دەيمەن! ھە. بولدى ئەمدى.

بىر پەستىلا ئوتۇن چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى.

— ھازىرلا ئىرىسبەكنىڭكىدىن كېلىشىمىز. بۇغالتىر دوستىمىزغا گۆش سالدۇرۇپ يېدۇق. ئاماق ۋاقتىدا سېنى ئەسلەپ قالدۇقتە. تويتوغرىلا ئالدىڭغا كەلدۇق. — تۇرالى يانچۇقىدىن گېزىتكە يۆگەلگەن بىر بولاق پىششىق گۆشنى ئېلىپ ئەنۋەرگە ئۇزاتتى. — ئىسسىقىدا ئېغىز تەككىن.

— ئاۋارە بولۇپسلەرغۇ. رەھمەت. — ئەنۋەر قولىنى يۇيۇپ شىرەنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە گۆشنى قەلەمتىراش بىلەن كېسىپ ئۇزۇنسىز يېيىشكە كىرىشتى.

— مانا دېمىدىممۇ. بۇگۈن ئاچ قورساق تورۇس ساناپ ياتماقچىكەنسەندە. ھېلىمۇ ياخشى. بىز. . . . — تۇرالىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى.

— سەي ـ پىيىڭ يوقمۇ؟ ئىرسقۇل قاراپ تۇرما. بىر نەرسە قورۇغىن. بول!

كۆزلىرىدىن شوخلۇق چاقناپ تۇرغان ئىرسبەك تۇرالىغا قاراپ چاقچاق قىلدى:

— مەن سلەرنىڭ خوتۇنۇڭلارمۇ؟ بىر قازان گۆش پىشۇرۇپ بەردىم. ئەمدى سەي قورۇيمەنمۇ تېخى!

— سېنىڭ قولۇڭ ئەپچىلرەك ئەمەسمۇ. مەن بىلسەم سېنى زورلايتتىمۇ باتۇر.

ئەنۋەر ئورنىدىن تۇرۇپ دەرھال يىگىتنى شمايلىدى:

— ئولتۇرۇڭلار. مەن ھازىرلاي.

— ياق. سەن نېرى تۇر ئەنۋەر. تۈزەمگە بەر، — ئىرسبەك كۆزلۈپ قويۇپ ئۇنىڭ قولىدىن قىگغىراقنى ئالدى.

— بويتاقچىلىق دوستلار. قولمىزدىن كېلىشچە بىر نېمە

قىلمىز. — دېدى تۇرالى يانچۇقىدىن ئىككى بوتۇلكا ئاق ھاراقنى چىقىرىپ، — بىردەم پاراڭلىشىپ ئۇلپەتلىشىمىز. تولۇمدىن باشقىسى تاماشا، قانداق دېدىم ئەنۋەر؟ قېنى سەي پىشقىچە بىردىن ئايلاندۇرامدۇق. — تۇرالى بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى چىشى بىلەنلا ئاچتى ۋە پىيالىغا ئازراق قويۇپ. سالامەتلىكىڭلار ئۈچۈن! — دېدى. ئاۋۋال ئۆزى كۆتۈرۈۋەتتى. ئارقىدىنلا ئىككىمىز بولۇق. بەستلىك يىگىتكە سۇندى. ئۇ ئولتۇرغانلار ئىچىدە ياش جەھەتتىن خېلى چوڭ ئىدى.

— خوش كەتتى ئەمسە. تۇرسۇنباي ئاكا. ئۈنچىقمايسىغۇ. بەگگەمدىن بۇ كېچىدە خاتىرجەم بولالمايۋاتامسەن نېمە؟ ئۇ غورىلاي قاپىقىڭنى خۇدا ئالاتتىمۇ. ھى. ھى. ھى... ئىچە!

تۇرسۇنباي كۈلۈپ قويدى ۋە پىيالىنى كۆتۈرۈپ ھاراقنى «غورت!» قىلىپ يۇتۇۋەتتى.

— نېمە؟ چىرايلىقنى چىرايلىق دېمەيمىز. سۆيگەننى چىرايلىق دەيمىز. تۇرالى توقتۇڭمۇ؟ بەگگەم ساڭا غورىلاي قاپاق كۆرۈنگەنتى بىلەن. تۇرسۇنباي ئاكامغا ئايچۈرەك. بىلەمسەن ئايچۈرەك.

— ئىرسبەك راست دەيدۇ. ھا. ھا. ھا...!

يىگىرمە ئالتە - يىگىرمە يەتتە ياشلاردىكى تۇرسۇنباي يىگىتلەرگە قوشۇلۇپ كۈلۈپ قويدى. لېكىن گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ مەيكول باسقان ئاق سېرىق چىرايى پەنەرنىڭ يورۇقىدا قىزغۇچ سېرىق كۆرۈنەتتى. تۇرسۇنباي بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ يايلاقچىلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان بولۇپ. ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە بىر يىل قالغاندا. بەختكە قارشى دادىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ. كېسەلمەن ئاپىسى ۋە نامرات ئائىلىسىنىڭ رايىغا بېقىپ. ئوقۇشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغانىدى. كېيىنكى يىلى تۇرۇق-تۇغقانلىرى تۇرسۇنباينى ئەربىيسىز بىر يېتىم تاغ قىزىغا ئۆيلەپ قويدى. دېمىسىمۇ قاتاردىكى ساناغلىق كىشىلەر بىلەن قودىلىشىشقا تۇرسۇنباينىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ كەينى - كەينىدىن ئۈچ بالىغا ئاتا بولۇپ قالدى. ئۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن. بولۇپمۇ ئەنۋەر بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتەتتى. ئۇ ئىغىر ئەمگەكتىن ھېرىقىپ، يۈنى. قولنى ئالالمىغان كۈنلىرىمۇ. بىرەر قېتىم ئەنۋەرنىڭ ياتىقىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىشنى ئۇنتۇمايتتى. كۆپ ھاللاردا ئەنۋەرنى ئۆيىگە باشلاپ بارالمىغىنىغا خىجىل بولۇپ ئۆزرە ئېيتاتتى. «ئۇكام. ئۆيگە باشلاي دېسەم، ئىززەڭ بىلسەن. ئۆيۈمگە چاشقان كىرسە ياماناپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جوتوتۇمنىڭ سالاسى يوق بىر نېمە. سېنى ئارتىپ قالارمىكىن دەيمەن. يەنە-ئېچى بەغەرەز باللارنىڭ قىقاس - چۇقان سېلىپ يىغلاشلىرى قۇلاق - مېڭەڭنى يەيدۇ. ھەي.... نېمىنى دەيسەن. ئىلاجسىز بىر تۇرمۇش...»

تۇرالى ئاغزى بىسىلمايى سۆزلەپ تۇرىدىغان يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئاپتومات ئوقىدەك ئۈزۈلمەي چىقىدىغان يۇمۇرلۇق گەپلىرى ھەر قانداق سورۇنلاردا كۈلكە قوزغايتتى. تۇرالى يەنە تۇرسۇنبايغا ئىگىشكىلى تۇردى:

— بەگگىمىز ئالامەت ئاپالدە. ئىككىڭلار قانداق تېپىشقانىڭلار تۇرسۇنباي ئاكا؟ ئۇنى ساڭا قاتتىق كۆيۈپ يۈرۈپ تەگدىمىكىن دەيمەن. سىلەرنىڭ تويۇڭلار بولغان يىلى مەن ئون سەككىز ياشتا ئىدىم. «قىز ئويناش»قا قاتنىشىپ قالدىم. يادىڭلاردىمۇ «يار كۆرۈشۈش»نى ئويناۋاتقاندا بەگگەم دەسلەپتە ئالدىڭغا كېلىپ پەنەيدەك قاراپ تۇردى. زىلەي بەگگىمۇ دەيمەن ئۇنىڭغا ئىما قىلسىمۇ مۆرىمەي قاراپ تۇرماسمۇ! ھوي قانداق نېمىسەن؟ خۇدا ئاتقىر. تۇرۇۋېرەمسەن؟! دېدى - دە يوتىسىنى ئامبۇردەك قىسىپ راسا بىر چىمدىۋىدى. سالى يەڭگە بۆرىدەك بىر سەكرەپلا. سېنى قۇچاقلىۋالماسمۇ. ھا. ھا. ھا...!

— بولدى قوي. تۇرسۇنباي ئاكامنى خىجىل قىلما.

— ھى. ھى. ھى... تۇۋا. قىرغىز قىزىنىڭ توندىق دىتى يوقلىرىنى كۆرگەن ئەمەسمەن!

— ئالدىرىما تۇرالى. — دېدى تۇرسۇنباي كۈلكىسىدىن ئۆزىنى توختىتىپ. — ساڭا قانداقراق بىرسى نېسىپ بولىدۇ كۆرەرمىز.

— خۇدا بىلىدۇ. سېنىڭ لايىقىڭ ئاغزىڭ قېنى دېسە. يۈزىنى كۆرسىتەرمىكىن تېخى؟

— شۇنداق. شۇنداق. كىم بىلىدۇ دەيسەن. ھە. بۇنى قولۇڭغا ئال. قولىدا ياغلىق تۇقىچى بار يىگىت. يارىڭنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن كۆتەر! ھە. راست بۈگۈن كەچتە ۋەدىلەشكەن ئەمەسمىدىڭلار. ئىرسبەك! سېنى ساقلاۋېرىپ سامانلىقتا توڭلاپ قالمىسۇن يەنە. ھى. ھى. ھى.... — تۇرالى پىيالىنى ئىرسبەككە سۇندى.

— بولدى. چاقچىقىڭنى قوي تۇرالى. ھازىر چاقچاقلىشىپ ئولتۇرىدىغان زامانمۇ. — ئىرسبەك پىيالىنى سىڭايان قىلىپ قاراپ قويدى - دە. شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى. — كۆڭۈلدىكى دوستلار بۇ يەرگە يىغىلىپ قالدۇق. بىر ئىشقا ئەقلىم يەتمەيدۇ. ئېيتىڭلارچۇ؟ زادى بۈگۈنكىدەك ئىشنى نەدە قاچان كۆرگەن ئىدىڭلار؟ مەنىڭ چالا ساۋات بىر نېمە. ئەنۋەر. سەن ئوقۇغان يىگىتسەن. دەپ باققىنا «مۇشۇنداقمۇ ئىنقىلاب» قىلىدىغان ئىش

بولامدۇ؟

ئەنۋەر مەشكە ئوتون سېلىۋېتىپ دېدى:

— بۇنى ئىنقىلاب دېگەندىن كۆرە، بالايى ـ ئاپەت، ئىچكى يېغىلىق دېيىش كېرەك. بۇ ھەرىكەت بىر باشلىنىۋىدى، ھەممە نەرسە ئىزىدىن چىقىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ كاللىسى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. يامان ئادەملەر تېرىسگە پاتماي قالدى. سىلەر ھازىر ئاتارمەن ـ چاپارمەنلەر تىنماي توۋلاپ يۈرگەن «قىيما ـ چېيما قىلىنىشتىن قورقمىغان. خائىنى ئاتىسىن چۇشۇرەلەيدۇ» دېگەن شىئارغا دىققەت قىلىۋاتامسىلەر؟ ئۇنىڭ قانداق يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىۋاتامسىلەر؟ ئويلاپ بېقىڭلار. لىۋ شاۋچىنى نېمشقا «ئاتتىن» چۇشۇردى، دېڭ شاۋپىڭنى نېمە ئۈچۈن «ئاتتىن» چۇشۇردى؟ باشـقىلارنى نېمشقا «ئاتتىن» چۇشۇرمەكچى بولۇۋاتىدۇ؟ باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى. گۇڭشىبىمىزدىكى ھاپىز شۇجى، خالىق شىجاڭ، مەكتىپىمىزدىكى رۇستەم مۇدىرنۇ «ئات»تىن چۇشۇرۇشكە تېگىشلىك كىشىلەرمۇ؟ مەن دەل مۇشۇ شۇئار ھەققىدە، بىر چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىپ، گۇڭشى قورۇسىغا چاپلايمىكىن، دەيمەن. سىلەرچە قانداق قىلسام بولار؟

تۇرسۇنباي بىلەن نۇرالى ھەيران بولۇپ تەڭلا ئەنۋەرگە قارىدى:

— بۇ نېمە دېگىنىڭ. قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈڭنى بالاغا تىقماقچىمۇ؟

— بۇ مېنىڭ تەلۋىلىكىمدىن ئەمەس يۇرادەرلەر. بۇ شۇئارنى ماۋجۇشى ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆزى خالىغىنىچە پايدىلىنىۋاتىدۇ. ھەتتا بەزىلەر ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئاممىنىڭ ماۋجۇشىغا بولغان ھۆرمىتى. ئىشەنچىسىدىن پايدىلىنىپ. دەل ئاشۇ شۇئارنى دەسمايە قىلىۋاتامدۇ؟ ئېھتىمال مەن يازغان چوڭ خەتلىك گېزىت، بەزى ئادەملەرنى ئويغىتىپ تولارنى يامان يولدىن يېنىشقا دەۋەت قىلار.

— ئۇ دېگىنىڭغۇ راست. — دېدى تۇرسۇنباي تەخسىدىكى سەيدىن بىر تال ئاغزىغا سېلىپ. — لېكىن. ھەر ھالدا «كېكىشىپ كەسكەن قول ئاغرىماس» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ يازساڭمۇ يازغىن. بىراق ئۇنى چاپلاشقا كەلگەندە بار مەسلىھەت بىر ئىش قىلارمىز. تۇكا.

— گەپ بولدى ـ دە! يېزىپ قويۇپ چاپلىمىغانىنىڭ نېمە مەنىسى بار؟ ئەنۋەر يازسۇن. ھەممىمىز ئىمزا قويىمىز. ئەنۋەرنى بالاغا قويۇپ بىر چەتتە قاراپ تۇرامتۇق!

— ھەر ھالدا، قارامىلىق قىلىشقا بولماس، ئىشىلىرىم، بىز تاغ

خەلقى ياۋاش كېلىمىز. بىر سىقىپ قويسا مىجىقىمىز چىقىپ كېتىدۇ. تونىڭ ئۇستىگە بىز ئاز خەق. بىزگە ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بېرىدىغانلار. ئىشىنىڭ توغرا ـ خاتاسىغا لىللا باھا بېرىدىغانلار جىق ئەمەس. ئالقانچىلىك تاغدىكى ئالتە تۈك ـ توكنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلەر دەيسىلەر. تونىڭ ئۇستىگە ھازىر، ۋەزىيەتنىڭ نەگە بېرىپ نەدە توختايدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

— شۇ ياۋاش خەلقنى ئويغىتىش كېرەك. ئويغىتىش! سەنزە قورقۇنچاق ئۆي خوتۇنى بولابىلا دەپ قاپسەن تۇرسۇنباي ئاكا. نېمىدىن قورقىسەن شۇنچە؟

— تۇرسۇنباي ئاكا. سەن بولساڭ باشقا چوڭ. بىلىم دېسە بار. سەن بىزنى باشلىمامسەن. مە ماۋۇنى ئىچكىنە يۈرىكىڭنى توختىتىپ. — نۇرالى قولىدىكى پىيالىنى تۇرسۇنبايغا ئۇزاتتى.

— مەيلى ئەمىسە. ھەممىڭلار شۇنداق پىكرگە كەلگەن بولساڭلار مەن نېمە دەيتتىم. مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. خوش قېنى ئىچەيلى!

— ئۆزگە! ئاق كۆتەردىڭمۇ؟ پىيالىنى دۈم قىلە. ھۆ. يارايسەن قېرى يىگىت.

— قېنى قويمامسەن هارىقىڭنى.

— يەيدىن ئالغاچ ئولتۇرۇڭلار. سەيدىن.

— ئەمدى ئىرلايمىز.

نۇرالى باشلاپ كەتتى:

ئاق پالتىنى قولغا ئېلىپ،
ئاق قارىغاي قىيـمەن.
ئەنۋەر ئاتلىق دوستۇمغا،
ئاتايلاپ چىنە سۇنـمەن.

— بولدى قوي. ئۇنى خىجىل قىلما. ئىچمىگەندىكىن زورلىمايلى.

— ئىچمىسە مەيلى. پىيالىنى قولغا ئېلىپ ئۆزەمگە قايتۇرسىلا بولىدىغۇ!

— قولۇمغا ئالىمەن. لېۋىمنىمۇ تەككۈزۈپ بېرىمەن. بىراق ئىچەلمەيمەن. — ئەنۋەر پىيالىنى لېۋىگە تەككۈزۈپ بولۇپ، ئىككى قوللاپ ئىرىسبەككە ياندۇرۇپ بەردى.

— ھە. بولدى. رەھمەت ساڭا. خوش ئەمىسە. دوستىمىزنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن!

— خوش! . . .

يىگىتلەر تۈن يېرىمىغىچە ئولتۇرۇشتى. ئىچكەنلىرى خېلىلا قىزىپ قالدى. ئۇمۇرقۇلنىڭ قومۇزىنى چىڭشاشتى. ئەنۋەرنىمۇ ئۇنىمىغا قارىماي بىر نەچچە ناخشا ئېيتقۇزدى. سېيىۋمەن ـ نۇرالى تەڭشىلىپ قالغاندا. ئۆزىنىڭ توي قىلماقچى

بولغان قىزى توغرىلىق سۆزلەپ بەردى. ياۋاش تۆمۈرقۇلنىڭ كېلىنچەكلەر ئالدىدىكى بىر قىممەتلىك تارتىنچاقلىقى ھەققىدە بىر ھازاغىچە كۈلۈشمەك قىلىشتى. ھەتتا ئاخىرىدا تۇرالى چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئەنۋەرنى رىنژۋاننىڭ يېقىندا كەلگەن خېتىنى ئوقۇپ بېرىشكە قىستاپ، ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى.

كېچە سائەت ئۈچتىن ئاشقانىدى. ئالادا شۇرغان توختاپ قالغان، تۈن پەردىسىگە چۈمكەلگەن ئاسماندا قويۇق يۇلتۇزلار چاراقلايتتى. شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان پايانسىز سامان يولى ئاقىرىپ، ئويغۇنچان دالىغا سۈس شولا تۆكمەكتە. تۇرسۇنباي، تۇرالى، ئىرىنسىبەكلەر ئەنۋەرنىڭ كېچىلىكىگە خەيرلىك تىلەپ ياتاقتىن چىقىشتى. تۆمۈرقۇل ئىغىرلىشىپ قالغاچقا ئەنۋەرنىڭ ياتىقىدا قونۇپ قالدى.

## ئون بىرىنچى باب

— ھا... ھا... ھا...!

تومپايغان قورساقلىرىنىچە دىۋانغا چۆككەن مەنسۇر قاتتىق كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران توختىتىۋالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، قولىدىكى قەغەزنى تويغۇنغا ئۇزاتتى.

— بۇ ياققا كېلىڭ تويغۇن. بۇنى ئۈنلۈكرەك ئوقۇڭ. يەنە بىر ئاڭلاپ باقاي!

تويغۇن مەنسۇرنىڭ قولىدىكى ماتېرىيالنى قولىغا ئېلىپ ئالدىراپ يانچۇقىدىن كۆز ئەينەك قېپى چىقاردى - دە، ئىچىدىن گرادۇسلۇق ئەينەكنى ئېلىپ، تورسىز كۆزلىرىگە تارتتى.

— ئو...ي ئەشۇ ئېيمىڭىزنى چۈرۈۋېتىڭا. ئۆزىڭىزگىمۇ ياراشمايدىكەن.

— ھى... ھى، ھى، ھى... بۇ... بۇنى سۆلەتكە تارتىۋالغىنىم يوق مەنسىلىڭ. كۆزۈمنىڭ تورى بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتتى، ھەي، بۇرژۇئا ماتارىپ لۇشيەنى كۆزۈمنىمۇ كىرەكتىن چىقارغان دەڭا.

— ئۇنىڭ زىيانكەشلىكى سىزگىمۇ يېتىپتىكەن - دە. ھە. ئۇنى ئوقۇڭ!

تويغۇن ئوقۇشقا باشلىدى:

«ناھىيىلىك قىزىل ئىسيانچىلار باش شتابىغا. مەنسۇر سىلىڭغا:

سىزلەرگە ئەڭ قىزغىن پرولېتارىياتچە ئىنقىلابىي سالام يوللاش بىلەن. بىز ئەرەپتە پاش بولۇۋاتقان مۇھىم بىر ئەكسىلئىنقىلابىي ئەنزىنىڭ يىپ ئۇچىنى ئاپقانلىقىمىزنى سىزگە ئىنكاس قىلىمىز:

بىز بىلەر كۆتكەن ئەلەپ بويىچە. گۇمانلىق ئۇنسۇر ئەنۋەر پەخىرىدىنىڭگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ كەلمەكتىمىز. ھەممىدە مۇشۇ خەت بىلەن بىللە ئۇنىڭ يېقىندا يېزىپ چاپلىغان بىر پارچە قارا چوڭ خەتلىك گېزىتىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى قوشۇپ ئەۋەتتۇق.

ئەكشۈرۈشىمىزدىن مەلۇم بولدىكى، ئەنۋەر خىزمەتكە كەلگەن ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بويان، ئىزچىل تۈردە شيۇجېڭجۇيىلىق ماتارىپ لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى «ئەقلىي تەربىيە بىرىنچى»، «كىتاب ئوقۇپ ئەمەلدار بولۇش» قاتارلىق سېسىق نەزەرىيىلەر بىلەن زەھەرلەپ كەلگەن. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئەتىدىن كەچكىچە سىنىپقا سولىۋېلىپ، كونا كىتابلارنى ئوقۇتۇپ، لاۋسەنيەن ۋە ئۆزۈندىلەرنى يادلاشقا تۇسقۇنلۇق قىلغان. يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا چىش - تىرنىقىغىچە قارشى تۇرغان. دەرس توختىتىپ ئىنقىلاب قىلىشقا ئۇنىمىغان. ئۇنىڭدىن باشقا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تازا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە، ئۇ، جەمئىيەتتىكى بىر ئوچۇم بۇزۇق ئادەملەرنى ئەتراپىغا ئويۇشتۇرۇپ، يەر ئاستى ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇپ (بۇ ئەھۋالنى داۋاملىق تەكشۈرۈۋاتىمىز) ئىنقىلابقا قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماقتا. بىز ئۇنىڭ پۈتكۈل ھەرىكىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلماقتىمىز ۋە قارا سۆزلىرىنى جىددىي توپلاۋاتىمىز. يېڭى ئەھۋاللارنى سىلەرگە داۋاملىق ئىنكاس قىلماقچىمىز.

پرولېتارىياتچە ئىنقىلابىي سالام بىلەن:

ئاقتاش ئىسيانچىلار شتابى

1968 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى»

مەنسۇر ئەمەنالىق كۆزلىرى بىلەن تويغۇنغا قاراپ ھىجايدى:

— ئەلىگىز باردە مەنسىلىڭ. سىز راستىنلا ئەقىللىق.

— ئوقۇڭ. تېپىلماس ماتېرىيال.

تويغۇن يەنە ئوقۇشقا باشلىدى:

«خانىي ئاتتىن چۈشۈرۈش ھەققىدە كىچىك بىر مۇلاھىزە. (قىيما - چىيما قىلىنىشتىن قورقمىغان خانىي ئاتتىن چۈشۈرەلەيدۇ) دېگەن بۇ ماقال فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى دېھقانلار سىنىپىنىڭ جەڭگىۋارلىق روھىنى ئىپادىلەيدىغان ئىنقىلابىي شوئار. ئەلۋەتتە. ئۇ فېئودال ئاق سۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ خەلقنى ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتەك چىداپ تۇرغۇسىز جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قارشى ئۈنۈمىشتە تولىمۇ ئىلغار رول ئوينىغانىدى. ئەمما پرولېتارىيات ئەلتۈكۈس ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان بۈگۈنكى جۇڭگودا ئۇ شوئارنىڭ قايتا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى. تولىمۇ يىمەنىلىكتۇر. ئۇ ھازىر جەمئىيەتتە ئىنتايىن يامان

ئەسرلەرنى پەيدا قىلماقتا. ئالايلوق. هازىرقى كۈندە بەزى ئادەملەر بۇ ماقالىنى خۇددى گوهەر تىپىۋالغاندەك قەدرلەپ ئۆزلىرىنىڭ هوقۇق تارتىۋېلىشىدىكى ئەڭگۈشتەرى قىلىۋالدى. تۇلار قارا نىيىتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېغى ئاق ـ قارنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يېتىلمىگەن (كىچىك باتۇرلار) دىن پايدىلىنىپ، جاهاننى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلماقتا . . .: هەممىلا يەردە چوڭ ـ كىچىك (خان) لارنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. نەتىجىدە بۇ ئادەملەر مىڭلىغان ـ مىليونلىغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى جىنايەت يولىغا باشلاپ كىرمەكتە. دېمەك (خاننى ئاتتىن چۈشۈرۈش) شوئارى كىملەرنىڭ مۇددىئاسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى؟ قارىماققا ئىنتايىن ئۆزگىچە ـ كېسەل ئىنقىلابىيلىققا ئىگە بولغاندەك كۆرۈنگەن بۇ شوئار، نۆۋەتتە، ئەسەبىيلىشىپ ئۆز خۇدىنى يوقاتقان ئەكسىيەتچىلەرنىڭ، قارا نىيەتچىلەرنىڭ. سىياسىي مۇددىئاسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بۈگۈنكىدا سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزگە، كومپارتىيە رەهبەرلىكىگە چىش ـ تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ئەكسىيەتچىلەرنىڭ (غەلىبە قىلساق، خاننىڭ ئېتىغا مىنىمىز، غەلبە قىلالمىساق قىيما ـ چىيما بولۇپ كېتىمىز، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم (دەيدىغان جان كەشتىلىك مۇددىئاسى مانا مەن دەپلا تۇرمامدۇ! بۇ شوئارنى ئاڭلاپ، گۈل ـ قەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن. جەمئىيەتتىكى بىر ئوچۇم توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلايدىغان لۈكچەكلەر. تەۋەككۇلچىلەر هە ـ هۇ دېيىشىپ بەش بال شامالنى ئون ئىككى بال بورانغا كۆتۈرۈپ. كۆتۈلمىگەن يەردىن نەپ ئېلىپ ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا (بەخت قۇشى) قوندۇرۇشتەك شىرىن چۈشلەرنى كۆرمەكتە. بۇ پۈرسەتپەرەسلەر. بۇ شوئارنىڭ روهى بويىچە بىر مەهەل (مايمۇن پادىشاه) لاردىن بولۇپ قالماقتا. ئەڭ ئېغىرى شۇكى. شوئارنىڭ قۇتراتقۇلۇقى بىلەن جەمئىيىتىمىزدە ياخشى (خان) ياكى يامان (خان) بولۇشتىن قەتئىيـ نەزەر، (خان) لا بولىدىكەن. قارا ـ قويۇق ئاتتىن چۈشۈرۈش. هاكىمىيەتنى كىرەك قىلماسلىق. قانۇننى كېرەك قىلماسلىقتەك ـ هۆكۈمەتسىزلىك. شەخسىيەتچىلىك كۈچىيىپ. جەمئىيىتىمىزدە ئاسمان ـ پەلەك تەلۋە قويۇن كۆتۈرۈلدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا (خاننى ئاتتىن چۈشۈرۈش) شوئارى ئۆۋەتتىكى بارلىق قالايمىقانچىلىقلارنىڭ مەنبەسىدۇر.

بىز جۇڭخوا مىللەتلىرى نى ـ نى ئىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ تارىخنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرىنى تولۇق تېتىپ ئەمدىلا يېڭى بىر هايات يولىغا قەدەم قويغانىدۇق. ئەمدىلىكتە بىز يەنە ئارقىمىزغا بېنىپ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىنى ئارقىغا قاراپ سۆرىگۈچىلەردىن بولۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. بۇ شوئارنىڭ ئاقىۋىتىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئېچىنىشلىق ساۋاقلارنى يېتەرلىك مۇلچەرلىشىمىز. ئۇنىڭ دەردىنى نۆۋەتتىكى كەلگۈسىدە يەنىمۇ تارتىپ قالماسلىقىمىز لازىم؛ بەزى قارا نىيەت، شەخسىيەتچىلەرنىڭ رەزىل مۇددىئاسىغا كەتمەن چاپماسلىقىمىز كېرەك . . .»

تويغۇنىنىڭ ئوقۇغانسېرى زوۋانى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ پېشانىسىدىكى ئاچچىق تەرلىرىنى يۈرلىشىپ كەتكەن قول ياغلىقىغا سۈرتىۋالدى.

— ياناللا، يۈرىكى قاپتەك بار ئىكەن ـ هە، بۇ يېتىم ئوغلاقنىڭ. ماۋ جۇشىنىڭ سۆزىگە . . .

— ئۆلگىسى كەلگەن چاشقان مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ. دېگەن شۇدە. ها. ها. ها . . . !

— راست. راست. ئۆزى كېلىپ قاپقانغا دەسسەپتۇ. ئەمدى قۇتۇلالمايدۇ. لېكىن هېلىقى ئىشنىڭ . . .

مەنسۇر تويغۇنىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى ـ دە. گۈشلۈك يۈزلىرىنى كالچايتىپ هىجايدى:

— ۋاقتى ئۆتتى دېمەكچىمۇ سىز؟ بىر ياخشى خورازغا ئون مىكيانمۇ كۆپلۈك قىلمايدۇ.

— هى. هى. هى. . . . — تويغۇنمۇ. مەنسۇر بىلەن تەڭلا تۈرسىز كۆزلىرىنى يۇرۇشتۇرۇپ هىجايدى.

— ئاقتاش ئىسيانچىلار سىلكىنىۋىسىغا مېنىڭ نامىمدا بىر ئالاقە يېزىڭ. ئۇلارنىڭ ئىشلىگەن خىزمىتىنى يۇقىرى باهالىغانلىقىمنى. خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى ئالاهىدە هېسابقا ئالىدىغانلىقىمنى ئەسكەرتىڭ. ئەنۋەرنىڭ مەسىلىسى بولسا، ئادەتتىكى خاتالىق ئەمەس. بەلكى نەق ئەكسىلئىنقىلابىي هەرىكەت دەپ ئېنىق كۆرسىتىڭ. ئۇنىڭ هەر بىر سۆز، هەر بىر هەرىكىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ. مەسىلەرنى تېز ۋاقتىدا يوللاپ تۇرۇشىنى ئۇلارغا قاتتىق تاپشۇرۇڭ. ۋاقتى كەلگەندە ئەنۋەرنى باش شتابقا ئالدۇرۇپ كېلىپ. يېڭى ـ كونا جىنايەتلىرىنىڭ هەممىسىنى تولۇق تاپشۇرتىدىغانلىقىمىزنى ئالاهىدە ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ. — مەنسۇر هېلىقى ماتېريالنى تويغۇنىنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئالدىدىكى سىرتملىق قارا سومكىسىغا سالدى ـ دە. ئورنىدىن تۇرۇپ قويدى. — هە. يەنە بىر ئىش تويغۇن ئەپەندى. — مەنسۇر ئاۋازىنى پەسەيتىپرەك ئېيتتى. — بۈگۈن كېچە سائەت ئون ئىككىدە. ئۆتكىنىڭىزمۇ دەل ئون ئىككىدە جىلغىلار بىلەن «سىردىشىش يىغىنى» ئېچىلىدۇ. يىغىنغا پەقەت مەن. سىز يەنە باتۇر بىلەن قەيسەردىن باشقا هېچكىم قاتناشمايدۇ. ئورنى ئۆتىنچى نومۇرلۇق ئۆيدە. هېچكىمگە تىنماڭ ـ هە!

— ھە، راست، ھېلىقى رۇستەم دېگەن ئەبلەخنى ئاخشام بىر چىنىدەك قان قۇستى دېيىشىدۇ. چىكىلىپ يۆتىلىپ بىر قانچە قېتىم ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۆلۈپ قالمىسۇن دەيمەنا؟

— ھىم... ھازىر ئۆلۈپ قالسا بولماس. ئۇنىڭ بىزگە ئەسقاتىدىغان يەنە ئازراق ئىشى بار ئەمەسمۇ. — مەنسۇر ئىچىدىن خىيالغا كەلتۈردى. — ئۇنداق بولسا تازا پەيتى ئىكەن. ھوشسىز ياتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ھېلىقى مەن تەييارلىغان ماتېرىيالغا قولىنى بېسىۋېلىڭ. ئاندىن دوختۇرخانىغا چىقىرىپ بېرىڭ.

جىپ ماشىنا ئايلىنىپ قىزىل پىششىق خىش بىلەن كۆتۈرۈپ سېلىنغان ئېگىز بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ماشىنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن مەنسۇر چۈشتى - دە، ئىشىكنى يېپىپ شوپۇرغا بېشىنى لىڭشىتتى. ماشىنا كەلگەن يولى بىلەن ئاستا يۈرۈپ كەتتى. مەنسۇر قولىدىكى قارا سومكىسىنى پۇلاڭلاتقىنىچە پەلەمپەي بىلەن كۆتۈرۈلۈپ ئۈدۈلىدىكى قوشقاناتلىق كۆك سىرلانغان ئىشىكنى ئىتتەردى:

— زەينەپ!

مانا بۇ، مەنسۇرنىڭ كېيىنكى يېڭى قورو - جايى ئىدى.

تامغا ئوتقاشتەك رەڭدار گىلەملەر تارتىلغان. ئىشىك بېشى بىلەن دېرىزە رەشلىيە ئىشلەنگەن نەپىس پەردىلەر بىلەن بېزەلگەن. بەرگە گىلەم سېلىنغان بۇ كاتتا مېھمانخانا ھالرەڭ لاك بىلەن سىرلانغان تومپۇچكا، ئىشكاپلار، بىر جۈپ قىزىل خۇرۇم چامىدان ۋە پارقىراپ تۇرىدىغان كىيىم تىكىش ماشىنىسى، تام سائىتى قاتارلىقلار بىلەن جاھازىلانغانىدى. مەنسۇر مېھمانخانىغا كىرىپ سېمىز گەۋدىسىنى دىۋانغا تاشلىدى.

— زەينەپ، بىر ئىستاكان چاي بېرىۋەتكىنە.

ھايال ئۆتمەي نېرىقى ئۆيدىن زەينەپ چىقتى. ئۇ توزدەك ياسانغانىدى. ئۇ مەنسۇرنىڭ ئالدىدىكى يۇمىلاق شىرەگە دەملەنگەن بىر ئىستاكان چاي قويدى - دە، يەنە نېرىقى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ھازىر تېخىمۇ تولغان بولۇپ، ئىشنىڭ كۆڭلىكى ئاستىدىكى تولۇق كۆكسى ماڭغاندا لىغىرلاپ تۇراتتى. مەنسۇر چايدىن بىر - ئىككى ئوتلىغاندىن كېيىن قانداقتۇر بىر شېرىن خىيالدىن ھوزۇرلانغاندەك كۆزلىرىنى يۇمدى.

مۇئەللىپ نۆۋىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپىدۇ. كېيىنكى يىللارنىڭ ھەر بىر سائەتلىرى مەنسۇرغا كەينى - كەينىدىن كېلىۋاتقان ئامەت، بەخت ۋە غەلىبە بىلەن تولغانىدى. مەنسۇر 1967 - يىلىنىڭ يانۋار ئېيىدا ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئىسيانچىلار سىلىڭبۇسىنىڭ رەھبىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن «ئىنقىلابىي ئالاقە باغلاش ئەترىتى»نى باشلاپ، ئىچكىرىگە ئىنقىلاب قىلىش ئۇسۇللىرىنى «ئۆگىنىش» ئۈچۈن ماڭدى. ئۇ ۋىلايەتتىن بىر قارا ماشىنا بىلەن يولغا چىقىپ، ئىككى يۈز چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، بىر قوشنا ناھىيىگە يېتىپ كەلدى - دە، شۇ يەردىكى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار» بىلەن جىددىي ئېلىشىۋاتقان جەڭگىۋار دۈيگە ياردەملىشىپ، بۇ ناھىيىنىڭ ھوقۇقىنى ئۇلارنىڭ قولىغا ئېلىپ بەردى. ئۇلار مەنسۇرنىڭ ئەترىتىنى ناھىيىلىك خەلق بانكىسىغا باشلاپ باردى. مەنسۇر بانكا مۇدىرىنى تارتىپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ «جىنايىتى» بىلەن كەسكىن ھېسابلاشتى. ئاخىرىدا ئۇ بانكا مۇدىرىغا، ئىنقىلابىي ئالاقە باغلىغۇچى قوشۇنىغا دەرھال ئىككى مىڭ يۈەن يول خىراجىتى بېرىش تەلىپىنى قويدى. بىراق بانكا مۇدىرى بېشىنى چايقاپ تۇرىۋالدى. مەنسۇر دەرھال تەدبىرنى چىگىتىپ، «قىيتى ئېچىلمىغان» شەكىلدىن بىرنى قوللانغانىدى. مۇدىر جاھىللىقنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتىمۇ ئەتىمالىم، پۇل ئېلىش ھۆججىتىگە تەستىق سالدى... بۇنداق ئىش يول ئۈستىدە بىر قانچە قېتىم تەكرارلاندى. شۇنداق قىلىپ ھەر قايسى جايلاردىكى بانكىلاردا مەنسۇرنىڭ نەچچە مىڭ يۈەنلەپ پۇل ئالغانلىقى توغرىسىدىكى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن ھۆججەتلىرى قالدى.

مەنسۇر ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغاندا باشقىلارنى پويىز بىلەن يولغا سېلىۋېتىپ، ئەللىك مىڭ يۈەن نەق پۇل قاچىلانغان ئېغىر سومكىنى زەينەپكە تۇتقۇزدى - دە، ئىككىسى ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن شاڭخەيگە ئۇچتى.

مەنسۇر بارغانلىكى شەھەرلەردە ئەتىدىن - كەچكىچە زەينەپ بىلەن قولتۇقلىشىپ يۈرەتتى. كېچىلىك مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلاتتى. رېستورانلارغا باراتتى. مېھمانخانىلاردا ئېغىناپ ياتاتتى. كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتلەرنى سېتىۋالاتتى. ئىككىسى نەنجىڭدىكى بىر مېھمانخانىدا ئىككى مىڭ يۈەن خەجلەپ كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

ئالاقە باغلاش جەريانىدا مەنسۇرنى ھەممىدىن بەكرەك قىزىقتۇرغىنى ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنىڭ بىر قاتار تەدبىر - چارىلىرى ۋە ۋاسىتىلىرى بولدى. ئۇ بارغانلىكى شەھەرلەردە، نوپۇزلۇق تەشكىلاتلارنىڭ، جەڭگىۋار ئىسيانچى قوشۇنلارنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش تەدبىرلىرىنى ئۆگەندى. ئۇ ئۈچ ئايدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ دەرھال تارقاق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى بىرلەشتۈردى - دە، ۋىلايەتلىك رېمونت زاۋۇتىدا قورال - ياراق، ئوق - دورا ياساش سېخلىرى قۇرۇپ، جىددىي تۈردە ئەنە

كۆرۈنۈشكە تەييارلاندى.ئۇ بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئون مىڭ كىشىلىك نەيزە، ئون مىڭ داندىن ئارتۇق قول بومبىسى تەييارلاتتى ۋە تېخىچە ھۆقۇق ئاپشۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەن ئاكسىيەلىك پارتكوم بىناسى ئالدىدا زور كۆلەملىك «مانىپىر ئۆتكۈزۈپ، شۇ كۈنىلا غەلىبىگە ئېرىشتى. ئۇ ئەتىسى تاڭ سەھەردە مەسچىتتىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ قارشى تەرەپنى نەيزە ۋە گىرانات بىلەن دەھشەتلىك باستۇردى. بىر دەمدىلا مەيدان قىيا ـ چىيا ۋە يىغا ـ زارى بىلەن تولدى. تۇلار تورۇۋاتقان بىنا ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدە قالدى. مەنسۇر ئاخىرى مەقسىتىگە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «مەنسۇر سىلىڭ» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

مەنسۇر زەينەپ بىلەن توي قىلىپ، بىر قانچە ئايدىن كېيىنلا ئۆزىدە غەيرى بىر سىزىمنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۇتاشتۇرغان «مۇھەببەت» ئوتىنىڭ ئاستا ـ ئاستا سوۋۇپ بېرىشىغا مۇنداق ئىشلار سەۋەب بولغانىدى. زەينەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزىنىڭ بەختىياتلارچە ئىش كورۇپ، ئۆزلىرىنىڭ يۇرت ئىچىدىكى يۈزىنى تۆككەنلىكى ئۈچۈن تا ھازىرغىچە بۇ ئۆيگە دەسسەپ باقمىدى. قىزىمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا كۆرۈنەلمىدى. شۇڭا مەنسۇر بىر كۈنى زەينەپكە مۇنداق دېدى:

— زەينەپ. توي قازىنىنى ئېسىۋەتمەكچىمەن. ئۆي تۇتقىنىمىزغا ئالتە ئايدىن ئاشتى. سەت ئەمەسمۇ ـ ھە؟

— سەتچىلىكنى بىلىپ تۇرۇپ. ئۆزىڭىز قىلدىڭىز. مەنغۇ نومۇستىن ئۆلەي دېدىم.

— نېرىنىمىگىنە. بىز توي مەرىكىسى ئۆتكۈزگەن كۈنى ئاتا ـ ئاناڭنىمۇ چاقىرتىپ كېلىپ كۆڭۈلدىكىدەك رازى قىلىمىز.

— بولار ئىش بولدى. ئەمدى قايسى تويغا باغاق يازىسىز؟ تۇغۇلىدىغان بالىڭىزنىڭ بۆشۈك تويىنى بېرەرسىز تايىنلىق.

— نېمە. نېمە دەيسەن؟ ئېغىر ئاياغمۇسەن؟

زەينەپ جاۋابسىز ئولتۇردى. مەنسۇر ئېغىر خورسىندى:

— خۇدا ئۇرغىنى شۇ ده!

— ھە. نېمە دەۋاتىسىز مەنسۇر؟!

— بىلمەسەن زەينەپ. بالا دېگەن بالايى ـ ئاپەت. ئۇقتۇڭمۇ. ئۇ ئۆزەڭنىڭ پۇتىغا ئۆزەڭ كىشەن سالغان بىلەن باراۋەر. ھەي...

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ — زەينەپ ئۆزىنى بېسىپ تۇرۇپ. تەنە بىلەن سورىدى.

— دەرھال دوختۇرغا بېرىپ بالىنى ئالدۇرۇۋەتكىن. بۇنىڭ خىزمىتىگىمۇ پايدىسى بار. قانداق؟

— مەنسۇر! سىز مۇشۇنچىلىك ئادەممىدىڭىز؟

گېپىڭىزنى قاراڭ. — زەينەپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

زەينەپ ئوماققىنا بىر ئوغۇل تۇغدى. لېكىن مەنسۇر ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. ئالدانغان، قىزلىق نومۇسى خورلانغان زەينەپ ھەشەمەتلىك قورو ئىچىدە سۆزسىز دەشتىكى قەدىرسىز قامغاقتەك مەنىسىز ياشاشقا باشلىدى.

— خانىش! — چاقىردى مەنسۇر. زەينەپ ئۇدۇلدىكى ئۆيدىكى بالىنى ئېمىتىپ ئولتۇراتتى. مەنسۇرنىڭ كەيپى چاغ ۋاقىتلىرىدا ئۆزىنى شۇنداق ئاتايدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. دەسلەپتە زەينەپ تېرىكىپ يۈردى. بارا ـ بارا «خانىش» دېگەن ئاتقا كۆنۈپمۇ قالدى.

— خانىش بۇياققا چىققىنا.

زەينەپ بالىنى كۆتۈرگىنىچە. مەنسۇرنىڭ يېنىغا چىقتى.

— مۇنۇ ماتېرىيال كىمنىڭكى. بىلەمسەن؟

— مەن نەدىن بىلەي؟

— ھېلىقى سىبنىڭ ئەنۋەر دېگەن كونا يىگىتىڭنىڭ.

زەينەپنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى ۋە مەنسۇرنىڭ قولىدىكى قەغەزلەرنى قانداق تېز يۇلۇۋالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

— چىدىيالمايۋاتامسەن؟!

— ئەنۋەرنى نېمە قىلماقچىسىز؟ — جىددىي ئورىدە سورىدى زەينەپ قەغەزدىن كۆزىنى ئېلىپ. — بولار ئەمدى. بىگۇناھ ئادەملەرگە ئۇۋال قىلىۋەرمەڭ. سىزمۇ ئادەمغۇ!

— نېمە. نېمە؟! ئەنۋەرنى ئاقلىماقچىمۇسەن؟ ئۇنىڭ جىنايىتىگە سەنمۇ شېرىك ئىكەنسەن ده!

— نېمە دېسىڭىز. دەۋېرىڭ. ئەنۋەرنىڭ جىنايىتى يوق. بەلكىم جىنايەت...

«تارس» سىدە تەككەن شاپىلاق زەينەپنىڭ ئاغزىدىن ئۈزۈلۈپ. بوۋاقنىڭ يۇمران مەڭزىگە تەگدى. بوۋاق چىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ھۇ لۆكچەك! مېنىمۇ يېمەكچىمۇسەن. ئادەمخور! ھەممىنى يەپ تۈگەت! تورە دەيۈز...! — زەينەپ بالىنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە. مەنسۇرنى قىستاپ كەلدى. كۆزىگە قان تولغان مەنسۇر زەينەپنىڭ بىر چاغدا ئەنۋەر توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىسىنى ئاڭلىغاندەك بولدى ـ دە. خۇددىنى يوقاتقان ھالدا ئۇنى يەرگە يىقىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى.

## ئون ئىككىنچى باب

كېيىنكى كۈنلەردە ئاقتاشلىقلارنىڭ ئىچىدە «چەت ئەلگە

قىچىش گۇرۇھىغا قاتناشقان» دېگەن غەلىتە بەدنامغا ئۇچرىسغان ئادەم ئاز قالدى. بۇ بەدنام خۇددى ئاچ قالغان ئەجدىھادەك بوۋاي. موماىلار تۇگۇل ھەتتا تۇششاق باللارنىمۇ. پارتىيە ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرىنىمۇ دەم تارتىپ يۇتماقتا ئىدى.

جەڭگىۋار ئەترەتچىلەر بىر كۈنى ئاقتاش ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى بىر نەچچە ئوقۇتقۇچىلار قاتارىدا نۇرالىنىمۇ «تۇگىنىش كۇرسى»غا يىغىپ كەتتى.

— نۇرالى! — دەپ چاقىردى «كۇرس» باشلىقى بىر كۈنى چوڭ يىغىندا. — سەن نەچچە كۈنىگىچە قولىقىڭنى يوپۇرۇپلا ئولتۇرىسەن. بىز سېنى بۇ يەرگە نېمىشقا چاقىرتتۇق. بىلەمسەن؟

نۇرالىمۇ دەل مۇشۇنى ئويلاپ ئولتۇراتتى. شۇڭا دەرھال جاۋاب بەردى:

— شۇنى دەڭا. مېنى نېمىگە چاقىرتقىنىڭلارنى زادى بىلەلمىدىم.

— ھە. ئۇنداقتا مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىپتىكەنمىز - دە سېنى. يېتەر ئەمدى. تولا مۇغەمبەرلىك قىلما! چەتكە قىچىش گۇرۇھىنىڭ غوللۇق بىر ئەزاسى تۇرۇپ. بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىۋېلىپ، قۇتۇلۇپ كېتىمەن دەپ ئويلاۋاتامسەن؟!

— تۇۋا، نېمانداق گەپنى قىلىدىغانسەن ئەتتىمىش جۇرىن. ئاتا - بوۋامنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرى مۇشۇ ئەلدە تۇرسا، مەن ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن يات بىر مەملىكەتكە قېچىپ بېرىپ نېمە ئىش قىلاتتىم؟

— سېنىڭ ئاناڭ قاۋۇل، تاغلىرىڭ سەبىت، ياقىتاي، ئاسانبەكلەر، ھەتتا، يېزىنەڭ مۇساقۇللاردىن تارتىپ ھەممىسى ئىنقىلاب مەسىلىسىنى تاپشۇردى - يۇ، تولار كەتسە، ئەجەپ سەن كەتمەي قېقالدىڭمەن - ھە؟

— ھەممىسى يالغان گەپ! تولارنى چانۋەتسەڭمۇ چەتكە كېتىشكە ئۇنىمايدۇ.

— بىلجىرلىما! بىز سەن بىلەن زوكۇنلىشىپ ئولتۇرالمايمىز. قاچان مەسىلەڭنى ئىقرار قىلغىچە، ئايرىم ئۆيدە ياتىسەن. ئىقرار قىلمىغىنىڭنى كۆرۈپ باقاي.

— سۆزلىگەكلىرىم چېرىپ كەتكىچە يېتىشقا رازىمەنكى، يالغان ئىشقا ئاغزىم بارمايدۇ.

بەختكە يارىشا جەڭگىۋار ئەترەتچىلەرنىڭ گۇمان قىلىشىچە «بۇ گۇرۇھنىڭ شەكىللەنگەن ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان» ۋاقتى 1962 - يىلى بىلەن 1963 - يىلىنىڭ ئارىلىقىدا بولغانىكەن. ئۇ چاغلاردا تېخى بۇ ناھىيىگە كەلمىگەن ئەنۋەر ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. لېكىن ئۇ،

كۆزىدە كورەش يىغىنىغا قاتنىشىشقا مەجبۇر ئىدى. يىغىن باشلىنىش ئالدىدا، بىرسى يېڭى كېسىلگەن ئاياقلاردىن بىر قوچاق كۆتۈرۈپ كىبلەنتى - دە، يىغىن زالىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ئوچۇقچىلىققا ئەكىلىپ تاشلايتتى. ئەنتىمىش چۆرىدەپ ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ قولىغا بىر تالدىن ئاياق ياكى كالتەك ئېلىشىنى بۇيرۇيتتى. بىر كۈنى ئەنتىمىش بولۇڭدا ئۈن - تىنسىز ئولتۇرغان ئەنۋەردىن سورىدى:

— كورەش يىغىنى باشلانغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ قولۇڭغا قورال ئالمىدىڭ. بۇ نېمە ئۈچۈن ئەنۋەر؟

ئەنۋەر خاتىرجەم ھالدا جاۋاب بەردى:

— چۈنكى مېنىڭ قورالىم ئاياق ئەمەس.

— نېمە. سەن پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىن ۋاز كەچمەكچىمۇ؟

— قىزىق. سىز ئېيتىڭا. ئاياقنى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى دەپ كىم ئېيتىدۇ؟

— بۇ بىزنىڭ قولىمىزدىكى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ جانلىق ئىنكاسى. ئۇ جىنايەتچىلەرنى ھەقىقەتكە باش ئەگدۈرىدىغان قورال. قانداق؟

— كومپارتىيىنىڭ قايسى بىر سىياسىتىدە جىنايەتچىنى ئۇرۇپ - كالتەكلەپ مەسىلە تاپشۇرۇتۇش كېرەك دەيدىغان بەلگىلىمە بار ئىكەن؟

— سەن تېخى مېنى سوراقلاۋاتامسەنغۇ؟!

— ئەلۋەتتە سىز جاۋاب بېرىشىڭىز كېرەك.

— ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا يان باسماقچىمۇ سەن؟ ياكى بىزگە جەڭ ئېلان قىلماقچىمۇ؟!

ئەنۋەرنىڭ زەردىسى قايناپ قالدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى - يۇ. لېكىن ئۆزىنى كۈچ بىلەن بېسىۋالدى.

— ئەنتىمىش سىز مېنى ئۇلارغا يان باسماقچى دەپ قورقىتالمايسىز. سىز ئويلىدىڭىزمۇ؟ چەتكە قىچىش گۇرۇھى دېگەن بىر نېمە ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ پەقەت سىلەرنىڭ قانلىق كالتەكلار ئاستىدىلا مەيدانغا چىققان. ئىشەنمەمسىز؟ ئۇنداقتا، دەل مۇشۇ مەيداندا سىزنىمۇ ئۇلگىدەك دۇمبالاپ باقسۇن. شۇ چاغدا سىزمۇ ئۇنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىڭىزنى ئىقرار قىلىپ ئاياقتىن قۇتۇلۇشقا مەجبۇر بولىسىز.

ئەنتىمىش ئەنۋەرگە دەر غەزەب بىلەن ئېتىلدى.

— ھۇ ئەبلەخ. سېنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي خورىكىڭ نېمانچە ئۆسۈپ كەتتى - ھە؟

— قولۇڭنى تارت ئەنتىمىش. ئەنۋەرگە تەككۈچى بولما!

— ئەنۋەرنىڭ دېگىنى توغرا!

— تۇنىڭدا گۇناھ يوق!

— ئەنۋەر! — دەل شۇ تاپتا ئەدىندۇ پەيدا بولغان تۇرسۇنباي ئەنتىمشىنىڭ تودۇلىغا تۇتتى ـ دە، ئەنۋەرنى ئارقىغا ئىتىرىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئاچچىقىڭدىن يان بۇرادەر، ئەنۋەر يەڭگىللىك قىلىپ، ئاغزىغا كەلگىنىنى دېگەن بولسىمۇ كۆڭلۈڭگە ئالما، يۇر ئەنۋەر، ماڭ بۇياققا.

— خەپ توختا ئەنۋەر. دېگەنلىرىڭگە جاۋاب بېرىسەن تېخى!

تۇرسۇنباي ئەنۋەرنىڭ بىر قورو قويىنى يېقىش ئۈچۈن، يىقىندا تاغقا كۆچۈپ كەتكەندى. ئۇ بۈگۈن چۈشتە يايلاقتىن كېلىپلا، كۆتۈلمىگەندە بۇ ئەھۋالنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قالدى ـ دە، ئەنۋەرنىڭ بىلىكىدىن يېتىلىگىنىچە، كۈرەش مەيداندىن يېنىپ چىقتى.

— ھەي توكا، نادان ئىكەنسەن. ھازىر بۇ يالماۋۇزلارغا تەڭ كەلگىلى بولاتتىمۇ! يۇر ـ يۇر ئارتىشما!

— نەگە، تۇرسۇنباي ئاكا؟

— بىر نەچچە كۈن ئۇلارنىڭ كۆزىدىن يىراق تۇرمىساڭ بولمايدۇ. بۈگۈن كەچتىلا تاغقا كېتىمىز. سېنىڭ نەگە كەتكەنلىكىڭنى ھېچكىممۇ بىلمەيدۇ.

— رەھمەت ساكا، تۇرسۇنباي ئاكا. قارىغىنا، تورالغا ئوخشاش بىگۇناھ ئادەملەر بىھۇدە تاياق يەپ ئازابلىنىۋاتسا، بىز...؟

— ھەي، تورالنى تاياقتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئىككىمىزنىڭ قولىدىن كېلەمدۇ؟! بولدى قوي، ھامان بىر كۈنى ئۇلار بۇ قىلمىشى ئۈچۈن ھېساب بېرىدۇ.

تۇرسۇنباي ئەدىندۇر يەنە بىر ئات تېپىپ كەلدى. ئەل ئايىغى جىمىقىقاندا ئىككىسى تاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

تاغ ئىچى جىمجىت ۋە سۈرلۈك ئىدى. تۇرسۇنباي بىلەن ئەنۋەر ئۈن ـ تىنسىز كەلمەكتە... ئۇلار تار ۋە قورام تاشلىق بىر جىلغىدىن چىقماي بىر قانچە سائەت توختىماي ماڭدى. ئېغىر سۈكۈت قوينىدا ئۇخلاۋاتقان تاغلارنىڭ تىنچلىقىنى ئاتلارنىڭ ئاندا ـ ساندا پۈشقۇرۇشى ۋە تۇياقلارنىڭ تاشلارغا ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋازلار بۇزۇپ تۇراتتى. ئاگان ـ ئاگاندا قاپتاللاردىن ئۇن قۇشلىرىنىڭ ئەنسىز چۇرقىراپ سايراشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. قاپاقتىندۇر، ئاچ قالغان بۆرىنىڭ سوزۇپ ھۇۋلىغان ئاۋازى كېلەتتى. ئىككىسى ئاتلارنى دىۋىتكىنىچە، بىر قانچە تاغلارنى ئايلىنىپ ئۆتتى.

ئۇن پەردىسى ئاقىرىشقا باشلىدى. ئۇشمۇئۇشتىن ئاغزىنى ئېچىپ بىرتقىچ ھايۋانلاردەك سۈرلۈك كۆرۈنگەن جىرالارنىڭ ئىچىدىن قاراڭغۇلۇقلار يىراق قاچماقتا. قۇلاقلىرىغىچە تەرگە چۆمگەن ئاتلارنىڭ پۈشقۇرۇشى قويۇقلاشتى... تاڭ شامىلى ئويغاتقان تاغ قۇشلىرىنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرى ئۇچۇرۇپ كەلمەكتە.

ئىككىيلەن قاپچىغايدىن چىققىندا يەر يۈزى ئاپئاق يورۇغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇپئۇز ۋە ياپيېشىل يايلاق نامايەن بولدى. يىراقتىن يالغۇز ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئۈنى ئاڭلاندى.

— ھە، كەلدۇق ئەنۋەر. — دېدى تۇرسۇنباي ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ. — قىرغىزلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشمىسە، ئاسانلىقچە ئۇندە يول ماڭمايدۇ.

ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىراقتىن ئالا بويۇن، قارا كۈچۈك بۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، ئىگىسىنى تونۇپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلاتقىنىچە، تۇرسۇنباينىڭ ئۈزەڭگىسىگە ئېسىلىپ ئەركىلەشكە باشلىدى.

— شۇنچە چەت تاغ ئارىسىدا يالغۇز تۇيلۇكمەن ئەنۋەر، مالچىنىڭ كۆزىمۇ ئىت، قولىقىمۇ ئىت. ئالا بويناق مېھماننى باشلىغىن قېنى. — دېدى تۇرسۇنباي كۈچۈكنىڭ دۈمبىسىگە قامچىسى بىلەن يەڭگىلگىنە ئۇرۇپ. ئالا بويناق ئىگىسىنىڭ گېپىنى ئۇققاندەك. ئەنۋەرگە قاراپ قويدى ـ دە، ئاتلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ. ئۇتتۇن چىقىۋاتقان يالغۇز كىگىز ئۆيگە قاراپ. لوسۇللاپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار كىگىز ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگىندە، تۇزۇن ئارتىلغان كۆزگەنگە تىزىپ باغلانغان ساغلىقلارنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ سۈت سېغىۋاتقان سالى يەڭگە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سۈت يۇقى قولىنى پەشتامىغا سۈرتۈۋېتىپ، ئەنۋەرنىڭ ئېتىنى ئالدى.

— ياخشىمۇ سىز سالى يەڭگە؟

— تۇرۇۋېتىمىز، ئۈزەڭچۇ بالا. قانداق بولۇپ بۇ تەرەپكە قەدىمىڭ يېتىپ قالدى؟ بىزنىمۇ ئەسلەيدىغان كۈنلەر بولىدىكەن ـ دە!

— پاھ، بىزنىڭ كەمبىرگىمۇ ئۈزۈت كىرىپ قاپتۇ! بولدى، گېپىڭنى كېيىن سورا. بول، چاي تەييارلۇەت. باللار ئۇخلاۋاتامدۇ؟

سالى يەڭگە ئاتلارنى خادىغا باغلاپ بولۇپ، دوڭغاسلاپ كەلدى ـ دە، مەلەڭزىنى قايرىپ ئەنۋەر بىلەن تۇرسۇنباينى

ئىچكىرىگە ئۈتكۈزدى ۋە ئالدىراپ ئورۇن - كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى:

— قاچقۇنلاردەك كىچىچە تۇخلىماي مىڭىپسىلەردە!

— دىمىسىڭىزمۇ ھازىر قاچقۇن بىز يەنىگە.

يايلاق گۈزەل. تىپتىنىچ ئىدى. ئەتىۋەر بىر ھەپتىدىن بۇيان كۆڭۈلدىكىدەك دەم ئالدى. ئۇ بەزىدە تۇرسۇنباي بىلەن يىراق - يىراقلارنى ئايلىنىپ كېلەتتى. كۆك تىرىگەن قارلىق چوققىلار ئىللىق قۇياشنىڭ سېرىقى نۇرىدىن كۈمۈشتەك يالتىرايتتى. ئېگىز قىيالاردىن زۇمرەت ئۈنچىلەرنى چاچرىتىپ تاشتىن - تاشقا سەكرەپ تىنىمسىز ئېقىپ تۇرىدىغان گۈزەل شاقىراتمىلار. دىماقنى يارىدىغان خۇشبۇي يوپيۇرماقلىرى بىلەن يانبېغىرغا ئېتەك يايغان ئارچىزارلىقلار. يۇك - باراقسانلىق ئاق قېيىن. ئىرغايزارلىق. قارىغات. ئۈلجۈرگەن ۋە ئىشقىلار. رەڭگارەڭ تاغ گۈللىرى ئېچىلغان گىلەمدەك ئېدىرلار. گۈللەر ئۈستىدە پەرۋانە قانات قېقىپ يۈرگەن ئاق. سېرىق. كۆك كېپىنەكلەر. قارلىق قولتۇقلاردا ئاپئاق ئېچىلغان قار لەيلىلىرى...

قىسقىسى. تەبىئەت بارچە گۈزەللىكىنى ئايىماي ئاتا قىلغان بۇ ئارامبەخش تاغ ئارىسىغا ئەتىۋەر چىن كۆڭلىدىن مەھلىيا بولدى.

بۈگۈنمۇ ئاسمان زۇمرەتتەك ئوچۇق ئىدى. تۇرسۇنباي بىلەن ئەتىۋەر قايماق ۋە بوغۇرساقلار بىلەن تويۇپ ناشتا قىلدى-دە. تۈشكە تىرىسىدىن قىلىنغان تولۇمغا ئايران قۇيۇپ ئات دۈرىسىغا سالدى.

— ئاتلارنى ئىگەرلەپ بولدۇم ئەتىۋەر. — دېدى تۇرسۇنباي كىرىگىدىن قامچىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ. — بۈگۈن قايقان كۆزىمىز. تەلىيىمىز بولسا بۈگۈن قايقىنىمىزدىن سېمىز تاغ تېكىسى كۆرىمىز. قانداق. گۆشىنى تولا يەپ زېرىكتىڭمۇ - يە؟ بۇز ئەمەسە كەتتۇق.

ئاتلار بىر تىك داۋانغا ياماشتى. داۋان شۇنچە تىك ئىدىكى. ئالدىنقى ئاتنىڭ ئارقا تۇياقلىرى خۇددى كەينىدىكى ئاتنىڭ تۇمشۇقىنى ئۈستىدىلا مىدىرلىغاندەك قىلاتتى. سول تەرەپتىكى جوڭقۇر قىيادا سۈپسۈزۈك تاغ سۈيى شاۋقۇن سالاتتى.

— ئەتىۋەر ساڭا بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي. — دېدى تۇرسۇنباي ئېتىنى دىۋىتىپ. — بۇ ۋەقە دەل مۇشۇ بەلنىڭ ئۈستىدە بولغان ئىش. بۇنىڭدىن ئالتە يىل ئىلگىرى تۇردۇن ئىسىملىك بىر تويغۇر يىگىت «بىرىنچى ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىنىڭ بايلاقچىلىق فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ مۇشۇ گۈڭگىشىغا خىزمەتكە كەلگەنىدى. مەن تۇنى مەكتەپتىكى چاغلاردىلا تونۇيتتۇم. ئۇ مېنىڭدىن بىر قارار بالدۇر ئوقۇيتتى. تۇردۇننىڭ خىزمىتى دائىم دېگۈدەك ئات ئۈستىدە. تاغ ئىچىدە ئۆتەتتى. شۇنداق جاپالىق بولۇشىغا قارىماي. تۇمۇ خۇددى سىڭدەكلا بۇ يەرگە كۆنۈپ كەتكەنىدى. يامغۇر - يېشىنلىق ماي ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى بولسا كېرەك. سەنمۇ بىلسەن. ھازىرقى شامىر بوۋاينى. ئۇ شۇ چاغدا مۇشۇ چارۋىچىلىق دۈيىنىڭ دۈيجاڭى ئىدى. تۇردۇن بىلەن ئىككىسى يايلاق خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن. ئەتىگەندىلا يولغا چىققان ئىكەن. توشتۇمتۇت ياغقان يامغۇر ئىزلارنى چىلىق - چىلىق سۇ قىلىۋېتىپتۇ. كەينىدىن مانا شۇ جىلغىغا كەلگەن توشتۇپتۇ-دە. يوغان - يوغان تاشلارنى غاراسلىتىپ بىر - بىرىگە ئۇرۇپ يىرتقۇچ ھايۋاندەك ھەر ياققا ئېتىلىپ دەھشەت بىلەن ئېقىشقا باشلاپتۇ. تۇردۇن بىلەن شامىر بوۋاي ئاۋايلاپ يۇقىرىغا يامىشىپ كېلىۋېرىپتۇ. تېيىلغاق تار يولدا تۇردۇننىڭ ئېتى قىرغاقتىكى ئۆتۈپ. بوشاپ قالغان بىر يالپاق تاشنى دەسسىۋالغان چېغى. بەختكە قارشى «گۈلدۈر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تۇردۇن ۋە تۇنىڭ ئېتى قورام تاشلار بىلەن بىللە دومىلاپ. كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇر ھاڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. شامىر بوۋاينىڭ قۇلىقىدا پەقەت تۇردۇننىڭ «ۋاي!» دېگەن ئاۋازىلا قاپتۇ.

— ۋاي ئىست. تۇردۇن ئۆلۈپتىمۇ؟

— ياق. تۇنىڭ ئېتى تاشلار بىلەن يەنجىلىپ. كۆكۈم - تالقان بولۇپ كېتىپتۇ. بىراق تۇردۇننى. دوختۇرلار جىددىي داۋالاپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغانىدى. تۇنى بىر ئاي ياغاچ ئادەمدەك گىپسىتا قاتۇرۇپ يانقۇزغاندىن كېيىن. ئىلاجسىز تۈۋلۈپ كەتكەن بىر قانچە قوۋۇرغىسى بىلەن بىر پۇتىنى كېسىپ تاشلاپ. سۆڭنى ئەزالارغا ئالماشتۇرۇپ قويۇپتى.

— ھەي. بەختسىز بىچارە يىگىت! ھازىر ئۇ نەدە؟

— ھە. يەنە بار تېخى. تۇنىڭ زۇمرەت دېگەن بىر سۆيگىنى بولغان. دەسلىپىدە تۇ تۇردۇن بىلەن بۇ يەرگە بىللە كېلىشكە تۇنىماي شەھەردە قاپتىمىشكەن. تۇردۇنمۇ تۇنىڭغا قىيداپ كارى بولماپتۇ. لېكىن تۇ قىز تۇردۇننىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى تۇققاندىن كېيىن. دەررۇ تۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ. ئوتتۇرىدا ئۈچۈپ كېتىشكە ئازلا قالغان ئۈمىد چىرىغىنى يېڭىباشتىن يورۇتۇپتۇ. تۇقتۇڭمۇ. مۇھەببەت دېگەن قانداق كۈچلۈك - ھە! ھەقىقىي مۇھەببەتنى ھېچقانداق نەرسە بۇزۇۋېتەلمەيدىكەن. ئاخىرى مېيىپ بولۇپ قالغان تۇردۇن بىلەن شەھەرلىك قىز توي قىلدى. قىزمۇ بۇتكىلىپ كەلدى. ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتكەن ئىدى. ئەشكىل تۇردۇننىڭ خىزمەتتە قىينىلىپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ. شەھەرگە. مۇۋاپىق بىر ئورۇنغا

يۈنكەپ قويۇشتى.

تۇرسۇنباينىڭ تۇردۇن تۇغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنلىرى تا بىر ھازاغىچە ئەنۋەرنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. تولار تاغنىڭ ئۇستىگە چىققاندىن كېيىن، ئەگرى ـ بۈگرى تاغ يولىدا قورامىلارنى ئايلىنىپ يەنە بىر ھازا ماڭدى ـ دە، بىر تىك قىيانىڭ بويىدىكى ئارچىزارلىقنى ئارىلاپ كېلىپ توختىدى:

— ئەنۋەر، كۆرۈۋاتامسەن؟ ئاۋۇ ياتقان نېمە؟ — تۇرسۇنباي قامچىسىنىڭ سېپى بىلەن تۇدۇلنى كۆرسەتتى. ئەنۋەر تۇ بەردىكى يوغان بىر تۈپ ئارچا تۈۋىدە ياتقان كۈلرەڭ مەخلۇقنى كۆردى.

— ئىتقۇ ئۇ؟

— بۆرىنى كۆرگەنمىدىڭ؟ — تۇرسۇنباي كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئالماي تۇرۇپ ئاتتىن چۈشتى.

— ھە؟!

— قورقما. ئۇ قاپقانغا چۈشۈپتۇ.

ھالسىرىغان بۆرە چىشلىرىنى سەت ھىڭگايتىپ تولارغا قاراپ خىرقىرىدى. ئۇ قاپقان قىسقان ئالدىنقى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق يۇلقۇندى ـ دە، بىر تۈپچى ئارچا كۆتىكىگە چىڭ بېكىتىلگەن قاپقان زەنجىرىنىڭ كۈچلۈك تارتىشى بىلەن ئۇڭدىسىغا يىقىلىپ يېتىپ قالدى.

— ئەركەك ئىكەن ـ دە. قاچالمايسەن ئەبلەخ! — تۇرسۇنباي چىندەك يوغانلىقتىكى بىر قىرلىق تاشنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىنى چەنلەپ تۇرۇپ، كۈچ بىلەن ئاتقان ئىدى. بۆرىنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چاچراپ چىقتى. مېڭىسى ماكچىيىپ كەتكەن بۇ بىرتۇغرا ئاچچىق ئىڭرىدى. بىر پەس ئۆزىنى ھەر يان تۇرغاندىن كېيىن، سوزۇلۇپ يېتىپ قالدى.

— يارايسەن تۇرسۇنباي ئاكا. يارايسەن!

— قاپقان دېگەن ئالامەت نېمە بۇ. ئۇ ئۆزىگە دەسسىگەن ھەر قانداق نەرسىنى قويۇپ بەرمەيدۇ. ھا. ھا. ھا...!

قوياش تاغ كەينىگە مۆكۈشكە باشلىدى. تۇرسۇنباي بىلەن ئەنۋەرنى ئىشىك ئالدىدا تۆمۈرقۇل قارشى ئالدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. بارمۇ سىلەر تاغ ئەزىمەتلىرى؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. تۆمۈرقۇلمۇ سەن؟ قارا سېنى...

تۇرسۇنباي بىلەن ئەنۋەر ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ھە. گەپ قىل. گەپ قىل. ئۆمىكە. قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭ ئۆزەڭ؟ — سورىدى تۇرسۇنباي ئاتلارنى خادىغا قاڭتۇرۇپ باغلاۋېتىپ. — ئۇ ياقلارنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— قانداق بولاتتى. سىلەر كۆرگەندەكلا. ئاقتاشلىقلارنىڭ رىسقى قاتتى تۇرسۇنباي ئاكا. كۆندە كۆرەش. توخماق. كۆندە ئازاب. ئېرخى ئىككى كۈن بولدى. ھاپىز شوجى ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتىمىش.

— ھە!؟ — چۆچۈپ كەتتى تۇرسۇنباي. — ئاڭلىغىنىڭ راستمۇ؟

— راستمۇ دەپ سورايسەن ـ دە. ئۇنىڭغۇن ئۆز قولىمىز بىلەن يەرلىكىگە قويغان تۇرساق.

— راست ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇما؟ — ئەنۋەر ئىشەنمىگەن ھالدا تۆمۈر قولدىن سورىدى. — نېمىشقا؟

— ئۇ ئەرەپلىرنى ئېتىق ئۇقالمىدۇق. ئىش قىلىپ، لىمغا سېلىنغان بىر ئارغامچا پارچىسى. يەردىكى ئىككى تال خىش ۋە ھاپىز شوجىنى يەرگە چۈشۈرگەن ئىككى ئادەم گۇۋاھچى ئىمىش. بەزىلەر كۆسۈرلىشىپ، ئېسىلىپ ئۆلگەن بولسىيا. بوينىدىكى سىرتماق ئىزىدا ئېتىق قان ئىزلىرى ئويۇپ قالغان بولار ئىدى دېيىشىدۇ. لېكىن گېپىنى تاشقىرىغا چىقىرالمايدۇ. قانداق قىلاتتۇق دەيسەن. يۈيۈپ، كىپەنلەپ جامقۇر كۆمگەندەكلا كۆمۈپ قويدۇق. ھەتتا ھازا ئېچىشقىمۇ رۇخسەت قىلمىدى. ھەي.

— نېمە دەپ رۇخسەت قىلمايدىكەن؟

— نېمە دەپ بولاتتى. شىۋىجىگجۇيىچى. خائىن ئۇنىسۇرغا كۆز يېشى قىلىپ ماتەم بىلدۈرۈشكە بولمايدۇ. ئۆز جىنايىتىدىن قورقۇپ، ئاممىا بىلەن قارشىلىشىپ ئۆلۈۋالدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھاڭگىرت پېيىدىنىمۇ قەدىرسىز. ئۇنداق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بىرسى بالدۇرراق ئۆلسە. بىزگە شۇنچە ياخشى دەيدۇ. ھېلقى ئەتىمىش دېگەن. كۆردۈڭلارمۇ.

— مەن ئىشەنمەيمەن! ھەممىسى قۇرۇق گەپ. ھاپىز شوجى ئۆلۈۋالمايدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ. ئۇنى كالتەكلەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشقان. يەنە ئېرخى يالغان مەيدان ياساپ. ئۇنى ئۆلۈۋالغان دېيىشكىنىنى. — ئەنۋەر ئېرخىمۇ قايندى.

— خوش ئەنۋەر. ئۆزەڭ قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟ يايلاققا كۆنۈپ قالدىڭمۇ نېمە. پارقىراپ سەمرىپ قاپسەنغۇ!

— كۆڭلۈمكى گۆش. سۈت. قايماق بىلەن بېقىۋاتسام سەمرىمەمتى ئەمسە.

— ياخشى. مەن بىر خوش خەۋەرنى ئېلىپ چىقتىم. يەنە بىر يامانراق خەۋەرمۇ بار.

— دېمەمسەن ئۇنى بالدۇرراق.

— ئالدىدا ئۈيۈڭگە باشلامسەن. ياكى تالادىلا قوغلامسەن مېنى؟

— ھوي. راست جۇرۇڭلار. مېنىڭ ئەخمەقلىقىمنى قارا. ئۈيگە

يۈز دېيىشىنىمۇ ئۇنۇتۇپ قىلىپ... يەڭگەڭ يوقمىكەن؟ قوندۇز. هاي قوندۇز. مەلەكزىنى نارت قىزىم! ئاپاڭ نەگە كەتتى؟

تورسۇنبايلارنىڭ ئالدىغا بەش - ئالتە ياشلىق قىز يۈگۈرۈپ كەلدى:

— ئاپام. يەنە بەش - ئالتە توخلا مالدىن بولۇنۇپ قاپتۇ. مەن ئىزدەپ كېلەي. توكلىرىڭنى ئوينىتىپ تور دەپ. كەتكەن. — قوندۇز مەلەكزىنى قايرىپ توردى. ئەنۋەر بىلەن تۆمۈرقول ئۇدۇلدىكى شىرداق ئۈستىگە كېلىپ تىزلىغان يوتقان - كۆرپىلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇردى. تورسۇنباي تولغىغا نارقىسىنى قىلىپ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر پۇتىنى پۈكلەپ ئولتۇردى.

— تېخى ئەتىگەندىلا سۆيگۈنۈڭدىن مۇنۇ تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. — تۆمۈرقول يانچۇقىدىن بىر پارچە تېلېگرامما قەغىزىنى ئېلىپ ئەنۋەرگە سۇندى.

— ئالدىراپ چىللاپتىغۇ سېنى. بەك سېغىنغانمۇ دەيمەن.

ئەنۋەر كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە پۈكلەنگەن قەغەزنى ئالدىرىماي ئېچىپ. ئۇنىڭغا كۆز يۈگۈرتتى: «ئەنۋەر. مەن ئانامنىڭ قېشىغا كەلدىم. تېز يېتىپ كېلىڭ. رىزۋان»

— تويىنى قىلىۋېتەيلى دەپتىمۇ؟ بىچارە قىز يالغۇزلۇق تارتىپتۇ - دە. — تۆمۈرقول تورسۇنبايغا قارىدى. تورسۇنباي ئۇنىڭغا:

— يامان خەۋەرنىڭ قايسى ئەمدى؟ گەپ قىلمامسەن. — دېدى.

— دىكتاتورا گۇرۇپپىسىدىكىلەر. بىر قانچە كۈندىن بۇيان ئەنۋەرنىڭ دېرىكىنى ئالالماي يۈرۈيدۇ. ئىزلىمىگەن يېرى يوق. ياتقىنىڭ ئەتراپىدا كۆز - قولاقلار كېچە - كۈندۈز ئايلىنىپ ئاۋارە.

— سەن ئۇنىڭ بۇ يەردىلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟

— ئىزنى قوغلاپ تاپىمايمەنمۇ. هى. هى. هى.... — تۆمۈرقول ئەنۋەرگە قاراپ كۈلدى.

— مېنى نېمە قىلماقچى ئىكەن ئۇلار؟

— نېمە قىلاتتى. ئۇتتۇۋېلىپ كۆرەش قىلمامدۇ. باش شتابتىن سەن توغرۇلۇق ئايرىم ئالاقىمۇ كەپتىمىش.

— باش شتابتىن؟

— قايسى كۈنى ئەتىمىش شۇنداق توقتۇردى. مەكتەپتە قالغانلىرىمىزنى قىستاۋاتىدۇ. بىر ياققا قاچۇرۇۋەتتىڭلار. بولمىسا ئۇچۇپ كېتەتتىمۇ. دەيدۇ. چەتكە قېچىش گۇرۇھىنىڭ ئەزە ئاغدۇرغۇچىسى دېگەن بىر قالپاقمۇ تەييار ئىكەن. تېخى.

— هە. ئەمدىزە. تو نېمىلەرنىڭ زەهەرلىك چاڭگىلى ئەنۋەرگە سوزۇلۇپتۇ - دە!

— خوش. ئۇرالىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — سورىدى ئەنۋەر.

— هەي. ئۇنى سورىساڭ بولاتتى. — تۆمۈرقولنىڭ كۆزلىرىگە ياش تولدى. — ئويلىسام. كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ. سۆزمەنلىكى بېشىغا چىقىدىغان ئوخشايدۇ. ئاڭلىساق. تىلى ئىششىپ. گەپ قىلالماي. سۇمۇ يۇتالماي قاپتۇمىش.

— هە. نېمىشقا؟

— بىر قېتىملىق ئايرىم كۆرەش يىغىنىدا. زاكونلىشىپ. تازا يىغىنىغا ئەككەن ئوخشايدۇ تو ئىجىسلارنىڭ. ئاخىرى. ئەتىمىش دېگەن ئىبلىس. تونى تۆۋرۈككە ئاڭدۇرۇپ قويۇپ. ئامبۇر بىلەن تىللىرىنى ئالدىغا تارتىپتۇ - دە. باسما مىقلارنى بېسىپتۇ.

— ئادەم ئەمەس. يىرتقۇچلار! جىلبۆرىلەر...! — ئەنۋەر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. تورسۇنباي چەكچەيگىنىچە تۆمۈرقولنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغانىدى.

— ئىسست. ئىسست... — دېدى تو ئەمەلەشكەن كۆزلىرىنى ئېرتىپ. — تىلى ناكا بولۇپ قالمىغىيدى. ئولتۇر. ئولتۇر ئەنۋەر. تۆزەكنى بىسۇال. — تورسۇنباي. ئەنۋەرنىڭ بېغىدىن تارتىپ ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى. — هازىرقى مۇهىم ئىش سېنى قوغدىۋېلىش. — دېدى تو بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن.

— سېنى بۇ ياققا چىققىنىڭدا بىرەرسى كۆردىمۇ تۆمۈر قول؟

— ياق. هېچكىم كۆرمىدى.

— ئەمىسە. ياخشى بوپتۇ. ئەنۋەر. سېنىڭ يايلاقتىكى «ساياهەت»لىرىڭ بۇگۈن ناياغلاشسۇن ئۇكا. مېنىڭچە تۆمۈرقول نىككىڭلار يەنە كېچىلەپ. تودۇل ناهىيىگە چۈشۈپ كېتىڭلار - دە. ئەتە ئەتىگەندە قانداقلا بولمىسۇن. ناشتىدىن بالدۇر تو يەردىنمۇ غايىب بول ۋە هېچيەردە هايال بولماي. رىزۋان قىزنى تېپ. شۇلارنىڭكىدە بىر مەزگىل تۆزەكنى دالدىغا ئال. قانداق دېدىم؟ تۆمۈرقول سەنمۇ ئەنۋەرنى ناهىيىگە يەتكۈزۈپ قويۇپلا. تاڭدىن بالدۇر نەدىن بولمىسا ناقتاشقا ئۇنىسەڭ بولمايدۇ. ئەنۋەردىكى تېلېگراممىنى سەن ئېلىۋال. تولار سورۇشتە قىلماي قويمايدۇ. بىز هېچنېمىنى كۆرمىگەن بولۇشىمىز كېرەك.

— توغرا مەسلىھەت بولدى. مەنمۇ شۇ خىيالنى قىلغانتىم. — دېدى تۆمۈرقول تورسۇنباينىڭ سۆزىنى ئەستىقلاپ. — ئەمدى ئەنۋەرنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشى پايدىسىز.

— مەن قاچقۇنلاردەك ياشايمەنمۇ؟! — دېدى ئەنۋەر قارشى چىقىپ.

— هازىر هېچ ئىلاجىڭ يوق. ئويلاپ باققىنا. قاراپ تۇرۇپ ئۇلارغا زىيانلىق بەدەل تۆلىگىلى بولامتىمۇ؟ شۇنداق. بەزى

چاغلاردا ئۆز خاھىشىڭنىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرۈشكىمۇ توغرا كېلىدۇ. ئاقتاشلىقلار سېنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بىزمۇ سېنى يوقلاپ بارىمىز. بىر ـ بىرىمىزنى تاشلاشمايمىز. جاھان تۈزەلگەندە يەنە بىرگە بولىمىز.

تۇرسۇنباي ئەنۋەرگە ئايرىلىش ئامىقى بېرىمەن دەپ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، سىرتتىن بىر قارا پاخلاننى يېتىلەپ كىردى ـ دە، قانىدە بويىچە يەنە قىلدۇرۇپ بوغۇزلىدى. ئولغىنىڭ ئاستىدا ئوت ئۇلۇغ كۆيمەكتە. قازاندا گۆش پۇرۇقلاپ قاينىماقتا... خىلۋەت يايلاقتىكى ئىزسىز سەيياھلار بىر دەمدىن كېيىنلا بۇ يەردىن غايىپ بولىدۇ.

## ئون ئۈچىنچى باب

ئاسماندىن ئالاي ئاينى،
قوينۇمغا سالاي يارنى.
ياردىن ئايرىلىپ يالغۇز،
قانداقمۇ ئىچەي چاينى.

ئىشىك ئالدىدا گۈلزارىم،
كېلىڭ گۈلزارغا دىلدارىم.
يولۇڭغا ئىنتىزار بولدۇم،
ئۆگزەمدىن قاراپ دائىم.

رىزۋان ئۆگزىدە ناخشا ئېيتقاچ يوينىنى سوزۇپ، يىراقلارغا سوزۇلغان ساي بويلىغا خىيلىغىچە قاراپ تۇردى. ئۇ شۇئىندىن چۈشۈپ، ئايۋانغا كىردى ـ دە، ئاتلىق ئۇخلاۋاتقان دولقۇننى نوقۇپ ئويغاتتى.

— دولقۇن، ھوي دولقۇن. تۇر ئورنۇڭدىن.

— بىر دەم ئۇخلىۋالغىلى قويغىنا ئاچا. — ئۇ ئېچىلمايۋاتقان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ يەنە چاپانغا باش قويدى.

— قوپە، قوپ دەيمەن. ئوغۇل بالا دېگەنمۇ ئۇخلاۋېرەمدۇ شۇنچە. ماڭا قارا ئويدان ئۆكام. مەن ساڭا بىر خوش خەۋەر ئېيتايمۇ. ئەنۋەر ئاكاڭ يولغا چىقىپتۇ. ئۇنىڭدىن تېلېگرامما كەپتۇ. بۈگۈن. يە ئەتە ئۆيگە چۈشۈپ قالىدۇ.

— ھە. راستما؟ — ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كۆزلىرىنى يۇغان ئاچقان دولقۇن ئاچىسىنىڭ قولىغا ئېسىلدى. — ئەنۋەر ئاكام كېلەمدىكەن؟

— سەنمۇ خوش بولدۇڭمۇ. ئالتۇن ئۆكام!

— خوشال بولمايچۇ. ئەنۋەر ئاكام كەلگەندە ئانامىمۇ قايتىپ كېلەمدۇ؟

نۇرخان ئون ئۈتىنچى دادۇيدىكى سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە يەتلەپ كەتكەندى.



— مەن ساڭا شۇنى دەيمەن، دولقۇن. سەن ھازىر قورسىقىڭنى ئوقلىۋېلىپ ھامماچاملارنىڭكىگە بارغىن ـ دە، ئانامغا ئەنۋەر ئاكام كېلىدىكەن دېگىن. كەچقۇرۇن قايتىپ كېلىڭلار بولامدۇ؟

— ماقۇل. — دولقۇن سۇپىدىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، يالىڭاياق پۇتلىرى بىلەن ھويلىغا چىقتى.

— توختا، ھوي. چاي ئىچۋال.

— ياق. نان ئېلىۋېلىپ يولدا يەپ ماڭىمەن.

— ئالدىراڭغۇ شەيتان. — رىزۋان داستىخاندىن بىر پارچە قوناق نېنى ئېلىپ دولقۇنغا تۇتقۇزدى. — يولدا بالىلار بىلەن سوقۇشما ـ ھە.

— ئۇلار بوزەك قىلسىچۇ؟ — ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، تومشۇقىنى ئۈچلاپ، ھەدىسىگە ھەييارلىق بىلەن قارىدى ۋە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا «پارت» قىلىپ قېچىپ دەرۋازىنىڭ ئۇۋىدە غايىپ بولدى.

— ئاستا ماڭ دەيمەن ھەي ئالۋاستى!

رىزۋان چېلەكنى كۆتۈرۈپ، مەھەللىنىڭ يېشىدىكى كۆل بويىغا كېلىپ توختىدى ۋە چوڭ يولغا ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. يىراقتىن يالغۇز بىر ئادەمنىڭ قارىسى كېلىۋاتاتتى. ئەنە كېلىۋاتقىنى جەزمەن شۇ. رىزۋاننىڭ قاراۋېرىپ كۆزلىرى تالدى. يىراق كېلىۋاتقىنى باشقا بىر كىشى — بېشىدا ئاق رومىلى بار ھالسىز بىر موماي بولۇپ چىقتى. رىزۋاننىڭ تاقىتى تاق بولدى ـ دە، چېلەكنى كۆتۈرۈپ يولغا يۈزلەندى. دەل شۇ چاغدا ئۈمىدلىك كۆزلىرى يىراقتىكى بىر يالغۇز چېكىتكە. چۈمۈلىدەك مىدىرلاۋاتقان بىر گەۋدىگە چۈشۈپ قالدى. دەرۋەقە بۇ گەۋدە سەپەر سومكىسىنى يەلكىگە ئېسىۋالغان ئەنۋەر بولۇپ چىقتى.

ئىككى يىل. ھىجران ۋە سېغىنىشنىڭ سانسىز مىنۇتلىرى بىلەن تولغان ئىككى يىل رىزۋاننى قانداق قىسمەتلىرى بىلەن بەزلەپ كەلگەندۇ ـ ھە؟ رىزۋان جىداپ تۇرالمىدى. ئۇ تارامالاپ ئۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى ئېرتئۇيشىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئەنۋەرنىڭ قوچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.

نۇرخان چۈشتە ئۆيگە ھاسراپ ـ ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلدى. كۆزلىرىدە شادلىق نۇرى ئوينىغانىدى. ئۇ ئەنۋەرنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ئۇ. گەپنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى.

— بار ـ يوق بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي ئەنۋەرجان. — دېدى ئۇ داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ. — رىزۋان ئىككىڭلارنىڭ ئىشىنى ئىلگىرى قىلايلى بالام. ئۇ ئىشىمىز كەم.

بۇ تەيیارلىقىمىز پۈتمىدى دېسەك بولمايدۇ. باشقا چاغ بولسىغۇ بىر تۈرى. هازىرقى كۈندە. ئەنە قانداق ئىش بولىدىغانلىقىنى بىر خۇدا بىلىدۇ.

ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن ئەنۋەر ئارتۇقچە تارتىشىپ ئولتۇرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار توي تەرەددۇتىغا كىرىشىپ كەتتى. نۇرخان بارىنى ئايىماي. يوقنا كايىماي دېگەندەك ئۈچىنچى كۈنى ھەممە ئىشلىرنى توغرىلاپ بولدى - دە. ئەھلى - مەھەللە. تۇرۇق - تۇغقان ۋە يۇرتنىڭ ئاقساقاللىرىنى ئېيتىپ. چىرايلىققىنە توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

ئوتلۇق ۋىسالنىڭ خەيرلىك كېچىلىرىگە ئۇلاشقان ئەنۋەر بىلەن رىزۋاننىڭ بىر - بىرىگە ئېيتىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئايرىلىپ ياشىغان ئىككى يىل ئۇلارغا ئۇزۇناق بولغان ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەرنى ساقلاپ قويغانىدى. ئۇلار گۈزەل ياشلىقنىڭ مۇشۇ بەختىيار مىنۇتلىرىنى. قانچە يىللاپ كۈتكەنىدى - ھە؟ ئوت كۆز بىلەن كۈتكەن بۇ مىنۇتلار ئاخىرى يېتىپ كەلدى. تەقدىر ئۇلارنى مۇرادىغا يەتكۈزدى. ئەمدى ئۇلار مۇشۇ مىنۇتلارنىڭ ئۇزاق. ياق. مەڭگۈ مۇشۇنداق داۋاملىشىشىغا تەشنا ئىدى...

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. نۇرخانلارنىڭ ئۆيىدىكى چىراق ئاللىقاچان ئۆچكەن. ئەنۋەر تاتلىق ئۇيقىغا غەرق بولغان ئايسىز بىر كېچە ئىدى. ئۇشتۇمتۇت دەرۋازىنىڭ كەينى - كەينىدىن قېقىلىشى تېخى ئۇخلىمىغان رىزۋاننى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇردى - دە. ئايۋاننىڭ ئوچۇق ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ سورىدى:

— كىم؟

— مەن. — بۇ شۇنچە تونۇش ئاۋازدەك قىلدى. — ئىشىكنى ئاچقىنە رىزۋان!

— ۋىيەي، زەينەپقۇ! — رىزۋاننىڭ تېنى بىر ئاز شۈركەندى - دە. ئۇيلاپ قالدى. ئۇ. بۇ كېچىدە قەيەردىن كېلىپ قالغاندۇ؟

زەينەپ رىزۋانلارنىڭ ئۆيىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ يېزىسىغىمۇ مۇشۇ مەھەللىدىن ئۆتەتتى. رىزۋان دەرۋازىنىڭ ئىلگۈچىنى چىقاردى.

— رىزۋان. ياخشىمۇ سەن دوستۇم؟ — زەينەپ نەچچە يىلدىن بېرى رىزۋان بىلەن بۇنداق ئىللىق كۆرۈشمىگەنىدى. رىزۋان تېخىمۇ ھەيران بولدى ۋە سالامدىن كېيىن ئۇنىڭغا:

— ئۆيگە كىر زەينەپ. — دېدى.

— ياق. شۇ يەردىلا كەتمەكچىمەن ئاداش.

— نېمە؟ بۇ كېچىدە ئۆيۈڭگىمۇ خېلى بارغۇ. قاچان كېلىۋېدىڭ؟

— ياق. كەتمىسەم بولمايدۇ رىزۋان. بىر مۇھىم خەۋەر بىلەن

[illegible]

قېشىڭغا كېلىشىم. — ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپ. دەرۋازىنىڭ كەينىدە توختىدى. — بۈگۈن چۈشتە مەنسۇر مېنى مۇشۇ گۇڭگۇشىغا چايغا ئېلىپ كەلگەن. بايا ئولتۇرۇشتا گەپتىن - گەپ چىقىپ بىرەيلەن ئىككىڭلارنىڭ توي قىلغانلىقىڭلارنى ئېيتىۋىدى. مەنسۇر شۇ ھامان ئۆيىنى بېشىغا كېيىپ ئېپرلاپلا كەتتى. ئۇ بىر چاغدا كىمگىدۇر تېلېفون بېرىپ. ئەنۋەرنى تۇتۇپ كېتىشكە ياردەملىشىشنى ئېيتتى. مەن دەرھال بىر ئىشنى باھانە قىلدىم - دە. ھويلىغا چىقىپ. سىنىڭ ئۆيۈڭگە چاپتىم. رىزۋان. ھەر ھالدا سەگەك بولۇڭلار دوستۇم.

— زەينەپ! — رىزۋان زەينەپنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتىۋالدى.

— ئۇ يىرتقۇچلارنىڭ ھەر قاچان كېلىپ قىلىش ئېھتىمالى بار. ئەنۋەرنى بۈگۈن كېچىدىن ئۆتكۈزمەي دالدىغا ئالغىن. خەير - خوش. مەن كەتتىم.

زەينەپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى.

رىزۋان ئىشىكنى بېكىتىپ قايتىپ كىردى. ئۇ لامپىنى ياقماقچى بولۇپ. ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە تال سەرەڭگە چاقتى. لېكىن سەرەڭگە رىزۋاننىڭ توختىماي تىترەۋاتقان بارماقلىرى ئارىسىدا ئۆچۈپ قالاتتى. ئۇ ئاخىرى لامپىنى يورۇتتى. ئەنۋەر ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز يېنىك - يېنىك نەپەس ئېلىپ ئۇخلىماقتا. رىزۋاننىڭ ئەنۋەرنى ئويغاتقۇسى كەلمىدى. بەلكى ئۇنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك چىرايىغا ئۇزاقىچە تىكىلىپ قارىدى ۋە ئالقىنىنى ئەنۋەرنىڭ پېشانىسىگە قويدى. ئەنۋەر ئويغىنىۋاتقان ھالدا بىر يېنىغا ئۆرۈلۈپ نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك قوللىرىنى سوزدى. ئۇ رىزۋاننىڭ يېنىدا بولۇقىنى سېزىپ كۆزىنى ئاچتى.

— ئورنۇڭدىن تۇرۇۋاپسەنغۇ رىزۋان. ھوي. يىغلاۋاتىسەنغۇ!؟

رىزۋان زەينەپنىڭ ھېلىلا يەتكۈزۈپ كەلگەن كۆڭۈلسىز خەۋىرىنى ئەنۋەرگە ئەسلىكتە سۆزلەپ بەردى.

— ھە. شۇ گەپكىمۇ ئېسەدەپ ئولتۇرامسەن؟ سەن بالا - قازالارنىڭ ھامان بېشىمىزدا ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى بىلمەيتتىڭمۇ.

— ياق. ياق! ئۇنداق دېمەڭ. مەن...

— ئۇلار مېنى تۇتۇپ كەتمەكچى بولغان ئىكەن. ئامال قانچە. ئاقتاشتىن قېچىپ كەلدىم. ئېيتقىنا. ئەمدى يەنە نەگە قېچىش مۇمكىن؟

— ئەنۋەر. ئەنۋەر بۇنداق دېمەڭ. — رىزۋان ئەنۋەرگە مەھكەم يېپىشتى. — جاھاننىڭ قويىنى كەڭرى. بىر ياققا كېتەيلى. مەن سىز بىلەن كېتىمەن ئەنۋەر!

شۇ ھامان تالادا ماشىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بىر پەستىن

[illegible]

كېيىن ئىشىك قالايمىقان ئۇرۇلۇشقا باشلىدى.

— كىم بۇ؟! بۇ كېچىدە نېمە ئىشىڭلار بار؟! — بۇ نېرىقى ئۆيدىكى ئۇرخاننىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئىشىكنى ئېچىڭ، شەھەردىن چىقتۇق، ئۆي نەكشۇرىمىز.

— نەدىن كەلگەن بولساڭلارمۇ، تاڭ ئاتقاندا كېلىڭلار. ئۆي نەكشۇرىمىش تېخى!

— گېپىڭىزنى قويۇپ، ئىشىكنى ئېچىڭ دەيمەن!

— تاڭ ئاتقاندا كەلسەڭلەرمۇ بىز بىر ياققا قېچىپ كەتمەيمىز.

ئەنۋەر رىزۋاننى باغرىغا مەھكەم باستى ۋە ئىشىكتىن يۈلەپ تۇرۇپ قارىدى:

— مانا قارا، ئۇلار كەلدى. سەن چىداملىق بولغىن جېنىم. ماقۇلمۇ، كۆزۈڭدىن ئەمدى ياش چىقارغۇچى بولما. مەنسۇر سېنىمۇ ئامان قويماسلىقى مۇمكىن. لېكىن ساڭا ئىشىنىمەن. ئىلاجى بار، ئاپاڭنىڭ يېنىدىن قوزغالمىغىن. ئۇ بىچارە چىدىيالمايدۇ.

ئاخىرى دەرۋازىنىڭ ئۇلگۈچىكى قومۇرۇلۇپ چۈشتى. ھويلىغا يەتتە ـ سەككىز كۆلەڭگە باستۇرۇپ كىردى. ئەنۋەر ئالدىراپ كىيىندى ـ دە، ھويلىغا چىقتى.

— كىم سىلەر؟

— ھە، ئەنۋەرجانمۇ سىز؟ كۆرۈشۈپ قويايلى، — بۇ ئۇيغۇننىڭ ئاۋازى ئىدى، — قارىماسىز بۇ كېلىشمەسلىكنى. بىز پەقەت سىزنى دەپلا چىققاندۇق. بۇ ئايلام دەرۋازىنى ئېچىۋەتكەن بولسا، بۇ ئىشىكمۇ ئۇرۇلۇپ چۈشمەيتتى.

— بۇ كېچىدە ئەنۋەرجان بىلەن نېمە ئىشىڭلار بار ئىدى؟ — دېدى ئۇرخان غەزەپتىن بوغۇلۇپ.

— باشقا ئىش يوق ئايلا، ئۇنىڭدىن سورايدىغان ئازراق گەپ ـ سۆز بار ئىدى. ھى... ھى...

— گېپىڭلار بولسا، مۇشۇ يەردىلا سوراڭلار. ئەنۋەرجان بارالمايدۇ. چىراقنى كۆتۈرۈپ چىققىنا رىزۋان، بۇلارنىڭ چىرايىنى بىر كۆرۈۋالاي!

— ئەنۋەر بارسۇن، — دېدى رىزۋان ۋە ئۆيدىن ئەنۋەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى بىر بوپىغا يۆگەپ چىقتى.

— ھە، شۇ ئەمەسمۇ، جاھىللىقتىن پايدا يوقتە. ھە راست رىزۋانگۈلمۇ بۇ يەردىكەنغۇ، ھى...ھى... ھى... توپۇڭلارغا مۇبارەك بولسۇن.

— بولدى، تولا بىلجىرلىماڭ! قېنى ماڭمامسىلەر.

— ئەنۋەرجان! — ئۇرخان ئەنۋەرنىڭ قولىغا ئېسىلغانىدى.

قولى مۇزدەك سوغۇق بىر پارچە تۆمۈرنى تۇتۇۋالدى. ئۇ ئەنۋەرنىڭ قولىدىكى كويزا ئىدى، — بالام...!

— ئاپا، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ. مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولالمىدىم، كەچۈرۈڭ.

— ئەنۋەركا! — ئۆيقىسىدىن چۆچۈپ ئويغانغان دولقۇن ھويلىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي، يوسۇغدا بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن، يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، ئەنۋەرگە ياماشتى، — ئەنۋەركا، نەگە بارىسىز؟ كەتمەڭ دەيمەن ئەنۋەركا.

— دولقۇن، ئاپاڭنىڭ، ئاچاڭنىڭ گېپىنى ياخشى ئاڭلىغىن ھە، مېنى يوقلاپ پات ـ پات بېرىپ تۇرغىن، بولامدۇ. رىزۋان، ئاپا، خەير ـ خوش!

رىزۋان قولىدىكى بوپىنى ئەنۋەرنىڭ قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويدى.

— خەير، كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ ئەنۋەر! — ئۇ ئىتتىرەپ تۇرغان گەۋدىسىنى ئەنۋەرنىڭ كۆكسىگە ياققان ھالدا، ئۇنىڭ كويزىلانغان قوللىرىنى مەھكەم قىستى.

## ئون ئۈچىنچى باب

باش شتابنىڭ ۋاقىتلىق تۈرمىسى ئەينى ۋاقىتتىكى مونچىنىڭ تاشلاندۇق بىناسىدا ئىدى.

قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرى ئەنۋەرنى كېچىسى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى ـ دە، بۇلۇڭدىكى تار ئۆيگە كىرگۈزۈپ، قولىدىكى كويزىنى ئېلىۋەتتى. ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ ۋە زەي ئىدى. سېسىق ھاۋادىن ئەنۋەرنىڭ كۆڭلى ئاينىدى. ئۇ ئۆيۈشقان قول بېغىشلىرىنى ئۇۋاقىچە ئۇۋۇلاپ تۇگلۇكتىن چۈشكەن ئاي شولىسىغا قاراپ ئولتۇردى. خېلىدىن كېيىن تۈگلۈكتىن تاڭ يورۇقى چۈشۈپ، ئۆي ئىچىنى خىرە يورۇتتى. ئەنۋەر ئۆمۈچۈك تورلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن تورۇسلارغا ۋە توپا باسقان تاملارغا سەپ ـ سالدى. چىرىپ ئۇۋۇلۇشقا باشلىغان پىشىشىق خىشلارنىڭ يېرىقلىرىدا ئاچ چۈشا ۋە بۈرگىلەر تىمىسقىلاپ ئۆملەپ يۈرەتتى. ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا بىر دانە چېلەك قويۇلغان بولۇپ، ئۇ مەھبۇسنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. ئۇنىڭدىكى ئۆكۈپ تاشلانمىغان تەرەتتىن قارىغاندا، بۇ ئۆيدىكى مەھبۇسنى تېخى ئاخشام ئەنۋەرنى تۇتۇپ كېلىشتىن بۇرۇن ـ راق يۆتكەپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئەنۋەر يەنە تاملارغا دىققەت بىلەن سىنچىلاپ قارىدى: تامنىڭ يۈزىدە كىمنىڭدۇر قانغا مىلەنگەن بارماق ئىزلىرى قالغانىدى. بىر چاغدا ئەنۋەرنىڭ كۆزى «جاڭ يىلى» دېگەن خەنزۇچە پۈچۈركىگە قادالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى «جىغ!» قىلىپ قالدى. پۈچۈركىنىڭ ئۈستىدە

جاڭ يگنىڭ توز قولى بلەن تامغا جىجاپ يازغان مۇنتۇ ئككى كۇبلىت ئشبئرى تۇراتتى. خەتلەرنىڭ توسىخىنى ئەكشى ئەمەس. لېكن ئېنىق ۋە توغرا ئىدى:

غەزەبتىن ھۆكۈرەر كەلكۈننىڭ سۈيى.
نەرلەر تارتماقتا زاڭگار ئىشكى.
جاھالەت قولىنى چاقايلى دوستلار.
ئېچىلسۇن ھەممىگە باھار ئىشكى.

بۇ تۆمۈر رۇجەكلەر، سىملىق توساقلار.
قوياشنىڭ نۇرىنى توسالمايدۇ ھېچ.
ئادالەت ئىزدىگەن تولۇغ مەرتلەرگە.
كار قىلماس قانخورلار كۆتەرگەن قىلىچ.

ئەنۋەر جاڭ يگىنىڭ ئەرز قىلىش ئۈچۈن. بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ، بەختكە قارشى يولدا پويىز ۋەقەسىگە ئۇچراپ. ئېغىر جاراھەتلەنگەنلىكىنى ئاڭلىغان. ئەمما كېيىنكى ئەھۋاللاردىن ھېچقانداق خەۋىرى يوق ئىدى. «ھەر ھالدا ئۇمۇ ھايات ئىكەن. ھايات بولغاندىمۇ مۇشۇ تۈرمىنىڭ بىر ئۆيىدە يېقىنلا يەردە ئىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

بىر كۈن ئېبېتىنچ ئۆتتى. ئەتىسىمۇ ئەنۋەر بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئۇنىڭغا پەقەت ئەتىگەنلىكى بىر قاچا قوناق ئۇمىچى ۋە كەچتە ئىككى تال قوناق موموسى بىلەن بىر ھېجىر قايناق سۇ ئەكىرىپ بېرىشەتتى. ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلدى. مىلتىق ئېسىۋالغان ئىككىيلەن ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى-دە. ئەنۋەرنىڭ قوللىرىغا كويزا سالدى ۋە ئۇنى يالاپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇ تار كارىدوردىن ئۆتۈپ، ئوچۇقچىلىققا چىقتى. ئۇدۇلدا، كارىدوردىن ئەللىك مېترچە يىراقلىقتا بىر پىشىشىق خىشلىق بىنا تۇراتتى. ئەنۋەرنى شۇ بىنانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ توختاتتى-دە. بىرسى يۈگرەپ بىنانىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كەتتى ۋە ئانچە ھايال بولماي ئۇ يەردىن يېنىپ چىقىپ، ئەنۋەرنى باشلاپ ماڭدى.

ئەنۋەر بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىردى. ئۇدۇلدىكى شىرەنىڭ ئارقىسىدا بوغما قاپاقتەك سەمرىگەن مەنسۇرنىڭ گەۋدىسى تومپىيىپ تۇراتتى. ئەنۋەرنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامدا «ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىنىدۇ. جاھىللىق قىلغانلارغا قاتتىق چارە كۆرۈلىدۇ» دېگەن خەت يېزىلغان پىلاكات چاپلانغان. ياندىكى دېرىزىنىڭ تۈۋىگە كىشەن، كويزا، سىم قامچا، نىلون تانا، شامبۇر، توك كالتىكى، يامبۇك زىنجىرلار تاشلانغانىدى. مەنسۇر قوراللىق كىشىلەرگە قولىنىڭ كەينى بىلەن چىقىپ كېتىشنى ئىشارەت قىلدى.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— . . .

— ئىسمىڭ نېمە؟! — يەنە تەكرارلىدى مەنسۇر.

— مېنى كىم دەپ تۇتۇپ كەلگەن ئىدىڭلار؟ — سوئال بىلەن جاۋاب بەردى ئەنۋەر.

— ياۋاشراق بولساڭ بولارمىكىن ئەنۋەر! — مەنسۇر ئالدىدىكى بىر دەستە ماتېرىيال ئارىسىدىن. بىر ۋاراق قەغەزنى ئاختۇرۇپ تاپتى-دە. يەنە گېپىنى قىلدى. — خوش. بىز رەسمىي گەپكە كېلەيلى. مەن ساڭا تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ئوقۇتۇرىمەن. سەن ئويلىنىپ بىر-بىردىن جاۋاب بېرىشىڭ كېرەك. ھىم. بىرىنچى. جىنايەتچى غۇلام زاھىر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلەڭ؛ ئىككىنچى. غۇلامنىڭ ئەنزىسىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن. سېنىڭ يۇقىرىغا يازغان ئەرز مەسىلەڭ؛ تىڭشاۋاتامسەن؟ ئۈچىنچى. مەكتەپتە ئەكسىلئىنقىلابچى رۇستەم باشچىلىقىدا قۇرۇلغان پارتىيىگە قارشى تەشكىلات ئەھۋالى. تۆتىنچى. ئاقتاش گۇڭشېسىدا يېزىپ چاپلىغان قارا چوڭ خەتلىك گېزىت مەسىلىسى؛ بەشىنچى. ئاقتاشتا ئەترابىڭغا گۇرۇھ توپلاپ. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ كەينىدىن زەھەرخەندىلىك قىلىپ. پىتنە-ئىغۋا تارقاتقانلىق مەسىلىلىرىڭ؛ ئالتىنچى. چەت ئەلگە قاچقۇنچى ئۇنسۇرلارغا يان بېسىپ، ئىنقىلابقا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق مەسىلەڭ ھەمدە جىنايەتلىرىڭدىن قورقۇپ ئاقتاش گۇڭشېسىدىن قاچقانلىق مەسىلەڭ؛ يەتتىنچى بولسا. ھىم... زەينەپ بىلەن بولغان ئىنسلى مۇناسىۋەت مەسىلەڭ. ھە. ئۇقتۇڭمۇ؟ سۆزلە ئەمىسە.

— سىز مېنى سوراق قىلماقچىمۇ. ئۇنداق بولسا بىر-بىردىن سۆزلىشەيلى.

مەنسۇرنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلىدى. لېكىن چاندۇرماسلىققا تىرىشتى.

— خوپ. مەيلى بىر-بىردىن سۆزلىشەيلى. خوش جىنايەتچى غۇلام بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىڭ بار؟

— سەپداشلىق. دوستلۇق مۇناسىۋىتىم بار. شۇ.

— غۇلامنىڭ ئەنزىسىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرىغا نېمە دەپ ئەرز يازغانىدىڭ؟

— غۇلامنىڭ ئەنزىسى ناھەق ئەنزە، ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان.

— ناھەق ئىكەنلىكىگە قانداق ئاساسىڭ بار؟

— مەن تونى ئاللىقاچان تۈز خېنىمگە بازغان. تونىگدىكى پاكىتلار قولۇڭلاردا تورۇپتۇ.

سوراق شۇ نەرىقىدە ئىككى سائەتچە داۋاملاشتى. مەنسۇر ئاخىرىدا چىداپ تۇرالىمىدى، ئەنۋەرنىڭ قوللىرىنى قايرىپ باغلاپ، ئۇنى مىق قىقىلغان كالتەك بىلەن تورۇشقا باشلىدى. ئەنۋەرنىڭ كۆزى قاراڭغۇلاشتى ۋە يانغا قىيسىيىپ نام تۈۋىگە يىقىلىپ چۈشتى...

ئەنۋەر ھوشىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئۆيدە ياتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى. بېشىنى كۆتەرگەنىدى، بەدىنىدىكى جاراھەتلەر تۈز قويغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيگە ناتونۇش بىر ئادەم تاماق كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى:

— ئۆيىڭدىن تاماق كەپتۇ، يەۋېلىپ قاچىنى ئىلدام بوشىتىپ بەر! — دېدى ئۇ ۋە ئەنۋەرنىڭ قولىغا بىر پارچە خەت تۇتقۇزدى. ئەنۋەر ئىشەنمىگەن ھالدا بىر پەس تونىگغا قاراپ تۇردى ـ دە، خەتنى ئېلىپ دەرھال كىگىزنىڭ تېگىگە يوشۇردى. ئۇ داستىخاننى ئاچقانىدى، ئىچىدىن تېخى ھور چىقىپ تۇرغان بىر تەخسە پېتىر مانتۇ چىقتى.

— كېلىپ، ئاشقا بېقىڭ!

— بىزگە رۇخسەت يوق، — دېدى ئۇ ئادەم مىيىقىدا كۈلۈپ، — ئوبدان ئوزۇقلان يولداش، — ئۇ شۇلارنى دېدى ـ دە، ئاستا ئىشىكنىڭ تۈۋىگە كېتىپ قالدى. ئەنۋەر ئالدىراپ خەتنى ئاچتى ۋە يورۇققا تۇتۇپ ئوقۇدى: «سۆيۈملۈكۈم، سىزنىڭ تاياق زەربىسىدىن ئېغىر جاراھەتلەنگەنلىكىڭىزنى ئىشىپ ئاكامدىن ئاڭلاپ كۆڭلىمىز ناھايىتى بۇزۇلدى. ئامال قانچە، غەيرەت قىلىڭ، ئىشىپ ئاكام ياخشى ئادەم ئىكەن. ئۇ ئارقىلىق ئەھۋالىڭىزنى ئۇقۇپ تۇرىمىز. رىزۋان.»

— ئىشىپكا؟! — ئەنۋەر قولىدىكى خەتنى مەھكەم سىقىمدىغىنىچە قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى تولۇق بەستلىك بۇ ئادەمگە مېھرى بىلەن قارىدى، — سىز...

ئىشىپ مەنىلىك ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە قاچىلارنى ئېلىپ مېڭىشقا تەرەددۇتلاندى. ئەنۋەر بىردىن يادىغا كەلتۈردى:

— رىزۋان ئامانمۇ؟

— ھەئە. گەپ ـ سۆزۈڭ بارمۇ؟

— سالام ئېيتىپلا قويۇڭ، مەندىن ئەنسىرىمىسۇن، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسرىسۇن...

## ئون بەشىنچى باب

يانۋارنىڭ ئىزغىرىن شامىلى دەرەخ شاخلىرىدىكى قېتىپ قالغان غازمەك ـ غازمەك قارلارنى قېقىپ ئۆتەتتى. بىنالارنىڭ ئۆگزىلىرى ئاپئاق قېلىن قارغا كۆمۈلگەنىدى. كوچىدا ئادەملەر تويان ـ بويان ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئەنە كىمدۇر بىرى يولنى توغرا كېسىپ ئۆتمەكچى بولۇپ، مۇزغا تېيىلىپ كېتىپ يىقىلدى ـ دە، ئەترايقا قارىۋېلىپ قوپتى. باش سىلكىپ تۇرمىنىڭ ئالدىدىكى قېلىن قارغا كۆمۈلگەن ئوچۇقچىلىقتا كىشىلەرنىڭ تويان ـ بويان مېڭىشىدىن ھاسىل بولغان ئىنچىكە چىغىر يوللار گىرەلىشىپ ياتاتتى. ئۇستىگە كۆك خادانىدىن پاختىلىق چاپان ۋە پاختىلىق سېرىق شىم كىيگەن يىگىرمە بەش ياشلاردىكى بىر خەنزۇ قىزنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىغا ئالاھازەل بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىت بولدى. ئۇ تەكشى قىرقىلغان چاچلىرى ئۈستىدىن توپارەڭ ئوزۇنچاق تۆت شارپا ئورىۋالغان بولۇپ سوغۇقتىن ئىككى مەڭزى ۋە ئۇمشۇقى قىزىلمۇچتەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. قىز پات ـ پات سائىتىگە قارايتتى ۋە سىم توساقلىق قورونىڭ ئىچىگە تەشۋىش بىلەن كۆز سالاتتى. ئۇ رېزىنكە چەملىك خورۇم ئايىغىنىڭ ئۆكچىسىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ، سوغۇقتىن ئۇيۇشۇشقا باشلىغان پۇتلىرىنى ئىسسىتىشقا تىرىشاتتى ۋە تويان ـ بويان ماڭاتتى. ئۇ تېرە پەلىيىنى قولىدىن چىقىرىپ، قىرو تۇتۇلغان كىرپىكلىرىنى سۈرتتى ـ دە، ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىدىن كېلىۋاتقان بىر كىشىگە دىققەت بىلەن قارىدى. قارلىق چىغىر يولدا پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ كېلىۋاتقان بىر ناتونۇش ئايال تونىڭ يېنىغا ئىككىنچى بولۇپ كەلگەنىدى. تونىڭ قولىدا تور سومكىسى. سومكىنىڭ ئىچىدە داستىخانغا يۆگەلگەن قولاغلىق قاچا تۇراتتى. خەنزۇ قىز ئۇنى قاچانلاردۇر. بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىپ، ياخشىراق سەپسېلىپ قارىدى. بىراق ھېچ ئېسىگە ئالالمىدى. ئايال تونىڭ ئۆددىلىغا كېلىپ، ئىككى ـ ئۈچ قەدەمچىلا ئارىلىق ساقلاپ توختىدى ۋە ئىللىق سالاملاشتى.

— ياخشىمۇ سىز؟ — دېدى خەنزۇ قىز. — سىزنىڭمۇ بۇ يەردە بىرەر كىشىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

— يولدىشىمنىڭ بۇ يەردە يېتىۋاتقىنىغا ئالتە ئايدىن ئاشتى. تونى ھەر ھەپتىنىڭ بۈگۈنكى كۈنىدە بىر قېتىم يوقلاپ كېلىمەن.

— تونىڭ ئىسمى نېمە؟

— ئەنۋەر.

— ھە، ئەنۋەر دېدىڭىزما؟! سىز رىزۋان بولامسىز؟

— تونى توتۇيدىكەنسىز ـ دە.

— تونۇشمامدىغان، ئەنۋەر مېنى بىر بىلى لوكچەكلەرنىڭ

چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇلۇپ قالغان تۇرسا، ئۇنى ئۇنتۇپ قالغىلى بولامدۇ، جاڭ بىلىڭ ماڭا سىلەر توغرۇلۇق دائىم سۆزلەپ بېرەتتى.

— جاڭ مۇئەللىم سىزنىڭ...؟ ۋۇي، شياۋۋاڭ نەمەسمۇ سىز؟ ئوۋا، سىزنى بۇ يەردە ئۇچرىتىمەن دەپ خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن. قاراڭ سىزنى، ئويغۇرچىنى شۇنداق ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز، — رىزۋان شياۋۋاڭنىڭ مۇزدەك قوللىرىنى ئالقىنىغا ئالدى، — ۋاي - ۋۇي! توڭلاپ كېتىپسىزغۇ، بۇ يەردە تۇرغىنىڭىزغا خېلى ئۇزاق بوپتۇ - دە؟

— ھەئە، بۈگۈن ئۇنى تۈرمىدىن چىقىرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى. تاڭ ئاتقىچە ئويقۇم كەلمىدى. ئۈزەمنىڭ قانداقلارچە بۇ يەرگە ئەتىگەن كېلىپ قالغانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن دەڭا.

— جاڭ مۇئەللىمنى بۇ يەرگە قاچان قامىغانتى؟

— ھەي ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ قاماپ قويۇشقىنىغا بۈگۈن توپتوغرا يەتتە ئاي بولۇپ ئۈچ كۈن ئاشتى.

رىزۋان جاڭ يىگىنىڭ كېيىنكى ئەھۋاللىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى. شۇڭا شياۋۋاڭدىن سوراپ بىلگۈسى كېلەتتى. شياۋۋاڭ رىزۋاننىڭ كۆڭلىدىكىنى ئۇققاندەك، ئۇنىڭغا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

— جاڭ يىلىڭ پوبىزدا ھادىسىگە ئۇچراپ، پويىز ئىستانسىسى قارىمىقىدىكى مەلۇم بىر دوختۇرخانىدا بىر ئاي داۋالانغاندىن كېيىن، يەنە بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ گوۋۇيۇەنگە بېرىپ، زۇڭلى بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپتۇ. لېكىن زۇڭلىنىڭ ئىشلىرى جىجىدىنمۇ كۆپ بولغانلىقتىن. بۇنداق ئەرز ئېيتىپ بارغۇچىلار بىلەن قانداقمۇ بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ بولالىسۇن؟ جاڭ يىلىڭ ئائىلاج ئەرزىنى مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابىي گۇرۇپپىسىنىڭ نامىغا ئەۋەتىپ ئۇزى ئەرزىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ، بىر ئاي يېتىپتۇ. لېكىن ئۇ كۈتۈلمىگەن يەردە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا ھۇجۇم قىلىپ، قارا ئەرز سۇنغۇچى» دېگەن قالپاق بىلەن شىنجاڭغا قايتۇرۇلۇپ كېلىنىپتۇ - دە، مۇشۇ تۈرمىگە تاشلىنىپتۇ.

— ھەي، بىچارە مۇئەللىم كۆپ ئازاب تارتىپتۇ - دە.

— ھازىر ئۇنىڭغا ئوخشاش دەرد تارتىۋاتقانلار ئازمۇ رىزۋان. ھە - راست، سىزدىن بىر ئىشنى سورىسام. كۆڭلىڭىزگە كېلەرمۇ؟

— سوراۋېرىڭ شياۋۋاڭ.

— ئاڭلىسام، سىزنى يۇرۇقى خىزمەت ئورنىڭىزدىن مەنسۇر سىلىڭ يۆتكەپ كەتمىش. راستمۇ؟

— ئاڭلىغىنىڭىز توغرا. ئۇ ماڭا سىلىگىۇ ئىشخانىسىنىڭ كاتىبات باشقارمىسىغا كېلىپ خىزمەتكە چۈشۈشنى ئۇقتۇرغان. ھەتتا ئۆزىمۇ مەن بىلەن سۆزلەشتى.

— سىز خىزمەتكە چۈشتىڭىزمۇ؟

— قىزىق، مەن ساراڭ بولۇپ قالدىممۇ.

— رىزۋان، ئۇنىڭ سىزنى يۆتكەپ كېلىشىدە قانداق مەقسەت باردۇ - ھە؟

— مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق.

— ھە، مۇنداق دەڭ! — رىزۋان بۇ توغرۇلۇق سۆزلىشىشنى خالىمىغان بولسا كېرەك. گەپنى يەنە جاڭ يىگىغا يۆتكىدى.

— شياۋۋاڭ، جاڭ مۇئەللىمنى ئۇلار ئەمدى قانداقچە چىقىرىدىغان بولۇپ قالغاندۇ؟

— مەنمۇ شۇنى ئويلايمەن، ئۇ ساق بولسا، چىقارماسلىقى تۇرغان گەپ ئىدى.

شۇ ئەسنادا تۈرمە دەرۋازىسى غاچىلداپ ئېچىلدى. ئىچكىرىدىن ئىككى ئادەم نوسۇلكا بىلەن بىر كىشىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. شياۋۋاڭ بىلەن رىزۋان تەڭلا ئۇلار تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— شياۋجاڭ، شياۋجاڭ! — شياۋۋاڭنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى، — كۆزىڭىزنى ئېچىڭا، شياۋجاڭ...

— جاڭ مۇئەللىم، مۇئەللىم!

جاۋغايلىرىدا قان داغلىرى قېتىپ قالغان جاڭ يىلىڭ نوسۇلكىدا ھوشسىز ياتاتتى. رىزۋان جاڭ يىگىنى يوتقان بىلەن چۈمكەپ يېپىپ قويدى.

— شياۋۋاڭ، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ئۇدۇل دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىڭ. مەن ھازىرلا يېتىپ بارىمەن.

رىزۋاننىڭ قولىدىكى ئاماق قاچىسىنى ئاتونۇش تۈرمە خىزمەتچىسى ئالدى. شۇ چاغدا لىپىپ بىرسى بىلەن دەرۋازىدىن چىقىپ قالدى ۋە رىزۋانغا قاراپ بېشىنى مەنىلىك لىڭشىتىپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ ئەنۋەرنىڭ ئەھۋالى ياخشى، خاتىرجەم بول دېگىنى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن رىزۋاننىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى - دە، كەينىگە قايرىلىپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ بىر دوخمۇشتىن ئايلىنىپ، تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن تارچۇق بىر كوچىغا بۇرۇلدى - دە. ئازراق يۈرگەندىن كېيىن، چوڭ كوچىغا چىقتى. «دۇ. دۇ. دۇت!» ئارقا تەرەپتىن ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان جىپ ماشىنا رىزۋاننىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە قاتتىق تورمۇز قىلىپ رىزۋاندىن بەش - ئالتە مېتىرچە نېرىراقلىقتا توختىدى.

— ھوي، رىزۋانمۇ سىز؟

رىزۋان ماشىنىنىڭ كۆزنىكىدىن گۆشلۈك يۈزىنى چىقىرىپ قاراپ ئولتۇرغان مەنسۇرنى كۆرۈپ، يۈرىكى «قارت!» ئۆلۈپ قالدى. ئۇ [illegible] ھالدا.

پەرۋاسىزلىق بىلەن ماشىنىنى ياندىلاپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغانىدى، مەنسۇر ئىشىكنى ئېچىپ ماشىنىدىن چۈشتى.

— كۆرۈشۈپ قويايلى، ياخشىمۇ سىز رىزۋان؟

رىزۋان مەنسۇرنىڭ تەلەتىگە قاراپمۇ قويمىدى. مەنسۇر خۇددى خۇدىنى يوقاتقان چوشقىدەك، كالتە قوللىرىنى يانغا يېيىپ، رىزۋاننىڭ ئالدىنى توستى:

— كېلىڭ، ماشىنىغا ئولتۇرۇۋېلىڭ. بۇ سوغۇقتا پىيادە مېڭىش ئايال كىشىگە تەس ئەمەسمۇ، قېنى، قاراپ تۇرماڭ!

— رەھمەت، تولا كايىماي، يولىڭىزغا كېتىۋېرىڭ. — رىزۋان ئەنە بىلەن شۇلارنى ئېيتتى-دە، قولىنى سىلكىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— ھە، راست، زەينەپ سىز بىلەن كۆرۈشمەن دېگەندەك قىلىۋېدى. ئەگەر خالىسىڭىز...

رىزۋان زەينەپنىڭ دوختۇرخانىدا ئاغرىپ ياتقانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ زەينەپنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىنىڭ دوختۇرخانىغا زەينەپنىمۇ، جاڭ يىڭنىمۇ يوقلاپ بارىدىغانلىقىنى ئويلاپ قەدىمىنى توختاتتى.

— سىزمۇ دوختۇرخانىغا بارامسىز؟

— ھە، ھەئە، ئۇدۇللا شۇ دوختۇرخانىغا بارىمىز، كېلىڭ.

مەنسۇر ئارقىدا يالغۇز ئولتۇرغان رىزۋانغا بويىنى سىڭايان قىلىپ سەپسالدى. ئۇنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس سەپكۈل باسقان چىرايىدا ھامىلدار ئاياللاردا بولىدىغان روھىي ھارغىنلىق ۋە بىر خىل ئاچچىق ھاياجان ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. مەنسۇر رىزۋاننى بۈگۈنكىسى بىلەن ئۈچ قېتىم ئۇچراتتى. بىراق ھەر قېتىمقىسىدا ئۇنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە دۇچ كەلدى. ھەر ھالدا ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەي ئىشنى ئەپلەشتۈرىمەن دەپ ئويلىغان مەنسۇر. بۇ قولايلىق پۇرسەتنى قولدىن بېرىۋەتمەي ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقماقچى بولۇپ گەپ ئاچتى:

— ھامىلدار ئىكەنسىز - دە، رىزۋان؟

رىزۋان دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇۋەردى. مەنسۇر پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ئارقىسىغا ئۆرۈلگەنىدى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا رىزۋانغا قولىنى ئۇزاتتى:

— رىزۋان يېتەر ئەمدى، ئەنۋەرنى ئۇنتۇڭ. گۈزەل ياشلىق باھارىڭىزنى بىھۇدە...

— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسىز؟! سىز بۇنداق گەپلەرنى ئىككىنچى ئاغزىڭىزغا ئالغۇچى بولماڭ، — ئۇ شوپۇرغا ۋارقىرىدى:

— ھوي، دوختۇرخانىدىن ئۆتۈپ كەتتىڭىزغۇ.

— ...

رىزۋان — [illegible] توختىتىڭ، توختىتىڭ ماشىنىنى — [illegible] شوپۇرنىڭ يەلكىسىدىن سىلكىپ تارتتى. — ئاڭلاۋاتامسىز؟ توختاڭ!

شوپۇر مەنسۇرغا قارىدى.

— ھەيدە!

— نومۇسسىز ھايۋان! — رىزۋان مەنسۇرنىڭ يۈزىگە غەزەپ بىلەن بىر كاچات سالدى. — پاڭ بولۇپ قالدىڭمۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ شوپۇرغا. شوپۇر ئائىلاج ماشىنىنى ئاستىلاتتى.

— ھەيدىمەمسەن ئان قېپى!

مەگزى ھەرە چاقىقاندەك ئېچىشقان مەنسۇر زەردە بىلەن شوپۇرغا ھومايدى. شۇ ئارىدا رىزۋان دەرھال ئىشىكنى ئاچتى - دە، ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتى.

— ئېپلاس ئەبلەھ، سەنمۇ ئادەممۇ، يۈزسىز؟!

رىزۋان كېسەلخانىغا كىرىپ كەلگەندە، زەينەپ كارىۋاتتا يالغۇز ياتاتتى. ئۇ رىزۋاننى كۆرۈشى بىلەن، ئورنىدىن قوزغىلىپ ئولتۇردى.

— ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ، زەينەپ؟

— رىزۋان! كەل، ياخشىمۇ سەن دوستۇم، — زەينەپ كۆرۈنەرلىك ياداپ كەتكەن ۋە كۆڭلى پەرىشان كۆرۈنەتتى. ئۇ رىزۋاننى كۆرۈشى بىلەنلا، سىماپتەك تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىنى ئۇتالماي قالدى. — مېنىمۇ يوقلاپ كېلىدىغان كۈنۈڭ بولىدىكەن. رىزۋان. رەھمەت دوستۇم.

رىزۋان بىلەن زەينەپ ئۇزاققىچە مۇڭداشتى. بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى ئەھۋالى ئېغىر ھالدا كېسەلخانىغا ئېلىپ كېلىنگەن زەينەپنى مەنسۇر سىلىڭنىڭ ئايالى دەپ ئۇققان دوختۇرلار ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ئالىي ياتاققا ئورۇنلاشتۇرغان. لېكىن ئۇنى مەنسۇر بۇيرۇق قىلىپ ئاددىي ياتاققا يۆتكىتىۋەتكەنىدى. ئېمىشقىدۇر زەينەپنىڭ كۆز ياشلىرى توختىمايتتى. ئۇ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ رىزۋاننىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلىدى.

— رىزۋان، مېنى كەچۈر دوستۇم. مەن ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن، مەن ئازغان بىر بەختسىز.

— بولدى. ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسكە ئېلىپ نېمە قىلىسەن؟ تولا كۆز يېشى قىلما زەينەپ. كېسىلىڭنى كۈچەيتىۋالىسەن.

رىزۋان زىق بىلەن مەشنىڭ شادىسىدىن كۈللىرىنى چۈشۈرۈپ ئۈستىگە كۆمۈر سېلىپ قويدى. ئۇ زەينەپ بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ. كېسەلخانىنىڭ ئەرلەر ياتىدىغان تەرىپىگە ئۆتتى. كارىدور ئىشىكىنىڭ يېنىدا ئاق خالات كىيگەن نۆۋەتچى دوختۇر تۇراتتى. رىزۋان ئۇنىڭ قېشىغا يېقىنلاپ كەلدى:

— جاڭ يىڭ مۇئەللىمنىڭ قايسى ياتاقتا ئىكەنلىكىنى

بىلەمسىزكىن؟

— بۈگۈن تۈرمىدىن ئېلىپ كېلىنگەن كېسەلنى دەمسىز؟

— ھەئە.

— ئۇ ھازىر جىددىي ئوپېراتسىيىدە، سول يۈرىكى قاتتىق زەخمىلەنگەچكە ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

— ھە؟ ئۇ...؛ — رىزۋان چۆچۈپ كەتتى.

— ئوپېراتسىيە ھازىر نورمال كېتىۋاتىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ. يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن يوقلاپ كەلسىڭىز بولىدۇ.

— رەھمەت سىزگە. — رىزۋان كەينىگە يېنىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى ۋە چوڭ يول بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

## ئون ئالتىنچى باب

1969 - يىلنىڭ كۈز ئايلىرى. قوياشنىڭ ئۆتەك ئەپتى پايانسىز جاڭگاللىقنى تونۇردەك قىزىتىپ تۇراتتى. دۆۋە - دۆۋە قۇم بارخانلىرىغا كۆمۈلۈپ ياتقان قىزىل پوستلۇق يۇلغۇنلارنىڭ قويۇق شاخلىرى جاڭگالنى خىيالىي چۆچەكلەردىكى ئاللىقانداق سىرلىق تىلسىمات ئۆۋىسىغا ئوخشىتىپ تۇراتتى.

رۇستەم قولىدىكى كەتمىنى قۇمغا پاتۇرۇپ قويۇپ تەر تامچىلىرى قۇيۇلۇپ تۇرغان پېشانىسىگە قاداق باسقان تارشىدەك ئالقانلىرىنى سايىۋەت قىلىپ يىراققا كۆز تىكتى. ئۇنىڭدىن يۈز مېتىرچە نېرىدا تۈكلىرى ساڭگىلاشقان قېرى ۋە ئورۇق بوز ئېشەك ئوتلاپ يۈرەتتى. ئۇ يانتاقلارنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ ئۈزۈپ، ئېغىزىدا بىر ھازاغىچە مەززە قىلىپ چايناپ يۇتاتتى ۋە يەنە يانتاقلارنىڭ يۇمران پۇتاقلىرىغا تۇمشۇقىنى سوزاتتى. ئۇ تېزەك يۇراپ ھاڭراشنى ياكى تەلۋىلىك قىلىپ تويان - بويان يۈرۈشنى بىلمەيتتى. ئېھتىمال، تومۇ بىر چاغلاردا ھاڭراپ - قىيغىتىپ ئېگىسىنى بىزار قىلغان بولغىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭدىن ماغدۇر قاچقان، ئورۇقلىغان، قېرىلىق يەتكەن. كۆرۈمسىز غېرىپ بىر جاۋارغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇ ئۆمۈر بويى رۇستەمدەك رەھىمدىل ئادەمگە ئۇچراپ باقمىغان بولغىدى. ئۇنىڭ ھالسىز پۇتلىرى قۇمغا ياكى شورتاڭلىقلارغا پېتىپ قالغاندا، رۇستەم دەرھال ھارۋىنىڭ شوتىسىغا باندىشاتتى - دە، يۈكنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تارتىپ، ئۇنى ئېغىرچىلىقتىن قۇتۇلدۇراتتى.

رۇستەم كونىراپ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن ھارۋىنىڭ يېنىغا كېلىپ چاقنىڭ كالاك كەتكەن ۋە بىر قانچە تال سىمى ئۈزۈلگەن قاسقىنىغا بىر پەس سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئاللىقاچان چۇشۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، ئاچچىق تەر يۇراپ تۇرىدىغان ئۈستىبېشى، بېشىدىكى ئۆتكۈپ كەتكەن، چىمەن دوپپىسى ۋە پۇتىدىكى يىرتىلىپ بارماقلىرىنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇرغان سېرىق چورۇقى بۇ بەختسىز ئوقۇتقۇچىنىڭ جاپالىق ھاياتىغا گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى. ئۇ توپتوغرا يىگىرمە بىر ئاي قاراڭغۇ ئۆيدە سولىنىپ يېتىپ، تېخى بەش ئاي ئىلگىرىلا يورۇقلۇققا چىققان، يەنى ئىسيانچىلار رۇستەمنىڭ ئۆزۈككىنە «ئىقرار»ىغا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن. بۇ يىل ئەتىيازدا مۇشۇ كونا ھارۋا بىلەن ھېلىقى قېرى ئېشەكنى قولىغا بېرىپ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ناۋايخانىسىغا يانتاق توشۇش ۋەزىپىسىگە قويغانىدى. ئۇ كۈنلۈكى بىر ھارۋىدىن يانتاق چېپىپ كېلەتتى. گەرچە ئۇنىڭ كەينىدە دائىم بىر نازارەتچى بىللە بولسىمۇ، شۇندىن ئېتىبارەن رۇستەمنىڭ كۆڭلى قەپەزدىن چىققان تومۇزچۇقتەك يايراپ كەتتى. دەسلەپكى كۈنلىرىدە ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشىپ يۈرگەن ھېلىقى خەلق ئەسكىرى ئەتىگەنلىكى ھارۋىنىڭ ئوڭ تەرەپ جابدۇقىدا ئەييار بولاتتى - دە، جاڭگالغا بىللە بېرىپ، رۇستەم يانتاقنى چېپىپ بولغىچە يۇلغۇن سايىسىدا ئۇيقىسىنى يۇشۇراتتى. كەچقۇرۇنلۇقى پەنجىلەپ يىغىلغان يانتاقنىڭ ئۈستىگە كونا ئەديالنى قاتلاپ سېلىپ ئوبدان جايلىشىۋالاتتى. ئۇ ھارۋىنى ئېشەكنىڭ تارتالماسلىقى، ياكى رۇستەمنىڭ يانتاقلاردىن سۆرەپ چىقىرالماسلىقى بىلەن كارى بولمايتتى. بىراق، باھار ئاپتىپى ھەر قانچە كۈچسىز بولسىمۇ، قېلىن مۇزلارنى ئاستا - ئاستا ئېرىتىۋەتكىنىگە ئوخشاش، ھېلىقى توڭ چىراي ئەسكەرمۇ بۇ خۇشپېئىل، چېقىشقاق «ئۇنسۇر»غا بارا-بارا ئۆگىنىپ قالدى - دە، ھارۋىدىن چۈشۈپ بىللە ماڭىدىغان، يانتاقلىقلاردا ھارۋىنى بىللە سۆرۈشىدىغان، ھەتتا بەزى كۈنلىرى بازاردا قېلىپ، كەچقۇرۇنلۇقى يول ئۈستىدىن قوشۇلۇۋالىدىغان بولۇپ قالدى. مانا، بىر ھەپتە بولدى، ئۇ چۆل - جەزىرىلەردىن يەتكىدەك زېرىكتىمۇ ياكى مۇھىمراق ئىشى چىقىپ قالدىمۇ، ئەمدى رۇستەمنى يالغۇز قويۇپ نەگىدۇر كېتىپ قالدى.

رۇستەم ئۇدۇلدىن قۇملارنى كېچىپ ئېغىر قەدەم ئېلىپ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر بوۋاينى كۆردى ۋە ھەيران بولدى. «بۇ جەزىرىدە مەندىن باشقىمۇ ئادەمزات بار ئىكەن - ھە؟ نېمە قىلىپ يۈرگەن ئادەمكىنا بۇ؟»

بوۋاينىڭ قولىدا جىگدە ياغىچىدىن ياسالغان قوپال ھاسا تۇراتتى. ئۇ يېقىنلاپ كەلدى. رۇستەم ئورنىدىن تۇرۇپ بوۋايغا سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. تىنچلىقمۇ سەن بالام، — بوۋاي رۇستەمگە بىر ھازا سىنچىلاپ قارىدى. — ئوغلۇم، كۈنلۈكى يانتاققا كېلىسەن، كېتىسەن. يانتاقنى ھويلاڭغا سېپىل سوقامسەن

نېمە؟ — بەنىمىش باشلاردىن ھالقىغان بۇ بوۋاينىڭ گېپى يېقىملىق ھەم مىسابە ئىدى. ئۇ ھاسا تايىقىنى قوينىغا سانچىپ قويۇپ، ھېچ تۇرۇتسىزلا كۆلەڭگە ئاستىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ھە، سىزمۇ جاڭگالغا ھەر كۈنى كېلىدىكەنسىز ـ دە.

— چىڭ گەپ قىلمىساڭ ئاڭلىيالمايمەن، — ئۇنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرلەپ چىققانتى، — مەن كىچىكىمدىن تارتىپ مۇشۇ ياناقلىقتا ياشايمەن.

— نېمە ئىش قىلىسىز بوۋا بۇ يەردە؟ — رۇستەم ئۇنىڭ چىڭراق چىقىرىپ سورىدى.

— يادا باقىمەن. يادا....، — بوۋاي كىمنىڭ يادىسىنى؟ دېگەندەك ئاڭلىدى بولغاي يەنە تولۇپ تۇرۇپ دېدى، — كالىنىڭ بولمامدۇ. ئۆزەمنىڭ بىر تال چىچقاق ئوغلىقىمۇ يوق بالام، ياناقلارنى بازارغا ئاپىرىپ ساتامسەن ئۆزۈڭ؟

— يوقسۇ. نەشكىلگە ئوشۇيمەن.

بوۋاي چۆچىگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە رۇستەمگە تىكىلىپ قارىدى.

— مەن ئەسلى ئوقۇتقۇچى ئىدىم بوۋا! ئىنقىلاب باشلانغاندىن بۇيان ياناقچى بولۇپ قالدىم.

— ھىم...، — بوۋاي خېلى ئۇزۇنغىچە بېشىنى لىڭشىتىپ ئۈنچىقماي ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئۈچەك ئاقارغان ساقلى كۆزنىڭ كۆزىگەن يۈگلۈق مەيدىسىگە يەلپۈگۈچتەك تېگىپ تۇراتتى.

— بۇ جاڭگالنى ماڭا ئوخشاش قارا تۈزۈك ئادەملەرگىلا يارالغان دەپ ئويلايتتىم. ئەمدىلىكتىزە سىلەر ياناقچىلىق قىلساڭلار بالىلارنى كىم ئوقۇتىدۇ. كىم؟ مېنىڭمۇ ئىككى نەۋرەم بار ئىدى. ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان شۇمتەكلەر ئۆزى. ئۇ نېمىلەرنى ماڭا ئوخشاش كۆزى ئوچۇق كور بولۇپ قالمىسۇن دەپ سەككىز ـ ئون يىلنىڭ ئالدىدا ئۆز قولۇم بىلەن مەكتەپكە ئۆتۈپ بەرگەندىم. مانا ئەمدى. ئۇ ھارام تاماقلار ئۆيگە بولمايدىغان بولۇۋالدى. ئاڭلىسام، ئىنقىلاب قىلىدىكەن. ھەي. —بوۋاي ئاخىرقى سۆزلىرىنى زەردە بىلەن تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىراپ ئېيتتى. — ئەپەندى بالام. بىلەمسەنكى. ئۆلكە ئازاد بولغاندا مەنمۇ ئازاد بولدۇم دەپ خۇشلۇقۇمدا نەچچە كېچە ئۇخلىماي چىققاندىم. لېكىن ماڭا نېمە؟ ئاز ـ تولا خەت تونۇيدىغانلىرى كادىر بولدى. دۆيجاڭ بولدى. ماڭا ئوخشاش بىچارىلەرچۇ. ئۆتمۈشتە قايسى لاي ـ لايىنى ئېيتقان بولساق يەنە شۇ. — بوۋاي ئۆسكىلەڭ كىرپىكلىرىنى بىر پەس يۇمغاندىن كېيىن. كۆزىنى يوغان ئاچتى ـ دە. يىراقتىكى يۇلغۇنلۇقلار ئارىسىغا ئۇزاقتىن ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى. — جىنىڭمۇ بىر يۇتۇم گۆرگە ساڭگىلاپ قالدى. قۇلىقىم كۆمۈپ قويۇشار. لېكىن سىلەرچۇ. نەۋرىلىرىڭلارغىچۇ؟ شۇ ئاياق بىلەن مۇشۇ جاڭگال مىراس قالسا...، —بوۋاينىڭ ئۈنى بوغۇلۇپ قالدى ۋە ئولتۇرۇشقان قورغاق كۆزلىرى بىردىنلا نەملەشكەندەك بولدى. — مېنىڭ بۇياققا كېلىشىم، سېنى ئۇسساپ قالدىمىكىن دېدىم. ئاپتاپقىمۇ پىشىپ كېتىپسەن. ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىدۇ. خالىساڭ گەمەمگە بېرىپ سالقىداپ كەلگىن. ھەر ھالدا خۇدايىم يازدا كۆپتىكى مۇزدەك سۇدىن، قىشتا ئوتتۇن ـ چاۋارلاردىن ئايرىمىدى. بار نېمەمنى ئايىماي مېھمان قىلغۇچىلىكىم بار. خېلى مېھرى ئىسسىق يىگىت كۆرۈنىسەن ئوغلۇم.

— رەھمەت بوۋا. خۇدا بۇيرىسا، ئۇنىڭمۇ مۇرتى بولار.

— چۈل بولسىمۇ. بىزنىڭ مەھەللىنى كۆرۈپ كەلگۈچىلىكى بار جۇمۇ. ھەراست. بىزگە يېقى ـ يېقى ئادەملەر. خۇددى ئۆزۈڭدەك يىگىتلەر كۆچۈپ كېلىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ قوشنىدارچىلىقنى دېمەمسەن. ھاي ـ ھاي! تېخى ئۆتكەن ئايدا بەش ئۆيلۈك كادىر شەدىن چىقىپ مەھەللىمىزگە چۈشتى. سۆيسەن بولدۇق دېيىشىدىكەن. بىر ئېغىزلىقتىن كەپىمىزنى بوشىتىپ بېرىپ تۇردۇق. مېنىڭ ھويلامدا زاھىراخۇن دېگەن بىرەيلەن بار تېخى.

— زاھىراخۇن دېدىڭىزما، ئۆزى يالغۇزمىكەن؟

— بىر ئۆكلۈق قوشناچىمى بار دېمەمسەن. مەكتەپتە خانىم ئىكەندۇق. قىسقارتىۋېتىپتىمىش. زاھىراخۇنمۇ گۇندىخانىدا ئون ئىككى يىل ياتقانمىش. يەنە بىر ئوغلىمۇ گۇندىخانىدا ئوخشايدۇ تېخى.

— ھە، تۈرمىدىكى ئوغلىنىڭ ئېتى نېمىكەن؟

— بىر نېمە دېيىدىغۇ. ھېچ...، — بوۋاي ئۇنى يادىغا ئالالمىدى.

— غولام دېگەنمىدى ـ يا؟

— ھە. غولام. غولام! سەنمۇ تونۇشامتىڭ نېمە؟ — بوۋاي ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىن سۆزلەشكە باشلىدى. — زاھىراخۇننىڭ بېشىدا قالپىقى بار دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ قالپىقى بىلەن مېنىڭ چاتىقىم نېمە. ئۆزى بىر ئوبدانلا ئادەم تۇرامدۇ.

— بوۋا. ئەتە مېنى ھويلىڭىزغا باشلاپ بېرىڭ!

— خالىساڭ بۈگۈنلا بارغىن. كېتەلمىسەڭ، قوندۇرۇپ قالىمەن.

— ياق. ئەتە ئەتىگەندىلا. مەن قوتۇپ قالالمايمەن. بۈگۈن ئۇنىڭغا. رۇستەم دېگەن ياناقچى ساڭا سالام ئېيتتى. دەپلا قويۇڭ.

— ئوبدان، ئوبدان، كونا تونۇش ئىكەنسىلەر دە. ناھايىتى ئوبدان.

بوۋاي ئەتە ئەتىگەندە مۇشۇ يەردە ئوچرىشىدىغانلىقى توغرۇلۇق كېلىشىپ، رۇستەم بىلەن خوشلاشتى.

رۇستەم بۈگۈن ئادەتتىكىدەك سەھەر ئورنىدىن تۇردى. ئېغىلدىن ئېشەكنى ھەيدەپ چىقىپ، ھارۇىغا قوشتى - دە. ناۋاي-خانىنىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويۇپ، ئۆزى ئىچكىرىگە كىردى:

— بېرىدىغىنىڭلارنى بەرمەمسىلە سېلىم ناۋاي، مەنمۇ ئەتىگەنرەك ياناتاقتا ماڭاي!

سېلىم ناۋاي رۇستەمنىڭ ئەتىگەنلىك، چوشلۇك نورمۇقى ئۈچۈن ئىككى زاغرا بەردى. رۇستەم ھارۋىسىنى ھەيدەپ جاڭگاللىققا كەلگەندە بوۋاي ئاللىقاچان ئۇنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن.

— سىزنى تولا ساقلاتتىممۇ بوۋا. ماڭايلىمۇ ئەمسە.— دېدى ئۇ.

— ياق، توختا بالام. ئاۋۋال مۇنۇ ھارۋاڭغا ياناتاقلارنى چېپىپ. بېسىپ قويۇپ ئاندىن ماڭايلى. ئەكەل كەتمىنىڭنى. — بوۋاي ئۆزۈن چەكمەن چاپىنىنى سېلىپ. بىر توپ يۇلغۇننىڭ ئوسنىگە تاشلىدى ۋە كۆك بەلبېغىنى قىسقا كۆڭلىكى ئۈستىدىن باغلىۋالدى.

— رەھمەت بوۋا. ئۆززۈملا چېپىۋېتىمەن.

— ھەي. سەن مېنى قېرى دەپ كوززۈڭگە ئىلمايۋاتامسەن؟ قاراپ تۇر، مەن چاپقان ياناتاقلارنى يىغىپ ئۈلگۈرەلىسەڭ چوڭ گەپ، — بوۋاي كەتمەننى ئالدى - دە. ئارىدەك يوغان قوللىرىغا تۈكۈرۈپ قويۇپ. «يا بىسمىللا» دەپ كەتمەننى ئېگىز كۆتۈردى...

رۇستەم بىلەن بوۋاي تۈپىلىكلەرنى، يۇلغۇنلۇقلارنى ئايلىنىپ، يالغۇز ئاياغ يول بىلەن ئالاھازەل بىر سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن قويۇق توغراقلىقلار ۋە جىگدىلىكلەر ئارىسىدىكى پاكار سوقما تاملىق گۈگۈم مەھەللىگە كىرىپ كەلدى. مەھەللىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە ئىككى ياقىسىنى بوككىدە چاتقاللىقلار ئوراپ تۇرغان بىر كىچىك دەريا ئېقىپ تۇراتتى. نېرىقى قاتتا چەكسىز قومۇلۇق يېيىلىپ ياتاتتى.

بوۋاي تىكەنلىك جىگدە شاخلىرى بىلەن قاشالانغان يالغۇز قانانلىق شادا دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قورونىڭ ئىچى تېخى ئەتىگەندىلا سۈپۈرۈلۈپ سۇ سېپىلگەندى. چىتقا ئارتىلغان كاۋا پەلەكلىرىدە قازاندەك يوغان - يوغان سېرىق كاۋىلار ساڭگىلاپ تۇراتتى.

— زاھىراخۇن، سىلىگە مېھمان كەلدى! — بوۋاي يوغان ئاۋازى بىلەن ئىچكىرىگە قاراپ توۋلىدى. شۇ ئان ئىشىكتە ئوتتۇرا

بويلۇق، يەڭگىل لۇستىخان. كەڭ پېشانىلىرىگە سىزىقچىلار ئىز سالغان چار ساقاللىق قارامتۇل كىشى پەيدا بولدى.

— رۇستەم!

— زاھىركا! — زاھىر بىلەن رۇستەم سالام - سائەت قىلىشمىدى. ئەكەللىۋېلىۋق ئىبارىلىرىنى ئېيتىشىپ ئولتۇرمىدى. پەقەت ئۈنسىز قۇچاقلىشىپ، تۇزاققىچە باشلىرىنى بىر - بىرىنىڭ مۈرىسىدىن كۆتۈرمىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۇلاقلىرىدىن زۇمرەتتەك ئۈنچىلەر قونتاندەك ئېتىلىپ چىقماقتا. زاھىر رۇستەم بىلەن بوۋاينى ئۆيگە باشلىدى. سۇپىغا ئىككى پارچە قارا كىگىز ۋە بىر پارچە كونا تىكمەت سېلىنغان، تۆر تەرەپكە ئۆزۈن يەكەنداز ئىككى قاتلاپ تاشلانغانىدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بوۋاي دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ بەردى ۋە دۇئادىن كېيىن بىر ھازاغىچە تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى:

— خۇش. ئەھۋالىڭ قانداقراق ئوكا. خېلى ئوبدان تۇرۇۋاتامسەن؟ قارىداپ قالغىنىڭ بولمىسا. ناھايىتى ئوبدان تۇرۇپسەن جۇمۇ. مەن سېنى تېخى قېرىپ مۈكچىيىپ كەتتىكىن دەپ ئويلابتىم. ئۆي ئىچىڭ تىنچلىقتۇ. — دېدى زاھىر.

ھەسرەتلىك مۇڭدىشىش ئەنە شۇنداق باشلاندى. رۇستەم يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاقتاش ۋە ناھىيەدە بولۇپ ئۆتكەن ناھەقچىلىقلار ۋە غولامنىڭ قانداق ئۆتقۇن قىلىنغانلىقى. بۇ توغرۇلۇق ئۆزىنىڭ يۇقىرىغا يازغان ئەرز - شىكايەتلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى.

زاھىر سۆز ئورانىدىن قارىغاندا چوڭ مىجەزلىك ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ يۇرتىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ئۈستىدە تۇزاققىچە قايناپ سۆزلىدى. ئەمما ئۆزىنىڭ ئون نەچچە يىللىق تۈرمە ھاياتىدىكى ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى زادىلا تىلغا ئالمىدى. پەقەت غولامنى تىلغا ئالغاندا، چانقىدا ئولتۇرۇشقان قوڭۇر كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ قالدى.

كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغاندا رۇستەم ئورنىدىن قوزغالدى. ساھىبخانلار رۇستەمنى ئۇزىتىپ چىقتى:

— بۈگۈن سېنى جىڭ ئۇتمايمەن ئوكا. سەنمۇ قونۇپ قالالمايسەن. ئويىمىزنى كۆرۈۋالدىڭ، پات - پات كېلىپ تۇرغىن، ياناتاقچى يىگىت!

رۇستەم ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ مەھەللىدىن ئايرىلدى ۋە تېز - تېز چامداپ ياناتاقلىققا قاراپ كەتتى.

## ئون يەتتىنچى باب

مەنسۇر رىزۋاننى ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن ناھىيىگە يۆتكەپ كەلمىگەن بولسىمۇ لېكىن رىزۋان ئۇنىڭ ئەلەپلىرىگە

كۈنمىگەچكە ئۇنى بازارغا يېقىنراق بىر كوچىغا ئۆتتۈرا مەكتىپىگە ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى. رىزۋان ئاھىيىنىڭ تۈرمىسىدە قاملىپ ياتقان ئەنۋەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنىڭ بىر قەدەر قولايلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، شۇ مەكتەپتە ئىشلەپ قالدى ۋە يېنىغا ئانىسى بىلەن ئىنىسى دولقۇننى ئەكىلىۋالدى. ئۇ بۈگۈن ناھىيىلىك ھەربىي ئىدارە قىلىش ئىشخانىسى ئالدىدا تولۇق بىر كۈن ئولتۇرۇپ كەچتە سالپىيىپ قايىتتى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاغزىدىن بىر پېشقەدەم ھەربىي باشلىقنىڭ ئىشخانىدا ئامىمىنىڭ ئەرز. ئىنكاسلىرىنى ئىگىشايدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى.

— رىزۋان، سىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باقسىڭىزچۇ. — دېدى ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرسى. — ھالىڭىزغا يېتىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

— راست، ئەنۋەرنىڭ گېپىنى سىز قىلمىسىڭىز كىم قىلىشىپ بېرەتتى. ئەتىلا بېرىپ بېقىڭا رىزۋان.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانتىم. لېكىن ھەربىي ئادەم دېگەن چۈش مىجەز كېلىدۇ، دېيىشىدىكەن: ئاران تۇرغاندا كۆڭلۈمگە تەككىدەك بىرەر ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىپ تاشلىسا...

— بالا يىغلىمىسا، ئانىسى ئەمچەك سالامتىمۇ. ئېمىلكى بولسا، ھەربىي ۋەكىل بىلەن كۆرۈشۈپ باققىنىڭىز تۈزۈك. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنلەرمۇ ناھايىتى ياخشى مۇلايىم كىشىكەن دېيىشىدۇ. سىزگە رەھمى كېلىپ ئەرز ـ دادىڭىزنى ئاڭلاپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

بۇ گەپلەردىن كۆڭلى ئۈمىدلەنگەن رىزۋان ئەتىگەندىلا بۇ بەرگە كەلگەنىدى. بەختكە قارشى ئۇ كىشى ئىشخانىسىدا يوق بولۇپ چىقتى. رىزۋان ئۆيىدە قالغان بىر ياشلىق قىزى گۈلنازنىڭ ئەمچەك سىغىنىپ جوڭ ئانىسىنى خاپا قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، كەچ بولسىمۇ قايتىپ كەتمەكچى بولدى.

قاش قارايدى. رىزۋان تۈزۈن سايلىقتىن چىقىپ قەدەملىرىنى سەل ئاستىلاتتى ۋە قول ياغلىقى بىلەن تەرلەپ كەتكەن يۈز ـ كۆزىنى سۈرتۈۋالدى. ھەممە ياقنى تۈن قاپلاپ كەلمەكتە ئىدى. كېچىنىڭ ئېغىر جىمجىتلىقى ئۇنىڭ قورقۇنچىسىنى ئاشۇراتتى. ئۇ قويۇق بۇنجالىق ئارىسىدىكى قاراڭغۇ، تار توپىلىق يولغا چىقتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلماقتا ئىدى. خىياللار ئىچىدە كېلىۋاتقان رىزۋاننى تۇشتۇمتۇت نېرىدا كۆرۈنگەن بىر كۆلەڭگە ئەندىكتۈرۈۋەتتى.

— كىم؟! ... دېدى رىزۋان يۈرىكىنىڭ ...

دۈپۈلدەشلىرىنى ئاران بېسىپ.

— يولۇچىمەن، — دېدى ھېلىقى كۆلەڭگە بوغان ئاۋازى بىلەن. — ئەنۋەرنىڭ ئۆيى مۇشۇ مەھەللىدىمۇ قېرىنداش؟

رىزۋاننىڭ يۈرىكى سەل ئىزىغا چۈشكەندەك قىلدى ۋە دىدىللاشتى:

— بىزنىڭ بۇ يەردە ئەنۋەر ئىسىملىك كىشىلەر خېلى كۆپ، سىز قايسى ئەنۋەرنى ئىزدەيتتىڭىز؟

— رىزۋان ئىسىملىك ئايالى بار ئەنۋەرنى.

رىزۋان قىرغىزچە سۆزلەۋاتقان بۇ يوچۇن كىشىگە يىراقتىن زەڭ سالدى. ئۇنىڭ بېشىدا ئاق كىگىز قالپاق، مۈرىسىدە قىل خورجۇن تۇراتتى.

— سىز؟

— ئاغلىقلاردىن. — دەپ جاۋاب بەردى يوچۇن كىشى سەل ئېگىرقىغان ھالدا. رىزۋان دەرھال بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك بولدى.

— ئاقتاشتىن كەلگەن بولماڭ يەنە؟

— شۇ... شۇنداق!... سىز...؟

— مەن شۇ رىزۋان.

— ھە. رىزۋانمۇ سىز؟ تۇرسۇنباي دەپ ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز. مەن ئاقتاشتا سىزنى نەچچە رەت كۆرگەن.

رىزۋان ئۇنى تونۇمىغانلىقىغا خىجىل بولدى. لېكىن بىردىنلا روھلىنىپ. خۇددى يېقىن تۇغقىنىنى كۆرگەندەك سۆيۈنۈپ كەتتى.

— ياخشىمۇ سىز تۇرسۇنباي ئاكا. يۈرۈڭ. ماڭغاچ پاراڭلىشايلى. بۇ مەھەللىنى تېپىپ كەلگىچە تازا قىينىلىپسىزدە؟ ئەكىلىڭ خۇرجۇنى مەن كۆتۈرۈۋالاي.

تۇرسۇنباينىڭ ھاردۇقى چىققاندەك بولدى.

— بولدى قويۇڭ. ئۆزۈملا كۆتۈرىمەن. سىڭلىم. ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، بۇنداقمۇ ئوڭ كېلەرمۇ ـ ھە. ئەگەر سىز ئۇچراپ قالمىغان بولسىڭىز تالادا تاڭ ئاتقۇراتتىمىكىن ـ تاڭ. تۇۋا...

رىزۋان تۇرسۇنباينى باشلاپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ئەنۋەرنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر ئاقتاش خەلقىنى چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇلار ئەنۋەرنى ئاقلاش يۈزىسىدىن يۇقىرىغا بىر پارچە ئەرز يازدى ـ دە، ئەرزنىڭ ئاخىرىغا ھەممىسى دېگۈدەك قىزىل سۈرۈقا چىلانغان بارمىقىنى باستى. ئۇلار ئەرزنى سۇنۇش ۋە ئەنۋەرنىڭ ئائىلىسىدىن ھال سوراش ئۈچۈن كۆپ ئويلىشىپ ئاخىرىدا تۇرسۇنباينى تاللاشتى. «ھەممىمىز بارساقمۇ شۇ، بىرسىمىز بارساقمۇ شۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا بىزگە ۋەكىل بولۇپ سەنلا بارغىن،

تۈكە، — دېيىشتى ئۇلار، — ئۇنى-بۇنى دەپمۇ ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. شۇ بالىنى بىر يوقلاپمۇ بارالمىدۇق ئەمدى سەن بېرىپ ئۇدۇللا يۇرت كاتتىسىنىڭ قېشىغا كىر. نېمىدىن قورقاتتىڭ، بىر نېمە دېسە بىزنى كۆرسىتىپ قوي. قولىدىن كەلسە ھەممىمىزنى ئەنۋەرگە قوشۇپ سولاپ قويسۇن. ھەممىڭ بىرلىشىپ چەت ئەلگە قاچماقچىمەن. دەپ ئۆلگۈزەك ساۋىغاندىمۇ چىدىغاندۇق. يەنە چىدايمىز. يوق يەردىن تۈك ئۈندۈرۈپ بىر ئوبدان يىگىتلەرنى قاقشاتسا. بۇنىڭغا چىدىمايمىز...» تۇرسۇنباي چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننىڭ ئاشۇ ئۈمىدىنى. دوستلارنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىنى ئېلىپ ناھىيىگە قاراپ يولغا چىققانىدى.

رىزۋان تۇرسۇنباينى باشلاپ ئۆيىگە كىرىپ كەلگىنىدە، نۇرخان ئەۋرىسىنى قۇچىقىدا ئۇخلىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بالىنى ياتقۇزۇپ قويۇپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى ۋە مېھمان بىلەن سالاملىشىپ تۆرگە كۆرپە سالدى.

— ئاپا، — دېدى رىزۋان ئانىسىغا قاراپ شادلىنىپ، — بۇياق ئەنۋەرنىڭ تاغلىق دوستلىرىدىن.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئاقتاشتىن كەپتۇ. دېگىن. ئوبدان يۈردىلىمۇ مېھمان، ھەممەيلەن تىنچلىقمۇ؟ — مېھماننىڭ ئەنۋەرنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى بىلگەن نۇرخاننىڭ خۇشلۇقى ئىچىگە سىغماي قالدى ۋە ئالدىراپ داستىخان تەييارلىدى.

— ئەنۋەرنى ئۇنتۇمىغىنىڭلارغا رەھمەت تۇكام. يېتىمنىڭ يارى خۇدا دېگەنىدەك. ئىكەنىدەك يېتىم بالىدى. پېشانىسى ئەتىۋار كەلدىمۇ، بىلمىدىم، پىشكەللىككە ئۇچرىدى. مانا شۇ يىراق يەردىن ئاتايىن ئۇنى ئىزدەپ كەپلا.

— ئەنۋەرنى ئىزدەتكەن ئۇنىڭ ياخشىلىقى ئاپا. ياخشىلىق دېگەن يەردە ياتمايدىكەن. ئاقتاش خەلقى ئەنۋەرنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپ كۆرگەن. ئاقتاشلىقلار ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئارزۇسىنى يەيمىز. بىز ئۇ ئۇچرىغان بەختسىزلىككە. سىڭلىمىز رىزۋاننىڭ بېشىغا. چۈشكەن كۈلپەتلىك كۈنلەرگە ناھايىتى ئېچىندۇق.

داستىخاندىن كېيىن تۇرسۇنباي تاغ خەلقىنىڭ ئەنۋەرگە بوللىغان سوۋغاتلىرىنى داستىخانغا قويدى. ئۇنىڭدا سېرىقماي، قۇرۇت، بوغۇرساق قاتارلىق نەرسىلەرمۇ، ئەنۋەرنىڭ تويىنى قۇتلۇقلاپ ئەۋەتكەن بىرەر كىيىملىكتىن ئاددىي رەختلەرمۇ بار ئىدى. تۇرسۇنباي بىر قەغەز بولاقنى چىقىرىپ رىزۋانغا سۇندى.

— قۇرۇق كەلدىم، سىڭلىم ئەنۋەر ئىككىڭلارنىڭ تويىنى ئۆز قولىمىز بىلەن ئۆتكۈزىمىز دېگەن نىيەتتە ئىدۇق. قولىمىزنىڭ قىسقىلىقى ئۇنىڭغا يول قويمىدى. بۇ ئاز بولسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم. ئەنۋەر ئىككىڭلار كىيىپ قويۇڭلار.

— كاپىپسىلەر تۇرسۇنبايكا. رەھمەت! — نۇرخانمۇ دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان قىرغىز خەلقىنىڭ كۆڭلىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى ـ دە، كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالغان ھالدا دۇئاغا قول كۆتۈردى. تۇرسۇنباي ئۇلارغا ئاقتاشتا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئەنۋەرنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سورىدى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى بىرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى.

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەنلىكى رىزۋان بىلەن بىللە ناھىيىلىك ھەربىي ئىدارە قىلىش ئىشخانىسىغا باردى. رىزۋان ئانىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي گۈلنازنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇلار ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەندە رىزۋان ئىزدىمەكچى بولغان ھەربىي ۋەكىل تەرجىمانى ئارقىلىق يەنە بىر ناتونۇش ئادەم بىلەن قىزغىن ئەھۋاللىشىپ ئولتۇراتتى. ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان قىزىل يۈزلۈك. شالاڭ ساقال. بورۇتى پاكىز قىردۇرۇلغان بۇكىشى رەتلىك كىيىنگەن بولۇپ. تۇرقىدىن سالماقلىقى ۋە مۇلايىملىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ رىزۋان بىلەن تۇرسۇنباينى كۆرۈپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى ۋە ئولتۇرۇشقا ئورۇن كۆرسەتتى.

— سىلەر بىر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭلار؟ — دېدى ئۇ رىزۋان بىلەن تۇرسۇنباينىڭ ئالدىغا بىر ئىستاكاندىن چاي قويۇۋېتىپ. — قېنى چاي ئىچكەچ سۆزلەۋېرىڭلار.

رىزۋان ئاۋۋال ئالدىن يېزىپ تەييارلىغان ئەرزنى ھەربىي ۋەكىلگە سۇندى. ئاندىن بولىدىشى ئەنۋەرنىڭ بىگۇناھ تۈرمىگە تاشلىنىپ. ئىككى يىلدىن بۇيان تازابلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— سىز ئوقۇتقۇچىمۇ دەيمەن. — سورىدى ھەربىي ۋەكىل.

— شۇنداق.

— ئىسمىڭىز؟

— رىزۋان.

— ھە. سىز بايا. ئەنۋەرگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار بىر قىسىم ئادەملەر دېدىڭىز. ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— نېمىشقا ئېيتىپ بېرەلمەيدىكەنمەن. — دېدى رىزۋان جۈرئەتلىنىپ. ئۇ باشقا بىرسى ئەمەس. دەل مەنسۇر سىلىڭ!

— ئەپسىلەرەك سۆزلەپ باقسىڭىز.

رىزۋان ئاقتاش مەكتىپىدە بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار ۋەقەلەرنى. مەنسۇرنىڭ شۇ جەرياندا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى قالدۇرماي تەپسىلىي بايان قىلىشقا باشلىدى. ھەربىي ۋەكىل رىزۋاننىڭ دېگەنلىرىنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ دەم قوشۇمىسى تۈرۈلەتتى. دەم تاماكىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن شوراتتى.

بەزىدە سوئال سورايتتى. رىزۋان ئاخىرى ئۆكسۈپ يىغلاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

— كۆڭلىڭىزنى يۇمشاق رىزۋان، — دېدى ھەربىي ۋەكىل تەسەللىي بېرىپ، — پارتىيە ھامان بۇنداق ناھەق ئىشلارنى توغرىلايدۇ، خەلق ئاممىسى ھامان ھەقىقەت ئۈچۈن سۆزلەيدۇ. رىزۋان، سىز ئويلاپ بېقىڭ. ئادەمنىڭ بەدىنىدە پەيدا بولغان ئۆسمە كېسەلنى ھەر قانچە قاتتىق ئازابلىغىنى بىلەن ھامان بىر كۈنى ئېغىز ئالماي قالمايدۇ. مانا شۇ چاغدىلا ئۇ كېسىپ ئېلىۋېتىلسە، كىشىنىڭ ھاياتى خەۋپتىن قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن.

— باشلىقىم! — دېدى تۇرسۇنباي ئورنىدىن قوزغىلىپ قويۇپ، — مەن زالىمقار تىغى ئىچىكىدىن بايا رىزۋان تىلغا ئالغان ئاقتاش دېگەن يەردىن كەلدىم. بىز ئەنۋەر بىلەن مىللەتداش ئەمەس، لېكىن بىر يولدىكى سەپداشلارمىز. مانا بۇ، يولداش ئەنۋەرنى تۈرمىدىن بوشىتىش توغرىسىدا بىز ئاقتاشلىقلارنىڭ سۇنغان ئەرزى، — تۇرسۇنباي يانچۇقىدىن بىر لىپاپىنى ئېلىپ ھەربىي ۋەكىلگە بەردى. ھەربىي ۋەكىل لىپاپىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، خەتنى ئالدى - دە، تەرجىمانغا بېرىپ ئوقۇشقا بۇيرىدى. ھەربىي ۋەكىل ئەرزنى ئاڭلاپ بولۇپ بىر ھازاغىچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ قالدى. كىچىككىنە گۈلنازنىڭ ھەدەپ چۈلدۈرلاشلىرى سۆكۈتكە چۆمگەن ئىشخانىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئىتىكىدە تىنچ ئولتۇرماي يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى ۋە يۇدرۇق قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇپ تودۇلدىكى سېرىق چاپانلىق بۇ يوچۇن ئادەمنىڭ شەپكىسىدىكى قىزىل يۇلتۇزغا قاراپ كۈلەتتى. ھەربىي ۋەكىل بۇ ئوماق قىزنىڭ قىلىقلىرىغا ھەۋەس بىلەن بىر پەس تىكىلدى.

— بۇ سىلەرنىڭ قىزىڭلارمۇ؟

— ھەئە.

— دادىسى ئۇنى كۆردىمۇ؟

— نەدىكىنى. ئۇلار ئۇي قىلىپلا بىر ئايدىن كېيىن ئايرىلغان تۇرسا، — دېدى تۇرسۇنباي.

— يولداش رىزۋان، تۇرسۇنباي، سىلەرنىڭ ئەرزىڭلارنى چۈشەنگىلى بولىدۇ، — دېدى ھەربىي ۋەكىل، — بۇ مەسىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش كېرەك. چۈنكى، پارتىيە سىياسىتى ھەر قانداق مەسىلىدە بەڭگىللىك قىلىشقا يول قويمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، — ھەربىي ۋەكىلنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ قالدى. — ھازىرقى ئەھۋاللار بىر قەدەر مۇرەككەپ، زىددىيەتلەر بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ، يىلتىزى ھەر تەرەپتىكى ئاممىلارغا چىتىلىپ كەتكەن. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، مەن ئەنۋەرنىڭ مەسىلىسىنى سىلەرگە جەزمەن ھەل قىلىپ بېرىمەن دەپ كاپالەت بېرەلمەيمەن. ئۆيىيكتىپ شارائىت ھەر قانداق ئادىللىققا، ئىنسانپەرۋەرلىككە ئىمكانىيەت يار بەرمىگەن ئىكەن، ئۇمىدنىڭ ۋە مەقسەتنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا خېلى بىر ئۇزاق جەريان كېتىشى مۇمكىن. لېكىن سىلەر بۇ ئىشلارنىڭ ھامان بىر كۈنى تولۇق ھەل بولىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىڭلار. ئاۋۋال مۇنداق قىلايلى. سىلەر ئەمدى ئەنۋەر بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىڭلار، — ئۇ تېلېفون تروپكىسىغا قولىنى ئۇزاتتى.

رىزۋان بىلەن تۇرسۇنباي تۈرمە ئالدىدىكى قويۇق تۆمۈر رېشاتكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. شۇ ئەسنادا كارىدورنىڭ يان ئىشىكىدىن ئۈچ ئادەم چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى مۇرىسىگە ئاپتومات ئاسقان بولۇپ كەينىدىرەك كېلىۋاتاتتى. ئالدىدىكىسىنىڭ ئۇزىكلەك چاچلىرى گەۋدىسىنى ياپقان، شالاڭ ساقاللىق يۈز - كۆزىنى قاپلىغان ياش يىگىت ئىدى.



پۈتـىدىكى ئىغىر كىشەنـنىڭ رىتىملىق شالدىرلاشلىرى سۈرلۈك ۋە قورقۇنچلۇق ئاڭلىناتتى. رىزۋان كېلىۋاتقانلارغا دىققەت بىلەن قارىدى. ئاھ، شۇنچە تونۇش، شۇنچە يېقىملىق كۆزلەر! ئۇ ئۇزىنى توختىتىۋالالمىدى.

— ئەنۋەر!

— رىزۋان! تۇرسۇنبايكا! — ئەنۋەر ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى، لېكىن ئۇ كىشەنگە پۈتلىشىپ يىقىلىپ قويىتى، — تۇرسۇنبايكا! — ئەنۋەر قوچاقلىرىنى ئېچىپ رىشاتكىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. رىزۋان ئىختىيارسىز ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— ئەنۋەر! سالامەتمۇ سەن ئىنىم؟ — تۇرسۇنباي رىشاتكا ئارىسىدىن ئەنۋەرنىڭ يادىگەن قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ مەھكەم سىقتى.

ئەنۋەرنىڭ ئازاب ۋە ئەلەم بىلەن مۇجۇلۇپ كەتكەن يۈزىدىكى ئىككى يىلدىن بۇيان يۈگۈن تۇنجى قېتىم بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدى. ئۇ ھاياجان ئىلكىدە رىزۋانغا قارىدى:

— رىزۋان، نېمىشقا يىغلايسەن؟ مەن يەنىلا ھاياتقۇ، ھوي، گۈلنازىنىمۇ رىۋ؟! كەلگىنە پاخلىنىم! — ئەنۋەر قوللىرىنى ئالدىغا سوزدى، — ئوھوي، مانا چوپچوڭلا بولۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ!... ھى... ھى...، — ئۇ قىزنىڭ مەڭزىگە، پىشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

— تۈۋا، ۋاقىت نېمە دېگەن تېز ئۆتىدۇ - ھە، تۇرسۇنبايكا! — ئەنۋەر نېمىلەرنىدۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ كۈلگەندى. گۇنىسىز جاۋغايلىرى پۈرۈشۈپ كەتتى. شۇ چاغدا رىزۋان ئەنۋەرنىڭ ئاغزىدىكى ئىككى تال ئۇدۇل چىشىنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى - دە، يەنە كۆڭلى يۇزۇلدى. — ئۇززۇڭ ئوبدان تۇرۇۋاتامسەن رىزۋان؟ ئاپام بىلەن دولقۇننىڭ تېنى ساقمۇ؟

رىزۋان ئۈنسىز بېشىنى لىڭشىتتى.

— ھە، ئاقتاشتىكى دوست، ئاغىنە، كۆرگەن - بىلگەنلەر تىنچلىقمۇ؟ گەپ قىلمايسەنغۇ تۇرسۇنبايكا، سالى بەگگەم بىلەن بالىلىرىڭ ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ - ھە؟ ئۇ ئۆزى توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى. رىزۋان تۇرسۇنباينىڭ ئاقتاشتىن نېمە مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. تۇرسۇنبايمۇ يۇرتداشلىرىنىڭ سوۋغا - سالاملىرىنى يانىدىكى ساقچى ئارقىلىق ئۇنىڭغا بەردى ۋە ئەنۋەرگە قاراپ، ھازىرلا ئۇزلىرىنىڭ ھەربىي ئىدارە قىلىش ئىشخانىسىدا بولغانلىقىنى ئېيتتى.

كۆرۈشۈش ئۈچۈن بېرىلگەن ۋاقىت توشۇپ قالغانىدى.

— ۋاقىت توشتى! — دەپ ۋارقىرىدى نېرىدا تۇرغان ساقچى. بىراق رىزۋان ئەنۋەرگە كۆڭلىدە ئوبلىغانلىرىدىن ئېيتىپ بېرەر جۈملىسىنىمۇ ئېيتالمىغانىدى. ئۇ پەقەت ئۈنسىز مۆلدۈرلەپ قارايتتى ۋە كۆزلىرىدىن سىماپتەك ياش تاراملاپ تۆكۈلەتتى.

— ماڭ! — دېدى ساقچى ئەنۋەرنى سىلكىپ.

— ئەنۋەر! — رىزۋان ئەنۋەرنىڭ قوللىرىنى چىڭ قىستى، — ئەنۋەر...

ئۇ ئۆزىنگە شۇنچە تونۇش بۇ قولنى ھەرگىز قويۇۋەتكۈسى كەلمەيتتى.

## ئون سەككىزىنچى باب

ئەتىگەندىن بۇيان يېغىۋاتقان سىم - سىم يامغۇر چۈشتىن كېيىن ئاستا - ئاستا توختاشقا باشلىدى. ئىلانباغرى چىغىر يول يامغۇر سۈيى بىلەن ئۇيۇپ سۆيۈق پاتقاقلىققا ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

ئۇ پاتقاقتا ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئاياغلىرىنى ئاران يۆتكەپ شورتاڭ سۇلارنى شالاپشىلىتىپ كەچكىنچە ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇششىسىدىكى يەڭگىل تىكلىچىقى ۋە كونىراپ كەتكەن كۆك بېرزىنىت سومكىسى بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەتراپتا بىر دەم ئارام ئېلىپ ئولتۇرغىدەك ئالقانچىلىكمۇ قۇرغاق زېمىن يوق. ئۇ ئامالسىز يەنە ئىلگىرىلىمەكتە.

ئۇ ئېھاتە ئورمانلىقنى بويلاپ كەتكەن ئوپئۇز توپىلىق يولغا چىققاندا، جاڭگالدىن يانغان قوي، كالىلارنىڭ مەرەش - مۆرەشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

كەچنىڭ بېشىدا بىر توپ بالىلار پۇچقاقلىرىنى تۇرۇۋېلىپ، كوچىدىكى يامغۇر سۇلىرىنى چاچرىتىپ كېچىپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بۇ ناتونۇش يولۇچى يىگىتنى كۆرۈشى بىلەن ئۇنىڭ ھارغىن ۋە جۇلجۇل تۇرقىغا بىر پەس تىكىلىپ قاراشتى - دە، ئەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى.

ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا قالغان كىچىكرەك بىرسىمۇ كەينىگە قارىماي چاپتى. ئۇ يۈگۈرگەندە بېشىدىكى يالغۇز كوكۇلىسى ئۇز ئىزىدا سەكرەپ تۇراتتى. بىر پەستىن كېيىن ئۇمۇ بىر ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ غايىپ بولدى. شۇ ئەسنادا يانىدىكى بىر تار كوچىدىن ئۆچكە يېتىلىگەن بىر بوۋاي چىقىپ قالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا... شەيدىن چىقىپ ماكانلاشقان زاھىر دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيى نەدەرەك؟ — سورىدى ئۇ سالامدىن كېيىن.

— بىزدە بىرلا زاھىر ئاتلىق كىشى بار. شەلىك - پەلىك دېمەيمىز. زاھىر ئونسۇرنى دېمەكچىمۇسەن؟

— ھە، ھە، شۇ... [illegible]

— زاھىركام دەۋەرگىن يىگىت، تونكىلىق بىلەن سىياگا قالپىقى يوقۇپ قالمايدۇ. تونامنىڭ تونى. خوش. تۈزۈك نەدىن كېلىسەن؟

— مەن تونىڭ ئوغلى بولىمەن بوۋا.

— ھە؟ غولام دېگىنى سەنمۇ، بەللى. ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ. ئەكسىلە قولۇڭنى شەيتان، ياخشى كەلدىڭمۇ بالام. يۈر، يۈر ھېرىپسەن ئۆيگە كىر.

— رەھمەت، مەن ئۆيگە باراي.

— ياق، ياق سېنى ئۆيگە تىقىپ قويۇپ، داداڭدىن سۆيۈنچە ئېلىپ ئاندىن كۆرسىتىمەن مەن سېنى. — بوۋاي غولامنى ئۆيگە باشلاپ كىردى ۋە مورىلىق ئوچاقتا بىر دۆۋە يۇلغۇن كۆتەكلىرىنى تاشلىدى - دە، مومىيغا قاراپ توۋلىدى.

— ئانىسى، ھوي ئازنىخان دەيمەن! چىق بۇياققا. مانا بۇ كىم دېمەمسەن، زاھىراخۇننىڭ غولامنى كوچىدىن تېپىۋالدىم دېگىنە.

— ۋاي خۇدايىمەي، ياخشى كەلدىڭمۇ ئوغلۇم. ھېلىمخان بىچارە باياتىنىراق قاپىقىم تارتىۋاتىدۇ، دېگەنتى، بارىشىدىغانغا تارتىپتىكەنزە. سىلىنى كۆرۈپ يۈرىكى يېرىلغۇدەك سۆيۈنۈپ كېتەرمىكىن.

— بولدى، بولدى، ئەمدى، ئوتنى ئۇلۇغ ياقىنا، ئالدى بىلەن غولامنىڭ كىيىملىرىنى قۇرۇتۇۋەت، ئاندىن كېيىن چاي - پاي ئىچسۇن، سالە بالام ماۋۇ چاپانلىرىڭنى، بۇ قاپقارا جەندىلەرنى گۈندىخانىدىن بېرەمدۇ؟ ئوتقا سىلىپلا يوقاتقىنا بۇنى. كىشىنىڭ كۆزىگە ئەجەپ سۆرۈن كۆرۈنىدۇ بۇ خوتۇنتالاقنىڭ بەرگىنى.

ئازنىخان موماي ئوچاقتىكى ئوتنى پۈۋلەپ ياندۇردى - دە، غولامنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئوتقا قاخلاشقا باشلىدى.

— خۇش گەپ قىلمايسەنغۇ يىگىت: گۈندىخانىدىكى ئىشلىرىڭ تۈگىدىمۇ؟

غولام بۇ ناتونۇش بوۋاينىڭ ئالدىدا تارتىنىپراق ئولتۇردى ۋە ئارتۇقچە گەپ قىلىشنى خالىمىدى - دە، ئۇنىڭ سوئالىغا بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى.

— زاھىراخۇن ئۆزى بىلەن بەش - ئالتە ئۆيلۈك شەلىكنى باشلاپ كەلگەندە، — دەپ گېپىنى باشلىدى بوۋاي. — بىزگە يەنە بىر دۆۋە يۈك كەلدى دەپ ئەندىشە قىلغانىدۇق. مانا ئەمدى بىلسەك، ئۇلار يۈك ئەمەس، مەھەللىمىزگە بەرىكەت ياغدۇرىدىغان كىشىلەر ئىكەن. سۇسەننىڭ كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا گۆڭشىبىدىن كادىر چىقىپ، داجەيدىن قانداق ئۆگىنىسىلەر؟ دەپ مەجلىس ئاچقانىدىيۇ داداڭ - شۇ سورۇندا بىرىنچى بولۇپ كۆڭلىمىزگە ياغدەك ياقىدىغان گەپلەرنى قىلدى. ئوقۇمىغاننىڭ كۆزى قۇرۇسۇن غولام، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ بىرسىگىمۇ تىلىم كەلمەيدۇ. ئاغزىڭغا ئاۋات دېدۇق ھەممىمىز. خالايىق زاھىراخۇننىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ چىرقىرىشىپلا قالدى. باشلىقلارمۇ ئامىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئۇزۇن كۆرسۈلدىشىپ كەلدى. ئەتىمالىم. گۆڭشىبىدىن چىققان بارات كادىر كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا. ئەتىدىن باشلاپ گۈيخۇا باشلاڭلار، بۇ ئىشلارغا زاھىر ئۇنسۇر مەسلىھەتچى بولىدۇ. لېكىن ئۇ سىياسەتكە ئارىلاشمىسۇن، باۋاشلىق بىلەن ئىشلىسۇن، ئەقلىنى ئايىمىسۇن. دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. كۆپچىلىك ئالقىنىمىز ئاغرىغىچە چاۋاك چالدۇق. — بوۋاي كەمپىرىگە قاراپ دېدى، — قېنى چېيىڭ قايناپ بولسا. داستىخىنىڭنى سالمامسەن؟

— مانا، ئاز قالدى.

بوۋاي يەنە ئازراق ئويلىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مانا شۇنىڭدىن ئارتىپزە. ئېغى بار، يېغى بار ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدۇق. داداڭ بىلەن ياقۇپجان دېگەن يىگىت ياش - ياللاكلارنى باشلاپ كېتىپ دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن ئالاھازەل، بىرەر مىڭ موجە بىنەم ئاچتى. دەريانىڭ تۆپە تەرىپىدىكى چۆل قىسىل دېگەن يەرگە توما سوقۇپ تۆت - بەش يونەي ئۇزۇنلۇقتا يىكتەك تۈز بىر ئۆستەڭ ئېلىشقانىكەن، بىنەمگە بىر ياز سۇ ئاقتۇزغاندىن كېيىن قارىساق، شور دېگەن نېمىنىڭ دىدارى قالماپتۇ؛ بىنەمنىڭ جىقراقىغا بۇغداي، ئازراقىغا كېۋەز تېرىدۇق. كۈزلۈكى ئاش دېگەن خامانغا، پاختا دېگەن مەيدانغا سىغماي قالسا بولىدۇ، شۇ يىللا قولىمىز پۇل كۆردى. قۇرۇق ناتىرغا ئالدىنىپ كۈن ئۆتكۈزگەن جاڭگاللىق بىچارىلەرنىڭ ئۆتمۈشىگە ۋاي! ئىسىت كۆڭلىرىمىز. مەن چېغىمدا ئىككى نەۋرەم بىلەن كەمپىرىمنى بېقىپ قولۇمغا ئۈچ يۈز ئەللىك قەغەز نەق تېزا ئالدىم دېمەمسەن. خەق ھە. ئىش مەيەردىكەن دېدى - دە. كېيىنكى يىلى تېخىمۇ كۆچىنىپ كەتتى. مەنمۇ تىرىكلىشىپ خېلى ياشارغاندەك بولۇپ قالدىم. قويچى تايىقىنى تاشلاپ بىرىپ. ئېتىزغا چىقىۋالدىم.

— ھە. بالدۇر مال باقىدىكەنسىزدە؟ — دەپ سورىدى غولام.

— ساڭا دېمەيتىمەن ئېخى غولام. مەن ئون تۆت ياشىمدىن تارتىپ جاڭگالدا پادىچىلىق قىلغان ئادەممەن. ئاشخانا يىللىرى بولسا كېرەك؛ قىشتا قولۇمنى ئۇششۇككە بەردىم. مانا بۇ قولۇم ھازىرمۇ ئېغىر. ھەي. — ئۇ ئۆچەتەك ئاقارغان قېلىن ساقاللىرىنى يۇمشاق سىلاپ قويدى. — ھازىر ساقال ئاق تۈرگىنى بىلەن بەدەنلىرىمگە قۇۋۋەت تولۇپ قالدى. نەۋرىلىرىمنى

ئاخشىمى پۈت - قوللىرىمنى ئۇۋۇلاپ ئاۋارە بولمايدۇ.

— تازا قىزىق ئادەم - دە، بۇ. ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن بالىغا تاغدىن-باغدىن سۆزلەپ، قېنى چايغا بېقىڭلار ئەمدى. — موماي غولامنى سۈيىغا تەكلىپ قىلىپ داستىخان سالدى.

— ھە، مانا، چاي ئىچە غولام، ئالدىراپ تۇرامسەن ھە؟ مانا مەن سېنى تويۇڭگە ھازىرلا باشلاپ بارىمەن. — دېدى بوۋاي ۋە بىر ياقتىن چاي ئىچكەچ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھە، راست، ئۇزاقى يىلى كەتتىمىزدە بىر ئىپتىدائىي مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇنىڭغا ھەممىيلەن بەك خوش بولدۇق. ھېلىمخاننى ئۇنىڭغا خانىم قىلدۇق. بۇ يەردە نان قېپىلارمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. بەتمىش - سەكسەنگە يېتىپ قاپتۇ. يەنە بىر بالىنى بىللە ئوقۇتسۇن دەپ ھېلىمخانغا بەردۇق. ھە. ئاڭغىچە رۇستەم دېگەن بىر ئەپەندىمۇ كېلىپ ماكانلىشىپ قالدى.

— ھە؟ رۇستەم دېدىڭىزما؟

— ھەئە، داداڭلار بىلەن بالدۇر بىللە ئىشلەپتىكەنغۇ، تازا خۇشچاقچاق ئادەم ئىكەن، تويى - تۆكۈن. بەزمە - مەشرەپلىرىمىزدىن ئۇت چىقىرىۋېتىدۇ. شۇغىنىسى كۆڭلى سۇنۇق بىچارىنىڭ، خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىپتۇ. ئىككى بالىسى بىلەن ئۆزى يالغۇز قالدى، — بوۋاي ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى - دە، سۆزدىن توختاپ قالدى.

— بوۋا، رۇستەم ئەپەندىنىڭ خوتۇنىنى كىم ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ؟

— كىم بولماقچىدى؟ قىزىل يەڭلىك چاپارمەنلەر بولمامدۇ. ئېرىڭنىڭ مەسلىسىنى پاش قىلمىدىڭ دەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغانمىش.

غولامنىڭ يۈرىكى بۇ گەپتىن كېيىن خۇددى ئۆز قويغان جاراھەتتەك ئېچىشىپ كەتتى.

ئۇلار تالاغا چىققاندا ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باسقانىدى. غولام بىلەن بوۋاي خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن كەنتنىڭ سىرتىدىكى سوقما تاملىق كونا يالغۇز قورونىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى.

بوۋاي غولامنى سىرتتا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى:

— زاھىرۋاي، سۆيۈنچە بەرسلە، سۆيۈنچە. خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم مەن.

— سۆيۈنچە ئۆزلىرىدىن ئايلانسۇن ئايۇپكا، قېنى؟

— ياق، بىر پاخلان ئۆلتۈرۈپ مېھمان قىلمەن دېمىسىڭىز كۆرسەتمەيمەن!

ئىچكىرىدىن ھېلىمخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئەلۋەتتە، ئۇنىڭغىمۇ قولىمىز كۆكسىمىزدە ئايۇپكا.

— ئەكەسلە قوللىرىنى، ھە، بولدى ئەمدى، غولامجان! ئۇيىگە!

غولامنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن ھېلىمخان ئىشىككە قاراپ ئېتىلدى.

— كەلدىڭمۇ قوزام. بارمۇ سەن بالام، كۆزلىرىمدىن ئۈچتۈڭ يۈرىكىم!

بەختسىزلىك ئۇپەيلىدىن ئۇزاق يىللار ئايرىلىپ ياشىغان ئاتا - ئانا بىلەن بالا ئۈچۈن بىر - بىرىنىڭ دىدارىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان مىنۇتلاردىكى شادلىقنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىش قىيىن.

يۈز - كۆزىنى يېرىك ساقال باسقان يىگىرمە ئالتە ياشلاردىكى بۇ قامەتلىك يىگىت ئۆزىنىڭ مېھرىبان ئانىسى ئالدىدا ھامان ئوماق بالا كۆرۈنەتتى. غولامنىڭ سۇمباتلىق گەۋدىسى ئانىسىنىڭ ئاجىز. لېكىن ئىللىق قۇچىقىغا سىڭىپ كەتتى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە زاھىرنىڭ ھويلىسى غولام بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. بۇ ناتونۇش كىشىلەر ئىچىدە بوۋايلارمۇ، مومايلارمۇ، ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ، چاچلىرىنى ئۆتىشاق ئۆرۈۋالغان چىمەن دوپپىلىق قىزلارمۇ، بېلىنى بەلباغ بىلەن باغلىۋالغان تېرە تۇماقلىق ياش يىگىتلەرمۇ بار ئىدى. تونۇگۈن ئاخشام ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆركۈپ قېچىپ كەتكەن بالىلار بۈگۈن ئانىلىرىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، بۇ يېڭى يۇرتدىشىغا قىزىقىپ قارىشاتتى.

كىشىلەرنىڭ ئايىغى سىلىككەن چاغدا ئۆيگە بىر ئەر كىشى كىرىپ كەلدى.

— رۇستەمكا! — غولام ئىختىيارسىز ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا تاشلىدى. رۇستەم غولام بىلەن مەھكەم قول سىقىشىپ كۆرۈشتى.

— كەلگىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولدى غولام. ئۆز بويلۇق يىگىت بولۇپ كەتكىنىڭنى قارا. ياخشى تۇردۇڭمۇ ئۆزەڭ؟ — رۇستەم ئىختىيارسىز تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ تەكەللۇپسىزلا سۆيۈنۈپ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى.

— ئۆزىڭىز سالامەت تۇردىڭىزمۇ رۇستەمكا؟

— مانا شۇنچىلىك تۇرۇۋېتىپتىمىز ئۇكا. ھەر ھالدا كۈندىن - كۈنگە ياخشى. — رۇستەم ئۆزىنى كۈلكىگە زورلىدى.

غولام بۇنىڭدىن توققۇز يىل ئىلگىرىكى ۋۇجۇدىدىن غەيرەت، شىجائەت، ئىشەنچ ۋە مەنىۋى قۇۋۋەت تەپچىپ تۇرىدىغان بۇ سۆيۈملۈك ئۇستازىنى ھازىرقى ھالدا كۆرىمەن دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ ۋاقىتسىز مۈكچەيگەن ئورۇق گەۋدىسى ۋە ئالدىراپ ئاقىرىشقا باشلىغان چاچ - ساقاللىرى، پېشانىسىدىكى قويۇق سىزىقلار بىلەن قوشۇلۇپ رۇستەمنى جاپاكەش بوۋايلارغا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

رۇستەم بىلەن غولام ئۇزاققىچە مۇڭداشتى. ئۇلار ئۆز بېشىدىن

ئۈنكەن قىسمەتلەرنى بىر ـ بىرىگە قالدۇرماي بايان قىلىشتى. غولام ئايۇپ بوۋاينىڭ ئاخىشام ئۇنىڭ توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئېيتقاندى، رۇستەم چوڭقۇر تىن ئالدى:

— ھەي، ھازىر ئەقىلغا سىغمايدىغان غەلىتە ئىشلار تولا بولغاچقا، ئۇنىڭ قايسى بىرسىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولسۇن! رۇقىيە يەڭگەڭنى ئوبدان بىلەتتىڭغۇ غولام. ساددا، ياۋاش، مۇلايىم ئايال ئىدى. بىراق ئۇ مېنىڭ ئۇۋاللىقىمغا كەتتى. لەنىتى بىرتقۇچىلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىچە، مېنىلا قىيما ـ جىيما قىلىپ تاشلىسا بولمامتتىمۇ! «تۇغاق تۇتۇپ ئاتاڭ قالغىچە، تويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسىچۇ» دېگەن راست ئىكەن ـ دە. ئەشۇ يېتىم قالغان ئىككى قىزىمغا قاراپ ئىچىم سىرىلىپ كېتىدۇ. قىز بالىغا ئەڭ لازىم بولىدىغىنى ئۇنىڭ ئۆز ئانىسى ئەمەسمۇ غولام.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ رۇستەمكا. بۇ بەختسىزلىكلەر بىزنىڭ بېشىمىزغىلا كەلمىدىغۇ. كۈنلەرنىڭ يامىنىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈپ كېتەر.

— شۇنداق، — رۇستەم ئېغىر ئۇھ تارتتى، — مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن.

غولام قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، دىلبەر بىلەن تويى بولدى. ئۇلار ھازىر جەڭگى ـ جۇدادىن خالى بۇ جاڭگال ئارىسىدا دادىسىنىڭ قېشىدا تۇرىدىغانغا قارار قىلىشتى.

## ئون توققۇزىنچى باب

مەنسۇرنىڭ زەينەپ بىلەن ئارىلىق تاشلاپ ياشاۋاتقىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشتى. ئۇ خېلى بۇرۇنلا زەينەپنىڭ ئۆزى ئۈستىدە يۇقىرىغا ئەرز ـ شىكايەت قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ۋە رىزۋان بىلەن بىللە ئەنۋەرنى ئاقلاپ ئۈرۈمچىگە بارغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى.

زەينەپتىن بۇرۇنلا زېرىككەن مەنسۇر ئۈچۈن، ئۇنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا يۇقىرىقى سەۋەبلەرنىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئاشاتتى. لېكىن شۇ كۈنلەردە يۇقىرىدىن كەلگەن تەكشۈرۈش ئۆمىكى مەنسۇرنى چاقىرتىپ ناھىيەدە يۈز بەرگەن بىر نەچچە قىيتمىلىق ئەلەم كۆرۈشنى كىمنىڭ باش بولۇپ قوزغىغانلىقىنى، بىر نەچچە رەھبەرىي كادىرلارنىڭ كىملەر تەرىپىدىن قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىكى... قاتارلىق مەسىلەلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ قايتىپ كەتكەنىدى.

بۇ ئىش تېگى ـ تەكتىدىن ئېچىلىپ چىقىلىدىغانلا بولسا، ئۆزىگە زور خەۋپ ـ خەتەر يېتىدىغانلىقىنى بەلگەن مەنسۇر، زەينەپ توغرىسىدىكى پىلانىنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ تۇيۇشقا مەجبۇر بولدى.

بىراق ئۇ ئاللىقاچان ئۆرمۈش لەززىتىدىن مەھرۇم بولغان زەينەپنىڭ ئۆزىگە بىغەمدىن دىققەت قىلىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئىپلاسلىقتا ۋە غالجىرلىقتا چېكىگە يەتكەن ئۇرغۇن ـ ئۇرغۇن مەخپىي ئىشلىرىنىڭ ئۇزاق ئۆتمەي رىزۋاننىڭ قولىغا بەتكۈزۈلۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

باھارنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى ئىدى. مەنسۇر ئۆيىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئىشخانىغا كەلدى. يولداش جۇئېنلەينىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى قايغۇلۇق خەۋەر رادىئو كانىيىدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شەھەرنىڭ ئىچى مۇسىبەت كەيپىياتىغا چۆمگەنىدى. مەنسۇر ئىشخانىدا ئاغزىنى بوغان ئىچىپ ئۇزاققىچە ئەسنىدى ـ دە، قىزارغان كۆزلىرىنى ئېرەڭسىزلىك بىلەن دېرىزە سىرتىغا تىكتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەيۋەتلىك تاشقىندەك بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقان ئادەم دېڭىزى كۆرۈندى. مەيدىسىگە ئاق گۈل، بەگلىرىگە قارىلىق بەلگىسى تاقىغان ئادەملەر ئۇدۇل ئىنقىلابىي كومىتېت بىناسىغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى. مەنسۇر ھودۇقۇپ قالدى. يۈرىكى قانداقتۇر بىر پېشكەللىكنى سەزگەندەك ئەنسىز دۈپۈلدەشكە باشلىدى. ماتەم مۇراسىمى بىر پەستىن كېيىن نامايىشقا ئايلىنىپ كەتتى. نامايىشچىلار ئىچىدىن بىرەيلەن ئېگىز پەلەمپەي سۇپىسىغا چىقتى ـ دە، چارەك سائەتچە ئۇتۇق سۆزلىدى. شۇئارلار كەينى ـ كەينىدىن ياڭراپ تۇراتتى. مەنسۇر بۇ مەنزىرىگە قاراۋېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى ـ دە، كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى.

— بەللى. سىز بۇ يەرگە مۈكۈۋاپتىكەنسىز ـ دە! بۇ زەينەپنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ مەنسۇرنىڭ يېنىدا تۇراتتى. — زۇڭلىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدەك مۇشۇنداق چوڭ ئىشقا، سىلەر ئىنقىلابىي كومىتېتتىكىلەر نېمىشقا سۈكۈت قىلىپ تۇرىسىلەر؟

مەنسۇر زەينەپنىڭ كۆكرىكىدىكى بىر تال گۈلگە قارىدى ۋە زوۋان سۈرمىدى.

— گەپ قىلمامسىز؟

— بۇ ئىش بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم؟

— نېمە؟! — زەينەپنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرى ئۇنىڭغا نەشتەردەك قادالدى. — بۈگۈن قورقۇنچاق چاشقانلارلا ئۆيىدىن چىقماي ياتىدۇ! — مەسخىرىلىك كۈلدى ئۇ. مەنسۇر ھومىيىپ زەينەپكە قارىدى ـ يۇ، دەرھال كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى.

— ئامما ھازىر سىزنى كۈتۈپلا تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىشىڭىز كېرەك.

— ھە؟ — مەنسۇرنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى ۋە تېنى شۈركىنىپ كەتتى.

— دەرھال ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، بولمىسا تۇلار باستۇرۇپ كىرىدۇ.

مەنسۇر ئائىلاج ئىشخانىدىن چىقتى. ئۇ دەھشەتلىك كەلگۈن ئېقىنىپ كېلىۋاتقان قاسقاقتەك، بىر يولۇڭغا كەينچە داجىماقتا ئىدى.

شۇندىن كېيىنكى قوپال سىلكىشلەر، ئاھانەتلىك تىللار، مەسخىرىلىك ئىبارىلەر ۋە غەزەپتىن يىرىلغۇدەك بولغان چىرايلار مەنسۇرنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى... مەنسۇر شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۆززۈكرەك ئۇخلىيالمىدى.

كەچ سائەت ئون بىردىن ئېشىپ كەتكەنىدى. بىردىنلا ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيگە زەينەپ كىرىپ كەلدى. مەنسۇر زەينەپنىڭ ئۆي ئىچىدە نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشكە تىرىشاتتى. ئۇ زەينەپنىڭ بىر ھازا كىترلاپ يۈرۈپ، ئاندىن يېشىنىپ كارىۋىتىدا ياتقانلىقىنى ۋە يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ ئىچىدە ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئاخىرىدا زەينەپ شامنى ئۆچۈردى - دە، يوتقىنىغا كىرىپ يېرىم سائەتچە ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلدى ۋە ئاستا - ئاستا تىمتاس بولۇپ قالدى.

«بۇ كېچىدە نەدە يۈرىدىكەنە ئۇ». مەنسۇر بىر ھازادىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋىتىدىن چۈشتى ۋە چىراقنى ياقتى. زەينەپنىڭ سوكۇ پالشوپكىسى كېيىم ئاسقۇچتا ئىلغىلىق تۇراتتى. ئىچىدىن كېيىۋالىدىغان پىلاتا ۋە پوپايكىلىرىنى، يېنىدىكى بوش كارىۋاتقا تاشلاپ قويغانىدى. مەنسۇر زەينەپنىڭ پالشوپكىسى يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ يانچۇقلىرىغا قول سېلىپ چىقتى، كەينىدىن ئۇنىڭ پىلاتىلىرىنى مىجىقلاپ باقتى. لېكىن خەت تېپىلمىدى. پوپايكىسىنىڭ يانچۇقلىرىمۇ قۇرۇق ئىدى. لېكىن ئۇ ئويۇقسىز زەينەپنىڭ ئاستىدىكى كۆرپىسىنىڭ تېگىدىن بىر پارچە قەغەزنىڭ بۇرجىكىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ پەم بىلەن قەغەزنى سۇغۇرۇۋېلىپ چىراق يورۇقىغا تۇتتى.

«دوستۇم غولام، ياخشىمۇ سەن؟ زاھىركام، ھېلىمخاچاملارنىڭ تېنى ساقمۇ؟ ئۇتكەنكى خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ بەكمۇ خۇرسەن بولدۇم، تۇرمىدىكى ھاياتىڭنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ساق - سالامەت قايتىپ چىقىپسەن، سېنى تەبرىكلەيمەن دوستۇم. سېنىڭ خېتىڭ بىلەن بىشىم ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى. (ز) نىڭ خەتنى ئېلىپ كەلگىنىگە ۋە سېنىڭ جەمئىيەتتىكى تۇرغۇن ئىشلاردىن مېنى خەۋەردار قىلغىنىڭغا رەھمەت.

دوستۇم، خېتىڭدىن مەنسۇرنىڭ ھالاكەت ئالدىدىكى غالجىرلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. ئۇ يامانلىقتىن يۈرۈنلا قول ئۈزۈۋشى لازىم ئىدى. لېكىن ئۇنداق نەلۈبلەر ئۆلگىچە ئۆزىنىڭ باۋۇز تەبىئىتىدىن ئۆزگەرمەيدۇ. مېنىڭچە مەنسۇرنىڭ ھالاكەتلىك كۈنلىرىنىڭ كېلىشىگە ئاز قالدى. كۆكلەم ئالدىدىكى جۇدۇن - چاپقۇن ھەر قانچە قۇترىغىنى بىلەن، باھارنى زىمىستان قىشقا ئۆزگەرتەلمەيدۇ. مەن شۇ كۈنلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، خۇشاللىقىمدىن كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.

دوستۇم، ئەھۋالىمىزنى سوراپسەن، خاتىرجەم بولغىن، مېنىڭمۇ، جاڭ يىڭنىڭمۇ ئەھۋالىمىز ياخشى، خېلىلا ئەركىنلىشىپ قالدۇق. ئەپسۇس، سىلەر بىلەن دىدارلىشىشقا رۇخسەت قىلىشمايدۇ. دىلبەرگە، رىزۋانغا سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇڭنى ئۆتۈنىمەن. قولۇڭنى مەھكەم سىقىپ: دوستۇڭ نەۋەر».

«ئىم!... ئىش بۇ يەردىكەن - دە، — مەنسۇر خەتنى ئۆتقىنىچە، ئالقىنىنى پېشانىسىگە تىرەپ، ئۇزاقىچە خىيال سۈرۈپ قالدى، — خەتتىكى (ز) دېگىنى، ئېنىق زەينەپنىڭ ئۆزى، بۇ دۆيۈزنى كىم ئۇچراشتۇرۇپ يۈرىدىكىنە ئۇنىڭغا؟» مەنسۇر تۇرمە خىزمەتچىلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقتى. لېكىن بىرسىگە كۆڭۈل تۇختىتالمىدى. ئەتىلا تۇرمە خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا قاتتىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى كۆڭلىگە پۈكتى.



مەنسۇر ئىپتىخچە ھېلىقى خەتنى قولىدا سىقىمداپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ خىياللىرى دولقۇنلۇق دېڭىزدىكى يوچۇق قولۋاقتەك داۋالغۇيتتى. كاللىسىدا ئاجايىپ دەھشەتلىك بىر پىكىر تۇغۇلۇپ، مۇزدەك قەلبىگە «يالت!» قىلىپ قاپقارا بىر كۆلەڭگىنى تاشلاپ ئۆتتى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ قوپتى ـ دە، كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدىكى تۆمۈر ساندۇقنى ئاچتى. ئۇنىڭ لاغىلداپ تۇرغان بارماقلىرى ساندۇقنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە قارا رەختنى سۇغۇرۇپ چىقتى. رەختكە ئورالغىنى يالتىراپ تۇرغان تاپانچا ئىدى. ئۇ تاپانچىنى ئالقىنىغا قويدى ۋە بىر پەس توختاپ قالدى. مەنسۇر يەنە قولىنى تۇزاتقانىدى. يالت ـ يۇلت قىلىپ تۇرغان خەنجەر چىقتى. ئۇ زەينەپنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ ئاق يۇلۇتەك يۇمشاق كۆكسىگە تۇدۇللاپ خەنجەرنى تۇردى...

كېچىدىن يۇيان چىقىۋاتقان بوران ئەتىسى ئەتىگەنلىكى تىمتاس توختاپ قالدى. ئەتىگەنكى شەپەق تورى كوچىلارغا سۇس قىزىل پەردە يايقانىدى. شەھەرنىڭ تۆت كوچا ئاغزىدا بىر توپ كىشىلەر توپلىشىپ تۇراتتى. كىملەردۇر، بېشىنى چايقاپ ئىبرى كېتەتتى. كىملەردۇر ئىچىنىش بىلەن بويىنى سوزۇپ، ئالدىدىكى بىر ئۇقتىغا ئىنكىلەتتى.

— نېمە ئىش بوپتۇ؟

— بىر ئايالغا پىچاق سايتۇ.

— ھە؟!

—خويما ئۆز ئايال ئىكەن. ئىست!

ئېرىق بويىغا تاشلانغان جەسەتنىڭ كۆكرىكىدە مۇشتۇمدەك قان ئۇيۇپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرى قاتقان قانسىز يۈزىنى يېپىپ تۇراتتى. ساقچىلار تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى. لېكىن توپلىشىۋالغانلار جەسەت بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلاپ تۇرۇشاتتى.

ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمىگەنىدى، تۇشتۇمتۇت بىر يىگىت ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى ـ دە، كىشىلەر توپى ئارىسىغا ئىككى مېتىرچىلا ئارىلىق قالغاندا، قاتتىق تورمۇز بىلەن ئاچچىق ئاۋاز چىقىرىپ توختىدى.

— ئاھ، سۆيۈملۈكۈم زەينەپ! سەن...، — يىگىتتىن ئالدىراپ چۈشكەن مەنسۇر، كىشىلەر توپىنى ئىككىگە يېرىپ ئۆتتى ـ دە، توپتوغرا جەسەتنىڭ ئۈستىگە كېلىپ تاشلاندى، — سائگا قايسى قاتىلنىڭ قارا قولى يەتكەندۇ زەينەپ! زەينەپ...!

ئەتراپتا تۇرغان بىر نەچچەيلەن مەنسۇرنى يۆلەپ تۇرغۇزدى ـ دە، ئۇنى سەۋرى ـ تاقەت قىلىشقا ئۈندىدى.

ساقچىلار يېتىپ كېلىشكىندە، نەق مەيداندىكى ئىزلار ئالللىقاچان يوقىلىپ كەتكەنىدى.

— ئۇنى كىم يوزدى؟ — سورىدى ئۇلار جەسەتنى سۈرەتكە ئېلىپ بولغاندىن كېيىن. كۆيۈمچانلىقكە قاراپ. كىشىلەر ھېچكىمنىڭ جەسەتكە يېقىن بارمىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە مەنسۇرغا قارىدى. ئۇ ئىپتىخچە جەسەتنىڭ يېنىدا تۇرۇپ «نادامەت» چەكمەكتە ئىدى. زەينەپنىڭ بىر جۈپ كۆزى ئوچۇق بولۇپ، ئۇنىڭدىن نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاقناۋاتقاندەك، قانسىز سوغۇق لەۋلەردىن بولسا، ئاچچىق مەسخىرە كۈلكىسى يېغىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ساقچىلار مەنسۇرغا ئېھتىيات، ھۆرمەت ۋە گۇمانلىق كۆزلىرى بىلەن قارىشاتتى. ئۇلار كىشىلەرنى دەرھال تارقىلىپ كېتىشكە بۇيرۇپ، جەسەتنى ئېلىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ قولىقىدا مەنسۇرنىڭ سىرلىق كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ ئېيتقان ھەسرەتلىك نالىسى ۋە قاتىلنى قەتئىي تېپىپ چىقىپ، ئۇنى جازالاش توغرىسىدىكى قاتتىق ختابىلا قالدى.

شىياۋۋاڭ ئىشخانىدا بىر نەچچە سېستىرالارنىڭ زەينەپنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسى ئۈستىدە قىلىشىۋاتقان غۇلغۇللىرى ئۈستىدىن چۈشتى. ئۇلارنىڭ كۆيۈمچانلىكى زەينەپنى تونۇيتتى.

— خۇيمۇ ئوڭلۇق چوكان ئىدى رەھمەتلىك. ياش تۇرۇپ، ئەجەل يەتكىنىنى. ھەي...

— كىشى قولىدا ئۆلگىنىنى بەكمۇ ئېچىنىشلىق بوپتۇ، ئىست!

— ئۇنىڭ ئەپتىدىن كىشى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان يېرىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى.

— ئۆزى دۈشمەنلىك بولمىغىنى بىلەن. ئېرىچۇ؟ ئېرىگە ئۇچلەشكەن بىرسىنىڭ قولىدىن كەلگەن ئىش جۇمۇ.

— راست. شۇ، مەنسۇر جورىسىنىڭ قىلغىنى جېنىغا پاتقان بىرسى قەتلە قىلدى ـ دە، ئۇنى.

— ئېرىنىڭ قىساسىنىڭ ياش، گۇناھسىز خوتۇنىغا يەتكىنىنى. ھەي خۇدايىم...

شىياۋۋاڭ سېستىرالارنىڭ تالاش ـ تارتىشلىرىنى ئۈنسىز سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ تىڭشىدى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ پاجىئەگە نىسبەتەن باشقىچە قارىشى بار ئىدى. ئۇ كېچە سائەت ئىككىگە ئون مىنۇتلارچە قالغاندا ئون ئىككى ياشلىق ئىنىسىنى ھەمراھ قىلىپ، كېچىلىك دېجورنىلىك ئۈچۈن دوختۇرخانىغا ماڭغانىدى. ئۇلار مەنسۇرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتكەندە ئىچكىرىدىن ئېغىر تاغار يۈدىگەن بىر ئادەمنىڭ چىققانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئەقىل ـ ئۇرقىدىن ۋە تاغارنى تامغا

يۆلەپ تۇرۇپ، دەرۋازىغا ئالدىرىماي قولۇپ سالغانلىقىدىن ئۇنىڭ مەنسۇر ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

«ئەجىبا، ئادەتتە يىگىتلەرنى چۈشەيدىغان مۇدىر بۇ بورانلىق كېچىدە ئېغىر تاغارنى يۈدۈپ يالغۇز نەگە ماڭىدىكىنە؟» دەپ ئويلىغانىدى ئۇ. بۇگۈن ئەتىگەندە زەينەپنىڭ جەسىتىنىڭ يول بويىدىن تېپىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندا زەينەپنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ باشقا بىرسى ئەمەس، دەل مەنسۇرنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلدى.

زەينەپنىڭ ئۆلۈمى ناھىيىدە ناھايىتى چوڭ غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. قاتىللىق ئەنزىسىگە چېتىلغۇچىلارنىڭ ئىسمىلىكمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. مەنسۇر ئادەتتىكى سورۇنلاردىن تارتىپ قانۇن ئورۇنلىرىغىچە ھەممىلا يەردە، بۇ ۋەقەنىڭ ئۆزىگە قىلىنغان بىر قەبىھلىق سۇيىقەستلىك ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئەمەس؛ بەلكى ئۆزىنىڭ «سىياسىي دۈشمەنلىرى» تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى تەكىتلەپ چىڭ تۇردى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلالمىغان قىيىنچىلىقتىن قاتقان جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەنزىگە مەسئۇل بولغان خادىملارنى ئىشخانىغا تەكلىپ قىلىپ جىددىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. مۇزاكىرە قىزغىن كېتىۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت ئىشىك چېكىلدى ۋە ئىشخانىغا شياۋۋاڭ كىرىپ كەلدى.

— بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟ — ئۇنىڭدىن سورىدى ئىدارە باشلىقى.

— ھەئە، مەن مۇھىم بىر ئىش بىلەن سىلەرنى ئىزدەپ كەلدىم.

ئولتۇرغانلار تەڭلا ئۇنىڭغا قارىدى. شياۋۋاڭ يېنىدىكى بوش ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئىپادەڭىزگە قارىغاندا ئېيتىدىغان گېپىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

— ئۆزىگە چۈشىدىغان گەپ بولسا ئېيتىڭ.

— زەينەپنى ئۆلتۈرگەن قاتىل دەل مەنسۇرنىڭ ئۆزى. — دېدى شياۋۋاڭ دادىللىق بىلەن ۋە شۇ كۈنى كېچىسى ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— ئېيتقانلىرىڭىز راستمۇ؟

— تولۇق كاپالەت بېرەلەيمەن! ھە، راست. بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن تېخى. زەينەپنىڭ شۇ كۈنى كېچە سائەت ئون بىرلار ئەتراپىدا ئۆيىگە يالغۇز كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ قوشنىلىرىدىن بىرسى كۆرگەن.

— ئۇنداق بولسا، بايا دېگەنلىرىڭىزنى بىزگە يېزىپ قالدۇرۇپ كېتەلەمسىز؟ — دېدى ئىدارە باشلىقى.

— ئۇنى ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغانمەن. — شياۋۋاڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە ماتېرىيالنى ئېلىپ ئىدارە باشلىقىغا سۇندى.

## يىگىرمىنچى باب

ئەنۋەر ئۇيقۇ قاچقان كۆزلىرىنى تۇرۇشتىكى ئالقانچىلىك روجەكتىكى تىككىنچە ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ تاڭغا ئەسنا تۇيغۇلىرى ۋاقىتنىڭ ئانچە ئۇزاق قالمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەنىدى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە ئاستا پىچىرلىدى:

— تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدى.

راستىنلا، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي نەلەردىندۇر، خورازلارنىڭ سوزۇپ چىللاشلىرى ئاڭلىنىپ روجەكتىن تاڭنىڭ سۇس ئاقۇش نۇرى شولىلىنىپ كىرىشكە باشلىدى.

ئەنۋەر روھلىنىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە رادىئو ئۈزىنىڭ ئەتىگەنلىك ئاڭلىتىشىغا قۇلاق سالدى. شۇ چاغدا يىراقتىكى يۇقىرى بېسىملىق لاباردىن تولىمۇ يېقىملىق مۇزىكا ساداسى ياڭراپ كەتتى. كەينىدىن دىكتور ئاپالنىڭ ئېنىق ۋە جاراڭلىق ئاۋازى روجەكتىن ئۇچۇق كىرىشكە باشلىدى.

— جۇڭگو ئاسمىنىدىكى قارا بۇلۇت ھەيدەلدى. ئېلىمىز خەلقىگە بالايى - ئاپەت كەلتۈرگەن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ، پۈتۈن پارتىيىمىز، پۈتۈن خەلقىمىز يېڭىباشتىن ئازادلىققا ئېرىشتى!...

«ئاھ، بۇ يالغان ئەمەستۇ - ھە؟» ئەنۋەر ھاياجانلاندى. يۈرىكىدە چەكسىز خۇشاللىق دولقۇنى جۇش ئۇرۇپ، ياش بىلەن نەمدەلگەن كۆزلىرىنى روجەكتىن چۈشۈۋاتقان تاڭ نۇرىغا سىغىنىش ۋە چەكسىز ئىنتىزار بىلەن تىكتى.

بىر چاغدا سىرتتىن تۈرمە خىزمەتچىسىنىڭ ئاياغ تاۋۇشى، ئاندىن داتلاشقان تۆمۈر قۇلۇپنىڭ شاراقلاپ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. تۈرمە خىزمەتچىسى ئىشىكتە تۇرۇپ ئەنۋەرگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— يولداش ئەنۋەر، كامېردىن چىقىڭ. ئازاد قىلىندىڭىز، ئەمدى!

ئەنۋەر قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى ۋە ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ تۈرمە ئىشىكىدىن چىقتى.

تۈرمە دەرۋازىسى ئالدىدا ئەنۋەرنى بىر توپ كىشىلەر ساقلاپ تۇراتتى.

— ئەنۋەر!

— رىزۋان! رۇستەمكا! جاڭ يىلڭ!

ئەنۋەر يۈگۈردى، مۇدىرىدى، ئۆزىگە قول سوزۇپ تۇرغان مېھرىبان كىشىلەرگە ئۆزىنى ئاتتى.

تۈپ ئارىسىدا ئاقىناشلىقلار ۋە بۇرۇن مەكتەپتە بىللە ئىشلىگەن خىزمەتداشلىرىمۇ بار ئىدى.

— سەن قاچان چىقتىڭ تۈرمىدىن. — دېدى ئەنۋەر جاڭ بىگىنىڭ قوللىرىنى سىقىپ.

— تېخى ئالدىنقىدىلا.

— شۇڭا شىياۋۋاڭنىڭ كۆزىدىن تېخىچە شادلىق يېشى قۇرۇمىغان ئىكەن - دە، ھا، ھا، ھا...

شۇ چاغدا يىراقتىن سومكىسىنى پۇلاڭلاتقىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان گۈلناز كۆرۈندى.

— دادا...! دادا...!

ئەنۋەر ئىككى قولىنى سوزغىنىچە قىزىغا قاراپ ئېتىلدى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ سۆيۈشكە، ئەركىلىتىشكە باشلىدى. ئەنۋەرنىڭ يېنىدا گۈلنازدىن سەل كىچىك بىر ئوغۇل بالا ئۇنىڭغا ئارتىنىش. قىزىقىش ۋە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— كىمنىڭ ئوغلىسەن؟ — دېدى ئەنۋەر بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ.

— دادام يوق. ئاپام ئۆلۈپ كەتكەن.

رىزۋان چۈشەندۈردى:

— زەينەپنىڭ ئوغلى.

ئەنۋەر ئۈن - تىنسىز بالىنى چىڭ قۇچاقلىدى. يۇمران مەڭزىگە مەڭزىنى ياقتى. ئۇ زەينەپنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسى توغرۇلۇق شۇ چاغدىلا ئاڭلىغانىدى.

— مەنسۇرچۇ؟ — سورىدى ئۇ قاپىقىنى سىلاپ.

— ئەل قىساسى يۈزتى ئۇنى. — دېدى رۇستەم سۆز قىستۇرۇپ، — جاجىسىنى يېدى. تۈرمىگە تاشلاندى.

— سەن يېتىم ئەمەسسەن ئوغلۇم، — ئەنۋەر بالىنىڭ كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ تۇرغان يېشىنى سۈرتكەچ، ئەتراپىدىكىلەرگە كۆرسىتىپ داۋام قىلدى، — مانا قارا، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئاتاڭ ھەم ئاناڭ. سەن بىزنىڭ ئوغلىمىز، يۈرەك پارىمىز!

ئەتراپىدىكىلەر ئەنۋەر بىلەن جاڭ بىگنى ئارىغا ئېلىپ چوڭ يولغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ھەممىنىڭ ئالدىدا گۈلناز بىلەن زەينەپنىڭ ئوغلى كېپىنەكتەك ئويناپ قول تۇتۇشۇپ يۈگۈرۈپ كېتىپ باراتتى. ئەنۋەر بۇ بىر جۈپ ئۆسمۈرگە مەستلىكى كېلىپ، كىرپىك قاقماي ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. ئاھ، ئىككى جۈپ يېڭى قەدەم! ئۇ شۇ ئاپتا جاراھەتلىك ئۆتمۈشنىڭ ئۇنتۇلماس خاتىرىسىنى ھازىرغا ئۇلاۋاتامدىكىن؟ ھەئە، ئۇمۇ بار. ئۇ يەنە ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆلمەي ھايات قالغانلارنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى ئاجايىپ گۈزەل پارلاق كېلىچەككە تۈگۈنسىز ئۇلاپ بارماقتا...

1982 - يىل يېزىلدى.

1985 - يىل تۈزىتىلدى.

---

دانىشمەن ئادەملەر غۇرۇرىنى ئىچىدە ساقلايدۇ، سۈيىقەستچىلەر بولسا غۇرۇرىنى كۆز - كۆز قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆزلىگەن مەقسىدىگە يېتىدۇ. ئەمەلدارلارغا سىڭگەن ئادەت شۇكى: ئۇلار داۋراڭ سېلىپ يۈرۈپ ئىشلەيدىغانلارنى كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، كۆپ خىزمەت قىلدى. دەپ ئويلايدۇ.

كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ گۈزەل بۇرچ ۋە ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدىكى ئەڭ زور بەخت — تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ئۆگىنىش.

ئۆز كەلگۈسىنىڭ گۈزەللىكىگە كۆز يەتكۈزەلىگەن ئادەم نامرات تۇرمۇشنى قىيالماي ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيدۇ، خۇددى بىگۇنا تۇرۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئادەم دار ئاستىغا كېتىۋاتقاندا ھېچنىمىدىن تويالمىغىنىدەك، بۇنداق تۇرمۇشتىن تويلىپمۇ يۈرمەيدۇ.

خۇشامەت ئەزەلدىن ئالىيجاناب يۈرەكتىن چىقمايدۇ. ئۇ چاكىنىلارنىڭ نەيرىڭى. ئۇلار پەسكەشلىكتە ئۇچىغا چىقىپ، ئۆزلىرى خۇشامەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنىڭ مەركىزىگە قىستىلىپ كىرىش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە كىچىكلىتىدۇ. ھەرقانداق خۇشامەتچىلەرنىڭ كەينىگە پايدا - مەنپەئەت يوشۇرۇنغان.

بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ نام چىقارغان كۈنى، كۆپ ھاللاردا ھۇجۇمغا، تىل - ئاھانەتكە ئۇچرىشىنىڭ باشلىنىش چېكى بولىدۇ. (بالزاك)




(پوۋېست)

ئەختەم ئۆمەر



ئەختەم ئۆمەر 1963 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1969 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1981 ـ يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مەكىت شۆبىسىنى تۈگىتىپ، ئوقۇتقۇچى بولغان ۋە يېزا ئىتتىپاق كومىتېتلىرىدا خىزمەت قىلغان. ھازىر قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىدا ئىشلىمەكتە.

ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى «كىنوخانا ئىشىكىدە» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان. كېيىن بىر مۇنچە ھېكايە ۋە پوۋېستلارنى يازدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن «زېمىن. قارا ئادەملىرىڭگە» ناملىق پوۋېستى 1986 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى.

1

مانا شۇ كۆرۈمسىز، تاش مايماق قارا ئېشەك بىزنىڭ تۇردى رەزگىنىڭ سىردىشى ۋە ئايرىلماس دوستى. ئۇلار قاچانمۇ بىرەر ـ يېرىم دەم ئايرىلىپ باققان؟ تۇردى رەزگى بىر يەرگە بارىدىغان چاغدا ئېشىكىگە ئەسكى كىگىز مۇلىنى(1) ئوقۇۋېدۇ ـ دە، ئۈستىگە ئەپچىلگىنە مىنىۋالىدۇ. يولغا چىقىپ ئۆزۈن ئۆتمەي خۇددى ئېشەك بىلەن ئۆزى ئۈچۈنلا ئېيتىۋاتقاندەك بوغۇق ئاۋازدا غىڭشىپ «گۈلنايىم» ناخشىسىنى باشلايدۇ. ئۇنىڭ ياغىسراپ كەتكەن ياغاچ ھارۋىنىڭ غىچىرلىشىدەك چىقىدىغان كۆلكىلىك، ئالا ـ تاغىل ئاۋازى، ئېشەككە نىسبەتەن ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتسە كېرەك، شۇڭا ئۇ قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ، خارتىلداپ قويۇپ، ئالچاڭ پۇتلىرىنى چاققان يۆتكەپ، قىل يورغىدەك مېڭىپ كېتىدۇ. تۇردى رەزگى ئېشىكىنىڭ بۇنداق مېڭىشلىرىدىن قانداقتۇ ئۆزىمۇ تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان شېرىن ھېسسىياتلارغا تولىدۇ. ئۇ ئىچىدە ئېشىكىدىن شۇنچىلىك سۆيۈنىدۇ. ئۇنىڭ نە تۇرۇق ـ تۇغقىنى، نە بالا ـ چاقىسى، نە دوست ـ بۇرادىرى يوق. يېشى ئەللىكتىن ئاشقىنى بىلەن تېخى توي قىلمىغان قېرى بويتاق. ئۇنىڭ ھېسسىياتىنىڭ ئۇلگەن ـ ئۆلمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ مۇشۇ يېشىغىچە بىرەر يات جىنس بىلەن بىرەر ـ يېرىم دەم مۇڭدىشىپ باققىنى يوق. ئۇنىڭ دوستىمۇ، مەھبۇبىمۇ ھەممىسى مانا مۇشۇ ئاستىدىكى مۇلايىم ئېشىكى. بۇ ئېشەك تۇردى رەزگىگە ئوخشاشلا كۆرۈمسىز. ئۇنى ئېشەكلەر ئىچىدىكى ئەڭ سەت ئېشەك دېيىشكە بولىدۇ. قاپقارا، ئۇسكىلەڭ. ياخپىيىپ تۇرغان يوڭلار ئارىسىدىكى چاپاق باسقان كۆزلىرى چېقىن ـ كۆمۈتلەرنىڭ ئۇۋىسى. سالپىيىپ تۇرىدىغان ئىزىدىن بوغان قىزىلقىچىۇ تېخى! ئىگىسىنىڭ كۆزىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ. تۇردى رەزگىنىڭ ئۇسكىلەڭ چۈپۈر قاشلىرى ئاستىدا يوشۇرۇنغان خۇنۇك كۆزلىرىگە قارىغان ئادەم بىرگىنىدۇ. دېمىسىمۇ ئۇمۇرچىلىك كەسپى ئۇنىڭ يۈزىنى ئۆزى كۆچىسپ بازغانلايدىغان ئۇمۇردەك ھەم قوتۇر. ھەم

(1)مۇلە — مەكىت شىۋىسىدە ئۇچۇلۇق مەنىسىدە.

قاپقارا قىلىۋەتكەن، چىگىشلىشىپ كەتكەن ساقاللىرى ئۇنىڭ يۈزىنى كىرپىنىڭ دۈمبىسىگە ئوخشىتىپ قويغان.

ئىزدەپ. تېپىشقان بۇ ئىككى مەخلۇق ئۆز جەمەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئېتىبارسىز، كۆرۈمسىزلەردىن. شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ بىرسى ئادەم، بىرسىنىڭ ھايۋان بولۇشىدىن ئىبارەت تەبىئىي توساقنى قىلچىمۇ نەزەرگە ئالماستىن، بىر-بىرى بىلەن ئوبدانلا چىقىشىپ قالغان. تۇردى رەزگى، «بۇ دۇنيادا چىرايلىق ئادەملەر (ئۆزىدىن باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى چىرايلىق ھېسابلىنىتى) دىن دوست چىقمايدۇ. ئادەملەر ۋاپاسىز. ئاغزىدا چىرايلىق سۆزلەپ، ئۆزلىرىنى مەدەنىيەتلىك ھېسابلايدىغان، چوڭ ئىشلار قولىدىن كېلىدىغان ئادەملەرمۇ ۋاپاسىز. گەرچە ئۇلار ئادەم بولسىمۇ، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەڭ قەبىھ ۋەھشىلىكلەرنى قىلىشقا ئۆرۈنىدۇ. ئۇلاردا ھايۋانچىلىك سەممىيلىك، ساداقەت دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ھەتتا مۇشۇ ئاستىمدىكى ئىشەكچىلىك ۋاپا دېگەننى بىلمەيدۇ. دوستلۇقنى قەدىرلىمەيدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ، مۇشۇ كۆرۈمسىز ئىشىكىنى ئەڭ يېقىن دوست دەپ بىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ رىشتى شۇنچىلىك چىڭ باغلانغان.

ئۇنىڭ ئۆيى دەريا بويىدىكى بازارغا ئانچە يىراق بولمىغان مەھەللىدە. ئۇ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر باغۇ بوستان ئىچىدە ئىككى ئېغىزلىق، تورۇسلىرى ئىستتىن قارايغان لاي تاملىق ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. تاشقىرىقى ئۆيى ئۇنىڭ تۆمۈرچىلىك قىلىدىغان دۇكىنى. ئىچكىرىكى ئۆيگە بولسا، كونا زەدىۋال تارتىلىپ، ئىككى چىت يوتقان-كۆرپە، قۇراقتىن تىكىلگەن سامان تەكيە. بىر قانچە ساپال قاچا، بىر قۇم قازان ۋە چۆگۈن قاتارلىق نەرسىلەر قويۇلغان. مانا بۇلار ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بار-يوقى بىساتى. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچى بۇنداق بىچارىچىلىق، يوقسۇزلۇق ئىچىدە قالغاندەك غېرىپسىنىپ تۇرغىنى بىلەن، ئۆينىڭ ئەتراپىغا كۆچەت سېلىۋېرىپ ئۇ يەرنى مانا ئەندىلىكتە تۈمەنلىگەن قۇشلار ماكان تۇتىدىغان جەننەتكە ئايلاندۇرغان. تۇردى رەزگىنىڭ ئۆيى بولسا جەننەتتەك باغ ئىچىدە. چوقچىيىپ تۇرغان قاقاس دۆڭگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ.

## 2

تۇردى رەزگى — ئاۋۋال ئۇنىڭ لەقىمى بىلىۋېلىڭلار — بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا مۇشۇ مەھەللىدىكى ئادەملەر تەرىپىدىن قويۇلغان. ئۇ چىرايى كۆرۈمسىز، سەت بولغىنى ئۈچۈنمىكىن، سەل رەتلىكرەك يۈرۈشنىمۇ بىلمەيدۇ، كىيىملىرى شۇنچىلىك بەزەپ، رەتسىز ۋە يىرتىق. ئۇنى ياماپ ياكى يۇيۇپ كىيمەيدۇ. بىر كىيىمنى بىرلا كىيۋالسا ئاكى ياپىسا بولمايدىغان يېرى ئېچىلغاندىلا يەڭگۈشلەيدۇ، ياكى يېڭىسىنى ئالىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئادىتى. ھورۇنمىكىن دېسە ئىشچان. نامرات بىچارىمىكىن دېسە مۇشۇ يۇرت، ھەتتا مۇشۇ ناھىيە بويىچە ھەرقانداق دۆلەتمەن باينىڭ ئۇنىڭ ۋەجى ئالدىدا كۆزى چەكچەيمەي قالمايدۇ. ئۇ تۆمۈرچىلىك ئورنىسىغا بىر كىرىۋالسا قوپال، قاداق قوللىرى بىلەن بولقىنى ئەپچىل سوقىدۇ، كېچە ياكى كۈندۈز دېمەستىن ئىشلەۋېرىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ دېھقانلىرى تۇردى رەزگىنىڭ كەتمىنىدىن باشقا كەتمەننى چاپمايدۇ، باغاچىلار ئۇ ياسىغان كەكە ۋە ئىسكىنىدىن باشقا كەكە، ئىسكىنى ئىشلەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇ يۈز يۇرتتىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇنىڭ بولقىسىنىڭ تۆمۈرگە «توڭ» قىلىپ بىر تېگىشى پۇل دېگەن سۆز. پۇل كىرىۋېرىدۇ، لېكىن چىقمايدۇ. تۇردى رەزگىنىڭ بىر قورسىقىدىن باشقا يەنە نېمىسى بار، ئۇ پۇللارنى نەگىمۇ سىغدۇرار ھەم نېمىمۇ قىلار؟ ئۆلسە قالىدۇ!... ۋۇي ئۆلۈمتۈك رەزگى. ياكى يېيىشنى بىلمەيدۇ، ياكى كىيىشنى. «ئاشنى ئىچەلمىسەڭ بەر، ناننى يېيەلمىسەڭ بەر» دېگەندەك، ۋەجنى خۇدايىمنىڭ مۇشۇنداق رەزگىگە بەرگىنى قىزىق!...

تۇردى رەزگى غەلىتە ئادەم، ئۇ بازارغا بارسا پاكار ۋە كۆرۈمسىز قارا ئېشىكىگە مىنىپ غىتىلداپ بارىدۇ، باشقىلارغا ئوخشاش ئات ياكى موتسىكلىت مىنمەيدۇ. ئۇنداق قىلىپ جان قىيناپ بازارغا بارغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ بېلىگە ئۆزى قوقاستا كۆمۈپ پىشۇرغان كۆمەچتىن بىرنى ئۆتكىدۇ-دە، ئاتايىن بازارغا بارغان ئادەم ئاغزىغا تېتىغۇدەك تۈزۈكرەك غىزا يېمەي، ئەللىك پۇڭلۇق ئۈچەي-قېرىن شورپىسى ئېلىپ ھېچبىر تاۋاققا كۆمەچنى پوملاپ سالغاندىن كېيىن، ئۈستىدىن ياغاچ قوشۇقتا بېسىپ ئۆرۈپ، پاخماق ساقاللىرى ئارىسىدىن ئۈرۈلۈپ چىقىپ تۇرغان كالپۇكلىرى بىلەن ئۈچەي-قېرىننىڭ سۈيىنى ھوزۇرلىنىپ سۈمۈرىدۇ. ۋاھ، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق لەززەت بولامدۇ؟ ئۇ تىلنى تامشىپ، تەرلەپ ئولتۇرۇپ، يوغان كۆچەمنى ئۈچەي-قېرىننىڭ سۈيى بىلەن ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، بىر كېكىرىدۇ-دە، ئۆپكە-قېرىن، ئۈچەيلەرنى بەلبېغىغا ئۆگۈپ، ئاللاغا شۈكرى-سانا ئېيتىپ، بىر دۇئا قىلغاندىن كېيىن، سوزۇپ بىرنى كېكىرىۋېتىپ ئورنىدىن قوزغىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتارغانلار ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشۇپ، ئىچىدە مىڭنى تىللايدۇ. ئەگەر، نازاكەتلىك قىز-جۇۋانلار ياندىن ئۆتۈپ قالسا، ئۇنىڭدىن بۇقسۇپ چىققان تەرنىڭ بەد بۇيىدىن سەسكىنىپ، كۆڭلى ئاينىپ، خېلى يەرگە بارغىچە «سەت، ئوكرۇلۇق مەينەت رەزگى» دېيىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەتتە پۇلنى كۆپ

تاپىدۇ، خەجلىمەيدۇ. ئەنە بۇگۈنمۇ ئۇ ئۇسساپ ئاماقلىرى قۇرۇپ، كالپۇكلىرىنى گەز باغلاپ، ئاغزى كاككۇكتەك ئېچىلىپ قالدى، مۇزدەك چۈچمەل دوغ ئۇنىڭ نەپسىنى ئاقلىداتقان بولسىمۇ. لېكىن ئۇ بىر قاچا مۇز سۈيىنى (ھە راست، يەنە ئىككى قوشۇق ئىچىدىغان قېتىقىمۇ بار) يىگىرمە پۇڭغا ئىچمەيدۇ. ئۇ ئىچىدە «ئادەملەر ئەخمەق-دە، ماۋۇ يەردە بەش پۇڭلۇق مۇز قىيامى تۇرسا، يىگىرمە پۇڭغا دوغ ئىچىدۇ. بۇ نېمە دېگەن ھاماقەتلىك!» دەپ ئويلايدۇ. تۇردى رەزگى بەش پۇڭلۇق مۇز سۈيىدىن بىر قاچا ئىچىپ راسا راھەتلەندى-دە. دوغ ئىچىۋاتقان ئادەملەرگە نەپرەت بىلەن قاراپ قويۇپ، كېتىپ قالدى. مانا شۇ ئۇنىڭ ھەپتىدە بىر بولىدىغان بازا كۈنى قىلىدىغان خىراجىتى. ھەر كۈنى ئەڭ كەم دېگەندە يىگىرمە-ئوتتۇز كويغا ئىشلەيدىغان، قولىدا ئوتتۇز نەچچە مىڭ يۈەن پۇلى بار ئادەمنىڭ ئىشلىرى مانا شۇنداق. ئوتتۇز نەچچە مىڭ يۈەنمۇ ئاشۇنداق يېمەي، كىيمەي يىغقاندا توپلانغان پۇل-دە. ئەگەر تودۇللۇق-يەپ تۈگەتسە، بۇ پۇل ئۆزلۈكىدىن يىغىلىپ قالامتى؟

تۇردى رەزگى بازاردىن يېنىپ، تودۇل دەريا تەرەپكە ماڭدى. ئىشەك ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئاچالغا كەلگەندە ئۆيى تەرەپكە بۇرۇلماستىن تودۇل دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. تۇردى رەزگى ئىشىكىنىڭ ئەقلىگە سۆيۈنۈپ. كۈلۈمسىرىدى. چىم، بۇلغۇن، ياتاق، چاتقاللار ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن دەريا بويىغا يېتىپ كېلىشتى. مانا ئۇنىڭ ئوتتۇز يىلدىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن كونا ئادىتى. ئادەتتە ھەر كۈنى كەچتە ئىشەككە مىنىپ مۇشۇ دەريا بويىغا كېلىدۇ. دەريا بويىغا كەلگەندە، ئىشەكتىن چۈشۈپ چىم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پېشىن نامىزىنى ئوقۇيدۇ. ئۇ نامىزىنى شۇنچىلىك پىخانلىق، ئاللاغا سېغىنىش ئىچىدە ھۆكرەپ يىغلاپ ئوقۇيدۇكى، ئادەتتە ئۇنىڭ مۇنداق يۈرەكنى ئېزىدىغان يىغىسىنى ئاڭلىغان ھەر قانداق تاش يۈرەك ئادەمنىڭمۇ چىداپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ يىغىدىن توختاپ، نامىزى تۈگىگەندىن كېيىنمۇ يۈكۈنۈپ ئولتارغان پېتى لۈمشۈپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە ئۇزاقتىن-ئۇزاق مۆڭلىنىپ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ دائىم تۆمۈرگە قاراۋېرىپ، تۆمۈردەك قېتىپ كەتكەن چىرايى بۇنداق چاغدا شۇنچىلىك مۆڭلۈك تۈسكە كىرىدۇكى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى ئادەمگە شەكسىز يىغا ياماشتۇرىدۇ. بىراق. بۇ ئادەمنىڭ بۇنداق مۆڭلۈك چىرايىنى ئىشەكتىن باشقا ئىنسى-جىن كۆرۈپ باقمىغان. ئۇ ئادەتتە ھېچكىمگە ئارىلاشماي ئۆيىدە ئىشىنى قىلىدۇ. ئىشى تۈگىسە دەريانىڭ مۇشۇ قويۇق چاتقاللار قاپلىغان بىرلا يېرىگە — دۆڭنىڭ باغرىغا كېلىپ نامازغا بىر ئولتارسا، تاكى قاراڭغۇ چۈشۈپ كۆز باغلانغۇچە دەرياغا قاراپ ئولتۇرىدۇ. ئولتارغاندىمۇ بىر تىكىلسە سۇدىن باشقا باققا قارىمايدۇ. ئاھ... ئېقىن سۇ. سەن نېمە دېگەن ئۇلۇغ! سېنى بىرسى ئالدىغا سېلىپ قوغلىمايدۇ. ياكى ئۆگىدەك بۇرنۇڭغا چۇلۇك سېلىپ يېتىلىمەيدۇ. نەگە شۇنچە ئالدىرايدىغانسەن؟ ئۇنىڭ كۆز نۇرى، يۈرەك رىشتى ساڭا باغلانغان. ئۇنىڭ كۆزى دەريا ئىچىدىن — لاي-لاتقىلارنى بولدۇقلىتىپ سۈرەپ ئېقىۋاتقان سۇ ئىچىدىن بىر گۈزەلنىڭ سىماسىنى كۆرىدۇ. بۇ چىراي ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس تەۋەررۈك. بۇ گۈزەل سىمانى پەقەت ئۇلا، ئۇنىڭ ئەشۇ گۈزەل پەرىگە باغلانغان ئاشىق يۈرىكى بىلەن ئۇنىڭ كۆز نۇرىلا كۆرىدۇ. قارىغانسېرى ئۇنىڭغا مۇھەببىتى ئاشىدۇ. ئەقىدىسى چوڭقىيىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ گۈزەلگە ئۈنسىز قارايدۇ. غايىبانە چىرايمۇ ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن تىكىلىدۇ. ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل چىرايكى. ئۇنى يەر يۈزىدە پەقەت تۇردى رەزگىلا كۆرگەن. بىر كۆرۈشى بىلەنلا غايىبانە سۆيگەن. شۇ سۆيگۈنىڭ ئەقىدىسى ئۇنىڭ يۈرىكىگە مەڭگۈ ئۆچمەس سۆيگۈنىڭ تامغىسىنى باسقانىدى. ئۇ ھەر كۈنى دەريا بويىغا كەلگەن ھامان ئاشۇ گۈزەل پەرىزاتنىڭ ئوماق چىرايى سۇ يۈزىدە پەيدا بولاتتى-دە. بولاقتەك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تى-كىپ. چوڭقۇر مۇھەببەت نەزەرى بىلەن ئۈنسىز قارايتتى. ئۇ بۇ گۈزەل مەھبۇبىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن. ئۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ يەرگە ھەر كۈنى كېلىشنى ئادەت قىلغان. ئۇنىڭ دەريا بويىغا تولا كېلىشىدىكى سەۋەبى مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدى.

## 3

تۇردى رەزگى ھاياتىدا بىرەر ئايالغا ئۆزىنىڭ ئەرلىك سېزىمىنى ئاتاقىلىپ باققان ئەمەس. ئۇ سۇ يۈزىدە جىلۋە قىلىپ، ئۆزىگە غەمكىن كۈلكىسىنى ئەقدىم قىلىپ تۇرغان گۈزەل قىزنىڭ جامالىنى كۆرۈش بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتلۇق مۇھەببەت رىشتىنى. ئىلاھى سېھرى كارامەت بىلەن چىڭ چىگىپ. ئۇنىڭ ھايات يولىنى بۇزۇۋەتكەن ئاشۇ ئىشنى ئوتتۇز ئىككى يىلدىن بېرى ھەر كۈنى ئەسلەپ. ئاچچىق ھەسرەت بىلەن يۇتكەن مەنىۋى لەززەتتىن ئوزۇق ئېلىپ ياشىدى. ئۆمۈر بويى ئاشۇ قىزنىڭ مۇپتىلاسى بولدى. ئوتىدا كۆيدى. بۇ كۆيۈكتىن شۇنداق بىر ئېچىنىشلىق غايە مۇنارىسى تىكلەندىكى، ئۇنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ھەر قانداق ئەگرى-توقايلىق، ھەر قانداق يەر تەۋرەش ۋە ھەر قانداق شىددەتلىك جۇدۇن-شىۋىرغانمۇ. بۇ مۇقەددەس مۇنارىنى ئۆرۈۋېتەلمىدى. ئەكسىچە ئۇ بارغانسېرى سالتەنەتلىك بولۇپ قەد كۆتۈردى. ئەنە شۇ ئاشىقلىق ئۇنى مۇشۇنداق رەزگى ھالغا

كەلتۈرگەن، لېكىن ئۇنىڭ سىرتىدىكى رەزىللىك پەقەت قەلب كۆزى ئوچۇق كىشىلەرنىڭلا كۆزىتىشىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

بەزىدە ئالەم ئاستىن - ئۈستىن بولۇپ كەتسىمۇ، بەنلا ئەقدىر ئۆزگەرمەيدىغان چاغلار بولىدۇ. بۇ خۇددى مەھكۇم ئەلنىڭ قۇرام تاش ئاستىدىكى مىجىلىپ ياتقان گىيادەك بىچارىچىلىق ھالىتىنى ئەسلىتىدۇ. لېكىن بەزىدە ئەقدىر قىلدىن نازۇك بولۇپ، سەللا سالقىن شامالدا ئەۋرەپ كارامەت بىر قىسمەتنى تۇغىدۇ. بۇنى توردى رەزگىنىڭ ئەقدىرىنى بەلگىلەۋاتقان كىچىككىنە بىر ۋەقەدىن كۆرۈپ باقايلى.

4

ئوردى رەزگىنىڭ بىگرمە ياشلىق ۋاقتى. ياش توردى ۋۇجۇدى ياشلىق ھېسلىرىنىڭ مەستخۇشلۇقىدا تورغۇپ تۇرغان، غورۇرى كۈچلۈك، بىلەكلىرى تومۇر، كۈچتۈڭگۈر بولۇپ يېتىلدى. نامرات ئاتا - ئانا پەرزەنتىنىڭ ھاياتنى ئۆزلىرىدەك مۇھتاجلىقتا ئۆتكۈزمەسلىكى ھەم ھالال ئادەم بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن، ئۇنى شۇ زاماندا راسا ئېقىۋاتقان تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىشكە بەردى. ئەمبەل ۋە ئەقىللىق شاگىرت قىبرى تۆمۈرچىنىڭ كۆڭلىگە تازا ياقتى. توردى ھەر بىر ئىشتا ئۇز ئۇستىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىشقا تىرىشاتتى ھەم تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ نازلا كۈن ئىچىدە خېلى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدى ھەم ئۇستىسىنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشتى. قىبرى تۆمۈرچى ئولتۇرسا - قوپسا ئۇنىڭدىن كىلەرگىمۇ. يار - بۇرادەرلىرىگىمۇ توردىنى ماختاپ، ئۆز ئۆمرىدە ئەرىبىيلىگەن يەتمىش نەچچە شاگىرتى ئىچىدە، بۇنىڭدىن ياخشى شاگىرتقا ئۇچرىمىغانلىقىنى ئېيتىپ ھوزۇرلىناتتى.

قىبرى تۆمۈرچىنىڭ دۇنيالىقتا ئايىمىسا ئىسمىلىك بىرلا قىزى بار ئىدى. ئۇنىڭ سەرۋىدەك ئۆسكەن زىلۋا بويى، ئاق سېرىق كەلگەن يۇملاق يۈزى، كۈلۈپ تۇرىدىغان سېھىرلىك كۆزلىرى تولىمۇ يېقىملىق ئىدى. تىلى چۈچۈك بۇ ئوماق قىز. توردىغا بەكمۇ ياقاتتى. ئۇ داۋاملىق توردىنىڭ قاپقارا، تومۇر بىلەكلىرىگە، تەر تەپچىرەپ مىس قازاندەك پارقىراپ كەتكەن كەڭ بەلكىلىرىگە، قىپقىزىل تۆمۈرگە بازغان ئۇرۇشلىرىغا قاراپ توختىماي ۋىلىقلاپ كۈلەتتى. ئايىمىسا بىر كۈنى شۇنداق كۈلۈۋەرگەندىن كېيىن، قىبرى تۆمۈرچىمۇ ئىشتىن توختاپ، قويۇق چار ساقىلى ئارىسىدىكى پۈرۈلۈپ كەتكەن ئېغىزىنى ئېچىپ، قىزىغا زوقى كېلىپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ چوڭقۇر ئاتىلىق مېھرى بىلەن:

— قىزىم، كېلە، كۈلۈۋەرمەي ئاتاڭنىڭ تەرىنى سۈرتۈپ قويە، ئۇسسىدىم، — دېدى. قىز شۇ ئان ئېپىز لېۋىنى پۈرۈپ ئەركىلىدى:

— ھىم... كۆيىدەپ، قارىداپ كەتكەن يۈزۈڭنى يەنە سۈرتسەم يەنە قارا قىلسەن. ئۇزەڭنىڭ قارىلىقىڭ يەتمىگەندەك.

— ھا، ھا، ھا... بالام ئەتمەيمەن. خەپ توختاپ تۇر، — قىبرى تۆمۈرچى شۇنداق دەپ قاقاخلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئايىمىسا شۇئان ئاستا كېلىپ، ئاتىسىنىڭ ئىستىن قارايغان يىرىك ساقال باسقان يۈزىنى قولياغلىقى بىلەن پاكىزە سۈرتۈپ قويدى. شۇ چاغدا بازغان ئۇتۇپ تۇرغان ئوردىنىڭ ئىپنى جىژغىدە قىلىپ، خۇددى قىز ئۇنىڭ تەرىنى سۈرتۈۋاتقاندەك. تەر باسقان يۈزى قىزىرىپ، يەرگە قارىۋالدى. ئايىمىسانىڭ قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— ھىم... مەيلى، مېنى بالام ئەتمىسەڭ ئانام بالام ئېتىۋېرىدۇ. يۈزۈڭنى ئەمدى ھەرگىز سۈرتمەيمەن.

— نېمىشقا؟

— يۈزۈڭنىڭ تۈكى قولۇمغا سانچىلىپ كېتىدىكەن.

قىبرى تۆمۈرچى قىزىنىڭ سۆزىدىن ئۇچىيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈپ كەتتى. بۇ گەپتىن ئوردىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ سالدى. قىز لېۋىنى پۈرۈشتۈرۈپ دومسايدى. قىبرى تۆمۈرچى كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران توختىتىپ:

— مېنىڭ يۈزلىرىم تۈكلۈك بولسا، ئەمسە توردى ئاكاڭنىڭ يۈزىنى سۈرتۈپ قوي. ئۇنىڭ يۈزى سىڭكىدەك تۈكسىز، — دېدى.

قىزنىڭ ھەممە خۇشاللىقى شۇئان ئەگدۈر يوقاپ، يۈزىگە ۋىللىدە قىزىللىق ئولاشتى - دە، بۇرۇلۇپ ئۆيگە قېچىپ كىرىپ كەتتى. توردىنىڭ بېشىدا چاقماق چاققاندەك بولۇپ ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى. ۋاھ، بۇ قانداق گەپ. ئاتىسىنىڭ كۆڭلى شۇنچىلىك ئۇز بولسىمۇ، بىراق بۇنچىۋالا ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك ئىدى. قىز ئۇنى ھەر قانچە ئۆز ئاكىسىدەك كۆرسىمۇ لېكىن بەرىبىر ياتباش ئادەمدە. توردىنىڭ پۇت - قوللىرى بوشاپ ماغدۇرسىزلاندى. ئاھ، بۇ تېمە قىلىق. مەن نېمە بولۇۋاتىمەن. بۇ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ. بىچارە قىز. قانچىلىك ئىزا تارتقاندۇ؟ توردى ساڭگىلاپ كەتكەن بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئۇستىسىغا قارىدى. قىبرى تۆمۈرچى ھېچ ئىش بولمىغاندەك يەنە ئىشقا كىرىشكەن ئىدى. توردى ئېغىر بازغاننى كۆچەپ ئۇرۇشقا باشلىدى. بىراق ئۇ ئۆزىنى يوقاتقان. بىچارە قىز ھەتتا بىر قانچە كۈنگىچە ھېچنەرسە يېمەي، دوم يېتىپ يىغلار. ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈزىگە قارىيالماس. گەرچە ئۆزى نومۇسقا يات بىرەر قىلىقنى قىلىپ سالمىغان بولسىمۇ. ئاشۇ

ئاتىسىنىڭ — ئاغزى ئىتتىك ساددا ئاتىسىنىڭ، ئاشۇ سۆزى ئۈچۈن قىز ئىنزا ئارتىپ، نىمە بولۇپ كەتتى - ھە؟

تۇردى ئەس - ھوشىنى يوقاتتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى سىرىمىدىن ئايرىلدى. ئۇ قولىدىكى ئىغىر بازغاننى جايىغا قويدى - دە، ئويمانچەكتىن چىقىپ، ئالاغا قاراپ ماڭدى.

— تۇردى ئوغلۇم، ساڭا نىمە بولدى؟

تۇردى ئۆزىنى ئالاغا ئاتتى.

5

ئاھ، قىيانلىق دەريا — دولان دەرياسى!...سەن خۇددى يىگىتنىڭ قەلبىدەك مەۋج ئۇرۇپ ئۆركەشلەيسەن. تىنىمسىز سوقۇۋاتقان يۈرىكىدەك قىرغاقلارغا ئۆزەڭنى ئۇرىسەن. ئۇيقىدىن بىدار بولغان ئاشىقتەك ئولغىنىسەن. مۇڭلۇق شاۋقۇنلىرىڭ بىلەن كىچە - كۈندۈز توختىماي ئاقىسەن. ئېيتقىنا. سەن نەگە بارىسەن؟ كېچە - كۈندۈز ئۆكۈلگەن ياشلىرىڭنى چاچرىتىپ، ئاشىقىڭنىڭ ۋەسلىگە يىتىش ئۈچۈن كىتىۋاتامسەن؟ سەن ئاشىق، سىنىڭ بويىڭدا خۇدىنى يوقىتىپ، بىشىنى ساڭگىلىتىپ ساڭا تىكىلىپ ئولتارغان مانا مۇشۇ يىگىتمۇ بىر ئاشىق. ئۇنىڭ كىچە - كۈندۈز سەندەك ئولغىنىپ سىنىڭ دولقۇنلىرىڭدەك توختاۋسىز دولقۇنلىغان قەلبى مانا ھازىر خۇددى سەن سۈرۈپ كىتىۋاتقان لاي - لاتقىلاردەك ئىلىشىپ كەتتى.

تۇردى ئولغىنىپ ئىقىۋاتقان دەرياغا قاراپ گاڭگىراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ قەلبى دەريا ئىچىدىكى ئىقىپ كەلگەن ياپراقتەك دولقۇنلار ئەۋجىدە گاھ ئىگىز كۆتۈرۈلۈپ كۈنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدا پالىرىسا. گاھ مۇئەللەقتىن كەپتەرگە ئىتىلىپ چۈشكەن ياش لاچىن ساناقسىز كەپتەر تۈپى ئىچىگە شۇڭغىغاندەك بۇرغۇنلار ئارىسىغا سىڭىپ كىتەتتى.

—تۇردىكا ئاغرىپ قالدىڭىزما؟

قىزنىڭ تويۇقسىز ئارقا تەرەپتىن ئاڭلانغان ئاۋازى تۇردىنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. ئۇ دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، قىزنىڭ ئاۋازىدىن بالىلارغا خاس ئوماقلىق چىقىپ تۇراتتى. تۇردى ئۇن - تىنسىز ئايمىنسانىڭ قوڭۇر، قويۇق كىرپىكلىرى ئىچىدە پارقىراپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىگە تىكىلدى. بۇ كۆز تۇردى ئۈچۈن شۇنچىلىك قەدىرلىك. بۇ كۆزنىڭ يارقىن سىماسى ئۇنىڭ يۈرىكىگە نەقىشلەنگەن.

— تۇردىكا، ماڭا نىمانچە بەك تىكىلىپ قاراپ كىتىسىز؟—

ئەمدى قىزنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى شوخلۇقىغا قايتىۋاتقانلىقى بىلىندى. قىز سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — تۇردىكا، ئاتامنىڭ يۈزىدىكى كۆمۈر يۇقى يۈزۈمگە يوقۇپ قاپتىمۇ - يە؟

قىز سۆزلەپ بولۇپ كۈلدى. ئۇنىڭ قىياپىتى خۇددى باھار ئىپىنىڭ ئەتىگەنلىكى ياپراق ئارىسىدىن يىڭىلا پوستىنى يىرىپ چىققان گۈلنىڭ غۇنچىسىغا ئوخشايدۇ. بۇ غۇنچە شۇنچە چىرايلىق ھەم نازاكەتلىك ئىكەنكى، ياپيىشىل يۇمران ياپراقلار ئارىسىدىن خۇددى مانا مۇشۇ قىزنىڭ كۆزىدەك نۇر جۇلاسى ئىچىدە كۆرۈنىدۇ.



— يۈزىڭىزگە ھىچنەرسە يوقماپتۇ.

— ھى، ھى، ھى... خۇددى پوكاندەك ئىسىلىپ كىتىپسىزغۇ ئەمىسە؟ — قىز شۇنداق دەپ قاقاخلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى دەريا ساھىلىنى جاڭ كەلتۈرۈپ، چۆل كارۋىنىنىڭ تۆگىسىنىڭ بويىندىكى زىل قوڭغۇراقتەك جاراڭلاپ كەتتى. — ھىچقانداق چاغدا ماڭا بۇنداق قاراپ كەتمەيتتىڭىز، بۈگۈن نەجەپ كۆزىڭىزنى ئۈزەلمەي قالدىڭىز - ھە، تۇردىكا. سىزمۇ ماڭا ئاتامدەك ئامراق - ھە؟

ئاھ بۇ نىمە دىگەن گۈزەللىك، ساددىلىق. بۇ تۇردىنىڭ چۈشىدىكى كۆرۈنۈشلەرگە نىمە دىگەن ئوخشايدۇ - ھە! تۇردى مەسخۇش ھالدا لاغىلداپ تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن قىزنىڭ ئوماق مەڭزىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئالدى. ئۇنىڭ

ئاسنىن ئېگىكى ئاجراپ كەتكەندەك چىشلىرىمۇ كارسىلداپ، ئاغزى يۇمۇلماي قالدى. قىز بولسا شوخ كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۇنىڭ سۆيۈشىنى كۈتەتتى. تۇردى ئاغزىنى يېنىقىن ئەكىلىپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئاۋۋال قىزنىڭ نەرىگە سۆيسۇن. جىنەستىدەك قىزىرىپ تۇرغان لېۋىگە سۆيسۇنمۇ؟ ياكى تۇغاچىنەك قىزىرىپ تۇرغان مەڭزىگە سۆيسۇنمۇ؟ ۋە ياكى سەبى، ئەمما مىسلىسىز سېھرى كۈچكە ئىگە كىرپىكلىرىگە سايە تاشلاپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىگىمۇ؟ ياق... ياق... ھەرگىز ئۇنداق قىلماسلىق كېرەك. ئېيەت قەسىرنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسىغا سېلىنغان تۇقسەن تۇققۇز پەرىلىك مۇقەددەس قۇلۇپى تېخى ئېچىلمىغان بۇ پاك ساددا قەلبنى خورلاشقا بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش جىنايەت! بۇ ئۇماق قەلب ئىشىكىنى ئېچىشقا ۋاقتى خېلى بار. ئۇنى مۇددەتتىن بۇرۇن زورلۇق بىلەن ئېچىش ناھايىتى چوڭ جىنايەت! بىراق، ئايىمنىسانىڭ تەگكۈشلىرى بىردىن ئەرنىڭ ئارقىسىدىن يۈرمەمدۇ؟ ياق. ئۇ قىزلار باشقا. ئايىمنىسا باشقا...

تۇردى قىزنىڭ لېۋىگە تېگىپ كېتىشكە سەللا قالغان ئاغزىنى تارتىۋېلىپ، قىزنى قويۇۋەتتى. شۇئان قىز دومسايدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

قىزنىڭ كۆڭلى نېمە دېگەن نازۇك. ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ؟ ئەي جاھان قىزلىرى. سىلەر مۇشۇ دوستۇڭلارنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئاڭلاۋاتامسىلەر. ئۇنىڭ كۆڭلى سىلەرنىڭكىگە ئوخشامدىكەن؟

بىردىنلا تۇردىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. يۈرىكى شۇنچىلىك سىقىلدىكى، خۇددى بىر پارچە قاغدالماكىسەك ئاسـ ـتىدا قالغان بىچارە قۇشنىڭ بالىسىدەك تىپرلاپ كەتتى. ئۇ چىرايى تاتارغان ھالدا، ئۆيگە يەنى، دەريا قىرغىقىدىكى تومۇرـ چىلىك دۇكىنىغا كىرىپ كەتتى. قىز شۇئان ياڭگىدە يىغلىۋەتتى.

تۇردى كىرگەندە ئاۋلىنىپ، چوغ بىلەن ئوخشاش بولۇپ كەتكەن تومۇرگە ئۇستىسى قىيالغان ھالدا بولقا ئۇرۇۋاتاتتى. ئۇ تۇردىنى كۆرۈپ:

— ھە، ئوبدان كەلدىڭ بالام، — دەپ قويدى. تۇردى ئۇن ـ تىنسىزلا ئېغىر بازغاننى قولىغا ئېلىپ، كۈچ بىلەن سوقۇشقا باشلىدى.

6

دەريا سۈيىنىڭ ئۇلغىيىپ بېرىشى بىلەن گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن چوڭ بىر پارچە تۇپا قاتلىمىنىڭ سۇغا چۈشكەن شاۋقۇنى ھەم ئۇزىنگە چاچرىغان سۇ تامچىسى بىلەن تۇردى رەزگى ئەندىكىپ كەتتى. بۇ چېلىقىدا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ئاسماندا جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار زېمىنغا كىبىدۇرۇلگەن ئۇنىمە. ئوشۇق داش قازاننىڭ ئوشۇكچىلىرىدەك كۆرۈنەتتى. تۇردى رەزگى دەريا يۈزىگە قارىدى. ئۇ چاپاق باسقان قىستىق كۆزلىرىنى قانچە كۈچەپ يوغان ئاچقان بولسىمۇ، قاراڭغۇلۇق قوينىدا بۇ تولغۇ سۇمۇ كۆرۈنمەي قالغان. پەقەت دەريانىڭ يىراق ئېقىملىرىغا زەڭ سېلىپ قارىغاندا، دەريا ئۇستىدىن ئاقۇش تۇمانى كۆرگىلى بولاتتى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە دەريانىڭ شاۋقۇنى گويا زىنداندا يېتىپ جان تەسلىم قىلىۋاتقان مەھبۇسنىڭ خۇدىنى بىلمەي سېلىۋاتقان پەريادىدەك ئاڭلىناتتى. دەريانىڭ بۇ شاۋقۇنىنى تۇردى رەزگى ئۆزىنىڭ قەلبىنىڭ شاۋقۇنىغا ئوخشىتاتتى. زىنداندا جان تالىشىپ پەرياد سېلىۋاتقان مەھبۇس ئۆز خۇدىنى بىلمەيدۇ. ئۇ قانچىلىك پەرياد چەككەنسۇن، بەربىر ئوخشاش. ئۇنىڭ پۇتىغا سېلىنغان ئېغىر كىشەنىنى چېقىپ، بۇ يەردىن ئۆزىنى قۇتقۇزغۇدەك مادارى يوق. تۇردى رەزگىمۇ بۇنىدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرىكى مۇھەببىتىنى دەھشەتلىك ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇۋالالىغىدەك قۇدرەتكە ئىگە بولالمىغان. لېكىن ئۇ ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى ئاشۇ مۇھەببەتنى يۈرىكىدە ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. تۇردى بۇلار ئۈچۈن ئۆز ۋۇجۇدىدىن قانچىلىك بەدەل بەردى. ھە؟ ئۇ قىرىدى. جۇدىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا كىشىلەر تەرىپىدىن رەزگى دېگەن لەقەم ئىنئام قىلىندى.

ھازىر كىشىلەرنىڭ تولىسى كۆز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇۋاتىدۇ. كۆزلىرىگە گىرادۇسلۇق ئەينەك. ھەتتا دۇربۇن ئۇتسىمۇ ھەقىقىي گۈزەللىكنى كۆرۈش ئۇلارغا نېسىپ بولمايدۇ. تۇردىنىڭ ئەڭ گۈزەل نەقىشلەر ئويۇلغان قەلبىنى ئۇلار كۆرەلمەيدۇ. ئۇلار ئاشۇ گۈزەللىكنى جاھاننىڭ پاسكىنچىلىقىدىن ساقلاپ، پاك پېتى تۇرغۇزۇۋاتقان ئاشۇ ۋۇجۇدىنىڭ سىرتىدىكى كۆرۈمسىزلىكلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قەلبى خۇددى نەچچە قات چوڭقۇر دېڭىز تەكتىدىن ئۈنچە ـ مەرۋايىتلاردەك يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. ئۇنى ئادەتتىكى دېڭىزدا يول يۈرگۈچى كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى پەقەت غەۋۋاسنىڭ ئۆتكۈر كۆزىلا كۆرەلەيدۇ.

تۇردى رەزگى، كىشىلەر دائىم ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغان «پۇل بولسىلا ھەممە بولىدۇ» دەپ، ھەتتا جاھاندىكى ھەممە ئىپلاسلىق ۋە پەسكەشلىكلەرنى پەقەت پۇل ئۈچۈنلا قىلىدىغانلارنى كۆردى. ئالدىغا قارىۋىدى. پۇل ئۈچۈن بىراۋ ئاتىسىنى سىرتماققا ئېسىپ ئۆلتۈردى. ئارقىسىغا قارىۋىدى. پۇلنى دەپ بىراۋ ئاق سۈت بەرگەن مېھرىبان ئانىسىنىڭ كۆكسىگە پىچاق ئۇردى. يانغا قارىۋىدى بىراۋ ئاشۇ پۇل ئۈچۈن ئۆز



قېرىندىشىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈردى...

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنى چىرايلىق بېزەپ يۈرىدىغان «مەدەنىيەتلىك» كىشىلەرنىڭ «گۈزەل» قەلبى!

تۇردى رەزگى پۈتكۈل ھاياتىدا ئاشۇ ئادەملەرنىڭ «پۇل بولسا ھەممە بولىدۇ» دېگەنلىرىگە ئاساسەن ھارماي ئىشلىدى. يېمەي- ئىچمەي، كىيمەي پۇل يىغدى. ساناقسىز پۇل توپلىدى. ئۆيىنىڭ ئۆزى ياتىدىغان يېرىگە كۆمۈلگەن ساپال كوپنىڭ ئىچىگە پۇل توپلىدى. كوپ توشۇپ كەتتى. بىراق ھەممە نەرسە بولمىدى. يەنى ئۇ مۇشۇ پۇلنىڭ قۇدرىتى بىلەن بوپقالالا دەپ تاما قىلغان ئۇنىڭ كۆزلىگەن نەرسىسى بولمىدى. ئايىمسانىڭ ساپ قەلبى، ئۇنىڭ مۇھەببىتى بولمىدى.

تۇردى رەزگى چۈشەندىكى، پۇل پەقەت يەپ- ئىچىشنى دۇنيانىڭ پۈتكۈل لەززىتىنىڭ ئۈستىگە قويىدىغان ئاجىز مەخلۇقلار ئۈچۈنلا ھەممە نەرسىنى تېپىش قۇدرىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ تاپىنى ئاستىدا تۇرغان بولاق- بولاق پۇل ئۇنىڭ ئۈچۈن، كۈزدە يەر يۈزىنى قاپلىغان غازاڭلاردىن قەدىرسىز. ئەمما ئۇ يەنىلا تۇردىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدىكى ھالال ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى. ئوغرىلار قانچە قىلسىمۇ بۇ پۇللارنى تاپالمىدى.

ئوغرىيالمىدى. بۇ پۇللار گويا سېھىرلىك تىلسىمدەك ئۆز ھالاللىقىنى ساقلاپ، ھارامغا ماڭمىدى. بۇ توغرىدا پەقەت ئازغىنا مىسال كەلتۈرسەك كۇپايە.

7

مۇشۇ كەنتتە قايسى بىر يىللىرى كەنتكە سېكرېتار بولغان بىر ئادەم بار. بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ قىزى، ھېيلىگەرلىككە ۋە مۇناسىۋەتشۇناسلىققا تايىنىپ، ئوتتۇرا قاتلام ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى نەپسىگە ئامراق ئادەملەرنىڭ ھىمايىسى بىلەن بىلەن بىر مەزگىل ئازا دەۋر سۈرگەن. ئۇ ئەينى چاغدا تۇردى رەزگىنىڭ كارامەت بايلىققا كۆزىنى قىزارتىپ، بۇ ئادەمنىڭ پۇلىنى بىر ئامال قىلىپ قولغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنغان ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنى باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئوجۇقتۇرۇش كېرەكمۇ؟ بۇ بىر خەتەرلىك ئىش... مەيلى، نېمىلا بولسۇن بۇ قانۇنلۇقنى ئۆزى قاملاشتۇرالمىغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ قولى بىلەن قىلسا، ھامان بىر كۈنى پاش بولۇپ تۈگىشىدىغان گەپ. ماھىر، پىشقان ئوغرىلارنى ئىشقا سالسا، پۇلنى تەڭ بۆلۈشتە قانداق بولار؟ بۇ تەييار لوق گۆشكە باشقىلارنى تەڭ شېرىك قىلغانلىق بولىدۇ- دە.

ئىدرىس ئىسىملىك بۇ ئايدىڭباش سېكرېتارنىڭ بېشى قاتتى. لېكىن پىخسىقنىڭ پۇلىنى ئېلىش رايى بارغانچە ئۇنىڭ ئىچىنى ئۆرتەيدىغان ئوتقا ئايلاندى. كېچىلىرى ئۇيقۇسى كەلمەي، كۆك تاماكىنى بولۇشىغا چېكىپ يۆتىلىپ كەتسە، ئەۋرە كۆرگەندىمۇ نەپسىدىن قالمىغان بېمىز ئايالى ئۇنىڭ دۈمبىسىنى شاپىلداتتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ كونا ئادىتى بويىچە بىقىنىنى چىمداپ قوياتتى. بۈگۈن ئىدرىس ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، پۇشۇلداپ پىشىۋالدى. يۇرت ئىچىدە «بىرىنچى سېكرېتار ئىدرىس، ئىككىنچى سېكرېتار ھاشىرخان» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئايالنىڭ شۇ تاپتا جۇدۇنى تۇتۇپ قالدى. چۈنكى مۇشۇ ئىككى ھەپتىدىن بۇيان بۇ كونا قەدناس ئۇنىڭغا نىسبەتەن سوۋۇلىشىپ قالغانىدى. مانا ھازىرقىدەك قاملاشمىغان ئىش مۇشۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاندى. «قىرىنغاندا ئىشنىڭ تېزىنى كۆردۈم» دەپ بۇ رودىپاي نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيدۇ. ياكى مۇشۇ يەردە ياش يۈزسىزدىن بىرسى بىلەن... ھاشىرخاننىڭ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سەپرايى تېخىمۇ ئۆرلەپ:

— ھوي يۈزى قېلىن ئاپ، مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن. قىرىنغانداسەت بولمىسۇن. دەپ دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈرسەم، ئۆززۈڭنى بىلمەيسىنا. دېگىنە زادى. كىمنىڭ كەينىدە يۈرۈيسەن؟ مەندىن چىنىۋاتامسەن- يە؟! — دەپ ۋارقىرىدى. ئىدرىس ئىشىنىڭ چاتاق تەرەپكە ئېغىشىدىن

ئەنسىرەپ دەررۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. چۈنكى ھاشىرخاننىڭ بىر ئىشقا چېچىلىۋالسا پات قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ھازازۇللۇقى ئۇنىڭغا ئوبدانلا چۈشىنىشلىك ئىدى. ئىدرىس قاملاشمىغان ھالدا بىرنى ھېجىيىپ، ھاشىرخانغا ئومشۇقىنى سوزۇۋېدى، ئەستەكتىن بىرنى يېدى:

— ئاپار نېرى، ئاشقان ـ ئاشقاننى يالايدىغان ئىتقا يالات! مەن سېنىڭ قاسماقلىرىڭنى ئېرىتىدىغان ئادەم ئەمەس.

ئەستەك ئىدرىسقا خېلى تەككەنىدى. ئۇ ئەندى ھەر قانداق قىلىپمۇ ھاشىرخاننىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا قادىر بولالمىدى. ھاشىرخان بولسا، ئۇنىڭغا قىلچە ئارام بەرمەي، ئاپتوماتنىڭ ئوقىدەك ئاغزىنى قويۇۋەتتى.

— ھەي...بوشراق گەپ قىل دەيمەن. ماۋۇ يان ئۆيدە زىبىرنىسا بار، مەت ئۇرىدۇ.

— بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئۇ بىر نارسىدىمتى؟ بۇنداق گەپلەرگىچۇ، سەن ـ بىزدىن پىششىق. بىلىپ قوي. سەن قىبرىنىڭ ھازىرغىچە سېكرىتار بولۇپ تۇرۇشۇڭ قىزىڭنىڭ دۆلىتىدىن.

ئەندى بىز. بۇ ئىككىسىنىڭ كىشى ئاڭلاشقا بولمايدىغان شەخسىي پارىڭىنى مۇشۇ يەردە قويۇپ تۇرۇپ. بۇلار ھازىر تىلغا ئالغان قىزى زىبىرنىسا بىلەن تونۇشايلى.

يان ئەرەپتىكى ئۆيدە زىبىرنىسا يالغۇز ياتىدۇ. بۇ ئۆيدە ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم بولمىغانلىقى، ئومۇز كېچىسىنىڭ بورۇختۇم كېچىسى بولغىنى ئۈچۈن بۇ يىگىرمە تۆت ياشلىق چوكان يالىڭاچ يېتىپ ئاتلىق ئۆيقىغا كەتكەنىدى. ئۇنىڭ يېلقەتەك تولغان تەن قۇرۇلۇشى، سۈرەتتەك كېلىشكەن ھۆسنى ئۇنى بەختسىز قىلغانىدى. زىبىرنىسا باشلانغۇچتىلا ئوقۇشنى بولدى قىلغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە چىرايلىق بولغانغا يارىشا ئەقلى چېچىنىڭ ئۇچتىن بىرىگە توغرا كەلمەيدىغان قىز بولۇپ قالغاچقا، ئۆزىگە كېلىۋاتقان بەختسىزلىكنى بەخت. جاھاننىڭ لەززىتى دەپ بىلەتتى.

زىبىرنىسا چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭغا ياخشى ئادەملەرنىڭمۇ، يامان ئادەملەرنىڭمۇ كۆزى چۈشۈشى ئەلۋەتتە تەبئىي ئەھۋال. ئۆزىنىڭ ئەسكىلىكىنى دائىم بىر قاراشتىلا كۆرۈۋالغىلى بولىدىغان ئەسكىلەر ئادەتتە ئەسكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار گەرچە دائىم ئۇششاق ئەسكىلىكلەردىن خالى بولمىسىمۇ، لېكىن چوڭ ئەسكىلىك ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بىراق، ئادەتتە ياخشى ئاتىلىدىغان ئەسكىلەر كارامەت بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ مۇشۇ يۇرتتىكى ئۆزىمۇ ئوبدان، ئەملى كىنجەك بولىسىمۇ بايلىقى، چوڭ بىر ئادەمنىڭ ئوغلىغا زىبىرنىسا ئون سەككىز يېشىدا ياتلىق قىلىندى. يىگىت ئوبدان يىگىت ئىدى. ئۇ زىبىرنىسانى كۆيۈپ ـ پىشىپ ئاھايىتى تەنتەنە نىكاھىغا ئالدى. بىراق يىگىتكە ئىززەتلىك بولىدىغانلىقى كىمنىڭمۇ يادىغا كەلسۇن دەيسىز؟ ئۇ چىن قەلبىدىن سۆيۈنۈپ، ئاران قولىغا چۈشۈرگەن بۇ ئېسىل قىز، توي بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن قورسىقىدا ئالتە ئايلىق بولغان ھامىلدار ئايال ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ۋاھ، بۇ يىگىت بولغۇچى ئۈچۈن قانچىلىك ئېغىر نومۇس ـ ھە؟! يىگىتنىڭ شۇ چاغدىكى كۆزقارىشى بويىچە، ئۇنى پەقەت ئۆلتۈرۈۋەتكەندىلا، خورلانغان ۋىجدانى ئاقلىناتتى، نامى ـ ئىززەت ـ غورۇرى پاك بولاتتى. بىراق يىگىت ئۇنداق قىلىشقا ئۆلگۈرەلمىدى. يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى چاقىقان كېلىپ، ئوغلى ئالدىدا گويا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەن گۇناھكاردەك تىزلىنىپ يېلىندى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكتى. ئوغۇل ئۈچۈن ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىشى دۇنيادا نېمە دېگەن بىچارىلىق. نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق؟! يىگىت لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى. جاۋغىيى ئارىسىدىن قانلار جىرغاپ چىقتى. قولىدىكى يالتىراپ تۇرغان خەنجەر يەرگە چۈشتى. ئۇنىڭ قولىدىكى ئولجىنى قاچۇرۇپ قويغان بۈركۈتنىڭ كۆزىدەك قەھرىگە تولغان كۆزى ئۆزىگە بويۇن قىسىپ تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا گاڭگىرىدى. شىركەيى كۈچ بىلەن ئۇيۇشقان ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترىدى. بىچارە ئاتا ـ ئانا لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ تۇرۇپ، بۇ سىرنى ئىنسى ـ جىنغا بىلدۈرمەستىن، پەقەت خەلق ئارىسىدا «كېلىشەلمىدى» دېگەن ئات بىلەن زىبىرنىسانى يولغا سېلىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جان ـ جىگىرىنى، بەدىنگە يۇققان مەرەزنى يويىمەن دەپ ھالاك بولۇشتىن ساقلاپ قالدى. مەھەللىدىكى سۆز ـ چۆچەكلەر بۇ ئىش ئۈستىدىن «بۇ قىز تازىمۇ ئەركە ـ ئايناق ئىدى. بۇنداق خوتۇن بىلەن غورۇرلۇق ئەر ئۆمۈر بويى چىقىشالمايدۇ» دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى. زىبىرنىسا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئەجرىبىلىك ئانىسىنىڭ داۋالىشى بىلەن ئىنسى ـ جىنغا تۇيدۇرمايلا، قورسىقىدىكى ئىگىسىز مېھماننى ئۆز ماكانىغا يولغا سالدى. ئۆزى بولسا ساپ ـ ساپچى خوتۇنلار ئەرىپىدىن «چالا ـ پۇلا ئەرگە تەككەن قىز» دېگەن ئالتۇن جازا ئىچىدە ياشىدى. يىگىت ئىچىگە تۈشۈپ كەتكەن دەرد ـ پىغانىنى بوشىتىش ئۈچۈن يىراق سەپەرگە ئاتلاندى. بۇ ئىشلار مانا شۇنداق.

ئەمدى بىز ھېلىقى زىبىرنىسانىڭ قورسىقىدىكى غايىپ مېھمان توغرىسىدا ئاجايىپ ھېكايىنى ئاڭلايمىز. ئەسلى بۇ سىر ئېچىلمىسا بولاتتى.بۇ سىر ئاشكارا بولغاندا، يىگىتكە

تېخىمۇ ئۆۋال قىلىناتتى. لېكىن ئىسكەندەرنىڭ بېشىنى چۆشۈرۈپ ھايات قالغان ھېلىقى سانىراشنىڭ قورسىقى ئېشىلىپ كەتكەندەك(1)، بىزنىڭ بۇ يىگىتنىڭمۇ قورسىقى ئېشىلىپ زادىلا تۇرالمىدى. ئاخىرى ئىچىنى تاتىلاپ قىلچە ئارام ئالدۇرمىغان بۇ بوشۇرۇن سىرنى بىر يەردە ئولتۇرۇپ دەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سۆز - چۆچەك شامىلى بۇ مەخپىي سىرنى ھەممە يەردە توچۇرۇپ يۈردى. ئەمما بۇ يۇرتتا يولسا سېكرېتارنىڭ تومۇز قاپلىق يەرلىك سىياسىتىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ. كىشىلەر كۆڭلىدە بىلىپ، ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى. يىگىت ئۆز خوتۇنىنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ دادىسىنى زىبىرنىسانىڭ ئادەمنى سېھىرلەندۈرىدىغان كۆزىگە خەنجەرنى يىقىن تەڭلەپ تۇرۇپ سوراپ بىلگەندى.

ئىش ئەسلىدە مۇنداق بولغان: زىبىرنىسا خۇددى تولۇپ ئېچىلغان بىر تال قىزىل گۈلگە ئوخشاش ئۆسۈپ ھۆسنىگە تولدى. ئەلۋەتتە بۇ قومۇش باسقان سەھرادا بۇنداق قىزىلگۈل ئاز ئۇچرايدۇ. يېقىندىن بېرى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى سالى مۇدىر بىلەن ئىدىرىس سېكرېتار يېقىنلىشىپ، دوست بولۇشۇپ قالدى. يېزا بويىچە ئېچىلغان چوڭ يىغىنلاردا، سالى مۇدىر ئىدىرىس سېكرېتارنى ماختاپ، ئۇنىڭ خىزمەتتىكى نەتىجىسىنى باشقا سېكرېتارلار ئالدىدا ئالاھىدە مەدھىيىلىدى. ھەتتا سېكرېتارلارنى ئىدىرىس سېكرېتاردىن ئۆگىنىشكە چاقىردى. باشقا سېكرېتارلار سالى مۇدىرغا قاراپ، ھەيرانلىقنى زادىلا يوشۇرالمىغان ھالدا ئاغزىنى كاماردەك ئېچىشىپ قالدى. چۈنكى، سالى مۇدىر ئىلگىرىكى چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا، دائىم ئۇنى ئەيىبلەيتتى. ھەم ئادەتتىكى چاغلاردا دائىم «بۇ ئىدىرىس دېگەن قىرى. مىساش تاز قايسى ئاي. قايسى كۈنلۈكتە سېكرېتار بولۇپ قاپتىكى. پەقەت ئىش كەسمەيدۇ. ئۇنىڭ كەينىگە بارسام، گويا گۆرۈستانغا بارغاندەك بولىمەن. ئادەملىرىنىڭ روھى ناھايىتى تۆۋەن. نەگە قارىسا ئەسكى پۇچۇق تام. دېھقانلارنى بېشىغا باشلىيالمايدۇ. توردى رەزگى دەپ بىرلا بېيى بار، بايلارنى تونۇشتۇر دېسە، شۇ رەزگىنى تونۇشتۇرىدۇ. تۇ مەلئۇن رەزگى سارائىكى باي دەپ بىر يەردىن كەلگەن ئادەمگە كۆرسەتكىلى بولامدۇ؟» دەپ قايناتتى. ئىدىرىس سېكرېتار دائىم ئىچىدە: «بۇ سويمەكنىڭ ئەجەپ مەن بىلەن خۇشى چىقمىدى. ماڭا بۇ كىسپۇرۇچتىن بىرەر بالا كەلمىگىدى» دەپ ئەنسىرەيتتى. لېكىن يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئىش باشقىچە بولدى. بىر كۈنى خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن مۇدىر كەچ قېلىپ، ئاچ قورساق، ئىلاجسىز ئىدىرىس سېكرېتارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالدى. كىردى - يۇ، ئېمىنىشقا بۇ ئۆيىگە بۇرۇن كىرىپ قالمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. چۈنكى چىرايلىق دېھقان جۇۋان - قىزلىرىغا ئۆگىنىپ كەتكەن بۇ كونا يېزا ئەمەلدارى ئىش كەسمەس. خۇشى يوق سېكرېتارنىڭ بۇنچىلىك كېلىشكەن قىزىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. بىر تال قىزىلگۈلنى كۆرگەن بۇ ئالا - چىپار كېپىنەك بۇ گۈلنىڭ تېخى ئەمدىلا تولۇپ ئېچىلغان بەرگىسىنى يالىۋىلىشقا ئەپسى ئاقلاپ كەتتى. شۇندىن ئېتىبارەن سالى مۇدىر ئىدىرىس سېكرېتار بىلەن سىرداش دوستلاردىن بولۇشۇپ كەتتى. سالى مۇدىر پات - پات ئەل ئايىغى بېسىققاندا، ئۆزىنىڭ سادىق ھارۋىكىشىگە توچقۇر بوز ئايغىرنى ھارۋىغا قاتتۇرۇپ، بىر نەچچە بوتۇلكىنى ئېلىپ كېلەتتى - دە، ئىدىرىس سېكرېتار بىلەن كېچىنى تاڭغا تولاپ ئىچىشىدىغان بولدى. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىشلار داۋاملىشىپ، ھاشىرخان دېگەن بۇ سەزگۈر خوتۇن سالى مۇدىرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالدى ھەم ناھايىتى خۇشال بولدى. چۈنكى تومۇز شۇ ۋاستىسىگە تايىنىپلا ئېرىنىڭ خىزمەتتىكى ئىقتىدارسىزلىقى، خىزمەتتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىقى سەۋەبلىك، يېقىندىن بېرى خەلق ئارىسىدا «ئىدىرىس سېكرېتار يېقىندا سېكرېتارلىقىدىن قالىدىكەن» دېگەن ئۆزلىرىنىڭ بەخت قۇشىنى ئۇچۇرىۋېتىدىغان، ئېسىل مەنسەپتىن ئايرىلىپ قالىدىغان گەپلەردىن قۇتۇلاتتى. مۇدىر تولارغا يار - يۆلەك بولسىلا، ئېرى ھوقۇقتىن ھەرگىز قالمايتتى. شۇڭا بىر كۈنى كېچىسى ئېرى مەسلىك تويغىنى باشلىغان. سالى مۇدىر شىركەيىپ بولغان پۇرسەتتە ئۆزى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن بىر تال قىزىلگۈلنى ئۈزۈپ تاشلاپ بەردى. ئېچىرقاپ كەتكەن تۈلكە. توۋچى قورغان توزاق ئۇستىگە قويۇپ قويغان چۈجىنى يالماپ كەتتى. لېكىن ئۇشۇقىدىنلا توزاق قىسىۋالدى. شىركەيىپ بولغان سالى قىزنىڭ نالى - پەريادىدىن ھوشۇركىنىپ ئېسىگە كەلگەندە. ھاشىرخان بوغۇم - بوغۇم توم بىلەكلىرىنى تاغاردەك بېلىگە ئىرەپ تۇنىڭغا غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ تۇراتتى.

9

...ئىدىرىس سېكرېتار يوتقانىدا يېتىپ، ئاخىرى ئۆز مەقسىتىنى ھاشىرخانغا بىلدۈرەلىدى. ھاشىرخان ئاخىرى ئېرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلدى. ئۇنكەن چاغلاردا ئېرى سېكرېتار ۋاقتىدا

(1) «مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر» ناملىق خەلق چۆچىكىدىكى ۋەقە كۆزدە تۇتۇلىدۇ — مۇھەررىردىن

ھوقۇقىنىڭ قۇدرىتىدىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ھەشەمەتلىك، كۆڭۈللۈك ئىدى. مانا بۇ ئەمەلىيەتتە ھېلىقى سالى دېگەن بېشىنى يەيدىغان بەربۇتقۇر ئېغىر خىيانىتى چىقىپ، ھوقۇقىدىن قالدىلا ئەمەس، تۈرمىگە كىرىپ جاجىسىنى يېدى. ئۇززۇنغا قالماي ئىدرىس سېكرېتارلىقىدىن قالدۇرۇلدى. ئەمدى ئېرىنىڭ قايتا مەنسەپكە ئولتۇرۇشىغا كۆزى يەتمىگەن ھاشىرخان، ئەمدى پۇل بولمىسا جان باقماقنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ھەممە خەلقى ئالەم ئالدىدا ھوقۇقى بار ۋاقتىدا ئېسىل كىيىپ، تويۇپ-كېكىرىپ يۈرەتتى. ھوقۇقتىن ئايرىلىپلا كۆك پىت باستى، دېگەن سۆز-چۆچەككە قالماسلىق ئۈچۈن يەنىلا كۆپ پۇل بولۇش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. قانداق پۇل تېپىش كېرەك؟ ئون بەش يىلدىن بېرى خەقنى ئىشلىتىپ ئۆگەنگەن بۇ قېرى سېكرېتار ئىشلەپ پۇل تېپىشنى بىلەمدۇ؟

باشقىلار كۆندىن-كۆنگە بېيىپ كېتىۋاتىدۇ. يەنىلا تۇردى رەزگىنىڭ يېمەي يىغقان پۇلىنى قولغا چۈشۈرۈش پىلانى پۇل تېپىشنىڭ ئاسان يولى. بىراق ئۇ مەلئۇن رەزگىدىن پۇلنى قانداق ئالغىلى بولار؟ ھاشىرخان ئۇزاق ئويلاپ ھېچبىر چارە تاپالماي، بىر ئۇھ تارتتى-دە، سۇلىشىپ-سوزۇلۇپ ھېچبىر رايىنى تارتالمىغان ئېرىدىن ئۆزىنى نېرى قىلىپ ئۆرۈلۈپ ياتتى. لېكىن ئۇنىڭ خىيالى تۇردى رەزگىنىڭ بولاق-بولاق پۇلى ئۈستىدە ئەگىمەكتە. بىردىنلا ئۇنىڭ خىيالىدىن بىر ئىش ئۆتتى.

ئۇ پالاكەت ئۇستىخىنىنى تەستە مىدىرلىتىپ ئېرى تەرەپكە ئۆرۈلدى، كارىۋات بۇ ئېغىر يۈكنىڭ مىدىرلىشى بىلەن غىچىرلاپ كەتتى. ئۇ سېكرېتارغا يېقىن سۈرۈلۈپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. بىر ھازادىن كېيىن سېكرېتار خۇشاللىقنى باسالماي ۋارقىرىۋەتتى.

— ھەييەللى خوتۇن...

سېكرېتار ئاغزىنى خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ پىچىرلىدى:

— بۇ مەخپىي بولۇشى كېرەك. بۇ ئىشنى خەق بىلىپ قالسا تۇردى رەزگىنىڭ پۇلىنى دەپ ئاشۇنداق قىپتۇ دەپ سۆز-چۆچەك قىلىدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن بەك نومۇسلۇق ئىش بولىدۇ.

— خاتىرجەم بولسىلا. مەنچۇ قىلغان ئىشىمنىڭ بۇسىنى چىقىرىدىغان گالۋاڭلاردىن ئەمەس!

— يارايسەن خوتۇن. ئىشىمىز دېگىنىمىزدەك بولىدىغان بولسا، ئۆمۈر بويى جاھاننىڭ موھتاجلىقىدا قالمايمىز. سېنىڭ مۇشۇنداق پەرلىرىڭنى كۆرسەمزە...

سېكرېتار خۇشاللىقىنى باسالمىغان ھالدا ھاشىرخانغا مېھرىبانلىق كۆرسەتتى...

## 10

زېمىن يەنىلا بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە كۈندۈزى ئىنسانلارنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن يورۇسا، كېچىسى يەنە شۇ ئىنسانلارنىڭ ھەسرىتى ئۈچۈن ماتەم تۇتقاندەك قارا لىباس كىيىپ سۈكۈتكە چۆمدى. زېمىننى زۇلمەت پەردىسىگە ئوراپ ئېلىپ كەلگەن غەپلەت ئۇيقۇسىنى كىشىلەرنىڭ ئاجىز كۆزلىرىگە پۈركۈۋەتتى. ھاياتلىق ئۇيقۇسىنى باشلىدى. پەقەت شاۋقۇنلۇق دولان دەرياسى ھاياتلىقنىڭ ئەڭ جاپاكەش شاپاسى بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ تەشنالىقى ئۈچۈن ئالدىراپ ئاقىدۇ. ئۇنىڭ بويىدا يەنىلا بىزنىڭ تۇردى رەزگى يۆكىنىپ ئولتۇرىدۇ. دەريا ئۆزىنىڭ بۇ كونا ئۆلپىتىگە قاراپ قاقاخلاپ كۈلىدۇ. ھۆكۈرەپ يىغلايدۇ. يەنە غەزەپ بىلەن نەرە تارتىدۇ. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدىغانلىقى ئىنسانلارغا نامەلۇم.

تۇردى رەزگىنىڭ كىردىن سارغايغان شاپاق دوپپىسى ئاستىدىن پاخپىيىپ چىگىلىشىپ قۇلاق گەدىنىنى باسقان چاچلىرىغا، يۈزلىرىگە دەريا بويىدا ياشىغۇچى كۆمۈتە-پاشىلار قوتۇپ ئۇنىڭ قېنىنى شورىماقتا. تۇردى رەزگى ھاياتىكى بۇنداق تەييارتاپ قان شورىغۇچىلارغا ئەبىشى كۆنۈپ قالغاندەك ئىدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. قورۇۋېمۇ قاچۇرغىلى بولمايدۇ. نەقەدەر شۇنداق ئادەملەر جان-جەھلى بىلەن ھارماي-تالماي ئىشلەپ قان يىغىدۇ. پاشىلار بولسا غىڭشىپ ئۇچۇپ كېلىپ شورايدۇ. بۇنى قانداقمۇ تۈگەتكىلى بولسۇن؟ لېكىن ئۇ پاشىغا ئىس سالسا قاچىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما شۇنى قىلىشقا ھورۇنلۇق قىلىدۇ. ئوترۇقتا سەرەڭگە يېقىپ قولىنىڭ كۆيۈپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. بۇمۇ تۇرۇپ تۇرسۇن. ئۇ مۇنداق ئادەتكە كۆنۈپ كەتكەن بىر لەقۋا. تۇردى رەزگى پۈتۈن ئەس-يادى بىلەن دەريا ئىچىدىكى يۇلتۇزلار ئەكسىگە قارايدۇ. ئۇنىڭ چاپاق باسقان كۆزلىرى دەرياغا كۆچكەن يۇلتۇزلار ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ چولپان يۇلتۇزىنى — ئايىمنىسانى. ئۇنىڭ يۇلتۇز بولۇپ چاقنايدىغان بىر جۈپ كۆزىنى ئىزدەيدۇ. ئەنە ئۇ غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. گوياكى قويۇق تۇمان ئىچىدىن كۈلۈمسىرەپ چىقىشقا باشلىدى. ۋاھ... ئۇ ئەجەپ ياش تۇرۇپتۇ. ھە؟ بەلكى بارغانچە ھۆسنىگە تولۇپ. تۇردىنى بارغانچە ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان دەرىجىدە گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. تۇردى بولسا قېرىپ كەتتى. بوۋاي بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ ياش قىز بۇ بوۋايغا قانداقمۇ توغرا كېلەر؟ ياق. توغرا كېلىدۇ. مۇھەببەت ئۇلۇغ. مۇھەببەت مۇقەددەس. ئوتتۇز يىلدىن بېرى مۇھەببىتىنى شۇ مەھبۇبە ئۈچۈن بېغىشلىدى. بۇ مۇھەببەتنى پەقەت ھېچكىم

ئارتۇۋالمىدى. ھەم ئارتىپ ئالالمايدۇ! توردى رەزگى كۆزىنى يۇمدى. قىزمۇ دەريا يۈزىدە كۆزدىن غايىپ بولۇپ، يۇلتۇزلارغا ئايلىنىپ كەتتى. توردى رەزگى ئادەتتە بۇنىچە يىراق ئۆتمۈشتىكى مۇھەببەتنىڭ مەنىۋى كۆلەڭگىسىنى زىيارەت قىلغىلى كەتتى...

...ياش توردى يوغان بازغاننى سەندەل ئۈستىدىكى چوغقا ئايلانغان تۆمۈر ئۈستىگە كۆچەپ ئۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ۋۇجۇدىغا ئەشۇ چوغنىڭ ھارارىتىنى بېرىپ، ئۈزلۈكسىز قىزدۇرماقتا. ئۇنىڭ يۈرىكى چوغ. بۇ چوغ بىر ئوچاقتا. بىر ئايىمنىساننىڭ قەلبىدىكى ئاتەشدانىدا بارغانچە ياشىرىپ، ھارارىتى بارغانچە ئاشماقتا.

ئاشۇ ئىشتىن كېيىن ئايىمنىسا توردىغا ئۇدۇل قارىيالمايدىغان بولدى. توردى بەكمۇ ئازابلاندى. ئۇ ئايىمنىساغا بەكرەك دىققەت بىلەن نەزەر سېلىۋىدى، ئۇنىڭ يۈزىناپ خاپا بولۇپ يۈزگىنىنى بايقىدى. بۇنى بىلگىنىدە توردىنىڭ گېلىدىن غىزا ئۆتمىدى. چىرايى كۈندىن-كۈنگە سارغىيىپ ئىشتىن قالدى ھەم كېيىنچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ جۆيلۈيتتى. دۈۋۈلەتتى. ھەرقانداق دورا ئۇنىڭغا كار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ دائىم بەزگەكتەك تىترەپ، چىشلىرى كاراسلداپ كېتەتتى. تىترۈپ-تىترۈپ قاتتىق چۆچۈپ ۋارقىرىۋېتەتتى. ئۇ ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. خۇددى رىۋايەتلەردىكى شىشە ئىچىگە بەنت قىلىۋېتىلگەن دىۋە كىچىكنىڭ ئۆزى بولۇپ قالدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىرى ئۇمۇرچى ئۆزىنىڭ بۇ ئەڭ ئامراق شاگىرتىنى يوقلاش، ھاياتى بىلەن خوشلىشىش يوسۇقىغا كېلىپ قالغان شاگىرتى بىلەن رازىلىق ئېلىش ئۈچۈن ئايالى ۋە سۆيۈملۈك قىزى ئايىمنىسانى ئېلىپ توردىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. كىبەل چېقىپ، ئەزرائىل بېشىدا بەلبوغۇچ تۇتۇپ تۇرغان بىچارە توردى، شۇ بېسىۋەتكەن تىندۇرما ئازگالدەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن جانسىز كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ، ئۆزىنىڭ قەدىرلىك ئۇستازىغا تىكىلدى. ئۇ شۇنچىلىك زورۇقۇپ بىر نەرسە دېمەكچى بولغان بولسىمۇ، قورۇلۇپ گەز باغلىغان لەۋلىرىنى ئاچقىندەك ماغدۇرى قالمىغانىدى. ئۇ جانسىز كۆزلىرىنى باشقا ياققا قاراشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ شۇ ئاپتا ئۆزىنىڭ كۆز نۇرىنى — ھايات چىرىغىنى ئىزدەيتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ كۆزى ئىزدىگەن نەرسىگە ئېرىشتى. ئايىغىدا كۆزلىرىدىن مۇنچاقتەك ياش تۆكۈپ تۇرغان ئايىمنىسانى كۆردى. ئۇنىڭ يىغلاشلىرىمۇ شۇنچىلىك جىلۋىلىق. ئۇماق ئىدىكى. يامغۇرلۇق كېچىدىكى بۇلۇت ئارىسىدىن ئاستا-ئاستا ئەگىپ ئۈزۈۋاتقان ھىلال ئاينىڭ سىماسى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. توردىنىڭ خۇنى كەتكەن كۆزلىرى خۇددى يىپقا ئارتىپ قويغاندەك تىكىلدى. ئۇنىڭ قورۇق قاخشال يۈزلىرىگە بىچارىلەرچە كۈلكە ياماشتى. تەبەسسۇمغا ئايلاندى. ئاخىرى ئۇن بەش كۈندىن بېرى ئېچىلمىغان ئېغىزى ئېچىلىپ، چىشلىرى كۆرۈندى. دېمەك ئۇ كۈلدى. ئۆيدىكى ھەممە كۈلدى. يامغۇردەك تۆكۈلۈپ يىغلاۋاتقان ئايىمنىسامۇ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلغان ھالدا ئادەتتە بۇنىچە ھەممىدىن ئاۋۋال كۈلدى. سىم-سىم يامغۇر توختاپ، بۇلۇتلار ئارىسىدىن ھىلال ئاي چىقتى. يامغۇردىن يۇيۇلغان يېشىل كائىنات ھىلال ئاي نۇرىدا تويى بولغان ئارتىنچاق قىزدەك نازلىق ئىدى. توردىنىڭ سارغايغان چىرايىدا بەخت ئۇچقۇنى پەيدا بولدى. قىز قولىدىكى ئۆزىنىڭ ئۆگدەك ئاق سۈتلۈك ئالمىنى توردىنىڭ بۇرنىغا پۇراتتى.

— ھەي ئەخمەق قىز. ئاغزىنى ئېچىشقا دەرمانى يەتمىگەن ئادەم ئالمىنى قانداق يېيەلەيدۇ؟ — دېدى ئاتىسى. قىز ئۆز قىلىقىدىن خىجىل بولۇپ، دەرھال قولىنى تارتىۋالدى. ئۇنىڭ يۈزى ئۆزىنىمۇ سەزمىگەن ھالدا تۈنجى قېتىم كۆز ئالمىسىدەك قىزاردى. لېكىن شۇئان توردىنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ئۆچۈپ، قىزنىڭ قولىدىكى ئالمىغا تەلمۈردى.

— ھە. ئەپكەل. پۇرات قىزىم. كۆڭلى ئالمىنى تارتىپ قالغان ئوخشايدۇ. چاققان ئەكەل.

ئاتا مۇراجىئەت قىلدى. ئەمما قىز ئالمىنى تۇتقانچە ئىزىدىن مىدىرلاپ قويمىدى. قولىنىمۇ سوزۇپ قويمىدى. ئاتا زەردىسى قايىنىغان ھالدا ئالمىنى قىزنىڭ قولىدىن ئېلىپ توردىغا پۇراتتى. قىز بولسا تېخىمۇ خىجىل بولۇپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈنچىقماي ئولتۇردى. توردىنىڭ جانسىز كۆزلىرى ئۇنىڭدىن يۈزۈق ئالماقتا. بارغانچە جانلانماقتا ئىدى. قىزنىڭ ھەر بىر تىنىقلىرىغىچە ئۇ ئاڭلايتتى. يۈرەك رىتىمى ئۇنىڭ تىنىقىغا ئەگەكەش ئىدى.

## 11

كۈنلەر ئۆتۈپ، توردى ئۆلۈم گىرداۋىدىن قۇتۇلۇپ، ئەرۋاھلىق قىياپىتىدىن يەنە ئادەم قىياپىتىگە كىردى. ئۇ ساقىيىپ تېخى تولۇق ماغدۇرىغا كەلمەي تۇرۇپ، ئۇستىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، بازغاننى قايتىدىن قولىغا ئالدى. ئىلاھى كۈچنىڭ قۇدرىتى، ماغدۇرى تېخى تولۇق ئەسلىگە كەلمىگەن بۇ يىگىتنى قولىغا بازغان ئېلىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇ كۆڭلىدە قولىغا ئېغىر بازغان ئەمەس، مۇھەببەت شارابى تولدۇرۇلغان ئالتۇن جامنى ئالدى. ئالتۇن جامدىكى شارابقا قاراپلا مەستخۇش بولدى. ئۇ گۈپۈلدىتىپ بازغان سوقۇۋاتقان بىلەن، كۆڭلى باشقا ئەرەپلەردە ئىدى.

ئۇ. ئۇستىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە. بىرىنچى بولۇپ ئايىمنىسا:

— ۋوي. توردىكام كەلدى! — دەپ خۇشال بولۇپ

تۇۋلىسۇۋەتتى. لېكىن توردى خىجىل بولۇپ يەرگە قارىدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئايىمنىسا توردىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدىغان بولدى. ئاساددىيىپى توچراپ قالسىمۇ ھودۇقۇپ تەمتىرەپ، يول ماڭسا مۈدۈرۈپ - چوقۇرۇپ ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى.

كۆزلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىز تاماقتىن قالدى. ئۇنىڭ نېمە كېسەللىكىنى توردى ئۆزى، ئاندىن قالسا ئاللا بىلىدۇ. چىرايى سارغىيىپ كەتتى. دۇنيالىقتا پەقەت بىرلا قىزى بولغان بۇ بىچارىلەر، قورققىنىدىن خۇدىنى يوقىتىپ، گاڭگىرىشىپ قېلىشتى. قىز تۇردىنىڭ قارىسىنى كۆرسە ھودۇققىنىدىن خۇدىنى يوقىتىپ، نەپەسلىرى سىقىلىپ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ يىغلىۋالىدۇ. خالىسى ئاق پېشانىسىدە، دانە - دانە ئۈنچە مەرۋايىتتەك تەر تامچىلىرى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلىرى ئارىسىدىن ياش سىرغىپ چىقىپ، ئىللىپتەك يۈزىنىڭ تۆۋىدىكى زىناقلىرىنى ئېرىقچە قىلىپ ئاقىدۇ. مانا بۇ ياش قىزنىڭ يۈرىكىدە كۆز ئاچقان مۇھەببەت بۇلىقىنىڭ شېرىن سۈيى. قىزنىڭ كۆز يۇمۇشلىرى نېمە دېگەن ئوماق. مانا ئۇ قىشنىڭ كىرىستالدەك سۈزۈك ئاسمىنىدا قونالغان ئاينىڭ ئۆزى. ئۇنىڭ بويىدىكى تىزىق مەرۋايىت ئاينىڭ نۇراپ تۇرغان نۇر دەستىسىنىڭ ئۆزى.

— قىرى ئۆمۈرچى ئايىمنىسانى ئاق دۆڭدىكى بىر مەشھۇر تېۋىپقا ئېلىپ بارماقچى بولدى. ھاۋا ئوچۇق بىر جۈمە كۈنى ئۇلار سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ. دەريادىن ئۆتۈشكە ھازىرلاندى. ئانا - ئانا. بىچارە قىز دەريادىن ئۆتۈپ ئاق دۆڭگە بارماقچى. توردى ئۆيگە قاراپ قالماقچى.

تۇردى بىر كۈنى سۈبھى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، دەريا ساھىلىدىكى چاتقاللار ئارىسىدىن ياۋا گۈللەرنى ئۆتكۈر تىكەنلەر ئارىسىدىن بىردىن - بىردىن ئۈزۈپ تەردى. ھارماي تەردى. قوللىرىنى ئۆتكۈر تىكەنلەر سىجاپ قان چىقىرىۋەتتى. چاتقاللار ئارىسىدا ئوۋا سالغان جاڭگال قۇشلىرى. قىرغاۋۇللار چۆچۈپ ئەنسىز سايرىشىپ، ئۇۋىسىنى تاشلاپ قاچتى. توردى ئاخىرى بىر دەستە گۈل ئۈزدى. ئۇنىڭ قان تەپچىرەپ ئېچىشىپ تۇرغان قوللىرى ئاغرىق ئازابىدىن ئەمەس، بەلكى بىر دەستە گۈلنىڭ خۇشاللىقىدا ئىدى. ئۇ بۇ گۈللەرنى ئايىمنىسانىڭ قولىغا ئۆتقۇزۇش ئالدىدىكى ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە. ئەڭ شېرىن ھېسلارغا تولدى. گۈللەر... ياۋا گۈللەر... ھەرخىل گۈللەر... ئىسمى نامەلۇم بولغان بۇ رەڭگا رەڭ گۈللەر ھەربىرى ئۆزىگە خاس پۇراققا ئىگە.

ئۇلار قۇياش شەرق ئاسمىنىنى قىزغۇچ شەپەقلەر بىلەن بېزىگەن چاغدا، دەريا كېچىكىدە قارشى قىرغاقتىن كېلىدىغان كېمىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ئات ھارۋىسىغا سېلىنغان چۈشەكتە ھالسىزلانغان قىز ياتىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا ھەرخىل گۈللەردىن تىزىلغان بىر دەستە گۈل تۇرىدۇ. قىز گۈلگە قاراپ، پۇراپ تويمايدۇ. ئۇ پۇرىغانسېرى گۈلدىن تارىغان ئاجايىپ پۇراقنى، يەنى قەلبىدە سۆيگەن كىشىنىڭ پۇرىقىنى سەزمەكتە. ئۇنىڭ نۇرسىزلانغان كۆزلىرى گۈل بەرگلىرى ئارىسىدا ئاندا - ساندا كۆزگە چېلىقىدىغان قان يۇقىغا چۈشكەندە، يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى. چۈنكى ئۇ بۇ گۈللەرنىڭ قانداق يەردە ئۆسىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ شۇئان ئۆز كېسىلىگە خاس بولمىغان چاققانلىق بىلەن بېشىنى يانغا بۇرىدى. ياغاچ ھارۋىنىڭ ئېگىز چاقىنىڭ شادىلىرى ئارىسىدىن ئۇنىڭ كۆزى شۇئان تۇردىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. گويا تاش بىلەن تاش بىر - بىرىگە سوقۇلغاندا چاقنىغان ئوتتەك ئىككى جۈپ كۆزدىن ئۇچقۇن چاچرىغاندەك بولدى.

## 12

كېمىنىڭ ئۇ قىرغاقتىن بۇ قىرغاققا كېلىشى ئۈچۈن تېز بولغاندا چارەك كۈن، بولمىسا يېرىم كۈن كېتىدۇ. شۇڭا ئايىمنىسانىڭ ئانىسى ئۆيىدىن ئېلىۋالغان قەلەمچە قىلىپ تەييارلانغان سەۋزە، گۆرۈچ، پاخلان گۆشىدە كىچىك مىس داڭقاننى چالمىدا ياسالغان ئوچاققا ئېسىپ پولۇ دەملەۋاتاتتى. توردى بولسا يۇلغۇننىڭ قۇرۇق چۈۋىقلىرىنى تېرىپ كېلىپ تىزىغا قويۇپ سۇندۇرۇپ، ئوچاققا ئوت قالاۋاتاتتى. ئۇ ئوت قالاۋاتسىمۇ كۆڭلى ئاشۇ ھارۋىدا. ئۇ ئوچاقتىكى ئوتنىڭ ئۆچۈپ قالغىنىنى سەزمەستىن بىر ئۇتام چۈۋىقنى تۇتۇپ ھارۋىغا تىكىلىپ قاراپ قاتۇرۇپ قويغاندەك ئولتۇرۇپ قالدى. قىز شۇ تاپتا ئۇ سوۋغا قىلغان گۈلنى پۇرىماقتا ئىدى. يىگىتنىڭ قەلبى بولسا، گويا ھازىر شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دولان دەرياسىنىڭ سۈيىدەك شاۋقۇنلىماقتا، غايىبانە خىتاب قىلماقتا. قىز شۇ چاغ گويا ئۇنىڭ قەلب خىتابىنى ئاڭلىغاندەك بۇرۇلۇپ يىگىتكە يالت قىلىپ قارىدى. تۇردى ھودۇققىنىدىن دەررۇ ئوچاققا قارىۋالدى ھەم تەمتىرىگەن ھالدا ئوچاققا ئوتۇن سېلىشقا كىرىشتى. قىزمۇ دەرھال بۇرۇلۇپ باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ ھەم قىزىپ كەتتى. ئۇ شۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە يىگىتنىڭ قولىنىڭ لاتا بىلەن ئورالغانلىقىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرگەنىدى. دېمەك گۈل بەرگىدىكى قان يىگىتنىڭ قېنىكەندە!... پۇرا، قىز، پۇرىغىن! بۇ گۈلگە ئۆز ئاشىقىڭنىڭ ئىسسىق قېنى رەڭ بەرگەن، پۇراق بەرگەن ۋە يەنە ساڭا بولغان ئىشقى - مۇھەببىتىنى بەرگەن. بۇ بەرگلەردىكى قان يۇقى ئۇنىڭ قولىدىن ئەمەس، يۈرىكىنىڭ فونتاندەك ئوخچۇۋاتقان يېرىدىن

وقن مۇھەببەتنىڭ تۈگمەس سىماسى.
نىڭ يۈرىگى. قىزدا بىردىنلا قىزلارنىڭ
تەي كۆرسىتىلىدىغان نازلىق غۇرۇرى
الغىنىغا پۇشايمان قىلدى. ئەمما بەنىلا
سىنىڭ بىر يەرلىرى رازىلىق بىلدۈرۈپ
بىر يەرلىرىدە غۇۋا پۇشايماننىڭ نىيىز.
بىلەن تىترىدى. قىز گۈلنى يوشۇردى.
ن تەرپىگە يوشۇرۇپ قويدى. قويۇپلا
ك بىر خىل سىزىم تۇنى ياپراقتەك
بۇ نىمە دىگەن تاش يۈرەكلىك! ئۆز
سمەتلىك يۈرىكى تو يەردە تورمانلىقى
ڭ ئىچى بىلەن ئاستا قولىغا ئالدى. ئاھ...
ە قويسۇن؟ تۇنىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز
قۇلنى ئالمىدەك كۆكسىنىڭ ئارىسىغا
سەكرەپ كەتتى. تۇنىڭ نازۇك كۆكسى
. بەرگىلىرى نەككەندە تۇنىڭ ۋۇجۇدى
يۇشۇپ. تومۇرلىرىدا ئاجايىپ بىر خىل
سىزىم پەيدا بولدى. دىمەك تو كۆكسى
ئەمەس. چۈشىدە كۆرگەن يىقىن
انە. سىماسىنىڭ يۈرەك رىتىمىنى
تو ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئەڭ لەززەتلىك
ن چۈشىدىن ئويغانغاندا بولسا بۇ تاتلىق
زاغا ئايلىنىپ. يۈزلىرى ئوتتەك قىزىپ.
تۈتۈنۈۋېلىپ يوتقانغا پۈركىنىۋالغان.
الغان ئىدى. تو دۈم يېتىپ مەسلەرچە
دى. ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنىڭ سەل
سقىغا قارىماي. دەريا ساھىلىغا
چاغ ئايىغى ئاستىدىكى چىملار.
ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن قاراپ
كۆزلىرىنى قىسىشقان. يۇلغۇن
قىز ئۆز دوستىنىڭ سۆيگۈسىنى تىلنى
ەك كۆرۈنەتتى. تو يۈگۈردى. چاتقاللار
تتى. يېگىدىن كېيگەن ئەتلەس
ۋەتتى. ئەگەر ئادەتتىكى ۋاقت بولغان
ۋەتسە ئىزىدا ئولتۇرۇۋېلىپ تىپچەكلەپ
رتۋەتسە. چاتقاللارنى تۈجمەنلىك بىلەن
سا. تو كۆڭلىكىنىڭ يىرتىقىنى پەۋايىغىمۇ
ڭ ئىچىشقىنىنى پەقەت ھېس قىلمىدى.
خلاپ كۆلدى. دەريا ساھىلىدىن قايتقان

ئۆز ئاۋازىنىڭ ئەكس ساداسىنى تاماشا قىلدى. يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئالدىغا دۈم چۈشتى. تو بەنە قاقاخلاپ كۈلدى. بېشىنى كۆتۈرۈۋېدى. كىچىككىنە كاككۇك گۈلى تۇنىڭ ئالدىدىلا ئېچىلىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئادەتتە ئۆزى ئۆچ كۆرىدىغان بۇ گۈلمۇ شۇنچىلىك سۆيۈملۈك كۆرۈندى. تو دۈم ياتقان ھالدا ئالدىغا سەل سۈرۈلۈپ گۈلگە كۆزلىرىنى مەستخۇش ھالدا تىكىپ. لىۋىنى ئاستا - ئاستا ئۇنىڭغا يىقىن ئەكەلدى...

— قىزىم. بۇ پولو خېلى مېزىلىك بوپتۇ. ئازراق يەپ باقامسىز؟

## 13

قىز شىرىن خىيالدىن چۆچۈپ ئويغاندى. تۇنىڭ كۆز ئالدىدا مېھرىبان ئاتا چوڭقۇر مېھرى بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. قولىدا بولسا بىر قاچىدا پولو بار ئىدى. پولونىڭ مېزىلىك ھىدى دىماققا ئۇرۇلدى. قىزنىڭ شۇئان كۆڭلى ئاينىپ ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك بولدى - دە. يېمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ. ئاستا بېشىنى چايقىدى.

— ئوبدان قىزىم. دەريانىڭ تومۇز ئىسسىقى يامان. دەريادىن ئۆتۈپ بولغىچە ئىسسىق ئۆتۈپ كېسەللىكىڭىز يامانلىشىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟

شۇ چاغ بۇ يەردە ئاتا پەيدا بولدى. تو قىزنىڭ چېكىسىنى چوڭ قاداق قوللىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرۈپ:

— ئوبدان قىزىم. ئاش يىمىسىڭىز زادىلا بولمايدۇ. بىر كېسەللىكىڭىزنىڭ دەردىنى تارتالمىغاندا. يەنە بىرسى قوشۇلسا قانداق قىلغۇلۇق؟ سىز ئاتىڭىزنىڭ ئوبدان قىزى بولغاندىكىن بۇ ئاشنى يەڭ! — دىدى.

قىز لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ پەس ئاۋازدا:

— ئاتا. مېنىڭ كېسىلىم يوق. مېنى ئېۋىتقا ئاپىرىمىز دەپ ئاۋارە بولمىساڭلار. مېنىڭ ياكى بىر يېرىم ئاغرىمىسا. مېنى پەقەت ئۆز ئارامىمدا جىم قويساڭلار ساقىيىپ قالاتتىم — دىدى.

— ياق. ياق. قىزىم كېسەلىڭىز يىنىك ئەمەس. بۇنداق دىمەڭ. ھازىر كېسەللىكىڭىزنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆزىڭىزمۇ. بىزمۇ بىلەلمەيمىز. سەۋەب قىلساق خۇدا شىپاسىنى بىرەر.

كۆز قوزا چۈش مەزگىلىدە شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان دەريادا قىرغاققا قاراپ ئۈزۈپ كېلىۋاتقان كېمىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. باشنى قايىنىدىغان يېقىرىم ئىسسىقتا ئالتە - يەتتە گەز كېلىدىغان ئۇزۇن خادىنى ئۇتقان ئۇت - بەش

كېمىچى شىددەتلىك ئىقىم ئىچىدە ئەۋرىنىپ ئىقىن سۈرەپ كېتىۋاتقان كېمە ئۈستىدە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كېمە باشقۇرۇپ كەلمەكتە، كېمە ئۈستىدىكى ئادەم، ئات ـ تۇلاغ ھەممىسى دېڭىزدەك سۇنىڭ دەھشەتلىك ئىقىنلىرىغا قارىشىغا جۈرئەت قىلالماي، ئۈن ـ تىنسىز قېتىپ تۇراتتى. كېمە قىرغاققا يېقىن كەلگەندە، شىددەتلىك بىر دولقۇن تۈرۈلۈپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئۇرۇلۇپ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشكە تاسلا قىلىپ، لەپەڭشىپ ئاقىقان پېتى بىر تېيىز يەرگە بىرىپ قوم ـ لاتقىلارغا پېتىپ قالدى. شۇ چاغ يېشى ئەللىككە يېقىنلاپ قالغان، چىرايى ئاپئاپئا قارىيىپ كەتكەن پاناقراق، شاپ بۇرۇت كېمىچى ۋارقىرىدى:

— ھاي، ھاي، ئانىسى شۇمەك سالغان ئەركەكلەر، جان لازىم بولسا دەرھال چۈشۈپ كېمىنى سۆرەڭلەر! ھە، چاققان! ھەي ئىماندا‌ق ئاش ئىسىپ قويغاندەك ئولتۇرۇشىسەن، چۈشمەمسەن؟!

شۇئان ئەرلەركۆڭلەك ـ تامبىلىرىنى سېلىشىپ، سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، كېمىنىڭ بوغان ھالقىسىغا چىگىلگەن ئارقانىنى ئۇتۇشتى. پاناق كېمىچى يەنە كېمە ئىچىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، ھەي، ئاۋۇ ئايالنىڭ دالدىسىغا ئۇتتۇۋالغان سېمىز ئاداش چۈشە، ھېلى بىكا قايىنامغا ئاشلايمەن! ياكى بولمىسائۇن سەككىز موچەنلىك رومالدىن بىرنى بېشىڭغا ئارتىپ ئولتۇر.

ئارقان تۇتقان ئادەملەردىن بىرى:

— ھەي ئاكا، تۇ ئاھىيىنىڭ ھاكىمى. تۇ ئادەم چۈشمىگەنگە، كېمە چىقماي قالمايدۇ، بولدى قىلىڭىز. — دېدى.

كېمىچى شۇئان ئۇ ئادەمنى ئاغزى ـ بۇرنىغىچە تويغۇزۇۋەتتى:

— كۆزۈڭگە ئۇنداق بەدىرەڭگە گېپىڭنى. بىرىپ ئىشەك بازىرىدا قىل! بۇ سىبىنىڭ سالا قىلىدىغان يېرىڭ ئەمەس. سۇ ھاكىمنى تونۇمايدۇ، بىلەمسەن. ھازىر كەلگۈن ۋاقتى. بايىقىدەك قيان كېلىپ ئاغدۇرۇۋەتسە، ھاكىم ـ پاكىمىڭ نەدە؟ جان بىلەن ئويناشما!

ھاكىم پوكاندەك ئىسىلىپ، كېيىملىرى بىلەنلا سۇغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى، كىشىلەر بىر ـ بىرىگە كۆز سۈزۈلۈشۈپ، كېمىچىنىڭ باتۇرلۇقىغا ھەيران بولدى. شۇئان كېمىچىنىڭ سۈرلۈك چىرايى، شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان سۇدا كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتكەن ھاكىمغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— ھە، مانا ئەمدى بولدى. ھاكىم غوجام خەقنىڭ دەريادىن قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى بىلگەندە. ئاندىن بۇ دەرياغا كۆۋرۈك سالدۇ. شۇنداقمۇ ھاكىم؟



## 14

تومۇز ئىسسىقى شۇنداق كۈچەپ كەتتىكى، جاھان گويا تونۇر ئىچىدە قالغاندەك قىزىپ، دەريا بويىدىكى ئوت ـ چۆپلەر سالپىيىپ، چانقاللارنىڭ قولاقلىرى سولىشىپ كەتتى. كىشىلەر بۇ ئىسسىققا چىدالماي، بەزىنى كولاپ سۇ سېپىپ، تون چاپان، پالاسلارنى سايىۋەن قىلىپ بەردە دۇم يېتىشتى. دەريانىڭ پونىكاپتەك لاي سۈيىنى ئىچىپ، بەزىلەرنىڭ قورساقلىرى ئاغرىپ، نالە ـ پەرياد قىلىشماقتا ئىدى. كېمىچىلەر ھاردۇق يەتكەن، بوشاشقان ھالدا چېدىرغا كىرىپ، تويقىغا كېتىشتى. ئارىدىن كۆمدۇر بىرسى:

— بۇ دەريا پادىشاھى غوجىلىرىمغا ھۆكۈمەتنىڭ چىشى پاتمايدۇ. ئەگەر تۇ بولمىسا بۇ دەريادا ھېچقانداق كىشى كېمە ھەيدەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. نۇۋاققىچە تۇخلاركىن؟ — دېدى‌ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى، كېمىچىلەر چېدىرىدا قورساقىنى تۇقلاپ، بىر تۇخلىغانچە ئويغانمىدى، بىر ياش كېمىچى ئويغىنىپ ئاراھەت قىلىشقا چىقىۋېدى، كىشىلەر ئۇنى ئورنۇۋېلىپ، يېلىنىپ، يالۋۇردى، ياش كېمىچى ئۆزىنىڭ ئىلاجسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ:

— ماڭا قانچە يالۋۇرساڭلارمۇ بىكار، ئۇستامغا دەڭلار، مېنى دە ـ دە دېگىنىڭلار بىلەن بىر ئېغىز گەپ قىلسامىلا ئەدىبىمنى بېرىدۇ. — دېدى. ئارىدىن يەنە ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى، كىشىلەر ئىسسىقتا بوشىشىپ كېتىشتى. ئەچچىسىگە ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى خۇدىنى بىلمىگەن ھالدا بېشى قېيىپ قۇسۇشقا باشلىدى.

قىرى ئۇمۇرچى، ئايلى، ئايىمىسالار ھارۋىنىڭ سۆڭگەت بادىرىسىدا ئىگىپ باسالغان سايىۋەننى يەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاستىدا پاناللانماقتا. تۇزدى بولسا قىستىلىپ قالمىز دەپ بۇ يەرگە كىرگىلى ئۇنىماي، قاياققىدۇر بىر ياققا كەتكەنىدى. ئايىمىسانىڭ تونىمىغا قويماي بابا ئاماق يىگۈزگەن ئىدى. ئايىمىسانىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى ھازىر تۇردى بىلەنلا قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسسىقتا يۈرۈپ ئۆزىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. تۇ، تۇردى سۇۋغا قىلغان گۈلنى ھازىرمۇ ئانا ـ ئانىسىدىن يوشۇرۇپ، قويىندا ساقلاۋاتاتتى، ياۋا گۈللەر ئىسسىق ھارارەتتىن مەس بولغاندەك سولىشىپ كەتكەن. ئەمما سولاشقانچە ئۇنىڭ پۇرىقى ئەتراپقا شۇنچە تارىلاتتى. كىچىككىنە سايىۋەن ئىچىنى گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى قاپلىدى.

— ئەجەبمۇ گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى كەلدىيا؟

— شۇنى دەيمنا. نەدىن كېلىۋاتىدىكىن؟

ئاتا ـ ئانا ئۆزلىرىچە ھوزۇرلىنىپ، ھەيران بولۇشقان ھالدا قارىشىپ قويۇشتى. ئايىمنىسا پىسسىگىدە كۈلۈپ قويۇپ ئۈن چىقارمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەتىگەنكى بىر ئىش پەيدا بولدى...

سەپەر تەييارلىقى پۈتۈپ، ھارۋا تەييارلاندى. ئايىمنىسا ھارۋىدىكى چۈشەككە ياتقۇزۇلدى. شۇ چاغ ئانىسى ئۆيدە بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغىنىنى ئېيتىپ، ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇردىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئانىنى چاقىردى. ئاتا غودۇرىغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. دېمەك ئىككىسى يالغۇز قالدى. ئايىمنىسانىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى.

— ئايىمنىساگۈل!... — تۇردىنىڭ بوش چاقىرغان ئاۋازىدىن ئايىمنىسا يۈرىكى ھەقارەتىدە قىلىپ يانغا قارىدى. شۇ تاپتا تۇردىنىڭ لەۋلىرىمۇ تىترەپ ناھايىتى قىينىلىپ گەپ قىلىۋاتاتتى. ئۇ قوينىدىن بىر دەستە گۈلنى چىقىرىپ، بىر ھازا گەپ قىلالماي يۈزلىرى قىزىرىپ، ئېسىلىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدا كىم بىلسۇن ئۇنىڭ گۈل بىلەن بىرگە قىزغا دەيدىغان تورغۇن يۈرەك سۆزلىرى بار بولغىيتى. بىراق ئۇ ئاغزىنى تەستە قىمىرلاتتى ـ يۇ، ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. قىزمۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قېتىپ قالغاندەك قاراپ قالدى. يىگىت ھېچنەرسە دېيەلمىدى. ئاخىرى ئوڭايسىزلىنىپ كۈلۈمسىرىدى. بىراق كۆزلىرىدىن غەللە ياش كەتتى. قىزنىڭ كۆزىدىنمۇ جاۋابەن ياش سىرغىپ چىقتى. يىگىت تىترەپ تۇرغان قولىدىكى گۈلنى يا قىزغا ئۇزىتالمايتتى ياكى قىزنىڭ گۈلنى يىگىتنىڭ قولىدىن ئېلىشقا دەرمانى يەتمەيتتى. ئۆيدىن چىققان ئاياغ ئاۋۇشى ھەر ئىككىسىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. يىگىت ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر ئاز گاڭگىرىغاندىن كېيىن، گۈلنى دەررۇ قىزنىڭ تەكىيە يېنىدا تۇرغان چۈمبەل رومىلغا باسۇرۇپ قويدى...

سىرتتا كۆتۈرۈلگەن غەۋغا ئايىمنىسانى خىيالدىن ئويغىتىۋەتتى. كىمىچى قىزىرىپ كەتكەن چالا ئويقىلىق كۆزلىرىنى ئۇۋىلاپ، كىرىلىپ بىر ئەسنىدى. ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇراتتى. جامائەت ئۇنىڭغا يىلىنماقتا:

— ئوبدان ئۇستام، ناماز ۋاقتى بىلەن كەپتۇق. كۈن چۈشتىن قايرىلدى. ئاللا ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا ئەزىز قىلسۇن. بىزنى بىر ئۆتكۈزۈپ قويسىلا. خۇدا سىلنى خار قىلمىغاي.

كىمىچى پەرۋاسىزلا دەريانىڭ قويۇق ئاقۇش تۇمان قاپلىغان يۇقىرى ئېقىمىغا تىكىلدى، دەريا ھۆكۈرەپ دولقۇنلىنىپ ئاقماقتا،

قىرغاقلاغا گۈلدۈرلەپ ئۇرۇلۇپ چوڭ ـ چوڭ تويا قاتلاملىرىنى سۈرەپ كىرىپ كەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئېقىنلىرىدا ھەر ـ ھەر چوڭ دەرەخلەر، شاخ ـ شۇمبا، بەزىدە ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكلىرى ئېقىپ كېلىپ، گاھ چوڭقۇر قايناملارغا سۈمۈرۈلۈپ كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولسا، گاھ كۆتۈرۈلگەن شىددەتلىك قىيانلار ئۈستىدە پەيدا بولاتتى. دېمەك دەريا سۈيى تومۇزدىكى كەلكۈندىن دېرەك بېرىپ ئاقماقتا.

كىمىچى ئارقىسىغا ئۇرۇلۇپ:

— دەريا سۈيى تولغىيپ كەتتى. ئاۋۇ ئاقۇش تۇتەك — كېلىۋاتقان زور كەلكۈننىڭ شەپىسى. مانا بۇ تۇخۇم پىشۇرىدىغان ئىسسىق كەلكۈن سۈيىنىڭ ئىسسىقى. كېمە سېلىشقا بولمايدۇ. نەدىن كەلگەن بولساڭلار شۇ يەرگە بېرىپ، سىڭگەن ئېپىنىڭلارنى يەڭلار، — دېدى. پاناق كىمىچى شۇنداق دەپ چېدىرغا كىرىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، بىر نەچچە بوۋاي ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ساقاللىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ يېلىنىشقا باشلىدى:

— ئوبدان ئوغلۇم، خۇدا ئامان قىلسا كەلكۈن كېلىپ بولغىچە ئۆتۈپمۇ ئالارمىز. خۇدا ئۇ دۇنيادىكى دوزاق ئازابىدىن خالاس قىلار. بىزنى ئۆتكۈزۈپ قويغىن، بىز يىراق يەردىن كېلىۋاتىمىز.

شۇ چاغدا كىشىلەر توپى ئىچىدىن يېشى يەتمىشلەرگە يېقىنلاپ قالغان بىر موماي چىقىپ، كېمىچىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ قار ـ يامغۇر يىغلاپ كەتتى:

— ئوبدان ئوغلۇم، سەنمۇ مېنىڭ ئوغلۇم قاتارىدىكى سەن. مېنىڭ بىر ئوغلۇم ياقا يۇرتتا مۇساپىر بولۇپ يۈرەتتى. تويۇقسىز ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. كېسەلدىن ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن. ئانامغا ئارتىشىپ قالدىم. ئانام كەلسە دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى، دەپ ئۇچۇر بېرىپتىكەن. مانا ماۋۇ باللىرىنى ئېلىپ ماڭدىم. بىز بېرىپ بولغىچە قازا قىلىپ كېتىپ قالسا ـ كۆزى ئوچۇق كېتىدۇ. كۆڭلۈم تويۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، بىزگە قىلساڭ. بىزدىن يانمىسا ئاللادىن يانا. سېنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ئاناڭ بولغىيتى...

موماي سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋام قىلالماي، ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. كېمىچىگە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرغان نەۋرىلىرىمۇ چوڭ ئانىسى بىلەن تەڭ يىغلىشىپ كەتتى.

ئاھ، ئانا دېگەن نېمانچە ئۇلۇغ، مۇقەددەس ـ ھە! ئانىنىڭ كۆز يېشى، تاشنى ئېرىتىدۇ. يۈرىكى تاشتىن ياسالغان ئادەملەرنىڭ يۈرىكىمۇ ئانىنىڭ كۆز يېشى بىلەن سىماپتەك ئېرىيدۇ. كېمىچى ئىستىقەلەن قاپلىغان دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا تىكىلى

ئۇزاق قاراپ تۇردى-دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ:

— تەۋەككۇل، پەيدىغان رىسقىمىز بولسا... خۇدا چوغ ئارىسىدا پاختىنا ساقلىغانىكەن، ئەجىلىمىز توشقان بولسا، ئەلھەمدۇلىللا...، - دېدى.

ئۈمىدسىزلىنىپ روھىي چۈشۈپ كەتكەن خەلق بىردىنلا ئەۋرەپ، خۇشاللىقىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئۆزلۈكىدىن پات-پاراق بولۇشقان ھالدا كېمىگە چىقىشتى. بۇ چاغدا كېمىچىنىڭ ۋەھىمىلىك گەپلىرى كىمنىڭمۇ قۇلىقىغا كىرسۇن؟ كېمىچى دەريادىن ئۆتۈۋېلىشىنىڭ خۇشلۇقىدا ھەممىنى ئېسىدىن چىقارغان خەلققە بىر ھازا جىمجىت تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى. كېمىچىنىڭ شاگىرتى خەلققە قاراپ ۋارقىرىماقتا:

— كېمىنىگە پاسىقلار چىقماڭلار. تاھارەت ئېلىپ چىقىڭلار! ئىت، مۈشۈك سالماڭلار. كېمىنىڭ پىرى ئىتتىك، ئەگەر خىلاپلىق قىلىنسا، جاندىن ئايرىلىدىغان گەپ!

بىنىر دەمنىڭ ئىچىدە يۈز نەچچە ئادەم، ئات-ئولاغ، ھارۋىلىرى بىلەن كېمىگە جايلىشىپ بولدى. ئۇلار كېمە ئىچىدە ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ، ھەممىنى ئۇنتۇغان. ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بەنت ئىدى. قىرغاقتا ئىخچە ئۈن-تىنسىز قاراپ تۇرغان كېمىچىگە ھېچكىم دىققەت قىلمايتتى. كېمىچى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ بۇزغۇنلىپ ئېقىۋاتقان دولقۇنلۇق دەرياغا تىكىلىپ كۆزىنى يۇمدى-دە، كۇسۇرلاپ بىرمۇنچە ئايەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن: «خۇدا، ئۆزەڭگە ئامانەت، پىرىم نۇھ ئەلەيھىسسالام مەدەت بەرگەيسەن» دەپ كېمىگە چىقتى. قىرغاقتا ئۇزاتقىلى كەلگەنلەر ۋارقىرىشىپ، كېمىدىكىلەر بىلەن خوشلىشاتتى. كېمە ئاستا-ئاستا قىرغاقتىن يىراقلاشتى. ئامانلىق-ئاق يول تىلەشلەر بارا-بارا يىغا-زارغا ئايلىنىپ كەتتى. قىرغاقتىكى بىر توپ ئۇزاتقۇچىلار ئىچىدە، ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ يىغلىغانلار كۆپ بولسىمۇ، بىزنىڭ تۇردىنىڭكىدەك يۈرىكى ئېچىشىپ، ھەممىدىن بەكرەك پىغان بىلەن يىغلىغانلىرى ئاز بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە تۇردى ئۈنسىز ياش تۆكتى. يېشىنى ھەتتا ئۆزىگە تىكىلىپ كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياش تۆككەن ئايىمىنىساغا كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ. بىراق ئۇنىڭ قەلبىدە بېكىتىلگەن پىشقان ئەڭ نازۇك مۇھەببەت پەردىسى، گويا دەھشەتلىك بوراندىكى يوپۇرماقتەك تىترىدى، سىلكىندى، يۇلقۇندى. دۇنيادىكى كىشىلەر پەقەت كۆزدىن چىققان ياشنىلا يىغىنىڭ بەلگىسى قىلىۋېلىشتى. بۇ گويا ھاماقەتلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ شەكلىگە قاراپ باھا بەرگىنىگە ئوخشاشلا ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىك. كۆز يېشى يىغىنىڭ مەلۇم يېڭى... بولسىمۇ [illegible] ھەسرىتىنىڭ كۆرۈنۈشى ئەمەس. پەقەت ۋاقىتلىق كۈچلۈك ھاياجاننىڭ سىقىشىدىن چىققان سۇ تامچىسى خالاس، ھەر قانداق قاتتىق دەرد-ھەسرەت، بىر قېتىملىق قاتتىق يىغا بىلەن تەڭ يارغا ئايلىنىپ تۈگەيدۇ. لېكىن ياش چىقمايدىغان يۈرەكتىكى يىغا بەلكى ئىنساننىڭ پۈتۈن ئۆمرىگە ھەمراھ بولۇپ، تاكى گۆرگە كىرىپ كېتىشى مۇمكىن. كۆز يېشىنى ھازىر ئارتىسلارمۇ قىلىۋاتىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ تۇردىنىڭ يۈرەكتە يىغلىغان يىغىسىنىڭ ئۆمۈربويى ئۇنىڭ بىلەن ياشايدىغانلىقىنى كىممۇ بىلەلىسۇن؟

كېمە يىراقلاشماقتا. ئۇ بارا-بارا بىر ئەگلەككە ئايلاندى. ئۇ شىددەتلىك دولقۇنلار ئىچىدە، خۇددى بىر تال سامانىدەك ئەۋرەنەتتى. ئۇ، گاھ كۆزگە كۆرۈنسە، گاھ شىددەتلىك قىيان ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالاتتى. تۇردىنىڭ يۈرىكى ئۇنىڭ كۆكسىدە ئەمەس، بەلكى ئاشۇ دولقۇن ئارىسىدا ۋەھىملىك ئەۋرەيتتى. شىددەتلىك دولقۇن بارغانچە ئاچ يولۋاستەك خوركورەپ، ئەجدىھادەك تولغىنىۋاتاتتى...

تۇردىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا قېتىپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ ئەتراپتىكى ئەنسىز داد-پەريادلارنى گويا ئاڭلىمىغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كېمە دولقۇن ئارىسىدا گويا سەجدىدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرغان ئادەمدەك بىر ئۆرە بولدى-دە، دولقۇنلار ئىچىدە مەڭگۈ كۆزدىن غايىپ بولدى. ئاھ، رەھىمسىز دەريا! رەھىمسىز ئەجدىھا! سېنىڭ نەپسىڭ قاچان تويار؟ ساناقسىز نادانلارنىڭ، گۆدەكلەرنىڭ يۈرىكىنى لەختە قىلىپ، ئاھۇ-پەريادىغا قاقاخلاپ كۈلۈپ، تىرىك ئادەملەرنى يۇتتۇۋېتىسەن. سېنىڭ كانىيىڭ قانچىلىك يوغان، قورسىقىڭ قانچىلىك يوغاندۇ؟ شۇنچە ئادەمنى يۇتتۇۋېتىسەن. يەنە يۇتتۇۋاتىسەن. يۇتماقچىسەن. قاچانغىچە يۇتىسەن؟ سېنىڭ قورسىقىڭ، سولايمانىنىڭ ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنى سولايدىغان بوتۇلكىسىدىن ياسالغانمۇ ۋە ياكى ئۇنىڭ پارچىسىمۇ؟ سەن مەھكۇملارنى يۇتۇشنىلا بىلىسەن. ئۇلارنىڭ ئاھ-زارى سېنىڭ كۆڭلۈڭنى خوش ئېتىدىغان يېقىملىق مۇزىكاڭ. يۇتقانلىرىڭ نەگە سىغىۋاتىدۇ. ياكى ئىچىڭدە ساناقسىز قان ئىچىپ ياشايدىغان قۇرتلىرىڭ بارمۇ؟ سەن ياكى زامانە ئاخىرىدا جەددالدىن بۇرۇن كېلىپ، ئالەمنى سۈپۈرۈپ قارنىڭغا قاچىلايدىغان يەجوجمۇ؟...

تۇردى ھەممىدىن ئايرىلدى. ئۇنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى مانا مۇشۇ رەھىمسىز دەريا يۇتتۇۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۇردى قەلبىدىكى ئۈنسىز يىغا بىلەن مەجنۇنغا ئايلاندى. ئۇنىڭ روھى مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇشۇ دەريا ئىچىدە ياشايدۇ. بېلىقلار بىلەن تەڭ ئۈزۈپ [illegible] ئۇنىڭ ئىشقىدا بىھوش بولىدۇ.

مانا ئوتتۇز يىلدىن بېرى، ئايىمنىسانى يۇتۇپ كەلگەن دەريا تۇردىنى يۇتەممىدى. ياق، يۇتتى، ئۇنىڭ قاينىاق ھېسسىياتىنى، روھىنى يۇتۇپ، مانا بۇ رەزگىنى — سېسىق تېنىنى يۇتمىدى.

دېمەك، بىر كېمىدىكى يۈز نەچچە جان دەرياغا غەرق بولدى. بۇ — دەرياغا غەرق بولغان قانچىنچى كېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. تۇردى ئايىمنىسادىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئىلىشىپ، ساراڭ بولۇپ دەريا بويىدا يۈردى. بىر قانچە قېتىم دەرياغا سەكرەپ باققان بولسىمۇ. ئەجىلى توشماي، يەنە ھايات قالدى. بۇ جەرياندا تومۇزچىنىڭ يىراق بىر تۇغقىنى ئۇنىڭ ئۆيى- ۋاقتىغا ئىگە بولۇپ. ئۆيىنىڭ ئۈستىنى ئېچىپ ياغاچ- تېشىنى ئېلىپ كەتتى. ھازىر بۇ ئۆينىڭ ئورنىمۇ دەريا ئىچىدە قالدى.

## 15

تومۇز كۆزلىرىنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، كۆزنىڭ شەپىسى كېلىۋاتىدۇ. كېچە، ساناقسىز يۇلتۇزلار دەريا بويىدا كۆز قىساتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئايىمنىسانىڭ شەھلا كۆزلىرى شوخ. ئەمما ھەسرەتلىك كۆرۈنىدۇ. تۇردى رەزگى يەنىلا دەريا لېۋىدىكى تاشنى چىڭ ئۇستىدە ئولتۇرماقتا. ئەتراپتىن ئاڭلىنىۋاتقان دەريا شاۋقۇنى، پاقا- چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى قوشۇلۇپ. تۇردىنىڭ ھېجران ئازابلىرىغا تەڭكەش بىر سىمفونىيە ھاسىل قىلدى. تۇردى رەزگى دەريا ئىچىدىكى مېھرىلىك چىرايىنى قانماي تاماشا قىلدى. ئوتتۇز يىلدىن بېرى بىرەر كۈن بۇ يەرگە كەلمەي قالغان. سېھرىلەنگەن چىرايىنى كۆرمەي قالغان كۈنى يوق.

بۈگۈن نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ. ئاللا ئايىمنىساغا دەريا ئىچىدىن چىقىپ تۇردى رەزگىنىڭ مەجنۇن قەلبىگە شىپا بولۇشقا ئەمر قىلدىمۇ. قانداق؟ ئەنە، ئۇنىڭ نازۇك قوللىرى. تۇردىنىڭ قاتمال بەدەنلىرىنى سىلىماقتا، ئەنە. بۇ نازۇك قوللار خاتىرجەم ھالدا ئۇنىڭ كىرلىشىپ پاخپايغان چاچلىرى ئارىسىدىن ئۇنىڭ بويىنىغا چۈشتى. مانا بۇ بىرنىڭ قېرى يىگىتنىڭ بويىنىغا ئايال زاتىنىڭ تۇنجى قېتىم قولى چۈشۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بويىدىن جەننەتنىڭ خۇش ھىدلىرى. تىنىقىدىن ئابھاياتنىڭ شېرىن پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ. مانا، نازۇك لەۋلەر قويۇق. غەيرەت ساقاللار ئىچىگە تەلمۈرۈپ سىڭىپ كىردى. تۇردى يۈزىنىڭ ئوتتۇز نەچچە يىل قىلغان نالە- پەريادىنىڭ ئاللاغا يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ھازىر ئۇ تۇنۇلماقچى ئىدى. پۈتۈن يۈرىكى ئاڭلىتىپ ئەنەي خالايىق- مېنىڭ ئاھۇ- زارىم ئاللاغا يېتىپ. دەريا ئىچىدىن ئۆز يارىم قايتىپ چىقتى. ئىشەنمىسەڭلەر مانا قاراڭلار. ئۇ مېنىڭ

قۇچىقىمدا. باغرىمدا. گەرچە ئۇ ئېخى ياش، مەن قېرىپ كەتكەن بولسامىمۇ، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ھېچقانداق توسالغۇغا دۇچ كەلمەيدۇ دەپ ئۈنلۈك توۋلىماقچى ئىدى. بىراق ئۈلگۈرەلمىدى. چۈنكى ئۇ، ئۆز يارىنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنىپ، يەنە دەرياغا شۇڭغۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلدى. شۇڭا ئۇ بار كۈچىنى يىغىپ سۆيۈملۈك ئاشىقىنى- باغرىغا چىڭ باستى. ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيدى. قىز ئۇنىڭ قۇچىقىدا قانچە نازلانمىسۇن، ئۇنىڭ كۆزى ھازىر ھېچنەرسىنى كۆرمەيدۇ. پەقەت قەلبى كۆرىدۇ. سۆيۈملۈكى ئايىمنىسانى كۆرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس، ھەم كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇ ھازىر پەقەت يارىنىڭ يەنە سېھىرلىنىپ- دەرياغا شۇڭغۇپ كەتمەسلىكىنى ئويلايدۇ. ئائەت- ئىبادەتنىڭ خۇداغا يەتكەنلىكىدىن چەكسىز خۇشال بولىدۇ. خۇدا يەتكۈزگەن بۇ كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان كارامەت. بۇ پۇرسەت- قاچانغىچە ئۇنىڭ ئالقىنىدا تۇرىدۇ* ئاھ سۆيگۈ. ئوتتۇز يىللىق سۆيگۈ. ئوتتۇز- يىلدىن بېرى يىغلىغان سۆيگۈ!... ئۇنى تامامەن ئولدۇرۇۋېلىشقا مۇمكىن بولمىسىمۇ. بۇ سۆيگۈگە قېنىمىش ئۈچۈن تىرىنىشىش كېرەك... تۇردى رەزگىنىڭ ۋۇجۇدى شۇنچىلىك لەرزىگە كەلگەن ئىدىكى. بۇ يۈكسەك مۇھەببەت ئالدىدا سۈكۈت قىلىشقا بولمايدۇ.

— قىزنىڭ بوشقىنا ئاڭلانغان ئاۋازى. تۇردىنىڭ سەل بوشاشقان ۋۇجۇدىنى تېتىكلەشتۈردى.

— نېمە دەيسىز مېنىڭ ئامرىقىم. ئايىمنىسا گۈلۈم؟ — دەپ سورىدى تۇردى. قىز بىر ئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن:

— مۇشۇ يىللار نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈردىڭىز؟ — دېدى.

— سىزنىڭ پىراقىڭىزدا مەجنۇن بولۇپ، خۇدۇمنى بىلمەي يۈردۈم. سىز ئۈچۈن قارىلىق تۇتتۇم. — تۇردى كۆزىنى ئاچماستىن شۇنداق دېدى. قىز تۇردىغا تېخىمۇ يېقىن يېپىشتى. ئۇ نازۇك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ قاتمال بەدەنلىرىنى سىلايتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇكلۈك مەيدىسىگە قولىنى يېقىپ، ئۇنىڭ تېنىمسىز كۈچلۈك سوقۇۋاتقان يۈرەك سوقۇشلىرىنى ئاڭلايتتى. قىز ناھايىتى پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— سىز شۇنچە پۇلنى نېمىشقا يىمەي. ئىچمەي يىغىسىز؟

— يىغقانلىقىمنى بىلەمسىز؟ — تۇردى ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— مەن سىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭىزنى بىلىپ تۇردۇم.

تۇردى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

— پۇللىرىڭىز بەكمۇ كۆپىيىپ كەتتى. قانداقمۇ ساقلىيالىدىڭىز؟

* [illegible]

سىزگە ئېيتىشىم. ئەمدى ئوچاقنىڭ ئاستىدىن كۆپنى ئالساقلا چىنىقساڭ، تۇرمۇشىمىزغا ئىشلىتەرمىز. بالا ـ چاقىلىق بولۇپ باشقىلارغا ئوخشاش باياشات ياشايمىز. مەن سىزنىڭ ئاخىرى بىر كۈن مۇشۇنداق چىقىپ قىلىشىڭىزنى كۈتە تتىم...

قىز ۋىلىقلاپ كۈلدى، ئاندىن:

— سىز بەك يوراپ كېتىپسىز، يۈيۈنۈۋېلىڭ! — دېدى.

ئىككىسى بىر ھازا ئۈن ـ تىنسىز جىمىپ كېتىشتى. كۆچلۈك ھاياجان شۇ تاپتا ھەر ئىككىسىنى سۆزلەش ئىقتىدارىدىن ئايرىپ قويغاندەك قىلاتتى.

...تاڭ قۇياشى دەريا ساھىلىنى قىزارتىۋەتتى. كۈننىڭ قىزغۇچ نۇرى تۇردى رەزگىسنىڭ يۈزىنى چاقنىتاندىلا، ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋىلاپ، چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ يېنىغا قارىدى، يېنىدا ھېچكىم يوق. پەقەت سەل نېرىدىلا ئىشكى خاتىرجەم ئوتلىماقتا.

— ئايىمنىسا!... ئايىمنىسا!...

تۇردى ئەتراپىغا قاراپ، قانچىلىك قىچقارسىمۇ، ئايىمنىسادىن سادا بولمىدى. تۇردى رەزگى قاتتىق ھەسرەتلىنىپ، بوشىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ بەكمۇ ھەيران قالدى. بۇ زادى ئۇنىڭ ئوڭىمۇ ـ چۈشىمۇ؟ چۈش دەي دېسە، ئۇنىڭ ئۈزىدە قىزدىن كېلىدىغان ئەترىنىڭ كۈچلۈك پۇرىقى قالغان. مانا مۇشۇ يەردىلا ئۇ قىز بىلەن بىرگە بولغان. ئوڭۇم دەي دېسە قىز قېنى؟... ئۇ دەرياغا تىكىلىپ قارىدى. دەريا ھەر كۈندىكىدەك ئاقماقتا. ئۇنىڭدىن ھېچقانداق يېڭىلىق يوق. تۇردى رەزگى تېگى يوق خىياللارغا پاتتى. بۇ ئىشلارنى «چۈشۇم» دەپ ئاتاشقا كۆڭلى پەقەت ئۇنىمايتتى. ئۇ ئوتتۇز يىلدىن بۇيان ھەر كۈنى ئەل ياتقىچە بۇ يەردە بولسىمۇ، لېكىن قوتۇپ قالمىغاندى. بۈگۈن بولسا قوندى. ئايىمنىسا چىققانلىقى ئۈچۈن قوندى. قىزنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سۆزلىرى ھازىرمۇ ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدە شىۋىرلاۋاتقاندەك ئاڭلىنىدۇ. قىزنىڭ تېز ـ تېز نەپەس ئېلىشلىرى، نازاكەتلىك سىماسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئورۇن ئالغانىدى. مانا بۇ شېرىن چاغلار تېخى ھېلىلا بار ئىدى. تاڭ ئېتىپ كەتكەندىن كېيىن، قىز كۆپ ـ كۆزنىڭ ئۈزىدە بۇ يەردە يېتىشتىن ئويىنىلۇپ، ئۇنىڭغا كېتىپ قالغانمىدۇ ـ يا؟ نېمىشقا ئۇ تۇردىنى ئويغاتماي كېتىدۇ؟ ھە راست. بۇ قىبىرى لەۋۋا قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەندىن. قىز ئويغىتالماي ئۆيىگە بارغان بولۇشى مۇمكىن...

تۇردى ئۆزىگە كايىپ، چاپسان ئېشىككە مىندى. بۇ نېمە دېگەن سەنچىلىك! قىزنى ئاخشام ئۇ نېمىشقا ئۆيىگە ئەكەتمەي مۇشۇ چىملىقتا... ھەي تۇردى، تۇردى، چاپسان بول. بىرىپ قىزدىن ئەپۇ سورا. ئۆزۈڭنىڭ بەغەرەزلىكىڭنى قىزنىڭ ئالدىدا ئىقرار قىل. ياماقولى بولۇڭ. ھەيتاڭ ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلان. چۈنكى

سەن ئوتتۇز يىلدىن بېرى زارىقىپ كەتكەن ئەزىز مېھمان شۇ ئەمەسمۇ؟...

16

تۇردى يول بويى ئۆزىگە كايىپ، ئېشىكنى بولۇشىغا زىخلاپ يۈگۈرتۈپ دېگۈدەك ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. تېخى ئەتىگەن بولغاچقا مەھەللىنى ئەتىگەنلىك تاماقنىڭ مېزىلىك ھىدى قاپلىغان. تۈرخۇنلاردىن چىققان تۈتۈنلەر كەنجى قوناقلار ئۈستىدە بىر قەۋەت نېپىز تۇمان ھاسىل قىلغانىدى. بۇنىڭدىن كېيىن تۇردىنىڭ ئۆيىدىمۇ باشقا ئۆيلەرگە ئوخشاش ئەتىگەنلىك مېزىلىك تاماق پىشۇرۇلىدۇ. باشقىلارغا ئوخشاش ئازادە پېشايۋانلىق، ئاختاي بىلەن يېپىلغان ئۆيلەرنى سالىدۇ. بەلكى تېخى...

ئۇ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. راستىنلا ئۆينىڭ ئىشىكىدە ئۇ سېلىپ قويغان قولۇپ يوق ئىدى. دېمەك قىز ئۆيىگە كېلىپ بولغان ئىكەن ـ دە!

ئۇ ئېشەكتىن چۈشۈپ ھېچنېمىگە قارىماستىن ئىشىكنى ئىتتىردى. ئۇنىڭ بىلىكىگە قاچاندىن يىغىلغان كۈچ ئىدىكىن، بىر ئىتتىرىش بىلەنلا ئىشىككە تىرەلگەن دەمىنىڭ ئاچقىقى يېرىلىپ، ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئىشىكنى ئاچقىچە ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە ھەيران قالدى. ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيىگە كىرىپلا، كۆزلىرى چەكچىيىپ ئۇزىدا قېتىپ قالدى.



ئۆيدىكى ئوچاق چىقىپ تاشلانغان، ئۇنىڭ ئورنى ئىككى گەز كولىنىپ كۆپ تارتىپ چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى توپ- توپ پۇللار بىر تاغارغا قاچىلانماقتا ئىدى. ئىدرىس سېكرېتار، ھاشىرخان ۋە ئۇنىڭ قىزى زىبىرنىسالار قوللىرىدا پۇللارنى تۇتقان پېتى قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئىدرىس سېكرېتار بىلەن ھاشىرخان تاتىرىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ قوللىرى بەزگەكتەك تىترەپ، پۇللار يەرگە دۈۋىلەنگەن توپا ئۈستىگە چۈشتى. ئۇلار لاپ قىلىپ سوئال نەزەرى بىلەن قىزى زىبىرنىساغا تىكىلدى. زىبىرنىسا ۋىللىدە قىزىرىپ كېتىپ، ئاندىن تەمتىرىگەن ھالدا ئىشىكتىلا چەكچىيىپ تۇرغان نۇردىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلدى. زىبىرنىسانىڭ سېھىرلىك كۆزلىرى ھەم لىۋىدە بىلىنەر- بىلىنمەس تەبەسسۇم پەيدا بولدى. نۇردىنىڭ كالپۇكىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ، غەزەپتىن بوغۇلۇپ دەھشەتلىك ۋارقىرىدى:

— ھۇ، ھىيلىگەر شەيتان! نەسلىدە سەنكە نەندە. يوقال كۆزۈمدىن! سەن مېنىڭ ئوتتۇز يىلدىن بېرى پاك ساقلىغان ئەقىدەمنى بۇلغىدىڭ. يوقال. يوقىلىش ئوغرىلار. مۇتتەھەم بۇزۇقلار!...

نۇردى شۇنداق دەھشەتلىك ۋارقىرىدىكى. جىمجىت مەھەللىدە دەھشەتلىك يارتلاش ئاۋازىدەك سادا پەيدا بولدى. ئەتىگەنلىك ئۇيقىدىن ئويغانمىغان ئىتلار ئەنسىز قاۋىشىپ كەتتى. ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى غىچىرلاپ ئېچىلىپ، كىشىلەر ئىسەنكىرەپ ئۆيلىرىدىن چىقىشىپ، نۇردى رەزگىنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى.

نۇردى زىبىرنىسانىڭ كانىيىدىن بوغۇپ، ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالدى. نۇردىنىڭ قان تولغان دەھشەتلىك كۆزلىرى، قورقۇنچلۇق تۈس ئالغان سۆرلۈك چىرايى، توختىماي ۋارقىرىشىدىن گاڭگىراپ قالغان ئاتا- ئانىنىڭ ئۆز قىزىنى ئاجرىتىۋېلىشقا دەرمانى قالمىغانىدى. ئۆيگە يېتىپ كەلگەن كىشىلەر مىڭ تەسلىكتە زىبىرنىسانى نۇردىنىڭ قولىدىن ئاجرىتىۋالدى. بىردەمدىلا بىرەر يۈزدەك ئادەم توپلاندى. ئۇلار ئۆي ئىچىدىكى دۈۋىلىنىپ تۇرغان توپا ئۈستىدىكى چېچىلىپ ياتقان پۇللارغا، ئاندىن ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا مۈردىدەك تاتىرىپ تۇرغان ئىدرىس بىلەن ھاشىرخانغا قاراپ ھەممىنى چۈشىنىشتى.

— بۇ بىچارىنىڭ يىمەي- ئىچمەي يىغقان پۇلىنى ئىنىسى- جىن بىلمەيتتى، بۇلار قانداق بىلىۋالدىكىنە؟

كىشىلەر ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشىپ، ئىدرىس بىلەن ھاشىرخان ھەم زىبىرنىسالارغا لەنەت [illegible]

رەسۋا بولۇپ ئىزا- ئاھانەتتىن ئۆزىنى يوقاتقانىدى. نۇردى رەزگى يەنە ۋارقىرىدى:

— نېمىگە قارىشىپ تۇرۇشىسەن؟ كۆزۈمدىن يوقىلىش!...

نۇردى رەزگى غەزىپىگە چىدىماي، سوئۇق دەمنى قولىغا ئېلىپ يۈگۈردى. بىر نەچچە ئادەم ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى. ئىدرىس بىلەن ھاشىرخان توپا ئۈستىدە ھالسىز يىقىلاپ ياتقان زىبىرنىسانى تەستە يۆلەپ ئىشىكتىن چىقىۋالدى- دە، خۇددى نۇردى رەزگى ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ قالىدىغاندەك يۈگۈرۈشتى.

كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مەسخىرىلىك كۈلۈشتى. ئويناشقان باللار ئارقىسىدىن خېلى يەرگىچە چالما ئېتىپ چۇقان سېلىشتى. كىشىلەر ئېخچە تارقالماي، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا دۈۋىلىنىپ تۇرغان، بەزىسى سارغىيىپ كەتكەن ساپلا ئونكويلۇق پۇللارغا قاراپ ھەيرانۇ- ھەس بولۇپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى گەرچە نۇردى رەزگىنىڭ پۇلىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى بىلىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇنچىۋالا پۇلنى كۆرۈپ، ھەققەتەنمۇ ئۆزلىرىنى جاھاندا بارمۇ- يوق دەپ قېلىشتى. نۇردى رەزگى كىشىلەرگە قاراپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— كېلە ئوغرىلار، پۇلاكچىلار!... ھەممىڭ بۇلىماقچىمۇ؟ ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئاندىن كېيىن بۇلاش. مەن تىرىك بولىدىكەنمەن، ھېچقايسىڭ بىر موچەن ئالالمايسەن!...

كىشىلەر بۇ بىچارىگە ئىچ ئاغرىتىشقان ھالدا تارقاپ كېتىشتى. نۇردى ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا دۈۋىلەنگەن ھۆل توپا ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى:

— ئاھ... رەھىمسىز دەريا. جېنىم ئايىمنسا!... مەن ئوتتۇز يىل ساڭا ئەقىدە قىلىپ، ئۆزەمنى پاك ساقلىغانىدىم. جەننەتتە سەن بىلەن ئۇچرىشىپ- يورۇق كۆرۈشۈشنى ئالالادىن تىلىگەنىدىم. ئەقىدەم بۇزۇلدى. بۇلغاندى. مەن قانداق قىلىمەن، ئايىمنسا. مەن قانداق قىلاي؟!...

نۇردى تۇپىنى قۇچاقلاپ شۇنداق يىغلىدىكى، بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى قېتىملىق، شۇنداقلا ئەڭ قاتتىق يىغلىشى ئىدى.

17

يېزىدا يۈز بەرگەن بۇ يېڭى ۋەقە، بىر دەمدە بۇ يېزىنى قوچىۋپ، پۈتۈن ئاھىيىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى، [illegible]

رەزگىنىڭ بىر ئاغار پۇلنى كۆرمەكچى بولۇشتى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار پەقەت، ئۇنىڭ پۇچۇق ئاملىق ئۆيىنىڭ سىرتىنىلا كۆرۈشتى.

بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى. تۇردى رەزگى ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقاپ بىر كىرىۋالغانچە تالاغا چىقمىدى. كىشىلەر ئاش - ئاماق يېيىشكە زورلاپ قانچە يالۋۇرسىمۇ، ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇ ئىشىكنى ئاچمىدى. ھېچنەرسىمۇ يېمىدى. كىشىلەر قانچە نەسىھەت قىلمىسۇن ئۇ ۋارقىراپ تىللاش بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

ئۈچ كۈندىن بېرى بىر قانچە خەلق ئەسكىرى ئۇنىڭ ئۆيىنى كېچە - كۈندۈز مۇھاپىزەت قىلىپ، يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ، پۇلنى ئەكىتىشىدىن ساقلىماقتا ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا پۇللىرىنى بانكىغا قويۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى، ھەتتا بانكا خادىمىنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، يالۋۇرۇپ - سايراپ كەتتى. ئەمما بۇمۇ كار قىلمىدى.

بۇ كۈنلەردە كىشىلەر تۇردى رەزگىنىڭ بۇنچىۋالا پۇلنى قانداق قىلىشى توغرىسىدا كۆپ مۇلاھىزە قىلىشتى.

ئەتىگەنلىك بامداتتىن كېيىن يېزا چوڭلىرى، ئىمام - ئاخۇنۇم باشلىق جامائەت ئارىسىدا يەنە غۇلغۇلا بولدى. بەزىلەر:

— تۇردى بۇ پۇلغا ھەرقايسى مەھەللىلەرگە مەسچىت سېلىپ بەرسە چوڭ ساۋاب تاپىدۇ. بۇ دۇنيادىكى پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىپ، ئۇ دۇنيالىقى ئوبدان بولىدۇ. تۇردى رەزگى قىلالمىغان ئىبادەتنى، تاپالمىغان ساۋابنى مۇشۇنىڭدىن تاپىدۇ، — دېيىشتى. يەنە بەزىلەر:

— كۆل چاپقۇزۇش، يېتىم - يېسىرلارغا سەدىقە بېرىش كېرەك، — دېيىشتى، بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى ئورۇنلۇق ئىدى. ئىمام ئاخۇنۇم ھەممىسى مۇنۇ تەكلىپنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى:

— ئەھلى - جامائەت تۇرداخۇننىڭ ئۆمۈربويى ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ، ھالاللاپ تاپقان دەپنى - دۇنياسى توغرىسىدا كۆپ باش قاتۇرۇشتى. مېنىڭ كۆڭلۈمدە مۇنداق بىر ئۇلۇغ ئىش سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ بولسىمۇ تۇرداخۇننىڭ ھېسابسىز مال - دۇنياسىغا مېنىڭچە ھارامدىن ھېچنەرسە قوشۇلۇپ قالمىغان. ئۇ ئۆمرىدە جەبرى - جاپا بىلەن ئىشلەپ غورىگۇل كۈن كەچۈرۈپ، تاپقىنىنى يىغدى. دېمەك بۇ دۇنيادا خۇشاللىق كۆرمىدى. ئۇنىڭ ئويلىغىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. پۇلنى نېمە دەپ يىغقانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە ئۇ ئادەمنىڭ پېشانىسىگە ئاللا ئەنە شۇنداق بۇ دۇنيادا تارتقۇلۇقنى تارتىپ، ئۇ دۇنيادا پاراغەت كۆرۈشنى پۈتۈپتىكەن. ئۇمۇ مېنىڭچە تەقۋادار بولۇپتۇ. بۇ ھالال ۋەجىگە بىلەن ھەجگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلسە، ئەڭ ئۇلۇغ ساۋاب تېپىپ كېلەلەيدۇ. مېنىڭچە ئۇنى ۋاقتىدا نەسىھەت بىلەن ئاشۇنداق قىلىشقا ئۈندەيلى. ئۇ دەرد ئىچىدە ئاچلىقتا ئۆلۈپ كەتسە بولماس.

ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ سۆزى ھەممىنىڭ گويا كۆڭلىدە بولۇپ، تاپالمىغان سۆزدەك تۇيۇلۇپ، بۇ چارىنى ناھايىتى ئاقىلانىلىق دەپ قاراشتى. شۇنداق قىلىپ ئىمام ئاخۇنۇم باشلىق مويسىپىتلار بامداتتىن كېيىن مەسچىتتىن قومۇرۇلۇپ چىقىپ، تۇردى رەزگىنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

ئۆي ئەتراپىدا يەتتە - سەككىزچە خەلق ئەسكىرى چۆگىلىشىپ يۈرۈشەتتى. باشقا يېزىلاردىن تۇردى رەزگىنىڭ پۇلىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەتىگەندە بۇ يەرگە كەلگەن كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۇ يەر، بۇ يەرگە دۈگىلەك بولۇۋېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزئارا پاراڭلىرىنى قىلىشۋاتاتتى.

ئىمام ئاخۇنۇملار تۇردى رەزگىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختاشتى. ئۆلگۈچەك، يان ياغاچلىرىنى قۇرت يەپ چىرىگەن ئەسكى ئىشىك ھەم ئېتىكلىك ئىدى. ئىشىكنىڭ شالاڭ يوچۇقلىرىدىن ئۆي ئىچىگە قارىغىلى بولسىمۇ. لېكىن بۇ ئۆينىڭ نە دېرىزىسى، نە تۈڭلۈكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قاراڭغۇلۇقتا ئۆي ئىچىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئىمام ئاخۇنۇم ئەتراپتىكى جامائەتنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. ئۆي ئەتراپىغا بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۈچ يۈزچە ئادەم توپلاندى. ئۇلار ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئۈن - تىنسىز قارىشىپ تۇراتتى.

ئىمام ئاخۇنۇم ئىشىككە قولىقىنى يېقىپ ئۆي ئىچىنى تىڭشىدى. ئۆي ئىچى جىمجىت. بوشقىنا تىنىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىمام ئاخۇنۇم كانىيىنى قىرىپ، مۇلايىم ئاۋازدا:

— تۇرداخۇن، تۇرداخۇن! — دەپ چاقىردى.

— ......

— تۇرداخۇن، جامائەت سىلىنى يوقلاپ مەھەللىلىرىگە كەلدۇق. يۇرتتىكى مويسىپىتلار كۆڭۈللىرىنىڭ پاراكەندە بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرى بىلەن دىدارلىشىپ، سىلىگە بىر مۇھىم ئىش توغرىسىدا مەسلىھەت سالماقچى. شۇنچە مۆتىۋەر ئادەملەر ئىشىك ئالدىلىرىغا كېلىپ تۇرسا، ئىشىكلىرىنى ئاچقۇسىلا مۇسۇلمانچىلىقتا تازا ئوبدان بولماسمىكىن.

— سىلى كىم؟

ئۆي ئىچىدىن بوغۇق ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۈچ كۈندىن بېرى تولا تەلمۈرۈپ، يەنە تەلمۈرۈپ رەزگىنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالمىغان خەلق

بر ـ برىگە ئۆمدىلىك قاراشتى. ئىمام ئاخۇنتوم جانلىنىپ:

— مەن ئىمان ئاخۇنتوم. جامائەت بىلەن برىگە سىلى بىلەن دىدار كۆرۈشەي دەپ كېلىشىم. سىلى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى. ئىشىكلىرىنى ئېچىپ تالاغا چىقسىلا.

ئۆيدىن سادا چىقمىدى. باشقا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىمام ئاخۇنتومنىڭ سۆزىنى ھېكمەت بىلەن ئاڭلاپ ئىتىقاد قىلىدىغان تۇرداخۇن تۇنىڭ ئىلتىجاسىنى جاۋابسىز قالدۇردى. ھېچكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسلىقنى ئاڭلايدۇ. دەپ زور ئىشەنچ قىلغان ئىمام ئاخۇنتوم سەل بوشىشىپ ئۈمىدسىزلىنىپ ئويلىنىپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن يەنە:

— تورداخۇن. ئۆزلىرى يۇرتنىمۇ ئادەملەرنى ۋاپاسىز دەپ. ئۇلاغا ئارىلاشمايتتىلا. ھازىرنىڭ ئۆزىدە تېخىمۇ شۇنداق دەپ ئويلاپلا. بۇ يەرگە چىقىشنى خالىمىسىلا. بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىسىلا. سىلى ئۆمۈربويى ئاچ ـ يالىڭاچ يۈرۈپ. ۋەج يىغدىلا. كۆپ جاپا چەكتىلە. ئاللاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلدىلا. ھېچقانداق چوڭ گۇناھى ـ كەبىر سادىر قىلمىدىلا. ئاللانىڭ سىلدەك مۆمىن بەندىسى بىلەن كۆڭلى يېقىن بولىدۇ. ھەدىستە شەرھى قىلىنۇلەركى. بىر ئادەم ئۆمرىدە مۇمىنلەرنى رەنجىتمىسە. ئوغرىلىق ـ زىناخورلۇق. گۇناھى ـ ھاراملاردىن ساقىت بولۇپ. ئاللا يولىدا تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ. ھالال كۈچ بىلەن ئىشلەپ. دەپنى ـ دۇنيا يىغىپ. ئەڭ كاتتا ساۋاب تاپماقچى بولسا. تونى ھەرەمگە بېرىپ تاۋاب قىلىشتەك كاتتا ساۋابقا ئېرىشتۇرگەيمەن. دېيىلگەندۇر. سىلى ئەنە شۇنداق كاتتا ساۋابقا لايىق مۆمىنلەردىن بولىلا. شۇڭا. بىز يۇرتتىكى ئەل ـ جامائەت سىلىنى ھەرەمگە ئەۋەتىشكە نىيەت قىلدۇق ھەم سىلىنى بۇ كاتتا ساۋاب ئېلىش شەرپىنى خۇشال قوبۇل كۆرىدۇ دەپ ئىشەندۇق.

ئىمامنىڭ سۆزىنى ھەممە بىردەك:

— شۇنداق. شۇنداق. — دەپ تەستىقلاشتى. بىر ھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن. ئۆي ئىچىدىن تۇردىنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەگەر ناھىيىنىڭ ھاكىمى كەلگەن بولسا. مەن چىقىپ جامائەت ئالدىدا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋالغان بولسام...

جامائەت شۇئان ئەۋرەپ كەتتى. ھەممە بىردەك تورداخۇننىڭ ھەرەمگە بارىدىغانلىقىغا ئىشەندى. تونىڭ مۇشۇ جامائەت ئالدىدا ھاكىمدىن ئۆزىنى ھەرەمگە ئەۋەتىشكە ۋەدە ئالماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. ئىمام ئاخۇنتوم ئۆز سۆزىنىڭ بۇ جاھىل ئادەمگە تەسىر قىلغىنىدىن سۆيۈنۈپ. جامائەت ئالدىدا

مەغرۇرلىنىپ. ئاۋۋال بىرىبىگىنى «پۈتۈن يېزا خەلقى سىزنى چاقىرىدۇ. ناھايىتى مۇھىم ئىشى بارىكەن» دەپ خەت بىلەن موتسىكلىتنى مىندۈرۈپ يولغا سالدى. ئاندىن كېيىن جامائەتكە ئۆز ئادىتى بويىچە قۇرئانى شىرىپتىن تۇتۇق سۆزلەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئالاھازەل ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە. كىچىك ماشىنا سىگنال بېرىپ بۇ يەرگە كېلىپ توختىدى. بۇ چاغدا ئەتراپتىن توپلانغان ئادەملەر كىچىك يولغا پاتماي ئېتىزلىقلاردا سانجاق ـ سانجاق تۇرۇشۇپ كەتكەن بولۇپ. بۇ يەر بەئەينى بىر ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. توشقاق باللار قاغىدەك دەرەخلەرگە قونۇۋالغان بولۇپ. ئەسكى ئۆينىڭ ئىشىكىگە بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قارىشاتتى.

ھاكىم ماشىنىدىن ھەيرانلىق ئىچىدە چۈشۈپ. كىشىلەرگە كۈلۈمسىرەپ سالام بەردى. رەزگىنىڭ ئىشىدىن تونىڭ خەۋىرى بار ئىدى. ئەمما بۇ يەرگە مۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنىڭ توپلىنىشىنى ئويلىمىغانىدى. كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ھاكىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ يول بوشىتىشتى. ھاكىم ئىشىك ئالدىغا كېلىپ. ئىمام ئاخۇنتوم باشلىق قېرىلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ. تولاردىن ھال ـ ئەھۋال سورىدى. ئىمام ئاخۇنتوم ھاكىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

—ھاكىم ئوغلۇم. سىلىنىڭ كەلگەنلىكلىرى ئۈچۈن بىز بەك خۇشال بولدۇق. خۇدا چىققان دۆۋلىرىنى تېخىمۇ ئېگىز قىلسۇن. ھەرقانداق بولسا پۇقرالارنىڭ گېپىنى ئىلىك ئېلىپ كەپلا. بىزنىڭ بۇ يەردە. — ئىمام ئاخۇنتوم ئىشىكنى ئىشارەت قىلىپ. ئاۋازىنى پەسەيتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى. — تورداخۇن دەيدىغان بىر يۇرتلىقىمىز بار ئىدى. ئۆچ كۈن بولدى. تو نېمە يامان بىر كاززاپنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ئۆگىشىپ كەتتى. سىلىگە ھەرەمگە بېرىش ئىلتىماسى بارىكەن.

ئىمام ھاياجىنىنى باسالماي سۆزلەپ كەتتى ۋە بىردىن ئۆزىنى تۇتۇپ سۆزىدىن توختاپ:

— ھەي تورداخۇن. ئىشىكلىرىنى ئاچسىلا. ھاكىم كەلدى. — دېدى.

ئىمامنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىپ ئىشىككە تەلمۈردى. ھەممە كۆزلەر ئەسكى ئىشىككە تىكىلدى. ئادەم دېڭىزى تىمتاسلىققا چۆمدى. خېلىدىن بېرى گۇدۇ ـ گۇدۇڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ گېپىنى ھېچكىم ئاڭلىغىلى بولمايدىغان غەۋغا بېسىقىپ قالدى. تو يەر ـ بۇ يەردىن ئاندا ـ ساندا خۇدۇكسىرەپ يۆتەلگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالاتتى. بىردىن ئەسكى ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى. كىشىلەر توپى ئەۋرەپ:

[illegible] ئارقىدا كەتتى. دېيىشىپ [illegible] چىقىشتى. چىقتى [illegible]

تۇرغانلار بولسا بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قاراشتى. قاپ ـ قاراڭغۇ ئۆي ئىچىدىن توردى رەزگى چىقىپ كەلدى. ئىمام ئاخۇنۇم كورۇشۇش ئۈچۈن قولىنى ئەگىلۈيدى، ئۇ قولىنى تۇزاتمىدى. ئىمام ئاخۇنۇم تونىگىغا تىكىلىپ قاراپلا قالدى. ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇ تاجايىپ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. چاپاق بىسىپ كەتكەن كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، تۇرسىز ـ خۇنۇك ھالەتتە پىلدىرلاپ قالغان. ئىككى قوۋزى ئولتۇرۇپ، قويۇق چىڭگىلماچ ساقىلى ئارىسىدىن ياڭاق سۆڭىكى چوخچىيىپ چىقىپ قالغانىدى. چىرايى تولىمۇ قورقۇنچلۇق، سورلۇك تۇس ئالغان بولۇپ، تۇشتاق باللار ئۇنىڭغا بىر قاراپلا يۈزىنى تۇتۇۋېلىپ قىرقىراپ يىغلىۋەتتى. يۇرىكالدى ئاياللار بولسا، «ۋاي جىنىم، ئاللاۋاسىمۇ نىمە بۇ؟ چوشۇمگە كىرىپ قالمىسۇن» دەپ باشقا ياققا قارىۋېلىشتى. كىشىلەر توپى ئارىسىدىكى غەلۋە. توردى رەزگىنىڭ بوغۇق ئاۋازى بىلەن تەڭ يەنە بېسىقتى:

— ھاكىم قىنى؟ مىنى ئالدىمىغانسىلەر؟

ئۇ شۇنداق دەپ قولىنى تۇت تەرەپكە سوزدى. ھاكىم ئونىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— مانا مەن ھاكىم. گېپىڭىزنى دەۋېرىڭ. — دېدى مۇلايىملىق بىلەن. توردى رەزگى ھاكىمنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ:

— ھەي ئىمام ئاخۇنۇم باشلىق جامائەت بارمۇسىلەر؟ — دېدى.

— بىز بار. ھازىر يانلىرىدا ئىككى ـ ئۈچ يۈز جامائەت بار. — دېدى ئىمام ئاخۇنۇم.

تۇردى رەزگى كانىيىنى قىرىپ بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن سۆزلىدى:

— ھازىر كۆز ئالدىم سەل سۆزۈلگەندەك قىلىۋاتىدۇ. ئەمما يەنىلا ھېچنەرسىنى پەرق ئېتەلمەيۋاتىمەن. مۇشۇ مەن قولىنى تۇتۇپ تۇرغان ھاكىممۇ؟

— ھاكىم شۇ. — جامائەت بىردەك جاۋاب بەردى. توردى رەزگى گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي بىر ھازا تورۇۋالغاندىن كېيىن سورىدى:

— ئۆزلىرى ناھىيىنىڭ ھاكىمكەنلا. ھاكىم دېگەننى خەلق سايلايدۇ. خەلقنىڭ دەردىگە يېتىدۇ دەپ ئاڭلىدىم. بۇ راستمۇ؟

— راست. — دېدى ھاكىم.

— مەن ئۆمۈر بويى ھالال ئىشلەپ پۇل يىغدىم. بۇنى چوڭ بىر ساۋاب ئۈچۈن يىمەي ـ ئىچمەي يىغدىم. بۇ پۇلۇمنى بىر چوڭ كۆزىنىڭ ئىچىدە ساقلىدىم. پۇللىرىم قانچىلىك. سانىنى بىلمەيمەن. ئەمما ناھايىتى كۆپ. ئاپقىنىمنى شۇنىڭغا سالدىم. سىلى جاۋاب بەرسىلە. ئەڭ چوڭ ساۋابنى ھەرەمگە بارسىلا تاپقىلى بولامدۇ؟

ھاكىم گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى قىمىرلىتاي دېيۈيدى، ئىمام ئاخۇنۇم سۆز ئالدى:

— تۇرداخۇن، سىلى بۇنداق گەپلەرنى ھاكىمدىن سورىسىلا بولمايدۇ. ھاكىم دېگەن ساۋابنى باشقا تەرەپتىن سۆزلەيدۇ. ھۆكۈمەت «ساۋاب، گۇناھ» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەيدۇ. ھەرەمگە بارسىلا ئەڭ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىلا.

— شۇنداقمۇ ھاكىم؟ — توردى رەزگى ھاكىمدىن قايتىلاپ سورىدى. ھاكىم سەل ئويلانغاندىن كېيىن، ياندۇرۇپلا:

— ئۆزلىرى قانداق ئويلايلا؟ — دەپ سورىدى.

— ھەممە كىشى ھەرەمگە بارغاننىڭ ساۋابىنى كاتتا دېيىشىدۇ. بىراق، مەن ئۆمرۈمدە جۇغلىغان ۋەجىمنى باشقا بىر چوڭ ساۋابقا ئاتاپ يىغقانىمەن.

ئىمامنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى. خەلق توپى ئىچىدە يەنە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ، توردى رەزگىنىڭ تولاپ ئېيتقان سۆزى بىلەن يەنە توختىدى.

— مەن ياش چېغىمدىلا، ئۇرغۇن ئادەملەرنى يۇتۇپ كەتكەن مۇشۇ رەھىمسىز دەرياغا كۆۋرۈك سېلىشقا بەل باغلاپ ۋەج يىغقان. پۇلۇم بۇ دەرياغا كۆۋرۈك سالغىلى يېتەمدۇ ـ يەتمەمدۇ؟ ئۇقمايمەن. ئەمدى مەن بولالمىدىم. شۇڭا بۇ پۇللارنى مۇشۇ جامائەت ئالدىدا ئۆزلىرىگە تاپشۇرىمەن. سىلى خەلقنىڭ ھاكىمى بولغانلىقلىرى ئۈچۈن سىلىگە تاپشۇرىمەن. بۇ پۇلنى خەلق ئالدىدا مۇشۇ دەرياغا كۆۋرۈك سېلىشقا ئىشلىتىمەن. دەپ قەسەم بېرىپ ئالىلا. بولامدۇ؟

تۇردى رەزگى گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي، كۆزلىرىدىن ياش قويۇلۇپ، ھالسىزلىنىپ ئىزىدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە شىددەتلىك دولقۇن ئىچىدە ئاغدۇرۇلۇپ سۇغا غەرق بولغان كېمە، ھۆكۈرەپ ئېقىۋاتقان قايناق ئىچىگە تارتىلىپ كېتىۋاتقان ئايىنىسانىڭ سىماسى كۆرۈندى. ئۇ يەنە زورۇقۇپ، ئىرەجەپ ئورنىدىن تۇردى. خەلق توپى ئىچىدە بىردىنلا يىغا ـ زارە ئارىلاش ئاپىرىن سادالىرى كۆتۈرۈلدى:

— رەھمەت ئاتاڭغا!... رەھمەت ساڭا توردى!... سەن ساۋابنىڭ ئەڭ كاتتىسىنى تاللاپسەن.

ھاكىمنىڭمۇ كۆزىدىن ياش ئەگىدى. ئۇ توردى رەزگىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— رەھمەت سىزگە توردىكا. سىز يۇرت خەلقى ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل ساۋابلىق ئىش قىلىپ بەردىڭىز. بىز چوقۇم سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە ئىش قىلىمىز. سىز ئەۋلادلار مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغان ئىشنى قىلدىڭىز ھەم ھەقىقىي ساۋابنىڭ

(ئاخىرى 189 ـ بەتتە)




(ھېكايە)

ئەخەت تۇردى



يازغۇچى ئەخەت تۇردى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. 1964 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە «تارىم» ژۇرنىلىدا دەسلەپ مۇھەررىر، كېيىن مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئەخەت تۇردىنىڭ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ «گۈلخان»، «گىرىمسەن يوللار» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، «قەترە» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى نەشر قىلىندى. «قيانلىق دەريا» ناملىق پوۋېستى 1985 - يىلى 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا 2 - دەرىجىلىك پوۋېست مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يازغۇچى ھازىر «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ناملىق رومانى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

ئۇ شۇئانچە غەلىۋە ئىچىدىمۇ مۈگدەشكە باشلىدى. قوڭۇر رەڭلىك پال - پال كۆزلىرىنى ئاستا يۇمۇپ، مىسقالى داكا سەللىلىك بېشىنى بىر تەرەپكە قىيسايتتى. سەل - پەل دۈمچەيگەن بەدىنىنى ئۆز رايىغا قويۇۋەتتى. ئۇ قارىماققا ئۇخلىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن كۆڭلى ئويغاق، خىيالى ئاللىقەيەرلەردە كېزىپ يۈرەتتى ...

بۇ ئادەم قىرانلىق يېشىغا يەتكىچە ئۈچ قېتىم لەقەمگە ئېرىشتى. شۇنىسى ياخشىكى، ھەر بىر يېڭى لەقەم قويۇلغاندا، كونىسى ئۇنتۇلاتتى. ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى سېيت بولۇپ، بىرىنچى لەقىمى ...

ئىشىكنىڭ غىچىرلاپ ئېچىلىشى ئۇنى خىيالدىن سەگىتتى. ھەرە كۆنىكىدەك غوڭۇلداپ كەتكەن ئۆي ئىچىمۇ بىردىنلا جىمجىتلىققا چۆكتى. ئۇ ئورنىدىن ئۇچۇپ باشلىغىنىچە بىر سىيالا ئىشىكنىڭ

يېرىم ئېچىلغان بوچۇقىدىن قىستىلىپ كىرىپ بوسۇغىدا ئۆرە تۇردى. لېكىن ھودۇققىنىدىن بولسا كېرەك، قولىدىكى يۇلغارى تاشلىق كىتاب «پاققىدا» قىلىپ يەرگە چۈشتى. بالا تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. سېيت قارى يايما قاپاقلىرىنى لەپپىدە كۆتۈرۈپ دەسلەپ بالىغا قاتتىق ئالايدى. كېيىن ئاۋازىنى سەل يۇمشىتىپ بۇيرۇق قىلدى:

— مۇرادجان، قۇرئاننى دەرھال قولۇڭغا ئېلىپ سۆي!

مۇراد يىنىك تىن ئالدى ۋە چاققانلىق بىلەن يەردىكى قۇرئاننى قولىغا ئېلىپ دەسلەپ ئىككى قوللاپ كۆكسىگە باستى. كېيىن پېشانىسىغا تەككۈزۈپ، ئاندىن سۆيدى ۋە بۇ ھەرىكەتنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى.

— بالىلىرىم، قولاق سېلىپ ئاڭلاڭلار! — دېدى سېيت قارى [illegible]

ئالىپقا قاراپ، — ئاللاتائالا بىز مۆمىن بەندىلىرىگە قۇرئان شەرىپنى نازىل قىلدى. بۇ قۇرئان بىز ئۈلۈپ قاراڭغۇ گۆر لىچىگە كىرگەندە بېشىمىزدا چىراق بولۇپ يانىدۇ. جەبرائىللار سوراق قىلغاندا، بىز ئۇچۇن جاۋاب بېرىدۇ. بۇ قۇرئاننىڭ چىچەكلىرى ئەنبەردىن، ياپراقلىرى رەيھاندىن، يىلتىزلىرى ئىماندىن ئۈنكەن. ئۇ بىزگە ئۇدۇنيا ـ بۇدۇنيا ھەمراھ بولىدۇ. باللىرىم، ئۇقتۇڭلارمۇ؟

ھۇجرا ئىچى ساپ ۋە ياڭراق ئاۋاز بىلەن جاراڭلىدى:

— ئىنشائاللا ئۇقتۇق!...

سىيىت قارى ئۇيقۇسىرىغان كۆزلىرىنى چىملىتىپ، يەنە مۇرادقا قاراپ دېدى:

— بۈگۈنكى دەرسكە نېمە ۋەجىدىن كېچىكتىڭ؟

— يولدا ... يولدا كونا ساۋاقداشلىرىم تۇسىۋېلىپ ....— دېدى مۇراد دۇدۇقلاپ. سىيىت قارى ئەزۋەيلەپ سورىدى:

— نېمىشقا تۇسىۋالدى؟ ئۇلارنىڭ بىر نەرسىنى ئېلىۋالغانمىدىڭ؟

— ياق خەلپىتىم. ياق .... — مۇراد ئەمدى ئۇدۇللا سۆزلىدى. — ئۇلار تۇسىۋېلىپ، يىگى مەكتەپكە ئەكتىمىز دېدى. يەنە، خەلپىتىڭدىن سوراپباق. بىزنىڭ مەھەللە بىلەن جەننەت، دوزاقنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك؟ دەيدۇ ... ئۇلار يەنە...

— بەس! ... — سىيىت قارى تويۇقسىز ۋارقىرىۋەتتى. مۇراد دىلىنىڭ چۈچۈپ كەتتى. — بۇ ئۇزى كۇپۇرلۇق. ئىمانسىزلىق!

بالىلار ئۆزلىرىگەن قورقۇنچلۇق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، بىر ـ بىرىگە قاراشقىنىچە ئىمتاس بولۇپ قالدى. مۇراد ئىچىمۇ ھودۇقتى. ئۇ «ئايغىدا چۈشۈن ئۆلمەيدىغان» نازۇك تەبىئەتلىك خەلپىتىنىڭ مۇنداق ئاچچىقى بارلىقىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى.

ئارىدىن سەل ئۆتكەندە. سىيىت قارى ئۆزىنى بىرئاز بېسىپ. مۇرادقا بۇيرۇدى:

— مالڭ جايىڭغا بېرىپ يۈكۈن!

مۇراد ئۆز جايىغا باردى ۋە قۇرئاننى ئېچىپ. قايسى بىر سۈرىنى ئەمدى ئوقۇشقا باشلىۋېدى. سىيىت قارىنىڭ مۇڭغۇللۇق ئاۋازى يەنە ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى:

— باللىرىم. ھەممە ئادەمنىڭ پېشانىسىدە پەرىشتە بار. ئۇلار بىزنىڭ ياخشى ـ يامان ئىشلىرىمىزنى دائىم خاتىرىلەپ ماڭىدۇ. بىز بۇ دۇنياغا پەقەت خۇدانىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن مۆمىن بەندە. خۇدا بىزگە ئۆز كالامىنى ئەكەلتۈرۈن بېرىپ قۇلاق بەزىگە [illegible] بىزگە [illegible] يادە

قىلسۇن. دەپ دىل بەرگەن، خۇدا بىزگە. ماڭا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتسۇن. دەپ تىل بەرگەن. خۇدا بىزگە مەسچىتكە بارسۇن، دەپ پۇت بەرگەن. بىز بۇ دۇنيادا خۇدانىڭ ئەمرىدىن چىقماي تۇۋا ئىستىغپارنى كۆپ قىلساق. خۇدا بىزنى ئۇ دۇنياغا بارغاندا جەننەتكە سالىدۇ .... — سىيىت قارى ئۇلۇغ كىچىك تىندى ۋە بىردىنلا مۇڭلۇق ئاھاڭدا يەنە داۋام قىلدى. — باللىرىم. بىز بۇ دۇنياغا مېھمان. ھەممىمىز ئۇدۇنياغا كېتىمىز. ئاسمان ئۆتقا. يەر چوغقا ئايلىنىپ. دەريالار قۇرۇپ، تاغلار توزىغان ۋاقىتتا ئاخىر زامان بولىدۇ. دوزاختىن قويرۇقى مەشرىقتىن مەغرىبكىچە سوزۇلغان، چوڭلۇقى زېمىن بىلەن ئاسماندەك كېلىدىغان يىلان، چايانلار چىقىپ مەھشەرگاھقا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇلار ئاللادىن ئۆز نېسىۋىسىنى تەلەپ قىلىپ. كۇپۇرلۇق. شۈكۈرسىزلىك قىلغان. بىناماز. ئىمانسىزلارنى دەم ئارتىپ سۈمۈرىدۇ. قۇياشمۇ يەرگە قىرىق گەز يېقىن كېلىپ. ھاۋانى قوغدەك. يەرنى چوغدەك قىزىتىپ. ئادەمنىڭ بېشىنى كەربالادەك ئۆرتەيدۇ ...

بالىلارنىڭ سىيىت قارىغا تىكىلگەن كۆزلىرى بارغانسېرى چەكچىيىپ. پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سۇر باستى. ئۇلارنىڭ سەبىي يۈرىكى ئاللىقانداق بىر ۋەھىمىنىڭ سىرلىق كۈچى بىلەن مۇجۇلدى. بەزىلىرىنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئەتراپىدا زەھەرلىك يىلان ـ چايانلار ئۆمىلەپ، كۆشۈلداپ يۈرگەندەك. بەدىنىگە تىرەك ئولاشتى. بەزىلىرىنىڭ بېشى قىزىپ. قۇياش ئۇۋەن چۈشۈپ كۆيدۈرۈۋاتقاندەك. پۈتۈن بەدىنى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلدى ...

سىيىت قارى ئېغىچە سۆزلىمەكتە. ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان. ئاغزى قۇرۇپ ئىككى جاۋغىيى ماغزاپقا ئوشقان بولسىمۇ. لېكىن ئۇنىڭ بېھىشنىڭ راھىتى. دوزاقنىڭ ئازابى، ئۇ دۇنيانىڭ مەھشىتى. بۇ دۇنيانىڭ كۆلپىتى توغرىسىدىكى ئاجايىپ سىرلىق ھەم قورقۇنچلۇق سۆزلىرى ھېچ ئۈگەيدىغاندەك ئەمەس. ئۇ سۆزلىگەنسېرى بالىلارنى شۇنچە ۋەھىمە باستى. شۈركەندۈرۈۋەتتى. ئاخىرى ئون بىر ياشلىق بىر بالىنىڭ نېرۋىسى جىددىيلىشىپ. كۆزىگە غەلىتە بىر نەرسىلەر كۆرۈنگەندەك بولدى ـ دە. ئىختىيارسىز «ۋايجان» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. سىيىت قارى شۇ چاغدىلا ۋەز ئېيتىشتىن توختىدى ...

مۇرادنىڭ دادىسى سايىم چوڭ مۇشۇ بىر ـ ئىككى يىلدىن بېرى قوۋۇرغىسىغا ماي قونغان بەككە تىجارەتچىلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ ھەرخىل مىلىچ ماللارغا توشقان ئەپچىلگىنە چاقلىق بۇتىكىسى، ھەر كۈنى شەھەرنى [illegible] چىقاتتى.

ھاجەتمەنلەر ئۇنىڭدىن خالىغان نەرسىلىرىنى قولمۇ قول ئالالايتتى. ئۇ يەنە شەھەر سودىسىدىن باشقا، يېقىن ئەتراپتىكى ناھىيە بازارلىرىدىمۇ سودا - سېتىق قىلاتتى. ئۇ، كۆڭلى ئۈز. ئەقىدىلىك ئادەم بولغاچقا، ئىلىم - بىرىم ئىشلىرىدا ھالال. قائىدە - يوسۇنلاردا يوللۇق ئىدى.

ئۇ بۈگۈن جۈمە نامىزىدىن كېيىن سىيت قارى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئوغلىنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىنى سورىدى ۋە ئۇنىڭ «تىلىنى قۇرئانغا، دىلىنى ئىمانغا كەلتۈرۈش» ئۈچۈن، سىيت قارىنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك ئەجىر قىلىشىنى ئۆتۈندى.

— باش ئۈستىگە، باش ئۈستىگە! — دېدى سىيت قارى كۆكسىگە قولىنى قويۇپ. — ئۆزلىرىگە ئوخشاش ساپ دىل يارانلارغا قولىمىزدىن كەلگەننى ئايىمايمىز.

— ئىنشائاللا، رەھمەت! — سايىم چوڭ خۇشاللاندى. خۇشاللىقىدىن ئۇ يانچۇقىنى كولاپ ئون يۈەندەك پۇلنى سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاڭلىسام ئۈنۈگۈن مۇرادجان ئېلىپ بارغان پەيشەنبىلىك ئۆزلىرىنىڭ لايىقلىرىدا بولماپتۇ. ئانىسى ئاشۇنداق چۈپچىلەرەك ئەۋەتىپتۇ. كۆڭۈللىرىگە ئالمىغايلا. — دەپ قولىدىكى پۇلنى سىيت قارىنىڭ كېلەڭسىز يانچۇقىغا ئاستىلا سېلىپ قويدى. سىيت قارى ئاغزىدا «لازىمى يوق ئىدى» دېسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە قانچىلىك پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ئالدىرايتتى. ئۇلار بىر پەس جىم مېڭىشىپ، يان تەرەپتىكى خالىي كوچىغا كىرگەندىن كېيىن يەنە سۆھبەتكە چۈشتى.

— چوڭكام، جاھاندارچىلىقلىرى قانداقراق؟

— خۇداغا شۈكرى قارىم، ئايىغىمىزدىن شامال ئۆتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. — ئۇ بىر ئاز توختىۋېلىپ، كېيىن ئىلتىجا بىلەن داۋام قىلدى، — ئېيتماقچى، ئەتە ناھىيە بازىرىغا چىقىشنى نىيەت قىلىۋېدىم. قوبۇل بولسا، مۇراتجاننى ئىككى كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن ھەمراھلىققا بەرسىلە قانداق بولاركىن؟

— بولمامدىغان. بولىدۇ، — دېدى سىيت قارى رازىلىق بىلەن. — ئوغۇل بالا ئاتا ئىزىدىن يۈرۈپ پىشىدۇ. ئۆزلىرى قاچان ماڭماقچى؟

— خۇدا بۇيرۇسا، ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقسام. يەكشەنبە بازارنى ئېلىپ دۈشەنبە كۈنلىرى قايتارمەن.

سايىم چوڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقان چاغدا، باشقا بىر سوئالنى سوراپ قالدى:

— قارىم، ئۆشرە - زاكاتنىڭ قانداق ساۋابى بار؟

— ئۆشرە-زاكات بەرمىگەن ئادەمنىڭ تاپقان دۇنياسى ھارام! — دېدى سىيت قارى ۋە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. — خۇدا بىزگە خەير - ساخاۋەت قىلسۇن، دەپ قول ئاتا قىلغان. خەير - ساخاۋەت، ئۆشرە - زاكات بەرگەن كىشىگە ئۇ دۇنيادا شاپائەت كۆپ بولىدۇ. قىيامەت كۈنى پىلسىراتتىن ئۆتىدىغان چاغدا ئۆشرە - زاكات ئۇنى يۆلەيدۇ.

— ئۇنداقتا، ئۆشرە - زاكاتنىڭ خۇنى قانچىلىك بولىدۇ، قارىم؟

— ھەركىم تاپقان پۇلىنىڭ قىرىقتىن بىرىنى ئۆشرە - زاكات قىلسا بولىدۇ.

— ئۇنداقتا ... ئۇنداقتا ... — سايىم چوڭ كۆڭلىدە بىر قۇر ھېسابلاپ كۆردى. — مەن يۈز يۈەندەك ئۆشرە - زاكات قىلسام بولغۇدەك. قارىم، ساندۇقتىكى ئەن ماللارغىمۇ ئۆشرە - زاكات كېلەمدۇ؟

— كېلىدۇ چوڭكام. ئۇنىڭغىمۇ ئۆز خۇنى بويىچە كېلىدۇ.

ئۇلار شۇ سۆزدىن كېيىن خوشلاشتى.

يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە. مەھەللىنىڭ ئىككى بېشىدىن بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان ئىككى شۇم خەۋەر تارقالدى. بىرسى، «سىيت قارىم قاتتىق يىتاپ بولۇپ يېتىپ قاپتۇ» دېگەن خەۋەر بولۇپ، جامائەت شۇنداقلا بۈگۈن ئەتىگەن سىيت قارىنىڭ بامداتقا ئەزان ئېيتمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلدى.

يەنە بىرسى «سايىم چوڭنىڭ ئۆيىگە ئوغرى تېگىپتۇ» دېگەن خەۋەر بولۇپ، جامائەت بۇنىڭدىن خېلىلا چۈچۈشتى. بامدات نامىزىدىن كېيىن، بەزىلەر كېسەل يوقلاش ئۈچۈن سىيت قارىنىڭ ئۆيىگە، بەزىلەر كۆڭۈل ئېيتىش ئۈچۈن سايىم چوڭنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

سايىم چوڭنىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىغا يانداش بولۇپ، ئايۋان ئۆيىنىڭ تېمى ھاجەتخانىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا ياسال ئىدى. ئوغرى يېرىم كېچىدە مانا شۇ خىلۋەت ھويلىغا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، ئايۋاننىڭ تېمىنى تەشكەندى.

— خۇدا ئۆزى ساقلىدى، — دەپ كۆز يېشى قىلدى سايىم چوڭنىڭ ئايالى مەرەمخان. — بولمىسا بۇ يالغۇز جېنىم ئامان قالامتى؟

يوقلاپ كەلگەن جامائەت ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئېيتتى:

— ئىنشائاللا شۇنداق. نىيەتلىرىنىڭ دۇرۇسلىقىدىن يامان قول تەگمەپتۇ.

— سايىم چوڭنىڭ تاپقان پۇلى ھالال ئىكەن!

دۈشەنبە كۈنى كەچتە سايىم چوڭمۇ ئوغلى بىلەن قايتىپ كەلدى ۋە بىر كۈندىلا يۈز بەرگەن ئىككى خىل كۆڭۈلسىز ئېيتىشتى ۋە خەۋەر [illegible] ھەممىسى [illegible] ئۇقالاق

سوزۇپ نەزىر بەردى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە ئالاھىدە داستىخان قىلىپ، مەرەمخان بىلەن بىللە سىبىت قارىنى يوقلاپ كىردى. بۇ كۈنلەردە سىبىت قارى كۆڭلى ئارتقانلارنى قوبۇل قىلىپ، مۆكدىشىدىغان ھالغا يەتكەنىدى. لېكىن، كېسەل تېشىغا تەپكەنلىكتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئىششىقلىپ يۈز - كۆزىگە خۇددى سۇ پۈركىگەندەك «شاپاق يارىسى» چىقىپ كەتكەچكە، باش - كۆزىنى داكا بىلەن ئوراپ، سىرلىق قىياپەتتە ياتاتتى.

سايىم چوڭ دىلكەشلىك بىلەن ئۇنىڭدىن ھال سورىدى. سىبىت قارىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئېيتتى:

— ئاڭلىسام، ئۆيلىرىڭگە ئوغرى ئېگىپتۇ. خۇداغا شۈكرى. نىيەتلىرى ئوغرا، سودىلىرى ھالال ئىكەن. ئوغرىنىڭ ئىجىس قولى مال - دۇنياغا تېگەلمەپتۇ. خۇدانىڭ ئەمرىنى ئۇتتىمىغان بۇنداق ناپاك، ئىجىسلارغا ئاللا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ!

— خوش شۇنداق.

— ئاللانىڭ ھۆكۈمى بەرھەق.

سايىم چوڭ بىلەن مەرەمخان ئەنە شۇنداق قىسقا. لېكىن ئەقىدىلىك سۆزلەر بىلەن ئۇز كۆڭلىنى يۇپۇتۇپ، سىبىت قارىنىڭ ئىچكۈيەرلىكىگە رەھمەت ئېيتىپ خېلى ئۇزاق مۆڭداشتى. ئۇزاققا سوزۇلغان پاراڭ سىبىت قارىنى چارچىتىپ قويدىمۇ ئەتىمالىم، ئۇنىڭ ئاۋازى ئاستا - ئاستا پەسىيىپ، كېيىن بىراقلا ئۈززۈلۈپ قالدى. شۇ ئەسنادا، ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن غەلىتە بىر پېشكەللىك يۈز بەردى: ئوچۇق دېرىزىدىن ئۇچۇپ كىرگەن يوغان بىر قاپاق ھەرە غوڭۇلدىغان پېتى ئۆيىنى بىر ئايلىنىپ، ئاخىرىدا ئاپئاق داكا ئاستىدىن بىر نەرسىنىڭ ھىدىنى سەزگەندەك، ئىزدول كېلىپ سىبىت قارىنىڭ يۈزىگە قوندى - دە، قىلچە ئەپارتماستىن ئېچىقاپ كەتكەن زەھەرلىك نەشتىرىنى داكا ئۈستىدىن «ۋاششىدا» سانجىدى. سىبىت قارىنىڭ پۈتۈن بەدىنى غۇژژىدا سىقراپ كەتتى. ئاچچىق بارا ئۈستىگە سانجىلغان زەھەرلىك نەشتەر ئۇنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇ پۈتۈن غەزىپى بىلەن لەنتى ھەرىنى قوغلايمەن دەپ يۈزىدىكى داكىنىمۇ چۇشۇرۇۋەتتى. داكا چۈشۈش بىلەن تەڭ مەرەمخاننىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ بىر كارامەت ئېچىلغاندەك بولدى. سىبىت قارىنىڭ قورقۇنچلۇق بەشىرىسى ھودۇقۇش ۋە خۇدۇكسىنىش ئىچىدە ئېخىمۇ غەلىتە تۈسكە كىرگەنىدى: يۈز - كۆزى خۇددى قىزىق ياغ چاچراپ كەتكەندەك چاۋرىپ، شەلۋەرەپ، ھۆررەكلىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ كۆزى بولسا قاپناپ چىققان چېگىدە يىلتىمىدەك ئىشىنىپ، قېپقىزىل ئىششىپ، پۈتۈنلەي كاردىن چىققانىدى.

مەرەمخان ئىچ - ئىچىدىن قايناپ كەلگەن ھەيرانلىقىنى ئەسكە بېسىپ، سىبىت قارىغا ئىككىلىگىنىچە تۇرۇپلا قالدى.

شۇ ئارىلىقتا سىبىت قارىنىڭ ئابالى ھېلىقى داكىنى چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە قايتا يېپىپ قويدى. بۇ ئىشلار شۇنداق تېز بولۇپ ئۆتتىكى، بەھوزۇر چاي ئىچىپ ئولتۇرغان سايىم چوڭمۇ يېنىدىكى ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا بولۇۋاتقان بۇنداق سىرلىق ئۆزگىرىشلەرنى بىلىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدى. ئۇ پەقەت سىبىت قارىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەپتى - بەشىرىسىگە قاراپ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلاتتى.

— ئاھ خۇدا! ... كارامىتىڭدىن ئۆرگىلەي! — دەيتتى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ. — سەن بەرگەن كىسەلنىڭ ياخشى - يامىنى يوق. ھەممىسى بەندەڭنىڭ شۈكرىسىگە قىلىنغان بىر سىناق!

سايىم چوڭ يەنە ئۇرغۇن كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ تېزرەك شىپا تېپىشىنى كۆز يېشى ئىچىدە تىلىدى.

مەرەمخان ئىككى كۈندىن بېرى خۇددى خام ياغ ئىچىۋالغاندەك خاموش بولۇپ قالدى. قارىماققا، ئۇ خاموشتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرى دەريادەك تىنمىز. بوراندەك شىددەتلىك ئىدى. ئۇ كېچىلىرى تۇرۇپ - تۇرۇپ جۆيلۈيتتى. ئۇندەرەيتتى ۋە ئالللىنېمىلەرنى ۋارقىراپ سايىم چوڭنىمۇ قورقۇتاتتى. ئۆزىنىڭمۇ ئاغزى - بۇرنىغا ئۇچۇق چىقىپ كەتتى. خوتۇنىنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇنداق ئويۇقسىز ئۆزگىرىش سايىم چوڭنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى. ئاخىرى ئۇ ئىچى تىتىلداپ، مەرەمخاندىن دوق ئارىلاش سورىدى:

— ساڭا زادى نېمە بولدى؟ جىن چاپلاشقاندەك ئېلىشىپ قالدىڭغۇ؟

لېكىن مەرەمخاننىڭ ھوش - كاللىسى جايىدا ئىدى. ئۇ پەقەت بىرلا نەرسىنى ئويلاپ كۆڭلىگە سىغدۇرالماي، ياكى بىرسىگە ئېيتىشقا پېتىنالماي ئۆز - ئۆزىنى ئازابلاپ يۈرەتتى. سايىم چوڭنىڭ سوئالى ئۇنىڭغا باھانە بولدى:

— شۇنداق. ماڭا راستىنلا جىن چاپلىشىپ قالدى. — دېدى ئۇ. — بۇ باشقا جىن ئەمەس. دەل ئاشۇ سىبىت قارىنىڭ جىنى.

— ھە؟ — سايىم چوڭ دەسلەپ ئەجەبلىنىپ، كېيىن قىزىقتى. — سىبىت قارىنىڭ جىنى دېدىڭمۇ؟ ھە. ھە. ھېلىقى كۈنى، ئۇنىڭ شاپاق يارىسى چىققان يۈزىگە قاراپ قورقۇپ

كېتىپسەن - دە! شۇنىڭدىنمۇ قورققۇلۇقمۇ؟ دۇنيادا ئاجايىپ ئىللەتلەر بولىدۇ. ئەگەر مەن ئاشۇنداق بولۇپ قالسام قانداق قىلاتتىڭ؟

مەرەمخان تىت - تىت بولدى:

— دادىسى، نېمە دەپ يۈرۈيدىغانلا. سېيىت قارىنىڭ يۈزىدىكى - شاپاق يارىسى ئەمەس. ئوغرى يارىسى.

— ئوغرى يارىسى دېگەن قانداق يارا تۇ؟ — سورىدى سايىم چوڭ كۆزلىرىنى چىملىتىپ.

— قانداق بولاتتى. — دېدى مەرەمخان كۆڭلىدىكىنى بىراقلا ئاشكارىلاپ. — ئوغرىلىقنىڭ كاساپىتىدىن بولغان يارا.

— نېمە؟ — سايىم چوڭنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. — كۆپۈرلۈق قىلماي ئاغزىڭنى يۇم.

سايىم چوڭ بىر - ئىككى كۈنگىچە چىچاڭشىدى. ۋارقىرىدى. ئالايدى. كېيىن ئاستا - ئاستا پەسكويىغا چۈشۈپ، بەزى نەرسىلەرنى ئويلاپ قالدى. دېمىسىمۇ، ئۇ ئوغلىنى ئېلىپ چەت ناھىيىلەرگە بېرىشنى پەقەت سېيىت قارىغىلا ئېيتقان. ئەجىبا، ھېلىقى ئوغرىمۇ دەل ئۇنىڭ ئۆيىدە يوق كۈننى پايلاپ كەپتۇ. توغرا، ئوغرى ئۇنىڭ ئۆيىدىن نېمىنى كۆزلىدى؟ مىڭ يۈەنلىك نەق پۇل بىلەن ئاز - تولا نەن ماللارنىڭ بارلىقىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتىغۇ؟! توختا ... ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئېنىقى جۈمە كۈنىلا سېيىت قارى بىلەن ئۈشرە - زاكات توغرىسىدا سۆزلەشمىگەنمىدى؟ دۇرۇس ...

سايىم چوڭ ئەمدى ئايلى بىلەن بىر بەندىنىڭ ئىككى بېشىدا ئولتۇرۇپ سۆزلەشتى. مەرەمخانمۇ كۆڭلىدىكىنى ئوچۇق ئېيتتى:

— ئويلاپ باقسىلا. شاپاق يارىسى دېگەن نەدىمۇ شۇنداق بولىدۇ؟ بىر زاماندا سىلىگىمۇ چىققانىغۇ؟ ئۇنىڭ يۈزىدىكى شاپاق يارىسى ئەمەس. قايناق سۇ كۆيۈكى. كۆڭلۈم تويۇپ تۇرىدۇ. ئىمانىم گۇۋاھ. شۇ كۈنى مەن ئۇنىڭغا چاچقان قايناق سۇنىڭ كۆيۈكى.

— قايناق سۇ؟

— ھە. شۇنداق!

مەرەمخان ھېلىقى كۈنى يېرىم كېچىدە تامنى تېشىپ، چۈشۈكتىن ئەمدىلا بېشىنى تىققان ئوغرىنىڭ يۈز - كۆزىگە ئۇن ئىككى ياڭلىق چايدانىدىكى قايناقسۇنى بىراقلا تۆكۈپ قاچۇرىۋەتكەنىدى.

سايىم چوڭ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن تونۇش بىر تېۋىپنى باشلاپ سېيىت قارىنى يەنە يوقلاپ كىردى.

— مۇرادجان مەكتەپنى بەكمۇ سېغىنىپ كەتتى. — دېدى ئۇ گەپنى ئەگىتىپ. — ئۇزلىرىنى تېزرەك شىپالىق تېپىپ، باللار بىلەن ھەمنەپەس بولارمىكىن، دېگەن نىيەتتە تېۋىپ ئېلىپ كىردىم.

سېيىت قارى تېۋىپنى كۆرۈپلا ئۈچۈقۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھامان بىر خىل دەككە - دۈككىلىك، خۇدۇكسىرەش بولغاچقا، گەپ - سۆزلىرى قانچە قىلسىمۇ چاك باسمايتتى. قورقۇنچلۇق ئەپتىمۇ بىر خىل زەئىپلىك ھەم ئاللىقانداق قوۋلۇق بىلەن خىلمۇ خىل ئۆزگىرىپ تۇراتتى.

ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، يارىسىنى كۆرۈپلا سىرنى ئاشكارىلىۋەتتى:

— يۈز - كۆزلىرىنى كۆيدۈرۈۋاپلا - ھە قارىم.

— يوقسۇ ... بۇ ئۆزى .... — سېيىت قارىنىڭ ساق قالغان سول كۆزى غەلىتە ھەم سۈرلۈك چاقناپ كەتتى. — شاپاق يارىسى ...

تېۋىپ ئۇنىڭ سۆزىنى نېرۋا ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسى، دەپ قارىدىمۇ ئەنسىرەپ ئەجەپلەنگەن ھالدا ئاستاغىنە ئورنىدىن غودۇڭشۇپ تۇردى:

— يۈز - كۆزنى قانداق قىلىپ كۆيدۈرۈۋالغاندۇ؟ — ھە؟!

مېھمانلار چىقىپ كېتىپ ئۆي ئىمتاس بولۇپ قالدى. لېكىن سېيىت قارىنىڭ كۆڭلى داۋالغۇپ ئىچىچە ئىزىغا چۈشمىدى. سىرتتىن قارىغان كىشىگە ئۇ خۇددى كېيەن يېيىغان ئۆلۈكتەك ياتاتتى. لېكىن ئاشۇ كېيەندەك كىنچىككىنە بىر پارچە داكا ئاستىغا يوشۇرۇنغان يېرىم - ياتا كۆز بىلەن زەخمىدار كاللىدا ھازىر ئۇنتۇشنىڭ ئاجايىپ تارىخلىرى بىلەن غەلىتە خاتىرىلىرى ھەرىكەتلىنىپ يۈرەتتى.

سېيىت قارى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىدا قولى ئەگرىلىك قىلىپ ساۋاقداشلىرى تەرىپىدىن «سېيىت ئوغرى» دېگەن لەقەمنى ئالدى ۋە ئاخىرى شۇ لەقەم بىلەن ئىككىنچى يىللىققا چىققاندا، مەكتەپتىنمۇ قوغلاندى. بۇ ئۇنىڭ ئون يەتتە ياشلىق ۋاقتى بولۇپ، ئۇنىڭ قىسمى لەقەملىك بولۇشى ئىدى.

ئىككىنچى قىسىم ئۇ. ئوتتۇز ياشلارغا قەدەم قويغاندا، بىكار تەلەپ ئۆلپەتلىرى تەرىپىدىن «سېيىت بايۋەتچە» دېگەن «پەخرىلىك» لەقەمگە ئېرىشتى. بۇ چاغ ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن قالغان مىراسلىرىنى سېتىپ، ئازىمۇ خۇدىنى بىلمەي يۈرگەن ۋاقىتلىرى ئىدى. لېكىن «يېتىپ يېيىشكە تاغمۇ چىدىمايدۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ بۇنداق كەيىپ - ساپالىق كۈنلىرى ئۇزۇنغا بارمىدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە، ئۇ بىر پارچە نان بىلەن بىر چېكىم تاماكىغا زار بولۇپ، ئاخىرى شەھەرنى تاشلاپ يېشى قايغان. يۇرتى تايغان تەرەپلەرگە چىقىپ كەتتى.

ئۈچىنچى قىسىم ئۇ. سەككىز يىلدىن كېيىن، يەنى 1982 -

يسلىنىڭ ئۇتتۇرىلىرىدا بۇرۇن قانداق تويۇقسىز يوقالغان بولسا، هازىرمۇ يەنە شۇنداق تويۇقسىز پەيدا بولۇپ، تۇزۇن ئۆتمەي «چوكان مەخسۇم» دېگەن لەقەمگە ئېرىشتى. بۇچاغدا ئۇ ھەققەتەنمۇ بېشىغا سەللە ئوراپ، پۇتىغا مەسە كېيىپ، بىر نەچچە ئال تاق ئارىلىغان ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى بولۇشىغا قويۇۋەتكەن. بېلىدىكى كۆك شايى بەلبېغىنىڭ ئالدىغا مىسۋاك بىلەن ساقال تاغىقىنى ئېسىپ، خېلى تەقۋادار مۇسۇلماندەك قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى. ئۇ دەسلەپكى بىر نەچچە ئايغىچە شەھەرنىڭ كاتتا ئۆلىما ۋە يۇرتلۇق داموللىلىرىنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈپ، قولىغا سۇ قويۇپ تولارنىڭ سادىق مۇخلىسىغا ئايلاندى ھەم شۇ جەرياندا ئاز ـ تولا دىنىي ئەقىدىلەرنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. كېيىن قايسى بىر داموللىنىڭ تىلىپاتى بىلەن مۇشۇ مەھەللىگە مەزىن بولدى ۋە ئۆت ئايدىن كېيىن جامائەتنىڭ «ھە ـ ھۇ» دېيىشى بىلەن ئۆزى دېمەتلىك بىر تۇل خوتۇنغا ئۆيلىنىپ، مەھەللە مەسچىتىنىڭ مانا شۇ ئايۋان ـ سارايلىق ۋەخپە ئۆيىنى ماكان قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۆستىگە يىقىندىن بېرى، مۇشۇ ئۆيدە يىگىرمە نەچچە بالىنى خالىسانە ئوقۇتۇپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى.

سىيت قارى ئالا ـ تۆزلەرگە ئانچە چىقمايتتى. كۆپ ۋاقتى مەسچىت بىلەن ئۆيدىلا ئۆتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، كونا ئۆلپەتلىرى ئۇنى ئىزلىمىدى. ئىزلىرىگەنلىرىمۇ بۇ ئادەمدىكى تويۇقسىز ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ، ئاغىنىدارچىلىق قىلىشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا «قەدىم جايلاردىكى مازار ـ ماشايىقلارنى تاۋاپ قىلىپ، ئاللانىڭ شاپائىتىگە مۇشەررەپ بولغان زات» بولۇپ قالغانىدى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرگەن. بىرسى بىلەن سۆزلەشكەندە، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئاۋازىنى ئەمرى ـ مەرۇپقا كەلتۈرۈپ سۆزلەيتتى. يول ماڭغاندا، بەدىنىنى ياغاچتەك تۇتۇپ، ئاۋايلاپ دەسسەپ، كىمنى كۆرسە ئېگىلىپ سالام قىلىپ، يۇمشاق گەپلەر بىلەن ھال سورايتتى. شۇ مەھەللىدىكى قىزىقچى ياشلار ئۇنىڭغا «چوكان مەخسۇم» دېگەن لەقەمنى قويۇۋىدى. بۇ لەقەم ئۇنىڭغا تېزلا سىڭىپ، ئۆزىمۇ كۆنۈپ كەتتى. لېكىن مەسچىت قەۋمى يەنىلا ئۇنى ھۆرمەتلەپ «سىيت قارىم» دەيتتى.

ئۇنىڭچى قېتىم، ئۇنىنچى لەقىمى ...

ئايۋاندىن ئالدىراپ چىققان خوتۇنى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ چۈچۈتۈۋەتتى:

— نېمە ئىش؟ يەنە بىرەرسى كەلدىمۇ؟

— يوقسۇ ... قوشنىمىز داسىتخان كىرگۈزۈپتىكەن. ئازراق ئېغىز تەگسىلە.

— ئىشىكنى تاقىدىڭمۇ؟ بوغان دەم بىلەن تاقىۋەت!

— ئويدان.

سىيت قارى يۈزىدىكى داكىنى ئېلىپ، ئاستا ئۆرە بولدى ...

سايىم چوڭ ئاخىرى ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتتى. مەرەمخانىنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى. لېكىن سايىم چوڭنىڭ نەزەرىدە، ئۇ ئىشنى يەنىلا مەڭگۈ سىر قىلىپ ساقلاش كېرەك ئىدى. چۈنكى بۇ يالغۇز سىيت قارى بىلەنلا كېتىدىغان ئىش بولماستىن، بەلكى پۈتۈن بىر ئېتىقادقا، مۇستەھكەم بىر ئەقىدىگە تاقىشىدىغان نازۇك ئىش ئىدى. لېكىن كىم بىلسۇن، بۇ مەخپىي سىر مۇراد تەرىپىدىن ناھايىتى تېزلا ئاشكارىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئاڭلىۋالغان بۇشۇرۇن گەپلەرنى ئۆزى دېمەتلىك چاققان خەۋەرچىلەر ئارقىلىق دەسلەپ پۈتۈن مەھەللىگە، كېيىن يىراق ـ يېقىنغا پۇر قىلىۋەتتى.

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ يىگىرمە نەچچە ئۆسمۈر سىيت قارىنىڭ قاراڭغۇ ۋە زەي ھۇجرىسىدىكى ئازابلىق ئەپسانىلەرنى ئاڭلاشتىن قۇتۇلۇپ، مىڭلىغان ساۋاقداشلىرىنىڭ جۇشقۇن ئېقىمىغا قوشۇلۇپ كەتتى. سىيت قارىنىڭ نامىمۇ، جىسمىمۇ كىشىلەر قەلبىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۆچتى ۋە ئۇ ئۇنىنچى قېتىم «يەكچەشمە» دېگەن لەقەمگە ئېرىشىپ، توغرا ئەقىدىلىك كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە، مەككىنىڭ يولىدىكى ئادەمخور مەخلۇقنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالدى.



# جاھىل



(داستان)

مۇھەممەدجان راشىدىن



مۇھەممەد جان راشىدىن 1940 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1948 ـ يىلدىن 1954 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1955 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلىغىچە پىچان ۋە چاپچال ناھىيىلىرىدە يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن. 1968 ـ يىلدىن ھازىرغىچە غۇلجا ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

مۇھەممەدجان راشىدىن 1955 ـ يىلدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن؛ ھازىرغىچە ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا كۆپلىگەن شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. 1986 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدا «كاككۇك گۈلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى.

ئۇن ئەڭ بولدى ـ ئوخشۇ چىللاپ دەپ قالدى،
جۇشۇنشىمدى ئەل ئۇيقۇسى قىنىغا.
ئۈتكەن ـ كەچكەن نېمىدۇر سۆزلەيدۇ،
خۇشاللىقى سىغماي ئەسلا دىلىغا.
خالى ئەمەس ئۆزۈن كەتكەن بىر كوچا،
ئۆتۈپ تۇرغان ئادەملەردىن دەممۇدەم.
يانغانلارغۇ ئۆيلىرىگە تارقايدۇ،
بارغانلىرى كىم بىلىدۇ، نەگە جەم؟!
پېشايۋانلىق بىر ھويلىدا، ئەكسىچە،
مىدىرلايدۇ باغ تەرەپكە بىر سايە.
ئۇ كېلىدۇ چىراقنىمۇ بىھاجەت،
بولۇپ تۇمەن ئاسمان كۆزى كۆپايە.
شىلدىرلايدۇ يۇك ياپراقلىق دەرەخلەر،
نېمىشندۇر پىچىرلايدۇ ئۈز ئارا.
«نە ھال بولدى، دەيدۇ، — بىزنىڭ گۈلسۈمگە؟»
سوئال قويۇپ بىر ـ بىرىگە ئۆز ئارا.

سۆرمە قېنى. قېشىدىكى ئۈتىڭ جۇپ.
چاچلىرىغا نىچۈن تاغاق سالمىدى؟
كۆڭلىكىنىڭ كۆكسى ئەجەب ئوچۇقتۇ.
نېمە ئۈچۈن باشقا ياغلىق ئاڭمىدى؟
ۋاپاسىزلىق قىلغانمۇ يا ئاشنىسى.
شۇ كېچىدە كېلمەن. دەپ كەلمەسنى؟
بىر تېۋىشنى ئاڭلاپ ياكى ئالدىراش
چىققانمۇ يا ئايغىنى كەيمەستىن؟!
قولىقىدا ھالقىمۇ كۆرۈنمەس.
ئالانغاندەك بىراۋلارغا نەدىدۇر.
ئاق بىلىكى ئايرىلىپتۇ سائەتتىن.
گۇناھ بىلەن پالانغاندەك نەگىدۇر.
قوندۇز تۇسلۇك قارا چىچى پاخپىيىپ.
يۈزلىرىنىڭ تاتلانغىنى نېمىسى؟
بۇ كېچىدە ئۇ پەرىشان ۋە لېكىن —
بۇ مەھەللىنىڭ شادلانغىنى نېمىسى؟

بۇ سۇئالغۇ ئاددىي شۇنداق، ئىراقتا —
بېرەي دېسەڭ چىگىش تۈنىڭ جاۋابى.
بولدىمۇ يا ئىشرەت ئارا بىر جەدەل،
تۈتسمۇ يا تۈنىڭ ئىچكەن شارابى.
كۆز چانىقى تولا يىغلاپ قىزارغان،
مارجانمۇ يوق تۈنىڭ زىبا بوينىدا.
يۈرەك ـ باغرى ھەسرەت بىلەن ئۆر تەنگەن،
جان ئالشۇر ئۈمىدسىزلىك قوينىدا.
ئوڭ قولىدا تۇرار قارا ئارغامچا،
سوراڭلارچۇ: بارامدۇ يا پاخالغا؟
سۆزلەپ كەلسەك، ھەيرانمۇر بىزتوگۇل —
ئۆزىمۇ ھەم بۇ تەقدىرگە ـ بۇ ھالغا.
ئۇن يوشۇرغان تەلەتىدىن خۇن كەتكەن،
قاراپ ـ قاراپ كىلەر بەزەن كەينىگە.
ھەيدەپ كىلۇر بۇ باغ ئامان بىر تەقدىر،
باش ئارتىسمۇ قويماي ئۈنىڭ مەيلىگە.
چىقتى گۈلسۇم ئاخىر مانا شۇ باغقا،
چوڭ ئالىمنىڭ ئۆۋى بولدى مەنزىلى.
چۆشۈپ ئەسكە مەلىكىدەك چاغلىرى،
بىر چاقىچە ئۆتۈپ تۇردى مەڭزىنى..
ئارغامچىنى بىر ئۇتاقتا سالدى ئۇ،
بولدى ئاخىر ئېسىلغانچە ئۆلمەكچى.
رىۋايەتتە ئېيتىلغانلار راست بولسا،
ئۇ ئۆزىنى «قىيامەت» تە كۆرمەكچى.

قوشنا قورو قىزىماقتا، ئەكسىچە،
ئەل ئايىغى ئۈززۈلمىدى ھېلىمۇ.
پېشايۋانسىز ئاددىي ھويلا يوپيورۇق،
يورۇق گويا ھەر كىشىنىڭ دىلىمۇ.
چىقاندى بىزنىڭ ئاسىم ئورمىدىن،
چىقاندىمۇ چىققان سۆتەك ئاقلىنىپ.
ئاڭا ئارتقان قارا، تۆھمەت ـ يالىدىن،
يېڭى ئادىل سىياسەتتە ئاقلىنىپ.
بۈگۈن چۈشتىن تا كەچكىچە شۇ ئۆيگە،
كىلىشمەكتە ئەل يىراقتىن ـ يېقىندىن.
ئادەملەرنىڭ يۈزلىرىدە يوق تەشۋىش،
پاكى ئەسەر غەيۋەت بىلەن چىقىمدىن.
بىردەم يىغا كۆتۈرۈلەر زارلىنىپ،
ئۆلگەنلەرنىڭ روھى قايتا يادلىنىپ.

بىردەم كۈلكە، قىقاس چىقار دوستلارنىڭ،
بۇ دىدارغا يۈرەك ـ باغرى شادلىنىپ.
تويى بولدى بۇ مەھەللىنىڭ گويا كى،
ئاڭلىغانلار ئاغلاردىنمۇ كىلىشتى.
كۆرمىگىچە ئىشەنمىگەن ئاليالار،
كۆردى كىلىپ، كۆڭلى تىنىپ يىنىشتى.
سېغىنغانلار ئاز ئەمەسكەن ئاسىمنى،
گۇۋاھ ئاڭا كۆز ياشلىرى تولارنىڭ.
خۇشاللىقتىن ئۆزاق ھۆكرەپ يىغلىغان،
ئەڭ ئاۋۋىلى رىسالەتتۇر شۇلارنىڭ.
ئۇ بوزلىدى ئىمشىقىدۇر بىر مەھەل،
مويسىپىتلەر بەزلىسىمۇ يېسىلماي.
يۈرىكىدە سېغىنىش بار، دەردى بار،
قانداق قىلسۇن ئۆز يارىغا ئېسىلماي؟!
دېدى بەزلەپ بىچارىنى بىر موماي:
— ئېگى ئالتۇن دېگەن مۇشۇ سەبرىنىڭ.
مۇرادىڭغا يەتتىڭ بالام، يىغلىما،
راھەت بولدى ئاقىۋىتى جەبرىنىڭ.
كەتكەن كىلۇر، كەتمەنلىگەن كەلمەس دەپ،
كونىلارمۇ ھەرگىز بىكار ئېيتمىغان.
ئاسىم كەلدى.
قارىغىنا ئەل ـ يۇرتۇڭ
سېنى قاچان بۈگۈنكىدەك ھېيتلىغان؟!
بىلسەڭ سېنىڭ تويۇڭ بولدى باشقىدىن،
يامان، دەيدۇ بۇنداق كۈندە يىغلاشنى.
يىغلىمىغىن، خۇدا ئەمدى بىز ئەمەس —
دۈشمەنلەرگە بەرسۇن شۇنداق كۆز ياشنى.
ئاز ئارتتۇقمۇ ئۇ دەردلەرنى ھەممىمىز،
شۇ كۈنلەردىن تىرىك قالدۇق ھېلىمۇ.
قاش ـ كىرپىكنىڭ ئارلىقىدا قالدىڭۇ،
شۇ قاماقتا سولغىلى سېنىمۇ.
بولدى قىلغىن، بولدى قىزىم، ئۆزەڭگە،
قانداق بولغاي بىر ئاز غەيرەت يىغمىساڭ؟!
يېڭىپ چىقىپ شۇنچە تۇرغۇن دەردلەرنى،
سەت بولمامدۇ بۈگۈن مۇنداق يىغلىساڭ؟!
بەزلەپ تۇرۇپ ئۆزلىرىمۇ مومايلار،
يىغلىۋەتتى كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇپ.
قالدى مانا، يىغا تۇتۇپ ھەممىسى،
ئارىدىكى ئەسەللىمۇ ئۈزۈلۈپ.

ئاچچىقلاندى بۇنى كۆرۈپ بوۋايلار،
ھاسا شىلتىپ مومايلارغا چىچىلدى.
جىم-بولغاندا يىغلىغانلار ھويلىدا —
بىر بوۋاينىڭ ئاغزى ئەمدى ئېچىلدى:
— توي- تۆكۈننى ئايلاندۇرۇپ ھازىغا،
نېمە دېگەن قائىدىسىز قىلىق بۇ! —
دەپ باشلىدى ئۆز سۆزىنىڭ بېشىنى.
داۋام قىلدى يەنە بىر ئاز تىنىپ ئۇ.
— يىغلايدىغان زامانمۇ بۇ شۇنچىلىك.
ئۇ كۆلپەتلەر بېشىمىزدىن كەتتىغۇ!
پېشانىمىز باشقىلاتىن ئۆگىنىلىپ،
ئاخىر مانا ھەق دادىغا يەتتىغۇ!
يۇرتىمىزدىن يوقىتىلدى ھۇقۇشلار،
ئايلانمايدۇ ئەمدى باغلار چۆللۈككە.
بىلمەمسىلەر يەتكىنىنى ۋەتەننىڭ،
بىز تەلمۈرگەن ئەركىنلىككە- ھۆرلۈككە.
بولدى قىزىم، يىغلىمىغىن رىسالەت.
ئىنسان بېشى مۇنداق كۈنگە يەتمەك ئەس.
كۆپنى كۆردۇق: باشقا چۈشسە جۇدالىق.
جىداپ ئاڭا، ساڭا ئوخشاش ئۆتمەك ئەس.
ئاسىمدىنمۇ ئاۋۋال ساڭا ئاپىرىن.
بىر ۋىجدانىنى كۆردى سەندىن كۆزىمىز.
رەھمەت! دەيمىز.
ساڭا بىزنىڭ بۇ بىلسەڭ،
نەچچە ۋاقىتتىن ئېيتالمىغان سۆزىمىز.
ئاڭاي دېسە يولانمىدىڭ تۆھمەتنى،
ھەقىقەتەك ئېسىل چىقتىڭ، پاك چىقتىڭ.
سىناقلاردا، سىيتىپ ئەمەس دوستۇڭنى،
بەلكى سۆيتەك ۋىجدان بىلەن ئاق چىقتىڭ.
ئون نەچچە يىل يالغۇز ئۆتمەك ئاسانمۇ،
ئاچ- توق قىلىپ كۆرمىگىنىڭ قالمىدى.
«ھەقىقەت!» دەپ خىزمەتتىنمۇ قوغلاندىڭ،
ئىشلەي دېسەڭ خۇمدانغىمۇ ئالمىدى.
باشاق تەرسەڭ تارتىۋالدى يۇلقۇشلاپ،
بىر ئۆچكەڭنى ئۆتۈۋالدى قەرزگە.
دەشنام بىلەن پىيەن بولدى ئالغىنىڭ،
كۆز يېشىڭغا جىداپ يازغان ئەرزگە.
ئاسىم كەتتى بۇ ھويلىدىن، لېكىن سەن
ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، كەتمىدىڭ.

شۇنچە قىيىن بىللاردىمۇ بۇ كۈندىن.
ئۈمىدىڭنى بىر كۈن تەرك ئەتمىدىڭ.
يۈگۈرۈپ يۈردى ئىككى بالاڭ يېنىڭدا.
زاغرا نان يەپ بالاڭ ئاياغ چوڭ بولدى.
ھېيت- ئايەمدە توپا يىغىپ رەڭگىدىن.
چەككەنلىرى ھەسرەت بىلەن مۇڭ بولدى.
«ئۆز قىزىمىز!» دېدى قاسىم. تۇرسۇنخان.
كۆردى سېنى ئاسىمدىنمۇ ئەتىۋا.
بىتچىت بولدى «ئوغۇل كەتسە يىراققا.
ئەسقاتمايدۇ كېلىن» دېگەن پەتىۋا.
سەن شۇلارنىڭ تەرتىگە سۇ بەردىڭ.
ئىتىپ بەردىڭ ئىسسىقنى ۋاقتىدا.
شۇلار ئۈچۈن تۈن تىلىدىڭ ئۈيمۇ ئۈي.
قايسى كۈنى نان تۈگىسە تاختىدا.
گەپ- زوۋاندىن قىلىپ قاسىم رەھمىتى،
چۈشۈپ قالغان ئاشۇ كۈنى شەرەتكە.
يۈلەپ تۇرۇپ ئۆز قولۇڭدا سۇ بەردىڭ.
ۋە شۇنداقلا ئۆزۈڭ ئالدىڭ تەرەتكە.
تۇرسۇنخانمۇ يېتىپ قالدى بىر چەتتە.
تۈنىگىنمۇ سەن قەلبىڭدىن چاي بەردىڭ.
كەتكىنىڭدە نەچچە قېتىم ھالىڭدىن.
ئۆز- ئۆزۈڭگە جىدام بەردىڭ. ھاي بەردىڭ.
رەھمەتلىكلەر كېتەرىدە ئالەمدىن.
شۇڭا ئاۋۋال دۇئا بەردى سەن ئۈچۈن.
ئاتىنىڭ يىغلاپ ئاشۇلارغا ئۆزۈڭنى.
ھازا قىلدىڭ ھەپتە ئىككى جان ئۈچۈن.
خۇيپانە نەزىر بەردىڭ يىت سىيلىپ.
روھى ئۈچۈن تۇرسۇنخاننىڭ. قاسىمنىڭ.
سەن بار قىزىم. شۇلار ئۈچۈن قىلچىلىك —
بىلىنمىدى بۇندا يوقى ئاسىمنىڭ.
ئالاي ئايال. ئۇ كۈنلەردە. بىلەتتىڭ.
قالغاندى ئاچا يولدا گاڭگىراپ.
چەك- جىگەرنى ئايرىپ ئەمما بەزىسى.
ئالدى خىتىن ئەرلىرىدىن ئالدىراپ.
بۈگۈن ئۇلار تەلىم ئالدى سېنىڭدىن.
ئۆزۈڭ ئۇستاز. مەكتەپ بولدۇڭ شۇلارغا.
قارا. ئەنە ھوزۇرۇڭغا ئەڭ ئاۋۋال.
شۇلار كەلدى سېنى تاۋاپ قىلارغا.
بۈنىگىدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولامدۇ.

پىترنغانلار جەم بولۇشتۇق بۇلەكتىن.
ھەر كۈنىمىز قىلىشمايدۇ مەنادا.
دۇنيادىكى ھىچبىر بايرام ـ كۈرەكتىن.
بىيجىڭدىكى پاسبانلار قايىتىدىن —
جاكارلىدى بىزگە يېڭى سىياسەت.
پاك مۇنبەردىن ئاسىيلارنى ئاغدۇرۇپ.
تۈزدى يېڭى ئادىل ھەيئەت رىياسەت.
خۇشاللىقتىن بىز مۇشۇنداق كۈلگەندە.
بىز تۇتقۇيلى ئاۋۋال رەھمەت شۇلارغا.
تويىقىمىز سىرقرايدۇ بىزنىڭمۇ.
كىم يەتكۈزسە زىيان ـ زەخمەت شۇلارغا.
تۇشمۇتۇشتىن «دۇرۇس!» دېدى، «راست!» دېدى،
گۈركىرىدى كۆپ ئاۋازى ماتوردەك.
شۇ قىقاستا بوۋاي سۆزدىن توختىدى،
بىر مۇنبەردىن چاۋاك ئالغان باتۇردەك.
قايتا چۈمدى ھويلا يەنە شادلىققا،
كۆككە يەتتى بېشى گويا ئاسمىنىڭ.
تۈكۈنۈشتى ئالاي ئادەم، شۇ بالا
كەلسىچۇ، دەپ، تىرىكىدە قاسىمىنىڭ.
بولۇپ تۇردى بۇ ھويلىدا توختىماي،
ئاسىم بىلەن رىسالەتنىڭ تەرىپى.
كىرەر ئىدى بارچە ئالقىش ئىچىدە،
رىسالەتنىڭ ياخشى سۆزى ـ تەرىپى.
ساراي بىلەن ئارلىقىدا ھويلىنىڭ،
يۈرەر ئىدى يۈگۈرۈپ مانا رىسالەت.
ئىككى كۆزى يۇلتۇز بولۇپ تۇرلىنىپ،
بىرەر ئىدى بىر بەختتىن بىشارەت.
ئىككى مەڭزى گويا تۈنىڭ ئاق ئۈزۈك،
مەرۋايىتمۇ سۆزۈك بولماس بۇنچىلىك.
تو گۈل بولدى ئەمدى شادلىق بېغىدا،
قانچە يازساڭ ئازلىق قىلار شۇنچىلىك.
توي ـ تۈكۈنگە تولغانىدى كەڭ ھويلا،
خاتىمىسى بوپ تو چەككەن جاپانىڭ.
ھەممە كۆردى قىممىتىنى، قەدرىنى،
دۇنيادىكى ساداقەتنىڭ، ۋاپانىڭ.
شۇ يوسۇندا تولاشماقتا تاڭغا تۈن،
كىلىم ـ كىتىم بىسىلمىدى ھېلىمۇ.
پىشايۋانىسىز ئاددىي ھويلا يوپيورۇق،
بورۇپ كەتتى جىمى يۇرتنىڭ دىلىمۇ.

ئالاي كۆزلەر شۇ سورۇندىن ئىزلەيدۇ،
قوشنىلاردىن گۈلسۇم ئاتلىق بىرىنى.
«ياخشى پۇرسەت ئىدى، — دەيدۇ. — گۈلسۇمگە،
يۈيۈۋالسا ۋۇجۇدىنىڭ كىرىنى»
دەيدۇ تولار: بىلسە گۈلسۇم شۇ تورقى
يىغلاپ تۇرۇپ رىسالەتكە تاشلانسا؛
جۇپلەشمەمدۇ ئۈززە بىلەن چىن ئەپۇ،
ئىككى جۈپ كۆز تەڭ يىغلىسا ـ ياشلانسا؟!
بىراق گۈلسۇم دۈشمەن بىلىپ بۇ يولنى،
كېتىۋەردى ئەتورلۇكنىڭ كەينىدىن.
ئانىسىمۇ نەسىھەتتىن يالتايدى.
ھېلىغىچە يانمىغاچقا پەيلىدىن،
تاڭدىن بۇيان تو ھۇجرىغا بەنت ئەنە.
خۇپتەن بولدى ئالاغىمۇ چىقمىدى.
تو ياتاتتى ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ.
گېلىگىمۇ بىر يۇردا نان تىقمىدى.
قوشنا تۇرسا رىسالەتكە يانمۇيان.
تو تۇقماMدۇ ئاسىم قايتىپ كەلگەنىنى؟!
تو چۈشەندى يۇرتىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى
ئاخىر مانا بىر ئۆزىنى يەڭگەنىنى.
تەن بەرمىدى يېڭىلگەنگە بىراق تو.
غالىپ بولۇپ چىقالمىدى ۋە ياكى.
ئەلپازىدىن بىر قورقۇنچ ـ بىر شۇملۇق،
سىزىپ قالدى ئانىسىمۇ ھەتتاكى.
ئەلنى قاغاپ تو بۈگۈننى كەچ قىلدى.
خىرىس قىلىپ ھەققەتكە. زامانغا.
ھازا تۇتتى يۈرىكىنىڭ تېگىدە.
ئاغدۇرۇلغان ھېلىقى ئۇت يامانغا.
ئەسكىلىكتىن ئۆلۈم چىللاپ ئۆزىگە.
تو يۈزلەندى جاھىللىقنىڭ غارىغا.
تويۇق يولدا نەس باسقانچە ئۆزىنى.
ئاسماق بولدى ياش ـ ئۆلۈمنىڭ دارىغا.
قوشنا ھويلا قىزىماقتا بىر تويدەك.
چىقاي دەيدۇ خىيالىدا بىر تۇرۇپ.
«ياق ـ ياق!» دەيدۇ. ئاشلىنىدۇ ياستۇققا.
ئىغنايدۇ بىر چاقىچە ئاھ ئۇرۇپ.
گاھ قوپىدۇ گاھ دۈم يېتىپ يىغلايدۇ.
تورار ئورۇن ئاخشامقىدەك سىلىقلىق.
سىم كارۋاتلىق كۆركەم ھۇجرا سۆكۈتتە.

ئۆردى ئىشىك تا كەچكىچە ئىلىقلىق.
ئۇنى توغرا كەمكۈتىنسز بىرىم كۈن،
ئۇ دەھشەتلىك شۇ قارارغا كىلەلمەي.
ئازابلاندى يىگىنە يۇتقان مۇشۇكتەك،
ئاشۇ ئۇيگە ياكى بىسىپ كىرەلمەي.
بىلمىگەنلەر سورار بەلكى، گۈلسۇمگە،
بىلمىدۇققۇ بۇگۈن زادى نىم بولغان؟!
ئۆھمەت - زورلۇق شاھ بولغاندا ھاياتقا،
ئۇلار بىلمەس، گۈلسۇم زادى كىم بولغان؟
ياز قەلىمىم شۇ يىللاردىن جاۋابنى،
بىلمىگەنلەر بىلىپ قالغان ياخشىدۇر.
«جاھىل» ناملىق ئۇشبۇ قىسەم ئەسلىدە
رىسالەتلەر يىغلاپ ئېيتقان ناخشىدۇر.
ئاسىم كەتتى ئۇرسۇن بىلەن مەكتەپتىن،
بىر سىياسىي ئۆھمەت بىلەن سولاقتا.
گۈلسۇم بىلەن رىسالەتلەر ئۇل قالدى،
ئايلانغانچە ئىككى كۆزى بۇلاقتا.
بىللە يىغلاپ، ئېيتقان چاغلار بىللە مۇڭ،
ئەپسۇس بەكمۇ قىسقا بولدى — ئاز بولدى.
رىسالەتكە كەلدى شۇندا قارا قىش،
گۈلسۇم ئۇچۇن ئۇزۇن ئۇتمەي ياز بولدى.
كۈندە يىغىن، كۈندە ئىچىش - پاش قىلىش،
بولۇپ ئۇردى كۆرەش دىگەن گۈگۈرەپ.
قاتناشماسقا ئامال بارمۇ ئاممىدا،
ئۇرسا ھەبۇە بىر مەخلۇقتەك ھۆكۈرەپ.
ۋىجدان بىلەن ياشىغانلار شۇندىمۇ،
چىدام بىلەن سۆكۈت بەردى ئۆزىگە.
ئەمما بەزەن نومۇسسىزلار چاپلىدى،
يانپىشىنى سويۇپ ئېلىپ يۈزىگە.
گۈلسۇم بولدى شۇندىن بىرى ئەڭ ئاۋۋال،
شۇ يىزىدىن بالدۇر چىققان شەرمەندە.
ئاز بولمىدى ئېيتقانلار يىغىندا،
تۇۋا! — دىدى ياقا ئۇتۇپ ھەر بەندە.
ھە! دىگەندە ئۆز يولدىشى ئۇرسۇننى،
ئۇنى گويا قار - يامغۇردەك قامچىلاپ.
ھەر سۆزىنى قىلىچ كوردى ئادەملەر،
بىسلىرىدىن قان ئۇراتتى تامچىلاپ.
— ئايرىلمايدۇ ئاسىم دىگەن دەيۈزدىن، —
دىدى — مانا نەق ئۇتۇلدى ئىككىسى.

گۈناھى بار دۈپىگەبىنى ئىللىغان،
ئۇۋال ئەمەس، ھەق ئۇتۇلدى ئىككىسى».
دادلاپ ئۇتتى: «يادلىمىدى يۇلۇ دەپ،
چوقۇنمىدى چىن دىلىدىن سۈرەتكە.
ۋاراقلىشى سىرىق كىتاب كۈن بويى،
پىلانلايدۇ بىر سۇيىقەست دۆلەتكە»
ئاقتۇرۇلدى ئۆي. ئىغىل ۋە پىشايۋان
ئۆركۈتمىگەن كەپەرلەرمۇ قالمىدى.
ئىلىپ ماڭدى گۇمان قىلغان جىمىنى.
سۈرەت. كىتاب. دەپتەرلەرمۇ قالمىدى.
ئولغايمامدۇ يانغان ئوتقا ياغ چاچسا،
بۇ يانغىنغا گۈلسۇم ئۆزى ياغ بولدى.
كۆيدى ئاسىم، كۆيدى ئۇرسۇن شۇ ئوتتا،
ئەھلى يۇرتنىڭ يۈرەك - باغرى داغ بولدى.
چەك - چىگرىنى ئايرىپ گۈلسۇم شۇ كۈنلا،
باباناتمۇ ئىلان قىلىپ ئۆلگۈردى.
ئۆلگە قىلدى ماختاپ شۇدەم باشقىلار،
يۇرت ئىچىدە بۇ شەرمەندە ئۆلگۈرنى.
مىڭلاپ كۆزنىڭ سىنىقىدا رىسالەت،
ئۇتتى ئەمما رۇۋان سۇرمەي ھەپتىلەپ.
ئاتاپ ئۇتتى ئىسمىنىمۇ يىغىندا،
گۈلسۇم ئوخشاش بولۇش ئۇچۇن ئەججىلەپ.
سۆز ئۇۋۇتتى كەلگىنىدە ئۇت ئىغىز،
سۆزلەپ ئۇتتى رىسالەتمۇ غەزەپتە.
ئاڭلىغانىنى تامام ھاڭ - تاڭ قويۇشتى،
يولدىشىغا ساداقەتتە - ئەدەپتە.
«ئۆھمەت بىلەن قارىلىدىڭ ئاسىمنى،
ئۆھمەت قىلساڭ باردىم مەنمۇ قاماققا!
ئايرىلمايمەن ئۆمۈرلۈكۈم ئۇ مىنىڭ.
سۆزۈم مۇشۇ،مەيلى بىسىش تاياققا.»
گەپ شۇ بولدى قالدى پۈتمەس بالاغا،
بولۇپ قالدى مۇھىم پەيەن نىشانى.
گۈلسۇم بولدى كۈشەندىسى. دۈشمىنى،
چىقىپ ئۇنى چايان بولۇپ مىسالى.
رىسالەتكە ئۇنجى بولۇپ ئوق ئىتىپ،
قاغاپ چىقتى قەلبى ئۇنىڭ قارىيىپ.
چىقتى گۈلسۇم شۇندىن تارتىپ سەھنىگە.
رىسالەتكە باردى جاھان تارىيىپ.
جاھىل. دىدى ئەرسا دىدى ئاخىرى

تنچ قويمدی ـ خزمه‌تنمۇ قوغلدی.
قارا په‌له‌ك پاناهدا، نپچۇندۇ
گۈلسۇم دبگه‌ن شۇ دۆيۈزنى قوغدىدى.
شۇ بوسۇندا ئاده‌تنکی سبستىرا،
بولۇپ قالدی دوختۇرخانا باشلىقى.
تول قالغنى ئه‌ندی ئاڭا يارتشپ،
چبچه‌كلدی قايتا تونىڭ ياشلىقى.
خزمه‌ت دبگه‌ن قالدی چه‌تته قايرلىپ،
تونده مبهمان توزار بولدی ئۆيىدىن.
قانچىلارنىڭ ئه‌شنالقى بىلىندی،
ئشره‌ت ئارا ئىچىپ تونىڭ سۆيىدىن.
ئالته يلدا ئه‌رگه ته‌گدی ئۈچ نۆۋه‌ت،
لبكن، ئشنى تونىنچىسى «بۆلغدی».
تو يالتايدی. ئالماس بولدی گۈلسۇمنى،
مه‌لۇم ئه‌مه‌س تونى كىمله‌ر تولغدی.
يبقىنلاشتى ئه‌ۋه‌للۆتىنىڭ ئاي ـ كۈنى،
دادىسى يوق بالا يه‌رگه چۈشمه‌كچى.
بولدی گۈلسۇم ئه‌قدرىنى تو سىنالماي،
ئاي ئىلگىرى بىره‌ر دورا ئىچمه‌كچى.
قورقتى ئه‌مما، قايدا جۇرئه‌ت. قايدا كۈچ؟
ئىچه‌ي دبسه ئۆلۈم كه‌لدی ئالدىغا.
ئىچمه‌ي دبسه بۇ پىشكه‌لدىن ئۆزىنى —
قبىن كه‌لدی ئه‌مدی ئالماق دالدىغا.
ئاۋۋال تويناپ، ئاندىن تبگىپ قوتولۇش ...
ئه‌سقاتمىدی ئه‌ندی ئاڭا بۇ چاره .
شۇ ئشتىمۇ زيانكه‌شنىڭ نشانى،
بولدی يه‌نه شۇ رىساله‌ت بىچاره.
چۈشتى بالا بىر قاراڭغۇ كبچىده.
ئه‌پسۇس، ئۇ بىر شۇم قاتىلدىن توغۇلدی.
ئۆلگۈرمىدی «ئىڭگه» سىلىپ يىغلاشقا،
ره‌زگى بوينى قارا قولدا بوغۇلدی.
زاكىلاندی ئۆلگه‌ن بوۋاق، سۆيبىده،
رىساله‌تنىڭ باغ تبمىدىن تاشلاندی.
شۇ ئش بله‌ن بۇ مه‌هه‌للىنىڭ توهمه‌تنىڭ.
تاڭ ئاتقاندا ئه‌ڭ يبڭىسى باشلاندی.
بۆلۈت باستى قوياش خۇمار ئاسمانى،
سۇر ته‌بىه‌ت كۆكۈلله‌رنى غه‌ش قىلدی.
ئه‌گه بارسا پىچرلشىپ ئاده‌مله‌ر،
كۈننى تامام شۇ گه‌پ بله‌ن كه‌چ قىلدی:

«ئاه رىساله‌ت! ئاه بىته‌له‌ي رىساله‌ت،
ئه‌گرى ساڭا ئىسسىق كۆزده باقمامدۇ؟
سه‌ندىن ئاققان ئىسسىق ياشلار ئېيتقىنا،
دۈشمه‌نله‌رنىڭ كۆزلىرىدىن ئاقمامدۇ؟
په‌رىشته‌ده‌ك دوختۇر ئىدىڭ پاكلىقتا،
سبنى بۆهتان ئه‌جه‌پ ئه‌گىپ قالدىغۇ!
ئۆزۈڭ ئېيتچۇ. نېمه بولدی بۇ زامان،
ياخشىلارنى ئه‌جه‌پ كويغا سالدىغۇ؟!»
ئه‌چچه ئايلاپ يۈرسه گۈلسۇم ئبغر بوي،
قوشنىلىرى بۇ هاله‌تنى سه‌زمه‌مدۇ؟
بۇگۈن كبلىپ رىساله‌تنىڭ يىغىسى،
هه، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ئه‌زمه‌مدۇ؟
بولدی ئىنكاس هۆكۈمه‌تكه ئۇلاردىن،
چه‌تته قالماي تونىڭ ئويناش ئىرىمۇ.
قبنى ئوخشاش چىقتى ئاخىر بوۋاقنىڭ،
خاتا كه‌تمه‌ي ئىنكاسلارنىڭ بىرىمۇ.
كىم ئىشىنه‌ر مه‌رۋايىتنى تاش دبسه،
ئوخشاش ئاڭا ئۆۋانساڭمۇ. چاقساڭمۇ!
ئاقارتقىلى بولماس يۈيۈپ كۆمۈرنى،
ئوخشاش ئاڭا جبله‌كله‌پ سۇ چاچساڭمۇ!
يارقىرىدی توهمه‌ت چه‌ككه‌ن رىساله‌ت،
يه‌نه بىر ره‌ت «گۆهه‌ر!» دبدی يۈرت تونى.
له‌نه‌ت، قاغىش ياغدی ئه‌مدی گۈلسۇمگه،
«جازا به‌رسۇن ئاڭا قاتۇن ـ سوت!» دبدی.
بىراق ... بىراق شۇنداق ئىدی ئۇ يىللار،
غه‌زه‌پله‌رمۇ، ته‌له‌پله‌رمۇ ئاقمىدی.
«ئه‌نقىد به‌ردۇق. — دبدی. — ئىچكى جه‌هه‌ته»
بۇ دبلوغا سوتمۇ قاراپ باقمىدی.
ۋاقت يبتىپ بۈگۈن ئه‌نه ئۇ ئۆزى،
بۇ ده‌ره‌خنىڭ يىلتىزىغا ئىبىلدی.
يبشىلمىگه‌ن جىمى تۈگۈن ـ سىرلارمۇ،
شۇ منۇتتا ئۆز ـ ئۆزىدىن يبشىلدی.
تۇرار مانا جىمى ده‌ره‌خ سۆكۈتته.
ئالما شبخى گۈلسۇم ئۈچۈن دار بولدی.
ئه‌چچه ۋاقىتىن چالۋاقىغان بىر بشه‌م
شۇ كبچىده ئۆز ـ ئۆزىدىن خار بولدی.
زۇۋان كه‌لدی ياندا بىر توپ ئۆرۈكتىن.
— هاي تونىڭلار تونى. — دبدی ۋارقىراپ.—
ئۆلۈۋاتسا بىراۋ مۇندا گۇناهقۇ.

بىز ئۈچۈنمۇ قاراپ تۇرۇش پارقىراپ.
لېكىن ئالما بەردى جاۋاب: بەس، تۇرۇك،
ئىچىنمىغىن، ئاڭا بۇ يول ياپ! — دېدى.
يۇرتىمىزدا شۇنىڭدىنمۇ ئەشەددى،
يامانلاردىن بارمۇ يەنە، تاپ! دېدى.
ئەمەس ئۇنىڭ قىلمىشلىرى ياق ھەرگىز،
ئادەتتىكى بىر خاتاغا مايىللىق.
بىر ئايال ئۇ يۇرتقا قاراپ توكۇرگەن،
جان - جەھلىگە سىڭىپ كەتكەن جاھىللىق.
ئاشۇ چاغلار ئاداشقانلار، ھە، بۈگۈن،
كۆڭۈل ئېيتى رەنجىگەنگە بىر - بىرلەپ.
باھار كەلسە كەتمەيدىغان مۇز بارمۇ،
كۆزدىن ياشلار تۆكۈلۈشتى مۆلدۈرلەپ.
ھوزۇرىدە رىسالەتنىڭ قاراڭلار،
ئايشەمخانمۇ ئولتۇرىدۇ كۆزى ياش.
سەۋەنلىكى كۆپ بولسىمۇ شۇ قەدەر،
ئەمەس ئىكەن ئۇ قىزدەك باغرى تاش.
ئويلاڭلارچۇ كەلمىگەنمۇ شۇ ئايال.
كېمىسىگە پالاق تۇرۇپ قىزىنىڭ .
گۈلسۈم بىلەن ھېچ ئىنسانغا گەپ بەرمەي.
بىر خوجىسى بولغانغۇ بۇ يېزىنىڭ.
كىم گۈلسۈمگە ئېغىز ئاچسا چىش يېرىپ،
جاۋابىغا دەككە بەتتى ئۇنىڭدىن.
ئاز دەمسىلەر بىز ئاڭلىغان ئاھانەت
ئۇ يىللاردا گۈلسۈم بىلەن شۇنىڭدىن.
ئۇ چۈشەندى ئازغىننى يولىدىن،
ياقا تۇتۇپ «توۋا» قىلدى ئۆزىگە.
«توۋا» قىلماي قايسى كۆزدە قارايدۇ،
بۈگۈن، ئاڭلا ئەھلى يۇرتنىڭ يۈزىگە.
ئۇ ئويلىدى: «بۇ دۇنياغا كەلگەننىڭ
ئەلمىساقتىن قايسى بىرى ئۆلمىگەن!
يىراق ئەمەس، ئاڭلا شۇ كۈن مەندىمۇ.
ئۆلگەنلەردىن يۇرتى كىمنى كۆممىگەن؟!
مېنىڭ ئۈچۈن قىزىم ئەمەس يۇرت كېرەك،
نەدە تەلەي ماڭا ئەلدىن ئايرىلىپ؟
ئاخىر ئۇمۇ بىلىپ قالار بىر كۈنى
ئات ئاپىدۇ ئوقۇرىنى، ئايلىنىپ.»
كۆندۈرەلمەي ئۆز قىزىنى سۆزىگە،
يالغۇز كىردى شۇ ھويلىغا بىچارە.

پەرزەنت تۇرۇپ ئانا سۆزىن ئالمىسا.
قىزىغاندا بىچارىگە نەچارە؟
ئاداۋەتنىڭ ھازىسىنى ئايشەمخان.
ئۆزى ئاچتى رىسالەتكە ئېسىلىپ.
ئۆزاققىچە قۇچاقلاشتى ئىككى جان.
كەتتى دىلدىن جىمى ئۆگۈن يېشىلىپ.
ئەنە باقساڭ ئايشەمخاندەك شۇ ئۆيدە.
ئولتۇرىدۇ شۇنداقلاردىن قانچىسى.
كۆڭۈللەرنىڭ كىرى ئەمدى يۇيۇلۇپ .
ئازابلىماس بولدى ھەسرەت قامچىسى.
ئەمما گۈلسۈم دەسسىمىدى شۇ ئۆيگە.
يۈتكەن ئاڭا كىبىر بىلەن جاھىللىق.
قارا يۈرەك قايدا بولسا ئاشۇنداق.
بىلدۈرمەسكەن ھەقىقەتكە قايىللىق.
تونۇماڭلار. ئەمدى ئاڭا ياشاشنىڭ
بۇ زېمىندا يەنە نېمە زوقۇرى.
شۇدە. ئۇنىڭ شۇملۇقىدىن سولدىغۇ.
تۇرسۇنىڭمۇ ئار - نومۇسى. غورۇرى.
بۈگۈن. ئەنە. ئۇقساق ئۇمۇ كەلگۈدەك.
توي بولغۇدەك مەھەللىمىزدە يەنە بىر.
كۆز تونۇماقتا يوللىرىغا پۈتۈن ئەل.
قېرىنداشتەك خۇددى ئاڭا ئانا بىر.
سۆزلىگەنگە ھەقىقەتتىن ئۆت ئېغىز.
تاشلاندىغۇ شۇ باللار سولاققا.
ئەمەسمىدى پەقەت شۇلار سۆزلىگەن.
شۇ يىللاردا ياقار سۆزنى قۇلاققا.
شۇلار ئېيتقان: كېتىۋەرسە ئىش مۇنداق.
روناق تاپماي خەلق ئاخىر سولار. دەپ.
شۇلار ئېيتقان بىزلەردىن ھەم قايغۇ يەپ.
باغلاردىنمۇ ئالما. ئۆرۈك قورار. دەپ.
بىرى تۇرسۇن ئاشۇلارنىڭ. بىلەمسەن.
قوۋانىمامدۇ ھەر بىر دېھقان ئۇ كەلسە؟!
قوۋانىمامدۇ شۇ يىگىتنىڭ قولىدا
بۇ باغقىمۇ تولۇپ ئېقىپ سۇ كەلسە!
يىيىلمىغان شەرمەندىسى گۈلسۈمنىڭ
يىيىلدۇ زەرىچىمۇ قالمايدۇ.
نېرى بولماي ئاشۇنداقلار. خەلقنىڭ —
بۈگۈنلەردىن يۈرەك - باغرى قانمايدۇ.
ئاڭا چاپان يېپىپ كەلگەن بوزۇقلار،

ئالالمايدۇ بۇگۈن تۈنى قۇتقۇزۇپ.
ئاسرىغانلار قايدا كەتتى بىلەمسەن،
بېشى كۆيسە ئاڭا كۆڭلۈك تۇتقۇزۇپ.
تۇسۇماڭلار تۈنى شۇڭا تولۇمدىن،
تۇنداقلارغا ھارام ئەندى ئىرىكلىك.
ئىچ ئاغرىتساق ئاشۇلارغا تۇگەمدۇ،
يۈرىكىمىزدىن چىرىكلەر ۋە چىرىكلىك.
سۆيى ھارام تۇنداقلارغا بۇ ئەلنىڭ،
ھالال ئەمەس يېگەن يۇردا نېنىمۇ.
پاكلىق كېتەر ئۇ دەسسىگەن جايلاردىن،
ئەيمىنىدۇ كۆرسە ھەر كىم تېنىمۇ.
«سەۋەنلىك» دەپ قىلغىنىنى مەلئۇنىڭ
قاملاشامدۇ يەنە ئالساق ئارىغا؟!
ئويلىغىنچۇ، يېنىپ ئاغرىق كىرمەمدۇ.
ئەمدىلەتتىن شىپا تاپقان يارىغا؟!
«قىزىل» دېسە، ۋىجدان كەتتى تۈنىگەدىن،
كەسىپ قىلدى زىيانكەشلىك ـ شۇملۇقنى.
سادىق دېسە سالام قىلىپ سۆزەنكە،
ئىرىلدۇردى ئۇتمۇشتىكى قۇللۇقنى.
قايدا ئەمەر ھايا بىلەن نومۇستىن،
ئۇ لەنتى مەھەللىمىزنى بۇلغىدى.
بىر ئۇزىنى ئاز دېگەندەك ئاستىرتتىن،
بىر نەچچىنى يامان يولغا تولغىدى.
يىگى تەشكىل ئىنقىلاپتۇ بىر كۈنى
«پارتىيىگە قانداقلارچە كىرگەن؟» دەپ.
ۋاراقلاپتۇ: «خۇشتار بولساڭ بىلەرگە،
شۇ يىللاردا ئۇززۇڭ نەدە يۈرگەن؟» دەپ.
كېلەرىدىن ئاي ئىلگىرى ئاسمىنىڭ
مېڭىپ كۆردى ئۇ بۇ يولنى توسماققا.
ئۆزى قىلغان كونا ئۇھمەت ئۇستىگە،
تورۇتۇپتۇ يەنە بوھتان قوشماققا.
تەكشۈر، دېسە ئۆز ـ ئۆزىنى داڭگۇزدا،
تەكشۈرمەيمەن خانالقىم يوق، دەپتۇ.
ھەقىقەتنى پىكىرلەردە سۆزلەنگەن،
ئەن ئالماستىن: «كەمكۆتىسىز دوق!» دەپتۇ.
ئۇ ئايلاندى ئاشۇ قەبىھ يىللارنىڭ.
«توۋا» قىلماس ھامىسغا ئۆلگىچە.
جۇۋاينىمەك كەلدى شۇنداق چالۋاقاپ.
جاھىللىقتىن يانماي مۇشۇ كۈنگىچە.
قويۇپ بەرمەي چىڭ ئۇتۇڭلار شاخلىرىم،
ئوبدان بولدى ئۇنىڭ شۇنداق ئۆلگىنى!
جان تالاشسا ئۇ خىرقىراپ ـ تىپىرلاپ،
بۇ دەل ئەلنىڭ قاتتىقراق كۈلگىنى.
دۇرۇس! — دېدى جىمى دەرەخ، جىمى گۈل،
قۇتقۇزمايلى تۈنى زادى بىز! — دېدى.
قايىل بولدى ئىچ ئاغرىتقان ئۇرۇكمۇ،
ئۆلۈپ كەتسۇن تۇنداق بولسا تىز، — دېدى.

•

شۇ كېچىدە باغ ئىچىدە بىر ئايال،
ئۆلدى شۇنداق. لەنەتلەرگە كۆمۈلدى.
ئاشۇ كېچە رىسالەتنىڭ ھويلىسى
ئەكسى بىر ھال — توي. بايرامغا چۆمۈلدى.

(بېشى 175 ـ بەتتە)

ئىمىلىكنى ساۋاب ئىزلىگۈچىلەرگە كۆرسەتكىز. دېدى.

تۇردى ھالسىزلانغان ھالدا بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى. كىشىلەر تويى ئىچىدە تۇردىغا ئاپىرىن ئېيتىشلار. خۇشاللىق مەدھىيىلەر ئۆزۈلمەي ياڭرىماقتا. تۇردىنىڭ نەپەسلىرى بارغانچە قىينىلاشتى. پۇلنى يىغىپ ھېسابلاشقا كىرىپ كەتكەن خادىم چىقىپ ھاكىمغا:

— پۇل جەمئىي ئوتتۇز ئالتە مىڭ تۆت يۈز يۈەن ئىكەن. بەزىسى كونا پۇللار ئىكەن. — دەپ دوكلات قىلدى. ھاكىم بېشىنى لىڭشىتتى ۋە بۇ ئالۋاستى سىياقىدىكى قورقۇنچلۇق ئادەمگە شۇ تاپتا چەكسىز ھۆرمەت ئىچىدە تىكىلدى. تۇردى ناھايىتى قىينىلىپ. پەس ئاۋازدا:

— مەن بولالمىدىم. مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن. مېنى دەرياغا ئىبىتتىۋېتىڭلار. مېنىڭ ئاخىرەتلىك جايىم دەريا بولسۇن. دەريا مېنى ئۆز قوينىغا تارتىۋالىدۇ، — دېدى.

1985 ـ يىل



# ئۈچ ھېكايە



مۇنارجان توختاخۇن

## سوۋغات

كەچ سائەت توققۇزدىن ئاشقان مەزگىل. باغچىدىكى قوش كىشىلىك ئورۇندۇقتا ئىككى ياش بىر-بىرىگە يېقىن ئولتۇرۇشاتتى.

— شۇنداق قىلىپ يېڭى يىلمۇ كېلىپ قالدى. — دېدى ئەنۋەر قىزغا قاراپ، — گۈلنار يېڭى يىلنى قانداق ئۆتكۈزىمىز؟

— ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار. ئەنۋەر ئېيتىڭا يېڭى يىلدا ماڭا قانداق سوۋغات تەقدىم قىلىسىز؟ ئۆتكەن بايرىمدىمۇ بىر ئۈزۈك ئېلىپ بەرگەنىدىڭىز. بۇ قېتىم ئوبدانراق بىرەر نەرسە ئېلىپ بېرەرسىز، — گۈلنار ئەركىلەپ تۇرۇپ شۇ گەپنى قىلدى ۋە ئەنۋەرگە قارىدى.

«سوۋغات» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئەنۋەرنىڭ بېشىغا يەنە بىر قايغۇ چۈشتى. ئۇ ئۆتكەن بايرىمدىمۇ ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن قەرز ئېلىپ، گۈلنارغا بىر جۈپ ئۈزۈك ئېلىپ بەرگەن. ئەمدى قانداق قىلار؟ قىسقىسى، ھېيت-بايراملار ئۇنىڭغا بىرەر قېتىممۇ خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن ئەمەس. تۇغۇلغان كۈنۈم دەۋاتقان. تونۇشقان كۈنىمىز دەۋاتقان. ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن كۈنۈم دەۋاتقان... ئىش قىلىپ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خاتىرە كۈنلەرنىڭ سانى يوق ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئەنۋەر گۈلنارغا چوقۇم سوۋغات تەقدىم قىلىشى كېرەك. يەنە كېلىپ تېخى سوۋغىلار جۈپ بولۇشى كېرەك. چۈنكى شۇنداق سوۋغىلا چىن مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى بولالايتتى. ئوقۇغۇچىلىق ھاياتتا ئۇلاردا نەدىمۇ ئۇنچىلىك پۇل بولسۇن؟ ئەنۋەر ئۆيىگە يالغاندىن ئۇ نېمەم يوق، بۇ نېمەم يوق، دەپ خەت يېزىپ، ئاتا-ئانىسىدىن پۇل ئەكەلدۈرۈپ، ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن بىر نەچچە خاتىرە كۈنلەرنى ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزىۋالدى. ئەمدى قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئۆگۈنلۈككە بايرام. سوۋغىنى چوقۇم شۇنىڭغا ئۈلگۈرتۈپ تەييارلاش كېرەك. ساۋاقداشلىرىدىن يەنە قەرزگە پۇل سوراشقا ئەمدى ئۇنىڭ يۈزى چىدىمايدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ گەدىنىدە قەرز دېگەن تولۇپ يېتىپتۇ!

— ھە، جىم بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟ — قىز ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى.

— ھە... ئۆزۈمچە. گۈلنار، سىز قانداق نەرسىنى ياخشى كۆرسىڭىز سىزگە شۇنى سوۋغات قىلاي.

— ۋيەي. سوۋغا قىلىدىغان نەرسىڭىزنى مەن دەپ بېرەتتىممۇ؟ يامان بولسىڭىز مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى ئۆزىڭىز تېپىڭ. شۇ چاغدىلا مېنى ھەقىقىي چۈشىنىدىكەن دەيمەن.

— بولىدۇ. مەن سىزنى چوقۇم رازى قىلىمەن. — دېدى ئەنۋەر زورىغا كۈلۈمسىرەپ.

ئۇلار شۇنداق پۈتۈشكەندىن كېيىن، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئەنۋەر گۈلنارنى ياتىقىغا ئەكىرىپ قويدى. ئۇ قىزلار بىناسىنىڭ ئالدىدىكى يولدا نېمە قىلارىنى بىلمەي خېلىغىچە ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ يۈردى.

«قانداق قىلسام بولار؟ يە بىرەرسىدىن يەنە پۇل قەرز ئالسام بولارمۇ؟ تېخى بۇ قېتىم ياخشىراق بىرەر نەرسە سوۋغا قىلمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنچىۋالا جىق پۇلنى كىممۇ ماڭا قەرز بېرىپ تۇرار؟ قارىغاندا، ئۆتكەندە ئېلىپ بەرگەن بىر جۈپ ئۈزۈككە ئانچە رازى بولمىغان ئوخشايدۇ. ھەي... بۇ گۈلنار مېنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمنىڭ ناچار ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمانچە قىينايدىغاندۇ؟ ھەر بىر بايرام كەلسە، ماڭا بىر قايغۇ بارغۇ. كاشكى، ئادەتتىكى سوۋغىلارغا رازى بولسىچۇ...»

ئۇ ئەتىسى كەچچە قايسى ساۋاقدىشىدىن پۇل سوراشنى بىلەلمەي، بىنا ئالدىدىكى دەرەخ تۈۋىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. بىردىنلا شېپىرلىغان ئاياغ تىۋىشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى. بىر قارا كۆلەڭگە ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئەتراپ شۇنچە قاراڭغۇ بولسىمۇ، ئەنۋەر بىر قاراپلا ئۇنىڭ مېڭىشىدىن قىز ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالىغا ئۆمرىدە كېلىپ باقمىغان بىر دەھشەتلىك خىيال كەلدى. ئۇ بۇ خىيالدىن شۇنچىلىك قورقۇپ كەتتىكى، يۈرىكى سىيلىپ، پۇت-قوللىرىدا جان قالمىدى. ئۇ شۇنداق قىلسۇنمۇ؟ ئۇ ئۆمرىدە

ئۇنداق ئىشنى قىلىش ئەمەس، خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدىغۇ؟ ياق! بۇ تولىمۇ دەھشەتلىك، تولىمۇ قورقۇنچلۇق... ئەمىسە باشقىچە ئامال بارمۇ؟ ئامال يوق... بىردىنبىر ئامال...

ئەنۋەر تېز ھەرىكەت قىلمىسا بۇ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەتتىنمۇ قۇرۇق قالاتتى. ئۇ قىزنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى دەرھال پەملىۋالدى-دە، قىز ئۆتىدىغان يەردىكى تامنىڭ دالدىسىغا — ئەڭ قاراڭغۇ يەرگە ئەپچىللىك بىلەن جايلاشتى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى كۆكرىكىنى قەپىزىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تىپچەكلەيتتى. كۆزلىرى چەكچىيىپ چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەيتتى. «ئاھ! مەن نېمە ئىشقا ئۇتۇش قىلىپ قويدۇم-ھە!» دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ.

مانا ئاياغ تىۋىشى بارا-بارا يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. قىز كېلىۋاتىدۇ... ئەنۋەرنىڭ يۈرىكىگە دەسسەپ كېلىۋاتىدۇ. مانا كەلدى. مانا قىزنىڭ بىر پۇتى چىقتى... مانا ئەنۋەر دەھشەتلىك ئىشنى باشلىۋەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن قىزنىڭ ئاغزىنى بىر قولى بىلەن باستى. ئاندىن يەنە بىر قولى بىلەن... ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغىنىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمىدى.

ئەنۋەر ياتاققا ئاستا كىرىپ، باشقىلارغا چاندۇرماي ئورنىدا يېتىۋالدى. بىراق ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بايىقى دەھشەتلىك ئىش بىردەممۇ كەتمەيتتى. راست ئۇ بەزىدە ئۇيقۇغا كەتكەندەكمۇ بولدى.

ئەنە، ئۇنىڭ ئالدىدا ئاق چاپان، قاسقان شەپكە كىيگەن ساقچى، ئەنە ئۇنى تۇتتى، قولىغا كويزا سالدى. گۈلنار — ئۇنى مۇشۇ كۈنگە قويغان گۈلنار، ساقچىلارنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ئاھ ئەنە تۈرمە! دەھشەتلىك تۈرمە! ئۇ تۈگەشتى، پۈتۈنلەي تۈگەشتى!

ئۇ قارا تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ئويغاندى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ مېڭىسىدە دەھشەتلىك بىر سوئال چاقمىقى چېقىلدى: «مەن نېمە ئىش قىلىپ قويدۇم، مەن زادى نېمە ئىش قىلىپ قويدۇم؟»

ئەتىسى كەچتە ئەنۋەر گۈلنار بىلەن دېيىشىپ قويغان يەردە خېلى ئۇزۇن ساقلىدى. ئۇ بۈگۈن گۈلنارغا «تەييارلاپ» قويغان سوۋغىسىنى تەقدىم قىلماقچى. ئەنە... گۈلنار ئۇ تەقدىم قىلغان سوۋغىنى كۆرۈپ شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتىكى، ئۇنىڭغا زور مۇھەببەت بىلەن تىكىلدى. ئۇ مۇنداق مۇھەببەتلىك تىكىلىشنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان. ئۇمۇ ھاياجىنىنى باسالماي، گۈلنارنى باغرىغا مەھكەم باستى... ئەنۋەر مۇشۇلارنى ئويلاپ، ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ، گۈلنارنىڭ خۇشاللىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، ھەممىنى ئۇنتۇدى.

گۈلناردىن تېخىچە خەۋەر يوق ئىدى. ئۇ ئامالسىز گۈلنارنىڭ ياتىقىغا قاراپ ماڭدى. ئاخشامقى يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ پۇتلىرى يەنە تىترىدى. ئۇ بىرسى تۇتۇۋالىدىغاندەك، بۇ يەردىن چاققان-چاققان مېڭىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ گۈلنارنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئۇنى باشلاپ چىقتى.

ئۇلار ئالدىنقى كۈنى كەچتە ئولتۇرغان ھېلىقى ئورۇندۇقتا يانمۇ-يان ئولتۇرۇشتى. گۈلنار شۇنىڭغىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئەنۋەر بولسا، سوۋغىسىنىڭ ھاياجىنىدا نېمە دەپ گەپ ئېچىشنى بىلەلمەي ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ سوۋغىسىنىڭ چوقۇم گۈلنارغا يارايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

— گۈلنار، پاراڭ قىلىڭا، جىم ئولتۇرۇپ قالدىڭىزغۇ، — ئەنۋەر گەپ باشلىدى.

— ئەنۋەر! — گۈلنار ئەنۋەرگە ئېسىلىپ يىغلىۋەتتى.

— ۋۇي گۈلنار سىزگە نېمە بولدى؟ — ئەنۋەر ھودۇقۇپ قالدى.

— ئاخشام ھاجەتخانىغا چىقسام، بىر ئىبلاس بۇلاڭچى ھالقامنى بۇلاپ كەتتى. قورقۇپ ئۆلگىلى تاسلا قالدىم. ئۇ ئاپام ئالاھىدە سوقتۇرۇپ بەرگەن ئالتۇن ھالقا ئىدى. ئەمدى ئۆيدىكىلەرگە نېمە دەيمەن؟... — گۈلنار ئىسەدەپ تۇرۇپ شۇ گەپلەرنى ئاران قىلدى.

— نېمە؟! — ئەنۋەرنىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. ئۇ سوۋغىنى ئېلىش ئۈچۈن يانچۇقىغا سالغان قولىنى چىقىرىۋېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، داڭ قېتىپ ئولتۇرۇپلا قالدى.

## مېنىڭ ئىككى ئانام بار

سېپىيىخان موماي ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولدى. ئىگە-چاقىسىز بىچارە مومايىنىڭ جەسىتى، ئۆزىنىڭ غېرىبلىق بېسىپ تۇرىدىغان كىچىككىنە ئۆيىدە ھېچكىمدىن خەۋەرسىز بىر كۈن ياتتى. ئەگەر شۆھرەت ئۇنى يوقلاپ كېلىپ كۆرۈپ قالمىغان بولسا، يەنە قانچە كۈن ياتاتتىكىن؟

بۇ بىچارە موماي ئۈچۈن ھازا ئاچىدىغانلارمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. پەقەت ئون بىر ياشلاردىكى شۆھرەت ئىسىملىك بىر بالىلا ئىچ-ئىچىدىن بوقۇلداپ يىغلايتتى.

— ئانا مەندىن رازى بولۇڭ، مەن سىزگە ياخشى قارىيالمىدىم.

ياقا يۇرتتىن بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان

سېپپىخان مومايىنىڭ نە بىرەر نەۋرىسىنىڭ، نە بىرەر ئۇرۇق-تۇغقىنىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. مەن بۇ بالىنىڭ «ئانا»دىن «ئانا»غا سىلىپ مۇنچە يىغلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم.

سېپپىخان مومايىنى يەرلىككە قويۇپ بولغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى، مەن شۆھرەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

— سېپپىخان موماي نېمەڭ بولىدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنى يولدىن توختىتىۋېلىپ.

— ئانام بولىدۇ. — دېدى بالا.

مەن ھەيران بولۇپ يەنە سورىدىم:

— نەدە ئۇ سېنىڭ ئاناڭ؟

— مېنىڭ ئىككى ئانام بار. بىرى ئۆز ئانام. يەنە بىرى مېنى بوۋاق ۋاقتىمدىن تارتىپ باققان ئانام.

— ھە... — مەن ئارتۇقچە گەپ سورىمىدىم. چۈنكى شۆھرەتنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى. ئەپسىلي ئەھۋالنى كېيىن ئۇقتۇم.

شۆھرەتنىڭ ئاتا-ئانىسى خىزمەتچى ئىدى. شۆھرەت تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇنى باقىدىغان ئادەم ئىزدەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلارغا سېپپىخان موماي ئۇچراپ قالدى. ئۇلار ئادەم ئىزدەپ تازا ئاۋارە بولغاچقا، بۇ مومايغا چىڭ يېپىشتى. بىرمۇنچە ۋەدىلەرنى بېرىپ ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كەلدى.

سېپپىخان موماي شۆھرەتنى ئوت باشقا كىرگىچە باقتى. ئۇ شۆھرەتنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمىدى. بەرگىنىنى ئالدى. موماي ئۇلارنىڭ تامىقىنى ئېتىپ، كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ، بالىغا شۇنچە ياخشى قارىغان بولسىمۇ، بىراق شۆھرەتنىڭ ئاتا-ئانىسى مومايىنى ئۆيىگە ئەكىلىۋالغىچە قىلغان ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ بالىسى بىلەن قىلچە چاتىقى يوق ئىدى. ئويۇن-تاماشىلارغا خاتىرجەم كېتىۋېرەتتى.

شۆھرەت ئوت باشقا كىرگەن يىلى، ئۇلار سېپپىخان مومايىنى بالىغا ئۆزىمىز قارايمىز، دەپ يولغا سېلىپ قويدى. چۈنكى بالىنىڭ ئەتىدىن-كەچكىچە موماي بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئۆزلىرى بىلەن ئانچە چاتىقى بولماسلىقى، ئۇلارنى بىر ئاز ئەنسىرىتىپ قويغان. شۇڭا بالىنىڭ مېھرىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بالىنى ئۆزىگە ئىجىل قىلىۋالغان بۇ مومايىنى بالدۇرراق كۆزدىن يوقىتىشنى ئويلىغانىدى.

ئىش بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمىدى. موماي كەتكەندىن كېيىن شۆھرەت «ئانام قېنى، ئۇنى سىلەر نەگە ئاپىرىۋەتتىڭلار؟» دەپ يىغلاپ ئۆينى بېشىغا كىيدى. ئانىسى باشتا ئۇنى ئالداپ باقتى. گەپكە كىرگۈزەلمىگەندىن كېيىن ئاچچىقلاندى:

— ھەي بەغەرەز. ئاناڭ مانا ئالدىڭدا تۇرمامدۇ. ئېيتە، قانچە ئاناڭ بار ئىدى سېنىڭ؟

— سەن مېنىڭ ئانام ئەمەس. سەن مېنى باقمىدىڭغۇ. مېنى سېپپىخان ئانام باققان. — شۆھرەت شۇنداق دېدى-دە، يۈگۈرۈپ ئالاغا چىقىپ كەتتى. ئۇ تام تۈۋىدە خېلى ئۇزۇن يىغلاپ زېرىككەندىن كېيىن، ئۆيىگە كىرگۈسى كەلمەي، چوڭ كوچىنى بويلاپ نەگىدۇر ماڭدى.

— شۆھرەت بالام نەگە ماڭدىڭ؟ — يەرگە قارىغىنىچە، يولدىكى ئۇششاق تاشلارنى تېپىپ كېتىۋاتقان شۆھرەت تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا سېپپىخان ئانا تۇراتتى. شۆھرەت خۇددى ئالادىن ئاياق يەپ، ئۆيىگە كىرىپ ئانىسىنى كۆرگەندە، ئېتىلىپ يىغلىۋەتكەن بالىدەك، سېپپىخان ئانىنى كۆرۈپ يىغلىۋەتتى.

— نېمە بولدۇڭ. سېنى بالىلار ئۇردىمۇ؟ — سېپپىخان ئانا ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ سورىدى.

— ياق ئانا. ئاپام تىللىدى.

— نېمىشقا تىللىدى؟

— ھى... ئانا، سىز بىزنىڭ ئۆيگە نېمىشقا بارمايسىز؟ — شۆھرەت ئانىسىز يېتىم بالىدەك مومايغا تەلمۈرۈپ قارىدى.

— مەن كېيىن بارىمەن ئوغلۇم. — مومايمۇ كۆزىگە ياش ئالدى.

ئەمەلىيەتتە بارمايتتى. چۈنكى ئۇ شۆھرەتلەرنىڭ ئۆيىدىن قايتقاندا، شۆھرەتنىڭ ئانىسى، مومايىنىڭ بۇندىن كېيىن بۇ ئۆيگە كەلمەسلىكىنى، بالىنى ئىزدىمەسلىكىنى ئۇقتۇرغانىدى.

شۆھرەت شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتىن كېيىن، مومايىنىڭ تۇرار جايىنى بىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دائىم بۇ ئىگە-چاقىسىز مومايىنى يوقلاپ تۇردى. ئۇنىڭ سۈيىنى توشۇپ، ئوتۇنىنى يېرىپ بەردى. قىسقىسى: مومايىنىڭ يىراق-يېقىن ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە ياردەملىشىپ بەردى. ھەتتا بىرنەچچە قېتىم ئاپىسى بازاردىن بىرنەرسە ئېلىپ يېگىن دەپ بەرگەن پۇللارغا، يۇمشاق يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىپ، مومايغا ئاپىرىپ بەردى. مومايىنىڭ كەلمە دېگىنىگە ئۇ ئۇنىمايتتى.

ئۇ مومايىنىڭ ئۆيىگە بارغىنىنى ئۆيدىكىلەرگە زادىلا ئۇقتۇرمايتتى. چۈنكى بىر قېتىم سېپپىخان ئانامنى يولدا كۆردۈم، دەپ قويغىنى ئۈچۈنلا بىرمۇنچە ئاھانەت ئاڭلىغانىدى. تا سېپپىخان موماي ئۆلۈپ كەتكىچە شۆھرەت يوقلاشنى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى

قىلىپ بېرىشنى توختاتمىدى.

سېپىخان موماي ئۆلۈپ كەتكەن كۈنى. شۆھرەت كۆزلىرى ياش يۇقى ھالدا. بىلىگە ئاق باغلىغان پېتى ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن شۆھرەتنىڭ ئانا - ئانىسى ھەيران قالدى.

— ھوي ساڭا نېمە بولدى. بىلىڭگە نېمىشقا ئاق باغلىۋالدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئانىسى.

— سېپىخان ئانام ئۆلگەپ كېتىپتۇ.... — شۆھرەت نېسەدەپ يىغلىۋەتتى. يۈرىكى جايىغا چۈشكەن شۆھرەتنىڭ ئانىسى بالىسىنى يۇلقۇشلاپ، بىلىدىكى ئاقنى يەشكەچ تىل

ياغدۇرغىلى تۇردى.

— ھۇ پەبلى يامان، نېمانچە قىلىپ كەتتىڭ تۇ قىرىغا. ئانىسىمىش تېخى. سەن جۇۋاپىنمەك كەتكۈر مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ بىر كۈنى بىزنىڭ بېشىمىزغا چىقىسەنغۇ!

ئانىسىنىڭ تىللاشلىرى شۆھرەتنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ يىغلىغان پېتى ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. كەچلىك تاماق يېيىشكىمۇ ئۇنىمىدى.

مەن شۆھرەتنى كوچىدا پات - پات ئۇچرىشىپ تۇراتتىم. خېلى بىر چاغلارغىچە ئۇنىڭ چىرايىدا قانداقتۇر بىر مەيۈسلۈكنىڭ ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغانلىقىنى بايقىدىم.

## يۇز يۈەن

بەختىخان ئانا ھويلا سۈپۈرۈۋاتقاندا، پوچتالىيون قىز ئۇنىڭغا بىر پارچە پۇل چېكىنى تۇتقۇزۇپ، قول قويۇشنى ئېيتتى. ئانا خەت تونىمىغاچقا، ئوغلىغا قول قويغۇزدى - دە. پۇلنىڭ كىمدىن كەلگەنلىكىنى بىلىشكە ئالدىرىدى:

— ئوغلۇم قاراپ باققىنە. پۇل كىمدىن كەپتۇ؟ — بەختىخان ئانا قولىدىكى سۈپۈرگىنى تاشلاپ، ئوغلىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئاكامدىن كەپتۇ ئاپا. — بالا تازا ئىنچىلاپ بىر قارىۋېلىپ جاۋاب بەردى.

— ھوي ئاكاڭدىنما؟ خاتا كۆرۈپ قالمىغانسەن؟ قانچە پۇلكەن؟ — ئانا ھەيران بولۇپ سورىدى.

— يۈز يۈەن ئىكەن. — دېدى بالا چەكنى ئانىسىغا سۇنۇۋېتىپ. ئانا چەكنى كۆزلىرىگە سۈرتتى. بۇ سۈرتۈش پۇلنىڭ خۇشاللىقىدىن ئەمەس. ئوغلىنى سېغىنغانلىقىدىن بولۇۋاتاتتى.

— ياۋاللا جېنىم بالام. نېمە ئاۋارە بولۇپ يۈرىدىغاندۇ؟ ئۆزى ئىشلەتسىچۇ. ئۆزۈندىن بۇيان خەت كەلمىدى. ئەنسىرەپ تۇراتتىم جېنىم بالامدىن. — بەختىخان ئانا ئوغلى توغرۇلۇق يەنە نېمىلەرنىدۇ سۆزلىگىنىچە ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

چۈشلۈك تاماقتا ھەممە جەم بولغاندا. گەپ يەنە شۇ پۇل ئۈستىدە بولدى.

— ياۋاللا. شۇ بالام كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا كەتتى - يا! نېمىلەرنى قىلىپ يۈرىدىغاندۇ تۇ بەرلەردە. مانا چوڭ بولۇپ ئەسقاتتى دېگەن شۇ. ئەۋەتكەن يۈز يۈەن پۇلى تازا جانغا ئەسقاتىدىغان بولدى. ئۆيدە چاي - تۇز يوق تازا قىينىلىپ تۇراتتۇق. يەنە بالىلارنىڭ ئۇچىسىغا بىر قۇر كىيىم قىلىپ بېرەرمىز. — ئانا ئوغلىنى ماختاپ بىرمۇنچە سۆزلىدى.

— بولىدىلا ئاپا. ھېلىمۇ تۇ بالاڭنىڭ خىزمەتكە چىقىپ، ئىككى يىلدىن بېرى پۇل ئەۋەتىشى تېخى مۇشۇ. مەن بولسام ھەر ئايلىق مائاشىمنى ئۆيگە تاپشۇرىمەن. مېنىمۇ بىرەر قېتىم ماختاپ قويمايسەن. — دېدى تېخى يېڭىلا خىزمەتكە چىققان

قىزى گۈلشەن. تومشۇقلىرىنى ئۈچلاپ.

— ھەي. سەن دېگەن مۇشۇ ئۆيدىكى بالا. تۇ بالام بولسا كىشىنىڭ يۇرتىدا. تومۇ مۇشۇ يەردە بولغان بولسا شۇنداق قىلار ئىدى. مانا ئەسقاتتى دېگەن مۇشۇ. دادىسى رەھمەتلىك ھايات بولغان بولسا قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر ئىدى.

— ئاپا. ئاكام ئەۋەتكەن پۇلغا ماڭا بىر ئاياغ ئېلىپ بېرە. — توققۇز ياشلىق ئەكبەر ئانىسىنىڭ گېپىنى بۆلدى.

— ياق. سېنىڭ ئايىغىڭنى يامىاپ كىيسە بولىدۇ. مېنىڭ قىشلىق چاپىنىم يوق. ماڭا بىر چاپان ئېلىپ بېرىدۇ. — دېدى ئون بىر ياشلىق روشەن ئەكبەرگە ئالىيىپ.

— ماڭا دەپتەر سالىدىغان بىر سومكا...

— ماڭا بىر شەپكە.

بالىلار چۇرقىراشقىلى تۇردى.

— بولدى. بولدى. چۇرقىراشماڭلار. ھەممىڭلارغا ئېلىپ بېرىمەن. مۇنداق قىلايلى قارا گۈلشەن. — بەختىخان ئانا ئۆز ئادىتى بويىچە ئىنچىكە ھېسابنى باشلىۋەتتى. — راست ئەكبەرگە بىر قىشلىق ئاياغ ئېلىپ بېرەيلى. روشەنگىمۇ بىر چاپان ئېلىپ بېرەيلى. ئۇنىڭمۇ ئىسسىققىنە چاپىنى يوق.

بەختىخان ئانا ئەتىسى يەكشەنبە كۈنى بازارغا چىقىپ، بالىلىرىغا كىيىم - كېچەك ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئاشقان پۇلغا تۇز، چاي ئېلىپ ئۆيگە قايتتى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە بەختىخان ئانا ئوغلىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدى. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

«قەدىرلىك ئانا ياخشىمۇسىز؟ مەن ئۆتكەندە يۈز يۈەن پۇل ئەۋەتكەنىدىم. بەلكىم تاپشۇرۇپ ئالغانسىلەر. ئاڭلىسام بىزنىڭ يۇرتتا ئەقىشلىك سىم كارىۋاتنى ناھايىتى ياخشى قويىدىكەن. شۇ پۇلغا سۈپەتلىك قويغان كارىۋاتتىن بىرنى. ئاندىن يالغۇز كىشىلىك دىۋاندىن بىر جۈپ ياستۇق ئەۋەتىپ بەرسەڭلەر. ئەگەر پۇل يەتمەي قالسا سىلەر قوشۇپ قويارسىلەر. سىلەرنى سېغىنىپ [illegible]



# ئىنغ، ھايات

(ھېكايە)

خالىدە ئىسرائىل

بۇ يەرنىڭ تاغلىرى پاكار، ئىنچ-ئىنچىدىن لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغاندەك قىزىل، خۇددى ئاشۇ نامەلۇم ئىچكى ھارارەت تۇپەيلىدىن چوغقا ئايلىنىپ، ۋۇجۇدىدىكى ھاياتلىقنى قۇرۇتۇۋېتىدىغاندەك تاقىر؛ پەقەت، قۇمساڭغۇ يانباغىر، چوڭقۇرلۇقلاردا سۇس رەڭلىك سۆك-سۆك، ئاق تىكەن، ئەۋلەك، سېسىق ئوتلار، قۇمدەك چېچەكلەيدىغان، يەر بېغىرلاپ بىرلىيانت ئۈزۈكنىڭ كۆزىدەك كىچىك ئەمما بەكمۇ قىزىل گۈل ئاچىدىغان ئاللىقانداق ئوت-چۆپلەر ئۆسىدۇ. ئاشۇ تاغلارنىڭ مەركىزىدىكى قىزىل، قارا، كۆلرەڭ، سۆسۈن، سېرىق رەڭلەردە ئاۋلىنىپ تۇرىدىغان زور ئىككى چوققا ئوتتەك ئىسسىق. چوققىلار ئۈستىدىن گۈڭگۈرت پۇرايدىغان قىزىق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. چوققىلارنىڭ باغرىغا رەتسىز جايلاشقان، تاغ ئىچىگە قارىتىپ ئېچىلغان تونۇردەك ئىسسىدىغان گەمە، ئورەك، قۇم ۋە تاش ئۆيلەر يىلىغا مىڭلىغان ھاجەتمەنلەرنى جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، تاغ-داۋانلار ئېشىپ كەلگەن بۇ كىشىلەر يېرىم يالىڭاچ بولۇشۇپ تاش ئۆي، گەمىلەردە سائەتلەپ ئولتۇرۇشىدۇ ياكى قۇمغا كۆمۈلۈپ، بەدىنىنى قىزىق يەرگە يېقىپ يېتىشىدۇ. توختىماي قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان قايناق تەر كىشىلەرنىڭ يىلىك-يىلىكلىرىدىكى تالاي يىللىق يەل، ئەڭگىز، زەئىپلىكلەرنى سۈرۈپ چىقىرىپ، ئىمجان ۋۇجۇدلارغا يېڭى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ.

ئىلمىي خادىملار بۇ جاينى قەدىمىي يانار تاغنىڭ ئۆچكەن ئېغىزى دەپ قارايدۇ.

— بۇ يەر ئەسلى سۇلىرى سۈزۈك، تاغلىرى يېشىل جەننەتتەك بىر جاي ئىكەنمىش، — دەپ ھېكايە قىلىدۇ تۇراخۇن بوۋاي مۈشۈكنىڭكىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان ساغۇچ يېشىل كۆزلىرىنى قىسىپ، ئويلىنىپ، — كېيىن زور بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئاغزىدىن توختىماي ئوت پۈركۈپ دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپ ۋە بۇلاق سۇلىرىنى قۇرۇتۇۋېتىپتۇ. كىشىلەر تىرىپىرەن بولۇپ قېچىشىپتۇ، پەقەتلا بىر باھادىر يىگىت قاچماپتۇ. ئەجدىھا بىلەن قىرىق كۈن ئېلىشىپ، ئاخىرى ئۇنى ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىپ تاشلاپتۇ. ئەنە، ئاۋۇ ئىككى چوققا ئەجدىھانىڭ تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن جەسىتىمىش ...

بوۋاي بۇ گۈزەل رىۋايەتنى كۈنىگە قانچە قېتىم تەكرارلايدىغاندۇ-ھە؟ شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ يەرگە كەلگۈچىلەر بوۋاينىڭ بۇ چۆچىكىگە ھېرىس، ئۇلار ھېلىھەم قەدىمىي ئادەملەردەك قامەتلىك، باللاردەك ساددا بۇ بوۋايغا چىن كۆڭۈللىرىدىن ئىشىنىشنى خالايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆمرىنى بۇ يەرنىڭ ئىسسىق تاشلىرىغا نان يېقىپ يەپ ئۆتكۈزگەن. ئۇ، پەقەت ئۇلا بۇ خاسىيەتلىك تاغلارنىڭ ھەر بىر تاش-تۇپرىقى، قۇرت-قوڭغۇزىنى ئۆزىنىڭ بەش قولىنى بىلگەندەك بىلىدۇ. ئۇنىڭ بېشىدا زور كۈنلۈكتەك سايە تاشلاپ تۇرىدىغان (ئارشاڭ بويىچە بىرىدىنبىر) مۇشۇ دەرەخمۇ كۆپ يىللار ئىلگىرى ئۆزى تىككەن، پۇچۇق ھېجىردا سۇ قويۇپ ئۆستۈرگەن، ئارشاڭلارنىڭ مۆجىزە-تەبىئىتىنى بىلىشتىمۇ بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭغا يېتىدىغان ھېچكىم يوق، ھەتتا، يۇقىرى مەكتەپتە ئوقۇپ كېلىپ مۇشۇ ئارشاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان دوختۇر قاسىممۇ پات-پاتلا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدۇ. بىر يىلى ئارشاڭنى تەكشۈرۈشكە كەلگەن ئالىملارمۇ ئۇنى ئالايىتەن زىيارەت قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا بوۋاينىڭ دەرەخ ئاستىدىكى كىچىككىنە بايمىسى بۇ يەردىكىلەرنى ھۆكۈمەت ماگىزىنىدا تېپىلمايدىغان قۇرۇق لازا، پەمىدۇر، ئاق-قارا مۇچ ۋە چاي دورىسى قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا دەرەخ ئاستى ئارشاڭ بويىچە ئەڭ ئاۋات جاي.

كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ تۇراخۇن بوۋايدىن مەسلىھەت، ياردەم ئېلىپلا قالماستىن، ئارشاڭنىڭ يېڭى خەۋەرلىرىنىمۇ ئۇشۇ يەردىن ئۇقىدۇ. بولۇپمۇ، ئاخشاملىرى ئۇلار يىراقلاردا قالغان ئۆينى سېغىنىش تۇيغۇلىرىنى بېسىش ئۈچۈن بۇ يەرگە يىغىلىپ، ئىگەكلىرىنى تىزلىرىغا چاپلىشىپ تۈگىمەس پاراڭلارغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئارشاڭغا كەلگەن ئىككى ھەپتىدىن بېرى ياتاقداشلىرىمنىڭ تەسىرى بىلەن مەنمۇ بۇ خىل سۆھبەتلەرگە بىر نەچچە قېتىم داخىل بولغانىدىم. سۆھبەتلەر كۆپىنچە ئائىلىكىملەرنىڭ تەقدىرى، ئېرى ـ خوتۇنى ياكى بالا ـ چاقىسى، ھەر خىل كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ داۋاسى توغرىسىدا بولاتتى. ئۇ سۆھبەتلەرنىڭ تاغدىن ـ باغدىن باشلىنىپ قۇمدەك چېچىلىپ كېتىدىغان، ياكى تارالمىغان چاچتەك چىگىشلىنىپ كېتىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولاتتى. نېمە ئۈچۈنكى، ئۇلار ھاياتىدا ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشمايدىغانلىقلىرىغا كۆزى يەتكىنى ياكى بۇ يەرنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى كىشىلەرنى ياشقىچە ھېسسىياتچان قىلىۋېتىدىغىنى ئۈچۈنمىكىن، ھەممىلا ئادەم قورسىقىدا گەپ قالدۇرماي تۆكەتتى. ئاشۇ تۈگىمەس پاراڭ ئېقىمىغا ئەگىشىپ بەزىلەر شادلانسا، بەزىلەر ھاياجانلىناتتى. بەزىلەر ئۆزلىرىچە قايغۇرۇپ ئۇھ تارتىشاتتى. بولۇپمۇ ئاياللار ئانچە ـ مۇنچە كۆز ياشلىرىنىمۇ تۆكۈشۈۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا پەقەت تۇراخۇن بوۋايلا ئۈندىمەيتتى. كۆزلىرىنى چالا يۇمۇپ مۈگىدىگەندەك ئولتۇرۇپ كىشىلەرنىڭ پارىڭىنى تىڭشايتتى. ئاگان ـ ئاگاندا ئاغزى ئېچىلىپلا قالسا يۇمۇلمايتتى.

تولۇن ئاي كۆمۈش نۇرى بىلەن يەر ـ جاھاننى كۈندۈزدەك يورۇتىۋەتكەن ئاخشاملارنىڭ بىرىدە، ياتاقدىشىم — شەھەرلىك موماي ئۇھ تارتقىنىچە گەپ باشلاپ قالدى:

— توققۇز ئوغۇلنى قاتارغا قوشۇپتىمەن، لېكىنزە، بىر تال بولسىمۇ قىزىمنىڭ يوقلۇقىدىن ھەسرەت چېكىمەن، كېلىن دېگەن مىڭ قىلسا ئاچقان يېرىڭگە بارمايدىكەن، بۇ قېتىم ئامالسىز ئۆينى شۇلارغا تاشلاپ كەلدىم ـ يۇ، بىر كۆزۈم كەينىمدە قالدى. ...

— شۈكرى قىلسىلا، ھېلىمۇ زۇۋۇللىرى چوڭ ئۆزۈلۈپتىكەن، — دەپ سۆز قىستۇردى ئالتاي تاغلىرىدىكى بىر ئورمانچىلىق مەيدانىدىن كەلگەن ئوتتۇرا ياشلىق ئىشچى ئايال، — بىزدەك بىر ئۆمۈر داغدا قالغان بولسىلا قانداق قىلاتتىلە؟

ئۇ ئادەتتە بۇ خىل پاراڭلارغا زادى ئارىلاشمايتتى. ھەر كۈنى ئاخشىمى تاغلارنىڭ يوچۇقلىرىغا قاتار ـ قاتار نوكچا ياقاتتى. ئۇيان ـ بۇيان پىلدىرلاپ كۆيىۋاتقان ئوت ئالدىدا ئولتۇرۇپ «كارامەتلىك ئوت ئارشاڭ مازاغۇجام» دىن بىر پەرزەنت تىلەيتتى. قاپ ـ قارا، سۆڭەكلىرى بۇرنۇپ چىققان قوللىرى بىلەن ئوت ئىچىدىن بىر نېمىلەرنى سۈزگەندەك قىلاتتى. ئوتقا تەككەن قوللىرىنى بويۇن ـ باش، كۆكرەكلىرىگە سۈركەيتتى. نوكچىلار پىل ـ پىل قىلىپ ئۆچۈشكە باشلىغاندا، ئىككى قولىنى مەيدىسىگە باسقىنىچە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇزاققىچە ئولتۇراتتى. . .

— ئاھ تەڭشەلمىگەن ئالەم، — دەپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى يەنە بىر چوكان، ئاغزىنىڭ بۇرجىكىدىكى ئالتۇن چىشىنى پارقىرىتىپ، — گۈلدەك چىرايلىق ئوغۇل ـ قىزلىرىم، توققۇزى تەل ئۆيۈم بار ئىدىغۇ، بىراق بەختىمنى قارا قىلغىنى ئېرىمنىڭ زالىملىقى بولدى. بىر كۈنى، توساتتىن ئوت سىلىۋاتاتتىم، بىزنىڭ ئادەم ئىشىكتىن بوراندەك كىرىپ كەلدى ـ دە: «ئۇسساپ كەتتىم خوتۇن، بىر چىنە چاي بەرگىنە» دېدى. بىر قولۇمنى ئۇن قىلالماي تۇرغاندا، ئالدىراپ قولۇمغا يېقىنراق تۇرغان چىنىدىن بىرنى ئېلىپلا ئۇتقۇزۇپتىمەن، چىنىگە بىر قارىدى ـ دە، باغىقا پىقىرىتىپ ئاتتى. «ۋاي نېماندىق قىللا، ساراڭ بوللىمۇ؟» دېسەم ئالدىمغا تۇرغىلى دىۋەيلەپ كەلمەسمۇ ... چالا ئاقارغان تۇتۇرنىمۇ، يوغان تەگلىدىكى خېمىرنىمۇ تاشلاپ يېنىپ چىقتىم، ھېلىمۇ ياخشى ئېرىمدىن يوشۇرۇپ يىققان پۇللۇرۇم يېنىمدىكەن دەڭلا، مانا بىر ئايدىن بېرى بۇ يەردە.

— ۋاي خېنىم، ئۆينى تاشلاپ بېرىپ يامان قىپسىز، — دەپ ئېچىندى بىر ئايال، — ئاياق يىگەنگە سىز بىلەن بىز ئۆلۈپ قالاتتۇقمۇ، ئەركىشى دېگەن ئەسكى نېمە، بۇ ۋاقىتچە ئورنىڭىزغا چوكاندىن بىرنى ئەكىرىپ بولدىمىكىن تاڭ ...

چوكان قىزاردى، ئۆڭدى.

— مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرگەن جالاپنىڭ چېچىنى يۇلداپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويارمىسىنا! — دېدى راستىنلا بىرۋۇنىڭ چېچىدىن قامالاشقا تەييارلانغاندەك بىر قىياپەتتە. لېكىن، ھايال ئۆتمەي بۇلۇتلار ئارىسىدىن پالىلدا ئاي كۆرۈنگەندەك كۈلۈشكە باشلىدى، — ۋايبەي، تىپىلماسنىڭ خورمىسىمدى! يامىنى كەلسە ئارشاڭغا يېنىپ كېلىپ قاسىم دوختۇرغا تەگمەمدىمەن، ھا، ھا، ھا، ...

موماي شوخ چوكاننىڭ چاقچىقىغا ئىشىنىپ قالدى بولغاي، ھەدەپ بېشىنى چايقاشقا ۋە ياقىسىنى چىشلەشكە باشلىدى:

— ھەي ئاكەي، قاسىماخۇنغۇ ئېسىل بالا، شۇغىنىسى ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىنى ئۇنتالمايدۇ، دېيىشىدىكەن. بولمىسا، شەھەردە نى ـ نى لايىقلار چىقىپتىكەن، ھېچقايسىغا كۆڭۈل بەرمەپتۇدەك.

— ...ياق، گەپ باشقا يەردىمىش، — دەپ گەپ

ئارىلىدى يەنە بىر ئايال. — سىبىستىرالارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قەشقەرلىك بىر چوكان ھەر يىلى مۇشۇ ۋاقىتلاردا قاسىماخۇننى دەپ ئاتايتەن بىر كېلىمىش. دوختۇر ئېغىز ئاچمايدىكەن. ئەمما ئىچ- ئىچىدىن كۆيىدىكەن.

پاراڭ شۇ يەرگە كەلگەندە ئەتىگەندىن بېرى مۈگدەپ ئولتۇرغان تۇراخۇن بوۋاي ئۆزىنى رۇسلىدى. بىر كۆزىنى قىسىپ ئېچىپ، نەگىدۇر، تىكىلدى. ئارقىدىن ئاپئاق ساقال- بۇرۇت بېسىۋالغان ئاغزىنى مىدىرلىتىپ گەپكە ئارىلاشتى:

— توغرا. شۇنداق بىر ئايال بولىدىغان. ئىسمى گۈلچەھرە- مۇ، گۈلبەھرەمۇ... ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا كەلگەندە ساقىيالىشىغا ھېچكىمنىڭ كۆزى يەتمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھالىدىن خەۋەر ئالغۇدەك ئادەممۇ يوق. ئاشۇ قاسىم بالا بىلەن سۈيچى نىياز ئۇنى كۆزىنگە ئۈچ ۋاق ئارشاڭغا يۇدۇپ ئەپچىقىپ يۈردى. ئاش- تامىقىدىن خەۋەر ئالدى. ساق ئىككى ئاي بولدى دېگەندە. ئايال بىر كارامەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بىراق. ئۇ كېتىدىغان كۈنلىرى قاسىم بالا خوشلاشمايلا تويۇقسىز يوق بولۇپ كەتتى. سەۋەبىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بىچارە چوكان قار- يامغۇر يىغلاپ كەتكەنچە ئىككىنچى يىلى يازدا يەنە كەلدى. ئۈزۈل- كېسىل ساقىياي دېدىم. دەپ. بىراق. ئۇ قېتىممۇ ئۇ يولغا چىقىدىغان كۈنلەر يېقىنلاشقاندا قاسىم يەنە جىن تۇرغاندەك يوق بولۇپ كەتتى: لېكىن، قاسىم شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىمۇ ئاش- تاماق گېلىدىن ئۆتمەي، ئىچىلىقىنا بىر كۈلمەي، رودەك يۈرگىنى يۈرگەن.

شۇ ئاخشىمى كىشىلەر مىجەزىنىڭ سەل تۇگۈلۈقىغا قارىماستىن ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ياش ئارشاڭ دوختۇرىنىڭ تەقدىرى ۋە ئۆزلىرىگە نامەلۇم بولغان قانداقتۇر بىر قەشقەرلىك ئايال توغرىسىدا ئۇزاققىچە سۆزلىشىشتى.

بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئاجايىپ. كۈن قىزىرىپ چىققاندىن تازىتىپ غەربتىكى چوققىلار كەينىگە ئۆتۈپ غايىپ بولغىچە توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. دەسلەپ پارچە- پارچە بۇلۇتلار قوياش بىلەن ئويناشقاندەك. گاھ ئۇنىڭ يۈزىنى توسۇۋالسا گاھ ئېچىۋېتىدۇ. بىر پارچە بۇلۇت قۇياش يۈزىگە تىكىلىپ تۇرغان ھامان تورۇكلاپ يامغۇر قۇيۇلىدۇ. يامغۇردىن كېيىنكى بىر دەمنىڭ دىمىق ئىسسىقتىن كېيىن ئىخمۇ كۆپ. ئىخمۇ قويۇق كۈلرەڭ بۇلۇتلار ئاسمان يۈزىنى قاپلايدۇ. بۇلۇتلار ئېغىرلىنىپ ئاسمان كۆتۈرەلمەيۋاتقاندەك. پەقەت چوققىلار ئىرەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۆشتۈمتۇت قاتتىق بوران [illegible]

ھۇشقىنىدۇ: تەرەپ- تەرەپتە ئۆزۈلۈكتەك ئېگىز قويۇنلارنى ھاسىل قىلىپ قەغەز پارچىلىرى ۋە قۇرۇق ئوت — چۆپلەرنى ئاسماننىڭ قەھرىگە ئاتىدۇ. ئۇن بەش مىنۇتلاردىن كېيىن بوران قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا شۇنداق تېز غايىپ بولىدۇ. پارلاق قوياش ئاخىرى يەنە چوققىلار ئۈستىدە كۆلىدۇ. پاكىزە چايقالغاندەك كۆپكۆك. داغسىز ئاسمان ئاجايىپ ئېگىز. ئاجايىپ پاك كۆرۈنىدۇ. مۇنداق كۈنلەردە مېھمانخانىنىڭ قاتتىق كارىۋىتىدا ھاۋا ئېچىلىشىنى كۈتۈپ ياتماقتىن ئەس ئىش يوق. گەپمۇ. ئاخشىمۇ ئۆگەيدۇ. ئاسماننى باسقان بۇلۇت كىشىلەرنىڭ قەلبىنىمۇ بېسىپ تۇرغاندەك بىلىنىدۇ. پەقەت. كەچقۇرۇن ھاۋا ئېچىلغاندىلا كىشىلەر خۇددى يۈكتىن خالاس بولغاندەك يەڭگىللىشىدۇ: چىرايلىرى ئېچىلىدۇ. لىق چاي قاچىلىغان چايدانلىرىنى. شاملىرىنى ئېلىشىپ قىلىن كېيىملەرگە. پالاس- چېپىتلارغا ئورۇلۇپ ئارشاڭغا قاراپ مېڭىشىدۇ. بىر ئاخشىمى. ئۆگە- ئۆگىلىرىم بوشاشقان ھالدا ئارشاڭدىن قايتىپ چىقىۋاتاتتىم. ھېلىلا توختىغان بوران بىلەن تازىلانغان ئاسمان بىندە مۆجىزىدەك بىردىنلا ناھايىتى كۆپ يۇلتۇزلار پەيدا بولغانىدى. ئەتراپتىكى پاكار چوققىلار بىردىنلا ئېگىزلەپ كەتكەندەك سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. دۆڭگە قاراپ سوزۇلغان ئىلانباغرى يول قاپقاراڭغۇ بوشلۇقتا مۇئەللەق لەيلەپ تۇرغان كەڭ ئاقۇش لېنتىدەك خىرە كۆزگە تاشلىناتتى. تويۇقسىز. يوقىرىدىن ئەنسىز ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. كىمدۇر بىرى يۈگۈرۈپ كېلەتتى. توختىماي ھاسىرايتتى. «توھ. ۋايجان. ۋاييەي» دەيتتى. ئورنۇمدا تۇرۇپلا قالدىم.

— مەن. قورقمىسىلا. — دەپ كۈلدى ئالتۇن چىشلىق چوكان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە. — ئالدىلىرىغا ماڭغاندىم.

— نېمە بولدى. شۇنچە؟

— يېڭى گەپ. قىزىق .... قايسى كۈنى گېپى بولغان ئايال بۈگۈن ئەتىگەن كەپتۇ. قەشقەردىن!

— قايسى ئايالنى دەيسىز. ھېچ ئۇقالمىدىم.

— ۋاي. ھېلىقى ئايالچۇ! قاسىم دوختۇرغا كۆيۈپ قالغان. قاسىماخۇن ئۇنى كۆرۈپلا قولىدىكى چايدانىنى يەرگە تاشلىۋېتىپتىمىش. قايناق سۇدا پۇتلىرىنى كۆيدۈرۈۋاپتىمىش.

— شۇ گەپمىدى. قورقۇتۇپ جېنىمنى ئالدىڭىز. كەلسە كەلگەندۇ. ھەر باشتا بىر سەۋدا ئەمەسمۇ.

چوكان خىجىل بولدىمىكىن، جىمىپ كەتتى. خېلىغىچە ئۈن- تىنسىز ماڭدۇق. ياتاققا يېقىنلاشقاندا كەڭ ئېچىۋېتىلگەن قاپقاراڭغۇ دېرىزىلەرنىڭ بىرىدىن ئاجايىپ چىرايلىق بىر [illegible]

بىلىنگەندەك ئاستا مۇڭگۈلىنەتتى. ھېسسىيات دولقۇنى تۈن پەردىسىنى تىترىتىپ گاھ تۇنجۇقچىلىقتا مەيىن شامالدەك ئۇچسا. گاھ چوققىلار باغرىغا ئۇخچۇيتتى. گاھ تەگسىز چوڭقۇرلۇققا چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك سوزۇلاتتى.

سەنمۇ مېنى ياراتمىساڭ،
رازىمەن، يارسىز ئۆتەي.
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ،
يىرىپ يۈرەكنى كۆرسىتەي.

— ۋاھ، نېمە دېگەن چىرايلىق ناخشا بۇ! ئەججەب ۋاقىتتىن نەگە كەتكەنكىنە بۇ ناخشىلار... ناخشا سېغىنىپ قاپتۇ جۇمۇ ئادەم.

— ئاشۇ چوكان ئېيتىۋاتىدۇ. — دەپ پىچىرلىدى ئالتۇن چىشلىق چوكان. — ئۆزىنى بىر كۆرسىلىدى ئېخى . . .

تار، تونۇردەك ئىسسىق تاش ئۆيدە ئولتۇرىمەن. پۈتۈن جىسمىم تەر بولۇپ قويۇلۇۋاتقاندەك. گاھ قازاقلار بۇلۇڭ-بۇلۇڭلارغا ئېسىۋەتكەن ئاپئاق قىيىقچىلارغا. گاھ تۇدۇلۇمدىكى شەھەرلىك موماينىڭ قورۇلۇپ كۆپكۆك تومۇرلىرى چىقىپ قالغان بويىنىغا، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ كەتكەن ئۈچلۈق يەلكىلىرىگە، توققۇز ئوغۇل شوراپ قورۇتۇۋەتكەن، قورسىقىدا، ئازغىنە نەرسە بىلەن ئېسىپ قويۇلغان خالتىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان كۆكسىگە قارايمەن. ئىچىمدە: «يەنىلا ھاياتلىق ياخشى. گەرچە ئىنسان بېشىغا نى قىسمەتلەرنى كەلتۈرسىمۇ، مىڭ ئۆلتۈرۈپ مىڭ تىرىلدۈرسىمۇ. ھاياتتىن ئالىدىغىنىنى ئېلىپ بولغان مۇشۇ بىچارىمۇ كۈننىڭ سىرىقىنى بىرەر كۈن ئارتۇق كۆرسەم دەيدىغاندۇ. بولمىسا مۇشۇ ھالى بىلەن بۇ قىيامەت قەيۇمنىڭ ئىچىدە نېمىنى قىلارىدى» دەيمەن. بىر دەمدىن كېيىن، تار ئىشكتە لىپپىدە بىرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. دالاندا خېلىغىچە يىپەك كۆڭلەكلەرنىڭ شىلدىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى. ئارقىدىن كۆز ئالدىمدا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىر نازۇك قامەت پەيدا بولدى. ئېگىز، زىلۋا بىر چوكان. لىغىلداپ تۇرغان ئاچ يېشىل ئىچ كۆڭلىكىنىڭ ئويمىسىدىن قاردەك ئاپئاق بويىنى، مەر-مەردىن ئويۇپ ياسالغان خۇشپىچىم بىلەكلىرى، بۇۋاقلارنىڭكىدەك زىناقلىق بارماقلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بوش ئۆرۈلگەن جىججى يۇملاق يەلكىسىدە قارا بۇلۇتتەك يېيىلغان. كۈندە قارايغان ساغلام پاچاقلىرى، مەيىن شامالدەك مېڭىشلىرى . . .

ئايال بولۇڭغا — ئۇزۇن تاختاينىڭ بىر يۆرجىكىگە ئولتۇرۇۋىدى. شۇ [illegible] ئۆي بىردىنلا يورۇپ [illegible] گۈزەللىكىشى كەتكەندەك بىلىندى. ئۇزۇن كىرپىكلەر شەھلا كۆزلەردىكى تەگسىز ھەسرەتنى يېرىم توسقان. پەقەت ئېغىپ چۈشكەندەك تۈز، چىرايلىق بۇرۇن ئاستىدىكى لەۋلەردە — بىر پارچە ئوتتەك ئېچىلىپ تۇرغان گۈلدەك قىپقىزىل لەۋلەردىلا بىر خىل مەيۈسلۈك، ئىزتىراپ ئەكس ئېتەتتى. تۇرۇپلا، بۇ مەيۈسلۈك سېزىلەر-سېزىلمەس مۇلايىم تەبەسسۇمغا ئۆزگىرىپ، مەڭىزلىرىگە ئانار سۈيىدەك قىزىللىق يۈگۈرەيتتى. چوڭقۇر ۋە روشەن زىناقلار پارقىراپ كۆرۈنەتتى. شۇنداق ئولتۇرۇپلا، ئويۇقسىز ئەندىككەندەك بولاتتى-دە، چىرايى مۇردىدەك ئاقىرىپ ئۇزاققىچە ھېسسىياتسىز قېتىپ قالاتتى. لەۋلىرى، بارماقلىرى تىترەيتتى. ناھايىتى ئۇزاقتىن كېيىنلا ئاستا-ئاستا ئېسىگە كېلەتتى.

ئۇ ئۇزۇنغىچە شۇنداق ئولتۇردى. موماي ئىككىمىزمۇ ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە قېتىپ ئولتۇردۇق. تاكى ئۇ قوزغالغىچە مىدىر قىلماي ئۇنىڭ بۇ كۆرۈمسىز ماكانغا ماسلاشمىغان ئاجايىپ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىپ، ئۆزىمىزنى، پۈتۈن ئالەمنى ئۇنتۇپ ئولتۇردۇق. ئاخىرى، تار دالاندا كىيىملىرىمىزنى كىيىۋاتقان چاغدا ئېغىز ئاچتىم:

— سىڭلىم، قەيەردىن بولىسىز؟

— قەشقەردىن. — يۈرەكتىن چىققان شۇنداق بىر ئاۋاز ئىدىكى، گۈزەل قىزلارنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراق كەبى ئاۋازىغىمۇ، دەرد-ئەلەمنى تولا تارتىپ باغرى قىيا تاشتەك قېتىپ كەتكەن موماينىڭ ئاۋازىغىمۇ ئوخشىمايتتى.

— سىز بىلەن تونۇشۇپمۇ قالدۇق، ئىسمىڭىزنى سورىسام بولامدۇ؟

— بولمامدىغان. ئىسمىم گۈلجەھرە.

خۇدايا تۇۋا. پالانچى گۈل، پوكۇنچى ئاي دەپ ئاتىلىدىغان، ئىسمى جىسمىغا ماس بولمىغان تالاي ئاياللارنى كۆرگەنمەن. ئەمما، ئالەمدىكى ماۋۇ ئايالغا ئىسمى خۇددى تۇغۇلۇشىدىلا پېشانىسىگە يېزىلىپ چۈشكەندەك ياراشقان. ياق، مۇشۇ تاپتا بىرسى مۇشۇ ئايالغا ئىسىم قوي دېسە، مېنىڭمۇ خىيالىمغا «گۈلجەھرە» دىن باشقا ئىسىم كەلمىگەن بولاتتى.

گۈلجەھرە ئاھ، گۈلجەھرە. ئوتگۈلدەك چېھرىسى، جانىنى ئالغۇدەك ناخشىلىرى بىلەن قاقاس ئارشاڭغا يېڭىدىن جان، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. تۇراخۇن بوۋايدىن تارتىپ ئارشاڭلىقلارنىڭ سۈيىنى توشۇپ جان باقىدىغان نىياز دەللۇشكىچە ھەممە كىشى ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئالالمايتتى، كۆپ ئەرلەر-مەيلى ئاقساق-

چولاق، بىلىنى كۆتۈرەلمەي ياتقانلار بولسۇن، تىنجىق ياتاقلاردا ئولتۇرۇشنى خالىمايدىغان، تاغ باغرىدىن ئارشاڭ ياتاقلىرىغا قاراپ سوزۇلغان يولدا مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدى، ئەرلىرنى ئەتكەن چاي، شورپا بىلەن بېقىشۇاتقان بىچارە ئاياللارنىڭ قەلبىدە بولسا چۈشىنىكسىز غەزەب لاۋۇلدايتتى. ئۇلار ئولتۇرالمايتتى. ئەتكەن تامىقنىڭ تەمىنى بىلمەيتتى. كۆڭۈللىرىدە گۈلجەھرەگە: «خەپ توختاپتۇر، بۇزۇق!» دېيىشەتتى. ئەمما گۈلجەھرەنى كۆرگەن چاغلىرىدا ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزۈشمەيتتى. گۈلجەھرە، ئەتراپىدا بىرەر ئىبغىز گەپ قىلىشىلىش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرگەنلەرگە قاراپ قويسا، زەھەرلىك پىچىرلاشلارغا،



خۇشامەتلىك كۈلكىلەرگە. قولاق سالسا كاشكى، ئۇ پەقەت ئۇششاق بالىلارغا، ھېيسىياتنى يوشۇرۇشنى بىلمەيدىغان، ئىنگىسگە سادىق كىچىككىنەك ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن قالمايدىغان نىيازغىلا بىر خىل ئىسسىق مېھرى بىلەن چىراي ئاچاتتى. پاراڭلىشاتتى، كۈلەتتى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى — ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ، گۈلجەھرەنى ياخشى كۆرىدىغانلارمۇ، يامان كۆرىدىغانلارمۇ ھەقتە بىرەر خەۋەر ئاڭلاش ئۈچۈن ھەر كۈنى كەچتە ئۇراخۇن بوۋاينىڭ دەرىخى تۈۋىگە يىغىلىشاتتى.

— ئېيتقىنا ئاكا، بۇ چوكان راستىنلا قاسىماخۇننى چۆرگىلەپ يۈرەمدۇ؟ ئۇنداقتا قاسىماخۇنمۇ - زە، تازا ...

شەھەرلىك موماي قايتا - قايتا كوچىلاپ سورايتتى. بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە بولسا قۇۋلۇق ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى:

— ۋاي پاتەمخان، نېمە گەپ كوچىلايدىغانسەن، قېرى ئېرىڭدىن ئاجرىشىپ قاسىمغا تېگىۋالاي دەمسەن نېمە؟ قاسىمغا بېرىدىغان قىزىڭ بارمىتى - يا؟

موماي رەنجىگىنىدىن ئىتتىرىپ ھۇجۇمغا ئۆتەتتى:

— ۋۇي ئالجىغان قېرى! ئەسلىدە ئۆزۈڭ بۇزۇق، خەق بىلمەيدۇ دەمسەن، قۇيرۇقۇڭنى قوم باسقىنىغا باقماي كۆزۈڭ شۇنىڭدا تېخى!

بوۋاي كامادەك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ بالىلارچە زوقلىنىپ ئۇزاققىچە كۈلەتتى، ئاخىرى كۈلكىسىنى يىغىپ، ياپپېشىل كۆزلىرىنى قىسىپ ئويلىناتتى. ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى ۋە ئەستايىدىل بىر ئاھاڭدا:

— ھاي، پاتەمخان، نېمە دەپ قارايتتىم، خۇدا ئۆز قولى بىلەن ياراتقان كارامەتكە ھەيران قېلىپ، مەسىلكىم كېلىپ قارايمەن، ئادەم بالىسىمۇ مۇشۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن، دەپ قارايمەن، — دەيتتى. بىر پەس تۇرۇۋېلىپ بەنە شوخلۇق بىلەن، — ساڭا راستىمنى ئېيتسام، ياش ۋاقتلىرىم بولىدىغان بولسا، ماۋۇ قاسىم لامزەللىدەك تىگىلىۋېلىپ يۈرمەيتتىم، كېيىنىگە ئەگەشىۋېلىپ ئالەمنىڭ ئېرىقى چېتىگە ئېلىپ كېتەتتىم. ھەي، ئىسىت! يىگىت دېگەن ۋاقتى كەلگەندە لاۋۇلداپ كۆيۈشنىمۇ بىلسۇن، كۈل بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى، ئوچاقتىكى يا كۆيمەي، يا ئۆچمەي ئۈتەپ تۇرغان چۈچۈلە بىرەر جوگۇن چايىنىمۇ قاينىتالمايدۇ. كۆيۈشنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ ئاشۇ چۈچۈلىگە ئوخشايدۇ. ۋاي قاسىم، ۋاي بالىمەي، ئىسىت سېنىڭ ياشلىقىڭغا.

— شۇنداق دېگەن بىلەن بۇ ئايالنىڭ ئاتىقى يامانراق ئوخشايدۇ، قاسىممۇ ...

بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا بوۋاينىڭ جەھلى قاتاتتى، كۆزىنى چەكچەيتىپ، ساقاللىرىنى تىترىتىپ بوغۇلۇپ قايناپ كېتەتتى:

— ئاتىقى يامانمىش؟! ھوي بەچچىغەرلەر! خەقنىڭ بىر ئوبدان قىزلىرىنىڭ نامىنى ھەر قايسىڭ چىقىرىشسەڭلار! قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ ھەممە ئاھانەتنى، توققۇناق بالانى شۇ ئاجىز بىچارىلەرگە ئارتىشسەن. تېخى ئارقىغا ئۆتۈپ تىللىشسەن، مەن ھەر قايسىڭنى بەك ئوبدان بىلىمەن، بەك ئوبدان! چېچىڭنى يارقىرىتىپ تارلىشىۋالغىنىڭ بىلەن ئىنساپ يوق سەنلەردە ...

گەپ قىستۇرغۇچى خىرىلداپ كۈلۈپ ئۆزىنى ئاقلايتتى:

— بولدى، بولدى، ئۆزەم قىلدىم بوۋا، مەن سەن دېگەندەك ئەمەس دەيمەن.

بوۋاي بولسا قادىلىپلا ئالاتتى:

— دەپ باقە، ئاي چىرايلىقمۇ — ئەمەسمۇ؟ ھە، چىرايلىق، يۈزىدە دېغى بارمۇ — يوق؟ ھە، بار. شۇنداق گەپ، مەن ساڭا ئېيتسام بارغۇ، ئايال كىشى دېگەن كىر تۇختىمايدىغان جانان چىنىگە ئوخشايدۇ، سۈزۈك سۇدا چايقىۋەتسىلا ھالال بولۇۋېرىدىغان. گەپ كۆزگۈلدە، ئاڭلىساق بىچارىنىڭ بېشىغا نى دەرد - ئەلەملەر كەپتىكەن، تۇرمۇش ئۇنى ھەر كويغا سېلىپتىكەن، تۇرمۇش ھايات دېگەن شۇنداق نەرسە، ئۇ يىقىلماس تاغ، قۇرىماس دەريا ئەمەس، بايلىق، دۆلەت دېگەنلەرمۇ ھېچ ئىنسانغا ياقىۋەندە ئەمەس، ئاينىڭ ئون بەشى يورۇق، ئون بەشى قاراڭغۇ بولغىنىغا ئوخشاش، تۇرمۇشمۇ ...

خۇددى بىرسى قارا دېگەندەك بولۇپ كەينىمگە قارىدىم. كىشىلەر توپىدىن ئون قەدەمچە يىراقلىقتا، قاپقاراڭغۇ تەكشىلىكتە ئېگىز، ئورۇق بىر گەۋدە قارىيىپ كۆرۈنەتتى. بېشى يەرگە ساڭگىلىغان. خۇددى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قۇلاق قىلىپ بوۋاينىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك قىلاتتى ئۇ، يېقىن كېلەلمەيتتى. بىر پەستىن كېيىن، ئىككى يېقىدا ئەپسىز ئېسىلىپ تۇرغان قوللىرىنى مەيدىسىگە قوۋۇشتۇردى، ئېگىز كۆتۈرۈپ باشلىرىنى چاڭگاللىدى، چۈشۈرۈپ بېلىگە تىرىدى، بېشى يەنىلا تۆۋەن ئىدى. ئۇ، ئاخىرى ھارغىن قەدەملەر بىلەن ئاستا - ئاستا چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى. ئۇ قاسىم دوختۇر ئىدى.

چوققىلار سۇس زەڭگەر گۈگۈم پەردىسىگە ئورۇنۇش بىلەن تەڭلا، يامغۇر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئاسماننىڭ غەرب تەرىپى ئوچۇق بولۇپ ئاندا - ساندا لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار قۇياشنىڭ ئاخىرقى تارام - تارام نۇرى بىلەن ئىنچ - ئىنچىدىن يورۇپ، قاش ئېتىشتەك پارقىرايتتى. سىنچىلاپ قارىسىڭىز، ئاشۇ بىر پارچە ئوچۇق ئاسمان بەئەينى كۆپكۆك دېڭىزغا، سوزۇلۇپ، ئۈزۈپ ئېقىۋاتقان بۇلۇتلار بولسا دېڭىز ئوتتۇرىسىدا يېنىۋاتقان زور يالقۇن، ئىس - تۈتەككە ئوخشاپ قالغانىدى. ئەمما، بۇ خىيالى كۆرۈنۈش، ئاشۇ بىر پارچە ئوچۇق ئاسمان ھەش - پەش دېگىچە غايىب بولدى. ئورنىغا ئىتتىك قويۇق، ئىتتىك سۇرلۇك ئاقۇش بۇلۇتلار تولۇشقا، بۆرۈلداپ قايناۋاتقاندەك پىرقىراپ ئايلىنىشقا، ئاستىن - ئۈستىن بولۇشقا باشلىدى. ئارشاڭ ئۈستىدىكى شاۋقۇن پەسەيدى، يەڭگىدۇر ئالدىرىشىۋاتقاندەك قويۇلۇۋاتقان يامغۇر

تامچىلىرى ھېرىپ قالغاندەك ئاستا تامچىشقا، يېقىملىق شۇررلاشقا ئۆتتى. بۇنداق نەم، سالقىن راھەتبەخش شۇررلاش ئۆزگىمەس ئىدى. ئېسىمىشىقىدۇر، كىچىكىمدىن ئارتىپ تەبىئەتنىڭ مۇنداق يامغۇرلۇق كۈنلىرىدە. ئادەمسىز يوللاردا ئۆز خىياللىرىم بىلەنلا ئايلىنىپ يۈرۈشنى، يامغۇر تامچىلىرىغا يۈزۈمنى تۇتۇپ ئوت - چۆپلىرى يۇيۇلغان نەم، قومساڭ يەردە شىپ - شىپ ئاۋاز چىقىرىپ مېڭىشنى، قاغجىراپ كەتكەن تۇپراقنىڭ يامغۇر تامچىلىرى بىلەن ھۆللەنگەن ۋاقتىدىكى خۇشپۇرىقىنى راسا كۆچەپ پۇراشنى ياخشى كۆرىمەن. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۆسمۈر ۋاقتىلىرىمدا شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا چىلىشىپ، چۈشىنىكسىز بىر ھاياجان ئىلكىدە ئەسەبىلەرچە يۈگۈرەيتتىم، قاقاھلاپ كۈلەتتىم، قىن - قىنىمغا سىغمايتتىم. ...

بۈگۈنمۇ شۇنداق، گۈڭگۈگۈرت پۇرايدىغان نەم ھاۋادا ئۇزاققىچە يۈردۈم، يىراقتىكى رەڭدار تاغ قاپتاللىرىغا يېرىپ يامغۇردا ياشارغان ئۇششاق گۈللەرنى تەردىم. ئىتتىك قويۇقلاشقان، گۈگۈم قوينىدا ئالدىرىماي قايتىپ بىر تەرىپى ئارشاڭ ياتاقلىرىغا ئۇتاشقان دۆڭدە گەۋدەمنى غۇر - غۇر تاغ شامالىرىنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ ئولتۇردۇم. يامغۇر يۇمشاق شۇررلايتتى. يىراقتا پارقىراق قوڭغۇزلارنىڭ يورىقىدەك، نامەلۇم ئۇششاق ئوت ئۇچقۇنلىرى پىلىلدايتتى. تۇيۇقسىز، يېقىنلا جايدىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ يامغۇرنىڭ شۇررلاشلىرىدەك يۇشقىنا، ئەمما ئۈزۈك - ئۈزۈك، بوغۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك ھاياجانلىق ئاۋاز ئىدى. كەينىمگە بۇرۇلۇپ سەل تۆۋەندە، بىر - بىرىدىن كەڭ ئارىلىق قالدۇرۇپ ئولتۇرغان ئىككى گەۋدىنى كۆردۈم. بىرى قاسىم دوختۇردەك قىلاتتى. ئۇلار دەل ئۆتتۈش يولۇمنى توسۇپ ئولتۇرۇۋالغان، يېنىمدا چوڭقۇر جىلغا. قانداق قىلىشىمنى بىلمەي تۇراتتىم، بايىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. تىتىرەپ چىقىۋاتقان تونۇش ئاۋازدىن سېھىرلەنگەندەك، پۇتلىرىم باغلىنىپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ گۈلجەھرەنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— مەن قەشقەردىكى ئەڭ باياشات ئائىلىنىڭ ئەركىسى، ھەققىي خوجايىنى، دۆلەتمەن دادامنىڭ ئالقىنىدىكى بىر تاللا گۆھىرى ئىدىم. بىر كۈنلەردە مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر چىرايلىق يىگىتكە، ئۇنىڭ باياۋاندىكى بىر ئەسكى كارۋات بىلەن، جاللاقلاپ تۇرىدىغان شىرەسىدىن باشقا نەرسىسى يوق ياتىقىغا ئېگىشىۋەتكەنمەن. بىر يىلدىن كېيىن، دادام مېنىڭ سەۋەبىمدىن نومۇس، ئاچچىق ئەلەمگە چىدىماي ئۆلۈپ كەتتى، يۈزىنىمۇ كۆرەلىگىنىم يوق. كۆپ ئۆتمەي ئىككى باللىق بولدۇم، دۇنيادا باللىرىم ۋە ئېرىمدىن باشقا

ھېچنەرسەم قالمىغانىدى. تۆيدىن تالاغا چىقماي ئاشۇلارنىڭ بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى. شۇلارنى خوشال قىلىشنى ئويلايتتىم. بىراق، بىر كېچىسى تۆ ئىككى چىرايلىق بالامنى قۇچىقىمدىن تارتىۋېلىپ مېنى تۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. كېيىن ئۇقسام شۇ يەردىكى بىر تۆغماس خوتۇنغا بۇزۇلغانىكەن. ھەيتە تۆتمەي توي قىلىۋالدى. ھەممىدىنمۇ بالا دەردى يامان ئىكەن. بىر نەچچە ئايغىچە شۇ پاقلانلىرىم ئەمگەن ئىككى كۆكسۈم ئىبىسلىپ، ئىششىپ كۆرمىگەننى كۆردۈم. كۆززۈمدىن ياش قۇرۇمىدى. ئالدىمغا ئاش كەلسە ئاشقا قاراپ. ئاش كەلمە ئاشقا قاراپ يىغلايتتىم ...

ئايال يىغلاۋاتاتتى. ھېچبىر ئىنسان ئاڭلىمىغان. شۇ قەدەر ھەسرەتلىك يىغا ئىدىكى، تاغۇ تاشلارمۇ ھېسسىياتى بولسا بەلكى ئېرىپ سۇ بولۇپ كېتەر ئىدى. يامغۇرمۇ ئاسماننىڭ كۆز يېشىدەك بىلىنەتتى.

—تۇغقانلىرىم، ئاتا- ئانامنىڭ تۆيدىن تارتىپ قازان — قۇمۇچىغىچە بۆلۈشۈپ بولغانىكەن. كىرگىلى كامىرىم يوق. بىر ئاي بىرسىنىڭكىدە، يەنە بىر ئاي بىرسىنىڭكىدە تۇردۇم. ئاخىرى ھېچنەگە سىغمىدىم. ئەرگە تېگىپ تۆچامغا يېپ چاقلىق بىر نەرسە ئاتمىغان. قىش كەلدى، بىر چاپان، بىر يوپكا، بىر قەۋەت ئىلۇن پايپاق بىلەن كوچىدا قالدىم. سوغۇقتىن دىرىلدەپ تىترەيتتىم. قورساقلىرىم ئاچلىقتىن غولدۇرلايتتى. بىر كۈنى دادامنىڭ بىر تونۇشى ئىچ ئاغرىتىپ ئاھالىلەر كومىتېتى قارىمىقىدىكى ئاغارچىلىق كارخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. تاغار توقۇدۇم؛ تاپقىنىمغا بىر تۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ، يېرىم ئاچ، يېرىم توق جان باقتىم. مەن مۇشۇ كۈنۈمگە شۈكرى قىلغان. ۋاقىتنىڭ تۆتۈشى بىلەن تۆززۈمگە چۈشلۇق، بەختىمنىمۇ تېپىپ ئالغان بولاتتىم. چۈنكى مەن ھاياتتىن كۆپ نەرسىلەر تەلەپ قىلـمايتتىم. دەردىمگە يەتكىدەك ئېرىم بولسا. نامرات بولسىمۇ ئىللىقىنە كەپەم بولسا شۈكرى قىلاتتىم. ئەمما بىر كۈنلەردە كىچىك ئوغلۇمنىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ كېسەلخانىدا يېتىپ قالغانلىق خەۋىرى كەلدى. يېنىمدا بىر تىيىن يوق. باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا ئەھۋال ئېيتىپ كىرىۋىدىم. باشلىق جوزىنىڭ ئۈستىگە ئون كويلۇق پۇلدىن بىر نەچچىنى قويۇپ قولۇمغا ئېيىلدى، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم. يۈزىگە بىرنى تۈكۈرۈپ قايتىپ چىقتىم. ئەنسى مېنى ئىشتىن بوشاتماقچى بولدى. مەنمۇ ئەرز قىلدىم. بىراق مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدىغان ئادەم چىقمىدى. مەن ئىچىمدە جاھان سەندەك بۇزۇقلارنىڭ ئەمەس، سېنىڭمۇ جاجاڭنى بېرىدىغان ئادەم چىقىدىغۇ، دەپ ئويلايتتىم. ئېخلەنمۇ مجوگراللى ... ئارغا ئەرز قىلغانمۇ بولاتتىم. [illegible]

ئەنسىز خەۋەرلەر كېلىۋەردى. ئاخىرى بىرسىدىن ئازراق پۇل قەرز ئېلىپ بولغا چىقتىم. كىم بىلسۇن. مەن بارغان چېغىمدا بالام ئاللىقاچان قەبرىستانلىقنىڭ بىر چېتىدىكى كىچىككىنە يالغۇز قەبرىدە مەڭگۈلۈك ئۇيقىغا كەتكەنىكەن. قايتىپ كەلدىم. پاك روھىم. ۋىجدانىمنى ئاشۇ يالغۇز قەبرىگە تاشلاپ. غەزەپ. قىساس ئوتىدا يىغلاپ قايتتىم. مەن ئەرلەردىن نەپرەتلىنەتتىم. ئۇلارنىڭ ئابالىلار ئالدىدىكى يىمىرىلمەس ئورنى. كۈچىدىن قورقاتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا. تۆززۈمنىڭ ئاجىزلىقى. ئىقتىدارسىزلىقىمدىن ھەسرەتلىنەتتىم. غەزەپلىنەتتىم. ئاشۇ نەپرەت- قورقۇش. ھەسرەت ۋە غەزەپ بىرلىشىپ قەلبىمدە دۇنيادىكى بارلىق ئەرلەرگە ۋە ماڭا يامانلىق قىلغان كىشىلەرگە تۆز كارامىتىمنى كۆرسىتىپ قويۇشتىن ئىبارەت ئوتتەك بىر ئارمانى ئويغاتقان ئىدىكى. مەن بۇ ئارمان يولىغا. خۇددى بارلىقىنى بىر دوغا تىككەن قىمارۋازدەك. ھاياتىمنى. گۈزەل ياشلىقىمنى تىككەنىدىم. مەندە شۇنداق بىر مۇقەددەس كۈچ بولىدىغان بولسا. خوتۇن كىشىنى ئادەم ھېسابلىمايدىغان. تۆزىنى جاھاندا بىر چاغلىشىپ تېرىسىگە سىغماي يۈرۈيدىغانلاردىن تالايلىرىنى ئەتراپىمدا پەرۋانىدەك ئايلاندۇراتتىم. ئاياغ ئاستىمدا ئۇمىلىتەتتىم. خالىسام. چىدىغۇسىز مەسخىرە. ئاھانەتلەر بىلەن باش كۆتۈرەلگۈسىز قىلىۋېتەتتىم. نۇمۇسى يوق ئايال كىشىدىن جىنىمۇ قورقارمىش. مەندىنمۇ بەزىلەر قورقاتتى. بەزىلەر يىرگىنەتتى. يەنە بەزىلەر خوشامەت قىلىشاتتى. ئەتراپىمدا چۆگىلىشەتتى ... مەن پەقەت قايغاراڭغۇ كېچىلەردىلا ھوشۇمغا كېلەتتىم. بالا دەردى. بارلىقىمنى ئاتىغان ئەردىن، تۇغقانلىرىمدىن. ئەتراپىتىكىلەردىن كۆرگەنلىرىم. ۋىجدان ئازابى بىر بولۇپ. يۈرىكىمنى ئامبۇردەك قارمايتتى. غۇبارسىز باللىق ۋاقىتلىرىمنى. رەھىمسىزلىك دادامنى ئويلاپ نومۇس ئوتىدا تولغىناتتىم. كۆز ئالدىمدىكى قاراڭغۇلۇقتىن قورقاتتىم. يىغلايتتىم. ئايناق ئاقرىپ ئاڭلار ئاتقىچە ھەيكەلدەك ئولتۇرۇپ چىقاتتىم. مېنىڭ نەزىرىمدە ئىنسان ئاچ بۆرە. دۇنيا باشقىلارنىڭ بېشىغا دەسسەپ ياشىيالىغۇچىنىڭ دۇنياسى ئىدى.

ئايال جۈكقۇر. ئۇتلۇق بىر ئۇھ تارتقاندىن كېيىن توختاپ قالدى. ئەتراپ ئاشتەك ئېغىر جىمجىتلىققا چۆكتى.

ئاخىر مەن سىزنى ئۇچراتتىم. سىز مەن ئارزۇلاشقان. كۆرگەن- بىلگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايتتىڭىز. مەن گۈزەل ۋاقىتلىرىمدىكى ئارمانلىرىمنى. شېرىن چۈشلىرىمنى. دۇنيادىكى ھەممە ياخشىلىقنى سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن كۆردۈم. سىزدىن قانداق ياشاشنى ئۆگەندىم. [illegible]

ئۆرغان قوراي، هاياتىن، بوزۇقلۇقتىن ئۈمىد ئۈزگەن زەئىپ جان ئىدىم. پەقەت سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن ئالغان ئىنسانىي مۇھەببەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت، بوزۇقلۇق مېنى تىرىلدۈردى. ماڭا ھاياتلىق بەخش ئەتتى، ۋۇجۇدۇمدىكى كۆمۈلۈپ قالغان گۈزەللىك، ئالىيجانابلىقنى قايتا چاقناتتى...

ئايالنىڭ ئاۋازى كۈچەپ چىلىنۋېرىپ تارىسدە ئۈزۈلگەن تارىدەك ئۈزۈلدى ۋە چىگىش خىيالدەك قويۇقلاشقان تۇمان ئىچىگە سىڭىپ يوقالدى.

بەنە جىمجىتلىق، شۇ قەدەر پايانسىز، تەگسىز جىمجىتلىق ... پەقەت يامغۇر تامچىلىرىلا بوش شىۋىرلىشىدۇ. خېلى ئۈزۈندىن كېيىن، چىداپ تۇرغۇسىز بىر خىل ھەيرانلىق ئىلكىدە بېشىمنى بۇرىدىم. ئىككىلا گەۋدە خۇددى تاشقا ئايلىنىپ كەتكەندەك قىمىر قىلمايتتى. بىرى دۈمچەيگەن. بەنە بىرى قاراڭغۇ چوققىلارغا تىكىلگەن. «قاسىم دوختۇر باغرى تاش بولۇپ كەتكەن ئادەم ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدىم مەن. — گۆش بولسا چىش يېرىپ بىرەر ئېغىز سۆز قىلار ئىدى». ئەمما ئۇ ئۈندىمىدى، بىر پارچە كۆتەكتەك. ئاشتەك تىلسىز. ھەرىكەتسىز ئولتۇرۇۋەردى. ئاخىرى ئايال قوزغالدى. ئايىقى ئاستىدا ئۇششاق تاشلارنى شىرىقلىتىپ يىراقلاپ كەتتى. قاراڭغۇدا ئۇنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل قامىتى موماي لاردەك كۆرۈنەتتى. بەلكىدە بىرەر چوقىنى يۆندۈۋالغاندەك مۈكچەيگەنىدى.

قوشنا ياتاقتىن ناخشا ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. كىشىنى مىڭبىر خىياللارغا سالىدىغان ئاجايىپ چىرايلىق، شوخ، مۇڭلۇق ناخشىلار. ئالتۇن چىشلىق چوكانمۇ بۇياقتا ئولتۇرۇپ تەڭلا تۈۋلايدۇ. ئارقىدىن خىيالغا پېتىپ جىم بولۇپ قالىدۇ.

— سېغىنىزخانىدەك شاراقلىغىنى بىلەن بۇ بىچارىنىڭمۇ دەردى بار ـ دە، — دەپ ئىچ ئاغرىتىدۇ موماي. بىرنەچچە كۈندىن كېيىنكى بىر ئاخشىمى ھەممىمىز يەنە تۇراخۇن بوۋاينىڭ دەرىخى ئاستىغا توپلاشتۇق. ئاغدىن ـ باغدىن باشلانغان پاراڭلار ئاخىرى يەنە كونا تېما ئۈستىگە يۆتكەلدى.

— قاسىم دوختۇر گۈلجەھرەنى ئالىدىغان بوپتۇ. ئىككىسى قەشقەرگە بارىدىكەن. تويىنى شۇ يەردە قىلىدىكەن.

— ئەتىلا ماڭىدىكەن. ئورنىغا باشقا دوختۇرمۇ كېلىپ بوپتۇ.

— راست، قاسىم دوختۇر بۈگۈن كۆرۈنمىدى.

تۇراخۇن بوۋاي، ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال. كۆپچىلىكمۇ بۇ [illegible]

تۆۋىدە ھەل قىلىشقاندەك بەڭگىلەپ قالغان. ئاياللارنىڭ كۆڭلىمۇ جايىغا چۈشكەن. بۇ يەردە پەقەت نىياز دەلدۈشلا خاپا. خاپىلىق ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزىدە، قېلىن كالپۇكلىرىدا، قىسىق، كۆزلىرىدە شۇنچىلىك ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتىكى، پاكىڭىدە يىغلىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئاخىرى بىر ئەر كىشى ئۇنىڭ بىلەن چىقىشقا باشلىدى:

— نىياز ئۇكام، خاپا بولما، بابا چاقچاق قىلدۇق. گۈلجەھرە نىيازجاندىن باشقىغا تەگمەيمەن!، دەپتۇ.

موماي ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

— نىياز، ھوي نىيازجان. قەشقەرلىك دورا بولۇپ قالغانمىدى ساڭا. ئالدىرىما. شەھەرنىڭ ئىرناقتا توختىغىدەك قىزلىرىدىن ئېلىپ بېرىمىز.

خۇشاللىق ۋە گۇمان ئارىلاشقان ئاجايىپ ھېسياتلار ئىلكىدە كىشىلەر توپىدىن ئايرىلدىم: «ئەجىبا، ھېلىقى ئاخشىمى مۇرىمەي ئولتۇرغان قاسىم دوختۇر راستىلا . . .؟»

— ۋاي تېزرەك بولسىلا. ئۇزىسىلا دەيمەن. راستىلا كېتىدىغان بوپتۇ. كېتىدىكەن!

ئالتۇن چىشلىق چوكاننىڭ ئەنسىز ئاۋازى قانداقتۇر ئۈمانلىق. غەلىتە چۈشلىرىم بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. كۆزۈمنى زادىلا ئاچالمايتتىم. بەكمۇ قىينىلىپ ئورنۇمدىن تۇرغان ۋاقتىمدا ياتاقتا ئاقەتسىزلەنگەن ياش چوكاندىن باشقا ئادەم قالمىغانىدى.

كىشىلەر ئارشاڭ ئاپتوبۇسى توختايدىغان مەيدانچاققا ئەمەس، بەنىلا دۆڭدىكى دەرەخ ئاستىغا توپلىشقان. تۇراخۇن بوۋايمۇ ھاسىغا تايانغان ھالدا كىشىلەر توپى ئىچىدە. مەن تويغا قىلىپ كىرىپ ئۇلار كۈزىسەتكەن تەرەپكە قارىدىم: ئۈستى ـ ئۈستىگە قاتلاشقان پاكار چوققىلارنى بويلاپ ئىلگىرىلىگەن ئىلانباغرى يولدا سومكا كۆتۈرگەن ئېگىز بوي ئەر كىشى بىلەن سۈتتەك ئاق تۈزۈن كۆڭلەك كىيگەن ئايال تېز كېتىپ باراتتى. سەھەر شامىلى ئەرنىڭ چاچلىرىنى، ئايالنىڭ نېپىز كۆڭلىكىنى ئوچۇرتاتتى. يولنىڭ تىك. تار يەرلىرىگە كەلگەندە، ئەر قۇۋۋەتلىك قوللىرىنى ئۇزىتىپ ئايالنى يۆلىۋالدى. ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۇلار پاكار چوققىلار كەينىدە كۆرۈنمەي قالاتتى. بىر پەستىن كېيىن، ئەرنىڭ سەل چۈۋۈلغان چاچلىرى، بېشى، گەۋدىسى ئارقىسىدىن ئايالنىڭ نازۇك قامىتى كۆرۈنەتتى. شۇ يوسۇندا بىردەم مېڭىشقاندىن كېيىن يەنە غايىپ بولاتتى، پەيدا بولاتتى. شۇنچە مېڭىپمۇ ئارشاڭ ئەترابىدىن چىقالماي، كېتەلمەي ئۇۋاتقاندەكلا [illegible]



# هازىدارلار



(هېكايە)

مەتقاسىم ئابدۇراخمان

1

رەھمەتلىك دوستۇم مۇسانىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمىدىن مۇسىبەتكە تولغان كۆڭلۈم ئۇنىڭ ئاش-سۈيىنى بېرىپ، يەرلىككە قويۇش جەريانىدىكى كېلىشمەسلىكلەر تۈپەيلىدىن تېخىمۇ غەشلىككە تولدى. توۋا، ئىمىشقىمۇ ئاشۇ يۇرت مۆتىۋەرلىرى بولغان ئىمام، مەزىنلەر جامائەتنى باشلاپ ئۇنىڭ جىنازىسى كەينىدىن ماڭمايدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن خالىس دۇئا قىلىپ قويۇشنى راۋا كۆرمەيدىغاندۇ؟ «مىسكىن-پېقىرلارنىڭ ئەھۋالىغا كۆيۈنۈڭلار» دەپ ۋەز ئېيتىپ ھېرىپ كېتىدىغان بۇ كىشىلەر مۇسانىڭ پىترىسىنى(1) ئاز كۆردى ياكى ئۇنىڭ جىنازىسى ئۈستىگە يېپىلغان يوپۇغىنىڭ كونا، كەينىدىن ماڭغان جامائەتنىڭ ئاددىي ئادەملەر بولغانلىقىدىن ماڭغۇسى كەلمىدى دېيىشكە تېخى ئادەمنىڭ تىلى كۆيىدۇ. ئۇنىڭ ئۈس-تىگە ئىمام باشلىق بىر توپ جامائەتنىڭ قاسىم سودىگەرنىڭ ئوغلى گايىتنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كېتىشىمۇ كۆڭۈلگە ئالغىلى بولمايدۇ. چۈنكى سودىگەرنىڭ ئوغلى ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ مەسچىت كۆرمىگەن كەيىپ-ساپاچى يىگىت بولسىمۇ، ئاخۇنۇملار ئۇنى ئۆز دۇئالىرى ئارقىلىق «ئۇ دۇنيا»غا پاك، گۇناھسىز ھالدا ئۇزىتىشى كېرەك. شۇغىنىسى بىزنىڭ مەزىن ئاخۇنۇم ياكى ئادەتتىكى موللىلىرىمىزدىن بىرىنىڭ بولسىمۇ مۇسانىڭ ئۇپراق بېشىغا چىقمىغانلىقى كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

كەمبەغەللىك، قول قىسقىلىق تىلەپ تاپىدىغان نەرسە ئەمەس، كىممۇ مۇسانى ئۆز بەختىگە كۆيۈنمىگەن، ئۆز ھالىنى ياخشىلاش ئويىدا بولماي، تەقدىردىن قىسمەت كۈتۈپ، سېرىق سۆگەتنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغىنىنى دېيەلەيدۇ؟ ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئۆيىنىڭ بولۇڭغا تاشلاپ قويۇلغان — ئۇپراپ جۇلدۇرلا قالغان ئاشۇ كەتمىنى ئارقىلىق، مەھەللىسىدىكى ئۆگمەس ئەمگەكلەرگە — ئېتىزلارغا سەرپ قىلىۋەتكەن ئەمەسمۇ؟ بۇ كەنتتىكى ھەممە ئۈستەڭلەردە، بوز يەر ئېچىش مەيدانلىرىدا، ئوغۇت يىغىش ئۈچۈن بارغان توقايلىقلاردا ئۇ ياتقان كەپىنىڭ ئورنى، ياققان گۈلخانلارنىڭ ئىزى ھېلىمۇ ساقلىنىپ تۇرمامدۇ؟

شۇ تاپتا مۇسا ئۇ ئالەمدىنمۇ ئانچە خوشال بولمىسا كېرەك، مەن ئۇنى دائىم ھايات ۋاقتىدىكى غېرىپ چىراي تۇرقىدا، كىملەرگىدۇ نارازىلىقى باردەك، ئۇنى ئۇزاتقان سەھەرلىكى تاۋۇتنىڭ كەينىدىن مۇسىبەتلىك بولۇپ مېڭىشىپ بېرىشتىن يالتايغان كىشىلەرگە نەپرەتلىنىۋاتقاندەك بىر ھالەتتە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. چۈنكى ئۇ يانچۇقى پۇلسىز، ئۆيى بىساتسىز بولسىمۇ، قەدرىنى قىلغۇدەك ياخشى كىشى ئىدى. ئۇ ھامان چىقارغان ئەجرىگە قارىغاندا ئاز ھەققە ئىگە بولاتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئۇگە نەچچە بولسا، يارىسى شۇنچە، دېگەندەك، مۇسانىڭ ئائىلىسىدە، ئاغزىغا لوقما سېلىشنى كۈتۈپ، بويىنىنى سوزۇۋاتقان قالغاچ باللىرىدەك ئاش-نانغا تەلمۈرۈپ تۇرغانلاردىن خېلى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ ئالەمگە كېلىپ ئۇ ئالەمگە كەتكىچە بولغان جەرياندا، قارامتۇل تېرىسى ئىچىگە بىر ئىلىك ئەت قوندۇرالماي، قەبرىسىگە ئورنىتىلغان ئىنچىكە خادىدەك ئورۇق ھالدا كەتتى، ئىست مۇسا! بۈگۈن-كىچە ياشىغان بولساڭ، ھازىرقى مەمۇرىچىلىق زامانىنىڭ لەززىتىنى سەنمۇ تېتىغان بولساڭ... بەلكىم ساڭا كەلگەن بۇ قاغىش تەككۈر ئەجەل بۇ كەمگىچە سەۋر قىلغان بولسا ئىدى،

---

(1)پىترە — مېيىتنى يەرلىككە قويۇش ئالدىدا، ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھى ساقىت بولسۇن دەپ يېتىم-يېسىرلارغا تارقىتىلىدىغان پۇل، نەرسە-كېرەك.

ئۇپراق بېشىغا ئىمام چىقمىسىمۇ، ئەلۋەتتە مەزىننىڭ چىقىشى چوقۇم ئىدى.

مۇسا بالايى-ئاپەتلىك يىللاردىكى دەككە-دەشنەم ئازابلارنىڭ يالدامىسى بولغان يۈرەك ئاغرىقىدىن شىپا تاپالماي، ئوتتۇز ئىككى يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ھەممىشە يالغۇز-يېگانە يۈرگىنىدەك، ئۆلۈمىمۇ مەھەللىدە ھېچبىر داغدۇغىسىزلا ئۆزىتىلدى. مەسچىتتە ئەل قاتارى نامىزى چۈشۈرۈلگەندىن باشقا، ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ بىرەر پارە قۇرئان ئوقۇش، زىكرى-سۆھبەت قىلىش دېگەنلەرمۇ بولمىدى. خۇددى ئەما كىشىگە قۇياشنىڭ شەرقتىن چىقىپ، غەربكە پاتقىنى ھېچگەپ بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بۇ يەردىكى «دىن يولىغا ئۆزىنى ئاتىغان» بەزى خۇداكۆيلارنىڭ پەرۋايىغىمۇ كىرىپ چىقمىدى. مەن ئۇنىڭ ئەشۇ ئېچىنىشلىق ماتەم كۈنلىرىنى ئويلىسام، يۈرەك-باغرىم باشقىچىلا بولۇپ كېتىدۇ...

2

كەچ كۈز ئاخىرلىشىپ، غەربىي شىمال تەرەپتىن چىققان سوغۇق شامال دەرەخلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غازاڭلىرىنى يوللارغا تۆكۈپ، يوللاردىن ئېرىقلارغا سۈپۈرۈپ، تەبىئەتنىڭ يېشىل يوپۇرغىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان بىر چاغ ئىدى. مەن باغ-ۋارانلارغا چۈشكەن غازاڭلارنى سۈپۈرۈپ ئەمدىلا ئىشىك ئالدىغا چىقىشىمغا قوشنىلاردىن بىرسى مېنىڭ مەسئۇلىيىتىمنى بىلگەندەك، «ئۇ قاتتىقكى مۇساخۇن بۈگۈن تۈگەپتۇ» دېگەن مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ يولغا كەتتى. بۇ ئويۇقسىز خەۋەرگە ئىشىنە-ئىشەنمەي يەكتىكىمنى بېيىنىپلا ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدىم. مۇسانىڭ ئۆيىگە قانچە ۋاقىتتا، قايسى يول بىلەن كەلگەنلىكىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. لېكىن ھەر ھالدا ناھايىتى تېز ماڭدىم. مەن يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ جەسىتى كىچىككىنە چايچاپ ئۈستىگە ياتقۇزۇلۇپ، ئۈستىگە داكا رەخت يېپىپ قويۇلغان ئىكەن. مەن ئۇنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۈستىدىكى رەختنى گەۋدىسىگىچە ئاستا ئاچتىم. ئۇنىڭ ھاياتلىق قاچقان يۈزىدە قانداقتۇ بىر ئىپادە يوشۇرۇنغاندەك ئىدى. زاغرا ناندەك سېرىق چىشلىرى ئاستىن كالپۇكىنى بىلىنەر-بىلىنمەس چىشلىگەن ھالدا ياتاتتى. بۇ ھالەت كىشىگە ئۇنىڭ ھايات چېغىدا بېشىغا كەلگەن دەرد-ئەلەملەر ئۈچۈن ھېلىمۇ ئاچچىقى، ئۆچمەنلىكى يانمىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. مەن شۇندىلا بۇ قەدىناستىن ھەقىقىي جۇدا بولغانلىقىمنى ھېس قىلدىم-دە، خىيالىم ئۇنىڭ ھايات چېغىدىكى ئەھۋالىغا كۆچتى ۋە مېنىڭ كېلىشىم بىلانلا مۇسانىڭ بالا-چاقىلىرى باشلىۋەتكەن ھەسرەتلىك يىغىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى.

... ئۆمرۈڭگىمۇ مۇشۇنداق مالامەتچىلىكتە شاد-خۇراملىق كۆرمەي ئۆتتى. ئەمدى ئۆلۈمىڭنى بولسىمۇ كىشىلەر «رەھمەتلىكنىڭ ھازىسىغا جامائەت كۆپ يىغىلىپتۇ، نامىزىنى ئەڭ مۆتىۋەر ئاخۇنۇم باش بولۇپ چۈشۈرۈپتۇ» دېگۈدەك ئۆتكۈزۈش كېرەك» دېگەننى ئويلاۋېتىپ ئېسىمگە كەلدىم.

مەن مۇسانىڭ بىر نان ئاپسا ئەڭ يەپ چوڭ بولغان بىردىنبىر يېقىنى ئىدىم. ئۇنىڭ ئىگە بولغىدەك بىرەر كىشىسى بولمىغانلىقتىن، نامىزىنى چىقىرىش ئىشىنى خالىس ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىشنى ۋىجدانىم بۇيرۇپ تۇراتتى.

ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن نەپەس ئۈزۈشتىن بۇرۇن كۆرۈشەلىگەن بولسام، بۇ ئاخىرەتلىك ئىشنى ماڭا ۋەسىيەت قىلىدىغانلىقىمۇ ئۆزەمگە ئايان ئىدى.

مېيىتنى ئەتە بامداتقا ئۈلگۈرتۈپ يەرلىككە قويۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن گۆرلۈك تەييارلاش، شەيخ ۋە ئاخۇنۇملارنى چاقىرىپ پىترىسىنى بېرىش، ئاندىن يۇيۇپ-تاراپ، ئاخىرەت تونلۇقىنى ئېلىش ۋە جىنازىغا سېلىپ تاڭ سەھەردە مەسچىتكە ئاپىرىش كېرەك. يەنە ھازا بىلەن مازارغا ئاپىرىپ گۆرگە قويغىچە بېجىرىلىدىغان رەسمىيەتلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇنىڭغا ئۈلگۈرمىسەڭ جامائەت تارقاپ كەتسە، داغدۇغىلىق ئۆزىتىش دېگەن ئۈمىدمۇ يوققا چىقىدۇ...

مەن كەلسەم قولۇم-قوشنا ۋە مەھەللە جامائەتى يىغىلغان، ئەمما ئىمام، مەزىن، شەيخ دېگەنلەرنىڭ بىرىمۇ كەلمىگەنىكەن، مەن كۆپ ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا ئۇلارنى باشلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقتىم. يول بويى خىيالىمدىن مۇنداق بىر سوراق نېرى كەتمەيتتى. «يۇرتتا بىرەر كىشى قازا قىلسا، ئىمام-مەزىنلەر ئالدى بىلەن كېلىپ ھازا ئاچىدىغان ئادەت ئەسلىدىن تارتىپ بار. بۇ ھاكىمغىمۇ، پەقىرغىمۇ ئوخشاش. لېكىن مۇسانىڭ كۆزى يۇمۇلغىلى يېرىم كۈندىن ئاشقان بولسىمۇ ئۇلار نېمە ئۈچۈن تېخىچە كېلىشمەيدىغاندۇ؟ مۇسانىڭ ئۇزۇن مۇددەت كېسەل بولۇپ قېلىپ نامازغا بارالمىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ دىنى ئىسلامغا مۇخالىپ ھېچبىر ئىشى يوق ئىدىغۇ؟»

مەن مۇشۇلارنى ئويلىغانچە مەزىننىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدىم. بۇ مەزىن قوشۇمچە مېيىت ئۆزىتىش ئىشلىرىنىمۇ بېجىرەتتى.

مەن ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەندە ئۇ بىر تەكىينى توغرىسىغا قۇچاقلىغان ھالدا ئوچاقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تەسۋى سىرىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى دولىسى ئارىسىغا چۆككەن غەلىتە

بېشىنىڭ ئازغىنە قىسمى غەلۋىر چوڭلۇقىدىكى سەللىسىنىڭ ئاستىدىن ئاران كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قىرائەت قىلغاندا ياكى تەسۋى سىرىغاندا كۆنگەن ئادىتىمۇ نېمە. پۈتۈن گەۋدىسى شامالدا ئىغاڭلىغان بۇغداي باشقىدەك ئىككى ياققا بىرخىل رېتىمدا لىڭشىپ تۇراتتى.

ئۇ مېنىڭ سالىمىنى ئىستىھزا بىلەن ئىلىك ئالغاندىن كېيىن. مەن دېدىم:

— تەقسىر، ئاخىرەتلىك دوستۇم مۇسا ئۇ دۇنياغا رەھلەت قىلغانىكەن. ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆزىنىش ئىشلىرىنى ئۆزلىرىنى زىممىسىگە ئالارمىكىن، بېشىدا قۇرئان ئوقۇپ بېرەرمىكىن دەپ كېلىۋىدىم.

مەزىن بىر دەمگىنە تەسۋى سېرىشتىن توختاپ. بېشىنى ئۆۋەن سېلىپ ئويلىۋالغاندەك قىلغاندىن كېيىن:

— ئەلۋەتتە، خۇدانىڭ ھەرقانداق بەندىسى ئۇ دۇنيالىق دۇئاسىدىن مەھرۇم قالماسلىقى كېرەك. دۇئا بەندىنى گۇناھىدىن نېرى قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، مۇسا ئاخۇن بىناماز ئادەم ئىدى. ئۆزىنىڭ قازا ناماز ۋە بىلىپ-بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن سەدىقە بېرىپمىدىكىن؟ ئىسلامنىڭ پەرز، سۈننەتلىرىنى ئادا قىلىش جەھەتتە ئىخلاسى قانچىلىك، بۇ بىزگە نامەلۇمغۇ؟ — دېدى.

— رەھمەتلىك كېسەل يالاكىتىدىن ئۆزۈنىچە شىپا تاپالمىغانلىقتىن، پەقەت جۈمە نامىزىغىلا ئىشتىراك قىلاتتى تەقسىر. سەدىقە بېرىشكە كەلسەك، دوستۇم قولى ئوچۇق، رەھىمدىل ئادەم ئىدى. بىراق خېلى كۆپ ئۆمرى كېسەل بىلەن ئۆتكەچكە، ئۇ خەير-ساخاۋەتكە مۇھتاج بولۇپ ياشىدى. ھازىرمۇ ئۇنىڭ قولى ئىشقا تەگمىگەن ئۈچ نارسىدىسى سىلە بىلەن بىزنىڭ بېشىنى سىلىشىمىزغا قاراپ تۇرۇپتۇ.

— ئۇنداقتا يېتىمسىنى بېرىشكىمۇ مال يوقكەن-دە؟ — مەزىن ئاخۇنۇم بۇ سۆزنى قىلىۋاتقاندا، دەسلەپكى قىزغىنلىقى يوقىلىۋاتقاندەك، ئاۋازى بارا-بارا پەسلەپ كېتىپ باراتتى. ئۇ تۇساتتىن كېسەل ياماشقاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ سول تەرەپكە قىشايدى-دە:

— ۋاي-ۋاي ئۇستىخانلىرىم. نەچچە كۈندىن بېرى نەزلە(1) بولۇپ قېلىۋىدىم، ھېچ ياخشى بولۇپ كېتەلمىدىم. مەگەر سىرتقا چىقالمىغۇدەك ئەھۋالىم بولسا، شۇ رەھمەتلىكنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۆزۈم قۇرئان ئوقۇيتتىم. — دېدى-دە. بارماسلىقنىڭ قارىنىنى ئاستى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھېساب-كىتابنى شۇئان پەھىم قىلدىم-دە. يەنە باشقا جايدىن كىشى ئىزلەپ يۈرۈشنىڭ ئاۋارىچىلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ دېدىم:

— ھەر ھالدا ئۆلۈكتىن تىرىكنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئاخۇنۇم. ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ. بىر قېتىم چىدىسىلا. مەن دوستۇمنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن خالىس پۇل خەجلەيمەن. يېتىمسىنىمۇ ھەغدادىغا يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

مەن يېنىمدىن بەش كويلۇقتىن بىرنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم. ئۇ پۇلنى قويۇن يانچۇقىغا جايلىغاندىن كېيىن، يابىقى كېسەللىك ھالىتىنى ئۇنتۇپ ئورنىدىن تۇردى-دە. ئۆزىنىڭ تەسۋىسىنى تامدىكى قوزۇققا ئىلىپ قويۇپ دەرھال پەگادىكى كەشىنىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

3

شۇ ئاخشام مۇسانىڭ ئۆيىگە ئاتايىن چاقىرىپ كېلىنگەن ئونغا يېقىن كىشى يىغىلىشقانىدى. ئۇلار ئاخىرەت تونلۇقىنى تىكىشكەندىن كېيىن. بارماقلىرىنى سانىشىپ، تالاش-تارتىشتا مۇسانىڭ يېتىمسىنى ھېسابلاشقا كىرىشتى. ئۇلار ھەر ئون ئايىنى بىر يىل ھېسابلاپ، مۇسانىڭ يېشىنى ئوتتۇز بەشكە يەتكۈزۈشتى. يەنە قانداقتۇ بالىغ ياشلىرىنىمۇ قوشۇلدى. ئۇندىن كېيىن ھەر يىللىق گۇناھى ئۈچۈن بۇغداي ئۆلىنىدىغانغا كېسىم قىلىنىدى. گۇناھ بۇغدايغا، بۇغداي پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ ئاخىرىدا جەمئىي سەكسەن بەش يۈەننى يېتىمسىگە بېرىدىغان بولدۇق. مەن ئۇنىڭغا سۆزسىز كۆندۈم. شۇ تاپتا تىرىكىدە تارتقان خورلۇقلىرى يەتمىگەندەك، ئۆلۈكىمۇ خارلىنىۋاتقان دوستۇم ئۈچۈن بارلىقىمنى ئاتاشقا تەييار ئىدىم.

بۇ كۈنلەردە مېنىڭ ۋەجىم يامان ئەمەس بولسىمۇ. لېكىن ھازىر يانچۇقۇمدا نەق بار پۇل تولەمگە يەتمەيتتى. بازاردىن ئاش-ئوزۇق، كىيىم-كېچەك سېتىۋالىدىغان ئىش بولسىغۇ كاشكى، بۇ ھەپتە پۇلۇڭ كەلمىسە كېلەر ھەپتە ئالغۇلۇق. ئەمما بۇگۈن، تىرىكلىكىدە مۇراد-مەقسىتىگە يېتەلمەي، باقى ئالەمگە كېتىۋاتقان ئاشۇ بەختسىز بۇرادىرىمنىڭ ئۇ ئالەمدە بولسىمۇ، جەننەتنىڭ راھىتىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى كۆزلەپ پۇل خەجلىمەيمەن-دە! شۇڭا يۈزنى كىچىكتۈرۈش ياكى بىخىللىق قىلىشتەك ئىشلار ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىمگە داغ يەتكۈزمەي قويمايدۇ. مۇسانىڭ ئايلىدىن «پۇل بارمۇ؟» دەپ سوراشنىڭ ئۆزى سۆڭەتتىن ئالما تاما قىلىش بىلەن باراۋەر. مەن پۇلنىڭ كېمىنى بىر تونۇشۇمدىن ئۆتنە ئېلىپ، يېتىمسىنىڭ ئاز بولۇپ قېلىشىدىن

(1) نەزلە — زۇكام.

ۋابسم يەپ، كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ كەتكەن ھىلقى مەزىننىڭ قولىغا تۇتقۇزغاندا، مۆگدەپ ئولتۇرۇشقان مولللار بىردىن ئېتىكلەشتى - دە، ئولتۇرغان ئورۇنلىرىدىن مەزىن ئەرەپكىرەك سىلجىشىپ بىرنەچچە سەلللىك باشنىڭ يۇمىلاق دائىرىسىنى ھاسىل قىلىشتى. ئۇلارنىڭ پىچىرلاشلىرى خىلىغىچە داۋام قىلغاندىن كېيىن، مەزىن ئاخۇنۇم پۇل تۇتقان قوللىرىنى كەڭرەكمۇ ئاچماستىن، ئىككى كويلۇق، بىر كويلۇق پۇللارنى ئەتراپىدىكىلەرگە بىر - بىرلەپ سۇنۇشقا باشلىدى. پۇلنى ئېلىۋاتقانلار ئۆزىگە تەقسىم بولغان پۇلغا ئەمەس، ھامان مەزىننىڭ ئوچۇمىغا سەپسالاتتى.

شۇنىڭغا باقماي مەزىن ئاخۇنۇم ئالقىنىدىن ھەربىر پۇلنى ئالغاندا خۇددى كۆزگىرىكىدىن قوۋۇزغىلىرىنى يۇلۇۋالغاندەك، چىرايلىرى پۈرۈشۈپ، قولىنىڭ تىترىكى ئېخىمۇ كۈچىيەتتى. ئۇ ئەتراپىغا «ئەمدى پۇل ئالىدىغانلار تۈگىگەنمىدۇ» دېگەندەك مەنادا ئەندىشىلىك قاراپ قوياتتى.

تۇساتتىن ھاشىم قارىم مەزىن ئاخۇنۇم ئۇزاتقان پۇلنى ئېلىشنى رەت قىلدى. ئۇ، پورەڭ چىبەرقۇتتىن يەكتەك كىيگەن، سەللىسىنى ئىككى - ئۈچ ئورامىلىق قىلىپ يۆگىگەن، چاچ - ساقاللىرى ئەمدىلا ئاق كىرەي دەپ قالغان كىشى بولۇپ، قوشنا مەھەللىنىڭ ئىمامى ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە ئىختىيارىي كەلگەن بولۇپ، ئىمشقىدۇ كۆزلىرى مەزىننىڭكىدەك پۇلغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قارىمايتتى. ئاق، سېرىق كەلگەن چىرايىدا ئىلىم ۋە پاكلىقنىڭ نۇرلىرى جىلۋە قىلاتتى.

— بۇ پۇللارماڭا ۋەھەرقايسىلىرىغاھالال ئەمەس، — دېدى ئۇ ئەتراپىكىلەرگە قاراپ. — دىنىي ئىسلامنىڭ تولۇق دەستۇرى بولغان قۇرئاندا مۇسۇلمانلارغا، دىنىي ئىلىم ئەھلىگە ناماز ھەققى ئىسقات ئېلىش قاتتىق مەنئى قىلىنغان. مۇبادا قازا قىلغۇچىنىڭ قول ئىلكىدە بولۇپ ئائىلىسىدە يېتىملىرى بولمىسا ئۇنىڭ پىترىسىنى ئېلىپ ئۇيىراق يېشىدا ئاجىز - ئورۇق، يېتىم - يېسىرلەرگە تارقىتىپ بېرىش لازىمكى، بىزگە ئۇنىڭ بىر تىيىنىمۇ ھارامدۇر. ھەرقايسىلىرىغا مەلۇمكى، مېيىت ئۈزىتىش، دۇئا - تەكبىر ۋە ناماز چۈشۈرۈشلەر خالىس خۇدا يولىدىكى ئىشلاردۇر. بۇ ئىشلارغا ھەق ئالماق ئىماننى سېتىپ يېمەك بىلەن باراۋەر...

ھاشىم قارىم سۆزىنىڭ ئاخىرىدا «قۇرئان»دىن قايسى بىر ئايەتنى نەقىل قىلىپ، ئاندىن ئۇنى تەپسىر قىلدى. بۇ تەپسىرمۇ باياتىن دېگەن سۆزلىرىنى ئىسپاتلىغۇدەك دەلىللەر بىلەن تەستىق قىلاتتى. ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن

ئۇت - بەشكە يېقىن موللام ئۇنى ھىمايە قىلىپ چىقتى:

— دۇرۇس «سەھىھۇل بۇخارى»دىمۇ شۇنداق يېزىلغان.

— پەيغەمبىرىمىزمۇ ساھابىلىرىغا بۇ ھەقتە سۆزلىگەن.

— راست، بۇ پۇلنى بىزلەر خەجلىسەك مۇسراخۇننىڭ گۇناھىنى ئۆزىمىزنىڭ قىلۋالغان بولمامدىمىز؟

— ......

ئۇلار ئۆز خاتاسىنى تونۇغان قىياپەتتە بايا مەزىن تەڭشەپ بەرگەن پۇللارنى، قايتىدىن ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇشتى. مەزىن ئاخۇنۇم باشلىق بىرنەچچەيلەن ھاشىم قارىغا قارشى گەپ قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى ئاقلاپ بىرنەرسە دېمەي بولمايتتى. چۈنكى نەپتىن قۇرۇق قالغان تەقدىردىمۇ ئابرويىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئەگەر ئىش ھاشىم قارىنىڭ دېگىنىچە يۈرۈشكەن تەقدىردە ئەتىدىن باشلاپلا مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ سالاھىيى جامائەت ئىچىدە بىر دەرىجە تۆۋەنلىگەن بولاتتى. شۇ ۋەجىدىن چىرايلىرى پۈرۈشۈپ، ئۈچكە ساقاللىرىنى تىترىتىپ، ھاشىم قارىنى يېۋەتكۈدەك ھالەتتە ئولتۇرغان مەزىن ئاخۇنۇم مۇنازىرىدە ئىز باسقۇدەك بىرەر پەتىۋا تاپالمىغان بولسىمۇ، لېكىن قىرائەت قىلغان چاغدىكى ھەيۋەتلىك تەلەپپۇزى بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— بىز ئېيمىنىڭ ھارام، ئېيمىنىڭ ھالاللىقىنى موللىمىزدىن خەندەك(1) ئۆگىنىۋاتقان چاغدىلا بىلگەنمىز. شۇڭا ئۆگىنىپ بىكار ئاۋارە بولۇۋاتىدىلا، مېيىت - ئىگىسىدىن پىترىسىنى ئېلىش قەدىمدىن قالغان ئادەت ھەم بۇنى بىز مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈنلا قىلىۋاتىمىز. مۇبادا سىلىنىڭ رايىلىرى بولمىسا بىزنىڭ ۋە مۆھتەرەم ئۆي ئىگىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرماي بولۇرىغا ماڭسىلا بولارمىكىن؟

مەزىن سۆزىنى ئاياغلاشتۇرغان چاغدا ئۇنىڭ پۇل سىقىمدىغان قولى ئالللىقاچان ئۇزۇن يېڭىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇلۇپ بولغانىدى.

ئۇنىڭ سۆزى خېلىدىن بېرى قىيىن ئەھۋالدا قېلىشقان، ئىلىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى سەللىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىلەنلا ئۆلچەيدىغان بىرقانچە كىشىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى، ئۇلار قوللىرىدىكى ئاشۇ ئازغىنە ئولجىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق جەڭگە كىرىشكە تەييار ئىدى. شۇڭا ھەممىسى بىردەك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ چۇقۇراشتى:

— شۇ. مەزىن ئاخۇنۇم توغرا ئېيتىدۇ. بۇ قەدىمدىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئادەت.

(1) خەندەك — دىنىي مەكتەپتە ئوقۇلىدىغان ناخشا.

— ھاشىم قارىم ئۆز ئۆلۈشىنى ئاز كۆرۈپ شۇنداق دەيدۇ.

— ئۇ بىلەرمەنلىك قىلىۋاتىدۇ، مەزىن ئاخۇنۇم بىلەن ئابروي تالىشىۋاتىدۇ.

— ...

مەزىن تەرەپدارلىرىنىڭ بۇ يولسىز ھاقارەتلىرى ھاشىم قارىمنىڭ غورۇرىغا قاتتىق تەگدى. ئۇ بۇ سورۇندا ئۆز نەپسىنىڭ ئاجىز قۇللىرىغا ئايلانغان بۇ كىشىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى-دە، كارىۋاتتىن پەگاغا چۈشۈپ كەشىنى كىيگەچ دېدى:

— بۈگۈن شۇنى بىلدىمكى، ھەرقايسىلىرىنىڭ «خۇدا»، «دىن» دېگەنلىرى «پۇل»، «پۇل» دېگەنلىرى ئىكەن. سىلەرگە ھەقنى سۆزلىگەندىن كۆرە ئۈينىڭ قۇلىقىغا راۋاپ چالغان ئۈزۈككەن...

ھاشىم قارىم ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتقا قەدەر مەن ئۈچۈن قەلبى نامەلۇم بولغان بۇ كىشى شۇندىن كېيىن خىيالىمدا خىزىر ئەلەيھىسسالامغا ئايلىنىپ ئۇنىڭغا قول بەزمەي ئۇرۇپلا مۇخلىسى بولۇپ قالدىم. مەزىن ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرى كۆز ئالدىمغا كەلسىلا قايسى بىر شائىرنىڭ مۇنۇ بىر شېئىرى ئېسىمگە كېلىۋالىدىغان بولدى:

...ۋە يا موللا بولۇپ جايلارغا بارماققا،
قوساقتىن ئۆزگە بىر غەم يوق چىلاپ شىرمانىنى قايماققا.
سېتىپ ئىلمىڭنى ئاش-گۆشكە، قۇرۇق كەتمەككە كەلگەنمۇ؟
ئۇلۇغ ئەكرەم سوئال سورىغاندا كېتىپ مايماققا؟

## 4

بىز تۈن پەردىسى ئاستا ئارقاپ شەرق تەرەپتىن تاڭ يوراي دېگەندە مېيىتنى جىنازىغا سېلىپ، مەھەللىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى مەسچىت تەرەپكە ئېلىپ ماڭدۇق. تاۋۇتنىڭ ئالدى تەرىپىدە مۇسانىڭ، بېشىغا ئاق ئۆپىلىك كىيگەن، قارا كاجى چاپىنى ئۈستىدىن قارىلىق پوتا باغلىغان توققۇز ياشلىق چوڭ ئوغلى بوغۇق ئاۋازدا يىغلاپ كېتىپ باراتتى. جىنازا كەينىدە بىر توپ جامائەت ھازا ئۆتۈپ ماڭدۇق.

بىز مۇسانىڭ ئۆيىدىن چىقىپ تاكى مەسچىت سەيناسىدا جىنازىنى يەرگە قويغانغا قەدەر ئۇنىڭ ئايالىنىڭ «ئاھ ئاخۇنۇم، ئۈچ بالاڭ يېتىم قالدى ئاخۇنۇم، ئەمدى مەن قانداق قىلاي ئاخۇنۇم...» دېگەن نالىسى ئاڭلىنىپ يۈرەكنى ئېزەتتى.

مەسچىتكە بىزدىن بۇرۇنلا، قاسىم سودىگەرنىڭ ئوغلى گايىتنىڭ تاۋۇتى ئەكىلىپ بولۇنغانىكەن. تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە بەيتۇل ھەرەمنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تولىمۇ نەپىس، قىممەت باھالىق يوپۇق يېپىلغان بولۇپ، ئەتراپتىكى ھازىدارلارمۇ نۇرغۇن ئىدى. يىگىرمە-ئوتتۇزچە ئاخۇنۇملار قاتارىدا ئاخشام مۇسانىڭ ئۆيىدە بولغان ھېلىقى مەزىن ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى سالاپەتلىك ھالدا قوللىرىنى قوشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى.

بىز مۇسانىڭ تاۋۇتىنى گايىتنىڭ تاۋۇتىغا ئىككى-ئۈچ مېتىرچە كەلگۈدەك جايدا قويۇپ، سەپكە تىزىلىپ يىغى كەلگەن نامازخانلار بىلەن سالاملىشىشقا باشلىدۇق. شۇ ئەسنادا كۆڭلۈم ھامان بۇ ئىككى تاۋۇتنى سېلىشتۇرما قىلاتتى. كۆزلىرىم گاھى ئالىي يوپۇقلۇق گايىتنىڭ تاۋۇتىغا، گاھى كونا دەززە ئاستىدىكى مۇسانىڭ تاۋۇتىغا چۈشەتتى. «ئاھ خۇدا! سەن بەندەڭنى يارىتىشتا تەڭ يارىتىسەنمۇ؟— ئەمما ئۇنى دەرگاھىڭغا ئېلىپ كېتىشتە نېمىشقىمۇ بىرىگە زەر يوپۇق يېپىپ، يەنە بىرىسىگە كونا دەززە بۇيرۇيدىغانسەن؟» دەپتىم خورسىنغان ھالدا.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي جامائەت بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ مەسچىتتىن چىقىشتى-دە، ئىككى مېيىتنىڭ نامىزىنىمۇ ئادا قىلدى. مەسچىتتىن بىر چاقىرىم كېلىدىغان زىراتگاھلىققا بارغىچە ئىككى تاۋۇتنى بىرگە ئېلىپ ماڭدۇق. گايىتنىڭ يەرلىكى زىراتگاھلىقنىڭ ئۇ بېشىغا، مۇسانىڭ بۇ بېشىغا كولانغانىكەن. بىز مېيىتنى بۇ ياققا ئېلىپ ماڭغاندا بىردىنلا ئىش باشقىچە تۈس ئالدى. تۈنۈگۈن ئاخشام مۇسانىڭ پىترىسىنى ئۆگىچە ئۈلەشكەن مەزىن باشلىق بىرنەچچە موللام گايىتنىڭ تاۋۇتى كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىپ قالدى. ئۇلار تۇغقان، تۇتۇش-بىلىشلىرىدۇ. لېكىن مەزىن ئاخۇنۇم ۋە ئاخشام مۇسانىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ھەممە دۇئالارنى ئاتىماقچى ئىدىغۇ، گۆرگە قويغىچە بىرگە ئۇزۇشماقچى بولغانىغۇ؟ ئاچچىقىمدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن بېرىپ «ئاخشام پىترىسى ئۈچۈن پۇلنى ئىنچىكە ھېساب بىلەن ئېلىشتىڭىز، ئەمدى نېمە ئۈچۈن بۇ ياققا ماڭمىسىز» دەپ پېشىگە ئېسىلاي دەپ تۇرۇشۇمغا ھاشىم قارىم يەتتە-سەككىزگە يېقىن موللامنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇ مېنىڭ خىيالىمنى بىلگەندەك ئالدىمنى توسۇپ دېدى:

— مانا بىز كەلدۇق.

مەن ئىندىمەي ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم. شۇ مىنۇتتا مەن گويا ئېغىر مۇشكۇلات ئىچىدە قالغان بەندىگە شەپقەت ھىممەت قىلىدىغان، ئاسانلىق بېرىدىغان، خىزىرغا ئۇچراشقاندەك ھېسسىياتتا ئىدىم ۋە كۆڭلۈمدە مۇنداق بىر خىتاب جاراڭلايتتى:

— ئى خۇدا، ماڭا تاجۇ-دۆلەتمۇ، ئارتۇقچە رىسقى-دۇنيامۇ ئاتا قىلمىساڭ، پەقەت ئاشۇ مەزىنلەردەك ئاچكۆز نەپسى تويماسلارنى دوزاققا يوللاپ، ھاشىم قارىدەك خالىس، ھەقىقىي ئىنسانلارنى كۆپلەپ يارالتساڭ!!!...

مەرۋايىتنىڭ تېز سىزما رەسىملىرى





ئېغىر كۈنلەردە
(ماي بوياق ) جالالىدىن بەھرام سىزغان

چولپان (ئومۇمىي 2 ـ سان) (维吾尔文・季刊・总第二期) 巧力番

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى (ئۈرۈمچى شەھەر تەرەققىيات كوچا №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092مم 1/16 باسما تاۋىقى: (13)
1986 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1987 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: M 10098.1153 تىرازى: 1 — 8.000 باھاسى: 1.10 يۈەن